ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

## 2

باش تۈزگۈچى: ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر
تۈزگۈچىلەر: ئابدۇرېھىم راخمان
يارى ئەبەيدۇللا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# فونېتىكا

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# فونېتىكا

## §1 . تىل تاۋۇشلىرى ۋە فونېتىكا

### 1 . تىل تاۋۇشلىرى ھەققىدە چۈشەنچە

تىل تاۋۇشلىرى ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىن چىقىدىغان ، تىلدىكى مەنىنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان توشۇغۇچى ۋاستە . تىل ئالاقىسىدە تىل تاۋۇشى تىلنىڭ ماددىي پوستى ھېسابلىنىدۇ . « ماددا » دېگەن سۆزنى پەلسەپە نۇقتىسىدىن چۈشەنگەندە ، ماددا ئىنسان ئېڭىغا بېقىنماستىن ، ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان جىسىملار بولۇپ ، ئۇنى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ كۆرۈش ، ئاڭلاش ، پۇراش ، تېتىش ، تېگىش سېزىملىرى ئارقىلىق سېزەلەيدۇ . تىل تىل تاۋۇشىدىن ئىبارەت ماددىي پوستقا ئىگە بولغاچقا ، ئۇنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ . تىلدا تىل تاۋۇشىدىن ئىبارەت مۇشۇ ماددىي پوست بولمىسا ، تىل ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ماكانىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ . تىل پەقەت تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ياردىمىدىلا ئىپادىلىنىدۇ ، رېئاللىققا ئايلىنىدۇ . تىل تاۋۇشلىرى تىلنى ئاڭلاپ سېزىشكە بولىدىغان ۋە چۈشەنگىلى بولىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرىدۇ . چۈنكى ، تىل — تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغان لېكسىكا ۋە گىراماتىكا سىستېمىسى بولۇپ ، بۇ سىستېمىدا تىل تاۋۇشلىرى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ . تىلنىڭ قۇرۇلما قاتلاملىرىنىڭ جايلىشىشىدىن قارىغاندا ، تىلنىڭ قۇرۇلما قاتلىمى ئەڭ ئاستىنقى قاتلام بىلەن بىرقانچە دەرىجىلىك ئۈستۈنكى

قاتلاملاردىن تەركىب تاپىدۇ . تىلنىڭ ئۇستۇنكى قاتلاملىرى ( مورفېما ، سۆز ، جۈملە قاتلاملىرى ) نىڭ ئەڭ ئاساسى ( ئۇلى ) پۈتۈنلەي تىل تاۋۇشلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ ، يەنى تىلنىڭ ھەرقايسى ئۇستۇنكى قاتلاملىرى تىل تاۋۇشىسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ . تىل تاۋۇشلىرى ھەققىدە تەھلىل ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ :

1 . تىل تاۋۇشى فىزىكىلىق ، فىزىيولوگىيەلىك دېگەندەك تەبىئىي ھادىسىگە تەۋە بىر قاتار خاراكتېرلەرگە ئىگە بولسىمۇ ، ئۇ ماھىيەت جەھەتتە يەنىلا بىر خىل جەمئىيەت ھادىسىسى ( ئىجتىمائىي ھادىسە ) ھېسابلىنىدۇ .

2 . تىل تاۋۇشى ئىنسان تىلىنىڭ ئاۋازى بولغانلىقتىن ، ئۇ جەزمەن ئىنساننىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىن چىققان ئاۋاز بىلەن چەكلىنىدۇ . چاۋاك ئاۋازى ، ئىسقىرت ئاۋازى ، ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشى قاتارلىقلار تىل تاۋۇشى ھېسابلانمايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، نۇرغۇنلىغان جىسىملاردىنمۇ تۈرلۈك ئاۋازلار چىقىدۇ ، ھەتتا بۇ خىل ئاۋازلار ئارقىلىق مەلۇم مەنە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن . مەسىلەن ، بۆرىنىڭ ھۇۋلىشى ، ئىتنىڭ قاۋىشى ئۆز توپى ئىچىدە مەلۇم خەۋەر ياكى ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش رولىنى ئوينىشى مۇمكىن . كىشىلەر ئالدىنئالا كېلىشىۋالغىنى بويىچە قوڭغۇراق ئاۋازى ، گۈدۈك ئاۋازى قاتارلىقلارنى ئۆزئارا ئالاقىلىشىشنىڭ بىر خىل بەلگىسى قىلىشى مۇمكىن ، بەزىدە چاۋاك چېلىش ئارقىلىقمۇ مەلۇم ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەش مۇمكىن . ئەمما ، بۇ ئاۋازلار ئىنساننىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىن چىقمىغاچقا ، تىل تاۋۇشى ھېسابلانمايدۇ .

3 . تىل تاۋۇشلىرى ھامان مەنە بىلەن باغلانغان بولىدۇ . گەرچە يەككە تىل تاۋۇشىنىڭ ئۆزى مەنە ئىپادىلىيەلمىسىمۇ ، ئەمما مەنە پەرقلەندۈرەلەيدۇ . مەلۇم بىر تىل تاۋۇشى تىلدا تىل تاۋۇشى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىكەن ، ئۇ جەزمەن باشقا تىل تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىكىپ ، سۆز ۋە جۈملە ھاسىل قىلالايدۇ . روشەنكى ، خورەك ئاۋازى ، چۈشكۈرۈك ئاۋازى ، يىغا ئاۋازى قاتارلىقلار تىل تاۋۇشى ھېسابلانمايدۇ .

### 2 . فونېتىكىنىڭ ئېنىقلىمىسى

فونېتىكا — گرېكچە « phone » ( تاۋۇش ، ئاۋاز ، ئۈن ، جاراڭلاش ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن ، ئۇ تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى سۈپىتىدە رۇس تىلى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن . بۇ ئاتالغۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا « تىل تاۋۇشلىرى » ۋە « تىل تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن » دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ .

### 3 . فونېتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى

فونېتىكا تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇپ ، ئۇ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ فىزىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى ، يەنى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئېگىز - پەسلىكى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تون ، توننىڭ تۈرى ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تىلدىكى رولى قاتارلىقلارنى ؛ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇرغۇ ، ئۇرغۇنىڭ تۈرى ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تىلدىكى رولى قاتارلىقلارنى ؛ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇزۇن - قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تىلدىكى رولى قاتارلىقلارنى ؛ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تېمبىرى ( تۈسى ) ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سوزۇق ۋە ئۈزۈك

تاۋۇشلار ، ئۇلارنىڭ تۈرى ۋە ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى ؛ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى ، يەنى تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى ، تاۋۇش چىقىرىش ئورۇنلىرى ، تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلارنى ؛ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكىنى ؛ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ بىرىكىش قانۇنىيىتى ۋە بۇ بىرىكىشنىڭ نەتىجىسى بولغان بوغۇم ، بوغۇم شەكىللىرى ، بوغۇم تۈرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى ؛ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ؛ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تۈرلۈك ئۆزگىرىشى ۋە بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ؛ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ؛ ئىنتوناتسىيە ، پائۇزا ، رىتىم ۋە ئۇلارنىڭ تۈرى ، ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ . يىغىپ ئېيتقاندا ، تىلنىڭ ماددىي پوستى بولغان تىل تاۋۇشلىرىغا ئالاقىدار بارلىق مەسىلىلەر فونېتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىمۇ ئومۇمەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلارنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ .

فونېتىكا تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇش بىلەن بىللە يەنە لېكسىكا ۋە گىراماتىكا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ . چۈنكى ، تىلدىكى سۆز ۋە جۈملىلەر پەقەت تىل تاۋۇشلىرى ئاساسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . تىل تاۋۇشلىرىنىڭ مەنە پەرقلەندۈرۈش رولى بولسا پەقەت سۆزلەردىلا گەۋدىلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، سۆزلەرگە ئېنىقلىما بېرىش ، سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى ئېنىقلاش ، سۆزلەرنى ئاھاڭ ۋە شەكىل جەھەتتىن تۈركۈملەش ، تۈرلەرگە ئايرىش ، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى ۋە ياسىلىشى ، مورفېما بىلەن فونېما ۋە بوغۇملارنىڭ پەرقىنى ئايرىش ، جۈملىلەرنى تۈرگە ئايرىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ لېكسىكا ۋە گىراماتىكا فونېتىكىدىن ئايرىلالمايدۇ .

### 4 . فونېتىكىنىڭ تارماقلىرى

تىل تاۋۇشلىرى هازىر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتتىن تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ :

1 . فىزىيولوگىيىلىك جەھەتتىن : تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش مېخانىزمى تەتقىق قىلىنىدۇ .

2 . ئاكۇستىكا جەھەتتىن : تىل تاۋۇشلىرىنىڭ نېمىلەردىن تەركىب تاپىدىغانلىقى ۋە هاۋادا قانداق تارقىلىدىغانلىقى تەتقىق قىلىنىدۇ .

3 . ئاڭلاش سېزىمى جەھەتتىن : ئاڭلىغۇچىنىڭ تاۋۇشلارنى قانداق قوبۇل قىلىدىغانلىقى ، قانداق قىلىپ چۈشىنىدىغانلىقى تەتقىق قىلىنىدۇ .

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ بۇ ئۈچ نۇقتىدىن تەتقىق قىلىنىش جەرياني ئەمەلىيەتتە فونېتىكا تەتقىقات تارىخىنىڭ ئۈچ باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . فونېتىكا تەتقىقات تارىخىنىڭ بۇ ئۈچ باسقۇچىدا ، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك تارماق پەنلىرى شەكىللەنگەن .

1) ئومۇمىي فونېتىكا : دۇنيادىكى ھەرقايسى تىللارنىڭ تىل تاۋۇشلىرى سىستېمىسىغا ئورتاق بولغان قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ . ئۇ ھەرقانداق بىر تىلنىڭ تىل تاۋۇشلىرىنى تەھلىل قىلىشنىڭ ئاساسى . شۇڭا ، نەزەرىيەۋى فونېتىكا دەپ ئاتىلىدۇ .

2) كونكرېت تىللار فونېتىكىسى : كونكرېت بىر تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىدۇ .

3) تارىخىي فونېتىكا : تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ .

4) تەسۋىرىي فونېتىكا : كونكرېت بىر تىلنىڭ مۇئەييەن بىر دەۋردىكى تىل تاۋۇشلىرى سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىدۇ .

5) سىلىشتۇرما فونېتىكا : سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىككى خىل ياكى كۆپ خىل تىللارنىڭ تىل تاۋۇشلىرى سىستېمىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىق تەرەپلەرنى شۇنىڭدەك تىللارنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ .

6) ئېكسپېرىمېنتال فونېتىكا : تەجرىبە ئەسۋابلىرى ئارقىلىق تىل تاۋۇشلىرىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئاساسى ، فىزىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىدۇ . تاۋۇشلارنى پارچىلاش ۋە سىنتېزلاش تەجرىبىلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ ھەمدە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مۇناسىۋەتلىك پەن - تېخنىكا ساھەلىرىگە تەتبىقلايدۇ .

7) ئەمەلىي فونېتىكا : فونېتىكا تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ۋە پەن - تېخنىكا ساھەسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەرخىل ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قانداق تەتبىقلاش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدۇ . تار مەنىدىكى ئەمەلىي فونېتىكا تىل ئوقۇتۇشى ۋە تىل تەكشۈرۈش جەريانىدىكى فونېتىكىغا ئائىت مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ . كەڭ مەنىدىكى ئەمەلىي فونېتىكا تىلدىن مەھرۇم بولۇش كېسىلى ۋە ئۇنى داۋالاش ، خەۋەرلىشىش ئۇسكۇنىلىرىنىڭ يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىكى ئاۋاز چىنلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان چاتاقلارنى ئوڭشاش ، ئاغزاكى نۇتۇقنى سۈنئىي ئۇسۇلدا سىنتېزلاش ، ماشىنا تەرجىمىسى ، ئاغزاكى نۇتۇقنى ماشىنا ئارقىلىق ئاپتوماتىك پەرقلەندۈرۈش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ .

8) پىراكتىكا فونېتىكىسى : تىل تاۋۇشلىرىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ۋە فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە تاۋۇش خاتىرىلەش بەلگىلىرىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان تىل خاتىرىلەش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىدۇ .

9) فونولوگىيە : فونېتىكا ( ئارتىكۇلياتسىيە ، ئاكۇستىكا ،

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاش سېزىمى بويىچە ) ۋە فونېمىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇنىڭدا مەلۇم بىر تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنى ھازىرقى ھالىتى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنىدۇ .

10) فونېمىكا : تىلشۇناسلىقتا مۇستەقىل بىر تارماق پەن سۈپىتىدە فونېتىكا بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ . فونېتىكا تىل تاۋۇشلىرىنى فىزىيولوگىيەلىك ۋە فىزىكىلىق نۇقتىدىن تەھلىل قىلىدۇ . فونېمىكا بولسا تاۋۇشنىڭ تىلدىكى رولى ۋە ئۇنىڭ سىستېمىسىنى ئىجتىمائىي نۇقتىدىن تەتقىق قىلىدۇ .

### 5 . فونېتىكا ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى

تىلشۇناسلىق ھەققىدىكى ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ھامان فونېتىكىدىن باشلىنىدۇ . شۇ سەۋەبتىن فونېتىكىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى پۇختا ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

1) فونېتىكا دىيالېكت تەتقىقاتىنىڭ زۆرۈر قورالى : تىل ياكى دىيالېكت تەكشۈرۈش ئالدى بىلەن تاۋۇش خاتىرىلەشتىن باشلىنىدۇ . تاۋۇشلارنى خاتىرىلەشتە تاۋۇشلارنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى فونېتىكىدا ئىشلىتىلىدىغان تاۋۇش خاتىرىلەش بەلگىلىرى بىلەن توغرا ، ئىنچىكە خاتىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ . ئاخىرىدا خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن شۇ تىل ياكى دىيالېكتنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى تەھلىل قىلىنىدۇ ۋە ئېنىقلاپ چىقىلىدۇ . بۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ لېكسىكىسى ۋە گىراماتىكىسى تەتقىق قىلىنىدۇ . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدە فونېتىكا نەزەرىيەسى ۋە بىلىملىرى يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ .

2) فونېتىكا تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلىش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىمىزنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ : تاۋۇشلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى دېگىنىمىزدە ، فونېتىكا قائىدىلىرى

ۋە ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ تاۋۇشلارنى تەھلىل قىلىش ۋە يېشىش جەھەتتىكى ئىقتىدارنى كۆرستىدۇ . بۇ خىل ئىقتىدارنى يېتىلدۇرۇش ئىنتايىن جاپالىق جەريان بولۇپ ، بۇ تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ بىرىنچى قەدىمى ھېسابلىنىدۇ . بۇ خىل ئىقتىدارنى يېتىلدۇرگەندە ، تونۇش تاۋۇشلارنىلا ئەمەس ، ناتونۇش تاۋۇشلارنىمۇ توغرا تەلەپپۇز قىلغىلى ، ئاڭلاپ پەرقلەندۇرگىلى ، ئۇلارنى ئىلمىي ھالدا تەھلىل قىلغىلى بولىدۇ .

3) فونېتىكا ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىلىرىنى بەلگىلەشتە يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ : ئەدەبىي جانلىق تىلنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇز رايونىنى بەلگىلەش ، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىقىنى ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىسىدە قانداق بىر تەرەپ قىلىش ، تۈرلۈك تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىنى يېزىقتا ئىپادە قىلىش - قىلماسلىق ، ئەگەر يېزىقتا ئىپادە قىلىشقا توغرا كەلسە قانچىلىك دەرىجىدە ئىپادە قىلىش ، بەزى سۆزلەر ياكى ئۇلارنىڭ تۈرلۈك گىراماتىكىلىق شەكىللىرىنىڭ يېزىق ۋە تەلەپپۇز تەرەپتىكى پەرقىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنىڭ ئىلمىي بىر تەرەپ قىلىنىشىدا فونېتىكىلىق بىلىملەر ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ .

4) فونېتىكا تىل ئوقۇتۇشىغا ۋە باشقا تىللارنى ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىدۇ : چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ شۇ تىلنىڭ تۈرلۈك فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمىي ئاساستا ئۆگىتىشى ۋە چۈشەندۈرۈپ بېرىشىدە ; ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ تىل ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆز ئانا تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى بىلەن ئۆگىنىۋاتقان تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنى ئىلمىي يوسۇندا سېلىشتۇرۇپ ، ئۇلاردىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى بايقىشى ۋە تاۋۇشلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشىدا فونېتىكىلىق بىلىملەر مۇئەييەن رول ئوينايدۇ .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## §2 . تىل تاۋۇشلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى

تىل تاۋۇشلىرى — تىلنىڭ ماددىي پوستى . ئۇ بىر خىل ئاۋاز ، بىر خىل فىزىكىلىق ھەرىكەت ؛ تىل تاۋۇشلىرى ئىنسانىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ، يەنى بىر خىل فىزىيولوگىيەلىك پائالىيەت ؛ تىل تاۋۇشلىرى مۇئەييەن مەنىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋە ئىجتىمائىي شارائىتتا يېتىلىدىغان بىر خىل ئادەت . مانا بۇلار تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل خاراكتېرىنى ، يەنى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن .

### 1 . تىل تاۋۇشلىرىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى

تىل تاۋۇشلىرىمۇ بىر خىل ئاۋاز ( تاۋۇش ) ، بىر خىل فىزىكىلىق ھادىسە بولغاچقا ، تەبىئەتتىكى باشقا ئاۋازلارغا ئوخشاشلا فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە . تىل تاۋۇشلىرىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ تەبىئەتتىكى باشقا تاۋۇشلار ( ئاۋازلار ) بىلەن بولغان ئورتاقلىق تەرىپى .

ئاكۇستىكا ( فىزىكىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ، ئاۋاز دولقۇنىنىڭ پەيدا بولۇشى ، تارقىلىشى ، قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئۇنۇمى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن ) لىق نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا ، تاۋۇش ( ئاۋاز ) تاۋۇش چىقارغۇچى جىسىمنىڭ مەلۇم تاشقى كۈچ تەسىرىدە تەۋرىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ . تىل تاۋۇشلىرى بولسا ئۆپكىدىن چىقىرىلغان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش پەردىسىنى تىترىتىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ .

ئاكۇستىكا نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا ، ھەرقانداق بىر تاۋۇش ( ئاۋاز ) تا تاۋۇش ئېگىزلىكى ، تاۋۇش كۈچى ، تاۋۇش

ئۇزۇنلۇقى ۋە تاۋۇش تېمبىرى ( تۇسى ) دىن ئىبارەت تۆت ئامىل بولىدۇ .

1) تاۋۇش ئېگىزلىكى : تاۋۇش ئېگىزلىكى — تاۋۇشنىڭ ئېگىز - پەسلىكى بولۇپ ، ئۇ ئاۋاز دولقۇنىنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدىكى تەۋرىنىش قېتىم سانى بىلەن ، يەنى چاستوتىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . بىرلىك ۋاقىت ئىچىدىكى تەۋرىنىش قېتىم سانى كۆپ بولسا ، يەنى تەۋرىنىش تېزلىكى يۇقىرى بولسا ، ئاۋاز يۇقىرى بولىدۇ . ئەكسىچە بولسا ئاۋاز تۆۋەن بولىدۇ .

جىسىمدىن چىققان ئاۋازنىڭ ئېگىز ( زىل ) - پەس ( بوم ) بولۇشى ئاۋاز چىقىرىۋاتقان جىسىمنىڭ تەۋرىنىش چاستوتىسىغا باغلىق بولىدۇ ، تەۋرىنىش چاستوتىسى يۇقىرى بولسا ئاۋاز ئېگىز بولىدۇ ، تەۋرىنىش چاستوتىسى تۆۋەن بولسا ئاۋاز پەس بولىدۇ ، چوڭ ياكى ئۇزۇن نەرسىلەردىن چىقىدىغان ئاۋاز تۆۋەن بولىدۇ ، كىچىك ياكى قىسقا نەرسىلەردىن چىقىدىغان ئاۋاز يۇقىرى بولىدۇ ؛ بوش نەرسىلەردىن چىقىدىغان ئاۋاز تۆۋەن بولىدۇ ، چىڭ نەرسىلەردىن چىقىدىغان ئاۋاز يۇقىرى بولىدۇ ؛ قېلىن نەرسىلەردىن چىقىدىغان ئاۋاز تۆۋەن بولىدۇ ، نېپىز نەرسىلەردىن چىقىدىغان ئاۋاز يۇقىرى بولىدۇ . چۈنكى ، چوڭ ، ئۇزۇن ، بوش ، قېلىن نەرسىلەرنىڭ تەۋرىنىش چاستوتىسى تۆۋەن ، كىچىك ، قىسقا ، چىڭ ، نېپىز نەرسىلەرنىڭ تەۋرىنىش چاستوتىسى يۇقىرى بولىدۇ .

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئېگىز - پەسلىكى تاۋۇش پەردىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ، قېلىن - نېپىزلىكى ۋە چىڭ - بوشلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . تاۋۇش پەردىسى ئۇزۇن ، قېلىن ، بوش بولسا تەۋرىنىشى ئاستا ، تەۋرەش ۋاقتى قىسقا بولىدۇ ، شۇڭا چىقىدىغان تاۋۇشمۇ تۆۋەن بولىدۇ . تاۋۇش پەردىسى قىسقا ، نېپىز ، چىڭ بولسا ، تەۋرىنىشى تېز ، تەۋرەش

ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ ، شۇڭا چىقىدىغان تاۋۇشمۇ يۇقىرى بولىدۇ . تاۋۇش ئېگىزلىكى تىلدا تون ۋە ئىنتوناتسىيەنى هاسىل قىلىدۇ .

2) تاۋۇش كۈچى : تاۋۇش كۈچى — تاۋۇشنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەيدىغان كۆرسەتكۈچ بولۇپ ، ئۇ ئاۋاز دولقۇنىنىڭ تەۋرىنىش ئامپلىتۇدىسىنىڭ ( تەۋرەش دائىرىسىنىڭ ) چوڭ ـ كىچىكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . تاۋۇش چىقارغۇچ جىسىمغا تەسىر قىلىدىغان كۈچ قانچە كۈچلۈك بولسا ، ئاۋاز دولقۇنىنىڭ تەۋرەش دائىرىسىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ ، ئۇنىڭدىن هاسىل بولىدىغان تاۋۇش شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ . تاۋۇش چىقارغۇچى جىسىمغا تەسىر قىلىدىغان كۈچ قانچە ئاجىز بولسا ، ئاۋاز دولقۇنىنىڭ تەۋرەش دائىرىسىمۇ شۇنچە كىچىك بولىدۇ ، ئۇنىڭدىن هاسىل بولىدىغان تاۋۇش شۇنچە ئاجىز بولىدۇ .

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى ئۆپكىدىن چىققان هاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش پەردىسىنى كۈچلۈك ياكى ئاجىزراق تىترىتىشى ياكى ئېغىز ۋە دىماق بوشلۇقىدا كۈچلۈك ياكى ئاجىزراق توسالغۇغا ئۇچرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . تاۋۇش كۈچى بەزى تىللاردا ئۇرغۇنى شەكىللەندۈرىدۇ .

3) تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى : تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى — تاۋۇشنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى بولۇپ ، ئۇ جىسىمنىڭ تەۋرىنىش ۋاقتىغا ، يەنى بىر تاۋۇشنىڭ باشلىنىشتىن تارتىپ ئاخىرلاشقىنىغا قەدەر كەتكەن ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ۋاقىت مىللىسېكۇنت بىلەن ئۆلچىنىدۇ . تاۋۇش چىقارغۇچى جىسىمنىڭ تەۋرىنىش ۋاقتى ئۇزۇن بولسا ، تاۋۇشمۇ ئۇزۇن بولىدۇ ؛ ئەكسىچە بولسا ، قىسقا بولىدۇ .

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش هەرىكىتىنىڭ داۋاملىشىش

ۋاقتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى تىلدا ھەرخىل ئۇزۇن ـ قىسقا تاۋۇشلارنى شەكىللەندۈرىدۇ .

4) تاۋۇش تېمبىرى : تاۋۇش تېمبىرى — تاۋۇشنىڭ خاسلىقى بولۇپ ، ئۇ تاۋۇشلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئاساسىي بەلگىدۇر .

تاۋۇش تېمبىرى تاۋۇش چىقارغۇچى جىسىمغا ( ئاۋاز مەنبەسىگە ) ، تاۋۇش چىقىرىش شەكلىگە ۋە ياڭراتقۇ ( رېزوناتور ) شەكلىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ .

تىل تاۋۇشلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا ، تاۋۇش چىقارغۇچى جىسىم — تاۋۇش پەردىسىدۇر . ياڭراتقۇ — ئېغىز بوشلۇقى ، دىماق بوشلۇقى ، تاماق بوشلۇقى ۋە كېكىردەك بوشلۇقىدۇر . ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش پەردىسىنى تىترەتكەندە ، بىر خىل ئىپتىدائىي ئاۋاز ھاسىل بولىدۇ . ئەمما ، بۇ خىل ئاۋازنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭ تېمبىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ . بۇ خىل ئاۋاز ئېغىز ، دىماق ، تاماق ، كېكىردەك بوشلۇقلىرىدىن ئۆتكۈچە بۇ بوشلۇقلارنىڭ چوڭ-ايتىشى ۋە تەڭشىشى بىلەن كۈچىيىدۇ ۋە ھەرخىل تۇستىكى تاۋۇشلار شەكىللىنىدۇ . يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، تىل ئۆزىنىڭ ئۇزىراش ـ قىسقىراش ، كېرىلىش ـ يىغىلىش ھەرىكىتى ئارقىلىق ، يۇمشاق تاڭلاي ئۆزىنىڭ تۆۋەنلەش ـ كۆتۈرۈلۈش ھەرىكىتى ئارقىلىق ، لەۋلەر ئۆزىنىڭ ئېچىلىپ ـ يېپىلىش ۋە يۇمىلاق ـ ياپىلاق شەكىلگە كېلىش ھەرىكىتى ئارقىلىق تاۋۇش ياڭراتقۇچى ئەزالارنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ، تۈرلۈك تېمبىردىكى تاۋۇشلارنى ھاسىل قىلىدۇ .

ھەرقانداق بىر تاۋۇش ، جۈملىدىن تىل تاۋۇشلىرى تاۋۇش ئېگىزلىكى ، تاۋۇش كۈچى ، تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى ۋە تاۋۇش تېمبىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدۇر . لېكىن ، بۇ تۆت ئامىل ئىچىدە تاۋۇش ئېگىزلىكى ، تاۋۇش كۈچى ۋە تاۋۇش

ئۇيغۇر كىتابلىرى يىغىندىسى ... www.uyghurkitap.com

ئۇزۇنلۇقىنىڭ ھەرقايسى تىللاردىكى رولى ئوخشىمايدۇ. تاۋۇش تېمبىرى بولسا ھەر قانداق تىلدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ . ئۇ ھەرقايسى تىللاردىكى ھەرخىل كونكرېت تاۋۇشلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسىدۇر .

**2 . تىل تاۋۇشلىرىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى**

ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى تۆۋەندىكى تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ :

1) ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىسمى : نەپەس ئەزالىرى تۇتاش كەتكەن نەيسىمان يولغا جايلاشقان بولۇپ ، دىماق ، ئېغىز بوشلۇقىدىن باشلىنىپ تاماققا ، ئاندىن بوغۇزغا ئۆتىدۇ ۋە كاناي ، كانايچىلار ئارقىلىق ئۆپكىگە تۇتىشىدۇ . ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھېسابلىنىدۇ .

2) ئاۋاز مەنبەسى قىسمى — بوغۇز ۋە تاۋۇش پەردىسى : ئىنسانلارنىڭ ئاۋاز مەنبەسى تاۋۇش پەردىسىدۇر . ئۇ بوغۇزغا جايلاشقان . تاۋۇش پەردىسى ئارىلىقىدا تار بىر يوچۇق بولۇپ ، ھاۋا ئېقىمى مۇشۇ يوچۇقتىن ئۆتكەندە تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ ۋە ئىپتىدائىي ئاۋاز ھاسىل بولىدۇ .

3) ياڭراتقۇ قىسمى — ئېغىز ، دىماق ، تاماق ، كېكىردەك بوشلۇقلىرى : يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك ، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش پەردىسىگە ئۇرۇلغاندا بىر خىل ئىپتىدائىي ئاۋاز ھاسىل بولىدۇ . بۇ ئاۋازنىڭ چاستوتىسى تۆۋەن بولغاچقا قۇلاققا ئاڭلانمايدۇ . بۇ ئاۋاز كېكىردەك ، تاماق ، ئېغىز ياكى دىماق بوشلۇقىدا چوڭايتىلىدۇ ، تەڭشىلىدۇ ۋە قۇلىقىمىزغا تىل تاۋۇشى بولۇپ ئاڭلىنىدۇ .

4) تاۋۇش پەيدا قىلىش قىسمى — ئاكتىپ ئەزالار ۋە پاسسىپ ئەزالار : ئاۋاز يولىدىكى تاۋۇش پەردىسىدىن

كالىپۇكچىچە بولغان ئارىلىق تەخمىنەن 170 مىللىمېتىر كېلىدۇ. ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى بۇ يولدا ھەرخىل توسالغۇلارغا ئۇچرىشى مۇمكىن. توسالغۇ ھاسىل قىلالايدىغان ئەزالار ئاساسەن ئېغىز بوشلۇقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈستۈنكى ئېڭەككە جايلاشقان ئۈستۈنكى لەۋ، ئۈستۈنكى چىش، چىش مىلىكى، قاتتىق تاڭلاي، يۇمشاق تاڭلاي، كىچىك تىل ۋە ئاستىنقى ئېڭەككە جايلاشقان ئاستىنقى لەۋ، ئاستىنقى چىش، تىل قاتارلىق ئەزالار تۈرلۈك تۇستىكى تاۋۇشلارنىڭ ھاسىل بولۇشىدا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. ئۈستۈنكى چىش، قاتتىق تاڭلاي، چىش مىلىكى قاتارلىقلار ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ. بۇلار «پاسسىپ ئەزالار»، قالغانلىرى «ئاكتىپ ئەزالار» دېيىلىدۇ. تاۋۇش چىقىرىشتا ھامان ئاكتىپ ئەزالار پاسسىپ ئەزالارغا يېقىنلىشىدۇ ياكى چىپىلىشىدۇ. شۇنداق ماسلىشىش نەتىجىسىدە ھەرخىل تۇستىكى تاۋۇشلار ھاسىل بولىدۇ.

توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى ئەزالار ئىچىدە تىل ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، كۆپ تىللاردا ھەم ئەزانىڭ ئىسمى، ھەم ئالاقىلىشىش قورالى دېگەن مەنە بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «تىلىڭنى تارت»، «تىلىنى چاينىماق» دېگەن بىرىكمىلەردە تىلنىڭ سۆزلەش جەريانىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ھېس قىلىش مۇمكىنكى، سۆزلەش ئادەتتە شۇنداق ئوڭاي، شۇنداق ئاددىي بىر ئىشتەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ تولىمۇ مۇرەككەپ فىزىيولوگىيەلىك جەريان.

### 3. تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى

تىل تاۋۇشلىرى ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىن چىقىدىغان ئاۋازلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى، ئۇ تىلنىڭ مەنە توشۇغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تىل

www.uyghurkitap.com



تاۋۇشلىرىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ تىل تاۋۇشلىرىنى باشقا ھەرقانداق ئاۋازلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان تۈپ ئالاھىدىلىكىدۇر . تىل تاۋۇشىنىڭ بۇ خىل ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىقىدىن كەلگەن بولۇپ ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ :

بىرىنچى ، تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىكى ئىختىيارىيلىق جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ . ھەرقانداق بىر تىلدا قانداق تاۋۇش بىلەن قانداق تاۋۇشنىڭ ئۆزئارا بىرىكىپ قانداق مەنىنى ئىپادىلىشى تەبىئىي ھالدا يۈز بەرمەيدۇ ، شەخسلەر تەرىپىدىنمۇ بەلگىلەنمەيدۇ ، بەلكى شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريان ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە ئادىتىدىن شەكىللىنىدۇ : شۇڭا ، بەزىدە ئوخشاش بىر تاۋۇش ئوخشاش بولمىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ . مەسىلەن ، « ئات » دېگەن بۇ خىل فونېتىكىلىق شەكىل ئۇيغۇر تىلىدا « نام ، ئىسىم » دېگەن مەنىنىمۇ ، ئۆي ھايۋانلىرىدىن « ئات » نىمۇ ۋە « قولدىكى نەرسىنى يىراققا قارىتىپ تاشلىماق » دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ . بىر مەنە ھەر خىل تىللاردا ھەر خىل تاۋۇش شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ، ھەتتا بىر مەنە بىر تىلنىڭ ھەر خىل دىيالېكتلىرىدا ھەر خىل تاۋۇش شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ . مەسىلەن ، « بىرەر ئەسەرنىڭ قول بىلەن يېزىلغان ئەسلىي نۇسخىسى ، ئارگىنالى » دېگەن مەنە ئۇيغۇر تىلىدا « قولىيازما » دېگەن تاۋۇش شەكلى بىلەن ئىپادىلەنسە ، خەنزۇتىلىدا « shǒugǎo » دېگەن تاۋۇش شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . « ياغاچتىن ھەرخىل نەرسىلەرنى ياسايدىغان ئۇستا » دېگەن مەنە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ياكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىيالېكتلىرىدا « ياغاچچى »

دېگەن تاۋۇش شەكلى بىلەن ئىپادىلەنسە ، خوتەن دىيالېكتىدا « خارەت » دېگەن تاۋۇش شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي كوللېكتىپى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ( شۇ خىل ئاتاش ئادىتىگە ) ئورتاق ئەمەل قىلىدۇ . شەخسلەر بۇ ئادەتنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ . شۇڭا ، تىل تاۋۇشلىرى ئىجتىمائىيلىققا ئىگە دەيمىز .

ئىككىنچى ، فونېما سىستېمىسىدا ئىپادىلىنىدۇ . مەلۇمكى ، ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولىدۇ . ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىن چىقىرىلىدىغان ھەمدە بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان تاۋۇشلار 200 خىلدىن ئاشىدۇ . ئەمما ، ئۇلاردىن پەقەت چەكلىك بولغان نەچچە ئون تاۋۇشلا مۇئەييەن بىر تىلنىڭ فونېما سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ . ئەمدى قايسى تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم بىر تىلنىڭ فونېما سىستېمىسىغا كىرىشى ، قايسى تاۋۇشلارنىڭ كىرەلمەسلىكى ، قانداق تاۋۇشلارنىڭ بولۇشى ، قانداق تاۋۇشلارنىڭ بولماسلىقى ، قانداق تاۋۇش بىلەن قانداق تاۋۇشنىڭ بىرىكىشى ياكى بىرىكەلمەسلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەقەت شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك سۆزلەش ئادىتىگە باغلىق بولىدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇر تىلىدىكى « ق » ، « غ » ، « ھ » تاۋۇشلىرى خەنزۇ تىلى فونېما سىستېمىسىدا يوق ، خەنزۇ تىلىدىكى « sh » ، « ch » ، « zh » تاۋۇشلىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېما سىستېمىسىدا يوق . ئۇيغۇر تىلىدا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى مەۋجۇت . لېكىن ، نەپەسلىك تاۋۇشلار بىلەن نەپەسسىز تاۋۇشلارنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى يوق . ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى

سوزۇق تاۋۇش بىر بوغۇم تەركىبىدە كەلمەيدۇ، ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش بوغۇم بېشى بولۇپ كەلمەيدۇ ، ھەربىر بوغۇمدا بىرلا سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ . بىر بوغۇمدا ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت تاۋۇش بولىدۇ . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي كوللېكتىپىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك سۆزلەش ئادىتىدىن شەكىللەنگەن .

ئۈچىنچى ، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ . ھەرقايسى تىللار ياكى دىيالېكتلاردىكى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتكە ئىگە بولىدۇ . مەلۇم بىر تاۋۇش مەلۇم بىر تىلدا ياكى دىيالېكتتا ئۆزگەرسە ، يەنە بىر تىلدا ياكى دىيالېكتتا ئۆزگىرىشى ناتايىن . ئۆزگەرگەن تەقدىردىمۇ ئوخشاش ئۆزگەرمەسلىكى مۇمكىن . يەنە بىر جەھەتتىن ، بىر تىلدا يۈز بېرىدىغان تاۋۇش ئۆزگىرىشى يەنە بىر تىلدا يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن . بۇ خىل ئەھۋال پەقەت نۆۋەتتىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشىدىلا ئەمەس ، بەلكى يەنە تارىخىي تاۋۇش ئۆزگىرىشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ .

## §3 . تاۋۇش ئېلېمېنتى ۋە ترانسكرىپسىيە

### 1 . تاۋۇش ئېلېمېنتى

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئېگىز - پەسلىك ، كۈچلۈك - ئاجىزلىق ، ئۇزۇن - قىسقىلىق جەھەتتىكى پەرقلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ ، ئۇلارنى پەقەت تاۋۇش تۈسى ( تېمبىرى ياكى سۈپىتى ) نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىدىغان بولساق ، ھەر خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان تاۋۇشلارنى تېپىپ چىقالايمىز . تاۋۇش تۈسى ( تېمبىرى ياكى سۈپىتى ) گە ئاساسەن ئايرىپ

چىقىلغان ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك تاۋۇش ئېلې-مېنتى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن ، [til] دېگەن تاۋۇش [t] ، [i] ، [l] دىن ئىبارەت ئۈچ تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تەركىب تاپقان . [ianε] دېگەن سۆز تۆت تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن ، [ qir ] دېگەن سۆز ئۈچ تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن ، [ i̊ssiq ] دېگەن سۆز بەش تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تەركىب تاپقان ، بۇلاردىن [ ianε] دېگەن سۆزدىكى [i] بىلەن [qɨr] دېگەن سۆزدىكى [ ɨ ] ۋە [i̊ssiq] دېگەن سۆزدىكى [ i̊ ] لار تاۋۇش تۈسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئايرىم - ئايرىم تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى ھېساب-لىنىدۇ . يەنە مەسىلەن : [yn] دېگەن سۆزدىكى [y] بىلەن [ẙskεk] دېگەن سۆزدىكى [ ẙ ] ، [ular] دېگەن سۆزدىكى [u] بىلەن [ůqmaq ] دېگەن سۆزدىكى [ů] لار تاۋۇش تۈسى نۇقتىسىدىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ .

تاۋۇش ئېلېمېنتى ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك ، ئۇنى داۋاملىق پارچىلاشقا بولمايدۇ .

2 . ترانسكرىپسىيە

تىل تاۋۇشلىرىنى تاۋۇش ئېلېمېنتى نۇقتىسىدىن خاتىرىلەيدىغان بەلگىلەر سىستېمىسى ترانسكرىپسىيە دەپ ئاتىلىدۇ .

ترانسكرىپسىيە ئارقىلىق تىل تاۋۇشلىرىنى تاۋۇش ئېلېمېنتى نۇقتىسىدىن ئىنچىكە پەرقلەندۈرگىلى ۋە توغرا خاتىرىلىگىلى بولىدۇ . يەنى ، مەخسۇس بەلگىلەر ئارقىلىق تىلدىكى ھەممە فونېمىلارنىلا ئەمەس ، بەلكى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنى ، يەنى فونېما ۋارىيانتلىرىنىمۇ ئېنىق ئىپادىلىگىلى بولىدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىنىڭ سانى ھەرقانداق ئېلىپبەدىكى ھەرپلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ساندىن كۆپ بولىدۇ . ئۇ تىل تەتقىقاتى ۋە تىل ئوقۇتۇشىدا بولمىسا بولمايدىغان بىر خىل قورال .

هازىر دۇنيادا كەڭ قوللىنىلىۋاتقان ترانسكرىپسىيە خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەدۇر . خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە 1886 ـ يىلى لوندوندا قۇرۇلغان « فونېتىكا ئوقۇتقۇچىلىرى جەمئىيىتى » ( مەزكۇر جەمئىيەت 1897 ـ يىلى « خەلقئارا فونېتىكا جەمئىيىتى » گە ئۆزگەرتىلگەن ) تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ ، 1888 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان . ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ تا هازىرغىچە كۆپ قېتىم تۈزىتىلىش ، تولۇقلىنىش ئارقىلىق هەرقانداق تىلنىڭ تاۋۇشلىرىنى خاتىرىلىگىلى بولىدىغان ، ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان مۇكەممەل ترانسكرىپسىيەگە ئايلاندى .

خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدا يارىتىلغان . خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەنىڭ باش پرىنسىپى مۇنداق : « بىر تاۋۇش ئېلېمېنتى بىرلا بەلگە ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ ، بىر بەلگە پەقەت بىرلا تاۋۇش ئېلېمېنتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . »

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، مەلۇم بىر كونكرېت تىلنىڭ تاۋۇشلىرىنى ياكى ئۇنىڭ دىيالېكتلىرىنىڭ تاۋۇشلىرىنى تەپسىلىي خاتىرىلەش ۋە تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە شۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى ياكى باشقىلار تەرىپىدىن بىر يۈرۈش بەلگىلەر تۈزۈپ چىقىلىشى مۇمكىن . بۇ بىر يۈرۈش بەلگىلەر شۇ تىلنىڭ ترانسكرىپسىيەسى بولىدۇ . مەسىلەن ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تىلىنى ۋە باشقا قېرىنداش تۈركىي تىللارنى ، جۈملىدىن قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ترانسكرىپسىيە قىلىشتا تۈركىي تىللار ئۈچۈن تۈزۈلگەن بىر يۈرۈش بەلگىلەر ، يەنى تۈركىي تىللارنىڭ ترانسكرىپسىيەسى قوللىنىلماقتا . شۇنداقلا ، ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ئاساسىدىكى بىر يۈرۈش بەلگىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ

تىرانسكرىپسىيەسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا.

كېيىنكى بەتتە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ خەلقئارالىق تىرانسكرىپسىيە بەلگىلىرى، تۈركىي تىللارنىڭ تىرانسكرىپسىيە بەلگىلىرى ۋە ئۇيغۇر تىلى تىرانسكرىپسىيە بەلگىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىش ئەھۋالى كۆرسىتىلدى.

## §4. فونېما

### 1. فونېمىنىڭ ئېنىقلىمىسى

فىزىكىلىق ۋە فىزىيولوگىيەلىك نۇقتىدىن كۆزەتكەندە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسىدا تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى ئىنتايىن كۆپ. شۇنداق بولسىمۇ بۇ تاۋۇشلارنى چىقىرىشتا ھېچقانداق قىيىنالمايمىز. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھەرقايسى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنىڭ تىلىمىزدا تۇتىدىغان ئورنى ۋە رولى ئوخشىمايدۇ. بەزى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنىڭ فىزىكىلىق ۋە فىزىيولوگىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى خېلى زور پەرقلىنىسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى، يەنى مەنە پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇنداق تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنى مۇھىم ئەمەس دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ پەرقىگە ئېتىبار بەرمەيمىز. مەسىلەن، [ilmɛk] دېگەن سۆزدىكى [i] تاۋۇشى بىلەن [i̊stɛk] دېگەن سۆزدىكى [i̊] تاۋۇشىنى مىسالغا ئالساق، ئالدىنقىسى جاراڭلىق سوزۇق تاۋۇش، كېيىنكىسى جاراڭسىز سوزۇق تاۋۇش. لېكىن، بۇ ئىككى تاۋۇش ئېلېمېنتى تىلىمىزدا بىر تىپتىكى تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى تاۋۇش ئېلېمېنتى ئۆزئارا مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ئەمەس. [un] دېگەن سۆزدىكى [u] تاۋۇشى بىلەن [ůqmaq] دېگەن سۆزدىكى [ů] تاۋۇشى؛ [ynlyk] دېگەن سۆزدىكى [y] تاۋۇشى بىلەن [ẙskɛk] دېگەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار بىلەن خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| ئۇيغۇرچە ھەرپلەر | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | مىسال | ئۇيغۇرچە ھەرپلەر | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | مىسال |
|---|---|---|---|---|---|
| ئا | [ɑ] | [ɑtɑ] | ق | [q] | [qɑrɑ] |
| ئە | [æ] [ɛ] | [ætɛ] | ك | [k] | [kɛl] |
| ب | [b] | [bɑr] | گ | [g] | [gɛp] |
| پ | [p] | [pul] | ڭ | [ŋ] | [mɑŋ] |
| ت | [t] | [tɑʃ] | ل | [l] | [ɑlmɑ] |
| ج | [dʒ] | [dʒɑj] | م | [m] | [mɛn] |
| چ | [tʃ] | [tʃɑj] | ن | [n] | [nɑn] |
| خ | [χ] | [χɑltɑ] | ھ | [ɦ] | [ɦɑj] |
| د | [d] | [dɑdɑ] | ئو | [o] | [otun] |
| ر | [r] | [rɑst] | ئۇ | [u] | [uruq] |
| ز | [z] | [zor] | ئۆ | [ɸ] | [ɸj] |
| ژ | [ʒ] | [piʒ] | ئۈ | [y] | [yzym] |
| س | [s] | [sæt] | ۋ | [w] | [wɛdɛ] |
| ش | [ʃ] | [ʃɑm] | ئې | [e] | [elɑn] |
| غ | [ʁ] | [ʁɑz] | ئى | [i] | [irɑdɛ] |
| ف | [f] | [uf] | ي | [j] | [jɑmɑn] |

## هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار بىلەن تۈركىي تىللار ترانسكرىپسىيەسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| ئۇيغۇرچە هەرپلەر | تۈركىي تىللار ترانسكرىپسىيەسى | مىسال | ئۇيغۇرچە هەرپلەر | تۈركىي تىللار ترانسكرىپسىيەسى | مىسال |
|---|---|---|---|---|---|
| ئا | [a] | [ata] | ق | [q] | [qara] |
| ئە | [ä] | [ätä] | ك | [k] | [käl] |
| ب | [b] | [bar] | گ | [g] | [gäp] |
| پ | [p] | [pul] | ڭ | [ŋ] | [maŋ] |
| ت | [t] | [taš] | ل | [l] | [alma] |
| ج | [c] | [caj] | م | [m] | [män] |
| چ | [č] | [čaj] | ن | [n] | [nan] |
| خ | [χ] | [χalta] | ھ | [ɦ] | [ɦaj] |
| د | [d] | [dada] | ئو | [o] | [otun] |
| ر | [r] | [rast] | ئۇ | [u] | [uruq] |
| ز | [z] | [zor] | ئۆ | [ö] | [öj] |
| ژ | [ž] | [pìž] | ئۈ | [ü] | [üzüm] |
| س | [s] | [sät] | ۋ | [w] | [wädä] |
| ش | [š] | [šam] | ئې | [e] | [elan] |
| غ | [ɣ] | [ɣaz] | ئى | [i] | [iradä] |
| ف | [f] | [uf] | ي | [j] | [jaman] |

uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار بىلەن ئۇيغۇر تىلى ترانسكرىپسىيەسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| ئۇيغۇرچە ھەرپلەر | ئۇيغۇر تىلى ترانسكرىپسىيەسى | مىسال | ئۇيغۇرچە ھەرپلەر | ئۇيغۇر تىلى ترانسكرىپسىيەسى | مىسال |
|---|---|---|---|---|---|
| ئا | [a] | [ata] | ق | [k̡] | [k̡ara] |
| ئە | [ə] | [ətə] | ك | [k] | [kəl] |
| ب | [b] | [bar] | گ | [g] | [gəp] |
| پ | [p] | [pul] | ڭ | [ŋ] | [maŋ] |
| ت | [t] | [tɑx] | ل | [l] | [alma] |
| ج | [j] | [jay] | م | [m] | [mən] |
| چ | [q] | [qay] | ن | [n] | [nan] |
| خ | [h] | [halta] | ھ | [h̡] | [h̡ay] |
| د | [d] | [dada] | ئو | [o] | [otun] |
| ر | [r] | [rast] | ئۇ | [u] | [uruk̡] |
| ز | [z] | [zor] | ئۆ | [ɵ] | [ɵy] |
| ژ | [z̡] | [piz̡] | ئۈ | [ü] | [üzüm] |
| س | [s] | [sət] | ۋ | [w] | [wədə] |
| ش | [x] | [xɑm] | ئې | [e] | [elan] |
| غ | [ᵅl] | [ᵅlaz] | ئى | [i] | [iradə] |
| ف | [f] | [uf] | ي | [y] | [yaman] |

سۆزدىكى [k̊] تاۋۇشى ؛ [gunɑ] دېگەن سۆزدىكى [g] تاۋۇشى بىلەن [tyɣmɛn] دېگەن سۆزدىكى [ɣ] تاۋۇشى ؛ [kɛlmɛ] دېگەن سۆزدىكى [k] تاۋۇشى بىلەن [mɛçtɛp] دېگەن سۆزدىكى [ç] تاۋۇشلىرىمۇ ئەنە شۇ تىپقا كىرىدۇ . يۇقىرىدىكى ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە ، تىلىمىزدىكى بەزى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى فىزىكىلىق ۋە فىزىيولوگىيەلىك خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن بىر - بىرىگە خېلى يېقىن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى ، يەنى مەنە پەرقلەندۈرۈش رولى روشەن بولۇپ ، نۇتۇقتا ئۇلارنى ئېنىق پەرقلەندۈرمەي بولمايدۇ . شۇڭا ، بىز ئۇنداق تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنى مۇھىم دەپ قاراپ ، ئۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن قارايمىز . مەسىلەن ، تىلىمىزدىكى [tez] ، [tiz] دېگەن سۆزلەردىكى [i] بىلەن [e] تاۋۇشىنى مىسالغا ئالساق ، بۇ ئىككى تاۋۇش پەقەت ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسىنىڭ كەڭ - تارلىقى جەھەتتە ئوخشىمىسىمۇ ، لېكىن تىل ئالدى بولۇشى ۋە لەۋلەشمەسلىكى جەھەتتىن ئوخشاش . ئۇلار تىلىمىزدا روشەن مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە . شۇڭا ، بىز ئۇلارنىڭ پەرقىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايمىز .

يۇقىرىدىكى تەھلىلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەر خىل تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى ئۆزئارا مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولسا ، ئۇلار باشقا - باشقا فونېتىكىلىق بىرلىك ( فونېما ) ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر ئۆزئارا مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولمىسا ، بۇنداق تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئوخشاش بىر فونېتىكىلىق بىرلىك دەپ قارىلىدۇ . ئۆزئارا مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى تىلشۇناسلىقتا « فونېما » ئاتالغۇسى بىلەن ئېلىنىدۇ .

دېمەك ، مەلۇم بىر تىل ياكى دىيالېكتتا مەنە پەرقلەندۈرۈش

رولىغا ئىگە ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك فونېما دەپ ئاتىلىدۇ. ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك دېيىشتىكى سەۋەب شۇكى ، ئۇلارنى داۋاملىق پارچىلاشقا بولمايدۇ .

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، فونېما مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە دېگەنلىك ، ھەرگىزمۇ فونېما ئۆزى يالغۇز تۇرغاندا مەنە پەرقلەندۈرەلەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس ، ئۇ پەقەت باشقا فونېمىلار بىلەن بىرىكىپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغاندىلا ئاندىن مەنە پەرقلەندۈرەلەيدۇ . مەسىلەن ، [øt] ، [at] ، [ɛt] ، [ot] ، [ut] دېگەندەك سۆزلەرنى مىسالغا ئالساق ، بۇ سۆزلەردە مەنە پەرقلەندۈرۈۋاتقان نەرسە پەقەت [ɑ] ، [ɛ] ، [o] ، [u] ، [ø] فونېمىلىرىلا بولۇپ قالماستىن ، ئۇلار [t] فونېمىسى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ شۇ سۆزلەرنى ھاسىل قىلغاندىلا ، ئاندىن ئۇلارنىڭ مەنىلىرى پەرقلىنىدۇ .

فونېما بىلەن تاۋۇش ئېلېمېنتى گەرچە داۋاملىق پارچىلاشقا بولمايدىغان ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن پەرقلىنىدۇ :

1 . پائالىيەت دائىرىسى جەھەتتىن ئالغاندا ، فونېما كونكرېت بىر تىل ياكى دىيالېكتقا تەۋە بولىدۇ . كونكرېت بىر تىل ياكى دىيالېكتتىن ئايرىلغان فونېما بولمايدۇ . تاۋۇش ئېلېمېنتى بولسا پۈتۈن ئىنسانغا ئورتاق بولىدۇ . ئادەتتە ئىنسانلار 200 خىلچە تاۋۇش چىقىرالايدۇ .

2 . مەنە پەرقلەندۈرۈش رولى جەھەتتىن قارىغاندا ، فونېما مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ، تاۋۇش ئېلېمېنتى بولسا مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ئەمەس .

3 . مەۋجۇدىيەت شەكلى جەھەتتىن قارىغاندا ، فونېما ئابستراكت بولىدۇ . مەسىلەن ، [ɑ] تاۋۇشىنىڭ نەچچە خىل كونكرېت شەكلى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ بەربىر [ɑ] دۇر .

تاۋۇش ئېلېمېنتى بولسا كونكرېت بولىدۇ .

بەزىدە بىر تاۋۇش ئېلېمېنتى بىر فونېمىغا باراۋەر بولسا ، يەنە بەزىدە بىرقانچە تاۋۇش ئېلېمېنتى بىر فونېمىغا باراۋەر بولىدۇ .

**2 . سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ پەرقى**

ھەرقانداق بىر تىلدا تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى ئاۋۋال سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ . ئۇلارنىڭ پەرقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ :

1 . سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقى ياكى بوغۇزدا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي ئەركىن ھالدا چىقىدۇ . ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا بولسا ، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ مەلۇم جايىدا توسالغۇغا ئۇچراپ ئاندىن چىقىدۇ .

2 . سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى سىلىق ۋە تەكشى بولىدۇ ؛ ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا بولسا ، توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان ئەزالار ئالاھىدە جىددىي ھالەتتە ھەرىكەت قىلىدۇ .

3 . سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ، ئېغىز بوشلۇقىدىن سىرتقا چىقىرىلىدىغان ھاۋا ئېقىمى ئاجىزراق ، ئاۋاز چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ تىترىشى رىتىملىق ، چىقىدىغان تاۋۇش ئاھاڭدار بولىدۇ . ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا بولسا ، ئېغىز بوشلۇقىدىن چىقىرىلىدىغان ھاۋا ئېقىمى كۈچلۈكرەك ، ئاۋاز چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ تىترىشى رىتىمسىز ، چىقىدىغان تاۋۇش شاۋقۇنلۇق بولىدۇ .

يۇقىرىقى پەرقلەر ئىچىدە بىرىنچى خىل پەرق ئەڭ مۇھىم ۋە ماھىيەتلىك پەرق ھېسابلىنىدۇ .

### 3 . ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرى

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىمۇ ئاۋۋال سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1) سوزۇق تاۋۇشلار : ئۆپكىدىن چىققان هاۋا ئېقىمىنىڭ ئېغىز بوشلۇقى ياكى بوغۇزدا هېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي ئەركىن چىقىشىدىن هاسىل بولىدىغان تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ .

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سەككىز سوزۇق تاۋۇش بار بولۇپ ، ئۇلار « ئا ، ئە ، ئو ، ئۇ ، ئۆ ، ئۈ ، ئې ، ئى » لاردىن ئىبارەت . بۇ سوزۇق تاۋۇشلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتتىن تەهلىل قىلىشقا ۋە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ :

بىرىنچى ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنىنىڭ تاۋۇش چىقارغان چاغدىكى يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە ( ياكى ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقىغا ) ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ :

1 . تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش ( ئوچۇق سوزۇق تاۋۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) : « ئا » [ɑ] .

2 . يېرىم تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش ( يېرىم ئوچۇق سوزۇق تاۋۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) : « ئە » [ɛ] ) .

3 . يېرىم يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش ( يېرىم يېپىق سوزۇق تاۋۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) : « ئې » [e] ، « ئو » [o] ، « ئۆ » [ø]

4 . يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش ( يېپىق سوزۇق تاۋۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) : « ئى » [i] ، « ئۇ » [u] ، « ئۈ » [y] .

ئىككىنچى ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋلەرنىڭ تاۋۇش چىقارغان چاغدىكى دۈگىلەك شەكىللىك كېلىش ـ كەلمەسلىكىگە ئاساسەن ( لەۋ هالىتىگە ئاساسەن ) لەۋلەشكەن

سوزۇق تاۋۇشلار ۋە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ :

1 . لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار : « ئو » [o] ، « ئۇ » [u] ، « ئۆ » [ø] ، « ئۈ » [y] ) .

2 . لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار : « ئا » [a] ، « ئە » [ɛ] ، « ئې » [e] ، « ئى » [i] .

ئۈچىنچى ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكى تىل ئورنىغا ئاساسەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى ۋە تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلىرى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ :

1 . تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى : « ئە » [ɛ] ، « ئې » [e] ، « ئى » [i] ، « ئۆ » [ø] ، « ئۈ » [y] .

2 . تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلىرى : « ئا » [ɑ] ، « ئو » [o] ، « ئۇ » [u] .

شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى ، « ئې » ، « ئى » سوزۇق تاۋۇشلىرى ئايرىم تەلەپپۇز قىلىنغان ۋاقىتتا شەرتسىز ھالدا تىل ئالدى بولۇپ ئىپتىلىدۇ . لېكىن ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاھاڭداشلىق ( ماسلىشىش ) قانۇنىيىتى سەۋەبىدىن « ئې » ، « ئى » تاۋۇشلىرى ئۆزلىرىنىڭ تىل ئالدى بولۇشتەك ئورنىنى ساقلاپ قالالماي ، ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ، يەنى ھەم تىل ئالدى تاۋۇشلۇق ، ھەم تىل ئارقا تاۋۇشلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ قالىدۇ . چۈنكى ، بۇ ئىككى تاۋۇش ( فونېما ) تاۋۇش تۈسى جەھەتتىن خېلى پەرقلىق بولغان بىرقانچە خىل تاۋۇش ئېلېمېنتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، بۇ ئىككى تاۋۇش بەزى تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە تىل ئالدى بولۇپ ئىپتىلسا ( مەسىلەن ، [imarɛt] ، [iɑnɛ] ، [ejt] ، [ejiq] ،

www.uyghurkitap.com

[ɦejt] ، [ilgɛk] ) ، يەنە بەزىدە بەزى تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە تىل كەينى ( ئېنىقراقى تىل ئوتتۇرىسى ياكى تىل كەينىگە مايىل ) بولۇپ ئېيتىلىدۇ . ( مەسىلەن ، [seriq] ، [eʁir] ، [qir] ، [ʁidiq] . شۇڭا ، بۇ ئىككى سوزۇق تاۋۇش تىل ئورنى جەھەتتىن « تىل ئارا سوزۇق تاۋۇش » دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

**سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى ئىسخېمىسى**




**ئەسكەرتىش :**

❶ ئىسخېمىدىكى [i] دىن [u] غىچە بولغان ئارىلىق تىل ئورنىنى كۆرسىتىدۇ .

❷ [u] دىن [ɑ] غىچە بولغان ئارىلىق ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ .

❸ تىل سىزىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنى، سول تەرىپىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنى كۆرسىتىدۇ .

2) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسۋىرى : [ɑ] تاۋۇشى تىل ئارقا ،

لەۋلەشمىگەن ، تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش . بۇ تاۋۇش ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ ھەرقانداق جايىدا كېلىۋېرىدۇ ، يەنى بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . مەسىلەن ، « ئالما » ، « تاغلاردا » دېگەندەك .

[a] تاۋۇشى قوشنا ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس ھالدا سەل ئۆزگىرىپ كېلىشى مۇمكىن . مەسىلەن ، [a] تاۋۇشى [q] ، [ʁ] ، [x] تاۋۇشلىرى بىلەن كەلگەندە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرىغا مايىلراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

[xalta] [ʁaz] [qaq] [taʁ]

[k] ، [g] ، [tʃ] ، [dʒ] تاۋۇشلىرى بىلەن ، بەزىدە [ʃ] تاۋۇشى بىلەن كەلگەندە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرىغا مايىلراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

[ʃal] [tʃaj] [dʒaj] [tʃatʃ] [kala]

[a] تاۋۇشى مەلۇم فونېتىكىلىق شارائىتتا [e] ياكى [i] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ . مەسىلەن :

[taʁ] → [teʁi] [bala] → [balilar]
[qulaq] → [quliqi] [qorsaq] → [qorsiqi]

[a] تاۋۇشىنىڭ سوزۇلمىلىقى ، يەنى ئادەتتىكىدىن بەكرەك ئۇزۇن تەلەپپۇز قىلىنىشى ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر ئۈچۈن بىرلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ، ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى ئۈچۈن ئىككىلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەردىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش [a:] شۇ تىللارنىڭ فونېتىكىسىغا خاس ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولغانلىقتىن ، ئۇ بىرلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ . ھازىرقى زامان

ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش [a:] ئادەتتە ئۆزىدىن كېيىن تۇرغان ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا (كۆپرەك [r] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا) باغلىق بولغانلىقتىن ، يەنى سوزۇلمىلىق هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خوسۇسىيىتىگە خاس بولمىغانلىقتىن ، ئۇ ئىككىلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش هېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

[o(r)ʁaq]  [ta(r)ʁaq]  [ba(r)ʁaq]

ئەگەر سۆزنىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچۈنچى بوغۇمىدىكى [a] تاۋۇشى بىرلەمچى ياكى ئىككىلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولمىسا ، كۆپىنچە 77 — 125 مىللىسېكۇنت (تۆۋەندە « م س » دەپ قىسقارتىلدى) ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

[talaʁa] — 50 م س ، [ana] — 75 م س

[jaŋaq] — 83 م س ، [qara] — 100 م س

[ɦawa] – 125 م س

ئەگەر سۆزنىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچۈنچى بوغۇمىدىكى [a] تاۋۇشى بىرلەمچى ياكى ئىككىلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولسا ، ئۇ چاغدا 190 — 250 مىللىسېكۇنت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن : [ka:mil] — 191 م س ، [a:lɛm] — 200 م س ، [ra:zi] — 208 م س ، [ta:(r)ʁaq] — 225 م س ، [ma:hir] — 250 م س .

يېپىق بوغۇم هالىتىدىكى [a] تاۋۇشىنىڭ ئەڭ قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىش ۋاقتى ئوچۇق بوغۇم هالىتىدىكى [a]تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش ۋاقتىدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ . بۇ ئالاھىدىلىك بارلىق سوزۇق تاۋۇشلارغا خاس ئورتاق ئالاھىدىلىكتۇر .

[ɛ] تاۋۇشى تىل ئالدى ، لەۋلەشمىگەن ، يېرىم تۆۋەن (سەل تۆۋەن ياكى تۆۋەنرەك) سوزۇق تاۋۇش . بۇ تاۋۇش ئەسلىي ئۇيغۇر

تىلى سۆزلىرىنىڭ ھەرقانداق جايىدا كۆرۈلىدۇ . يەنى ، بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . مەسىلەن :

[ylgɛ] [tɛŋ] [iʃlɛ] [ɛmgɛk]

[ɛ] تاۋۇشى قوشنا كەلگەن تاۋۇشلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس ھالدا سەل ئۆزگىرىپ كېلىشى مۇمكىن . ئەگەر بۇ تاۋۇش نۇتۇقتا [q] ، [ʁ] ، [x] تاۋۇشلىرى بىلەن كەلسە ، سەل تىل ئارقا بولىدۇ . مەسىلەن :

[xɛzinɛ] [xɛlq] [qɛʁɛz]

ئەگەر [k] ، [g] ، [tʃ] غا ئوخشاش تاۋۇشلار بىلەن كەلسە ، تېخىمۇ تىل ئالدى بولىدۇ . مەسىلەن :

[tʃɛk] [gɛmɛ] [kɛl]

[ɛ] تاۋۇشى مەلۇم فونېتىكىلىق شارائىتتا [e] ياكى [i] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ . مەسىلەن :

[kɛl] → [kelip] [kemɛ] → [kemisi]

سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا ياكى ئوچۇق بوغۇمدا بىرلەمچى ياكى ئىككىلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولمىسا [ɛ] تاۋۇشى 58 ـــ 125 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن : [tɛkɛbbur] ـــ 58 م س ، [ɛmɛs] ـــ 83 م س ، [rɛqɛm] ـــ 100 م س ، [mɛŋiz] ـــ 125 م س . ئەگەر سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمى ياكى ئوچۇق بوغۇمىدىكى [ɛ] تاۋۇشى بىرلەمچى ياكى ئىككىلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولسا ، ئۇ چاغدا 150 ـــ 225 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن : [kɛ:(l)sun] ـــ 150 م س ، [ɛ:(r)ti g ɛ] ـــ 165 م س ، [qɛ:ʁɛz] ـــ 225 م س .

يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش ۋاقتى ئومۇمەن ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ ئادەتتىكى تەلەپپۇز قىلىنىش ۋاقتىدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. لېكىن يېپىق بوغۇملاردا قانداق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلىشىشىغا قاراپ ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. يەنى [b] ، [p] ، [t] ، [d] ، [k] ، [q] غا ئوخشاش پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان بوغۇملاردا 83 ــ 113 م س ۋاقىت ئىچىدە ، قالغان ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان بوغۇملاردا 100 ــ 200 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن : [kɛltyr] ــ 116 م س ، [dɛrhal] ــ 125 م س ، [jɛŋ] ــ 150 م س ، [kɛŋ] ــ 183 م س ، [sɛz] ــ 191 م س ، [qɛl 'ɛ] ــ 200 م س .

[o] تاۋۇشى تىل ئارقا ، لەۋلەشكەن ، يېرىم يۇقىرى ( سەل ئېگىز ياكى ئېگىزرەك ۋە ياكى يۇقىرىراق ) سوزۇق تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىك بولىدۇ ، يەنى [o] تاۋۇشى ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ پەقەت بىرىنچى بوغۇمىدىلا كېلىدۇ . قالغان بوغۇملاردا كەلمەيدۇ . مەسىلەن : [ojun] ، [bojun] ، [oltur] .

ئەسلىي ئۇيغۇر تىلىغا خاس بىرىككەن سۆزلەردە [o] تاۋۇشى كېيىنكى بوغۇملاردىمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن :

[bajtoqaj] [ajtoqatʃ]

كىرمە سۆزلەردىكى ئورنى چەكلەنمەيدۇ . مەسىلەن :

[organ] [traktor]

[o] تاۋۇشىمۇ [a] ۋە [ɛ] تاۋۇشىغا ئوخشاش يۇقىرىدا ئاتالغان ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن كەلگەندە سەل ئۆزگىرىدۇ . مەسىلەن :

[qoza] [toq] [qoj] [kolimaq] [kotʃa] [kora]

ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا كىرمەيدىغان [o] ئوچۇق بوغۇمدا

كەلگەندە 66 ــ 108 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن : [bolidu] ــ 66 م س ، [qoʃuʃ] ــ 83 م س ، [oŋuʃluq] ــ 100 م س ، [qowurʁɑ] ــ 108 م س .

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش [o:] 108 ــ 190 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . [o] تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولغاندا ، ئۇنىڭدىن كېيىن [r] ، [l] ، [z] ، [ʁ] تاۋۇشلىرى كېلىدۇ . بۇنداق سۆزلەردىكى [o] تاۋۇشى قەدىمدە [ɑ] ئىدى . مەسىلەن :

[tʃo:ruq] < [tʃɑruq] ــ 116 م س ، [o:zuq] < [ɑzuq] ــ 125 م س ، [jo:ruq] < [jɑruq] ــ 158 م س ، [qo:ʁun] < [qɑʁun] ــ 175 م س ، [o:ruq] < [ɑruq] ــ 190 م س .

يېپىق بوغۇملاردىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ئەمەس [o] ئادەتتە 83 ــ 200 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن : [ɦoʃsiz] ــ 125 م س ، [oltur] ــ 140 م س ، [ordɑ] ــ 150 م س ، [oŋ] ــ 166 م س ، [soz] ــ 185 م س ، [oj] ــ 200 م س .

[ɸ] تاۋۇشى تىل ئالدى ، لەۋلەشكەن يېرىم يۇقىرى ( سەل ئېگىز ياكى ئېگىزرەك ۋە ياكى يۇقىرىراق ) سوزۇق تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭمۇ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى [o] تاۋۇشىغا ئوخشاش چەكلىك بولىدۇ . ئۇ پەقەت ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىلا كېلىدۇ . مەسىلەن :

[ɸmytʃyk] [ɸtyk] [ɸryk] [kɸmyr]

بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى تەركىبىدە [ɸ] تاۋۇشى بار بولسا ، سۆز ئوتتۇرىسىدىمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن :

[ɑʃkɸki] [tɑʃkɸmyr] [qɑriɸryk]

[ɸ] تاۋۇشى ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە ئادەتتىكى تەلەپپۇزدا ، يەنى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولمىغان ئەھۋالدا 75 ــ 100 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن : [kɸŋyl] ــ 83 م س ، [ɸkyz] ــ 90 م س ، [ɸmyr] ــ 100 م س .

[ɸ] تاۋۇشىنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇرتىلى سۆزلىرىدە ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولۇپ كېلىش ئەھۋالى كۆپرەك ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالىغا باغلىق بولىدۇ . مەسىلەن :

[ɸ(w)ry-]    [jɸ(r)gɛ-]

يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى [ɸ] تاۋۇشى 100 ــ 200 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن : [jɸtkɛ-] ــ 100 م س ، [kɸrmɛk] ــ 133 م س ، [lɸŋgɛ] ــ 150 م س ، [ɸrnɛk] ــ 158 م س ، [kɸz] ــ 166 م س ، [bɸz] ــ 183 م س ، [ɸj] ــ 200 م س .

[u] تاۋۇشى تىل ئارقا ، لەۋلەشكەن يۇقىرى ( ئېگىز ) سوزۇق تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . مەسىلەن :

[baridu]   [qulaq]   [qolum]   [uluʁ]

[u] تاۋۇشى ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە ئادەتتىكى تەلەپپۇزدا 60 ــ 100 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن : [mudapiɛ] ــ 66 م س ، [buʁa] ــ 83 م س ، [uruʃ] ــ 100 م س .

يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى [u] تاۋۇشى ئادەتتە 75 ــ 183 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن : [muddia] ــ 75 م س ، [bulbul] ــ 108 م س ، [bujruq] ــ 125 م س ،



www.uyghurkitap.com

[juy] — 166 م س ، [muy] — 150 م س ، [buz(mɑq)] — 183 م س . [u] تاۋۇشى يېپىق بوغۇم ھالىتىدە ئىككى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىدا كەلسە ، جانلىق تىلدا جاراڭسىزلىشىدۇ ( ئاجىزلىشىدۇ ) . مەسىلەن :

[tůtqɑn] [ůʃʃɑq] [kůkům] [ůtuq] [uẋlɑ_] [ůssun] [qus_] . . . .

[y] تاۋۇشى تىل ئالدى ، لەۋلەشكەن يۇقىرى ( ئېگىز ) سوزۇق تاۋۇش . بۇ سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ ، يەنى سۆزنىڭ ھەرقانداق جايىدا كېلىۋېرىدۇ . مەسىلەن :

[mɸldyr] [sɸjgy] [syzmɛ] [yzyk] [yzym]

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا [y] تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش سۈپىتىدە تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزلەر يوق .

[y] تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە 65 — 100 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن : [ynym] — 70 م س ، [kymyʃ] — 80 م س ، [yzyk] — 100 م س .

[y] تاۋۇشى يېپىق بوغۇم ھالىتىدە 80 — 130 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . يەنى ، ئوچۇق بوغۇم ھالىتىگە قارىغاندا ئۇزۇن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن : [ʃyb ɦ ɛ] — 90 م س ، [dʒyp] — 100 م س ، [syr_] — 120 م س ، [jyz] — 130 م س دېگەندەك . لېكىن ، مەيلى ئوچۇق بوغۇملۇق ھالەتتە بولسۇن ، مەيلى يېپىق بوغۇملۇق ھالەتتە بولسۇن ، ئاساسەن پارتلىغۇچى ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار [p] ، [t] ، [k] ، [q] ( بەزىدە سىيرىلاڭغۇ [ʃ] تاۋۇشى ) بىلەن باشلانغان بوغۇملاردا ، بوغۇم ئاخىرىدا ياكى ئىككىنچى بوغۇمنىڭ بېشىدا [r] ، [l] تاۋۇشلىرى كەلسىمۇ [y] تاۋۇشى قىسقا تەلەپپۇز

www.uyghurkitap.com

قىلىنىدۇ . مەسىلەن : [kyly∫] ــ 30 م س ، [pyrkɛn] ــ 30 م س ، [∫yrkɛn] ــ 50 م س ، [tyrlyk] ــ 60 م س .

[y] تاۋۇشىنىڭ سەل جاراڭسىزلىشىش ( ئاجىزلىشىش ) شارائىتى [u] تاۋۇشىغا ئوخشايدۇ . مەسىلەن :

[ẙtlɛ]   [ẙstigɛ]   [t∫ẙ∫]   [tẙs]

[e] تاۋۇشى تىل ئالدى ، لەۋلەشمىگەن يېرىم يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىك بولىدۇ ، يەنى [e] تاۋۇشى [o] ، [ɸ] تاۋۇشلىرىغا ئوخشاش ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ پەقەت بىرىنچى بوغۇمىدىلا كېلىدۇ . مەسىلەن : [eriq] ، [beliq] ، [eʁiz] دېگەندەك .

ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى [e] تاۋۇشى تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا ، ئاساسەن سۆز بېشىدىكى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشلىرىنىڭ مەلۇم فونېتىكىلىق شارائىتتا ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان . دېمەك ، [e] تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدا ئىككىلەمچى فونېما ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

[tɑriʁ] → [teriq]   [qɑri] → [qeri]   [ɑʁiz] → [eʁiz]

[e] تاۋۇشىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئېنىق ئەمەس ، مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىشلىتىلگەن تۈرلۈك يېزىقلاردا [e] تاۋۇشى ئۈچۈن مەخسۇس ھەرپ بەلگىلەنمىگەن . [e] تاۋۇشى ئۈچۈن مەخسۇس ھەرپ بەلگىلەش ئىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى باشلانغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا باشلانغان .

[e] تاۋۇشى [q] ، [ʁ] ، [x] تاۋۇشلىرى بىلەن كەلگەندە سەل تىل ئارقا بولسا ، [k] ، [g] تاۋۇشلىرى بىلەن كەلگەندە تېخىمۇ تىل ئالدى بولىدۇ . بىرىنچى خىل ئەھۋالدا قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى ،

ئىككىنچى ئەھۋالدا قوشۇمچىنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى ئۇلىنىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، [a] تاۋۇشىنىڭ [e] تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان سۆز تومۇرلىرى ياكى ئۆزەكلىرى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆز تومۇرلىرى ياكى ئۆزەكلىرى ھېسابلانسا، [ɛ] تاۋۇشىنىڭ [e] تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان سۆز تومۇرلىرى ياكى ئۆزەكلىرى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆز تومۇرلىرى ياكى ئۆزەكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

[kɛlin] → [kelindɛ]    [aṙiq] → [eriqta]

[jɛr] → [Jeridɛ]    [baʁ] → [beʁida]

[e] تاۋۇشى بەزىدە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشى، بەزىدە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشى بولۇپ كېلىدىغانلىقتىن ئارا سوزۇق تاۋۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى [e] تاۋۇشى 42 — 166 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى [e] تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلىشى كۆپ ھاللاردا ئىككىنچى بوغۇمنىڭ بېشىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارغا باغلىق بولىدۇ. [r]، [g]، [ʁ]، [z]، [n] تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەندە تەلەپپۇز ۋاقتى ئۇزىرايدۇ. مەسىلەن: [kelidu] — 42 م س، [etɛk] — 66 م س، [kesim] — 83 م س، [nemɛ] — 100 م س، [egiz] — 116 م س، [beʁir] — 133 م س، [beri] — 150 م س، [terɛ] — 158 م س، [eriq] — 166 م س. بۇلاردىن 42 — 83 م س ۋاقىت ئىچىدىكى [e] تاۋۇشى قىسقا سوزۇق تاۋۇش، 83 — 150 م س ۋاقىت ئىچىدىكى [e] تاۋۇشى نورمال سوزۇق تاۋۇش، 150 — 166 م س ۋاقىت ئىچىدىكى [e] تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ.

يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى [e] تاۋۇشى 83 — 166 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى [e] تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاساسەن [b]، [p]، [d]، [t]، [k]، [q] تاۋۇشلىرىدىن باشقا ئۇزۇلۇك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان بوغۇملاردا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: [setkɑ] — 83 م س، [tʃeɦrɛ] — 125 م س، [eɦtirɑm] — 133 م س، [tʃegrɑ] — 141 م س، [fermɑ] — 150 م س، [nerwɑ] — 166 م س.

[i] تاۋۇشى تىل ئالدى، لەۋلەشمىگەن، يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش. بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. يەنى، سۆزنىڭ ھەرقانداق جايىدا كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن: [issiq]، [qilitʃ]، [bilim] قاتارلىقلار.

[i] تاۋۇشىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تارىخىدىكى ۋە ھازىرقى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت. بەزى ئالىملار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تىل ئارقا [ī] فونېمىسى بىلەن تىل ئالدى [i] فونېمىسى مەۋجۇت ئىدى، ئۇلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مەۋجۇت دەپ قارىسا، بەزى ئالىملار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى [ī] ۋە [i] فونېمىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىرلىشىپ [i] فونېمىسىنى ھاسىل قىلغان دەپ قارايدۇ. بۇ [i] فونېمىسى ھەم [ī] نىڭ، ھەم [i] نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. شۇڭا، ئۇ فونېما بەزىدە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشى بولۇپ كەلسە، بەزىدە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشى بولۇپ كېلىدۇ.

[e] ۋە [i] تاۋۇشلىرىنىڭ سۆزدە قايسى ۋارىيانتتا كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن تىل ئارقا ۋە تىل ئالدى ۋارىيانتلارغا ئىگە قوشۇمچىلارنى ئۇلاش كېرەك. ئەگەر قوشۇمچىنىڭ تىل ئارقا ۋارىيانتى ئۇلانسا، سۆزدىكى [e] ياكى

[i] لار تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشى بولىدۇ . ئەگەر قوشۇمچىنىڭ تىل ئالدى ۋارىيانتى ئۇلانسا ، سۆزدىكى [e] ياكى [i] لار تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشى بولىدۇ . مەسىلەن : [eriqta] ، [eriqlar] [itʃmɛk] ۋە باشقىلار .

ئاتاقلىق تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمان ئەپەندى ئۆزىنىڭ 1990 ـ يىلى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان « هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى » ( شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىلى نەشرى ) ناملىق ئەسىرىدە [ï] ۋە [i] فونېمىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەيدىغان پاكىتلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ دىيالېكتلىرىدىمۇ يوق دەپ قارايدۇ ( مەزكۇر كىتابنىڭ 30 ـ بېتىگە قاراڭ ) . مىرسۇلتان ئوسمان ئەپەندىنىڭ قارىشىچىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا بىرلا [i] فونېمىسى بار هەم ئۇنىڭ [ï] ۋە [i] ۋارىيانتلىرى مەۋجۇت . ئۇلار مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ئەمەس . ئالىم ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ بەزىدە تىل ئارقا ، بەزىدە تىل ئالدى ۋارىيانتلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشىمۇ يۇقىرىدىكى قاراشنى دەلىللەيدۇ دەپ هېسابلايدۇ . مەسىلەن :

[iʃ] — [iʃqa][iʃta][iʃlra][iʃlɛ]

[tʃiʃ] — [tʃiʃqa] [tʃiʃta] [tʃiʃlar] [tʃiʃlɛ]

[iz] — [izʁa] [izda] [izlar] [izdɛ]

[il] — [ilʁan] [ilsa] [ildur] [ilmaq] [ilgɛk]

« هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ ئاكۇستىكىلىق تەتقىقاتى » ( شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 ـ يىلى نەشرى ) ناملىق ئەسەردە بۇ تاۋۇشلار هەققىدە خېلى تەپسىلىي توختالغان . كىتابتا يېزىلىشىچە ، سپېكتروگراف ئارقىلىق تەركىبىدە [i]تاۋۇشى بار 100 دىن ئوشۇق بوغۇم

www.uyghurkitap.com

تەكشۈرۈلگەن ، نەتىجىدە بۇ تاۋۇشنىڭ ئۆلچەملىك تىل ئالدى ۋارىيانتى [$i_1$] ، تىل ئوتتۇرا ( ئارا ) ۋارىيانتى [$i_2$] ۋە تىل ئارقا ۋارىيانتى [$i_3$] لەر ئېنىقلانغان .

ئۆلچەملىك [$i_1$] ۋارىيانتى تۆۋەندىكى سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ : [tʃig̱] ، [ɦijlɛ] ، [irɑ:dɛ] ، [i:ʃɑn] ، [imɑ:rɛt] ، [igɛ] ، [i:mɑn] ، [ibɑ:dɛt] ، [idɑ:rɛ] ، [qij(mɑq)] ، [ɦiŋ] ، [iʁwɑ] ، [ini] ، [idʒɑ:rɛ] ، [minip] ، [jil] ، [kim] ، [tij(mɑq)] ، [dʒijɛk] ۋە باشقىلار .

[$i_2$] ۋارىيانتى تۆۋەندىكى سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ : [tʃirɑʁ] ، [tʃiq(mɑq)] ، [tʃiŋ] ، [tʃig] ، [tʃinɛ] ، [pil] ، [tilim] ، [widʒdɑn] ، [dʒiŋ] ، [bir] ، [ʃir] ، [zil] ، [ʁirdɑp] ، [silɛr] ، [siz] ، [sil] ، [sim] ، [tiḻ] ، [risɑlɛ] ۋە باشقىلار .

[$i_3$] ۋارىيانتى تۆۋەندىكى سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ : [diŋ] ، [tiŋ] ، [siŋil] ، [miŋ] ، [dimɑʁ] ، [qiliq] ، [siŋiʃ̱] ، [bix] ، [zix] ۋە باشقىلار .

بۇنداق [$i_1$] ، [$i_2$] ، [$i_3$] لەر مەنە پەرقلەندۈرمەيدۇ .

[i] تاۋۇشىنىڭ سوزۇلمىلىقى باشقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭكىگە ئوخشاش ، يەنى ئۇنىڭ سوزۇلمىلىقى نۇتۇقتا قانداق فونېتىكىلىق قورشاۋدا تۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە تۇرغان [i] تاۋۇشى ئومۇمەن 40 — 100 م س ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن : [idɑrɛ] — 40 م س ، [imɑrɛt] — 70 م س دېگەندەك . كىرمە سۆزلەردە سەل ئۇزىرىشى مۇمكىن . مەسىلەن : [i:mɑn] — 110 م س . [i] تاۋۇشى پارتلىغۇچى ، پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ ، سىيرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇشلاردىن كېيىن كېلىپ

كېيىنكى بوغۇمى [l] ، [m] ، [n] ، [ŋ] ، [r] تاۋۇشلىرىدىن باشلانسا خېلى قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن : [qiliq] — 20 م س ، [silɛr] — 20 م س ، [tilim] — 20 م س ، [siŋil] — 30 م س ، [tʃinɛ] — 25 م س .

يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى [i] تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش ۋاقتى 70 م س دىن 200 م س قىچە بولىدۇ : مەسىلەن : [qizʁa] — 70 م س ، [izlɛ] — 80 م س ، [dil] — 100 م س ، [zix] — 110 م س ، [ɦiŋ] — 130 م س ، [tij(maq)] — 140 م س ، [wiʒ - wiʒ] — 160 م س ، [dʒiŋ] — 200 م س ،[hijlɛ] — 200 م س .

[q] ، [k] ، [p] ، [s] ، [t] ، [ʃ] تاۋۇشلىرىدىن باشلىنىپ ، [l] ، [m] ، [r] تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلىشىدىغان بوغۇملاردىكى [i] تاۋۇشى يېپىق بوغۇم ھالىتىدە بولغىنىدا قارىماي قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . بۇ ھادىسە بوغۇم بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە باغلىق . مەسىلەن : [qirʁa] — 20 م س ، [kimniŋ] 30 [qimmɛt] 30 م س ، [sim] — 45 م س .

[i] تاۋۇشى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش يۇقىرى ( ئېگىز ) سوزۇق تاۋۇشلاردىن بولغان [u] ، [y] لەردەك ئىككى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە ياكى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا بوغۇم بېشى بولۇپ كەلسە ۋە ياكى ئۆزى يالغۇز بىر بوغۇم تەشكىل قىلغاندا ، كېيىنكى بوغۇم جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشتىن باشلانسا تامامەن جاراڭسىزلىشىدۇ . مەسىلەن :

[ki̥ʃnɛ] [qi̥ʃ] [pi̥ʃʃiq] [pi̥tʃaq] [tʃi̥q(maq)]
[si̥pta] [ i̥tti̥paq] [ i̥ptar] [ i̥ssi̥q] [ i̥ʃʃ i̥q]
[ i̥pa:dɛ] [ i̥ʃtan] [ i̥plas] [ i̥ʃarɛt] [ i̥ʃɛnmɛk]

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ بۆلۈنۈشىنى تۆۋەندىكىدەك جەدۋەللەشتۈرۈشكە بولىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسۋىرىي جەدۋىلى

| لەۋ ھالىتى / تىل ئورنى / تىلنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى | لەۋلەشكەن | | لەۋلەشمىگەن | |
|---|---|---|---|---|
| | تىل ئالدى | تىل كەينى | تىل ئالدى | تىل كەينى |
| تۆۋەن ( ئوچۇق ) سوزۇق | | | | ئا [ɑ] |
| يېرىم تۆۋەن ( يېرىم ئوچۇق ) سوزۇق | | | ئە [æ] ، [ɛ] | |
| يېرىم يۇقىرى ( يېرىم يېپىق ) سوزۇق | ئۆ [ɸ] | ئو [o] | ئې [e] | |
| يۇقىرى ( يېپىق ) سوزۇق | ئۈ [y] | ئۇ [u] | ئى [i] | |

3) ئۈزۈك تاۋۇشلار : تەلەپپۇز قىلغاندا ئۆپكىدىن چىقىدىغان ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئېغىز بوشلۇقى ياكى بوغۇزدا مەلۇم توسالغۇغا ئۇچراپ چىقىشىدىن ھاسىل بولىدىغان تاۋۇشلار ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ .

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 24 ئۈزۈك تاۋۇش بار بولۇپ ، ئۇلار : ب ، پ ، ت ، ج ، چ ، خ ، د ، ر ، ز ، ژ ، س ، ش ، غ ، ف ، ق ، ك ، گ ، ل ، م ، ن ، ڭ ، ۋ ، ي لاردىن ئىبارەت . ئۇلارنىڭ ھەرخىل تۈسكە ئىگە بولۇشى بىرىنچىدىن ، تاۋۇش چىقىرىش ئورنى بىلەن ، ئىككىنچىدىن ، تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن ، ئۈچىنچىدىن ، تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش - تىترىمەسلىكى ( تىترەش دەرىجىسىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى )

بىلەن مۇناسىۋەتلىك . شۇڭا ، تىلىمىزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى يۇقىرىدىكى ئۈچ جەھەتتىن ، يەنى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ، تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تاۋۇش پەردىسىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز تىترىشى جەھەتتىن تەھلىل قىلىشقا ۋە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ .

بىرىنچىدىن ، تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ( تاۋۇش چىقىرىش ئورنى دېگىنىمىز ، ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئۆپكىدىن چىقىدىغان ھاۋا ئېقىمىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىغان جايىنى كۆرسىتىدۇ ) جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا ، تىلىمىزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تۆۋەندىكىدەك توققۇز تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ :

1 . قوش لەۋ تاۋۇشلىرى : [b] ، [p] ، [m] .

2 . لەۋ ـ چىش تاۋۇشلىرى : [w] ، [f] .

3 . تىل ئۇچى ئالدى تاۋۇشلىرى : [z] ، [s] .

4 . تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى تاۋۇشلىرى : [n] ، [d] ، [t] ، [l] ، [r] .

5 . تىل ئالدى تاۋۇشلىرى : [dʒ] ، [tʃ] ، [ʒ] ، [ʃ] .

6 . تىل ئوستى تاۋۇشى : [j] .

7 . تىل كەينى تاۋۇشلىرى : [ŋ] ، [g] ، [k] .

8 . كىچىك تىل تاۋۇشلىرى : [ʁ] ، [x] ، [q] .

9 . بوغۇز تاۋۇشى : [ɦ] .

ئىككىنچىدىن ، تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى ( تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى دېگىنىمىز ، ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئۆپكىدىن چىقىدىغان ھاۋا ئېقىمىنىڭ قانداق توسۇلىدىغانلىقى ۋە بۇ توسالغۇنىڭ قانداق يېڭىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ) جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، تىلىمىزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تۆۋەندىكىدەك ئالتە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ .

uyghurkitap.com

1 . پارتلىغۇچ تاۋۇشلار : [q] ، [g] ، [k] ، [d] ، [t] ، [b] ، [p] .

2 . پارتلىغۇچى ـ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار : [dʒ] ، [tʃ] .

3 . سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار : [ʒ] ، [ʃ] ، [z] ، [s] ، [w] ، [f] ، [j] ، [ʁ] ، [x] ، [ɦ] .

4 . دىماق تاۋۇشلىرى : [ŋ] ، [n] ، [m] .

5 . تىترەڭگۇ تاۋۇش : [r] .

6 . قوۋۇز تاۋۇشى : [l] .

ئۇچىنچىدىن ، تاۋۇش پەردىسىنىڭ كۇچلۇك ياكى ئاجىز تىترىشى ( تاۋۇش پەردىسىنىڭ كۇچلۇك ياكى ئاجىز تىترىشى دېگىنىمىز ، تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئۆپكىدىن چىقىدىغان هاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش پەردىسىنى كۇچلۇك ياكى ئاجىز تىترىتىشىنى كۆرسىتىدۇ ) جەھەتتىن تىلىمىزدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنى جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلار ۋە جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ .

1 . جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلار : [ŋ] ، [n] ، [m] ، [dʒ] ، [ʁ] ، [j] ، [ʒ] ، [z] ، [w] ، [g] ، [d] ، [b] ، [l] ، [r] ، [ɦ] .

2 . جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشلار : [p] ، [tʃ] ، [x] ، [ʃ] ، [s] ، [f] ، [q] ، [k] ، [t] .

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۇزۇك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تاۋۇش پەردىسىنىڭ كۇچلۇك ياكى ئاجىز تىترىشىمۇ تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى دائىرىسىگە كىرىدۇ .

4) ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تەسۋىرى : [p] تاۋۇشى قوش لەۋ ، پارتلىغۇچى ، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . يەنى ، سۆزنىڭ ھەرقانداق جايىدا كېلىۋېرىدۇ . مەسىلەن : [patqaq] ، [qapqa] ، [qap] .

[b] تاۋۇشى قوش لەۋ ، پارتلىغۇچى ، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىك بولىدۇ . سۆزنىڭ ئوتتۇرىدا ، ئاخىرىدا ھەرگىز كۆرۈلمەيدۇ ، لېكىن بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن : [biz] ، [bala] ، [baʁaq] . بۇ تاۋۇشنىڭ كىرمە سۆزلەردىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ ، يەنى كىرمە سۆزلەرنىڭ ھەرقانداق جايىدا كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [ɑbroj] ، [bɛzmɛ] ، [kulub] ، [kub] .

[t] تاۋۇشى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى ، پارتلىغۇچى ، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ ، يەنى ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ ھەرقانداق جايىدا كېلىۋېرىدۇ . مەسىلەن : [tɸt] ، [ataq] .

[d] تاۋۇشى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى ، پارتلىغۇچى ، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىك بولىدۇ . سۆز ئوتتۇرىدا ۋە ئاخىرىدا كۆرۈلمەيدۇ . ناھايىتى ئاز مىقداردىكى ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن : [dɑdɑ] ، [dolqun] . بۇ تاۋۇش بەزى قوشۇمچىلار تەركىبىدىمۇ كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [joldaʃ] ، [baʁda] ، [taʁdɛk] ، [ɸjdin] ، [jɑzdur] . [d] تاۋۇشىنىڭ كىرمە سۆزلەردىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . مەسىلەن : [dɛwr] ، [ɛdʒdad] ، [tɛnqid] .

[k] تاۋۇشى تىل كەينى ، پارتلىغۇچى ، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . يەنى ، ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ ھەرقانداق جايىدا كېلىۋېرىدۇ . مەسىلەن : [kɸwryk] ، [tɛkʃilimɛk] . [k] تاۋۇشى ئادەتتە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى

بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ . ئاز مىقداردا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەنمۇ بىرىكىپ كېلىدۇ . مەسىلەن : [ukɑ] ، [ɑkɑ] ، [kokɑt] ( ئەسلى : كۆك + ئوت ) . كىرمە سۆزلەردە [k] تاۋۇشى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەنمۇ بىرىكىپ كېلىدۇ . مەسىلەن : [kollektip] ، [kombɑjin] ، [kɑlɑ] ، [kɑinɑt] .

[g] تاۋۇشى تىل كەينى ، پارتلىغۇچى ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىك بولىدۇ ، يەنى ئاساسەن تەقلىد سۆزلەرنىڭ سۆز بېشى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن : [gɑʒ – guʒ] ، [gyr – gyr] ، [gyp – gyp] . سۆز ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدىمۇ ئاز - تولا كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [ɛmgɛk] ، [tygmɛ] ، [bɛg] ، [tʃig̠] . كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كەلمەيدۇ . بۇ تاۋۇشنىڭ كىرمە سۆزلەردىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . مەسىلەن : [gyl] ، [gɑz] ، [wɑgon] ، [pedɑgog] .

[q] تاۋۇشى كىچىك تىل ، پارتلىغۇچى ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ ، يەنى سۆزنىڭ ھەرقانداق جايىدا كېلىۋېرىدۇ . مەسىلەن : [qulɑq] ، [qorqqɑq] ، [qɑq] .

[w] تاۋۇشى لەۋ - چىش ، سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىك بولىدۇ . سۆز بېشىدا ئاساسەن بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەر بىلەن ئۈندەش ( ئىملىق ) سۆزلەردىلا كېلىدۇ . مەسىلەن : [wɑl – wul] ، [wɑr – wur] ، [wil – wil] ، [wɑjjɛj] ، [wɑjwuj] . سۆز ئوتتۇرى ۋە ئاخىرىدا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [tɛwrimɛk] ، [qowurʁɑ] ، [birɑw] ، [qorʃɑw] . كىرمە سۆزلەردە بۇ تاۋۇشنىڭ ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . مەسىلەن :

. [dɛwr] ، [dɛwa] ، [waqit] ، [wogzal]

بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىدە بۇ تاۋۇشنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا ياكى بارلىق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كەينىدە كەلگەندە قوش لەۋ ، يۇمشاق تاڭلاي ، يېرىم سوزۇق تاۋۇش بولۇپ كېلىدىغانلىقى ( مەسىلەن : [waqit] ، [wɛkil] ، [wɛzir] ، [tɛwɛlik] ، [dɛwr] ) ، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەندە لەۋ ـ چىش ، يۇمشاق تاڭلاي ، يېرىم سوزۇق تاۋۇش بولۇپ كېلىدىغانلىقى ( مەسىلەن : [wil ـ wil] ، [wisal] ) كۆرسىتىلگەن .

[f] تاۋۇشى لەۋ ـ چىش ، سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش . بۇ تاۋۇش ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدە تامامەن قوللىنىلمايدۇ . ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەردىكى [f] تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدا [p] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ . مەسىلەن : [fajda] ← [pajda] ، [saf] ← [sap] ، [dɛftɛr] ← [dɛptɛr] . ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەردە بۇ تاۋۇش ساقلىنىدۇ . مەسىلەن : [fabrika] ، [fonetika] ، [telefon] .

[z] تاۋۇشى تىل ئۇچى ئالدى ، سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىك بولىدۇ . سۆز بېشىدا ئاز مىقداردىكى تەقلىد سۆزلەردىلا كېلىدۇ . مەسىلەن : [ziŋ-ziŋ ] . سۆز ئوتتۇرىسى ۋە سۆز ئاخىرىدا خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [qazan] ، [sizik] ، [sɸz] ، [kɸz] ، [syzmɛk] .

[s] تاۋۇشى تىل ئۇچى ئالدى ، سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . يەنى ، سۆزنىڭ

ھەرقانداق جايدا كېلىۋېرىدۇ . مەسىلەن : [samsaq] ، [salmaq] ، [tɛs] ، [barmas] ، [susiz] ، [tosalʁu] .

[ʃ] تاۋۇشى تىل ئالدى ، سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىك بولىدۇ ، سۆز بېشىدا ئاساسەن تەقلىد سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [ʃar–ʃur] ، [ʃir–ʃir] . سۆز ئوتتۇرىدا ۋە ئاخىرىدا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [qoʃuq] ، [oʃuq] ، [aʃliq] ، [taʃ] ، [baʃ] . كىرمە سۆزلەردە سۆز بېشىدىمۇ كۆرۈلىدۇ . [ʃagirt] ، [ʃair] ، [ʃota] ، [ʃam] .

[ʒ] تاۋۇشى تىل ئالدى ، سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىك بولىدۇ ، ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدە [ʒ] تاۋۇشى سۆز بېشىدا كەلمەيدۇ . پەقەت بەزى شېۋىلەردە يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش [i] ، [u] ، [y] لەرنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان [j] تاۋۇشى [ʒ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ . مەسىلەن : [jil] ← [ʒil] ، [julʁun] ← [ʒulʁun] ، [jyrɛk] ← [ʒyrɛk] . دېمەك ، بۇ خىل نۆۋەتلىشىش ئاساسەن يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا كەلگەن [j] تاۋۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ ، لېكىن [jyz] ، [jilim] ، [jumʃaq] دېگەندەك سۆزلەردە بۇ خىل نۆۋەتلىشىش يۈز بەرمەيدۇ . [j] تاۋۇشىنىڭ [ʒ] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشى بىر خىل شېۋە ئالاھىدىلىكى بولۇپ ، يېزىق تىلىدا ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ . [ʒ] تاۋۇشى ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ باشقا ئورۇنلىرىدىمۇ ئاز كۆرۈلىدۇ . يەنى ، بەزى تەقلىد سۆزلەرنىڭ سۆز ئاخىرى بولۇپلا كېلىدۇ . مەسىلەن : [gaʒ – guʒ] ، [piʒ – piʒ] ، [miʒ – miʒ] . [ʒ] تاۋۇشىنىڭ كىرمە سۆز –



www.uyghurkitap.com

لەردىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . مەسىلەن : [ʒurnal] ، [ʒandarma] ، [ʒanir] ، [istaʒ] .

[j] تاۋۇشى تىل ئۇستى ، سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . يەنى ، سۆزنىڭ ھەرقانداق جايىدا كېلىۋېرىدۇ . مەسىلەن : [jɛr] ، [jol] ، [jajlaq] ، [aj] .

[x] تاۋۇشى كىچىك تىل ، سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىك بولۇپ ، سۆز بېشىدا ئاز ساندىكى تەقلىد سۆزلەردىلا كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [xar – xar] ، [xir – xir] ، [xor – xor] . ئاز ساندىكى ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [axtur_] ، [toxu] ، [tuxum] ، [toxta_] . سۆز ئاخىرىدا ئۇچرىمايدۇ . [x] تاۋۇشى ئاساسەن كىرمە سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [xɛwɛr] ، [bɛxt] ، [xɛlq] ، [axir] .

[ʁ] تاۋۇشى كىچىك تىل ، سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىك بولىدۇ ، سۆز بېشىدا تەقلىد سۆزلەردىلا كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن :[ʁaʒ – ʁaʒ] ، [ʁiʒ – ʁiʒ] . سۆزنىڭ ئوتتۇرىدا ۋە بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [taʁ] ، [tʃaʁ] ، [oʁul] ، [beʁir] .

[ɦ] تاۋۇشى بوغۇز ، سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇش ئىلگىرى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش دەپ قارالغان . لېكىن ، « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ ئاكۇستىكىلىق تەتقىقاتى » دا [ɦ] تاۋۇشىنىڭ سۆز بېشىدا

www.uyghurkitap.com

كەلگەندە جاراڭلىق ، سۆز ئوتتۇرىدا بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەندە جاراڭلىق ( [raɦɛt] [ muɦim]) ، سۆز ئوتتۇرىدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا كەلسە جاراڭلىق ( مەسىلەن : [mϕɦlɛt]، [tϕɦmɛt]، [sϕɦbɛt] ) ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا كەلسە جاراڭسىز ( مەسىلەن : [mɛɦkɛm] ، [dɛɦʃɛt] ) ، سۆز ئاخىرىدا كەلگەندىمۇ جاراڭسىز بولۇپ كېلىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان . دېمەك ، [ɦ] تاۋۇشى ئاساسىي جەھەتتىن جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ كېلىدۇ . بۇ تاۋۇش پەقەت ئاز ساندىكى تەقلىد سۆزلەر ۋە ئۈندەش ( ئىملىق ) سۆزلەردىلا كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [aɦ] ، [paɦ] ، [ɦaw – ɦaw] . [ɦ] تاۋۇشى ئاساسەن كىرمە سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [ɦesab] ، [maɦir] ، [izaɦ] ، [gunaɦ] ، [panaɦ] .

[tʃ] تاۋۇشى تىل ئالدى ، پارتلىغۇچى – سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . يەنى ، سۆزنىڭ ھەرقانداق جايىدا كېلىۋېرىدۇ . مەسىلەن : [tʃatʃ] ، [atʃqutʃ] .

[dʒ] تاۋۇشى تىل ئالدى ، پارتلىغۇچى – سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدە قوللىنىلىشى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىك بولىدۇ . سۆز بېشىدا ئاساسەن تەقلىد سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [ dʒaraŋ–dʒuruŋ] ، [dʒaq–dʒaq] . بۇ تاۋۇش ئەرەب – پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [dʒɛnub] ، [badʒ] ، [adʒiz] .

[m] تاۋۇشى قوش لەۋ ، دىماق ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ

تاۋۇشىنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىك بولىدۇ . [m] تاۋۇشى ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ بېشىدا ئاز كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [mɛn] ، [munu] ، [muz] ، [tamtʃɛ] ، [bilim] ، [ɛmgɛk] ، [qamaq] ، [barma] .

[n] تاۋۇشى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى ، دىماق ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشمۇ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ بېشىدا ئاز كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن: [nemɛ] ، [nɛgɛ] ، [kyn] ، [tyn] ، [yn] ، [intʃikɛ] ، [intilmɛk] .

[ŋ] تاۋۇشى تىل كەينى ، دىماق ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىك بولىدۇ . [ŋ] تاۋۇشى سۆز بېشىدا كۆرۈلمەيدۇ ، ئاساسەن سۆز ۋە قوشۇمچىلارنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ . مەسىلەن : [tɛŋ] ، [ɛŋ] ، [jɛŋ] ، [biziniŋ] ، [kɛŋ] .

[l] تاۋۇشى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى ، قوۋۇز، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى ئورنى چەكلىك بولىدۇ . سۆز بېشىدا ئاساسەن تەقلىد سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : [lip – lip] ، [lɸm – lɸm] . ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ قالغان جايلىرىدىكى قوللىنىلىشى ئانچە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . مەسىلەن : [bala] ، [altun] ، [qol] ، [ɛl] ، [jol] .

[r] تاۋۇشى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى ، تىترەڭگۈ ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش . بۇ تاۋۇشمۇ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ بېشىدا كەلمەيدۇ . ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى قوللىنىلىشى ئانچە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . مەسىلەن : [tar] ، [qarlar] ، [tɛr] .

كىتاب ئويغۇر www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

### ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەسۋىرىي جەدۋىلى

| تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى \ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى | | قوش لەۋ | لەۋ - چىش | تىل ئۇچى ئالدى | تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى | تىل ئالدى | تىل ئوتتۇرىسى | تىل كەينى | كىچىك تىل | بوغۇز |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پارتلىغۇچى | جاراڭلىق | [b] ب | | | [d] د | | | [g] گ | | |
| | جاراڭسىز | [p] پ | | | [t] ت | | | [k] ك | [q] ق | |
| پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ | جاراڭلىق | | | | | [dʒ] ج | | | | |
| | جاراڭسىز | | | | | [tʃ] چ | | | | |
| سىيرىلاڭغۇ | جاراڭلىق | | [w] ۋ | [z] ز | | [ʒ] ژ | [i] ي | | [ʁ] غ | [ɦ] ھ |
| | جاراڭسىز | | [f] ف | [s] س | | [ʃ] ش | | | [χ] خ | |
| دىماق | جاراڭلىق | [m] م | | | [n] ن | | | [ŋ] ڭ | | |
| تىترەڭگۈ | | | | | [r] ر | | | | | |
| قوۋۇز | | | | | [l] ل | | | | | |

### 4 . فونېما ۋارىيانتى

بىر فونېمىغا مەنسۇپ بولغان بىرقانچە تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى ، يەنى مەلۇم بىر فونېمىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ۋارىيانت دەپ ئاتىلىدۇ . ۋارىيانت — بىر فونېمىنىڭ سۆزدە تۇتقان ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقى ياكى ئالدى - كەينىدىكى تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن باشقىچىرەك تەلەپپۇز قىلىنىش ھادىسىسىدۇر . ۋارىيانت چوقۇم كونكرېت بىر تىلدىكى مەلۇم بىر فونېمىغا تەۋە بولىدۇ . شۇڭا ، ئادەتتە فونېما ۋارىيانتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

فونېما ۋارىيانتى شەرتلىك ۋارىيانت ۋە ئەركىن ۋارىيانت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ .

شەرتلىك ۋارىيانت مەلۇم فونېتىكىلىق شارائىتنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ، يەنى ئالدى - كەينىدىكى تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ

چىقىدۇ ، مەسىلەن . ئۇيغۇر تىلىدا [i] تاۋۇشى كىچىك تىل تاۋۇشلىرى [q] ، [ʁ] ، [x] لارنىڭ كەينىدە كەلسە [ɨ] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . ئۆزى يالغۇز بوغۇم بولۇپ كەلسە ياكى تىل ئالدى تاۋۇشلىرىدىن كېيىن كەلسە [i] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى « ئى » تاۋۇشى بولسا [ɪ] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . ئالايلى :

| | | |
|---|---|---|
| [iɑnɛ] | [qɨz] | [ɑpisɪ] |
| [sɛlbij] | [ʁɨzɑ] | [ɑldɪ] |
| [tʃiʃ] | [xɨrɛ] | [kɛldɪ] |

مانا بۇلاردىكى [ɨ] ، [i] ، [ɪ] لار ئۇيغۇر تىلىدىكى [i] فونېمىسىنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتلىرى ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلار جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا ياكى ئىككى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە جاراڭسىزلىشىدۇ . مەسىلەن :

[pẙs] [tůt] [ůq] [pi̊ʃ] [i̊ʃ]

مانا مۇشۇنداق فونېتىكىلىق شارائىتتا جاراڭسىز تەلەپپۇز قىلىنىدىغان [i̊] ، [ů] ، [ẙ] لار ئۇيغۇر تىلىدىكى [i] ، [u] ، [y] فونېمىلىرىنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتلىرىدۇر .

ئۇيغۇر تىلىدىكى [n] تاۋۇشى ھەر خىل فونېتىكىلىق شارائىتلاردا ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان بەزى تاۋۇشلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ ، بەزىدە [m] ، بەزىدە [l] ، يەنە بەزىدە [j] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

[jalʁan + mu] → [jalʁammu]
[jaman + liq] → [jamalliq]
[on+jɛttɛ] → [ojjɛttɛ]

www.uyghurkitap.com

مانا مۇشۇنداق فونېتىكىلىق شارائىتتا [n] نىڭ ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان [i] ، [l] ، [m] لار ئۇيغۇر تىلىدىكى [n] فونېمىسىنىڭ ۋارىيانتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى [t] تاۋۇشى بەزىدە ئۆزىدىن كېيىنكى [s] تاۋۇشى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ [s] قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مانا مۇشۇنداق فونېتىكىلىق شارائىتتا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشتىن ھاسىل بولىدىغان [s] تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدىكى [t] فونېمىسىنىڭ ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ .

[ɑ] ، [ɛ] تاۋۇشلىرى فونېتىكىلىق شارائىتقا ئاساسەن بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالسا ، يەنە بەزىدە ئاجىزلىشىپ [e] ياكى [i] تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىدۇ . ئەنە شۇنداق ئاجىزلىشىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان [i] ، [e] لار [ɑ] ، [ɛ] فونېمىلىرىنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتلىرى ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى [p] تاۋۇشى بەزى فونېتىكىلىق شارائىتلاردا ئاجىزلىشىپ [w] تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ . بۇ [w] تاۋۇشى [p] فونېمىسىنىڭ ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى [q] تاۋۇشى كونكرېت فونېتىكىلىق شارائىتتا ئاجىزلىشىپ بەزىدە [ʁ] غا ، بەزىدە [x] غا نۆۋەتلىشىدۇ . مەسىلەن :

[tumɑq + i] → [tumiʁi]          [uq + ti] → [uxti]

ئەنە شۇنداق فونېتىكىلىق شارائىتتا [q] نىڭ ئاجىزلىشىشىدىن ھاسىل بولغان [ʁ] ، [x] لار [q] فونېمىسىنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتلىرىدۇر .

ئۇيغۇر تىلىدا يەنە فونېتىكىلىق شارائىتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ [k] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان [ɣ] تاۋۇشى [k] فونېمىسىنىڭ ، [dʒ] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان [ʒ] تاۋۇشى [dʒ]

تاۋۇشى [dʒ] فونېمىسىنىڭ ، [tʃ] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان [ʃ] تاۋۇشى [tʃ] فونېمىسىنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتلىرى ھېسابلىنىدۇ .

ئەركىن ۋارىيانت دېگىنىمىز ، ئوخشاش فونېتىكىلىق شارائىتتا ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلسىمۇ مەنە پەرقلەندۇرەلمەيدىغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق تاۋۇش ئېلېمېنتىنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى شېۋىلىرىدە ئوخشاش فونېتىكىلىق شارائىتتا [j] تاۋۇشى [ʒ] قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنسىمۇ مەنە ئۆزگەرمەيدۇ . مەسىلەن :

[jiltiz] → [ʒiltiz]　　[jip] → [ʒip]
[julun] → [ʒulun]　　[julʁun] → [ʒulʁun]
[jyrɛk] → [ʒyrɛk]　　[jyk] → [ʒyk]

لېكىن ، ئۇيغۇر تىلىدا [j] تاۋۇشىنىڭ [ʒ] تاۋۇشىغا ئالمىشىش ئەھۋالى مۇتلەق بولمايدۇ . يەنى ، [j] تاۋۇشى سۆز بېشىدا يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا كەلگەندىلا ئاندىن ئۇنى [ʒ] تاۋۇشىغا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ . يەنە كېلىپ بۇنداق ئالماشتۇرۇش ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەممە دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە بولىۋەرمەيدۇ . دېمەك ، مانا مۇشۇنداق ئىككى تاۋۇش ئۆزئارا ئالماشقاندا مەنە ئۆزگەرمەيدىغان ئەھۋال شەرتلىك بولىدۇ ، بەزىلەر بۇلارنى نىسپىي ئەركىن ۋارىيانت دەپ ئاتايدۇ .

بىر فونېمىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى ۋارىيانتلىرى ئىچىدە بىرى تىپىك ۋارىيانت بولىدۇ . بۇ تىپىك ۋارىيانت ياكى ئۆزى يالغۇز ئوتتۇرىغا چىقالايدۇ ، ياكى ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش چاستوتىسى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ ، باشقا تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئەڭ ئاز ئۇچرايدۇ . شۇڭا ، ئۇ بىر قەدەر تىپىك ھالدا شۇ فونېمىنىڭ ماھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ . مانا مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ۋارىيانت شۇ فونېمىنىڭ تىپىك ۋارىيانتى دېيىلىدۇ .

## §5 . تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى

تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى ياكى تاۋۇشلارنىڭ سىنگارمونىزمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى تۈركىي تىللاردىكى ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇھىم بىر فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى دېگىنىمىز ، سۆزدە ياكى سۆزگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىقلىق ياكى جاراڭسىزلىق جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشىگە قارىتىلغان ، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلاردىمۇ ، ئۈزۈك تاۋۇشلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ .

### 1 . سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

سۆزدە ياكى سۆزگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى ، لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىش ھادىسىسى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن تۈرلەرگە بۆلۈنگەچكە ، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىمۇ ئۆز ئىچىدىن تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىش ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1) تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىش : ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردە ( كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە ) ، بىرىنچى بوغۇمدا تىل

ئالدى سوزۇق تاۋۇشى كەلسە ، شۇنىڭغا ماس ھالدا كېيىنكى بوغۇملاردىمۇ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى كېلىدۇ . مەسىلەن :
[ɛmgɛk] [gyzɛl] [nøwɛt] [tyrmɛ] [tʃymylɛ]

[søgɛl] [nɛʃpytl] [gødɛk] [øktɛ] [Jɛkyn] [Jøtkɛ-]

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئالدى جەھەتتىن ماسلىشىش ئەھۋالى سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ . يەنى ، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ، ئۇنىڭغا ماس ھالدا قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ . مەسىلەن :

[jɛr-gɛ] [øj-dɛ] [køk-rɛk] [ys-kɛn]

[øl-yp] [kør-yl-sɛ] [kɛl-tyr-gyz-gɛn]

[køp-ɛj-] [pɛrq-lɛn-mɛk] [wɛtɛn-dɛ]

[sɛz-gyr] [søz-lɛ-] [qɛlɛm-lɛr] [mɛ-rɛ-]

[øl-ɛr-mɛn] [øtʃ-yr-gytʃ] [mɛslihɛt-lɛʃ-]

[køj-dyr-gɛ] [køk-ɛr-] [øt-ɛŋ] [jøgɛ-mɛtʃ]

[gyp-yldɛ-] [øs-ym] [kɛm-tyk] [sypyr-gɛ]

[køŋyl-tʃɛk] [øz-lyk] [løm-yldɛ-]

سۆزلەردە (كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە) بىرىنچى بوغۇمدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش كەلسە ، كېيىنكى بوغۇملاردىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى كېلىدۇ . مەسىلەن :
[abroj] [altun] [batur] [buʁdaj]

[saman] [qoʁda] [oʁaq] [jamʁur]

[qujruq] [bulut] [alma] [bojun] [qoʁun]

[qoʃuq] [jawaʃ] [dʒalaq-dʒuluq] [ɦoquq]

تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

[abroj-luq] [altun-lar] [batur-ʁa]

[qoʁda-maq] [oqu-ʁan] [jataq-ta]

[jasan-dur-ʁan] [tur-up] [qop-aj]

[az-raq] [al-sa] [maŋ-ma] [oltur-ʁatʃ]

[taraq-la-] [baʃ-la-] [aq-ar-] [sun-uq]

[tut-am] [uq-um] [tuʁ-ut] [ojun-tʃuq]

[qon-daq] [ʃor-taŋ] [loq-ulda-] [tuj-ʁu]

[qanun-laʃ-] [qoral-lan-] [jalqun-dʒa-]

دېمەك، سۆزدە ياكى سۆزگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، بىرىنچى بوغۇمدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشى كەلسە، كېيىنكى بوغۇملاردىمۇ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كېلىشى؛ ئەگەر بىرىنچى بوغۇمدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشى كەلسە، كېيىنكى بوغۇملاردىمۇ تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كېلىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىششى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىش: ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە بىرىنچى بوغۇمدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار كەلسە، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا كېيىنكى

بوغۇملاردىمۇ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار كېلىدۇ . مەسىلەن :

[otun] [bultur] [boʁum] [sumbul]

[zulum] [dolqun] [tʃojun] [turmuʃ]

[oqu–] [sowu–] [toʃu–] [doqur–]

[bygyn] [tytyn] [tywryk] [søryn]

[tʃøgyn] [dykyr–dykyr] [øryk] [yzym]

[sypyr–] [tʃøtʃy–] [dʒøjly(mɛk)] [køwryk]

مانا بۇ مىساللاردا سوزۇق تاۋۇشلار سۆز تەركىبى ئىچىدە لەۋلىشىش جەھەتتىن ماسلاشقان .

خۇددى شۇنىڭدەك ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ، قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى بولغان شەرت ئاستىدا ، شۇ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ . مەسىلەن :

[otun–um] [køz–ym] [bøl–yn–yʃ] [køk–ytʃ]

[ju(j)un–dur] [kør–yʃ–tyr] [tur–ʁuz–uʃ]

[utʃ–ur–ul] [tyz–yl–yʃ] [tur–up] [oqu–ʁu(m)]

[tykyr–yk] [tol–un] [uq–um] [ut–uq]

[yn–ym] [tuʁ–ut] [ojun–tʃuq] [bojun–turuq]

[tuj–ʁu] [tut–qun] [syr–gyn] [kør–gy–lyk]

[gyp–yldɛ–] [buʒ–uldɑ–] [ɸl–ym–lyk] [orun–duq]

مانا بۇ مىساللاردا سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن لەۋلىنىش

جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن .

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردە يەنە بىرىنچى بوغۇمىدا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار كەلسە ، شۇنىڭغا ماس ھالدا كېيىنكى بوغۇملاردىمۇ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار كېلىدىغان ھادىسە بار . مەسىلەن :

[adɛm] [ɛwɛt-] [ɛɦwal] [jamra-]

[natʃar] [midʒi-] [ɦadʒɛt] [ʁɛjrɛt]

[zinnɛt] [egiz] [qizil] [nidʒat]

[qabilijɛt] [qɛɦriman] [ɦadisɛ] [saqal]

[zaman] [gilɛm] [kerɛk] [samsa]

بۇ مىساللاردا سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋلەشمەسلىك جەھەتتىن ماسلاشقان .

خۇددى شۇنىڭدەك ، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ، قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ . مەسىلەن :

[adɛm-lɛr] [qara-raq] [aq-ar-] [jamra-maq]

[ɛhwal-lar] [jat-aq-ta] [nidʒat-liq]

[egiz-lik] [pitʃ-aq] [kɛtʃ-ik] [atʃ-iq]

[kɛl-in] [kɛs-im] [soqa-tʃaq] [ɦar-ʁin]

[pir-ilda-] [tik-ildɛ-] [war-qira-] [nɛm-dɛ-]

[gyzɛl-lɛʃ-] [qoral-lan-] [paraŋ-laʃ-]

[jaz-iʃ] [kɛl-ip] [baʁ-qitʃɛ] [bar-aj]

يۇقىرىقى مىساللاردىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن

لەۋلەشمەسلىك جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن .

دېمەك ، سۆزلەرنىڭ ياكى قوشۇمچىلارنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار كەلسە ، ئىككىنچى بوغۇملىرىدىمۇ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كېلىشى ، ئەگەر بىرىنچى بوغۇمىدا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار كەلسە ، كېيىنكى بوغۇملىرىدىمۇ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كېلىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىشى ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزئارا ماسلاشقاندا بەزىدە ئىككى خىل ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلسە ، يەنە بەزىدە بىر خىل ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ . ئىككى خىل ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ .

1 . تىل ئالدى ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىشىشى : بۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلار ھەم تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولۇش ، ھەم لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بولۇش جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

[ɸkynyʃ] [kɸrynyʃ] [tɸmyr] [ɸryk]

[jydyʃ] [kɸzym] [ɸtyk] [ɸtymlyk]

[sɸjymlyk] [symyryʃ] [ɸtkyr]

2 . تىل ئالدى ، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىشىشى . بۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلار ھەم تىل ئالدى ، ھەم لەۋلەشمەسلىك جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

[ɛmgɛk] [qɛlɛmlɛr] [mɛktɛpkɛ]

[kɛtʃtɛ] [ɛgmɛk] [sɛnlɛ-]

[kɛlmɛ] [ɛtmɛk] [ɛtɛ] [kɛkɛ] [jɛttɛ]

3 . تىل كەينى ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىشىشى . بۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلار ھەم تىل كەينى بولۇش ، ھەم لەۋلىشىش جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

[qoʁun] [joluq-] [qoʃuq] [bojun]

[oʁul] [oruq] [oltur-] [utuq]

[tutuq] [qopturʁuzup] [tutuʃ] [qoltuqum]

[otunum] [qoʁunluq] [olturuʃluq]

4 . تىل كەينى ، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىشىشى . بۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلار ھەم تىل كەينى بولۇش ، ھەم لەۋلەشمىگەن بولۇش جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

[ɑnɑ] [ɑldɑn-] [dɑlɑn] [jɑmɑn]

[ɑnɑmlɑr] [ɑldɑnʁɑn] [jɑdqɑ] [ɑqrɑq]

[ʃɑrɑqlɑ-] [ʃɑldɑmɑ] [kɑnɑjʁɑ] [xɑltɑ]

[ɑʃxɑnɑ] [qɑlmɑq] [sɑlʁɑtʃ] [bɑʃqɑrmɑ]

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىر خىل ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ماسلىشىشى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ .

1 . تىل ئالدى ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تىل ئالدى ، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىشىشى . بۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلار پەقەت تىل ئالدى بولۇش جەھەتتىنلا ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

[gyzɛl] [nɸwɛt] [jɛkyn] [ygrɛ] [ɸrkɛʃ]

[kɸl-gɛ] [kɸl-lɛr] [kɛl-tyr-] [kɸp-lɛp]

[jygyr-sɛ],[sɛz-gyr],[kɸp-ɛj-],[kɛm-tyk]

2 . تىل كەينى ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تىل كەينى ، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىشىشى . بۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلار پەقەت تىل كەينى بولۇش جەھەتتىنلا

ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

[abroj] [batur] [orʁaq] [buʁdaj]

[qoʁda-] [qop-aj] [az-dur] [tur-ma]

[oqu-ʁan] [jalqun-dʒa-] [qanun-laʃ-]

سوزۇق تاۋۇشلاردىكى بۇ خىل ماسلىشىشلارنىڭ ھەممىسى يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ . يەنى ، يېزىقتا شۇ ماسلاشقان شەكلى بويىچە يېزىلىدۇ .

جانلىق تىلدا سوزۇق تاۋۇشلاردىكى بۇ خىل ماسلىشىشتىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك ماسلىشىش ھادىسىسىمۇ كۆرۈلىدۇ :

1 . ئالدىنقى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ، كېيىنكى بوغۇملىرى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، سۆزنىڭ ئالدىنقى بوغۇمىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇملاردىكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنى ھەتتا قوشۇمچە تەركىبىدىكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۆزىگە ماسلاشتۇرۇپ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشقا ئايلاندۇرىدۇ . مەسىلەن :

[ɸgɛn-iʃ] → [ɸgynyʃ] [qulaq-im] → [quluqum]

[ojna-di-m] → [ojnudum] [ottura-si] → [otturusi]

[tumaq-iŋ] → [tumuquŋ] [toldurʁutʃi+liq] →

[toldurʁutʃuluq]

2 . تەركىبىدىكى بوغۇملار لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، سۆز تەركىبىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار قوشۇمچە تەركىبىدىكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۆزىگە ماسلاشتۇرۇپ ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشقا ئايلاندۇرىدۇ . مەسىلەن :

[tʃyʃyr–gɛn–im] → [tʃyʃyrgynym] [u–niη] → [unuη]

[bygyn–gitʃɛ] → [bygyngytʃɛ]

[qoj–ma–di–η] → [qojmuduη]

[bol–i–du] → [boludu] [ʃu–niη] → [ʃunuη]

3 . لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە ( پېئىللارغا ) لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، سۆز تەركىبىدىكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار قوشۇمچە تەركىبىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشنى ئۆزگىچە ماسلاشتۇرۇپ ، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشقا ئايلاندۇرىدۇ . مەسىلەن :

[tʃiq–quʃtɛ] → [tʃiqqitʃɛ] [al–ʁutʃɛ] → [alʁitʃɛ]

[kɛl–gytʃɛ] → [kɛlgitʃɛ] [jazma–ʁutʃɛ] → [jazmiʁitʃɛ]

لېكىن، سوزۇق تاۋۇشلاردىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇچ خىل ماسلىشىش يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلمەيدۇ .

**2 . ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى**

سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلانغاندا ، قوشۇمچىنىڭ بىرىنچى ئۈزۈك تاۋۇشى ئۆزى ئۇلانغان سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشقا جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز بولۇش جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ خىل فونېتىكىلىق هادىسە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ . ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا كۆرۈلىدۇ .

1) جاراڭلىقلىق جەھەتتىن ماسلىشىشى : جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ ( قوشۇمچىنىڭ شۇ خىل ۋارىيانتى بار بولغان ئەھۋالدا ) . مەسىلەن :

[sεz–gyr] [sɸz–lε–] [gyl–zɑr] [ɸj–gε]

[til–din] [ɑl–duq] [ʃεkil–dɑʃ] [qon–dɑq]

[joʁɑn–ʁinɑ] [tyz–ginε] [tεr–gyz–] [tur–ʁɑn]

بۇ مىساللاردا سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش جاراڭلىق بولۇش جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن .

2) جاراڭسىزلىق جەھەتتىن ماسلىشىشى : جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ ( پەقەت قوشۇمچىنىڭ شۇ خىل ۋارىيانتى بار بولغان ئەھۋالدا ) . مەسىلەن :

[ɸt–kyr] [tut–qutʃ] [sεp–tin] [εjnεk–tε]

[kɸp–tin] [tɑtliq–qinɑ] [ɸt–kin] [tut–quz–]

[pyt–kyz–] [kεt–ti] [ɸt–kεn] [tɑp–qili]

بۇ مىساللاردا سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلار جاراڭسىزلىق جەھەتتىن ماسلاشقان .

**3. سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى**

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سوزۇق تاۋۇشلار بەزى ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ كەلسە ، يەنە بەزى ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ كەلمەيدۇ . ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى مانا شۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە [q] ، [ʁ] تاۋۇشلىرى تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىكىدۇ ، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىكمەيدۇ . پەقەت ئاز بىر قىسىم كىرمە

www.uyghurkitap.com

سۆزلەردىلا ، يەنى ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەردىلا [q] ، [ʁ] تاۋۇشلىرى [ɛ] تاۋۇشى بىلەن بىرىكىپ بوغۇم هاسىل قىلىدۇ . لېكىن ، [ɸ] ، [y] تاۋۇشلىرى بىلەن مۇتلەق بىرىكمەيدۇ . شۇنداقلا [k] ، [g] تاۋۇشلىرى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىكىدۇ ، تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىكمەيدۇ . بىر قىسىم كىرمە سۆزلەردە ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ . مەسىلەن :

[ʁɛzɛb] [ʁɛlibɛ] [qɛwɛt] [qɛʁɛz]
[gɑzir] [guruppɑ] [kɑdir] [konɑ]

مەيلى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىشىدا بولسۇن ياكى لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىشىدا بولسۇن ۋە ياكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىقلىق ـ جاراڭسىزلىق جەھەتتىن ماسلىشىشىدا بولسۇن ، بۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ماسلىشىش دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىشىغا قارىغاندا تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىش ئەھۋالى ئەڭ تىپىك بولىدۇ ، لېكىن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىش ئەھۋالى بولسا ئانچە تىپىك ئەمەس . ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ئەھۋالى تېخىمۇ شۇنداق . يەنە بىر جەھەتتىن ، سۆز تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىغا قارىغاندا ، سۆزگە قوشۇمچىلار ئۇلانغان ۋاقىتتىكى ماسلىشىش ئەڭ تىپىك بولىدۇ . تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن بولۇشى مۇمكىن .

بىرىنچىدىن ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ بىر قىسمى كۆپ ۋارىيانتلىق بولسا ، يەنە بىر

قىسمى يەككە بولىدۇ . كۆپ ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈرلىرى بولىدۇ ، لېكىن يەككە قوشۇمچىلار ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە چۈشمەيدۇ .

ئىككىنچىدىن ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكىگە قارىغاندا ئاجىزلىشىپ كەتكەن .

## §6 . ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلارنىڭ بىرىكىشى

### 1 . فونېمىلارنىڭ بىرىكىش قانۇنىيىتى

ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلارنىڭ بىرىكىش قانۇنىيىتىنى ئومۇمەن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ :

1 . ئۇيغۇر تىلىدا ئۈزۈك تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇشسىز ئۆزئارا بىرىكىپ كېلەلمەيدۇ .

2 . ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئۆزئارا بىرىكىپ بىر بوغۇم تەركىبىدە كەلمەيدۇ .

3 . ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئۆزئارا بىرىكىپ بوغۇم بېشى بولۇپ كەلمەيدۇ .

4 . ئەسلىي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدە [q] ۋە [ʁ] ئۈزۈك تاۋۇشلىرى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن ، [k] ۋە [g] ئۈزۈك تاۋۇشلىرى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىكىپ كەلمەيدۇ .

5 . [x] ، [r] ، [ʁ] ، [q] ، [w] ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ كەينىگە[ɸ] ۋە [y] سوزۇق تاۋۇشلىرى بىرىكمەيدۇ .

6 . [l] ، [n] ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ كەينىگە [y] سوزۇق تاۋۇشى ، [w] ئۈزۈك تاۋۇشىنىڭ كەينىگە [e] سوزۇق تاۋۇشى

بىرىكمەيدۇ .

7 . [ø] سوزۇق تاۋۇشنىڭ كەينىگە [dʒ] ، [x] ، [d] ، [b] ، [ʁ] ، [q] ، [ɦ] ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بىرىكمەيدۇ .

8 . سوزۇق تاۋۇش [y] نىڭ كەينىگە [b] ، [p] ، [x] ، [q] ، [ʁ] ، [ɦ] ، [j] ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بىرىكمەيدۇ .

9 . سوزۇق تاۋۇش [u] نىڭ كەينىگە [b] ، [m] ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بىرىكمەيدۇ .

10 . سوزۇق تاۋۇش [e] نىڭ كەينىگە [b] ، [h] ، [z] ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بىرىكمەيدۇ .

**2 . بوغۇم**

1) بوغۇمنىڭ ئېنىقلىمىسى : بىز سۆزلىگەندە گەپنى ھامان بىر جۈملە ـ بىر جۈملىدىن ئېيتىمىز . جۈملە مەنە بىرلىكى بولغان بىرقانچە سۆزدىن تەركىب تاپىدۇ . سۆزلەرنى بولسا تاۋۇش جەھەتتىن بوغۇملارغا پارچىلاشقا بولىدۇ . دېمەك ، ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق تەبىئىي ھېس قىلىشقا بولىدىغان تاۋۇش ئۆزۈندىسى بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا تەبىئىي ھالدا بۆلۈنۈپ چىقىدىغان ھەربىر بۆلەك بوغۇم دېيىلىدۇ . بوغۇم تاۋۇشلارنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلما بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن ، « بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما » دېگەن جۈملە تۆت سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ئاڭلاش سېزىمىمىزدا تەبىئىي ھالدا « بۈ ـ گۈن ـ كى ـ ئىش ـ نى ـ ئە ـ تى ـ گە ـ قوي ـ ما » دېگەندەك ئون بوغۇم بولۇپ ئاڭلىنىدۇ .

بىر بوغۇم بىرلا تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلۈشمۇ ، بىرقانچە تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلۈشمۇ مۇمكىن . مەسىلەن ، « ئۇ » دېگەن سۆز بىرلا تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلگەن .

« بۇ » ، « ئال ـ » دېگەن سۆزلەر ئىككى تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلگەن ، « مەكتەپ » دېگەن سۆزدىكى ھەربىر بوغۇم ئۈچ تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلگەن . « راست » دېگەن سۆز تۆت تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلگەن .

تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، ھەربىر بوغۇم ئېيتىلغاندا ، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىكى مۇسكۇللار بىر قېتىم جىددىيلىشىدۇ ياكى ئاۋۋال كۈچىيىپ كېيىن ئاجىزلايدۇ ياكى دەسلەپتىلا جىددىي پەللىگە يېتىپ ، ئاندىن تەدرىجىي ئاجىزلايدۇ . ھەربىر بوغۇم جىددىيلىكى كۈچەيگەن بىر تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن باشلىنىدۇ ۋە جىددىيلىكى ئاجىزلاشقان بىر تاۋۇش ئېلېمېنتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . جىددىيلىكى ئەڭ كۈچلۈك بولغان تاۋۇش بوغۇم ھاسىل قىلىدىغان تاۋۇش دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلار بوغۇم ھاسىل قىلىدىغان تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ . جىددىيلىكى تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ ياكى تەدرىجىي كۈچىيىپ ئۆتكۈنچى باسقۇچتا تۇرىدىغان تاۋۇشلار ، يەنى بوغۇم ھاسىل قىلغۇچى تاۋۇشلارغا ( سوزۇق تاۋۇشلارغا ) يانداش كېلىدىغان تاۋۇشلار بوغۇم ھاسىل قىلالمايدىغان تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا ئۈزۈك تاۋۇشلار يەككە ھالدا بوغۇم ھاسىل قىلالمايدىغان تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ . بوغۇمدىكى جىددىيلىكنىڭ يۇقىرى نۇقتىسى بوغۇم چوققىسى دەپ ئاتىلىدۇ . بوغۇملارنىڭ تۇتاشقان ئورنى ، يەنى بىر قېتىملىق جىددىيلىك باسقۇچى ئاياغلىشىپ ، كېيىنكى جىددىيلىك باشلىنىدىغان جاي بوغۇم چېگراسى دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم چوققىسى ھامان سوزۇق تاۋۇشتا

بولىدۇ . چۈنكى ، سوزۇق تاۋۇش چىققاندا ، مۇسكۇللار ئەڭ جىددىي ھالەتكە كېلىدۇ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا بوشىشىدۇ . بوغۇم تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئالدىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش جىددىيلىكىنىڭ كۈچىيىشىگە مايىللىشىدۇ ، سوزۇق تاۋۇشتىن كېيىن كېلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇش جىددىيلىكىنىڭ پەسىيىشىگە مايىللىشىدۇ .

دۇنيادا ھەرقانداق بىر تىلدىكى بوغۇملار ئۆزىگە خاس قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملارنىڭمۇ قەدىمدىن تارتىپ شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە :

1 . ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ . سۆزدە قانچە سوزۇق تاۋۇش بولسا ، ئۇ سۆز شۇنچە بوغۇم بولىدۇ . دېمەك ، ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلار بوغۇم ھاسىل قىلغۇچى تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئو ـ قۇت ـ قۇ ـ چى ـ لار ـ دى ـ كى .

2 . ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى ياكى ئۈچ سوزۇق تاۋۇش ئېلېمېنتى ئۆزئارا بىرىكىپ بىر بوغۇم تەركىبىدە كەلمەيدۇ . ئەگەر ئىككى سوزۇق تاۋۇش قاتار كەلسە ، ئالدىنقى سوزۇق تاۋۇش ئالدىنقى بوغۇمغا ، كېيىنكى سوزۇق تاۋۇش كېيىنكى بوغۇمغا تەۋە بولىدۇ . مەسىلەن :

ما ـ ئا ـ رىپ　　ئا ـ ئى ـ لە　　ئى ـ ـئا ـ نە

3 . ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئۈزۈك تاۋۇش ئېلېمېنتى ئۆزئارا بىرىكىپ بوغۇم بېشى بولۇپ كەلمەيدۇ .

4 . ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم ئاز بولغاندا بىر تاۋۇش ئېلېمېنتى ( بۇ تاۋۇش ئېلېمېنتى چوقۇم سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ ) دىن تۈزۈلىدۇ ، كۆپ بولغاندا تۆت تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلىدۇ . بۇ تۆت تاۋۇش ئېلېمېنتىنىڭ بىرى سوزۇق تاۋۇش ، قالغان ئۈچى ئۈزۈك تاۋۇش بولىدۇ . مەسىلەن ،

دوست ، قەست ، راست .

مانا بۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم ئالاھىدىلىكلىرىدۇر .

2) بوغۇم تۈرى : ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملار بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن تاۋۇش ئېلېمېنتىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن ئوچۇق بوغۇم ۋە يېپىق بوغۇم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

(1) ئوچۇق بوغۇم : سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ياكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇم ئوچۇق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

دا ـ دا   ئا ـ نا   ئە ـ تە   تو ـ پا   مە ـ سى ـ لە

(2) يېپىق بوغۇم : ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇم يېپىق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

ساد ـ دۇق   ياش ـ لىق   دەرس ـ لەر   ئەرش ـ تىن

ئۇيغۇر تىلىدا يېپىق بوغۇم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ .

3) بوغۇم تىپى : ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملارنىڭ قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىدەك ئالتە تىپقا بۆلۈنىدۇ :

(1) پەقەت بىرلا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلىدىغان بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

ئۇ ـ رۇق   ئې ـ رىق   ئۇ ـ زۇم

ئا ـ دەم   ئۇ ـ لار   ئو ـ ماق

ئە ـ لەم   ئو ـ رۇن   ئى ـ مان

(2) بىر سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلىدىغان بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

ئاس ـ مان   ئات ـ قا   ئوق   ئەر ـ كىن

ئۇس ـ تۇن   ئول ـ تۇر

(3) بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىر سوزۇق تاۋۇشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈزۈلىدىغان بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

كا ـ لا  كە ـ كە  سا ـ لا ـ مەت  ۋە ـ دە

تىـ ـ لە  قۇ ـ تا  بـ ـ نا

(4) بىر ئۈزۈك تاۋۇش ، بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە يەنە بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلىدىغان بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

تۇپ ـ راق  يەر ـ لىك  چاپ ـ سان  كەت ـ مەن

چاش ـ قان  ئۆس ـ مۈر  دە ـ رەخ  چام ـ غۇر

(5) بىر سوزۇق تاۋۇش ، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلىدىغان بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

ئەرز  ئېيت ـ  ئارت  ئەنت  ئاست

ئۈست  ئىشق  ئەرش

(6) بىر ئۈزۈك تاۋۇش ، بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە يەنە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلىدىغان بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

مۇشت  قەنت  شەرق  غەرب  ھېيت  دەرد

دەرس  دوست  سۈرت ـ  قايت ـ  ئوب ـ لاست

مانا بۇ ئالتە خىل بوغۇم تىپى تۈركىي تىللارنىڭ ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنئەنىۋى بوغۇم تىپلىرى بولۇپ ، ئۇ بوغۇم تىپلىرى ئورخۇن ـ يېنسەي ئابىدىلىرى تىلى دەۋرىدىن تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئۇزاق دەۋردە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز يوسۇندا ساقلىنىلغان ۋە قوغداپ كېلىنگەنىدى ، ئۇلارغا ئەمەل قىلىنغان ۋە ھۆرمەت قىلىنغانىدى . لېكىن ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر قىسىم بوغۇم تىپلىرى ئۇيغۇر تىلىغا كىرىشكە باشلىدى . بۇ بوغۇم تىپلىرى بەش خىل بولۇپ ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە :

1 . بىر ئۈزۈك تاۋۇش ۋە ئىككى سوزۇق تاۋۇشلۇق بىر

قوشما سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

جۇڭ ـ خۇا   پۇتۇڭ ـ خۇا   را ـ دىئو   دىئا ـ لوگ

2 . بىر ئۈزۈك تەڭداش ، ئىككى سوزۇق تاۋۇشلۇق بىر قوشما سوزۇق تاۋۇش ۋە يەنە بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

بىڭ ـ تۈەن   سىلىڭ ـ يۈەن   گۇاڭ ـ جۇ   مى ـ چۈەن

3 . ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بىر قوشما ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىر سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

گرا ـ نات   ترا ـ گېدىيە   كلا ـ پان   پلا ـ نېر

پسى ـ خولوگىيە   پرو ـ زا   شىڭشىڭ ـ شيا

جيا ـ باۋيۇ

4 . ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بىر قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ، بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە يەنە بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

تراك ـ تور   گرام ـ ماتىكا   پرىن ـ سىپ   كلاس ـ سىك

كران   پلاس ـ تىنكا   سۇ ـ لياۋ   خلور   پراك ـ تىكا

5 . ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بىر قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ، بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە يەنە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بىر قوشما ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

فرونت   فرانك   كرېست   ترانس ـ پورت

كىرمە سۆزلەر تەركىبىدە يەنە مۇنداق بوغۇم تىپلىرىمۇ بار :

1 . ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بىر قوشما ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىر سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

سترا ـ تون   سترا ـ توسفېرا

2 . ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بىر قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ، بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە يەنە بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

پلىيوز ـ نكا   سترېل ـ كا   سترىپ ـ تومىتسىن

3 . ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بىر قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ، بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە يەنە ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بىر قوشما ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

سپېكتر كۋارتس

4 . بىر ئۈزۈك تاۋۇش ، بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بىر قوشما ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

گېرتس ئې ـ لېكتر مېگا ـ گېرتس ماركس

5 . ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بىر قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ، بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بىر قوشما ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم تىپى . مەسىلەن :

سترونت ـ سىي

يۇقىرىقىدەك بوغۇم تىپلىرىنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغداش نۇقتىسىدىن ، ئەمەلىي قوللىنىشقا ئاسان بولۇش ـ بولماسلىق نۇقتىسىدىن ، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن ، ماتېرىيال ئامبىرىدىن ئىزدەپ تېپىشقا ئاسان بولۇش ـ بولماسلىق نۇقتىسىدىن ئەتراپلىق تەھلىل قىلىشقا ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

4) سۆزلەرنى بوغۇملارغا ئايرىش ئۇسۇلى

1 . بىر سۆزدە قانچە سوزۇق تاۋۇش بولسا ، ئۇ سۆزدە شۇنچە بوغۇم بولىدۇ . ئەگەر ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا بىر ئۈزۈك تاۋۇش كەلسە ، بۇ ئۈزۈك تاۋۇش ئادەتتە كېيىنكى بوغۇمغا ئايرىلىدۇ ، يەنى ئۇ ئۈزۈك تاۋۇش ئىككىنچى بوغۇمنىڭ بىرىنچى تاۋۇشى بولىدۇ . مەسىلەن :

ئۆ ـ لۈم ئو ـ غۇل ئا ـ دەم ئە ـ گەر

ئا ـ دا ـ لەت ئو ـ يۇن ئو ـ قۇ ـ غان

ئەگەر ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدىكى بىر ئۈزۈك تاۋۇش

جانلىق تىلدا بىرىنچى بوغۇمغا تەۋە قىلىنىپ ، يەنى ئالدىنقى بوغۇمنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى قىلىنىپ ئېيتىلسا ، ئۇ چاغدا يېزىقتا ئۇ ئۇزۇك تاۋۇشتىن كېيىن بوغۇم ئايرىش بەلگىسى قويۇلىدۇ . ئوقۇشتا ھەم شۇنداق ئايرىپ ئوقۇلىدۇ . مەسىلەن :

مەس ـ ئۇل　　ئەس ـ ئەت　　جۈر ـ ئەت

قۇر ـ ئان　　قەت ـ ئىي　　مەس ـ ئۇت

2 . ئەگەر ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش كەلسە ، ئۇنىڭ ئالدىنقىسى بىرىنچى بوغۇمغا ، كېيىنكىسى ئىككىنچى بوغۇمغا تەۋە بولىدۇ . يەنى ، ئۇ ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسى بوغۇم چېگراسى بولىدۇ . مەسىلەن :

مەك ـ تەپ　　سال ـ قىن　　كەت ـ كەن

يول ـ داش　　كۆل ـ كە　　ئاش ـ لىق

3 . ئەگەر ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا ئۈچ ئۇزۇك تاۋۇش كەلسە ، ئالدىنقى ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش ئالدىنقى بوغۇمغا ، كېيىنكى بىر ئۇزۇك تاۋۇش كېيىنكى بوغۇمغا تەۋە بولىدۇ . مەسىلەن :

دەرس ـ لىك　　دوست ـ لۇق　　شەرق ـ تىن

خەلق ـ چىل　　قەرز ـ دار　　قەست ـ لەش

4 . ئەسلىي ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ئوتتۇرىسىدا ياكى سۆز ئاخىرىدا ئىككى سوزۇق تاۋۇش قاتار كەلمەيدۇ . لېكىن ، كىرمە سۆزلەردە قاتار كەلگەن بۇنداق ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئىككى بوغۇمغا تەۋە بولىدۇ . مەسىلەن :

ما ـ ئا ـ رىپ　　پا ـ ئا ـ لى ـ يەت　　سا ـ ئەت

ئا ـ ئى ـ لە　　ما ـ ئاش

5) بوغۇم چېگراسىدىكى ئۆزگىرىش : ئۇيغۇر تىلى سۆزلەرنىڭ كەينىگە قوشۇمچە قوشۇشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى قىلغان تىل . شۇڭا ، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرگە ياسىغۇچى ياكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار

ئۇلانغاندا ، سۆزلەرنىڭ ئەسلىدىكى بوغۇم چېگراسىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ . بوغۇم چېگراسىدا يۈز بېرىدىغان بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن :

1 . يېپىق بوغۇملۇق سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، ئەسلىدىكى بوغۇم چېگراسى ئۆزگىرىدۇ ، يەنى ئالدىنقى بوغۇمنىڭ بوغۇم چېگراسى ( بوغۇم ئاخىرى ) بولۇپ كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇش كېيىنكى بوغۇمغا ئۆتۈپ ، كېيىنكى بوغۇمنىڭ بوغۇم بېشى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

يۇرت + ۇم ← يۇر-تۇم    قەلەم + ى ← قە-لە-مى

كەل + ىش ← كې-لىش    ئارت + ىپ ← ئار-تىپ

2 . ئاخىرقى بوغۇمى يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ئىككى بوغۇملۇق بىر قىسىم تۇرغۇن سۆزلەرگە ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا بوغۇملاردا قىسقىراش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ . مەسىلەن :

ئىسىم + ىم ← ئىس-مىم

جىسىم + ىم ← جىس-مىم

ئوغۇل + ۇم ← ئوغ-لۇم

بويۇن + ۇم ← بوي-نۇم

كۆڭۈل + ۈم ← كۆڭلۈم

مۈلۈك + ى ← مۈل-كى

3 . « دە - ، يە - ، يۇ - » پېئىللىرىغا بەزى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ۋە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر قىسىم ئىسىملارغا شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا بوغۇملاردا كۆپىيىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ . مەسىلەن :

دە + ش ← دې-يىش    پولۇ+ م ← پو-لۇ-يۇم

يە + ش ← يې-يىش    توخۇ+ م ← تو-خۇ-يۇم

يۇ + پ ← يۇ-يۇپ    پەلتو+ م ← پەلتويۇم

4 . جانلىق تىلدا بەزى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا

« ئاي » سۆزى ئۇلىنىپ كەلگەندە ، ئالدىنقى تەركىبنىڭ سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلگەن ئۇزۇك تاۋۇش كېيىنكى بوغۇمغا ئۆتۈپ ، كېيىنكى بوغۇمنىڭ بوغۇم بېشى بولۇپ كېلىدۇ . لېكىن ، بوغۇملاردىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ھادىسىسى يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلمەيدۇ . مەسىلەن :

| جانلىق تىلدا | يېزىق تىلىدا |
|---|---|
| تۇر-سۇ-ناي | تۇر-سۇن - ئاي |
| شې - رى - ناي | شې - رىن - ئاي |
| گۈ-زە-لاي | گۈ-زەل - ئاي |

## §7 . ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرىدىكى تېمبىرسىز ئامىللار

ھەرقانداق بىر تىلدىكى تاۋۇشلار تاۋۇش ئېگىزلىكى ، تاۋۇش كۈچى ، تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى ۋە تاۋۇش تېمبىرىدىن ئىبارەت تۆت ئامىلنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى . بۇ تۆت ئامىل ئىچىدە تاۋۇش تېمبىرىنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم . ھەرقانداق بىر تىلنىڭ تاۋۇشىنى تونۇشتا تاۋۇش تېمبىرى بولمىسا بولمايدۇ . لېكىن ، ھەرقانداق بىر تىلدا تاۋۇش تېمبىرىدىن باشقا يەنە تاۋۇش ئېگىزلىكى ، تاۋۇش كۈچى ۋە تاۋۇش ئۇزۇنلۇقىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، ھەرقانداق بىر تىل تاۋۇشىنى تونۇشتا ، پەقەت ئۇنىڭ تېمبىرىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ ، قالغان ئۈچ ئامىلغا سەل قارالسا ، تاۋۇشلارنى ئەتراپلىق تونۇپ يەتكىلى بولمايدۇ . تاۋۇش ئېگىزلىكى ، تاۋۇش كۈچى ۋە تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى تىل تاۋۇشلىرىدىكى تېمبىرسىز ئامىللار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تىللاردا ئوينايدىغان رولى ئوخشىمايدۇ . تىل تاۋۇشلىرىدىكى تېمبىرسىز ئامىللار تىللاردا تون ، سۆز ئۇرغۇسى ، ئۇزۇن ۋە قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئىنتوناتسىيە ( جۈملە ئۇرغۇسى ، پائۇزا ۋە جۈملە

ئىنتوناتسىيەسى ) قاتارلىقلارنى شەكىللەندۈرىدۇ .
بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى ، ھەرقانداق بىر تىلدىكى سۆزلەرنىڭ بوغۇمىدا مۇئەييەن تاۋۇش ئېگىزلىكى بولىدۇ . لېكىن ، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ، تاۋۇش ئېگىزلىكىنىڭ ھەرقايسى تىللاردا ئوينايدىغان رولى ئوخشىمايدۇ ، سۆزنىڭ بوغۇمىدىكى تاۋۇش ئېگىزلىكى بەزى تىللاردا ئىجتىمائىي ئادەتتىن شەكىللەنگەن مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولسا ، بەزى تىللاردا مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ئەمەس ، تىلدىكى ئىجتىمائىي ئادەتتىن شەكىللەنگەن مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان تاۋۇش ئېگىزلىكى تون ھېسابلىنىدۇ . دېمەك ، سۆزنىڭ بوغۇمىدىكى ئىجتىمائىي ئادەتتىن شەكىللەنگەن مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە تاۋۇش ئېگىزلىكى تون دەپ ئاتىلىدۇ . تون خەنزۇ تىلى قاتارلىق بەزى تىللاردا بار . لېكىن ، ئۇيغۇر تىلىدا يوق . تون ئۇيغۇر تىلىدا يوق دېگەنلىك ، ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ بوغۇمىدا تاۋۇش ئېگىزلىكى يوق ، دېگەنلىك ئەمەس ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەربىر بوغۇمىدا تاۋۇش ئېگىزلىكى بار . لېكىن ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئېگىزلىكى تۇراقلىق ئەمەس ، ئەڭ مۇھىمى ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇش ئېگىزلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئادەتتىن شەكىللەنگەن مەنە پەرقلەندۈرۈش رولى يوق .

### 1 . سۆز ئۇرغۇسى

ئۇرغۇ سۆزدىمۇ ، جۈملىدىمۇ بولىدۇ . بۇ يەردە بىز پەقەت سۆز ئۇرغۇسى ئۈستىدىلا توختىلىمىز .
كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردىكى مەلۇم بىر بوغۇمنىڭ گەۋدىلىك تەلەپپۇز قىلىنىش ھادىسىسى سۆز ئۇرغۇسى دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇرغۇ چۈشكەن بوغۇم ئۇرغۇلۇق بوغۇم ، ئۇرغۇ چۈشمىگەن بوغۇم ئۇرغۇسىز بوغۇم دېيىلىدۇ . سۆز ئۇرغۇسى ئومۇمەن تاۋۇش كۈچى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، ئۇ تاۋۇش

كۈچىنى كۆچەيتىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . دېمەك ، سۆز ئۇرغۇسى تاۋۇش كۈچى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بىلەن ئىپادىلىگەندە ، سۆز ئۇرغۇسى چۈشكەن بوغۇمنىڭ بىرىنچى تاۋۇشىنىڭ سول تەرەپ ئۈستىگە تىك سىزىقچە يېزىلىدۇ .

سۆز ئۇرغۇسى ئۆزىنىڭ سۆزلەردە تۇتقان ئورنىغا قاراپ تۇراقلىق ئۇرغۇ ۋە تۇراقسىز ئۇرغۇ دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

بەزى تىللاردا سۆز ئۇرغۇسى شۇ تىلدىكى ھەممە سۆزنىڭ مۇئەييەن بوغۇمىغا چۈشىدۇ . بۇنداق سۆز ئۇرغۇسى تۇراقلىق ئۇرغۇ دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ئۇرغۇسى سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىغا چۈشىدۇ ، سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلانغاندا ، قوشۇمچىلارغا ( كۆپ بوغۇملۇق قوشۇمچىلاردا ئاخىرقى بوغۇمىغا ) كۆچىدۇ . شۇڭا ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ئۇرغۇسى تۇراقلىق ئۇرغۇ دەپ قارىلىدۇ .

بەزى تىللاردا ھەربىر سۆزنىڭ ئۇرغۇسى تۇراقلىق بولسىمۇ ، لېكىن تۈرلۈك سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇسى مۇئەييەن بىر بوغۇمغا چۈشمەيدۇ ، يەنى قانچىنچى بوغۇمىغا چۈشۈشى تۇراقسىز بولىدۇ . بۇنداق سۆز ئۇرغۇسى تۇراقسىز ئۇرغۇ دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن ، رۇس تىلى ، فىرانسۇز تىلى ، ئىنگلىز تىلى قاتارلىق تىللارنىڭ سۆز ئۇرغۇسى تۇراقسىز ئۇرغۇ ھېسابلىنىدۇ .

تۇراقلىق ئۇرغۇغا ئىگە تىللاردا سۆز ئۇرغۇسى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق ياكى گىراماتىكىلىق مەنىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولمايدۇ . ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ئۇرغۇسى تۇراقلىق ئۇرغۇ بولغانلىقتىن ، سۆزنىڭ لېكسىكىلىق ياكى گىراماتىكىلىق مەنىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەمەس دەپ قارىلىدۇ . تۇراقلىق

www.uyghurkitap.com

ئۇرغۇلۇق تىللاردا سۆز ئۇرغۇسى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق مەنىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولمىسىمۇ ، لېكىن سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشتا مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ .

تۇراقسىز ئۇرغۇلۇق تىللاردا سۆز ئۇرغۇسى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق مەنىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە . مەسىلەن :

رۇس تىلىدا :

| | | |
|---|---|---|
| зáмок | [zámok] | ( قەلئە ) |
| замóк | [zamók] | ( قۇلۇپ ) |
| мýка | [múka] | ( ئازاب ) |
| мукá | [muká] | ( ئۇن ) |
| дóма | [dóka] | ( ئۆيدە ) |
| домá | [domá] | ( ئۆيلەر ) |

ئىنگلىز تىلىدا :

| | | |
|---|---|---|
| commune | [ḱɔmju:n] | ( كوممۇنا ) |
| commune | [kɔ́mju:n] | ( سۆھبەت ) |
| instinct | [ȋnstiηkt] | ( تۇغما قابىلىيەت ) |
| instinct | [iństi ηkt] | ( تولۇپ تاشقان ) |

**2 . ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ۋە قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار**

تەلەپپۇز نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، پارتلىغۇچى تاۋۇشلاردىن باشقا ھەرقانداق بىر تاۋۇشنى ئۇزۇن ( سوزۇپ ) ياكى قىسقا قىلىپ تەلەپپۇز قىلغىلى بولىدۇ . ئەمما ، ئەمەلىيەتتە تىلدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقىلىقى ئاساسەن سوزۇق تاۋۇشلاردا ئىپادىلىنىدۇ . تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى تەلەپپۇز ۋاقتىغا

باغلىق بولىدۇ .

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن سۆز مەنىسى پەرقلىنىدىغان تىللاردا ، تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى بىرقەدەر ئۇزۇن بولغان سوزۇق تاۋۇشلار ، يەنى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سوزۇق تاۋۇشلار ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش دەپ ئاتىلىدۇ . تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى قىسقىراق بولىدىغان سوزۇق تاۋۇشلار قىسقا سوزۇق تاۋۇش دەپ ئاتىلىدۇ . دېمەك ، تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى بەزى تىللاردا ئۇزۇن ـ قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنى شەكىللەندۈرىدۇ .

ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەدە ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ :

بىرى ، سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى ئۈستىگە « ـ » بەلگىسى قويۇلىدۇ ياكى سوزۇق تاۋۇش بەلگىسىدىن كېيىن قوش چېكىت « : » قويۇلىدۇ . مەسىلەن ، [ā] ياكى [a:] لار ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا ، [a] قىسقا سوزۇق تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ .

يەنە بىرى ، سوزۇق تاۋۇش بەلگىسىنى تەكرار يېزىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن ، [aa] ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا ، [a] قىسقا سوزۇق تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ .

قىسقا سوزۇق تاۋۇشقا ئادەتتە قوشۇمچە بەلگىلەر ئىشلىتىلمەيدۇ .

ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدا تاۋۇشنى ئۇزۇن ياكى قىسقا تەلەپپۇز قىلىش ئارقىلىق سۆز مەنىسىنى پەرقلەندۈرىدىغان ئەھۋال قىسمەن مەۋجۇت . يەنى ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا شەكىلداش سۆزلەر ( بۇنداق سۆزلەر گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ ) تەركىبىدىكى بەزى سوزۇق تاۋۇشلار ئۇزۇن ياكى قىسقا تەلەپپۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىلىنىش ئارقىلىق مەنىلىرى پەرقلەندۈرۈلىدۇ . مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| [ba:la] ( بالا ـ قازا ) | [bala] ( پەرزەنت ) |
| [a:ra] ( دېھقانچىلىق سايمىنى ) | [ara] ( ~ ئاي ) |
| [tɸ:ʃyk] ( تۆشۈكى بار ئايال ) | [tɸʃyk] ( كامار ) |
| [a:tʃa] ( ئاچا ـ سىڭىل ) | [atʃa] ( ~ يول ) |
| [bo:laq] ( بىر ~ دورا ) | [bolaq] ( ~ مانتا ) |
| [pa:tʃaq] ( ~ سۆڭىكى ) | [patʃaq] ( چۈلچۈل ) |
| [tʃa:taq] ( دەرەخنىڭ چاتىقى ) | [tʃataq] ( ~ ئىش ) |
| [dʒa:za] ( جازىسى ئۆستۈن ) | [dʒaza:] ( جازاسىنى بەرمەك ) |
| [pa:ʃa] ( ئۆنۋان ) | [paʃa] ( ~ چاقماق ) |
| [ata:] ( ئاتا قىلماق ) | [ata] ( ئاتا ـ ئانا ) |
| [ta:maq] ( ~ سالماق ) | [tamaq] ( ~ يېمەك ) |
| [tʃa:q] ( هارۋا چاقى ) | [tʃaq] ( چاقماق ) |
| [tʃa:za] ( ~ قىستۇرماق ) | [tʃaza:] ( ~ قۇرماق ) |
| [to:la] ( ئارغامچا پىشىلدۇر ـ ) | [tola] ( كۆپ ، جىق ) |
| [dawa:] ( ~ بولماق ) | [dawa] ( داۋىسىنى بەرمەك ) |
| [a:da] ( ئىچى ئاغرىماق ) | [ada:] ( ~ بولماق ) |

سوزۇق تاۋۇشلار ئۇزۇن ۋە قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىش ئارقىلىق سۆز مەنىسى پەرقلەندۈرۈلىدىغان بۇ خىل فونېتىكىلىق هادىسە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا بېغىشلانغان ماقالە ـ ئەسەرلەردە سۆز ئۇرغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىلىۋاتىدۇ . بۇ تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىگە پۈتۈنلەي زىت بولغان بىر خىل خاتا قاراش . چۈنكى ، تىلشۇناسلىقتا ئۇرغۇ تاۋۇش كۈچى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ، شۇڭا ئۇرغۇ تاۋۇش

كۆچى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ، ئۇزۇن ــ قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار بولسا تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىلىدۇ . دېمەك ، سۆز ئۇرغۇسى بىلەن ئۇزۇن ــ قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنى شەكىللەندۈرىدىغان تاۋۇش ئامىللىرى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ . ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكىلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى پەرقلەندۈرىدىغان تۈپكى ئامىل تاۋۇش كۈچى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئۇرغۇ بولماستىن ، بەلكى تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئۇزۇن ــ قىسقا سوزۇق تاۋۇشلاردۇر .

**3 . ئىنتوناتسىيە**

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن تون ، سۆز ئۇرغۇسى ، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ۋە قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار پەقەت سۆز دائىرىسى ئىچىدىلا ئىپادىلىنىدىغان تېمبىرسىز ئامىللار ھېسابلىنىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، كىشىلەرنىڭ نۇتقىدا پۈتۈن جۈملە ياكى جۈملە ئۇزۇندىسىدە ئاھاڭ جەھەتتە ئۆرلەش ــ تۆۋەنلەش ، تېزلىشىش ــ ئاستىلىشىش ، ئۇزىراش ــ قىسقىراش ، كۈچىيىش ــ ئاجىزلىشىش قاتارلىق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ . دېمەك ، جۈملە ياكى جۈملە ئۇزۇندىسىنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىكى ھەرخىل ئۆزگىرىشلىرى ( ئاۋازنىڭ يۇقىرى ــ تۆۋەنلىك ، ئۇزۇن ــ قىسقىلىق ، كۈچلۈك ــ ئاجىزلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشلىرى ) ئىنتوناتسىيە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋازنىڭ يۇقىرى ــ تۆۋەنلىكى تېپىكرەك بولۇپ ، ئۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ .

ئىنتوناتسىيە جۈملە ئۇرغۇسى ، پائۇزا ۋە جۈملە ئىنتوناتسىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

1) جۈملە ئۇرغۇسى : كىشىلەر سۆزلىگەندە گەپلەر ھەرگىز

بىر تەكشىلىكتە چىقمايدۇ ، ھامان مەلۇم سۆزلەرنى كۈچەيرەك ئېيتسا ، مەلۇم سۆزلەرنى بوشراق ئېيتىدۇ . مانا مۇشۇنداق كۈچەپ تەلەپپۇز قىلىش نەتىجىسىدە جۈملە ئۇرغۇسى ھاسىل بولىدۇ . دېمەك ، جۈملە تەركىبىدىكى مەلۇم بىر سۆزنىڭ باشقا سۆزلەرگە قارىغاندا گەۋدىلىكرەك ، كۈچەيرەك تەلەپپۇز قىلىنىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان ئۇرغۇ جۈملە ئۇرغۇسى دەپ ئاتىلىدۇ . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئەگەر سۆزلىگۈچى جۈملىدىكى مەلۇم بىر سۆزنى مۇھىم دەپ بىلىپ ، ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى قوزغاش مەقسىتىدە ئالاھىدە كۈچەپ ياكى سوزۇپ ئېيتسا ، بۇنداق ئۇرغۇ جۈملە ئۇرغۇسى دەپ ئاتىلىدۇ . جۈملە ئۇرغۇسى شۇ جۈملىدىكى تەكىتلىمەكچى بولغان سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ، ئادەتتە تەكىت ئۇرغۇسى ياكى لوگىكىلىق ئۇرغۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

جۈملە ئۇرغۇسى سۆز ئۇرغۇسىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ . سۆز ئۇرغۇسى ئىجتىمائىي ئادەت خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ھەربىر سۆزنىڭ مۇئەييەن بوغۇمىغا تۇراقلاشقان بولىدۇ . جۈملە ئۇرغۇسى بولسا ئىجتىمائىي ئادەت خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس ، شۇڭا ئۇ سۆزلىگۈچىنىڭ نېمىنى تەكىتلىمەكچى بولۇشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . ئوخشاش بىر جۈملىدە تەكىتلەنگەن سۆز ئوخشىمىسا ، شۇ جۈملىنىڭ جۈملە ئۇرغۇسىمۇ ئوخشىمايدۇ . جۈملە ئۇرغۇسى جۈملىدىكى ھەرقانداق بىر سۆزگە چۈشۈشى مۇمكىن ، ئەگەر شۇ سۆز تەكىتلەنگەن ياكى گەۋدىلىك تەلەپپۇز قىلىنغان بولسىلا . مەسىلەن :

*بىز بۈگۈن كۆرگەزمىگە باردۇق .*
△
( باشقىلار ئەمەس ، بەلكى بىز )

*بىز بۈگۈن كۆرگەزمىگە باردۇق .*
△

( باشقا كۈنى ئەمەس ، بەلكى بۈگۈن )

*بىز بۈگۈن كۆرگەزمىگە باردۇق .*

△

( باشقا ئىشقا ئەمەس ، بەلكى كۆرگەزمىگە )

*بىز بۈگۈن كۆرگەزمىگە باردۇق .*

△

( بارالمىدۇق ئەمەس ، بەلكى باردۇق )

مەلۇم بىر سۆزنى خەۋەرگە يانداش ، يەنى خەۋەرنىڭ ئالدىغا قويۇش ئارقىلىقمۇ جۈملە ئۇرغۇسى ھاسىل قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

*بۈگۈن كۆرگەزمىگە بىز باردۇق .*

△

*بىز كۆرگەزمىگە بۈگۈن باردۇق .*

△

*بىز بۈگۈن كۆرگەزمىگە باردۇق .*

△

...

جۈملە ئۇرغۇسى سۆزلىگۈچىنىڭ مەقسىتى ۋە ھېسسىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . شۇڭا ، بىرەر ماقالە ياكى ئەسەرنى ئوقۇغاندا ، ئۇنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ ، ئاپتورنىڭ مەقسىتىنى ، ھېسسىياتىنى توغرا چۈشىنىپ ، ھەربىر جۈملە ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى ئىگىلىۋال ـ غاندىلا ، ئاندىن ئۇنىڭ ھەربىر جۈملىسىدىكى جۈملە ئۇرغۇلىرىنى توغرا ، ئېنىق تەلەپپۇز قىلغىلى بولىدۇ .

2) پائۇزا ( تىنىق ) : پائۇزا دېگەن بۇ ئاتالغۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا « تىنىش ، توختاش » دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ . كىشىلەر سۆزلىگەندە ھەربىر جۈملە گەپنى قىلىپ بولغاندا تىنىشقا توغرا كېلىدۇ . بىر جۈملىنىڭ ئىچىدىمۇ ھەرخىل تىنىشلار بولىدۇ . ئەنە شۇنداق جۈملە بىلەن جۈملە

ئوتتۇرىسىدىكى ، جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن جۈملە بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ، سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋاز جەھەتتىكى تىنىش پائۇزا دەپ ئاتىلىدۇ . پائۇزا جۈملىنىڭ قۇرۇلما قاتلاملىرىغا ئاساسەن جايلاشتۇرۇلغاندىلا ، ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي ـ پىكىرنى ئېنىق ، توغرا ئىپادىلىگىلى بولىدۇ . ناھايىتى روشەن بولغان پائۇزىلار ئادەتتە يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

*ئۆگەن ئوغلۇم داداڭغا ئوخشاش ، ئېشەك بولما .*
*ئۆگەن ئوغلۇم ، داداڭغا ئوخشاش ئېشەك بولما .*

*سىز نومۇسسىز ئادەم ئەمەس . ( ماختاش )*
*سىز نومۇسسىز ، ئادەم ئەمەس . ( تىللاش )*

*جالال ئاكام سىزنى چاقىرتىۋاتىدۇ ( چاقىرغۇچى « جالال » )*
*جالال ، ئاكام سىزنى چاقىرتىۋاتىدۇ (چاقىرىلغۇچى « جالال » )*

*ۋارىس تۆگە كەلدى . ( كەلگۈچى تۆگە لەقەملىك ۋارىس )*
*ۋارىس ، تۆگە كەلدى . ( كەلگۈچى تۆگە )*

يەنە بەزى روشەن پائۇزىلارغا تىنىش بەلگىلىرى ئىشلىتىلمىسىمۇ ، لېكىن تىنىش ياكى توختاش ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك مەنە پەرقلىنىدۇ . مەسىلەن :

*ئۇ باي / خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپتۇ .*
*ئۇ / باي خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپتۇ .*

*بۇ / لۆڭگە ئەمەس .*
*بۇ لۆڭگە / ئەمەس .*

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مىساللاردىكى پائۇزىلار مەنە پەرقلەندۇرۇش رولىغا ئىگە پائۇزىلار ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن

باشقا ، جۈملە بىلەن جۈملە ئوتتۇرىسىدا ، جۈملە تەركىبىدىكى جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن جۈملە بۆلەكلىرى ، سۆزلەر بىلەن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولمىغان تۇرلۇك تىنىشلار بولىدۇ . بۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە پائۇزا ھېسابلىنىدۇ .

3) جۈملە ئىنتوناتسىيەسى : جۈملە ئاھاڭىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك ، ئۇزۇن ـ قىسقىلىق ۋە كۈچلۈك ـ ئاجىزلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشلىرى جۈملە ئىنتوناتسىيەسى ھېسابلىنىدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋازنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئەڭ تىپىك بولۇپ ، ئۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . شۇڭا ، ئادەتتە جۈملىنىڭ ئاۋاز ئېگىزلىكى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى جۈملە ئىنتوناتسىيەسى دېيىلىدۇ .

جۈملە ئىنتوناتسىيەسى تىللاردا ئومۇمەن مۇنداق ئىككى خىل رول ئوينايدۇ .

1 . جۈملە ئىنتوناتسىيەسى تىلدا سىنتاكسىسلىق رول ئوينايدۇ . جۈملە ئىنتوناتسىيەسىنىڭ سىنتاكسىسلىق رولى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ .

بىرىنچى ، جۈملە ئىنتوناتسىيەسى جۈملىنىڭ مۇھىم فونېتىكىلىق بەلگىسى ، جۈملىنى جۈملە قىلىپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىل . شۇڭا ، ھەرقانداق بىر جۈملە ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيەگە ئىگە بولىدۇ .

ئىككىنچى ، جۈملە ئىنتوناتسىيەسى جۈملىنى سۆزدىن ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم فونېتىكىلىق ئامىل . مەلۇم بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى مۇئەييەن تىل شارائىتىدا پەقەت ئىنتوناتسىيەگە ئىگە قىلىنسىلا ، ئەسلىدىكى خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ ، جۈملىگە ئۆزگىرىدۇ ، يەنى جۈملىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ .

ئۈچىنچى ، جۈملە ئىنتوناتسىيەسى جۈملىلەرنى تۈرگە

ئايرىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ . شۇڭا ، ئۇ يەنە ھەرخىل جۈملىلەرنى تۈرگە ئايرىشنىڭمۇ مۇھىم فونېتىكىلىق بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ . جۈملىلەر جۈملە ئىنتوناتسىيەسىگە ئاساسەن بايان جۈملە ، سوئال جۈملە ، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە دەپ تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ .

2 . جۈملە ئىنتوناتسىيەسى تىلدا تۈرلۈك ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ . كىشىلەر ئۆزئارا ئالاقىدە جۈملە ئىنتوناتسىيەسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھاياجانلىنىش ، ماختىنىش ، قايىل بولۇش ، ھەيران بولۇش ، قارشىلىشىش ، قورقۇش ، كەمسىتىش قاتارلىق تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ .

جۈملە ئىنتوناتسىيەسى يەنە سۆزلىگۈچىنىڭ پىسخىك پائالىيەتلىرى ۋە مىجەز - خۇلقلىرىنىمۇ ئېچىپ بېرەلەيدۇ . مەسىلەن ، ھاياجانلىنىش ياكى ھەيران بولۇش قاتارلىق ھېسسىياتلار ئۆرلەش تىپىدىكى ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئىپادىلەنسە ، غەمكىنلىك ، مەيۇسلۇك قاتارلىق ھېسسىياتلار تۆۋەنلەش تىپىدىكى ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . قوپال ، ئالدىراقسان ئادەملەرنىڭ ئاھاڭى قاتتىق ۋە تېز بولسا ، مۆلايىم ، ئېغىر - بېسىق ئادەملەرنىڭ ئاھاڭى ( ئىنتوناتسىيەسى ) تۈز ، تەكشى ۋە ئاستا بولىدۇ . يەنە بەزىدە جۈملە ئىنتوناتسىيەسى ئارقىلىق گەپنىڭ ئۈنۈمىنىمۇ ئاشۇرغىلى بولىدۇ ، يەنى گەپنى ھەرخىل ئاھاڭلار ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق ، تېخىمۇ كۈچلۈك ، تېخىمۇ قەتئىي قىلغىلى بولىدۇ . بەزىدە ئوخشاش سۆزلەردىن تەركىب تاپقان بىر قۇرۇلمىدىكى ئوخشاش بىر جۈملە باشقىچە ئىنتوناتسىيەلەردە تەلەپپۇز قىلىنسا ، جۈملىنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسىدىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىش

ھاسىل بولىدۇ . مەسىلەن :

*گۈلشەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ . ( بايان جۈملە )*

*گۈلشەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ ؟ ( سوئال جۈملە )*

*گۈلشەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ ! ( ھاياجانلىنىش )*

*گۈلشەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ . ( مەنىستىمەسلىك )*

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلىگەندە ، تاۋۇشلاردىكى تىمبىرسىز ئامىللار خۇددى تاۋۇش تىمبىرلىرىغا ئوخشاشلا تىلدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، مەلۇم تىلنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى شۇ تىلنىڭ تاۋۇشلىرىدىكى تىمبىرسىز ئامىللاردا ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ . چەت تىل ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، يالغۇز شۇ تىلدىكى تاۋۇش تىمبىرىنى توغرا ئىگىلەش ۋە پەرقلەندۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ، يەنە تىمبىرسىز ئامىللارنىڭ ئۆزگىچىلىكىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ .

## §8 . نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشى

نۇتۇق — كىشىلەرنىڭ تىلدىن پايدىلىنىپ قىلىۋاتقان گېپىدۇر .

كىشىلەر سۆزلىگەندە تاۋۇشلارنى بىردىن - بىردىن ئايرىپ چىقارماستىن ، بەلكى بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئارقىمۇ ئارقا چىقىرىدۇ . تاۋۇشلارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ چىقارغاندا تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ پائالىيىتىگە ماس ھالدا ، قوشنا تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە مەلۇم تاۋۇشلاردا دائىم دېگۈدەك بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ . تىل تاۋۇشلىرىدا يۈز بېرىدىغان بۇ خىل ئۆزگىرىش فونېتىكىدا نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشى دەپ ئاتىلىدۇ . دېمەك ، نۇتۇقتا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر قىلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى نۇتۇق ئىچىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

نۇتۇق ئىچىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر بىرقەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. يەنى، بۇ ئۆزگىرىشلەر ئالدى - كەينىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىگە، ئۇلارنىڭ نۇتۇقتا تۇتقان ئورنىغا ۋە ئۆزئارا تەسىرىگە، شۇ تاۋۇشلارنىڭ ئۇرغۇلۇق ياكى ئۇرغۇسىزلىقىغا، سۆزلەش سۈرئىتىنىڭ تېز - ئاستىلىقىغا، ئاۋازنىڭ ئېگىز - پەسلىكىگە ۋە كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا دائىم كۆرۈلىدىغان نۇتۇق ئىچىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل بولىدۇ:

**1. ئاسسىمىلياتسىيە**

تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ياكى تاۋۇش چىقىرىش شەكلى جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان قاتار كەلگەن ئىككى تاۋۇشنىڭ نۇتۇقتا ئۆزئارا تەسىرلىشىپ، بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ئوخشىتىۋېلىشىدەك فونېتىكىلىق ھادىسە ئاسسىمىلياتسىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاسسىمىلياتسىيە ئاسسىمىلياتسىيەلىنىش دەرىجىسىگە قاراپ تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ۋە قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛ ئاسسىمىلياتسىيە يەنە ئاسسىمىلياتسىيەلىنىش يۆنىلىشىگە قاراپ ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ۋە تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ۋە قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە: بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى تاۋۇشنىڭ نۇتۇقتا ئۆزئارا

تەسىرلىشىپ بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ھەم تاۋۇش ئورنى ، ھەم تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئوخشىتىۋېلىش ھادىسىسى تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

[sɛn + mu] = [sɛmmu]

① [mɛn + mu] = [mɛmmu] nm → mm

[qoʁun+mu]=[qoʁummu]

بۇ مىساللاردا تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى ئوخشايدىغان ، لېكىن تاۋۇش ئورنى ئوخشىمايدىغان [m] ، [n] دىماق تاۋۇشلىرى ئاسسىمىلياتسىيە نەتىجىسىدە تاۋۇش ئورنى جەھەتتىنمۇ بىر - بىرىگە ئوخشاپ قالغان ، يەنى [m] تاۋۇشى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى تاۋۇشى [n] نى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ ، ئۆزىگە ئوخشاش قوش لەۋ تاۋۇشىغا ئايلاندۇرۇۋالغان . يەنە مەسىلەن :

[rajon + luq] = [rajolluq]

② [aman + liq] = [amalliq] nl → ll

[on + luq] = [olluq]

بۇ مىساللاردا تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئوخشاش ( تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى ئۈزۈك تاۋۇشى ) بولغان ئىككى تاۋۇش ئاسسىمىلياتسىيە نەتىجىسىدە بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ قالغان . يەنى، قوۋۇز تاۋۇشى [l] دىماق تاۋۇشى [n] نى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ ئۆزىگە ئوخشاش قوۋۇز تاۋۇشىغا ئايلاندۇرۇۋالغان .

[on + jɛttɛ] = [ojjɛttɛ]

③ [toqsan + jɛttɛ] = [toqsajjɛttɛ] nj → jj

[nan + jɛ] = [najjɛ]

بۇ مىساللاردا تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى ئوخشىمايدىغان ئىككى تاۋۇش ئاسسىمىلياتسىيە

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىمىز

نەتىجىسىدە پوتونلەي ئوخشاش تاۋۇشقا ئايلىنىپ قالغان، يەنى تىل ئۇستى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشى [j] تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى دىماق تاۋۇشى [n] نى تامامەن ئۆزىگە ئوخشاش قىلىۋالغان.

[kɛt + sɛ] = [kɛssɛ]

④ [jɑt + sun] = [jɑssun]    ts → ss

[tut + sɑm] = [tussɑm]

بۇ مىساللاردا تىل ئۇچى ئالدى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشى [s] تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى پارتلىغۇچى تاۋۇشى [t] نى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن پوتونلەي ئۆزىگە ئوخشاش قىلىۋالغان.

[tuz + siz] = [tussiz]

⑤ [jyz + siz] = [jyssiz]    zs → ss

[muz + siz] = [mussiz]

بۇلاردا تىل ئۇچى ئالدى، سىيرىلاڭغۇ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشى [s] تىل ئۇچى ئالدى، سىيرىلاڭغۇ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشى [z] نى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشاش قىلىۋالغان، يەنى جاراڭسىز قىلىۋالغان.

[oqup + bɑq] = [oquppɑq]

⑥ [jezip + bɛr] = [jezippɛ]    pb → pp

[kɵryp + bol] = [kɵryppol]

بۇ مىساللاردا قوش لەۋ، پارتلىغۇچى، جاراڭسىز تاۋۇشى [p] قوش لەۋ، پارتلىغۇچى، جاراڭلىق تاۋۇشى [b] نى ئۆزىگە ئوخشاش جاراڭسىز تاۋۇشقا ئايلاندۇرۇۋالغان.

[bɑʁ + qɑ] = [bɑqqɑ]

⑦ [tuʁ + qɑn] = [tuqqɑn]    ʁq → qq

[tɑʁ + qɑ] = [tɑqqɑ]

بۇ مىساللاردا كىچىك تىل، پارتلىغۇچى، جاراڭسىز تاۋۇشى [q] ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك تىل، سىيرىلاڭغۇ،

جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشى [ʁ] نى پوتونلەي ئۆزىگە ئوخشاش قىلىۋالغان ، يەنى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشىتىۋالغان .

[tyg + kɛn] = [tykkɛn]

⑧ [bɛg + kɛ] = [bɛkkɛ] gk → kk

[tɛg + kɛn] = [tɛkkɛn]

بۇ مىساللاردا تىل كەينى ، پارتىلىغۇچى ، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشى ئۆزىنىڭ ئالدىدا كەلگەن تىل كەينى ، پارتىلىغۇچى ، جاراڭلىق تاۋۇشى [g] نى ئۆزىگە ئوخشاش جاراڭسىز قىلىۋالغان .

[qoʃ + sa] = [qossa]

⑨ [iʃ + siz] = [issiz] ʃs → ss

[aʃ + sa] = [assa]

بۇ مىساللاردا تىل ئۇچى ئالدى ، سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭسىز تاۋۇشى [s] تىل ئالدى ، سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭسىز تاۋۇشى [ʃ] نى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئوخشىتىۋېلىپ ، ئۆزىگە ئوخشاش تىل ئۇچى ئالدى تاۋۇشى قىلىۋالغان .

[atʃ + sa] = [assa]

⑩ [qatʃ + sa] = [qassa] tʃs → ss

[kɛtʃ + sɛ] = [kɛssɛ]

بۇ مىساللاردا تىل ئۇچى ئالدى تاۋۇشى [s] تىل ئالدى تاۋۇشى [tʃ] نى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشىتىۋالغان .

[ʃax + qa] = [ʃaqqa]

⑪ [dɛrɛx + qɛ] = [dɛrɛqqɛ] xq → qq

[dozax + qa] = [dozaqqa]

بۇ مىساللاردا پارتىلىغۇچى تاۋۇش [q] سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى

[x] نى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزىگە تامامەن ئوخشاش قىلىۋالغان .

[tidʒarɛt + tʃi] = [tidʒarɛtʃtʃi]
⑫ [belɛt + tʃi] = [belɛtʃtʃi] ttʃ → tʃtʃ
[sewɛt + tʃi] = [sewɛtʃtʃi]

بۇ مىساللاردا تىل ئالدى ، پارتلىغۇچى – سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشى [tʃ] تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى ، پارتلىغۇچى تاۋۇشى [t] نى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش قىلىۋالغان .

[al + ma] = [amma]
⑬ [kɛl + mɛ] = [kɛmmɛ] lm → mm
[bol + majdu] = [bommajdu]

بۇ مىساللاردا قوش لەۋ ، دىماق تاۋۇشى [m] ئۆزىنىڭ ئالدىدا كەلگەن تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى ، قوۋۇز تاۋۇشى [l] نى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش قىلىۋالغان .

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، تولۇق ئاسسىمىلياتسىيەدە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىن :

1 . قوشنا ئىككى تاۋۇش مەيلى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ياكى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن بولسۇن ، پۈتۈنلەي بىر – بىرىگە ئوخشاپ كەتمەيدۇ ، تەلەپپۇز جەريانىدا بىرى ئىككىنچىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە ئوخشىتىۋالىدۇ . مەسىلەن ، ③ ، ④ ، ⑩ ، ⑫ ، ⑬ مىساللار مۇشۇ خىل ئەھۋالغا ياتىدۇ .

2 . قوشنا ئىككى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئوخشايدۇ ، ئەمما تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن

ئوخشىمايدۇ . تەلەپپۇز جەريانىدا بىر تاۋۇش يەنە بىر تاۋۇشنى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئوخشىتىۋالىدۇ . مەسىلەن ، ① ، ⑨ مىساللار مۇشۇ خىل ئەھۋالغا ياتىدۇ .

3 . قوشنا ئىككى تاۋۇش تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئوخشاش ، ئەمما تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ . تەلەپپۇزدا بىر تاۋۇش يەنە بىر تاۋۇشنى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشىتىۋالىدۇ . مەسىلەن ، ② ، ⑤ ، ⑥ ، ⑦ ، ⑧ ، ⑪ مىساللار مۇشۇ خىل ئەھۋالغا مەنسۇپتۇر .

بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى تاۋۇشنىڭ نۇتۇقتا تەسىرلىشىپ بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ياكى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ، ياكى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشىتىۋېلىشى قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

⑭ [on + bir] = [ombir]
[joʁan + baʃ] = [joʁambaʃ]
[iʃtan + baʁ] = [iʃtambaʁ] nb → mb
[imkan + bar] = [imkamba]

⑮ [jan + paʃ] = [jampaʃ]
[tʃin + pyt] = [tʃimpyt] np → mp
[xun + pɛr] = [xumpɛr]

بۇ مىساللاردا قوش لەۋ تاۋۇشى [b] ۋە [p] لار تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى تاۋۇشى [n] نى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشايدىغان قوش لەۋ تاۋۇشى [m] غا ئايلاندۇرۇۋالغان .

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە هادىسىسى ئومۇمەن قوش لەۋ تاۋۇشلىرى [b]

www.uyghurkitap.com

ۋە [p] لارنىڭ تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى تاۋۇشى [n] نى قوش لەۋ تاۋۇشى [m] غا ئوخشىتىۋېلىشىدا ئەڭ تىپىك ئىپادىلىنىدۇ.

2) ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ۋە تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە

بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى تاۋۇشنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدا تەسىرلىشىپ ئالدىنقى تاۋۇشنىڭ كېيىنكى تاۋۇشنى ئۆزىگە ئوخشىتىۋېلىش ھادىسىسى ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مىسال ⑥ دىكى ئاسسىمىلياتسىيە ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھېسابلىنىدۇ.

بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى تاۋۇشنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدا تەسىرلىشىپ كېيىنكى تاۋۇشنىڭ ئالدىنقى تاۋۇشنى ئۆزىگە ئوخشىتىۋېلىش ھادىسىسى تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مىسال ①، ②، ③، ④، ⑤، ⑦، ⑧، ⑨، ⑩، ⑪، ⑫، ⑬، ⑭، ⑮ لەردىكى ئاسسىمىلياتسىيەلەر تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ۋە تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە كۆپ كۆرۈلىدۇ، قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە ۋە ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ئاز كۆرۈلىدۇ.

ئۆزۈك تاۋۇشلاردا يۈز بېرىدىغان بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسىنىڭ ھەممىسى يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ.

### 2. تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

نۇتۇقتا ئاۋاز كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى تۈپەيلىدىن تاۋۇش تېمبىرىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ، بۇ ھادىسە تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسى تاۋۇشلارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش چىقارغۇچى ئەزالار ھەرىكىتىنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ

ئاجىزلىشىش ھادىسىسى سوزۇق تاۋۇشلاردىمۇ ، ئۈزۈك تاۋۇشلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ .

1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى : سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تېمبىرى ئۇرغۇسىز ئوقۇلىدىغان بوغۇملاردا مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ، بۇ ھادىسە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دېيىلىدۇ . سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلاشقاندا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ياڭراقلىق ، ئېنىقلىق دەرىجىسىنى مەلۇم دەرىجىدە يوقىتىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ئەھۋالى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ . بولۇپمۇ تۆۋەن ۋە يېرىم تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش [ɑ] ۋە [ɛ] لەرنىڭ بەزى فونېتىكىلىق شارائىتلاردا [e] تاۋۇشىغا ، بەزى فونېتىكىلىق شارائىتلاردا [i] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىشى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدا شەكىللەنگەن خاس فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر تىلىنى باشقا تۈركىي تىللاردىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى . بۇ خىل ئاجىزلىشىش تەسىرىدە سۆز يىلتىزى ياكى ئۆزەكتە ئەسلىدە بار فونېتىكىلىق قۇرۇلمىلارنىڭ تۇراقلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە بۇزۇلغان . بۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ۋە تۈرلىنىش ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا تۈركىي تىللارنىڭ ياسىلىش ۋە تۈرلىنىش ئالاھىدىلىكى ئارىسىدا پەرق شەكىللەنگەن .

ئۇيغۇر تىلىدا تۈرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلىدىغان قوشۇمچىلار بىلەن پېئىللارغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار خاراكتېر جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان بولغاچقا ، تۈرغۇن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشى بىلەن پېئىللاردىكى [ɑ] ياكى [ɛ]تاۋۇشلىرىنىڭ

ئاجىزلىشىش شەرتلىرى ، ھەتتا [ɑ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن پېئىللاردىكى [ɑ] تاۋۇشى بىلەن [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن پېئىللاردىكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىش شەرتلىرى ئۆزگىلا ئوخشىمايدۇ . تۆۋەندە بىز بۇ ھەقتە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىمىز.

(1) تۈرغۇن سۆزلەردە ئاجىزلىشىش شەرتلىرى :

a . [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە ( ئىسىم ، سۈپەت ، سان ، مىقدار ، رەۋىش ، ئالماش ، تەقلىد سۆزلەرگە ) مۇناسىپ قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ، ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇمغا يۆتكىلىپ ، مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا ، [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشى [e] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ ( ئەسلى ئەمەلىي تەلەپپۇزدا بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى [ɑ] تاۋۇشى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشى [e] غا ئەمەس ، بەلكى ئارا سوزۇق تاۋۇش [ɨ] غا ئاجىزلىشىدۇ . [ɛ] تاۋۇشى ئارا سوزۇق تاۋۇش [ɨ] غا ئاجىزلىشىدۇ . ) مەسىلەن :

[ɑt] → [etɨ]   [dʒɑn] → [dʒenɨm]   [ɑq] → [eqɨ]
[tɑl] → [telɨ]   [tɛn] → [tenɨ]   [bɛl] → [belɨ]
[sɛn] → [senɨ]   [kɛŋ] → [keŋɨ]   [sɑj] → [sejɨ]

لېكىن ، مەزكۇر بوغۇم يېپىق بوغۇم ھالىتىدە كەلسە ياكى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ ، ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇمغا يۆتكەلمىسە ، يەنى تۇراقلىق ئۇرغۇغا ئىگە بولسا (بۇ خىلدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردۇر ) ، [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشى [e] تاۋۇشىغا ئاجىزلاشمايدۇ . مەسىلەن :

[ɑt] → [ɑtni]   [tɛn] → [tɛndɛ]   [ɑq] → [ɑqrɑq]
[bɑb] → [bɑbi]   [tɑdʒ] → [tɑdʒi]   [tɑr] → [tɑri]
[dɑd] → [dɑdi]   [bɑk] → [bɑki]   [pɑr] → [pɑri]

[pɛm] → [pɛmi]   [tɛm] → [tɛmi]   [tʃɛm] → [tʃɛmi]
[tʃam] → [tʃami]   [san] → [sani]   [bɛʃ] → [bɛʃi]

**b** . ئاخىرقى بوغۇمى [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە مۇناسىپ قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ، ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇمغا يۆتكىلىپ ، مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا ، ئاخىرقى بوغۇمدىكى [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشى [i] غا ئەمەس ، بەلكى ئارا سوزۇق تاۋۇش [ɨ] غا ئاجىزلىشىدۇ . مەسىلەن :

[bala] → [balɨlar]   [anar] → [anɨri]
[aka] → [akɨni]   [ɦɛdɛ] → [ɦɛdɨsi]
[wɛdɛ] → [wɛdɨni]   [qɛlɛm] → [qɛlɨmim]
[paxta] → [paxtɨkar]   [ɦaza] → [ɦazɨdar]

لېكىن ، چەتتىن قوبۇل قىلىنغان بۇ تۈردىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى تۇراقلىق ئۇرغۇغا ئىگە بولغاچقا ، مەزكۇر بوغۇمدىكى [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشى [ɨ] تاۋۇشىغا ئاجىزلاشمايدۇ . مەسىلەن :

[aɦaŋ] → [aɦaŋi]   [bala] → [balasi]
[ajal] → [ajali]   [mɛnbɛ] → [mɛnbɛsi]
[dʒɛmɛt] → [dʒɛmɛti]   [ɛsliɦɛ] → [ɛsliɦɛsi]
[doklat] → [doklati]   [graʒdan] → [graʒdani]

ئاخىرقى بوغۇمى [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، ئەگەر شۇ ئاخىرقى بوغۇم يېپىق بوغۇم ھالىتىدە كەلسە ، [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشى [i] تاۋۇشىغا ئاجىزلاشمايدۇ ، لېكىن « ئالتە » ، « يەتتە » ، « يىگىرمە » قاتارلىق سانلارغا تەرتىپ سان قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا يېپىق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ ، [a] ياكى [ɛ]

تاۋۇشى[ ɨ ] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ . لېكىن ، بۇنداق ئالاھىدە ئەھۋال ئاز ئۇچرايدۇ .

يۇقىرىدا توختالغان ئاجىزلىشىشنىڭ ھەممە تۈرى يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلىدۇ . يەنى ، يېزىقتا ئاجىزلاشقىنى بويىچە يېزىلىدۇ .

c . [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ [ ɨ ] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىشى سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىلا يۈز بېرىپ قالماستىن ، يەنە بىرىككەن سۆز ، جۈپ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىمۇ يۈز بېرىدۇ ، يەنى بىرىككەن سۆز ، جۈپ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئالدىنقى تەركىبىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن بولسا ، ئۇلارغا كېيىنكى تەركىب قوشۇلغاندا ( بىرىككەندە ) ، ئالدىنقى تەركىبنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا ، مەزكۇر بوغۇمدىكى [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشى [ ɨ ] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ . بۇ خىل ئاجىزلىشىشتىن جۈپ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىكى ئاجىزلىشىش بىلەن بىرىككەن سۆزلەردىن يەر ـ جاي ناملىرى ، كىشى ئىسىملىرىدىكى ئاجىزلىشىش يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلمەيدۇ . باشقا تۈردىكى بىرىككەن سۆزلەر تەركىبىدىكى ئاجىزلىشىش يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلىدۇ . مەسىلەن :

| جانلىق تىلدا | يېزىقتا |
|---|---|
| [qɑrɨmɑj] | قارا ماي |
| [mɑzɨrɑldi] | مازار ئالدى ( يەر نامى ) |
| [ømɨrɑxun] | ئۆمەر ئاخۇن |
| [sowʁɨsɑlɑm] | سوۋغا ـ سالام |
| [ɑtʃɨsiŋil] | ئاچا ـ سىڭىل |

چارە ـ تەدبىر [tʃaritɛdbir]

پىتنە ـ پاسات [pitnipasat]

ئانا تىل [anitil]

ئالتە كىشى [altikiʃi]

ئۆيگە قايتماق [øjgiqajtmaq]

تالاغا چىقماق [talaʁitʃiqmaq]

قامچىگۈل [qamtʃigyl]

(2) پېئىللاردا ئاجىزلىشىش شەرتلىرى :

a . [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن ۋە ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللارغا قانداق قوشۇمچە قوشۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئەسلىدىكى يىلتىز ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قېلىپ ، ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇمغا يۆتكەلسە ، يىلتىزدىكى [ɛ] تاۋۇشى [e] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ . مەسىلەن :

[bɛr_] → [berɛj] [kɛs_] → [kesiŋ] [tʃɛk_] → [tʃekip]

[sɛz_] → [sezil] [kɛt_] → [ketiʃ] [tʃɛk_] → [tʃekim]

[kes_] → [kesik] [kɛl_] → [kelip] [bɛr_] → [berɛ]

b . [ɑ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن ۋە ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللارغا سۆز ياسىغۇچى ياكى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئىشقىلىپ [ɑ] تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلسىلا ، ئەسلىدىكى يىلتىز ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ ، [ɑ] تاۋۇشى [e] تاۋۇشىغا ئاجىزلاشمايدۇ . [ɑ] تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار دېگەندە ، ئومۇمەن تۆۋەندىكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى كۆرسىتىدۇ ( ياسىغۇچى قوشۇمچىلار كۆرسىتىلمىدى ) :

● بۇيرۇق ـ خالاش رايىنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك، كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى « ـاي » ، « ـايلى » . مەسىلەن:

[bar_] → [baraj]  [jaz_] → [jazajli]

● رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىدىن « ـا » . مەسىلەن :

[tam_] → [tama – tama]  [jaz_] → [jaza – jaza]

● كېلىدىغان زامان سۈپەتداش قوشۇمچىلىرىدىن « ـار » ۋە « ـىدىغان ( ـا ـدۇر ـغان ) . مەسىلەن :

[bar_] → [barar]  [jaz_] → [jazidiʁan]

● ئېنىق كېلىدىغان زامان خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىسى « ئا » ( بۇ ئەسلى رەۋىشداش قوشۇمچىسى ) . مەسىلەن :

[bar_] → [barimɛn]  [jaz_] → [jazisɛn]

● ئېنىقسىز كەلگۈسى خەۋەر زامان رايىنىڭ بىرىنچى خىل شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى « ـار » ( بۇ قوشۇمچىمۇ ئەسلى سۈپەتداش قوشۇمچىسى ) . مەسىلەن :

[bar_] → [bararmiz]  [qal_] → [qalarsilɛr]

● ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان ۋە خەۋەر رايىنىڭ ئىككىنچى خىل شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى « ـىكەن ( ـا ـدۇر ـ ئىكەن ) » . مەسىلەن :

[bar_] → [baridikɛnmɛn] < bar-a-dur-ikɛn-mɛn

[jaz_] → [jazidikɛnsilɛr] <jaz-a-dur-ikɛn-silɛr

● ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىسى «ـاتـ» ( بۇ قوشۇمچىمۇ ئەسلى پېئىلنىڭ « ئا» لىق رەۋىشداش شەكلىگە باغلامچى پېئىل « ئەرـ » نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى « ئەردى » قوشۇلۇش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ ، كېيىنكى دەۋرلەردە تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە ئۇچراپ هازىرقى شەكلىگە كېلىپ قالغان ) . مەسىلەن :

[bar_] → [barattim]     [jaz_] → [jazattuq]

● ئىمكان تۇس ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىسى « الا » ۋە ئۇنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە كۆرۈلىدىغان قوشۇمچىسى « ـال » . مەسىلەن :

[bar_] → [baralidim]     [jaz_] → [jazaliduq]

[bar_] → [baralmidim]   <bar-al-ma-di-m

● ئىمكان تۇس كېلىدىغان زامان خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىسى « ـالاي ». مەسىلەن :

[bar_] → [baralajmen]     [jaz_] → [jazalajdu]

● سوئال ئۇلانمىسى « ـام » ( بۇ ئۇلانما ئەسلى پېئىللارنىڭ « ئا » لىق رەۋىشداش شەكلىگە « مۇ » ئۇلانمىسىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ ، كېيىن تاۋۇش ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ « ـام » شەكلىگە كېلىپ قالغان ) . مەسىلەن :

[bar_]→[baramsen]   <bar-a-mu-sen

[jaz_]→[jazamsiler]   <jaz-a-mu-siler

● « ئە » يۈكلىمىسى . مەسىلەن :

[jaz_] → [jazε]     [bar_] → [barε]

c . ئاخىرقى بوغۇمى [a] ياكى [ε] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن ۋە ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، ئۆزەكنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىلا ، ئۆزەكنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى [a] ياكى [ε] تاۋۇشى [i] تاۋۇشىغا ( ئەمەلىيەتتە ئارا سوزۇق [ɨ] تاۋۇشىغا ) ئاجىزلىشىدۇ . مەسىلەن :

[qorallan_] → [qorallinaj]

[gyzelleʃ-] → [gyzelliʃip]

[paraŋlaʃ-] → [paraŋliʃattim]
[adɛtlɛn] → [adɛtlinɛlɛjmɛn]

d . [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق ياكى كۆپ بوغۇملۇق تۈپ ياكى ياسالما پېئىللارغا ( يەنى ئوچۇق بوغۇملۇق پېئىللارغا ) [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن ياكى ئالدىنقى بوغۇمى [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشلىرىدىن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ، بۇ پېئىللار ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [a] ، [ɛ] تاۋۇشى [i] تاۋۇشىغا ئاجىزلاشمايدۇ . [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن ياكى ئالدىنقى بوغۇمى [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار دېگەندە ، ئومۇمەن تۆۋەندىكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ ( ياسىغۇچى قوشۇمچىلار كۆرسىتىلمىدى ) :

● ئىزچىل تۈس قوشۇمچىسى « -ۋات - » . مەسىلەن :

[dɛ] → [dɛwatimɛn] [tynɛ] → [tynɛwatimiz]
[baʃla-] → [baʃlawatidu] [søzlɛ] → [søzlɛwatisɛn]

● ھازىرقى زامان ( ئىزچىل ) سۈپەتداش قوشۇمچىسى « -ۋاتقان » . مەسىلەن :

[jɛ] → [jɛwatqan] [sana] → [sanawatqan]
[køzlɛ-] → [køzlɛwatqan] [taʃla] → [taʃlawatqan]

● ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايىنىڭ بىرىنچى شەخس شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى « -ۋاتات -» . مەسىلەن :

[dɛ] → [dɛwatattim] [jiʁla] →[jiʁlawatattiŋ]

● ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايىنىڭ ئىككىنچى شەخس شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى « -ۋاتقاندىـ » ، « ۋاتقانـ » ( بۇ قوشۇمچە ئەسلى ھازىرقى زامان سۈپەتداش قوشۇمچىسى « -ۋاتقان »

غا ھوّكوّم باغلامچىسى « ئەردى » > « ئىدى » نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ، لېكىن كېيىن مەلۇم دەرىجىدە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغان ) . مەسىلەن :

[ojnɑ_] → [ojnawatqaniduq]

[jɛ _] → [jɛwatqanidim]

[uxlɑ _] → [uxlawatqanidiŋ]

[køzlɛ -] →[køzlɛwatqanidi]

● ئىمكان تۈس ، ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىسى « لا- // لە » . مەسىلەن :

[ojlɑ _] → [ojlalidim]　[uxlɑ _] → [uxlalidim]

[dɛ _] → [dɛlidim]　[sɛkrɛ _] → [sɛkrɛlidim]

● ئىمكان تۈس كېلىدىغان خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىسى « -لاي//لەي -» . مەسىلەن :

[sanɑ _] → [sanalajmɛn]　[baʃlɑ _] → [baʃlalajmɛn]

[jɛ -] → [jɛlɛjmɛn]　[tyzɛ _] → [tyzɛlɛjsɛn]

● چەكلىمىسىز تۈس قوشۇمچىسى « -ۋەر » . مەسىلەن :

[qarɑ _] → [qarawɛr]　[ojlɑ _] → [ojlawɛr]

[søzlɛ _] → [søzlɛwɛr]　[dɛ _] → [dɛwɛr]

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن پېئىللاردىكى ئاجىزلىشىشلارنىڭ ھەممىسى يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا [ɑ] ياكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن باشقا يەنە يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش [i] ، [u] ، [y] لەر جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا ياكى ئىككى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە ، ئومۇمەن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تۈسىنى يوقىتىپ يېنىك ، قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . بۇ ئەنە شۇ يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدۇر . مەسىلەن :

[i̥ʃ]　[i̥s]　[u̥q]　[u̥t]　[y̥tʃ]　[pi̥ʃ]

[tʃi̊ʃ] [ůtůq] [qůʃ] [pẙtẙk] [tʃẙʃ]

ئەگەر يۇقىرىقىدەك فونېتىكىلىق شارائىتتا كەلگەن يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلار سەل سوزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولسا (يېنىك ۋە قىسقا ئوقۇلمىسا)، ئۇنىڭ ئاجىزلاشمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەسىلەن، «قىپقىزىل»، «قۇپقۇرۇق»، «تۇپتۇز» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى بوغۇملىرىدىكى يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلار سەل سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، شۇڭا، ئۇلار ئاجىزلاشقان ھېسابلانمايدۇ.

2) ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىنىشى: ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزدا بىر - بىرىگە ئۇلىنىش جەريانىدىكى رولى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلار تەلەپپۇزدا بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ ئېيتىلغاندا، توسقۇنلۇق كۈچى كۈچلۈكرەك بولغان ئۈزۈك تاۋۇش كۈچلۈك ئۈزۈك تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ. توسقۇنلۇق كۈچى ئاجىزراق بولغان ئۈزۈك تاۋۇش ئاجىز ئۈزۈك تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىنىشى دېيىلگەندە، توسقۇنلۇق كۈچى كۈچلۈكرەك ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ توسقۇنلۇق كۈچى ئاجىزراق ئۈزۈك تاۋۇشلارغا ئايلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، توسقۇنلۇق كۈچى پارتلىغۇچى تاۋۇشلاردا ۋە جاراڭسىز تاۋۇشلاردا كۈچلۈكرەك، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلاردا ۋە جاراڭلىق تاۋۇشلاردا ئاجىزراق بولىدۇ. پارتلىغۇچى تاۋۇشلارغا قارىغاندا پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلاردا توسقۇنلۇق كۈچى ئاجىز بولىدۇ. پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارغا قارىغاندا سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلاردا توسقۇنلۇق كۈچى ئاجىز بولىدۇ. شۇڭا، پارتلىغۇچى تاۋۇشلارنىڭ پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارغا ياكى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارغا، پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارنىڭ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارغا، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارغا

ئايلىنىشى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ھېسابلىنىدۇ .

1 . سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كېلىدىغان پارتلىغۇچى ئۇزۇك تاۋۇش [q] شۇ تۈردىكى سۆزلەرگە « ق » دىن باشقا ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان تىل تەركىبلىرى ئۇلانغاندا سىيرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇش [x] غا ئاجىزلىشىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| توقلا ـ | [toxlɑ_] |
| ئۇقتۇر ـ | [uxtur_] |
| سىقما | [sixmɑ] |
| ساقچى | [sɑxtʃi] |
| ئاقسۇ | [ɑxsu] |
| ساق ـ سالامەت | [sɑx - sɑlɑmɛt] |
| ئاق ساراي | [ɑxsɑrɑj] |

لېكىن ، پارتلىغۇچى ئۇزۇك تاۋۇش [q] بوغۇم ياكى سۆز بېشى بولۇپ كەلسە ۋە ياكى [q] تاۋۇشى بىلەن باشلانغان تىل تەركىبلىرى ( بوغۇم ياكى قوشۇمچە ) ئۇلانسا ، [q] تاۋۇشى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [x] غا ئاجىزلاشمايدۇ . مەسىلەن :

[joq -ɑ] → [joqɑ-]　[siq -im] → [siqim]

[uq -iwɑl] → [uqiwɑl]　[ɑq -qɑn] → [ɑqqɑn]

[tʃɑq -ɛ] → [tʃɑqɛ]　[tɑwɑq -qɑ] → [tɑwɑqqɑ]

2 . پارتلىغۇچى ئۇزۇك تاۋۇش [q] بىلەن ئاياغلاشقان ئىككى بوغۇملۇق بىر قىسىم تۈرغۇن سۆزلەرگە ئىسىملارنىڭ شەخس ( تەۋەلىك ) قوشۇمچىلىرى ياكى « ـلىق // ـلۇق » قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا ، تەلەپپۇزدا سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [q] تاۋۇشى

ھەم سىيرىلاڭغۇلىشىدۇ، ھەم جاراڭلىقلىشىدۇ. يەنى پارتىلىغۇچى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش [q] سىيرىلاڭغۇ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش [ʁ] غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| چاتىقىم | [tʃatiʁim] |
| قىزىقى | [qiziʁi] |
| قىرىقى | [qiriʁi] |
| قاندىقى | [qandiʁi] |
| تۇراقلىق | [turaʁliq] |
| قۇرۇقلۇق | [quruʁluq] |

لېكىن، «ھوقۇق»، «ئىتتىپاق» دېگەنگە ئوخشاش بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى [q] تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن، «ھوقۇقى»، «ئىتتىپاقىم» دېگەندەك.

3. پارتىلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش [k] بىلەن ئاخىرلاشقان ئىككى بوغۇملۇق بىر قىسىم تۈرغۇن سۆزلەرگە ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى ياكى «-لىك // -لۈك» قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا، تەلەپپۇزدا شۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى پارتىلىغۇچى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش [k] ئاجىزلىشىپ، سىيرىلاڭغۇ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ئېلېمېنتى بولغان [ɣ] غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| ئۆتۈكۈم | [øtyɣym] |
| يېرىكى | [jiriɣi] |
| ئەللىكى | [ɛlliɣi] |
| بېزەكلىك | [bezɛɣlik] |
| كۆڭلەكلىك | [køŋlɛɣlik] |

| | |
|---|---|
| كۆمۈكلۈك | [kømyɣlyk] |

**ئەسكەرتىش :** [k] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققىنى [ɣ] دىن ئىبارەت بۇ تاۋۇش ئېلېمېنتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىي تەلەپپۇزىدىكى پارتلىغۇچى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى [g] دىن پەرقلىنىدۇ ، شۇڭا ئۇ تاۋۇش ئېلېمېنتى ئادەتتە خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەدە [ɣ] تامغىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . ئۇ تامغا سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ئېلېمېنتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ .

4 . پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش [k] بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى بوغۇمىنىڭ بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە [k] تاۋۇشىدىن باشقا ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان تىل تەركىبلىرى بىلەن ( بوغۇم ياكى قوشۇمچىلار بىلەن ) ئۇلانسا ، [k] تاۋۇشى نۇتۇقتا سىيرىلاڭغۇلىشىپ [ç] تاۋۇشى ئېلېمېنتىغا ئاجىزلىشىدۇ . [ç] تامغىسى خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەدە پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى [k] غا ئەمەس ، بەلكى سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش ئېلېمېنتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| تىكلە- | [tiçlɛ-] |
| ئۆكسۈپ | [øçsyp] |
| كۆكرەك | [køçrɛk] |
| كەكلىك | [kɛçlik] |
| سەكرە- | [sɛçrɛ-] |
| ئەكچىمەك | [ɛçtʃimɛk] |

سەكسەن [sɛçsɛn]

لېكىن ، بوغۇم ياكى سۆز بېشىدا كەلگەندە ۋە ياكى [k] تاۋۇشىدىن باشلانغان تىل تەركىبلىرى ئۇلانغاندا ، [k] تاۋۇشى [ç] تاۋۇشى ئېلېمېنتىغا ئاجىزلاشمايدۇ . مەسىلەن ، « مەككە » ، « يەككە » ، « كۆككىنە» ، « بۆككە » دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [k] تاۋۇشى تەلەپپۇزدا سىيرىلاڭغۇلاشمايدۇ .

5 . پارتىلىغۇچى ئۇزۇك تاۋۇش [p] بىلەن ئاخىرلاشقان ئىككى بوغۇملۇق بىر قىسىم تۇرغۇن سۆزلەرگە ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا ، تەلەپپۇزدا سۆز ئاخىرىدىكى [p] تاۋۇشى ھەم سىيرىلاڭغۇلىشىدۇ ، ھەم جاراڭلىقلىشىدۇ ، بۇ [p] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . يەنى پارتىلىغۇچى ، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش [p] سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش [w] غا ئاجىزلىشىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| غەزىپىم | [ʁɛziwim] |
| تەرتىپى | [tɛrtiwi] |
| مەنسىپىڭ | [mɛnsiwiŋ] |
| كاتىپى | [kɑtiwi] |

لېكىن ، « مائارىپ » ، « سىنىپ » دېگەنگە ئوخشاش بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى [p] تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدۇ .

ئەمدى ، پېئىللارنىڭ « پ » لىك رەۋىشداش شەكلى بەزى ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە يۈز بېرىدىغان [p] تاۋۇشىنىڭ [w] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىش مەسىلىسىگە كەلسەك ( مەسىلەن ، يېزىپ + ئال = يېزىۋال ) ، ئۇ تارىخىي تاۋۇش ئۆزگىرىشىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، ئۇ بىز توختىلىۋاتقان نۇتۇق ئېقىمىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش

دائىرىسىگە ئەمەس ، بەلكى تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش دائىرىسىگە كىرىدۇ .

6 . « باش » ، « باغ » سۆزلىرى بىرىككەن سۆزلەردە ئىككىنچى ( كېيىنكى ) تەركىب بولۇپ كەلسە ياكى سۆز بىرىكمىسى ( سان مىقدار بىرىكمىسى ) دە كېيىنكى تەركىب ( بېقىندۇرغۇچى سۆز ) بولۇپ كەلسە ، شۇ سۆزلەر تەركىبىدىكى پارتلىغۇچى ئۇزۇك تاۋۇش [b] تەلەپپۇزدا سىيرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇش [w] غا ئاجىزلىشىدۇ ، بۇ خىل ئاجىزلىشىش يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلمەيدۇ. مەسىلەن :

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| بەلباغ | [bɛlwaʁ] |
| بەڭباش | [bɛŋwaʃ] |
| مۇزايىبېشى | [mozajweʃi] |
| يېڭىباشتىن | [jeŋiwaʃtin] |
| كاتتىباش | [kattiwaʃ] |
| كۆكباش | [køkwaʃ] |
| ئەمەتباقى | [ɛmɛtwaqi] |
| گۈلباغ ( يەر نامى ) | [gylwaʁ] |

7 . پارتلىغۇچى ئۇزۇك تاۋۇش [g] بوغۇم ئاخىرى ياكى سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە ، ئۇنىڭغا « ك » تاۋۇشىدىن باشقا تىل تەركىبلىرى ( بوغۇم ياكى قوشۇمچىلار ) ئۇلانسا ، تەلەپپۇزدا سىيرىلاڭغۇلىشىپ [ɣ] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| ئۆگزە | [øɣzɛ] |
| تۈگمەن | [tyɣmɛn] |

| | |
|---|---|
| [bɛɣlik] | بەگلىك |
| [yɣrɛ] | ئۆگرە |
| [ɛɣsɛ] | ئەگسە |
| [tyɣmɛk] | تۆگمەك |

لېكىن ، بوغۇم ياكى سۆز بېشى بولۇپ كەلسە ، يەنى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان تىل تەركىبلىرى ئۇلانسا [ɣ] غا ئاجىزلاشمايدۇ . مەسىلەن :

[ɛg -ip] → [egip]  [ɛg -im] → [ɛgim]

[bɛg -im] → [begim]  [tyg -ɛ] → [tygɛ]

« ك » تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغان ئەھۋالدا ، [g] تاۋۇشى [k] تاۋۇشغا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كېتىدۇ . مەسىلەن :

[tyg + kytʃɛ] → [tykkytʃɛ]

[bɛg + kɛ] → [bɛkkɛ]

8 . پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇش [dʒ] بوغۇم ياكى سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلسە ئاجىزلىشىپ ، سىيرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇش [ʒ] غا نۆۋەتلىشىدۇ . مەسىلەن :

| تەلەپپۇزدا | يېزىقتا |
|---|---|
| [xɛʒlɛ -] | خەجلە- |
| [iʒtimaij] | ئىجتىمائىي |
| [gɛʒgɛ] | گەجگە |
| [mɛʒbur] | مەجبۇر |
| [sɛʒdɛ] | سەجدە |
| [taʒ] | تاج |
| [kaʒ] | كاج |

لېكىن ، بوغۇم ياكى سۆز بېشى بولۇپ كەلسە [ʒ] تاۋۇشقا ئاجىزلاشمايدۇ . مەسىلەن ، « جان » ، « بېجى » ، « تاجىم » ...

9 . بوغۇم ياكى سۆز ئاخىرى بولۇپ كېلىدىغان پارتىلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش [tʃ] تەلەپپۇزدا ئومۇمەن سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [ʃ] غا ئاجىزلىشىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| كۆچمەك | [køʃmɛk] |
| ئىچمەك | [iʃmɛk] |
| ئۇچتۇرپان | [uʃturpan] |
| ئاچپاقا | [aʃpaqa] |
| ئاچلىق | [aʃliq] |
| چاچ | [tʃaʃ] |

لېكىن ، بۇ ئۈزۈك تاۋۇشمۇ بوغۇم ياكى سۆز بېشى بولۇپ كەلسە [ʃ] تاۋۇشقا ئاجىزلاشمايدۇ . مەسىلەن ، « چېچى » ، « قېچىپ » ، « ئۇچە » ...

دېمەك ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىنىشى دېگەندە ، ئاساسەن پارتىلىغۇچى ، جاراڭسىز تاۋۇش [q] نىڭ بەزى فونېتىكىلىق شارائىتلاردا سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭسىز تاۋۇش [x] غا ، بەزى فونېتىكىلىق شارائىتلاردا سىيرىلاڭغۇ ، جاراڭلىق تاۋۇش [ʁ] غا ، پارتىلىغۇچى ، جاراڭسىز تاۋۇش [k] نىڭ بەزى فونېتىكىلىق شارائىتلاردا سىيرىلاڭغۇ جاراڭلىق تاۋۇش [ɣ] غا ، بەزى فونېتىكىلىق شارائىتلاردا سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز تاۋۇش [ç] غا ، پارتىلىغۇچى تاۋۇش [b] ، [p] لارنىڭ بەزى فونېتىكىلىق شارائىتلاردا سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [w] غا ، پارتىلىغۇچى تاۋۇش [g] نىڭ بەزى

www.uyghurkitap.com

فونېتىكىلىق شارائىتلاردا سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [ɣ] غا ، پارتلىغۇچى ـ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [dʒ] نىڭ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [ʒ] غا ، پارتلىغۇچى ـ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [tʃ] نىڭ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [ʃ] غا ئاجىزلىششىنى كۆرسىتىدۇ .

ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدىكى بۇ خىل ئاجىزلىشىش ئەھۋالى يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلمەيدۇ .

### 3 . تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

نۇتۇقتا ( جانلىق تىلدا ) سۆزلەر ئايرىم تەلەپپۇز قىلىنغاندا ياكى تۈرلەنگەن شەكىلدە تەلەپپۇز قىلىنغاندا ، ئېيتىلىشقا تېگىشلىك بەزى تاۋۇشلار ھەتتا بەزى بوغۇملار ئېيتىلماي قالىدۇ ، بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى دەپ ئاتىلىدۇ . تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلاردىمۇ ، ئۇزۇك تاۋۇشلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ ، ھەتتا بەزى بوغۇملار چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ . بۇ خىل ھادىسە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قانۇنىيەتلىك ، شەرتلىك ھالدا يۈز بېرىدۇ . بۇنداق فونېتىكىلىق ھادىسە تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ :

1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش شەرتلىرى

1. ئىككىنچى بوغۇمى يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش [i] ، [u] ، [y] دىن تۈزۈلگەن بىر قىسىم ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرگە ( ئاساسەن ئىسىملارغا ) شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا ، ئىككىنچى بوغۇمدىكى يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش [i] ، [u] ، [y] لەر جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە يېزىقتىمۇ چۈشۈپ قالغىنى بويىچە يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
| --- | --- |
| ئىسمىم | [isim + im = ismim] |
| پىكرىم | [pikir + im = pikrim] |

| | |
|---|---|
| ئورنۇم | [orun + um = ornum] |
| ئوغلۇم | [oʁul + um = oʁlum] |
| كۆڭلۈم | [køŋyl + ym = køŋlym] |
| ئۆمرۈم | [ømyr + ym = ømrym] |

2 . تۇرغۇن سۆزلەرگە ۋە پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرىنىڭ بەزى تۇرلىرىگە سوئال ئۇلانمىسى « مۇ » ئۇلىنىپ ، ئارقىدىن يەنە ياردەمچى پېئىل « ئىدى/ئىكەن » كەلسە ، « مۇ » ئۇلانمىسىدىكى « ئۇ » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە چۈشۈپ قالغىنى بويىچە يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| جانلىق تىلدا ۋە يېزىقتا | ئەسلىسى |
|---|---|
| ئادەممىدى | [adɛm + mu + idi] |
| ئېگىزمىكەن | [egiz + mu + ikɛn] |
| شۇممىدى | [ʃu + mu + idi] |
| ئونمىكەن | [on + mu + ikɛn] |
| يازغانمىدىڭ | [jazʁan + mu + idi + ŋ] |
| ئۆتەرمىدى | [øtɛr + mu + idi] |
| ماڭماقچىمىكەن | [maŋmaqtʃi + mu + ikɛn] |
| ئوقۇشمىكەن | [oquʃ + mu + ikɛn] |

3 . « ئا » لىق رەۋىشداش شەكلىگە قەدىمكى ھۆكۈم باغلامچىسى « تۇرۇر » نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى « دۇ » ئۇلىنىپ ، ئاندىن يەنە « ئىكەن » ياردەمچى پېئىلى قوشۇلسا (بۇنىڭدىن كەلگۈسى زامان خەۋەر رايىغا خاس شەكىللەر ھاسىل بولىدۇ ) ، « دۇ » دىكى « ئۇ » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ ھەم چۈشۈپ قالغىنى بويىچە يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| جانلىق تىلدا | ۋە يېزىقتا ئەسلىسى |
|---|---|
| [jaza+du+ikɛn(mɛn)] | يازىدىكەن ( مەن ) |
| [bara+du+ikɛn+miz] | يازىدىكەنمىز |
| [kɛlɛ+du+ikɛn+siz] | كېلىدىكەنسىز |
| [søzlɛj+du+ikɛn+silɛr] | سۆزلەيدىكەنسىلەر |

4 . ئالدىنقى تەركىب سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ، كېيىنكى تەركىب سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بىرىككەن سۆز ، جۈپ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە ئالدىنقى تەركىبنىڭ بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن سوزۇق تاۋۇش جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدۇ . جۈپ سۆز ، سۆز بىرىكمىلىرى ۋە يەر ـ جايناملىرى ، كىشى ئىسىملىرىنى بىلدۈرىدىغان بىرىككەن سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلمەيدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| ئاتا ـ ئانا | [ata:na] |
| غۇلجا ئالمىسى | [ʁuldʒalmisi] |
| ياسالما ئادەم | [jasalmadɛm] |
| هازا ئاچماق | [ɦazaʃmaq] |
| ئارا ئۆستەڭ | [arøstɛŋ] |
| هامما ئاچا | [ɦammatʃa] |
| جىگدە ئېرىق | [dʒigderiq] |
| توختىئاخۇن | [toxtaxun] |
| قارىئاخۇن | [qaraxun] |

لېكىن ، ئادەتتىكى بىرىككەن سۆزلەردە چۈشۈپ قالغىنى بويىچە يېزىلىدۇ . مەسىلەن ، « يىڭنە ئاسقۇ » دېگەن بىرىككەن سۆز جانلىق تىلدا « يىڭناسقۇ » دەپ ئېيتىلىپ ، يېزىقتىمۇ شۇ بويىچە يېزىلغىنىغا ئوخشاش .

5 . « ئىدى » ياردەمچى پېئىللى بۇيرۇق - تەلەپ رايى قوشۇمچىسى « غاي/ قاي/ گەي/ كەي » ( بولۇشلۇق - بولۇشسىز ) بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللاردىن كېيىن ۋە كەلگۈسى زامان مەقسەت خەۋەر رايى قوشۇمچىسى « ماقچى/ مەكچى » بىلەن تۈزۈلگەن پېئىللاردىن كېيىن كەلسە ، ئالدىدىكى « ئى » تاۋۇشى جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدۇ ، يېزىقتىمۇ چۈشۈپ قالغىنى بويىچە يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| جانلىق تىلدا ۋە يېزىقتا | ئەسلىسى |
|---|---|
| يازغىيدى | [jaz + ʁaj + idi] |
| سۆزلىگىيدى | [søzlɛ + gɛj + idi] |
| كەتمىگىيدى | [kɛt + mɛ + gɛj + idi] |
| ياتقىيدى | [jat + qaj + idi] |
| بارماقچىدى | [barmaqtʃi + idi] |

« ئىدى » ياردەمچى پېئىللى شەرت رايىدىكى پېئىللاردىن كېيىن كەلسە، ئالدىدىكى « ئى » يەنىلا چۈشۈپ قالىدۇ ، لېكىن يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| يازسا ئىدى ، يازمىسا ئىدى | [jazsidi] , [jazmisidi] |
| كەتسە ئىدى ، كەتمىسە ئىدى | [kɛtsidi] , [kɛtmisidi] |

6 . « ئىكەن/ ئىمىش » ياردەمچى پېئىللىرى تۈرغۇن

سۆزلەردىن ، شەرت رايىدىكى پېئىللاردىن ، سۈپەتداشلاردىن ۋە « ش » لىق ئىسىمداشلاردىن كېيىن كەلسە ، ئالدىدىكى « ئي » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ ، لېكىن يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| ئادەم ئىكەن // ئىمىش | [ademken // -miʃ] |
| ئوقۇغۇچىئىكەن // ئىمىش | [oquʁutʃiken // -miʃ] |
| سېمىز ئىكەن // ئىمىش | [semizken //-miʃ] |
| ئون ئىكەن // ئىمىش | [onken //-miʃ] |
| شۇنداق ئىكەن // ئىمىش | [undaqken // -miʃ] |
| ئوقۇغانىكەن // ئىمىش | [oquʁanken // -miʃ] |
| تۇرار ئىكەن // ئىمىش | [turarken // -miʃ] |
| تۇرماس ئىكەن // ئىمىش | [turmasken // -miʃ] |
| ئوقۇش ئىكەن // ئىمىش | [oquʃken // -miʃ] |

« ماقچى / مەكچى » بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللاردىن كېيىن كەلگەن « ئىدى / ئىكەن » نىڭ ئالدىدىكى « ئى » تاۋۇشىمۇ جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدۇ ، يېزىقتىمۇ چۈشۈپ قالغىنى بويىچە يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| جانلىق تىلدا ۋە يېزىقتا | ئەسلىسى |
|---|---|
| ئوقۇماقچىكەنمەن | [oqumaqtʃi+iken+men] |
| كەتمەكچىكەنسىز | [ketmektʃi+iken+siz] |
| ئاسماقچىمىش | [asmaqtʃi+imiʃ] |

2) ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش شەرتلىرى : ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى دېگەندە ، ئومۇمەن « ر » ، « ل » ، « ھ » ، « ت » تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىش



www.uyghurkitap.com

هادىسىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . تۆۋەندە بىز ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىش شەرتلىرى ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز . ئۇزۇك تاۋۇشلار جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالغاندا ، چۈشۈپ قالىدىغان ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئالدىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئادەتتىكىدىن سوزۇپراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . بۇ خىل سوزۇپراق تەلەپپۇز قىلىنىش ئەھۋالى يېزىقتا سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىغان سوزۇق تاۋۇش ھەرپىنىڭ ئاخىرىغا « : » بەلگىسى قويۇش ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ .

(1) « ر » تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىش شەرتلىرى :

1 . تۇرغۇن سۆز ۋە پېئىللارنىڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان « ر » تاۋۇشى جانلىق تىلدا كۆپ ھاللاردا چۈشۈپ قالىدۇ . بۇ خىل سۆزلەرگە ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە قوشۇلسىمۇ ، « ر » تاۋۇشى يەنىلا چۈشۈپ قالىدۇ ، لېكىن يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| يامغۇر ، يامغۇردا | [jamʁu:],[jamʁu:da] |
| ئانار ، ئانارنى | [ana:],[ana:ni] |
| خېمىر ، خېمىردىن | [xemi:],[xemi:din] |
| تونۇر ، تونۇرغا | [tonu:],[tonu:ʁa] |
| قار ، قاردەك | [qa:],[qa:dɛk] |
| بار- ، باردىم | [ba:-],[ba:dim] |
| كۆر- ، كۆرسە | [kø:-],[kø:sɛ] |
| كۆكەر - ، كۆكەردى | [køkɛ:-],[køkɛ:di] |
| ئاختۇر - ، ئاختۇرما | [axtu:-],[axtu:ma] |

لېكىن ، بۇ خىلدىكى سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلانسا ، چۈشۈپ قالغان « ر » تاۋۇشى قايتا كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن ، « يامغۇرى » ، « تونۇرۇڭ » ،

www.uyghurkitap.com

« يېرىلىك » ، « بارىدۇ » ، « كۆكىرىدۇ » دېگەندەك .

2 . بىر قىسىم ئىككى ـ ئۈچ بوغۇملۇق تۈپ ۋە ياسالما سۆزلەرنىڭ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى بوغۇمىنىڭ بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كېلىدىغان « ر » تاۋۇشى جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدۇ، لېكىن يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| ئارپا | [ɑ:pɑ] |
| ئۆردەك | [ø:dɛk] |
| قورساق | [qo:sɑq] |
| ئورغاق | [o:ʁɑq] |
| يارما | [jɑ:mɑ] |
| ئارقا | [ɑ:qɑ] |
| ئاختارما | [ɑxtɑ:mɑ] |
| ئارغامچا | [ɑ:ʁɑmtʃɑ] |
| بوردا | [bo:dɑ–] |
| بورداق | [bo:dɑq] |

3 . « ر » تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق تەقلىد سۆزلەرگە « ـقىرا / ـكىرا / ـكىرە » قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش ئارقىلىق پېئىل ياسالسا ۋە بۇ پېئىللاردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرى ياسالسا ، تەقلىد سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى « ر » تاۋۇشى جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدۇ ، لېكىن يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| ۋارقىرا ـ | [wɑ:qirɑ–] |
| پىرقىرا ـ | [pi:qirɑ–] |
| پىرقىرىغۇچ | [pi:qiriʁutʃ] |

| | |
|---|---|
| شارقىرا ـ | [ʃa:qira] |
| شارقىراتما | [ʃa:qiratma] |
| كوركىرا ـ | [ko:kira-] |
| گۈركىره ـ | [gy:kirɛ-] |

4 . كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى « ر » تاۋۇشى جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدۇ ، لېكىن يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلمەيدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| سۇلار | [sula:] |
| ئۆيلەر | [øjlɛ:] |
| سۆزلەڭلار | [søzlɛŋla:] |
| باشلايسىلەر | [baʃlajsilɛ:] |

5 . پېئىللار مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن « ـدۇر /ـتۇر / ـدۈر / ـتۈر » بىلەن تۈرلەنسە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلسا ، شۇ قوشۇمچە تەركىبىدىكى « ر » تاۋۇشى جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدۇ ، لېكىن يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| ماڭدۇر- | [maŋdu:-] |
| ماڭدۇردى | [maŋdu:di] |
| باستۇر- | [bastu:-] |
| باستۇرغىن | [bastu:ʁin] |
| كۈلدۈرمە | [kyldy:mɛ] |
| كەستۈرسە | [kɛsty:sɛ] |
| ئالماشتۇرغىلى | [almaʃtu:ʁili] |

www.uyghurkitap.com

6 . ياردەمچى پېئىل « بەر- » نىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان چەكلىمىسىز تۈس قوشۇمچىسى « -ۋەر» پېئىللارغا قوشۇلغاندا ۋە ئۇلارغا يەنە ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا « -ۋەر » دىكى « ر » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ، لېكىن يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
| --- | --- |
| باشلاۋەر، باشلاۋەرسە | [baʃlawɛ:] , [baʃlawɛ:sɛ] |
| بېرىۋەر، بېرىۋەرمە | [beriwɛ:] , [beriwɛ:mɛ] |
| تۇرۇۋەر، تۇرۇۋەرسۇن | [turuwɛ:] , [turuwɛ:sun] |
| كۆرۈۋەر، كۆرۈۋەرگىن | [kørywɛ:] , [kørywɛ:gin] |

(2) « ل » تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىش شەرتلىرى : « ل » تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى دىگەندە ، « ل » تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان « سال - » ، « ئال - » ، « چال - » ، « قال - » ، « بول - » ، « كەل - » ، « قىل - » قاتارلىق پېئىللاردىكى « ل » تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . بۇ پېئىللاردىكى « ل » تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىش شەرتلىرى ئومۇمەن تۆۋەندىكىچە :

1 . بۇ پېئىللارغا بولۇشسىز قوشۇمچىسى « - ما / - مە » ئۇلانغاندا ، « ل » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
| --- | --- |
| سالما- ، ئالما- ، بولما- | [sɑ:mɑ-] , [ɑ:mɑ-] , [bo:mɑ-] |
| كەلمە- ، قىلما- ، چالما- | [kɛ:mɛ-] , [qi:mɑ-] , [tʃɑ:mɑ-] |

2 . شەرت رايى قوشۇمچىسى « -سا/ -سە » قوشۇلسا ، « ل » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
| --- | --- |
| سالسا ، ئالسا ، كەلسە | [sɑ:sɑ],[ɑ:sɑ],[kɛ:sɛ] |
| چالسا ، بولسا ، قىلسا | [tʃɑ:sɑ],[bo:sɑ],[qi:sɑ] |

3. هازىرقى زامان خەۋەر رايى قوشۇمچىلىرىدىن « ـماقتا / ـمەكتە » ئۇلانسا ، « ل » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| سالماقتا ، ئالماقتا | [sɑ:mɑqtɑ],[ɑ:mɑqtɑ] |
| كەلمەكتە ، قىلماقتا | [kɛ:mɛktɛ],[qi:mɑqtɑ] |

4 . بۇيرۇق رايىنىڭ ئىككىنچى شەخس ئاددىي تۈر قوشۇمچىسىدىن « ـغىن / ـگىن » ، ھۆرمەت تۈرى قوشۇمچىسىدىن « ـسىلا / ـسىلە » ، بۇيرۇق رايى ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى « ـغاي/ ـگەي » ۋە « ـسۇن » لار ئۇلانسا ، « ل » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| سالغىن ، كەلگىن | [sɑ:ʁin] , [kɛ:gin] |
| ئالسىلا ، كەلسىلە | [ɑ:silɑ] , [kɛ:silɛ] |
| قالغاي ، كەلگەي | [qɑ:ʁɑj] , [kɛ:gɛj] |
| چالسۇن ، بولسۇن | [tʃɑ:sun] , [bo:sun] |

5. ئىسىمداش قوشۇمچىلىرىدىن « ـ ماق/ ـ مەك ، ـ غۇ/ـ گۈ » لەر قوشۇلسا ، « ل » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| ئالماق ، سالماق | [ɑ:mɑq] , [sɑ:mɑq] |
| كەلمەك ، بولماق | [kɛ:mɛk] , [bo:mɑq] |
| قالغۇ( م ) ، كەلگۈ( م ) | [qɑ:ʁu(m)] , [kɛ:gy(m)] |

6 . سۈپەتداش قوشۇمچىلىرىدىن « ـ غان/ ـ گەن » ئۇلانسا ، « ل » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| ئالغان ، سالغان | [ɑ:ʁɑn] , [sɑ:ʁɑn] |
| بولغان ، كەلگەن | [bo:ʁɑn] , [kɛ:gɛn] |

7. رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىدىن « ـ غىلى / ـ گىلى » ، « ـ غۇچە/ ـ گۈچە » ، « ـ غاچ / ـ گەچ » ئۇلانسا ، « ل » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| سالغىلى ، كەلگىلى | [sɑ:ʁili] , [kɛ:gili] |
| چالغۇچە ، كەلگۈچە | [tʃɑ:ʁutʃɛ] , [kɛ:gytʃɛ] |
| ئالغاچ ، كەلگەچ | [ɑ:ʁatʃ] , [kɛ:gɛtʃ] |

8 . كەلگۈسى زامان مەقسەت خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىسى « ـماقچى/ ـمەكچى » ئۇلانسا ، « ل » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| سالماقچى ، قىلماقچى | [sɑ:maqtʃi] , [qi:maqtʃi] |
| چالماقچى ، كەلمەكچى | [tʃɑ:maqtʃi] , [kɛ:mɛktʃi] |

9 . مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن « ـغۇز / ـگۈز » ئۇلانسا ، « ل » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| ئالغۇز، سالغۇز | [ɑ:ʁuz] , [sɑ:ʁuz] |
| قىلغۇز، كەلگۈز | [qi:ʁuz] , [kɛ:gyz] |

10 . يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن پېئىللاردىن باشقا ، پېئىللارغا ئىمكان تۈس قوشۇمچىسى « ـالما / ـەلمە » ئۇلانسا ، مەزكۇر قوشۇمچە تەركىبىدىكى « ل » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| ماڭالمىدىم | [maŋɑ:midim] |
| كۆرەلمەيمەن | [kørɛ:mɛjmɛn] |
| يازالمايۋاتىمىز | [jazɑ:majvatimiz] |

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى ، « ل » تاۋۇشىنىڭ جانلىق

تىلدا چۇشۇپ قېلىش ھادىسىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلمەيدۇ.

(3) «ھ» تاۋۇشىنىڭ چۇشۇپ قېلىش شەرتلىرى: ئەسلى ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدە «ھ» تاۋۇشى سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلمەيدۇ. شۇڭا، «ھ» تاۋۇشىنىڭ چۇشۇپ قېلىشى دېگەندە، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ھ» تاۋۇشىنىڭ ئۇيغۇر جانلىق تىلدا چۇشۇپ قېلىشىغا قارىتىلىدۇ. لېكىن، يېزىقتا چۇشۇرۇلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
| --- | --- |
| سىياھ | [sija:] |
| پاناھ | [pana:] |
| گۇناھ | [guna:] |
| پادىشاھ | [padiʃa:] |
| گىياھ | [gija:] |

(4) «ت» تاۋۇشىنىڭ چۇشۇپ قېلىش شەرتلىرى: «ت» تاۋۇشىنىڭ چۇشۇپ قېلىشىمۇ ئاساسەن چەت تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ. يەنى، ئۇيغۇر تىلىغا باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش (بەزىلەر بۇنى قوشما ئۇزۇك تاۋۇش دەپ قارايدۇ) نىڭ بىرى بولغان «ت» تاۋۇشى جانلىق تىلدا چۇشۇپ قالىدۇ، ھەتتا بۇ خىلدىكى سۆزلەرگە ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلسىمۇ، «ت» تاۋۇشى يەنىلا چۇشۇپ قالىدۇ. لېكىن، بۇ خىل چۇشۇپ قېلىش ھادىسىسى يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| قەست ، قەستلە | [qɛs] , [qɛslɛ] |
| دوست ، دوستلار | [dos] , [doslaː] |
| مۇشت ، مۇشتنى | [muʃ] , [muʃni] |
| ئوبلاست ، ئوبلاستتا | [oblas] , [oblasta] |
| راست ، راستچىل | [ras] , [rastʃil] |

لېكىن ، بۇ خىلدىكى سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلسا « ت » تاۋۇشى قايتا كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : قەستەن ، قەستى ، دوستۇم ، مۇشتۇڭ ، ئوبلاستى ...

3) بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىش شەرتلىرى :

(1) « لى ، لۇ » بوغۇملىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىش شەرتلىرى :

1 . « پ » لىق رەۋىشداش شەكلىدە كەلگەن « ئال ـ ، سال ـ ، چال ـ ، قال ـ ، بول ـ ، قىل ـ ، كەل ـ » پېئىللىرى تۈس ياردەمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە، تەركىبىدىكى « لى ، لۇ » بوغۇملىرى جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدۇ ، لېكىن يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| ئېلىپ قوي ـ ، سېلىپ بول ـ | [epqoj-] , [sepbol-] |
| كېلىپ كەت ـ ، قېلىپ قال ـ | [kepkɛt-] , [qepqal-] |
| چېلىپ باق ـ ، بولۇپ كەت ـ | [tʃepbaq-] , [bopkɛt-] |
| كېلىپ تۇر ـ ، قىلىپ بول ـ | [kɛptur] , [qipbol-] |

2 . « پ » لىق رەۋىشداش شەكلىدە كەلگەن يۇقىرىقى پېئىللارغا شەخس ـ سان قوشۇمچىلىرى ياكى باغلامچى پېئىللار ، ئاندىن شەخس ـ سان قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش

ئارقىلىق ياسالغان ئۆتكەن زامان ھېكايە پېئىلى ( بولۇشلۇق ۋە ئۇنىڭ سوئال شەكلى ) نىڭ تەركىبىدىكى « لى ، لۇ » بوغۇملىرى جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدۇ ، لېكىن يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| ئېلىپتىكەنمەن | [aptikɛnmɛn] |
| ئېلىپتىكەنمەنمۇ | [aptikɛnmɛnmu] |
| كېلىپتىكەنسەن | [kɛptikɛnsɛn] |
| قېلىپتىكەن | [qiptikɛn] |
| قېلىپتىكەنمىش | [qɑptikɛnmiʃ] |

(2) « ـ ىپ ، قىپ » بوغۇملىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىش شەرتلىرى : « پ » لىق رەۋىشداش شەكلىدە كەلگەن « چىق ـ » پېئىلى تۇسلۇق ياردەمچى پېئىلى « كەت ـ » بىلەن بىرىكىپ كەلسە ، « چىقىپ » تىكى « ـ ىپ » بوغۇمى ، يەنە بەزىدە « قىپ » بوغۇملىرى جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدۇ ، لېكىن يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ ( ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى دىيالوگلاردا چۈشۈپ قالغىنى بويىچە يېزىلىۋاتىدۇ ) . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| چىقىپ كەتتى | [tʃiqkɛtti] |
| چىقىپ كەتتى | [tʃikɛtti] |

(3) « ۋۇ » بوغۇمىنىڭ چۈشۈپ قېلىش شەرتى : « مانا » ئالمىشى بىلەن « بۇ » ئالمىشىنىڭ بىرىكىشى ۋە تاۋۇش ئۆزگىرىشى يۈز بېرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان كۆرسىتىش ئالمىشى « ماۋۇ » ۋە « ئەنە » ئالمىشى بىلەن « ئۇ » ئالمىشىنىڭ بىرىكىشى ۋە تاۋۇش ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان « ئاۋۇ » ئالمىشى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر يىغىلغان ئەڭ زور كىتابخانا www.uyghurkitap.com

ئېيتىلغاندا ، « ۋۇ » بوغۇمى چۈشۈپ قالىدۇ ، لېكىن يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| ماۋۇنى ، ئاۋۇنى | [ma:ni] , [a:ni] |
| ماۋۇنىڭ ، ئاۋۇنىڭ | [ma:niŋ] , [a:niŋ] |
| ماۋۇنىڭدا ، ئاۋۇنىڭدا | [ma:niŋda] , [a:niŋda] |
| ماۋۇنىڭدىن ، ئاۋۇنىڭدىن | [ma:niŋdin] , [a:niŋdin] |

ئۇنىڭدىن باشقا ، « قايسى » سوئال ئالمىشىمۇ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلىنىپ ئېيتىلغاندا تەركىبىدىكى « -يسى » چۈشۈپ قالىدۇ ، لېكىن يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلمەيدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| قايسىنى ، قايسىنىڭ | [qa:ni] , [qa:niŋ] |
| قايسىنىڭدىن ، قايسىنىڭدا | [qa:niŋdin] , [qa:niŋda] |

4 . تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ ( كۆپىيىپ ) قېلىشى

نۇتۇقتا بىر قىسىم سۆزلەر ئايرىم تەلەپپۇز قىلىنغاندا ياكى تۇرلۇك گىراماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن تۇرلىنىپ تەلەپپۇز قىلىنغاندا ، ئەسلىدە يوق بولغان ( بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان ) بەزى تاۋۇشلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ. مانا مۇشۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە فونېتىكا ئىلمىدە تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى دەپ ئاتىلىدۇ . تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئىنتايىن كۆپ ، لېكىن ئاساسلىقى تەلەپپۇزنى راۋانلاشتۇرۇش ، ئاسانلاشتۇرۇش ۋە بوغۇم چېگراسىنى ئېنىق ئايرىش سەۋەبلىرىدىندۇر . باشقىچە ئېيتقاندا ، تاۋۇش

ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئەسلىدىكى بىرىكىشى مەزكۇر تىلنىڭ تەلەپپۇز ئادىتىگە ماس كەلمىسە، تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ.

1. تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلاردىمۇ، ئۈزۈك تاۋۇشلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

2. بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆزلىرىدە ئازراق، باشقا تىللاردا (ئەرەب تىلى، پارس تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە رۇس تىلى ھەم رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپادىكى باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردە) كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، ئۇ تىللارنىڭ تەلەپپۇز ئادىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇز ئادىتىدە پەرق بولىدۇ.

1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش شەرتلىرى: ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەردە كۆپرەك، ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەردە ئازراق ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. بوغۇملارنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا قوشما ئۈزۈك تاۋۇش (قاتار كېلىدىغان ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش) بىلەن باشلىنىدىغان بوغۇم شەكلى يوق. لېكىن، رۇس تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپا تىللىرىدا بولسا بۇنداق بوغۇم شەكلى بار. رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپادىكى باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بۇ تۈردىكى سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ يېزىلىدۇ ۋە شۇ بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| ئەسلىسى | يېزىقتا |
|---|---|
| ستاژ | ئىستاژ |
| ستىلىستىكا | ئىستىلىستىكا |
| شتاب | ئىشتاب |
| خلور | خىلور |
| گراماتىكا | گىراماتىكا |
| خرۇستال | خىرۇستال |
| گلوبۇس | گىلوبۇس |
| پروزا | پىروزا |
| پروگراما | پىروگراما |
| پلان | پىلان |
| ستىل | ئىستىل |

2 . رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپادىكى باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەردە قوشما ئۈزۈك تاۋۇش سۆز ئوتتۇرىسىدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلسە ، ئۇيغۇر تىلى تەلەپپۇزىدا ئاشۇ قوشما ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا ( ئىككىنچى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ كەينىگە ) ، يەنە بەزىدە قوشما ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا [i] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ . كەينىگە قوشۇلغاندا ، قوشما ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ كېيىنكى تەركىبى ( ئىككىنچى ئۈزۈك تاۋۇش ) ئۆزىگە قوشۇلغان [i] تاۋۇشى بىلەن ئۆز ئالدىغا بىر بوغۇم ھاسىل قىلىدۇ . ئوتتۇرىسىغا قوشۇلغاندا ، شۇ قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ئېلېمېنتى بىلەن بىرىكىپ بىر بوغۇم ھاسىل قىلىدۇ . لېكىن ، بۇ خىل قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| رېنتگېن | [rent(i)gen] |
| ئىنگلىز | [ing(i)liz] |
| ئۇلترا | [ult(i)ra] |
| پىنگۋىن | [ping(i)win] |
| ئېكسپورت | [ek(i)sport] |
| ئېكسكۇرسىيە | [ek(i)skursijɛ] |

3 . ئەرەب تىلى ، پارس تىلى ، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپادىكى باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەردە ، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر قىسىم سۆزلىرىدىمۇ قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ( ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ) سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلسە ، شۇ قوشما ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ لەۋلەشكەن ـ لەۋلەشمىگەنلىكى ۋە تىل ئالدى ياكى تىل كەينى ئىكەنلىكىگە ئاساسەن ، تەلەپپۇزدا [i] ياكى [u] ۋە ياكى [y] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ . بۇ خىل قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسىمۇ يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلمەيدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| رېفلېكس | [reflek(i)s] |
| رېزونانس | [rezonan(i)s] |
| ئورگانىزم | [organiz(i)m] |
| غەرب ( ئەرەبچە ) | [ʁɛr(i)p] |
| بەخت ( پارسچە ) | [bɛx(i)t] |
| خۇلق ( ئەرەبچە ) | [xuluq] |
| كۇرس ( ئەرەبچە ) | [kur(u)s] |
| ھۆسن ( ئەرەبچە ) | [høs(y)n] |

| | |
|---|---|
| تۇرق ( ئۇيغۇرچە ) | [tur(u)q] |
| تۈرك ( ئۇيغۇرچە ) | [tyr(y)k] |
| تىنچ ( ئۇيغۇرچە ) | [tin(i)tʃ] |

4 . ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر قىسىم سۆپەتلەرگە سۆپەتلەرنىڭ كېمەيتىمە دەرىجە شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى « ـراق / ـرەك » قوشۇلغاندا ، سۆز بىلەن قوشۇمچە ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇر تىلىدىكى [i] فونېمىسىدىن پەرقلىق بولغان ، يەنى قىسقا ، يېنىك تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بىر [i] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ ، لېكىن يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلمەيدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| ئاقراق | [aq(i)raq] |
| كۆكرەك | [køk(i)rɛk] |
| چوڭراق | [tʃoŋ(i)raq] |
| ئازراق | [az(i)raq] |
| كىچىكرەك | [kitʃik(i)rɛk] |
| ئاجىزراق | [adʒiz(i)raq] |

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش هادىسىسى ئاساسەن [i] ، ئۇنىڭدىن قالسا [u] ياكى [y] دىن ئىبارەت. يۇقىرى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. هەمدە ئۇلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى تەرتىپسىز ، قانۇنىيەتسىز ئەمەس ، بەلكى شەرتلىك ، قانۇنىيەتلىك بولىدۇ .

2) ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش شەرتلىرى :

1 . ئادەتتە ئۇيغۇر تىلىدا قائىدە بويىچە ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملارغا ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان تەۋەلىك

( شەخس ) قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ . لېكىن ، ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان بەزى ئىسىملارغا ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى « - م // - مىز ؛ - ڭ // - ڭىز // - ڭلار » نى قوشۇشقا بولمايدۇ ، بەلكى شۇ قوشۇمچىلارنىڭ سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان ۋارىيانتلىرىنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ . مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا تەلەپپۇزدا سۆز بىلەن قوشۇمچە ئوتتۇرىسىغا بىر [j] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ . بۇ خىل قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلىدۇ . مەسىلەن :

[imla] → [imla(j)im] → [imla(j)imiz]

[imza] → [imza(j)iŋ] → [imza(j)iŋiz]

[dɛrja] → [dɛrja(j)imiz] → [dɛrja(j)iŋlar]

[muddia] → [muddia(j)im] → [muddia(j)iŋ]

[polu] → [polu(j)um] → [polu(j)imiz]

[toxu] → [toxu(j)uŋ] → [toxu(j)iŋlar]

[tʃɛjdu] → [tʃɛjdu(j)um] → [tʃɛjdu(j)imiz]

2 . ئۇيغۇر تىلىدا قائىدە بويىچە ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللارغا ئادەتتە ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ . لېكىن ، « دە- » ، « يە- » ، « يۇ- » دېگەن پېئىللارغا بەزى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بۇ قائىدىگە چۈشمەيدۇ . يەنى ، يۇقىرىقى پېئىللارغا قائىدە بويىچە ئەسلىدە سۇپەتداش قوشۇمچىسى « -ر » ، ئىسىمداش ياكى ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى « -ش » ، مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىسى « -ل » ئۇلىنىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، بۇ پېئىللارغا ئۇ قوشۇمچىلارنى قوشۇشقا بولمايدۇ . شۇڭا ، ئۇلارغا يۇقىرىقى قوشۇمچىلارنىڭ سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان ۋارىيانتلىرىنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ . مانا

مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇ پېئىللار بىلەن قوشۇمچىلار ئوتتۇرىسىغا بىر [j] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ ۋە يېزىقتىمۇ شۇنداق يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

[dɛ-] → [de(j)ɛr] → [de(j)iʃ] → [de(j)il-]

[jɛ-] → [je(j)ɛr] → [je(j)iʃ] → [je(j)il-]

[ju] → [ju(j)ɑr] → [ju(j)uʃ] → [ju(j)ul]

« يۇ - » پېئىلىغا يۇقىرىقى قوشۇمچىلاردىن باشقا ، يەنە تۆۋەندىكى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىمۇ سۆز بىلەن قوشۇمچە ئوتتۇرىسىغا [j] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ :

**a** . رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىدىن « -ۇپ » ياكى « -ا » لار ئۇلىنىپ كەلگەندە [j] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ . مەسىلەن :

[ju(j)up]　　[ju(j)ɑ-ju(j)ɑ]

**b** . ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىسى « ۇن » ئۇلىنىپ كەلگەندە [j] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ . مەسىلەن :

[ju(j)un-]

**c** . بۇيرۇق - خالاش رايىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەخس ( بىرلىك ، كۆپلۈك ) قوشۇمچىلىرى « -اي ،// -ايلى ؛ -ۇڭ // -ۇڭلار » ئۇلىنىپ كەلگەندە [j] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ . مەسىلەن :

[ju(j)ɑj]　[ju(j)ɑjli]　[ju(j)uŋ]　[ju(j)uŋlɑr]

**d** . ئىمكان تۈس قوشۇمچىلىرى « -الا // -ەلە » ئۇلىنىپ كەلگەندە [j] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ . مەسىلەن :

[ju(j)ɑlidim]　　[ju(j)ɑlmidim]

[ju(ɑlɑjmɛn)]　　[ju(j)ɑlmɑjmɛn]

[ju(j)ɑlmɑywɑtimɛn]

e . سوئال يۈكلىمىسى « مۇ » نىڭ ۋارىيانتى « -ام » ئۇلىنىپ كەلگەندە [j] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ . مەسىلەن :

[ju(j)amsen]

f . « ئە » يۈكلىمىسى ئۇلىنىپ كەلگەندە [j] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ . مەسىلەن :

[ju(j)ɛ]

« يۇ- » پېئىلىنىڭ تۈرلۈك خەۋەر رايى شەكىللىرىدىمۇ [j] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋال بولىدۇ . لېكىن ، بۇ ئەھۋاللار ئومۇمەن يېزىقىمىزدا تىلغا ئېلىنغان قوشۇمچىلار ئاساسىدا ، بولۇپمۇ سۆيەتداش ، رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى ئاساسىدا ھاسىل بولىدىغان بولغاچقا ، ئۇلار ئۈستىدە كونكرېت توختالمايمىز .

3 . ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە « ھ » تاۋۇشى سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلمەيدۇ . لېكىن ئەرەب ، پارس تىللىرىدا بولسا بۇ خىل فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىك بار . ئەرەب ، پارس تىللىرىدىن كىرگەن بۇ تۈردىكى سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| گۇناھ | گۇناھ ( گۇنا ئەمەس ) |
| پادىشاھ | پادىشاھ ( پادىشا ئەمەس ) |
| پاناھ | پاناھ ( پانا ئەمەس ) |
| ئەرۋاھ | ئەرۋاھ ( ئەرۋا ئەمەس ) |

4 . خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ، تەركىبىدە قوشما يۈنمۇ « uan- » ، « uang- » بولغان سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا تەلەپپۇز قىلىنغاندا ، شۇ قوشما يۈنمۇ ئوتتۇرىسىغا قىسقا ، يېنىك ، جاراڭسىز تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بىر ئۆتكۈنچى [w] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ ( بۇ تاۋۇش ئۇيغۇر تىلىدىكى [w]

فونېمىسىدىن پەرقلىنىدۇ ) . لېكىن ، بۇ يېزىقتا ئەكس ئەتكۈزۈلمەيدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| گۇاڭدۇڭ | [gu(w)aŋduŋ] |
| گۇاڭجۇ | [gu(w)aŋdʒu] |
| بىڭتۇەن | [biŋty(w)ɛn] |
| سىچۇەن | [sitʃy(w)ɛn] |
| يۈەن | [jy(w)ɛn] |

5 . ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچە « ىدە » بەزى تەقلىد سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ھالەت رەۋىشلىرىنى ھاسىل قىلغاندا ، شۇ تەقلىد سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش تەكرارلىنىدۇ . بىزنىڭچە ، تەكرارلانغان شۇ ئۈزۈك تاۋۇشمۇ قوشۇلۇپ قالغان ئۈزۈك تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

[gyp(p)idɛ] [paq(q)idɛ] [taŋ(ŋ)idɛ]
[tok(k)idɛ] [kom(m)idɛ] [las(s)idɛ]
[ʃur(r)idɛ] [ʁuʒ(ʒ)idɛ] [pil(l)idɛ]
[ʁatʃ(tʃ)idɛ] [ʃart(t)idɛ]

6 . ئادەتتە ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلى ئاۋۋال شۇ سۈپەتنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا « پ » تاۋۇشىنى قوشۇپ ، ئاندىن سۈپەتنى تولۇق ئېيتىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . شۇنداق بولغاندا ، ئاشۇ قوشۇپ ئېيتىلىدىغان « پ » تاۋۇشىمۇ قوشۇلۇپ قالغان تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

[qi(p)qizil] [a(p)aq] [kø(p)køk]
[ju(p)jumilaq] [tʃo(p)tʃoŋ] [je(p)jeŋi]

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى تەرتىپسىز، قانۇنىيەتسىز ھادىسە بولماستىن، بەلكى شەرتلىك، قانۇنىيەتلىك ھالدا يۈز بېرىدىغان بىر خىل فونېتىكىلىق ھادىسىدۇر. ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە ئەتراپلىق، تولۇق يورۇتۇپ بېرىلسە، تىل ئوقۇتۇشىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر جانلىق تىلى ئوقۇتۇشىغا كۆپ جەھەتلەردە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

### 5. تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى

نۇتۇق ئېقىمىدا سۆز تەركىبىدىكى ئىككى تاۋۇشنىڭ ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇش ھادىسىسى فونېتىكىدا تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە ياكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ تەلەپپۇزىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| دىيالېكت ـ شېۋىلەردە | ئەدەبىي جانلىق تىلدا |
|---|---|
| [arʁij] (كەلپىن) | [ajʁir] |
| [qalmaʃqan] (قومۇل) | [qamlaʃqan] |
| [ɛglɛk] (تۇرپان، قومۇل) | [ɛlgɛk] |
| [asqa-] (تۇرپان) | [aqsa -] |
| [tɛrwɛ-] (قومۇل) | [tɛwrɛ-] |
| [ʁɛnujla] (ئاتۇش) | [ʁɛjnulla] |
| [nɛrwɛ] (قومۇل، لوپنۇر) | [nɛwrɛ] |
| [jilʁa-] (لوپنۇر) | [jiʁla-] |
| [tɛʃkyr-] (قەشقەر) | [tɛkʃyr-] |
| [ʁɛtlɛk] (ئاقسۇ) | [ʁaltɛk] |
| [xemi:tʃut] (يەكەن) | [xemirturutʃ] |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| [sɛzgyrɛʃtɛ] | ( مەكىت ) | [sɛrgyzɛʃtɛ] |
| [mamujaʁatʃ] | ( لوپنۇر ) | [mumajaʁatʃ] |
| [tʃalu] | ( خوتەن ) | [tʃojla] |
| [urʁuj] | | [ujʁur] |
| [hɛtʃiqan] | | [hɛqitʃan] |
| [hawra] | | [harwa] |
| [lahijɛ] | | [lajihɛ] |
| [mazʁap] | | [maʁzap] |

تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش ھادىسىسى ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا يۈز بېرىدىغان ئاسسىمىلياتسىيە ، تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ، تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ، تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىغا ئوخشاش قانۇنىيەتلىك ۋە ئومۇمىيۈزلۈك فونېتىكىلىق ھادىسە ئەمەس .

**6 . قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارغا ئۆزگىرىشى ( ئايلىنىشى )**

سوزۇق تاۋۇشلار يەككە تەلەپپۇز قىلىنغاندا ياكى ئۆزى يالغۇز بىر بوغۇم ھاسىل قىلغاندا ، تەلەپپۇزدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ . ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ بوغۇم ھاسىل قىلغاندا بولسا يەككە ھالدا بوغۇم ھاسىل قىلغان ۋاقىتتىكىدىن قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

[æ:tɛ] [a:dɛm] [wɛtɛn] [baʃqa]

بىز بۇ يەردە بايان قىلماقچى بولغان قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارغا ئۆزگىرىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان ( مەسىلەن ، [a:ra] ، [ara] ، [a:tʃa] ، [atʃa] ، [tɸ:ʃyk] ، [tɸʃyk] دېگەندەك ) ئۇزۇن ۋە قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارغا قارىتىلغان بولماستىن ، بەلكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ بوغۇم ھاسىل قىلغان قىسقا

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدا چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە ئۆزۈن سوزۇق تاۋۇشقا ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىشىغا قارىتىلىدۇ . دېمەك ، ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ بىر بوغۇم ھاسىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىدە كەلگەن ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە ئەسلىدىكىدىن سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىش ھادىسىسى قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇك سوزۇقلارغا ئايلىنىشى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| [bordaq] | [bo:daq] |
| [barʁaq] | [ba:ʁaq] |
| [orʁaq] | [o:ʁaq] |
| [ɸrdɛk] | [ɸ:dɛk] |
| [jɛr] | [jɛ:] |
| [qar] | [qa:] |
| [tonur] | [tonu:] |
| [kitablar] | [kitapla:] |
| [ɸjlɛr] | [ɸjlɛ:] |
| [warqira-] | [wa:qira-] |
| [bardim] | [ba:dim] |
| [kɛlsɛ] | [kɛ:sɛ] |
| [tʃalma-] | [tʃa:ma-] |
| [beriŋlar] | [beriŋla:] |

بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە ئەدەبىي جانلىق تىلدا تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش ھادىسىسىگە قارىغاندا خېلى قانۇنىيەتلىك ۋە ئومۇميۈزلۈك ھادىسە ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## §9 . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى

### 1. تەلەپپۇز قائىدىسى ھەققىدە

تەلەپپۇز قائىدىسى توغرا سۆزلەش قائىدىسى دېگەنلىكتۇر. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تەلەپپۇز قائىدىسى مەلۇم بىر ئەدەبىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە ئالاقە قىلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ شۇ تىلدىكى سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشقا يېتەكلەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ نۇتۇقتا ئورتاق ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدىلەر سىستېمىسىدۇر.

تىلنىڭ ئىملا قائىدىسى بىلەن تەلەپپۇز قائىدىسى تىل ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشتىكى ئىككى مۇھىم قائىدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش دېگەنلىك، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىملاسى بىلەن تەلەپپۇزىنى قېلىپلاشتۇرۇش دېگەنلىك. ئىملانىلا قېلىپلاشتۇرۇپ، تەلەپپۇز تاشلاپ قويۇلسا، تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

ئىملا قائىدىسى مەلۇم بىر ئەدەبىي تىلنىڭ يېزىق شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلسە، تەلەپپۇز قائىدىسى ئەدەبىي تىلنىڭ ئېغىزچە شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. تىلدا ئالاقىلىشىش شارائىتىنىڭ ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تىلنى بۇ ئىككى جەھەتتىن قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى بەلگىلىگەن.

### 2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتى ۋە ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى ھەققىدە

مەلۇم بىر ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىدە شۇ تىلغا تەۋە بولغان دىيالېكتلاردىن بىرسى ئاساس بولىدۇ. قايسى

دىيالېكتنىڭ ئاساس بولىدىغانلىقىنى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى ئەمەس، بەلكى شۇ دىيالېكتنىڭ شۇ تىل قوللىنىلىۋاتقان جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر مەلۇم دىيالېكت رايونى شۇ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولسا ۋە شۇ دىيالېكتتا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ نوپۇسىمۇ كۆپ بولسا، بۇ دىيالېكت شۇ جەمئىيەتتە ئەڭ مۇھىم ھېسابلىنىپ، ئەڭ تەسىرچانلىقى، ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسىي دىيالېكتى بولۇش شەرتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىي دىيالېكتى دېگەندە ئۈرۈمچى، ئىلى، تۇرپان، قومۇل، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە مۇشۇ رايونلارغا قاراشلىق ناھىيەلەردە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىز بۇ رايونلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان مەركىزىي رايونلار ئىكەنلىكىگە قاراپ، بۇ دىيالېكتنى مەركىزىي دىيالېكت دەپ ئاتىدۇق.

مەركىزىي دىيالېكت رايونىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يۇقىرىدىكى رايونلار تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە مەركەز بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايونلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار پۈتۈن ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. كۆلەم جەھەتتە، بۇ دىيالېكت رايونى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇ شەرتلەر ئاساسىدا مەركىزىي دىيالېكت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى ۋە ئوينىماقتا.

بىر ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان

www.uyghurkitap.com

دىيالېكتتا ئالاقە قىلىشىدىغانلارنىڭ تەلەپپۇزى ئومۇمەن ئالغاندا شۇ تىلنىڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۈلگىلىك رول ئوينايدۇ ۋە شۇ تىلنىڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولالايدۇ.

گەرچە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ تەلەپپۇزى مۇشۇنداق مۇھىم رولغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مەركىزىي دىيالېكت ئىچىگە كىرىدىغان ھەر قايسى شېۋىلەر ئارا بەزى فونېتىكىلىق پەرقلەر بولغانلىقى ئۈچۈن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزىنى بېكىتىشتە مەركىزىي دىيالېكت تەۋەسىدىن شۇ دىيالېكت رايونىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىراپ قىلىدىغان، نىسبەتەن ئۆلچەملىك بولغان تەلەپپۇز رايونىنى تاللاپ چىقىش لازىم بولىدۇ.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇستىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان تىل تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان دىيالېكتنىڭ مەركىزىي دىيالېكت ئىكەنلىكى ۋە نىسبەتەن ئۆلچەملىك بولغان تەلەپپۇز رايونىنىڭ ئۈرۈمچى ئىكەنلىكى بېكىتىلدى.

بۇ نۇقتىنى ئۈرۈمچى رايونىنىڭ زامانىمىزدا ئالدى بىلەن سىياسىي مەركەز، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانلىقى، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بۇ رايونغا توپلىنىشى ۋە ھەرقايسى دىيالېكتلار ۋە شېۋىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى يىغىنچاقلىغان ھالدا هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي ئېغىز تىلىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئۆلچەملىك تەلەپپۇزنى شەكىللەندۇرگەنلىكى، بۇنىڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن، بۇ رايوندا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ كۈنسېرى گۈللىنىشى، كىنو ـ تىياتىر، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، ئاخبارات ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىنىڭ كۆپىيىشى قاتارلىق كۆپلىگەن ئاكتىپ ئامىللار ئۇرۇمچى تەلەپپۇزىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزىغا ئاساس بولالايدىغان، مەركىزىي دىيالېكت ئىچىدىكى باشقا شېۋىلەر تەلەپپۇزىغا نىسبەتەن ئۆلچەملىك تەلەپپۇز بولۇپ قالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

بىر مىللەت تىلىدىكى دىيالېكت ۋە شېۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا بىر تەرەپتىن ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقىتىپ بارىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن پايدىلىق تەركىبلىرى بىلەن شۇ ئەدەبىي تىلنى بېيىتىپ بارىدۇ ۋە ئاخىرى شۇ ئەدەبىي تىل بىلەن بولغان پەرقلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. مۇنداق تەرەققىيات جەريانى ھەر قايسى مىللەت تىللىرىدا ۋە ئۇلارنىڭ دىيالېكت، شېۋىلىرىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە داۋاملىشىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئاساسىي ھەل قىلغۇچ ئامىل مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىي تىل بىلەن دىيالېكت ۋە شېۋىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇنداق بولغاچقا، بىز ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرگەن، نىسبەتەن ئۆلچەملىك تەلەپپۇزغا ۋەكىللىك قىلغان شېۋىدىمۇ مەلۇم مەزگىل ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق شېۋە ئالاھىدىلىكلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئېغىز تىل نورمىلىرىنى بېكىتىش بىر تىلدىكى فونېتىكىلىق

خۇسۇسىيەتلەرنى تەلەپپۇز جەھەتتىن بىر قېلىپقا سېلىشنى، جۈملىدىن نىسبەتەن ئۆلچەملىك تەلەپپۇز رايونىدىكى شېۋىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە شاللىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىي تەلەپپۇزنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسىدۇر.

### 3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسىنى تۈزۈش پرىنسىپلىرى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىغىمۇ ئوخشاشلا ئېتىبار بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. ئادەتتە ئىملا قائىدىسى كىشىلەرنى خاتا يېزىشتىن چەكلىسە، تەلەپپۇز قائىدىسى سۆزلەرنى توغرا، ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. تەلەپپۇز قائىدىسى ئىمكانقەدەر ئىملا قائىدىسىگە بېقىنىشى، يەنى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ئىمكانقەدەر ئىملاسى بىلەن ئوخشاش بولۇشى شەرت. جانلىق تىل ئۆزگىرىشچان بولغانلىقتىن تىزگىنلەنمىسە، ئىملا بىلەن تەلەپپۇز ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارا ـ بارا چوڭىيىپ بېرىپ، جانلىق تىل بىلەن يېزىق تىلىنىڭ ئۆزئارا ماسلاشماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ـ دە، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا، ئىجتىمائىي ئالاقىگە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمىي بولغان تەلەپپۇز قائىدىسىنى تۈزۈش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. تەلەپپۇز قائىدىسىنى تۈزۈشتە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى بەلگىلەش لازىم.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسىنى تۈزۈشتىكى پرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

1) ئىمكانقەدەر سۆز تەركىبىدىكى ھەربىر تاۋۇشنى ئېلىپبەدە بېكىتىلگەن تاۋۇش نورمىسى بويىچە تەلەپپۇز قىلىش، سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ شۇ سۆزنىڭ ئىملاسى بىلەن بىردەك بولۇشىنى تەكىتلەش؛ جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلىشتا، نوقۇل ھالدا نۇتۇقنىڭ راۋانلىقىنى قوغلىشىپ كەتمەسلىك؛ جۈملە تەركىبىدىكى مەلۇم سۆزنىڭ تەلەپپۇزىدا ئۆزىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى سۆزلەرنىڭ تەسىرىدىن يۈز بېرىدىغان فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادە قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئەھۋاللاردا ئىملانى ئاساس قىلىش.

ھەرقانداق يېزىق تىل جانلىق تىل ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. لېكىن ئۇ شەكىللەنگەندىن كېيىن يېزىقنىڭ چەكلەش رولى ۋە ئىملا قائىدىسى ئارقىلىق جانلىق تىلغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ ھەمدە تەلەپپۇزنىڭ بىر قېلىپقا چۈشۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز نورمىلىرىنىڭ ئىملا نورمىلىرى بىلەن بىر خىلدا بولۇشىنى تەكىتلەش تولىمۇ مۇھىم.

2) فىزىيولوگىيەلىك شارائىت يار بەرمىگەن ئايرىم ئەھۋاللاردا سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنى قوغلاشماي، تەلەپپۇزغا مەلۇم جەھەتتىن يول قويۇش.

جانلىق تىلمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بەزى سۆزلەر كونكرېت ئالاقە شارائىتىدا يېزىقتا ئىپادىلەنگىنى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنسا، نۇتۇقنىڭ راۋانلىقى ۋە يېقىملىقلىقىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا تەلەپپۇز قائىدىسىنى بېكىتىشتە، ھەممىلا ئورۇندا سۆزلەرنىڭ ئىملاسى بىلەن تەلەپپۇزىنىڭ بىردەك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك دېگەن تەلەپنى قويغىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### 4. هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى

سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ئاساسەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما ئايرىم ئەھۋاللاردا يۇقىرىدىكى ئىككىنچى پرىنسىپ بويىچە ھەل قىلىنىدۇ. بۇ قېتىم تەلەپپۇز قائىدىسىنى بېكىتىشتە، سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن ئىملاسىنىڭ بىردەك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى. بۇنىڭدا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار تۆۋەندىكىچە:

1) بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن « ر، ل، ھ » تاۋۇشلىرى نۇتۇقتا ھەرقانداق ئەھۋالدا چۈشۈرۈلمەيدۇ. ئەمما سىلىقراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئانار | ئانار (ئانا: ئەمەس) |
| دۇتار | دۇتار (دۇتا: ئەمەس) |
| بارغان | بارغان (با:غان ئەمەس) |
| كۆرگەن | كۆرگەن (كۆ:گەن ئەمەس) |
| ئالغان | ئالغان (ئا:غان ئەمەس) |
| بولغان | بولغان (بو:غان ئەمەس) |
| چالماق | چالماق (چا:ماق ئەمەس) |
| سالماق | سالماق (سا:ماق ئەمەس) |
| پادىشاھ | پادىشاھ (پادىشا ئەمەس) |
| ئارامگاھ | ئارامگاھ (ئارامگا ئەمەس) |
| ھېيتگاھ | ھېيتگاھ (ھېيتگا ئەمەس) |

2) پېئىللارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئايىغىدىكى « ن » تاۋۇشى چۈشۈرۈلمەي، ئۆز پېتى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| بارىمەن | بارىمەن (بارىمە ئەمەس) |
| كېلىمەن | كېلىمەن (كېلىمە ئەمەس) |
| بارىسەن | بارىسەن (بارىسە ئەمەس) |
| كېلىسەن | كېلىسەن (كېلىسە ئەمەس) |

3) (1) رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان، « س » ياكى « ش » جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلىرى ئۆزىدىن باشقا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن قاتارلىشىپ، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەردە، قاتارلىشىپ كەلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىغا « ئى » سوزۇق تاۋۇشى قوشۇلۇپ، جاراڭسىز ۋە قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئىستىل | ئىستىل |
| ئىستاكان | ئىستاكان |
| ئىشتات | ئىشتات |
| ئىشكاپ | ئىشكاپ |

(2) رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان، « س » ياكى « ش » جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلىرىدىن باشقا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار قاتارلىشىپ، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەردە، قاتارلىشىپ كەلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئارىسىغا « ئى » سوزۇق تاۋۇشى قوشۇلۇپ، جاراڭسىز ۋە قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| پىتومائىن | پىتومائىن |
| پىتېروكارىيە | پىتېروكارىيە |
| فىتور | فىتور |

(3) رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان، ئالدىنقىسى جاراڭسىز، كېيىنكىسى جاراڭلىق ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش قاتارلىشىپ سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەردە، بۇ ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئارىسىغا « ئى » سوزۇق تاۋۇشى قوشۇلۇپ، جاراڭلىق ۋە قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| سمولا | سىمولا |
| سلانېتس | سىلانېتس |
| شلانكا | شىلانكا |
| پرىنسىپ | پىرىنسىپ |
| تراكتور | تىراكتور |
| خروم | خىروم |
| كلاسسىك | كىلاسسىك |

(4) رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان، ئىككى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش قاتارلىشىپ سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەردە، بۇ ئىككى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ئارىسىغا « ئى » سوزۇق تاۋۇشى قوشۇلۇپ، جاراڭلىق ۋە قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| براخما | بىراخما |
| برىتۋا | بىرىتۋا |
| برىليانت | بىرىليانت |
| بروم | بىروم |
| برونېۋىك | بىرونېۋىك |
| دراپ | دىراپ |
| دراما | دىراما |

(5) بەزى سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدىكى بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار

تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن چۈشۈپ قېلىپ، ئەسلى يېپىق بوغۇم ئوچۇق بوغۇمغا ئايلانغان بولسا، چۈشۈپ قالغان ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئالدىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
| --- | --- |
| ئەتە (ئەسلى ئەرتە) | ئە:تە |
| باغاق (ئەسلى بارغاق) | با:غاق |
| چۇقان (ئەسلى چۇۋقان) | چۇ:قان |

ئەسكەرتىش:

(6) : « ر» تاۋۇشىنىڭ ئالدىدا كەلگەن « ئا، ئە، ئو، ئۆ، ئې » تاۋۇشلىرى ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
| --- | --- |
| ئارا | ئا:را |
| ھەرە | ھە:رە |
| ئورۇق | ئو:رۇق |
| ئۆرە | ئۆ:رە |
| يورۇق | يو:رۇق |
| بېرىپ | بې:رىپ |
| يېرىپ | يې:رىپ |

(7) « ر، ل » تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن « ئۇ، ئۈ، ئى » تاۋۇشلىرى قىسقىراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
| --- | --- |
| تۇرۇپ | تۇرۇپ |
| تۈلۈم | تۈلۈم |
| كۈلۈپ | كۈلۈپ |
| كۇرۇك | كۇرۇك |
| بىلىم | بىلىم |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| بىلىپ | بىلىپ |
| چىرىك | چىرىك |
| قىرىپ | قىرىپ |
| بىراق | بىراق |
| بىلەن | بىلەن |
| تىلىم | تىلىم |
| چىلىم | چىلىم |

(8) جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا «ئۇ، ئۈ، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرى كەلسە، بۇلار تەلەپپۇزدا جاراڭسىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئۇت | ئۇت |
| ئۈچ | ئۈچ |
| كۈت | كۈت |
| كۈچ | كۈچ |
| ئىت | ئىت |
| پىت | پىت |

(9) ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان تۆۋەندىكىدەك بىر قىسىم سۆزلەردىكى «ئا»، «ئە» تاۋۇشلىرى ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئادەم | ئا:دەم |
| نالە | نا:لە |
| ئىئانە | ئىئا:نە |
| ماھىر | ما:ھىر |
| زالىم | زا:لىم |
| نامەرد | نا:مەرد |
| سايە | سا:يە |

(10) بىر قىسىم « ر، ل » بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى « ئا » ۋە « ئە » تاۋۇشلىرى ئەسلىدە سەل ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مۇنداق سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندىمۇ، بۇ « ئا » ۋە « ئە » تاۋۇشلىرى ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتمىغانلىقتىن، « ئې » غا نۆۋەتلەشمەي، تەلەپپۇزدا ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| سان ــ سانى | سا:نى |
| پال ــ پالى | پا:لى |
| زال ــ زالى | زا:لى |
| شال ــ شالى | شا:لى |
| هال ــ هالى | ها:لى |
| يال ــ يالى | يا:لى |
| قار ــ قارى | قا:رى |
| تار ــ تارى | تا:رى |
| يار ــ يارى | يا:رى |
| تەر ــ تەرى | تە:رى |
| كار ــ كارى | كا:رى |
| پار ــ پارى | پا:رى |
| شار ــ شارى | شا:رى |
| دار ــ دارى | دا:رى |
| گار ــ گارى | گا:رى |

(11) « ت، ن، پ، ز، ش » قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە تىل ئورنى ياكى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى مۇشۇ تاۋۇشلارغا ئوخشاش بولغان تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، نۇتۇقتا ئومۇمەن ئاسسىمىلياتسىيە هادىسىسىگە يول قويۇلماي، سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش ئۆز پېتى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئاتسا | ئاتسا (ئاسسا ئەمەس) |
| ساتسا | ساتسا (ساسسا ئەمەس) |
| كەتسە | كەتسە (كەسسە ئەمەس) |
| ئونبىر | ئونبىر (ئومبىر ئەمەس) |
| شەنبە | شەنبە (شەمبە ئەمەس) |
| تۇرپانغا | تۇرپانغا (تۇرپاڭغا ئەمەس) |
| يامانغا | يامانغا (ياماڭغا ئەمەس) |
| ئوقۇپباق | ئوقۇپباق (ئوقۇپپاق ئەمەس) |
| يېزىپبەر | يېزىپبەر (يېزىپپەر ئەمەس) |
| مەنمۇ | مەنمۇ (مەممۇ ئەمەس) |
| يامانلىق | يامانلىق (ياماللىق ئەمەس) |
| يۈزسىز | يۈزسىز (يۈسسىز ئەمەس) |
| تۇزسىز | تۇزسىز (تۇسسىز ئەمەس) |
| پىشسۇن | پىشسۇن (پىسسۇن ئەمەس) |

(12) بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن « د، ب » ئۈزۈك تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا، جاراڭسىز پارتلىغۇچى « ت، پ » تاۋۇشلىرىغا يېقىنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئەۋلاد | ئەۋلاد (ئەۋلات ئەمەس) |
| تەنقىد | تەنقىد (تەنقىت ئەمەس) |
| ئىقتىساد | ئىقتىساد (ئىختىسات ئەمەس) |
| ئازاب | ئازاب (ئازاپ ئەمەس) |
| ئەدىب | ئەدىب (ئەدىپ ئەمەس) |
| كىتاب | كىتاب (كىتاپ ئەمەس) |

(13) بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن « ق، چ » ئۈزۈك تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا ئۆز پېتى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئاقساقال | ئاقساقال (ئاخساقال ئەمەس) |
| ساقچى | ساقچى (ساخچى ئەمەس) |
| ئۇقتۇرۇش | ئۇقتۇرۇش (ئۇختۇرۇش ئەمەس) |
| تۇراقسىز | تۇراقسىز (تۇراخسىز ئەمەس) |
| ئاچقان | ئاچقان (ئاشقان ئەمەس) |
| قاچقۇن | قاچقۇن (قاشقۇن ئەمەس) |
| ئۆچقان | ئۆچقان (ئۆشقان ئەمەس) |
| ئاچقۇچ | ئاچقۇچ (ئاشقۇچ ئەمەس) |

(14) بوغۇوۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن « ج » تاۋۇشى نۇتۇقتا « ژ » تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشتۇرۇلمەي، ئۆز پېتى يېنىكرەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| باج | باج (باژ ئەمەس) |
| كاج | كاج (كاژ ئەمەس) |
| ئۆجمە | ئۆجمە (ئۆژمە ئەمەس) |
| ئىجتىمائىي | ئىجتىمائىي (ئىژتىمائىي ئەمەس) |

(15) ئىككىنچى تەركىبى « ب » بىلەن باشلانغان بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى تەركىبىنىڭ بوغۇم بېشىدىكى « ب » تاۋۇشى تەلەپپۇزدا « ۋ » غا نۆۋەتلەشتۇرۇلمەي، ئىملاسى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| بەلباغ | بەلباغ (بەلۋاغ ئەمەس) |
| گۈلباغ | گۈلباغ (گۈلۋاغ ئەمەس) |
| قاپاقباش | قاپاقباش (قاپاقۋاش ئەمەس) |
| كاتتىباش | كاتتىباش (كاتتىۋاش ئەمەس) |
| ئونبېشى | ئونبېشى (ئونۋېشى ئەمەس) |
| يۈزبېشى | يۈزبېشى (يۈزۋېشى ئەمەس) |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| يوزبېگى | يوزبېگى (يوزۋېگى ئەمەس) |
| مىڭبېگى | مىڭبېگى (مىڭۋېگى ئەمەس) |
| ئەمەتباقى | ئەمەتباقى (ئەمەتۋاقى ئەمەس) |

(16) بىرىنچى تەركىبىنىڭ ئاخىرىدا « ئا » ۋە « ئە » تاۋۇشلىرى كېلىدىغان بىرىككەن سۆزلەر، يەر-جاي ناملىرى ۋە جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىملاسىدا، ئەگەر بىرىنچى تەركىبىدىكى « ئا » ۋە « ئە » تاۋۇشلىرى « ئى » غا نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي ئۆز پېتى يېزىلغان بولسا، بۇ يەردىكى « ئا » ۋە « ئە » تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا سەل قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| قاراماي | قاراماي (قارىماي ئەمەس) |
| ئاراساي | ئاراساي (ئارىساي ئەمەس) |
| ئارائۆستەڭ | ئارائۆستەڭ (ئارىئۆستەڭ ئەمەس) |
| جاغداساي | جاغداساي (جاغدىساي ئەمەس) |
| جىگدەمازار | جىگدەمازار (جىگدىمازار ئەمەس) |
| دۈشەنبەبازار | دۈشەنبەبازار (دۈشەنبىبازار ئەمەس) |
| ئاتا ـ ئانا | ئاتا ـ ئانا (ئاتى ـ ئانا ئەمەس) |
| ئانا ـ بالا | ئانا ـ بالا (ئانى ـ بالا ئەمەس) |
| خالتا ـ خالتا | خالتا ـ خالتا (خالتى ـ خالتا ئەمەس) |
| ئارقا ـ ئارقىدىن | ئارقا ـ ئارقىدىن (ئارقى ـ ئارقىدىن ئەمەس) |
| ئەتە ـ ئۆگۈن | ئەتە ـ ئۆگۈن (ئەتى ـ ئۆگۈن ئەمەس) |
| كەلسە ـ كەلمەس | كەلسە ـ كەلمەس (كەلسى ـ كەلمەس ئەمەس) |

ئەگەر بىرىنچى تەركىبىنىڭ ئاخىرىدىكى « ئا » ۋە « ئە » تاۋۇشلىرى ئىملادا « ئى » غا نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ يېزىلگەن بولسا، ئوخشاشلا بۇ يەردىكى « ئى » تاۋۇشى سەل قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| قاغىتۇمشۇق | قاغىتۇمشۇق |

| | |
|---|---|
| قارىمۇچ | قارىمۇچ |
| بالىياتقۇ | بالىياتقۇ |
| تۆگىتاپان | تۆگىتاپان |

(17) كىشى ئىسىملىرى ئىملاسى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| يۇسۇپ ئاكا | يۇسۇپ ئاكا (يۇسۇۋاكا ئەمەس) |
| تالىپ ئاخۇن | تالىپ ئاخۇن (تالىۋاخۇن ئەمەس) |
| زەينەپ ئاچا | زەينەپ ئاچا (زەينىۋاچا ئەمەس) |
| ئەركىنئاي | ئەركىنئاي (ئەركىناي ئەمەس) |
| گۈزەلئاي | گۈزەلئاي (گۈزەلاي ئەمەس) |

(18) « ئىدى، ئىكەن، ئىمىش » ياردەمچى پېئىللىرى تۇرغۇن سۆزلەردىن كېيىن كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلماي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۈچۈق بوغۇملۇق سۆزلەردىن كېيىن

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئالما ئىدى | ئالما ئىدى (ئالمىدى، ئالمىكەن، ئالمىمىش ئەمەس) |
| ئالتە ئىدى | ئالتە ئىدى (ئالتىدى، ئالتىكەن، ئالتىمىش ئەمەس) |
| توختى ئىدى | توختى ئىدى (توختىدى، توختىكەن توختىمىش ئەمەس) |

يېپىق بوغۇملۇق سۆزلەردىن كېيىن

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| تاش ئىدى | تاش ئىدى (تاشىدى ئەمەس) |
| چايدان ئىدى | چايدان ئىدى (چايدانىدى ئەمەس) |
| تۇمار ئىدى | تۇمار ئىدى (تۇمارىدى ئەمەس) |
| چەينەك ئىدى | چەينەك ئىدى (چەينەكىدى ئەمەس) |

www.uyghurkitap.com

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
| --- | --- |
| قەغەز ئىدى | قەغەز ئىدى (قەغەزىدى ئەمەس) |

(19) جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش « غ، گ » لار بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ مۇشۇ تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى قوشۇلغاندا، ئۆزەكنىڭ ئاخىرىدىكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى ئوخشاش جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشنى بىرلا ۋاقىتتا ئارقا ـ ئارقىدىن تەلەپپۇز قىلىش قىيىن بولغاچقا، بۇ سۆزلەرگە ئىملادا قوشۇمچىلارنىڭ مۇشۇ تاۋۇشلارغا يېقىن جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش « ق، ك » بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. ئەمما تەلەپپۇزدا بوغۇم ئاخىرىدىكى « غ، گ » تاۋۇشلىرى « ق، ك » گە ئۆزگەرتىلىشتۈرۈلۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
| --- | --- |
| باغقا | باققا |
| تاغقا | تاققا |
| تۇغقان | تۇققان |
| ئەگكەن | ئەككەن |
| تەگكەن | تەككەن |
| بەگكە | بەككە |

(20) خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردە، قوشما يۇنمۇلار تەركىبىدىكى ئۆتكۈنچى سوزۇق تاۋۇشلار ئاساسىي سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىر بوغۇم قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
| --- | --- |
| جۇڭخۇا | جۇڭخۇا (جۇڭ ـ خۇ ـ ا ئەمەس) |
| گۇاڭدۇڭ | گۇاڭدۇڭ (گۇ ـ اڭ ـ دۇڭ ئەمەس) |
| تيەنئەنمېن | تيەنئەنمېن (تى ـ يەن ـ ئەن ـ مېن ئەمەس) |

(21) ئۇيغۇر تىلىدا باش ھەرپ بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەر شۇ ھەرپلەرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىكى نامى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
|---|---|
| شې ئۇ ئا رې | ش ئۇ ئا ر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) |
| جې كې پې | ج ك پ (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى) |
| بې دې تې | ب د ت (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى) |
| شې ئا ئە تې | ش ئا ئە ت (شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى) |

(22) خەلقئارادا ھەرپ بويىچە قىسقارتىپ قوللىنىش ئادەتلىنىپ كەتكەن قىسقارتىلغان سۆزلەر تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنغاندا، خەلقئارادىكى لاتىن ھەرپلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
|---|---|
| دابلىيۇ تې ئوۋ | WTO — (دۇنيا سودا تەشكىلاتى) |
| جى دى پى | GDP — (ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى) |
| بى بى سى | BBC — (ئەنگلىيە رادىيو شىركىتى) |
| كى گى بى | KGB — (دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتى) |
| ۋى سى دى | VCD — (ۋىدىيولۇق ئوپتىكىلىق دىسكا) |
| دى ۋى دى | DVD — (رەقەملىك ۋىدىيولۇق دىسكا) |
| سى دى | CD — (ئوپتىكىلىق دىسكا) |

(23) خەلقئارادا قىسقارتىپ يېزىلىپ كېلىۋاتقان ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇق نامى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
|---|---|
| سانتىمېتىر | س م (cm) |
| كىلومېتىر | ك م (km) |
| كىلولىتىر | ك ل (kl) |
| كىلوۋات | ك ۋ (kw) |
| مىللىگرام | م گ (mg) |
| مىللىمېتىر | م م (mm) |

(24) تېلېفون ۋە پوچتا نومۇرلىرىنى ئوقۇشتا ئالدىنقى ئۈچ خانىسى بىر ئوقۇلۇپ، قالغان خانىلىرى ئىككى ـ ئىككىدىن ئوقۇلىدۇ. ئەگەر ئالدىنقى ئۈچ خانىسىدىن كېيىن بىرقانچە نۆل قاتار كېلىپ قالسا، ئىككى نۆلدىن كېيىن «دانە» دېگەن سۆز قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
| --- | --- |
| 8552357 | سەككىز يۈز ئەللىك بەش، يىگىرمە ئۈچ، ئەللىك يەتتە |
| 13669923310 | بىر يۈز ئوتتۇز ئالتە، ئاتمىش توققۇز، توقسان ئىككى، ئوتتۇز ئۈچ، ئون |
| 830001 | سەككىز يۈز ئوتتۇز، ئىككى دانە نۆل، بىر |

# ليكسكا

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىرىنچى باب

# لېكسىكولوگىيە ھەققىدە بايان

## §1. لېكسىكولوگىيەنىڭ ئوبيېكتى ۋە تارماقلىرى

### 1. لېكسىكولوگىيەنىڭ ئوبيېكتى

«لېكسىكولوگىيە» دېگەن بۇ ئاتالغۇ گىرېك تىلىدىكى «lexikos» (سۆز) ۋە «logos» (تەلىمات، ئىلىم ـ پەن) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۇ «سۆز ۋە سۆزلۈك ھەققىدىكى تەلىمات» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «لېكسىكا» ئاتالغۇسىمۇ گىرېك تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «سۆزلۈك»، «لۇغەت تەركىبى»، «لۇغەت سوستاۋى»، «لۇغەت فوندى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەلۇم بىر تىل ياكى دىيالېكتتىكى سۆز ۋە ئىدىيوملارنىڭ يىغىندىسى سۆزلۈك ياكى لېكسىكا دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، لېكسىكولوگىيە سۆز ۋە ئىدىيوملارنىڭ يىغىندىسى بولغان سۆزلۈك سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، لېكسىكولوگىيە سۆزلەرنى، سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە سۆز مەنىسىنىڭ خاراكتېرىنى، سۆز مەنىسىنىڭ تۈزۈلۈشىنى (ئىدراكنى مەنە، تۇس مەنە، لېكسىكىلىق مەنە قاتارلىقلارنى)، سۆز مەنىلىرىنىڭ تۈرىنى، سۆز مەنىلىرىنىڭ مەنە جەھەتتىن تۈركۈملىنىشىنى (بىر مەنىلىك سۆزلەر، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر، قارشى مەنىلىك

سۆزلەر، مەنىداش سۆزلەر قاتارلىقلارنى)، سۆزلەرنىڭ تاۋۇش ۋە شەكىل جەھەتتىن تۈركۈملىنىشىنى (ئاھاڭداش سۆزلەر ۋە شەكىلداش سۆزلەرنى)، سۆز مەنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى، ئىدىيوملار ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، سۆزلۈكنى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشىنى، سۆزلۈكنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى، لۇغەت تۈزۈش نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

لېكسىكولوگىيە سۆزلەرنى تەتقىق قىلغاندا، ئاساسلىقى تىلدىكى مۇئەييەن لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولغان مۇستەقىل سۆزلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

## 2. لېكسىكولوگىيەنىڭ تارماقلىرى

لېكسىكولوگىيە تەتقىقات ئوبيېكتىغا قاراپ، ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە ۋە كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيەسى (مەخسۇس لېكسىكولوگىيە ياكى ئايرىم تىللار لېكسىكولوگىيەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تىلنىڭ لېكسىكىسىغا دائىر ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئاساسىي قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھەرقايسى كونكرېت تىللارنىڭ لېكسىكولوگىيەسى ئاساسىدا ئىنسانلارنىڭ سۆزلۈكىگە دائىر ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئاساسىي قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئادەتتە ئومۇمىي تىلشۇناسلىق كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. مەلۇم بىر كونكرېت تىلنىڭ سۆزلۈكىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە نەزەرىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەلۇم بىر تىلدىكى سۆز ۋە سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى بولغان سۆزلۈكنىڭ تۈرلۈك

ئالاھىدىلىكلىرى، قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى قاتارلىقلارنى كونكرېت تەتقىق قىلىدىغان بولغاچقا، ئادەتتە كونكرېت تىللار تىلشۇناسلىقى كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە بىلەن كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيەسى ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە تايانغان، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيەسى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ ھەم تەرەققىي قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ نەزەرىيەۋى سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيەسى يەنە ئۆز ئىچىدىن تارىخىي لېكسىكولوگىيە (دىياخرونىك لېكسىكولوگىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە چاغداش لېكسىكولوگىيە (سىنخرونىك لېكسىكولوگىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مەلۇم بىر تىلنىڭ سۆزلۈك سىستېمىسىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى تەتقىق قىلىنىدىغان لېكسىكولوگىيە تارىخىي لېكسىكولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەلۇم بىر تىلنىڭ سۆزلۈك سىستېمىسىنىڭ مۇئەييەن بىر دەۋردىكى (ئاساسەن ھازىرقى دەۋردىكى) تۈرلۈك قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى تەتقىق قىلىنىدىغان لېكسىكولوگىيە چاغداش لېكسىكولوگىيە چاغداش دەپ ئاتىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ئۆز نۆۋىتىدە ھەم كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيەسى، ھەم چاغداش لېكسىكولوگىيە ھېسابلىنىدۇ.

«لېكسىكولوگىيە» ئاتالغۇسى يەنە تار ۋە كەڭ مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. تار مەنىدە قوللىنىلغاندا، تىلنىڭ سۆزلۈك

سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى، تەرەققىيات قانۇنىيىتى، ئالاھىدىلىكى، سۆزلۈك سىستېمىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. كەڭ مەنىدە قوللىنىلغاندا، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن باشقا، يەنە سېمانتىكا، ئېتىمولوگىيە، فىرازىيولوگىيە ۋە لۇغەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنى تەتقىق قىلىدىغان مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## §2. لېكسىكولوگىيەنىڭ رولى ۋە ۋەزىپىسى

### 1. لېكسىكولوگىيەنىڭ رولى

لېكسىكولوگىيە تىلشۇناسلىقتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي تىل مەسىلىلىرى لېكسىكولوگىيەنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ.

لېكسىكولوگىيە تىلنى قېلىپلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى، سۆزلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش تىلنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. سۆزلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك مەسىلىلەر لېكسىكولوگىيە نەزەرىيەسى ۋە لېكسىكولوگىيە بىلىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى كونا سۆزلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە، شۇ سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك مەنە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىشتا، ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى ھالىتى بىلەن ئەتراپلىق تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خىزمەتلەر لېكسىكولوگىيە نەزەرىيەسى بىلەن لېكسىكولوگىيە بىلىملىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەندىلا، ئاندىن قەدىمكى (كونا) سۆزلەرنى ئىلمىي

www.uyghurkitap.com

يوسۇندا قىبىلپلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

لېكسىكولوگىيە كىرمە سۆزلەرنى قېلىپلاشتۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى، باشقا تىللاردىن مۇۋاپىق سۆز قوبۇل قىلىش شۇ تىلنىڭ سۆزلۈكنى بېيىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. سۆزلۈكنى بېيىتىشنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئاۋۋال باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىشنىڭ ئىلمىي ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى، پىرىنسىپلىرىنى بېكىتىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئىلمىي ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ـ چارىلەرنى، پىرىنسىپلارنى بېكىتىپ چىقىش جەريانىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، يەنىلا لېكسىكىدىكى سۆز قوبۇل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى، شۇ تىلنىڭ لېكسىكىسىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ كىرمە سۆزلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدە لېكسىكولوگىيە نەزەرىيەسىگە تايانماي بولمايدۇ.

لېكسىكولوگىيە يەنە دىيالېكت — شېۋە سۆزلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. دىيالېكت — شېۋە سۆزلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ھەرقايسى دىيالېكت — شېۋىلەرگە خاس سۆزلەرنى يىغىش، رەتلەش، ئۇلارنى ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش، ئەدەبىي تىلدا تەڭدىشى يوق شېۋە سۆزلىرىنى ئەدەبىي تىلغا قوبۇل قىلىش قاتارلىقلار. مانا بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى لېكسىكولوگىيە نەزەرىيەسى ۋە لېكسىكولوگىيەلىك بىلىملەرنىڭ ياردىمىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

لېكسىكولوگىيە يەنە يېڭى سۆزلەرنى، قىسقارتىلما سۆزلەرنى، ئاھاڭداش سۆزلەرنى، ھەرقايسى پەن ـ

كەسپلەردىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى قېلىپلاشتۇرۇلغان سۆزلەر لۇغىتىنىڭ تۈزۈلۈشىدە گەۋدىلىنىك ئىپادىلىنىدۇ. لۇغەت تۈزۈش خىزمىتى بولسا لېكسىكولوگىيە نەزەرىيەسىنىڭ كونكرېت قوللىنىلىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، لۇغەت تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، لېكسىكولوگىيەدىكى مۇھىم قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى، پىرىنسىپلارنى ۋە شۇ تىلنىڭ تۈرلۈك لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى پۇختا ئىگىلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

لېكسىكولوگىيە يەنە چەت تىل ئوقۇتۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، تېكىست تاللاش، دەرسلىكلەرنى تۈزۈش ۋە سۆز مەنىلىرىنى ئىزاھلاش - چۈشەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە لېكسىكولوگىيە نەزەرىيەسى تەمىنلىگەن ئاساسىي سۆزلەر، دائىم قوللىنىلىدىغان سۆزلەر، مەنىداش سۆزلەر، قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھەققىدىكى بىلىملەرگە تايانماي تۇرۇپ، ئۇ جەھەتتە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگىلى بولمايدۇ.

لېكسىكولوگىيە ئۆز نۆۋىتىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. لېكسىكولوگىيە ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك مەنىلىرىنى، ئىشلىتىلىشىنى ۋە تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمىي ۋە توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرىشىگە، سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى، سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى توغرا ۋە ئىلمىي شەرھلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئوقۇتقۇچى سۆزلەرنى پەقەت لېكسىكولوگىيە نەزەرىيەسى ئاساسىدا چۈشەندۈرگەن ۋە شەرھلىگەندىلا، ئوقۇغۇچىلار ئاندىن تىلدىكى تۈرلۈك لېكسىكىلىق ماتېرىياللارنى بىرقەدەر سىستېمىلىق ئىگىلەپ،

ئۇلارنى توغرا چۈشىنەلەيدۇ ۋە توغرا ئىشلىتەلەيدۇ. ئەكسىچە، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىدا لېكسىكولوگىيە بىلىملىرى كەمچىل بولۇپ، ئوقۇتۇشتا سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك مەنىلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىسە، ئۇ ھالدا تۈرلۈك خاتالىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن «ئەدەبىيات» (9 - قىسىم) دەرسلىكىدىكى «چوڭ كىرائۇس بىلەن كىچىك كىرائۇس» دېگەن تېكىستتە «ئايال ئۇنىڭغا ھاراق قۇياتتى، پوپ ئارىنى بىلىقنى سانجىپ يېمەكتە ئىدى» دېگەن جۈملىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ يەردىكى خاتالىق تەرجىمانىنىڭ ياكى دەرسلىك تۈزگۈچىلەرنىڭ ۋە ياكى مۇھەررىرلەرنىڭ سەۋەنلىكىدىن كېلىپ چىققان خاتالىق بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچى لېكسىكولوگىيە بىلىملىرىگە ئىگە بولسا، ئۇ جۈملىدىكى سۆز ئىشلىتىش جەھەتتىكى خاتالىقنى تۈزىتىپ، «بۇ جۈملىدىكى ‹ئارا› سۆزى توغرا ئىشلىتىلمىگەن، بۇ يەردىكى ‹ئارا› سۆزى ‹دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ بىرى بولغان تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان چىشلىق سايمان› دېگەن مەنىدىكى ‹ئارا› سۆزى بولۇپ قالغان. بۇ يەردە ئەسلىي ‹چەت ئەللىكلەر تاماق يېيىشتە ئىشلىتىدىغان، تۆمۈر قاتارلىقلاردىن ياسىلىدىغان ئارا شەكىللىك كىچىك بۇيۇم› كۆزدە تۇتۇلغان. ئۇ ئادەتتە ‹ۋىلكا› دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە ئۇنى ‹ئارا› دېمەي ‹ۋىلكا› دەپ ئاتىغان بولسا توغرا بولاتتى. چۈنكى، ئۇ سۆز ياۋروپالىقلارنىڭ تاماق يېيىش مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزدۇر» دەپ چۈشەندۈرۈش بەرسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇ سۆزنى ۋە ئۇنىڭدىكى مەدەنىيەت ئامىلىنى توغرا چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

تىل ئىشلىتىشتىمۇ لېكسىكولوگىيە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، لېكسىكولوگىيە بىلىملىرىگە ئىگە بولغاندا،

سۆزلەرنى جايىدا ئىشلىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى، سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى بىلىپ، ئۆز ئوي ـ پىكرىنى قارشى تەرەپكە توغرا، ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. تېلېۋىزورلاردا ئۇچراپ تۇرىدىغان «دېمىسىمۇ ماڭا ياخشى تەلەي كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى»، «يېزىدىكى بۇ چىغىر يوللارغا ماشىنىلار پاتماي قالغانىدى»، «ئۇ يېنىمدىن غۇرلا قىلىپ ئۆتۈپ، دەرۋازىنى پۈتى بىلەن قاتتىق تەپتى» دېگەندەك «كېسەل» جۈملىلەر بىزنىڭ ئەنە شۇ لېكسىكولوگىيە بىلىملىرىمىزنىڭ كەمچىللىكىدىن شەكىللەنگەن.

دۇنيادىكى تۈرلۈك تىللار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئېنىقلىنىشىنى دەل لېكسىكولوگىيەنىڭ، بولۇپمۇ تارىخىي لېكسىكولوگىيە ئىچىدىكى تارىخىي سېلىشتۇرما لېكسىكولوگىيەنىڭ تۆھپىسى دېيىشكە بولىدۇ. تارىخىي لېكسىكولوگىيە يەنە مىللەتنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىنى، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى، يەنى مىللەتلەرنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى يېشىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

لېكسىكا (سۆزلۈك) جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلارنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، ئىدىيە، ئەخلاق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ھەممىسى تىلنىڭ لېكسىكىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، لېكسىكا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ تۇرىدۇ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، مەلۇم بىر تىلنىڭ لېكسىكىسىنى تەھلىل ۋە

تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، شۇ مىللەتلەرنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئەھۋاللىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە لېكسىكولوگىيە بىلىملىرى مۇئەييەن رول ئوينايدۇ.

لېكسىكولوگىيە يەنە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى تەھلىل قىلىشتىمۇ بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. لېكسىكولوگىيە بىلىملىرىگە ئىگە بولغاندا، ئاپتور تاللاپ ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ تۇرلۇك مەدەنىيەت مەنىلىرىنى ۋە بۇ مەدەنىيەت مەنىلىرىنىڭ شۇ ئەسەرنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، يەنە ئاپتور تاللاپ ئىشلەتكەن سۆزلەر بىلەن ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېنىق، توغرا ۋە ئىلمىي چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ.

لېكسىكولوگىيە كونكرېت بىر تىلدىكى سۆزلەرنى ۋە رولى سۆزگە باراۋەر بولغان ئىدىيوملارنى ھەمدە ئاشۇ سۆز ۋە ئىدىيوملارنىڭ يىغىندىسىدىن ھاسىل بولغان لېكسىكا سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىشتا يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

## 2. لېكسىكولوگىيەنىڭ ۋەزىپىسى

لېكسىكولوگىيەنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تىلدىكى تۈرلۈك كونكرېت لېكسىكىلىق مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، لېكسىكىدىكى ئاساسلىق بىرلىك — سۆز، سۆز مەنىسى، سۆز مەنىسىنىڭ خاراكتېرى، سۆز مەنىسىنىڭ تۈزۈلۈشى، سۆز مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر، سۆزلەرنىڭ ئاھاڭ ۋە شەكىل جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىرى، سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى، سۆز مەنىسى بىلەن ئۇقۇمنىڭ مۇناسىۋىتى، لېكسىكىدىكى ئالاھىدە بىرلىك — ئىدىيوملار،

ئىدىيومىلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرى، ئىدىيومىلارنىڭ تىلدىكى رولى، ئىدىيومىلارنىڭ بارلىققا كېلىش يوللىرى، لېكسىكا، لېكسىكىنىڭ تۈرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈكنىڭ مۇناسىۋىتى، سۆزلۈكنى بېيىتىش يوللىرى ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرى، لۇغەتنىڭ خاراكتېرى، قۇرۇلمىسى، لۇغەت تۈزۈشتىكى باسقۇچلار، لۇغەتنىڭ تۈرلىرى، ئېتىمولوگىيە بىلەن لېكسىكا تەتقىقاتىنىڭ، دىيالېكتشۇناسلىق بىلەن لېكسىكا تەتقىقاتىنىڭ، كىشى ئىسمى ئىلمى بىلەن لېكسىكا تەتقىقاتىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، سۆز ۋە لېكسىكىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى شەرھلەش ۋە ئىلمىي ئاساستا بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. تىل تەتقىقاتىدا بۇ مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر شەرھلىگەندىلا، ئاندىن تىلنىڭ لېكسىكىلىق قانۇنىيەتلىرىنى ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

## §3. لېكسىكولوگىيەنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

### 1. لېكسىكولوگىيەنىڭ فونېتىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

تىل تاۋۇشلىرى تىلنىڭ ماددىي پوستى، شۇنداقلا سۆزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى. شۇڭا، ئادەتتە تاۋۇشسىز ئىپادىلەنگەن مەنە سۆز ھېسابلانمايدۇ، ئوخشاشلا مەنىسىز تاۋۇشلار تۈپىمۇ سۆز ھېسابلانمايدۇ دەپ قارىلىدۇ. تېخىمۇ ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ سۆزنىڭ تاۋۇشى بىلەن مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر ۋاراق قەغەزنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئوخشىتىلىدۇ. مانا بۇلاردىن سۆزنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات

ئوبيېكتى قىلغان لېكسىكولوگىيەنىڭ تىل تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان فونېتىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىك زىچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، سۆزلەرگە ئېنىقلىما بېرىش، سۆز مەنىلىرىنىڭ بۆلۈنۈشىنى ئېنىقلاش، بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاھاڭداش ياكى شەكىلداش دەپ ئايرىلىشى، ئۇلارنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئۆزئارا پەرقى، بىر قىسىم ئاھاڭداش ياكى شەكىلداش سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىش يوللىرىنى ئېنىقلاش، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش ياكى شەكىلداش سۆزلەرنى ئېنىقلاش، بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى ئېنىقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە لېكسىكولوگىيە فونېتىكىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ھالدا ئۇنۇملۇك ئىش ئېلىپ بارالمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقانداق بىر سۆز مۇقىم قۇرۇلمىغا ۋە ئۆزىگە خاس تەلەپپۇز شەكلىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر سۆزنى ھاسىل قىلىپ تۇرغۇچى شۇ فونېمىلارنىڭ ئورنى ياكى تەلەپپۇزى ئۆزگەرتىلسە ئۇ باشقا بىر سۆزگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ياكى ئەسلىدىكى سۆزلۈك سالاھىيىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. مانا بۇلاردىنمۇ لېكسىكولوگىيەنىڭ فونېتىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ زىچلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**2 . لېكسىكولوگىيەنىڭ گىراماتىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى**

سۆز ھەم لېكسىكىلىق بىرلىك، ھەم گىراماتىكىلىق بىرلىك. ئاۋۋال لېكسىكىلىق بىرلىك بولغان سۆز بولمايدىكەن، ئوي ـ پىكىرنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈشتىكى ئاساسلىق ئالاقە بىرلىكى بولغان جۈملە ھاسىل بولمايدۇ، ئوخشاشلا گىراماتىكا (گىراماتىكىلىق قانۇنىيەتلەر) بولمايدىكەن، بىر توپ سۆزنىڭ يىغىندىسى لۇغەتلەرنى ھاسىل

قىلىسا قىلالايدۇكى، ھەرگىزمۇ تولۇق ئىپادىلاشقان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە بولالمايدۇ. مانا بۇنىڭدىن سۆزنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان لېكسىكولوگىيەنىڭ سۆز ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىرىكىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان گىراماتىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ نەقەدەر زىچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، سۆزلەرنىڭ تۈركۈملەرگە ئايرىلىشى، مۇستەقىل سۆزلەر ۋە ياردەمچى سۆزلەرگە بۆلۈنۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنتىقىلىمىسى ھەم ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بېكىتىلىشى، سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىش ياكى بىرىكەلمەسلىكى، قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئۆلچىمى، ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، ئىدىيومىلارنىڭ جۈملىدىكى رولى قاتارلىق جەھەتلەردە لېكسىكولوگىيە يەنىلا گىراماتىكا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ھەتتا گىراماتىكىدىكى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىمۇ مەنىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتلىرىدىن بىرى قىلغان لېكسىكولوگىيە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

### 3. لېكسىكولوگىيەنىڭ ئىستىلىستىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىستىلىستىكا نۇتۇقنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن، تىل ۋاسىتىلىرىنى تاللاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەققىدىكى پەن. بۇ ۋاسىتىلەر ئىچىدە سۆز ۋاسىتىسى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، ئىستىلىستىكا سۆزنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان لېكسىكولوگىيەگە تايانماي قالمايدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتساق، مەزمۇننى توغرا ئىپادىلەش، پىكىر - ھېسسىياتتىكى تۈرلۈك نازۇك پەرقلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىپادىلەش، نۇتۇقنىڭ جانلىقلىقىنى ئاشۇرۇش، ئىنتوناتسىيەنى كۈچەيتىپ، مەزمۇننى

گەۋدىلەندۈرۈش، روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىش، ئۈبرازلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىستىلىستىكا لېكسىكولوگىيەدىكى مەنىداش سۆزلەر، قارشى مەنىلىك سۆزلەر، ئىدىيومىلار ۋە ئۇلار ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى بىلىملەرگە تايانماي تۇرۇپ، ئۈنۈملۈك ئىش ئېلىپ بارالمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، لېكسىكولوگىيە سۆزلەرنىڭ كونكرېت ئىشلىتىلىش مەسىلىسىگە يولۇققاندا، ئىستىلىستىكا بىلەن مۇناسىۋەتتە بولماي قالمايدۇ.

### 4. لېكسىكولوگىيەنىڭ پىراگماتىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

پىراگماتىكا — بەلگە بىلەن بەلگىنى ئىشلەتكۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدىغان تىل ئىلمى. بۇ يەن دەسلەپ شەكىللەنگەن دەۋرلەردە بەلگىشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن كېيىن تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە شەكىللىنىپ، تىلشۇناسلىق ساھەسىدە قوللىنىلىشقا باشلىغان ۋە تىل تەتقىقاتى دائىرىسىنى ئابستراكت ھالەتتىن تىلنى كونكرېت قوللىنىشقا كېڭەيتكەن. پىراگماتىكىنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى كۆچمە ۋە ئۆزگىرىشچان تىلدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پىراگماتىكا تىلنىڭ كونتېكىستتا ئىشلىتىلىشى بىلەن ئۇتۇقنىڭ مەنىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن، «ئۆيئىچى مۆزلاپ كەتتى» دېگەن جۈملىنى مىسالغا ئالساق، سېمانتىكا ئۇ جۈملىنىڭ ئۇدۇل مەنىسىنى تەتقىق قىلىدۇ. پىراگماتىكا بولسا سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ جۈملىنى قىلىشتىكى ھەقىقىي نىيىتى ياكى مەقسىتىنى تەكشۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، يەنى سۆزلىگۈچى شۇ جۈملە ئارقىلىق قارشى تەرەپكە پار، توك تۇختاپ

كەتكەنلىكتىن ئۆيئىچى مۇزلاپ كەتتى دېگەن ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەۋاتامدۇ ياكى ئىشىك ـ دېرىزە ئېچىۋېتىلگەنلىكتىن ئۆيئىچى مۇزلاپ كەتتى دېگەن ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەۋاتامدۇ ۋە ياكى قارشى تەرەپتىن ئۆينىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى يېپىۋېتىشنى ئۆمىد قىلىۋاتامدۇ دېگەندەك مەسىلىلەرنى پىراگماتىكا تەتقىق قىلىدۇ. مانا بۇ جەرياندا لېكسىكولوگىيە پىراگماتىكا بىلەنمۇ تورلۇق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

لېكسىكولوگىيە يەنە ئۆز نۆۋىتىدە لوگىكا، ئەدەبىياتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىككىنچى باب

# لېكسىكىدىكى ئاساسلىق بىرلىك ــ سۆز

## 1 §. سېمانتىكا ھەققىدە چۈشەنچە

«سېمانتىكا» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى 1893 ـ يىلى تۇنجى بولۇپ، فىرانسىيەلىك تىلشۇناس (Michel Brëal) ئىجاد قىلغان. ئۇ گىرېك تىلىدىكى سۆز يىلتىزى «sema» (بەلگە) ئاساسىدا فىرانسۇز تىلىدا «semantique» (مەنىنىڭ ئۆزگىرىشى) دېگەن سۆزنى ياساپ چىققان. كېيىن بۇ سۆز ئىنگلىز تىلىدا «semantics» شەكلىدە، رۇس تىلىدا «семантика» شەكلىدە قوللىنىلغان. ئۇيغۇر تىلىدا رۇس تىلىدىكىسىگە ئوخشاش «سېمانتىكا» شەكلىدە قوللىنىلماقتا.

ھازىر سېمانتىكا دېگەن بۇ ئاتالغۇ تار ۋە كەڭ مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. تار مەنىدە قوللىنىلىدىغان سېمانتىكا ئەنئەنىۋى سېمانتىكا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەنئەنىۋى سېمانتىكىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان مەركىزىي نۇقتىسى سۆز مەنىسى ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەنئەنىۋى سېمانتىكا سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى، سۆزنىڭ شەكىللىنىش ئاساسى، سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى (سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى، تارىيىشى، كۆچۈشى قاتارلىقلار)نى تەتقىق قىلىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «غۇلاچ» دېگەن سۆز ئەسلىي «قول» ۋە «ئاچ» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان «قول ئاچ» دېگەن سۆز بىرىكمىسى

بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ سۆز تارىخىي تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە ئۇچراپ، «غولاچ» شەكلىدە تۇراقلاشقان. «بوياق» دېگەن سۆز ئەسلىي «رەڭ» دېگەن مەنىدىكى «بوي» سۆزىگە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «ا» نىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان «بويا ـ» دېگەن پېئىلغا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «ـ ق»نىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان. مانا بۇلار سۆز ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ شەكلى، جەريانى ئېتىمولوگىيە نۇقتىسىدىن ئىزاھلىنىشى بولۇپ، بۇلارنى ئەنئەنىۋى سېمانتىكا ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان.

«ئوق» دېگەن سۆز قەدىمكى دەۋرلەردە پەقەت ئوقيانىڭ ئوقىنى بىلدۈرگەن بولسا، ھازىر ئۇ تۈرلۈك قوراللارنىڭ ۋە بەزى قاتناش قوراللىرىنىڭ ئوقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ سۆزنىڭ مەنە دائىرىسى كېڭەيگەن. «ساغلىق» دېگەن سۆز قەدىمكى دەۋرلەردە «سېغىشقا بولىدىغان بارلىق ھايۋان»نى بىلدۈرگەن بولسا، ھازىر ئۇ سۆز پەقەت «تۇغار قوي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئەسلىدىكىسىدىن تارايغان. «سۇپرا» دېگەن سۆز ئەسلىي «يېمەكلىكلەرنىڭ ئاستىغا سالىدىغان داستىخان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن بولسا، ھازىر «خېمىر يايغاندا ئاستىغا سالىدىغان رەخت ياكى باشقا نەرسە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى باشقا بىر مەنىگە كۆچكەن. سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى، تارىيىشى، كۆچۈشى قاتارلىقلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەنئەنىۋى سېمانتىكا مانا مۇشۇنداق سۆز مەنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان. ئەنئەنىۋى سېمانتىكا يەنە سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىن تۈركۈملىنىشى (بىر مەنىلىك سۆزلەر، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر، مەنىداش سۆزلەر، قارشى مەنىلىك سۆزلەر قاتارلىقلار)، سۆزلەرنىڭ ئاھاڭ ۋە شەكىل جەھەتتىن تۈركۈملىنىشى

www.uyghurkitap.com

(ئاھاڭداش سۆزلەر، شەكىلداش سۆزلەر قاتارلىقلار)، سۆزلەرنىڭ مەنە تۈرى (سۆزنىڭ مەركىزىي مەنىسى ياكى يادرولۇق مەنىسى، يەنى ئىدراكىي مەنىسى بىلەن سۆزنىڭ قوشۇمچە مەنىسى، سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى، سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى قاتارلىقلار)نى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان. مەسىلەن، «كۆز» دېگەن سۆزنىڭ ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆرۈش ئورگىنى (ئادەمنىڭ كۆزى)، ② نەزەر، قاراش (كۆز سالماق)، ③ كۆرۈش قابىلىيىتى (كۆزى ئۆتكۈر)، ④ نەرسىلەرنىڭ كۆزىگە ئوخشاش قىسمى ياكى تۆشۈكى، كامېرى (ئۈزۈكنىڭ كۆزى، يىڭنىنىڭ كۆزى)، ⑤ خۇرجۇن قاتارلىقلارنىڭ خالتىسىمان بىر بۆلىكى (خۇرجۇننىڭ ئىككى كۆزى)، ⑥ نىيەت، غەرەز (يامان كۆز بىلەن قارىماق)، ⑦ ھەممىنىڭ نەزىرى چۈشىدىغان، ئەتىۋارلىنىدىغان ئادەم ياكى نەرسە: ئالدى، ئەڭ ياخشىسى (سانائەت ئىدارىسى ناھىيەدىكى ئىدارىلەرنىڭ كۆزى)، ⑧ مىقدار سۆز (بىر كۆز ئەينەك)، ⑨ يول، ئامال، ئەپ (ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدىغان ئادەم)، ⑩ پايلاقچى، كۆزەتچى (ئارقاڭدا كۆز بار، دىققەت قىلغىن) دېگەندەك بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆپ مەنىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى؛ «يولداش» دېگەن سۆزنىڭ «سەپەردە بىللە بولغۇچى، ھەمسەپەر» دېگەن ئەسلىي مەنىسى بىلەن ① «تۇرمۇشتا بىللە بولغۇچى»، ② «مەسلەكتە بىللە بولغۇچى» دېگەندەك كۆچمە مەنىلىرىنى؛ «ئانا» دېگەن سۆزنىڭ «پەرزەنتلىك ياكى بالىچاقىلىق ئايال كىشى» دېگەن ئىدراكىي مەنىسى بىلەن ئۇ سۆزنىڭ ياخشى تەرەپكە ئىشلىتىلىشتىن ئىبارەت ئىجابىي مەنىسىنى ھەم ئۇنىڭ «ئىسىم، باش كېلىش، بىرلىك» قاتارلىق گىراماتىكىلىق مەنىلىرىنى؛ «يۈرەك، قەلب، دىل، كۆڭۈل» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەنداشلىقنى؛ «بارماق - كەلمەك»، «ئۆز - يات»، «ئورۇق - سېمىز» دېگەندەك

سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنى؛ «ئات مىنمەك»، «ئات قويماق»، «مىلتىق ئاتماق» دېگەن بىرىكمىلەردىكى ئۇچ «ئات» سۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئاھاڭداشلىقنى ئەنئەنىۋى سېمانتىكا ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان. ئەنئەنىۋى سېمانتىكا يەنە سۆز مەنىسى بىلەن ئۇقۇمنىڭ مۇناسىۋىتى، يەنى سۆز مەنىسى بىلەن ئۇقۇمنىڭ باغلىنىشلىقى ۋە پەرقى، سۆز مەنىسى، تىل تاۋۇشى ۋە ئوبيېكتىپ شەيئىدىن ئىبارەت ئۇچ تەرەپنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، سۆز مەنىلىرىنىڭ ئىزاھلىنىشى ۋە ئۆگىتىلىشى (ئوقۇتۇلۇشى)، سۆزلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى، لۇغەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئەنئەنىۋى سېمانتىكا سۆز مەنىسى ۋە ئۇ مەنىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئەنئەنىۋى سېمانتىكا پەقەت سۆز مەنىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇ سۆز مەنىسىنى تۇرغۇن ھالەتتە تەتقىق قىلىدۇ، سۆزنىڭ ھەرىكەت ھالەتتىكى مەنىلىرى (ئەمەلىي مەنىلىرى)گە ئېتىبار بەرمەيدۇ. ماكرو جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەنئەنىۋى سېمانتىكا سۆز مەنىسىنى بىر پۈتۈن سىستېما دەپ قارىمايدۇ، ئۇنىڭغا بىرقەدەر كۈچلۈك پسىخىكىلىق خاھىش سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بىر خىل پسىخىكىلىق جەريان دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىدا تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى تولۇق قوللىنىلمايدۇ. مىكرو جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ سۆز مەنىسىدىكى ئەڭ تۆۋەن ياكى ئاساسلىق ئامىللارنى تەھلىل قىلىپ چىقالمايدۇ، سۆز مەنىسىنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئىچكىرىلەپ ياكى چوڭقۇرلاپ كىرەلمەيدۇ. مانا بۇلار ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىۋى سېمانتىكىنىڭ يېتەرسىزلىكى ھېسابلىنىدۇ.

كەڭ مەنىدىكى سېمانتىكا ھازىرقى زامان سېمانتىكىسى دەپ

ئاتىلىدۇ. ھازىرقى زامان سېمانتىكىسى 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى دەۋر ئۇنىڭ تەرەققىيات دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان سېمانتىكىسى تىلدىكى مەنىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەزمۇنلارنى، يەنى تىلدىكى بارلىق مەنىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان سېمانتىكىسى مۇستەقىل مورفېما ۋە ئەگەشمە مورفېمىلارنىڭ مەنىلىرىنى، سۆزنىڭ مەنىلىرى (سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى، تۈرلۈك تۈس مەنىلىرى، ئەمەلىي مەنىلىرى قاتارلىقلار)نى، سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەنىلىرىنى، جۈملىنىڭ مەنىلىرىنى، جۈملە توپىنىڭ مەنىلىرىنى، ئابزاس ـ بۆلەكلەرنىڭ مەنىلىرىنى، بىرەر قېتىملىق دوكلات ياكى بىرەر پارچە ماقالىنىڭ مەنىلىرىنى، ھەتتا بىرەر كىتاب ياكى بىرەر شەخسنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ مەنىلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

دېمەك، ئەنئەنىۋى سېمانتىكا پەقەت سۆز مەنىسىنى ۋە سۆز مەنىسىنىڭ تۈرلۈك ئۆزگىرىشلىرىنىلا تەتقىق قىلىش بىلەن چەكلەنسە، ھازىرقى زامان سېمانتىكىسى تىلدىكى بارلىق مەنىنى تەتقىق قىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ھازىرقى زامان سېمانتىكىسى سۆز مەنىسىنى پەقەت تۇرغۇن ھالىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەرىكەت ھالىتىدىمۇ تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ سۆز مەنىسىنىڭ ئىچكى قىسمىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، سۆز مەنىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ياكى تۆۋەن ئامىللارنى (سېمېم، يەنى مەنە مۇچىلىرى، ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت، پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت دېگەندەك) تېپىپ چىقىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىدۇ. مانا بۇلار ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان سېمانتىكىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ھېسابلىنىدۇ.

سېمانتىكا ئەزەلدىن تىلشۇناسلىق، لوگىكا، پەلسەپە پەنلىرى ئارىلىقىدىكى ئۆتۈشمە پەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئوخشاش بولمىغان پەنلەرنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) تىلشۇناسلىق سېمانتىكىسى. ئۇ تۈرلۈك تەبىئىي تىل بىرلىكلىرىنىڭ مەنىلىرى، ئۇ مەنىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، تىلدىكى مەنىلەرنىڭ ھازىرقى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. تىلشۇناسلىق سېمانتىكىسى ئۆز ئىچىدىن يەنە لېكسىكا سېمانتىكىسى، جۈملە سېمانتىكىسى ۋە پىراگماتىكا سېمانتىكىسى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

(2) لوگىكا سېمانتىكىسى. ئۇ ئىپادىلەش شەكلى بىلەن ئۇ شەكىلنىڭ مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ. لوگىكا سېمانتىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ لوگىكا نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ھازىرقى زامان لوگىكىلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق مەنىنى تەتقىق قىلىدۇ.

(3) پەلسەپە سېمانتىكىسى. بۇ سېمانتىكىلىق پەلسەپە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پەلسەپە سېمانتىكىسى پەلسەپە تەجرىبە پېنى ئەمەس، بەلكى ئانالىز پېنى؛ ئانالىزنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى سۆزلەر بىلەن جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق مۇناسىۋەت دەپ قارايدۇ. ئۇ بىلىش نەزەرىيەسى، مېتودولوگىيە دېگەنلەرگە قىزىقمايدۇ.

(4) ئومۇمىي سېمانتىكا. ئۇ ئاساسلىقى جانلىق تىلنىڭ ئىشلىتىلىش جەريانىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

سېمانتىكا دېگەن بۇ ئاتالغۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىرىنچىدىن، «تىلدىكى مەنە» دېگەن مەنىدە (توغرىسىنى ئېيتقاندا، يەنىلا «سۆز مەنىسى» دېگەن مەنىدە)، يەنى ئەنئەنىۋى سېمانتىكا مەنىسىدە؛ ئىككىنچىدىن، «تىلدىكى مەنىنى (توغرىسىنى ئېيتقاندا، يەنىلا سۆز مەنىسىنى) تەتقىق قىلىدىغان

پەن» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلماقتا.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، «سېمانتىكىلىق مەنە» دېگەن بۇ ئاتالغۇ تىلشۇناسلارنىڭ نۇتقىدا ياكى ماقالە ـ ئەسەرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى. قارىشىمىزچە، «سېمانتىكىلىق مەنە» دېگەن بۇ ئاتالغۇدا بىر خىل مەنتىقسىزلىق بار. چۈنكى، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، «سېمانتىكا» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىدا «مەنە» ياكى «تىلدىكى مەنە» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، «سېمانتىكىلىق» دېگەن گەپ ئۇيغۇر تىلىدا «مەنىلىك» دېگەن گەپ بولىدۇ. «سېمانتىكىلىق مەنە» دېگەن بولسا «مەنىلىك مەنە» دېگەن گەپ بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇنداق مەنتىقسىز ئاتالغۇنى قوللانماسلىق دەپ قارايمىز.

سېمانتىكا ھازىر لېكسىكولوگىيەدىن ئايرىلىپ چىققان تارماق پەن ھېسابلىنىدۇ.

## § 2. سۆز ۋە سۆز مەنىسى

### 1. سۆزنىڭ ئېنىقلىمىسى

سۆز ــ تىلنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسلىق بىرلىك، شۇنداقلا لېكسىكولوگىيەدىكى ئەڭ ئاساسلىق بىرلىك. سۆز تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مۇقىم قۇرۇلمىغا ئىگە بولىدۇ، ئۇ جۈملىدە ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكىدۇر.

سۆز ــ تىلنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي بىرلىك دېگەندە، سۆزنىڭ تىلنىڭ قۇرۇلما بىرلىكى ئىكەنلىكى، سۆز بولمىسا، تىلنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقى نەزەرگە ئېلىنىدۇ. سۆز بولمىسا، جۈملە تۈزگىلى بولمايدۇ، ئوي ـ پىكىرنىمۇ قارشى تەرەپكە ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ، يەنى ئالاقىلىشىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. دېمەك، سۆز تىلدا

قۇرۇلۇش ماتېرىيالىلىق رول ئوينايدۇ.

سۆز — ئاساسلىق لېكسىكىلىق بىرلىك دېگەندە، سۆزنىڭ لېكسىكولوگىيەنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سۆز تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرلىكى دېگەندە، تاۋۇش سۆزنىڭ تاشقى پوستى، مەنە بولسا سۆزنىڭ ماددىي ئاساسى ئىكەنلىكى، تىل تاۋۇشلىرىسىز ئىپادىلىنىدىغان سۆز بولمايدىغانلىقى، شۇنداقلا مۇئەييەن مەنىگە ئىگە بولمىغان تاۋۇش توپىمۇ سۆز بولالمايدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، «ۋەتەن» دېگەن سۆزنى مىسالغا ئالساق، بۇ سۆزدىكى «ۋ»، «ە»، «ت»، «ە»، «ن» لار شۇ «ۋەتەن» سۆزىنىڭ تاۋۇشى ھېسابلانسا، «ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي، يۇرت، دىيار» دېگەنلەر «ۋەتەن» سۆزىنىڭ مەنىسى ھېسابلىنىدۇ. «شاما» دېگەن سۆزدە «ش»، «ئا»، «م»، «ئا» لار «شاما» سۆزىنىڭ تاۋۇشى ھېسابلانسا، «قايناق سۇغا سېلىنغان چاينىڭ تەمى چىقىپ بولۇپ قېلىپ قالدۇقى» دېگىنى «شاما» سۆزىنىڭ مەنىسى ھېسابلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، «ياكى» دېگەن سۆزدىكى «ي»، «ئا»، «ك»، «ئى» دېگەنلەر «ياكى» سۆزىنىڭ تاۋۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى «تاللانما مۇناسىۋەت» نىڭ ئىپادىلىنىشى شۇ سۆزنىڭ مەنىسى بولىدۇ. «دائىر» دېگەن سۆزدە «د»، «ئا»، «ئى»، «ر» لار ئۇ سۆزنىڭ تاۋۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىپادىلەنگەن «ئالاقىدار، مۇناسىۋەتلىك» دېگەنلەر ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى بولىدۇ. شۇڭا، سۆزنىڭ تاۋۇشى بىلەن مەنىسى بىر ۋاراق قەغەزنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشىتىلىدۇ.

سۆز مۇقىم قۇرۇلمىغا ئىگە بولىدۇ دېگەندە، سۆز تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرلىكى بولغاچقا، ئەينى بىر تىل شارائىتىدا سۆزنىڭ پارچىلاپ قوللىنىشقا بولمايدىغان تەركىبىي

www.uyghurkitap.com

قىسىملىرى ئوتتۇرىسىغا باشقا تىل تەركىبلىرىنى قوشۇشقا بولمايدىغان بىر پۈتۈن لېكسىكىلىق بىرلىك ئىكەنلىكى نەزەرگە ئېلىنىدۇ. ئەگەر سۆزنى پارچىلايدىغان بولساق، مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈككە تەسىر يېتىپ سۆز بولماي قالىدۇ ياكى ئەسلىدىكى بىر پۈتۈن مەنىسى يوقىلىدۇ. مەسىلەن، «كىتاب»، «ئوتتۇز»، «ناھايىتى»، «ئوقۇ ـ»، «توغرۇلۇق»، «چۈنكى» دېگەن سۆزلەرنى پارچىلايدىغان بولساق، ئۇلار سۆز بولماي قالىدۇ. ئەمدى «خىزمەتداش»، «ئىشچى»، «سۇلۇق»، «سانا ـ» دېگەندەك سۆزلەرنى گەرچە سۆزنىڭ قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن پارچىلاشقا بولىدۇ ھەمدە پارچىلانغاندىن كېيىن ئالدىنقى تەركىبلەر («خىزمەت»، «ئىش»، «سۇ»، «سان») نى يەككە ئىشلىتىشكە بولىدۇ، لېكىن «خىزمەتداش»، «ئىشچى»، «سۇلۇق»، «سانا ـ» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈككە تەسىر يېتىپ، ئۇلاردا ئەسلىدە ئىپادىلىنىدىغان مەنە ئىپادىلەنمەي قالىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «خىزمەت، ئىش، سۇ، سان» دېگەن سۆزلەردىن «خىزمەتداش، ئىشچى، سۇلۇق، سانا ـ» دېگەن سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان مەنە ئىپادىلەنمەيدۇ.

ئەمدى «ئەتىياز»، «ئاشكۆكى»، «ئاشتاختا» دېگەندەك سۆزلەرنى پارچىلاشقا بولىدۇ ھەمدە پارچىلانغاندىن كېيىن كېلىپ چىققان تەركىبلەرنى يەككە ئىشلىتىشكە ياكى باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكتۈرۈپ سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن پارچىلاشتىن كېلىپ چىققان تەركىبلەردىن «ئەتىياز، ئاشكۆكى، ئاشتاختا» دېگەن سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان مەنىلەر ئىپادىلەنمەيدۇ. بۇ تۈردىكى سۆزلەرمۇ ئادەتتە لېكسىكولوگىيە نۇقتىسىدىن يەنىلا بىر پۈتۈن لېكسىكىلىق بىرلىك دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى:

بىرىنچىدىن، بۇ تۈردىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى شۇ سۆزلەرنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەر (مۇستەقىل مورفېملار) نىڭ

مەنىلىرىنىڭ ئاددىي يىغىندىسىغا ئەمەس، بەلكى مەنە جەھەتتىن ناھايىتى زىچ بىرىككەن يېڭى بىر مەنىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن، «ئەتىياز» دېگەن سۆز قانداقتۇر «ئەتىلا ياز» ياكى «ئەتە ۋە ياز» بولماستىن، بەلكى «تۆت پەسىلنىڭ بىرىنچىسى، قىشتىن كېيىنكى، يازنىڭ ئالدىدىكى پەسىل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزدۇر. «ئاشكۆكى» دېگەن سۆز قانداقتۇر «ئاشنىڭ كۆكى» ياكى «ئاش ۋە كۆك» بولماستىن، بەلكى «كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر يىللىق، سامان غوللۇق بىر خىل ئۆسۈملۈك» نى بىلدۈرىدىغان سۆزدۇر. «ئاشتاختا» سۆزى قانداقتۇر «ئاش ۋە تاختا» ياكى «ئاشتىن ياسالغان تاختا» بولماستىن، بەلكى «خېمىر يۇغۇرۇش، يېيىش ۋە تۇرلۇك ئۇن تاماقلىرىنى ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس تاختا» نى بىلدۈرىدىغان سۆزدۇر.

ئىككىنچىدىن، ئۇ تۈردىكى سۆزلەرنىڭ تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىغا باشقا تىل تەركىبلىرىنى قوشۇشقا بولمايدۇ. ئۇلار بىر پۈتۈن لېكسىكىلىق بىرلىك سۈپىتىدىلا باشقا سۆزلەر بىلەن تۈرلۈك سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەردە بىرىكىپ، جۈملىدە بىرلا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل مورفېمىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بۇنداق سۆزلەرمۇ لېكسىكىلىق بىرلىك نۇقتىسىدىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى پارچىلاشقا بولمايدۇ.

سۆزنى ئەركىن قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ سۆزنى تىل ئادىتىگە، گىراماتىكىلىق قائىدىلەرگە خىلاپ ھالدا قالايمىقان قوللىنىشقا بولىدۇ دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ئۇنى مۇستەقىل، ئەڭ كىچىك بىرلىك سۈپىتىدە خالىغان ئورۇن ياكى خالىغان ۋاقىتتا ئېھتىياجىغا قاراپ ئايرىم (يەككە) ھالدا جۈملە سۈپىتىدە ئىشلىتىشكىمۇ

ياكى باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكتۈرۈپ سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە ھاسىل قىلىشتا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، دېيەلەيمىز.

سۆزلەر مۇقىم قۇرۇلمىغا ئىگە بولىدۇ دېگەندە، يەنە سۆزنىڭ بوغۇملىرى ئوتتۇرىسىدا، بولۇپمۇ بىرىككەن سۆزلەر ياكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ھەرقايسى تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىدا تىنىشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىمۇ نەزەرگە ئېلىنىدۇ.

## 2. سۆز مەنىسىنىڭ خاراكتېرى

سۆز مەنىسىنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. سۆز مەنىسىنىڭ تۈرلۈك خاراكتېرلىرى يەنە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇلار دائىم قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. تۆۋەندە بىز سۆز مەنىسىنىڭ بىرقانچە خىل ئاساسلىق خاراكتېرىنى سۆز مەنىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە رولى، سۆز مەنىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە ئۇنى چۈشىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىن بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1) سۆز مەنىسىنىڭ ئوبيېكتىپلىقى ۋە سۇبيېكتىپلىقى

سۆز مەنىسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى (كېلىش مەنبەسى)دىن قارىغاندا، سۆز مەنىسى ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئادەم ئېڭىدىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇ ئوبيېكتىپلىققا ئىگە. ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئەكس ئېتىشى نەتىجىسىدە، كىشىلەردە شۇ شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە نىسبەتەن بىلىش شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل بىلىش نەتىجىلىرى مۇئەييەن تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ سۆز مەنىسىگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى قۇشلار ھەققىدە «قانىتى بار، پەي ــ تۈكلىرى بار، ئومۇمەن ئۇچالايدىغان بىر خىل ئومۇرتقىلىق ھايۋان» دېگەندەك مۇئەييەن بىلىشكە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل

بىلىش نەتىجىسى مۇئەييەن تاۋۇشلار بىلەن، يەنى «ق»، «ئۇ»، «ش» تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىككەندە، «قۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئايلىنىدۇ.

ئويدۇرما ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان سۆز مەنىلىرىمۇ ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئادەم ئېڭىدا بۇرمىلانغان ھالدا ئەكس ئېتىشى بولۇپ، ئۇلارمۇ مۇئەييەن ئوبيېكتىپلىققا ئىگە بولىدۇ، يەنى ئۇلارمۇ بەزىبىر ھەقىقىي تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مۇئەييەن ئوبيېكتىپ ئاساسقا ئىگە بولغان بولىدۇ. مەسىلەن، «ئەجدىھا»، «تەڭرى»، «جىن»، «پەرىشتە» دېگەندەك سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان ئوبيېكت ئوبيېكتىپ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن، ئۇلار يەنىلا ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كىشىلەر ئېڭىدا بۇرمىلىنىپ ۋە يوق نەرسە بار بولۇپ ئەكس ئېتىلىشىدىن ئىبارەت. ئالايلۇق، «ئەجدىھا» سۆزى «چوڭ يىلانغا ئوخشىشىدىغان، سۇغا كىرەلەيدىغان، بۇلۇت پەيدا قىلىپ، يامغۇر ياغدۇرالايدىغان، گەپ قىلالايدىغان، بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغان غەلىتە مەخلۇق» نى بىلدۈرىدۇ. «ئەجدىھا» دىن ئىبارەت بۇ ئويدۇرما مەخلۇق ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى تۈرلۈك جانلىقلار ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئوبرازلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا توقۇپ چىقىلغان. ئەگەر ئوبيېكتىپ دۇنيادا يىلانلار، مۈڭگۈزلۈك ھايۋانلار، پۇتلىرى بار ھايۋانلار، ئۇچالايدىغان ھايۋانلار، سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ھايۋانلار بولمىغان بولسا، بۇلۇت، يامغۇر قاتارلىق ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە بۇلۇت پەيدا بولۇش، يامغۇر يېغىش قاتارلىق ھادىسىلەر بولمىغان بولسا، «ئەجدىھا» دېگەن بۇ ھايۋان ۋە ئۇنى ئىپادىلەيدىغان «ئەجدىھا» دېگەن سۆز ھەم ئۇ سۆزدىن ئىپادىلىنىدىغان ئۇقۇمىدىكى مەنە بولمىغان بولاتتى.

لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، سۆز مەنىسى شۇ

سۆز كۆرسەتكەن ئوبيېكتنىڭ دەل ئۆزى بولماستىن، بەلكى شۇ ئوبيېكتنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدە ئومۇملىشىپ ئەكس ئېتىشىدىن ھاسىل بولغان بىلىشتىن ئىبارەت. كىشىلەرنىڭ بىلىشى ئەسلىي سۇبيېكتىپ دۇنياغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ھامان مۇئەييەن سۇبيېكتىپلىق بولىدۇ. شۇڭا، سۆز مەنىسى يەنە سۇبيېكتىپلىققا ئىگە بولىدۇ. سۆز مەنىسىنىڭ سۇبيېكتىپلىقى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى كىشىلەرنىڭ بىلىش ئىقتىدارى، بىلىش نۇقتىسى، بىلىشنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى كىشىلەر بىلەن ھازىرقى كىشىلەرنىڭ، ئوقۇغانلار بىلەن ئوقۇمىغانلارنىڭ، ھەتتا تەبىئىي پەندىكىلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەندىكىلەرنىڭ «قۇياش»، «ئاي»، «يۇلتۇز» دېگەندەك شەيئىلەر ۋە «كۈن تۇتۇلۇش»، «يەر تەۋرەش» دېگەندەك ھادىسىلەر ھەققىدىكى بىلىشى ئوخشىمايدۇ. خىمىيە تەتقىقاتچىلىرى بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ «سۇ»، «تۇز»، «كەمپۈت»، «ھاراق» قاتارلىق نەرسىلەرگە بولغان بىلىشىمۇ ئوخشىمايدۇ. دىنغا ئىشىنىدىغان ۋە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ «خۇدا»، «جىن»، «جەننەت»، «دوزاخ» دېگەنلەرگە بولغان بىلىشىمۇ روشەن پەرقلىنىدۇ.

2) سۆز مەنىسىنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە كونكرېتلىقى

ھەرقانداق بىر سۆز مەنىسى ئومۇمىيلىققا ۋە كونكرېتلىققا ئىگە بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى ياكى لۇغەتلەردىكى سۆز مەنىسى ئومۇمىيلىققا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتلەردىكى مەنىسى «ھەر خىل مەكتەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان كىشى، ئۆگەنگۈچى» دېگەندىن ئىبارەت

بولۇپ، ئۇنىڭدا تورلۇك ئۇقۇغۇچىلار (تورلۇك دەۋر، تورلۇك دۆلەت، تورلۇك مەكتەپ، تورلۇك جىنس، تورلۇك ياش ۋە تورلۇك مىللەت تەۋەلىكىدىكى ئۇقۇغۇچىلار) نىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى ئومۇملاشتۇرۇلغان، ھەر خىل ئۇقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنغان. خاس ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىمۇ ئومۇمىيلىققا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، «ئۇرۇمچى» دېگەن بۇ سۆز ھازىرقى ئۇرۇمچىنىلا ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىن 50 يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ئۇرۇمچىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. تورلۇك دەۋرلەردىكى ئۇرۇمچى تورلۇك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىر ـ بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە. دېمەك، «ئۇرۇمچى» دېگەن بۇ سۆزدە ئۇرۇمچىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئورتاقلىقى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، پەرقلىرى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان.

لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا كونكرېت نۇتۇقتىكى سۆزلەر يەنە كونكرېتلىققا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، «بۇ ئادەم ھەقىقەتەن ئادەم ئەمەس ئىكەن» دېگەن جۈملىدىكى ئىككى «ئادەم» سۆزىنىڭ مەنىلىرى ئوخشىمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئۇ جۈملە لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمىغان بولاتتى. «ئوقۇغۇچىلار ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى كېرەك. سىزمۇ ئوقۇغۇچى ـ دە!» دېگەن جۈملىدىكى «ئوقۇغۇچى» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ مەنىلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئالدىنقى «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆز لۇغەتلەردە ئىزاھلانغان، يەنى ئومۇملاشتۇرۇلغان ئوقۇغۇچىنى كۆرسەتسە، كېيىنكى ئوقۇغۇچى دېگەن سۆز كونكرېت بىر ئوقۇغۇچىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۆزلەرنىڭ كونكرېت ئىشلىتىلگەندىكى مەنىسى ۋە مەنە دائىرىسى بىلەن شۇ سۆزلەرنىڭ لۇغەتلەردىكى مەنىسى ۋە مەنە دائىرىسى روشەن

پەرقلىنىدۇ.

سۆز مەنىسىدىكى ئومۇمىيلىق بىلەن كونكرېتلىق ئۆزئارا بېقىنىدۇ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ. مەلۇم بىر سۆزنىڭ كونكرېت مەنىسى شۇ سۆزنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان مەنىسىنى ئۆزىگە مەنبە ۋە ئاساس قىلىدۇ. سۆزنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان مەنىسى (لۇغەتلەردىكى مەنىسى) كونكرېت نۇتۇقتىكى كونكرېت سۆز مەنىلىرىدىن ئومۇملاشتۇرۇپ ئېلىنغان بولىدۇ.

3) سۆز مەنىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئۆزگىرىشچانلىقى

سۆزنىڭ مەنىسى بىلەن تاۋۇش شەكلى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق تەبىئىي ياكى مۇقەررەر باغلىنىش بولمايدۇ. مەنە بىلەن تاۋۇشنىڭ مۇناسىۋىتى شۇ ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا كېلىشىشى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. كېلىشىلگەن ھامان ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلىنىدۇ ـ دە، سۆز مەنىسى نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ، شەخسلەر خالىغانچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ. سۆز مەنىسى نىسپىي مۇقىم بولمىسا، ئۆزئارا ئالاقىلىشىشتە قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سۆز مەنىسى مۇئەييەن بىر دەۋر ئۇچۇن ئېيتقاندا مۇقىم بولىدۇ.

لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا سۆز مەنىسى يەنە ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. بەزى سۆزلەرنىڭ قەدىمكى مەنىسى بىلەن ھازىرقى مەنىسىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرساق، كۆپلىگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى، تارىيىشى ۋە كۆچۈشى قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

سۆز مەنىسىدە تارىخىي ئۆزگىرىشمۇ ۋە ۋاقىتلىق ئۆزگىرىشمۇ بولىدۇ. سۆز مەنىسىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى

سۆز مەنىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئۆزگىرىشىنىڭ بارا ـ بارا تۇراقلاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

4) سۆز مەنىسىنىڭ ئېنىقلىقى ۋە تۇتۇقلۇقى

سۆز مەنىسىنىڭ ئېنىقلىقى دېگىنىمىز، سۆز مەنىسىدە ئەكس ئېتىدىغان ئوبيېكتنىڭ چېگراسىنىڭ ئېنىقلىقىنى كۆرسەتسە، سۆز مەنىسىنىڭ تۇتۇقلۇقى دېگىنىمىز، سۆز مەنىسىدە ئەكس ئېتىدىغان ئوبيېكتنىڭ چېگراسىنىڭ تۇتۇقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىدە ئىپادىلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ دائىرىسى بىرقەدەر ئېنىق بولىدۇ. مەسىلەن، «ئادەم»، «كالا»، «كىتاب»، «سۇ»، «نان» دېگەندەك. چۈنكى، ئادەتتىكى ئەھۋالدا بۇ سۆزلەر ئىپادىلەيدىغان ئوبيېكتلار باشقا تۈردىكى ئوبيېكتلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. يەنە بەزى سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ دائىرىسى بىرقەدەر تۇتۇق بولىدۇ. مەسىلەن، «ئۆسمۈر، ياش، قېرى»، «سوغۇق، ئىلمان، ئىسسىق، قىزىق»، «ئېگىز، پاكار»، «يىراق، يېقىن»، «سېمىز، ئورۇق» دېگەن بەش گۇرۇپپا سۆزنى ئالساق، ھەربىر گۇرۇپپا ئىچىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىغا ئېنىق بىر چېگرا بېكىتىش قىيىن.

سۆز مەنىسىنىڭ ئېنىقلىقى بىلەن تۇتۇقلۇقى تىلدا ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرى بولىدۇ. ئۇلارنى قانداق قوللىنىش ئالاقە ئېھتىياجى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. پەن ـ تېخنىكىدا، قانۇن ـ تۈزۈملەردە سۆز مەنىسىنىڭ ئېنىقلىقى مۇھىم رول ئوينايدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسا سۆز مەنىسىنىڭ تۇتۇقلۇقى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### 3 . سۆزنىڭ مەنە مۇچىلىرى ( سېمېم )

سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكىنى ھاسىل قىلىپ تۇرغۇچى سېمانتىكىلىق بىرلىك، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بىر گۇرۇپپا

www.uyghurkitap.com

سۆزدىن ئابستىراكتلاشتۇرۇپ ئېلىنغان پەرقلەندۈرگۈچ سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىك مەنە مۇچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەنە مۇچىلىرى دېگىنىمىز، مەنە ئۆزەكلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى، مەنە ئۆزەكلىرىنى پارچىلاپ تەھلىل قىلىشتىن كېلىپ چىققان، مەنە ئۆزىكىدىن بىر قاتلام تۆۋەن تۇرىدىغان سېمانتىكىلىق بىرلىككە قارىتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئەر» دېگەن سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكىنى «ئادەم+ بالاغەتكە يەتكەن + ئەركەك» تىن ئىبارەت ئۈچ مەنە مۇچىسىگە پارچىلاشقا بولىدۇ.

مەنە مۇچىلىرى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) مەنە مۇچىلىرى مەنە ئۆزىكىنىڭ تەركىبىي قىسمىلىرى ھېسابلىنىدۇ. بىر مەنە ئۆزىكى بىرقانچە مەنە مۇچىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن، «ئۆتۈك» دېگەن سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكى «كىيىم + پۇتقا كىيىدىغان + قونچلۇق + يەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان» دېگەندىن ئىبارەت تۆت مەنە مۇچىسىدىن تەركىب تاپقان.

(2) مەنە مۇچىلىرى مۇئەييەن تاۋۇش شەكلىگە ئىگە بولمىغان سېمانتىكىلىق بىرلىك. مەنە مۇچىسى دېگەنلىك، «مورفېمىنىڭ مەنىسى» دېگەنلىك ئەمەس، يەنى ئۇلار بىرنەرسە ئەمەس. مورفېمىنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ مۇئەييەن تاۋۇش بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، يەنى ئۇ مۇئەييەن تاۋۇش شەكلىگە ئىگە بولىدۇ. مەنە مۇچىسى بولسا ئۆزىگە ماس تاۋۇش شەكلىگە ئىگە بولمايدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن «ئۆتۈك» دېگەن سۆزنىڭ مەنە مۇچىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىگە خاس تاۋۇش شەكلىگە ئىگە ئەمەس. يەنە بىر جەھەتتىن، مەنە مۇچىسى مەنە ئۆزىكىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىب بولسا، مورفېما سۆزنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبدۇر.

(3) مەنە مۇچىسى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر گۇرۇپپا سۆزنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان، بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكتۇر. مەسىلەن، «ئەر» بىلەن «ئايال» ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ «ئەركەك»، «ئەركەك ئەمەس (ئايال)» دېگەن بۇ بىر گۇرۇپپا سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىك، يەنى مەنە مۇچىسى كېلىپ چىققان.

مەنە مۇچىلىرى مەنە جەھەتتىن قوشنا كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ مەنە ئۆزەكلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئاشكارىلىنىدۇ ياكى ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئەر | ئايال | بالا |
| ئايغىر | بايتال | تاي |
| قوچقار | ساغلىق | قوزا |
| بۇقا | ئىنەك | موزاي |
| خوراز | مېكىيان | چۈجە |

بىرىنچى قۇردىكىلەرنى توغرىسىغا سېلىشتۇرساق، ئۇلاردا ئىپادىلەنگىنىنىڭ ھەممىسى «ئادەم»؛ بىرىنچى تىك قۇردىكىلەرنى ئىككىنچى تىك قۇردىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇلاردا ئىپادىلەنگىنىنىڭ ھەممىسى «ئەركەك»؛ بىرىنچى تىك قۇردىكىلەرنى ئۈچىنچى تىك قۇردىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرساق، بىرىنچى قۇردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ «بالاغەتكە يەتكەن» ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بىز ھەربىر مەنە مۇچىسىنى تىرناق ( ) ئىچىگە ئېلىپ، «+» بەلگىسى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى، «-» بەلگىسى بىلەن ئىنكار قىلىشنى ئىپادىلىسەك، مەسىلەن، «+» فورمىسى بالاغەتكە يەتكەننى، «-» فورمىسى بالاغەتكە يەتمىگەننى بىلدۈرسە، ئۇ چاغدا، «ئەر، ئايال، بالا» دېگەن سۆزلەرنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولىدۇ:

| (ئادەم) | (بالاغەتكە يەتكەن ياكى يەتمىگەن) | (ئەركەك ياكى ئايال) |
|---|---|---|
| ئەر + | + | + |
| ئايال + | + | − |
| بالا + | − | ± |

يەنە مەسىلەن، «ئاكا، ئاچا، ئۇكا، ئىنى، سىڭىل» دېگەن بەش سۆزنى تۆۋەندىكىدەك فورمىدا كۆرسىتىش مۇمكىن:

| (قېرىنداش) | (يېشى چوڭ ياكى كىچىك) | (ئەركەك ياكى ئايال) |
|---|---|---|
| ئاكا + | + | + |
| ئاچا + | + | − |
| ئۇكا + | − | ± |
| ئىنى + | − | + |
| سىڭىل + | − | − |

مەنە مۇچىلىرى سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ۋە پەرقىنى ئېنىقلاشتا، سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئىزاھلاشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

4. سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكى

سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكى دېگىنىمىز، مۇئەييەن سۆز شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان، مۇستەقىل قوللىنىشقا بولىدىغان، ئابستراكتلاشتۇرۇلغان، تۇراقلىق سېمانتىكىلىق بىرلىكتۇر.

سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكى تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق خاراكتېرلەرگە ئىگە:

(1) سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكى مۇئەييەن سۆز شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان سېمانتىكىلىق بىرلىك. بىر خىل مەنە بىر سۆزنىڭ شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، ئۇ خىل مەنە بىر مەنە

ئۆزىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئازگال» دېگەن سۆز «ئويۇلۇپ ئورا بولۇپ قالغان جاي؛ ئويمان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، «ئازگال» دېگەن بۇ سۆز شەكلىدىن ئىپادىلەنگەن مەنە «ئازگال» دېگەن سۆزنىڭ بىر مەنە ئۆزىكىدۇر.

(2) سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكى مۇستەقىل (يەككە) قوللىنىشقا بولىدىغان سېمانتىكىلىق بىرلىك. بەزى سۆزلەر پەقەت بىرلا خىل مەنىگە ئىگە بولسا، يەنە بەزى سۆزلەر بىرقانچە خىل مەنىگە ئىگە بولىدۇ. لېكىن، بىرقانچە خىل مەنىگە ئىگە سۆزلەر ئەمەلىي قوللىنىلغاندا، ئۇ مەنىلەر ئىچىدىكى بىر مەنىلا قوللىنىلىدۇ. مۇستەقىل قوللىنىشقا بولىدىغان بىر خىل مەنىنىڭ ئۆزى بىر مەنە ئۆزىكى بولىدۇ. مەسىلەن، «پەشۋا» دېگەن بۇ سۆز ئۈچ خىل مەنىگە ئىگە. ① پۈت پەنجىسىنىڭ دۈمبىسى، ئالدى تەرىپى (مەسىلەن، پەشۋا ئاتماق، پەشۋا بىلەن تەپمەك)؛ ② تېپىك (مەسىلەن، ئۇ بىر پەشۋاغا يارىماي موللاق ئېتىپ چۈشتى)؛ ③ زەربە، دەشنەم، دەككە (مەسىلەن، ئۆزۈمنى چاغلىماي گەپ قىستۇرۇپ، ئۇنىڭدىن پەشۋا يېدىم). بۇ ئۈچ خىل مەنىنىڭ ھەممىسىنى مۇستەقىل قوللىنىشقا بولىدۇ. شۇڭا، «پەشۋا» دېگەن بۇ سۆز ئۈچ خىل مەنە ئۆزىكىگە ئىگە.

(3) سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكى ئابستراكتلاشتۇرۇلغان، تۇراقلىق سېمانتىكىلىق بىرلىك. بىر سۆز تۈرلۈك كونتېكىستلاردا تۈرلۈك كونكرېت مەنىلەرگە، ۋاقىتلىق مەنىلەرگە ياكى ئالاھىدە مەنىلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكى بولسا پەقەت ھەرخىل مەنىلەردىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئېلىنغان ئومۇمىي ۋە تۇراقلىق مەنە بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن كونتېكىستتا بارلىققا كەلگەن ۋاقىتلىق مەنە ياكى ئالاھىدە مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. مەسىلەن:

① قادىر بەزىدە ئوغرىلىق قىلىپ قويىتتى، شۇڭلاشقا كىشىلەر ئۇنىڭغا «ئوۋچى» دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى.

② مەن بۇلارنى ئانا مەكتىپىم — تۇرمىدە ئۆگەنگەن.

مىسال ① دە «ئوۋچى» دېگەن سۆز «ئوغرى» دېگەن ۋاقىتلىق مەنىگە، مىسال ② دە «تۇرمە» دېگەن سۆز «مەكتەپ» دېگەن ۋاقىتلىق مەنىگە ئىگە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى «ئوۋچى» سۆزىنىڭ «ئوغرى» دېگەن مەنىسى بىلەن «تۇرمە» سۆزىنىڭ «مەكتەپ» دېگەن مەنىسى مەنە ئۆزىكى ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككى سۆز ئاشۇ ئىككى كونتېكىستتىلا شۇ مەنىلەرگە ئىگە، ئەگەر ئۇ كونتېكىستلاردىن ئايرىلسا، ئۇ مەنىلەرمۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ.

### 5. سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى

سۆز مەنىسى سۆزنىڭ مەنە ئۆزەكلىرىنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكىگە ئاساسەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى

سۆزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنىسى، يەنى سۆزنىڭ بىرەر شەيئى ياكى بىرەر ھادىسە ھەققىدىكى چۈشەنچىنى توغرىدىن ـ توغرا ئىپادىلىگەن مەنىسى شۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «باش» دېگەن سۆزنىڭ «ئادەم بەدىنىنىڭ بويۇندىن يۇقىرى، ھايۋان بەدىنىنىڭ بويۇندىن ئالدىنقى، يەنى كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالار ئورۇنلاشقان قىسمى، كاللا» دېگەن مەنىسى؛ «ئاچقۇچ» دېگەن سۆزنىڭ «قۇلۇپنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مېتال ئەسۋاب» دېگەن مەنىسى ئۇ ئىككى سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى

ھېسابلىنىدۇ.

2) سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى

سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى مەنىلىرى يەنى ئەسلىي مەنىسى ئۈستىگە يۈكلەنگەن كېيىنكى مەنىلىرى شۇ سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى شۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئىپادىلىگەن ئۇقۇمنىڭ بەلگىلىك ئالاھىدىلىكلىرى ياكى خاراكتېرلىرىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان ھالدا شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، «باش» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئاساسىدا تۆۋەندىكىدەك كۆچمە مەنىلىرى شەكىللەنگەن: «تىك، ئۆرە نەرسىلەرنىڭ يۇقىرى تەرىپى، چوققىسى» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، تاغ بېشى؛ دەرەخ بېشى؛ تونۇر بېشى)»، «باشلىق، رەھبەر» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، سىزنى ئۇلارغا باش قىلىپ ماڭدۇرىمىز)، «بىرەر كەسىپ ياكى ساھەدە باشقىلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئورنى باشقىلاردىن يۇقىرى» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، باش كاتىپ؛ باش ئىنژېنېر)، «ئەڭ مۇھىم، ئاساسىي» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، باش بۆلەك؛ باش ۋەزىپە)، «مېڭە، ئەقىل، ھوش، زېھىن، كۆڭۈل» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، ئۇنىڭ بېشى جايىدا ئەمەس، بولمىسا ئاشۇنداق گەپ قىلامدۇ؟)، «كىشى، ئادەم، جان، ئۆز» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، بېشىڭنى ئېلىپ بۇ يەردىن چىقىپ كەت؛ بېشىڭ ئون بولسىمۇ، بۇ ئىشنى قىلىپ ھۆددىسىدىن چىقالمايسەن؛ باش سىغقۇدەك جاي)، «ئاۋۋال، بۇرۇن، دەسلەپ، ئىلگىرى» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، يارنىڭ ئۆيى باغراشتا، بەلگىسى قاراتاشتا، ئانچە مەيلىڭ بولمىسا، نېمىشقا ئۈيىنىغان باشتا)، «بىرىنچى» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، باش كۆۋرۈك؛ باش بارماق)، مىقدارنى بىلدۈرۈپ كېلىشى (مەسىلەن، بىر باش پىياز؛ ئىككى باش قوناق)، ئەسىر، يىل، پەسىل، ئاي، كۈن، گەپ ـ سۆز قاتارلىقلارنىڭ

ياكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەنمىگەن نەرسىلەرنىڭ باشلانغان قىسمىنى ياكى يۇقىرى تەرىپىنى بىلدۈرىدىغان مەنىسى (مەسىلەن، يىلنىڭ بېشى؛ گەپنىڭ بېشى؛ ساينىڭ بېشى؛ دەريانىڭ بېشى)، بەزى زىرائەت ۋە كۆكتاتلارنىڭ مېۋىسىنى بىلدۈرىدىغان مەنىسى (مەسىلەن، باش تەرمەك: باش پىياز)، «چاچ» دېگەن (مەسىلەن، باش ئاقارماق: باش چۈشۈرمەك) مەنىسى، بەزى ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن نەرسىنى ياكى شۇ نەرسە ئورۇنلاشقان جاينى بىلدۈرىدىغان مەنىسى (مەسىلەن، ئېتىز بېشى؛ ئېرىق بېشى) ... دېگەندەك مەنىلىرى ئەنە شۇ «باش» دېگەن سۆزنىڭ كۆچمە مەنىلىرى ھېسابلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك «ئاچقۇچ» دېگەن سۆزنىڭمۇ ئەسلىي مەنىسى ئاساسىدا تۈۋەندىكىدەك كۆچمە مەنىلىرى شەكىللەنگەن: «بىرەر مېخانىزمنى بۇراپ يۇرگۇزۇش، ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئىشقا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مېتال ئەسۋاب» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، ئاپتوموبىل ئاچقۇچى، تام سائىتىنىڭ ئاچقۇچى)، «بىرەر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئىجابىي ئامىل، چارە، تەدبىر» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى — پەن ـ تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا)، «لۇغەت ئاختۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان جەدۋەل، گىرافا» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، لۇغەت ئاچقۇچى) ... دېگەندەك مەنىلىرى ئاشۇ «ئاچقۇچ» سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل يول بىلەن شەكىللىنىدۇ:

بىرىنچىسى، كېڭەيتىش. كېڭەيتىش دېگەنلىك، سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇنى يېڭى مەنىگە، يەنى كۆچمە مەنىگە ئىگە قىلىش دېگەنلىكتۇر. سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىسى

شۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ ھەمدە باشقا بىر شەيئى ۋە ھادىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، «كىر» دېگەن سۆزنى مىسالغا ئالساق، ئۇ سۆز ئەسلىدە نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە، بەدەنگە قونغان، چاپلاشقان، يۇققان چاڭ - توزان قاتارلىق پاسكىنا نەرسىلەرنى كۆرسىتەتتى (مەسىلەن، ئۇ خۇددى ياش يىگىتلەردەك ئاق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا كىر يۇقتۇرماي يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ). كېيىن «كىر» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى كېڭىيىپ، كىرلەشكەن كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆرسىتىدىغان بولدى (مەسىلەن، ئەتىسى سائادەت كېلىپ كىرلىرىمنى ئېلىپ كەتتى)، كېيىنچە مەنىسى يەنىمۇ كېڭىيىپ «يامانلىق، ئادالەت ۋە غۇم» نى بىلدۈرىدىغان بولدى (مەسىلەن، كۆڭۈلدە كىر ساقلاپ نېمە قىلىمىز؟ ھەممىمىز ئۆز ئادەم). دېمەك، يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «كىر» دېگەن سۆزنىڭ كۆچمە مەنىلىرى «كىر» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرىنى نەزەرگە ئېلىش ئاساسىدا كېڭەيتىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن.

«چاي» دېگەن سۆز ئەسلىي «چاي ئائىلىسىگە كىرىدىغان، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال تىپىدىكى ئۆسۈملۈك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. كېيىن ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى كېڭىيىپ، شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتنى بىلدۈرىدىغان بولدى (مەسىلەن، بىر سېلىم چاي)، كېيىن بۇ مەنە يەنە كېڭىيىپ، شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتىدىن دەملەنگەن ئىچىملىكنى بىلدۈرىدىغان بولدى (مەسىلەن، بىر پىيالە چاي). كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ مەنە تېخىمۇ كېڭىيىپ ئەركەك قۇدا تەرەپنىڭ ئايال قۇدا تەرەپكە تويلۇق ئاپىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىمنى بىلدۈرىدىغان

بولدى (مەسىلەن، كىچىك چاي، چوڭ چاي)، كېيىن يەنە دوست ـ يارەنلەرگە بېرىلىدىغان زىياپەتنى كۆرسىتىدىغان بولدى (مەسىلەن، ئۇ بۇگۈنكى چاينى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ناخشىلىرى بىلەن قىزىتىپ بەردى) ... ۋەھاكازا.

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ مەنىلىك پېئىللار ئاساسەن سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشىدىن بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، «تارتماق» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ سۆز ئەسلىدە «بىرەر نەرسىنى قول بىلەن تۇتۇپ، ئۆزى تەرەپكە سۆرىمەك ياكى سۆرەشكە ئۇرۇنماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى كېڭىيىپ «ئارقىسىغا تىركەپ چېتىلغان ياكى قوشۇلغان يۈكنى كۈچەپ ئالدىغا سۆرىمەك» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، تاي تېپىرلايدۇ، هارۋىنى ئات تارتىدۇ)، «سۇغۇرماق، يۇلماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، چىش تارتماق)، «تىلماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، شال تىلماق)، «جىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى تارتىشىش كۈچىنى (مەسىلەن، ماگنىت تۆمۈرنى ئۆزىگە تارتىدۇ)، «ئۆزىگە قاراتماق، جەلپ قىلماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتماق)، «خالىماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، كۆڭلۈم تاۋۇزغا تارتىۋاتىدۇ)، «بىرەر ئىشقا ئارىلاشتۇرماق، قاتناشتۇرماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، جاۋابكارلىققا تارتماق؛ سوراققا تارتماق)، «ياپماق، قاپلىماق، پۈركىمەك» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، يۈزىگە نىقاب تارتماق، يۈزىگە چۈمپەردە تارتماق)، «سۈمۈرمەك، شورىماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، ناسوس بىلەن سۇ تارتماق؛ تاماكا تارتماق)، «مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان غىزا ـ تائاملارنى تارتماق، قويماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، ئاش تارتماق)، «ئېغىرلىقنى ئۆلچىمەك، جىڭلىماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، ئۈزۈمنى جىڭدا تارتماق)، «ئۇزۇن، سوزۇنچاق نەرسىلەرنى بىرەر يۆنىلىشتە ئورناتماق، بىكىتمەك»

دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، ئەخمەقغە مەنسەپ تەگسە، قوتانغا زەدىۋال تارتار)، «سىزىق شەكلىدە ئىز چىقارماق، سىزماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، قۇر تارتماق، قىر تارتماق)، «نەملىكنى ئېشىپ كەتمەك» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، زەي تارتماق)، «دانلىق ئاشلىقنى تۇگمەندە ياكى زاۋۇتتا يۇمشىتىپ ئۇنغا ئايلاندۇرماق، مايلىق دانىنى جۇۋاز ياكى زاۋۇتتا ياغقا ئايلاندۇرماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، ئۇن تارتماق؛ ياغ تارتماق)، «ئازايتماق، كېمەيتمەك، چەكلەپ قويماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، مائاشتىن تارتىپ قالماق)، «تەن شەكلى ياكى مىجەز ـ خۇلقى جەھەتتىن ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشىماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، بۇ بالىنىڭ كۆز قاپىقى ئانىسىنى تارتىپتۇ)، «بىرەر نەرسىنىڭ شەكلىنى، ئىزناسىنى چىقارماق؛ چۈشۈرمەك» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، سۈرەتكە تارتماق)، «بىرەر مەسئۇلىيەت ياكى ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماق، سىرتقا چىقىۋالماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت، قورسىقىڭ ئاغرىسا، نەپسىڭنى تارت؛ باش تارتماق)، «زىيانغا ئۇچرىماق، كۆلپەتكە دۇچ كەلمەك، ئازابلانماق، مەلۇم قىيىن ئەھۋالدا قالماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، زىيان تارتماق، ئازاب تارتماق، دەرد تارتماق، يالغۇزچىلىق تارتماق)، «ئۆسمەك، سۈرمەك، پېلەك تارتماق» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، بوي تارتماق؛ يىلتىز تارتماق؛ پېلەك تارتماق) دېگەندەك مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالغان.

يەنە بىرى، ئوخشىتىش. ئوخشىتىش دېگەندە، تەقلىد قىلىش، كۆچۈرۈپ كېلىش، مىسالغا ئېلىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق سۆزنىڭ ئەسلىي مەنە ئۆزىكى ئاساسىدا يېڭى مەنىلەرنى ھاسىل قىلىش نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدا شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى ئاساس قىلىنىدۇ. شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى دېگەندە ئاساسەن تۆۋەندىكىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ:

(1) شەكىل ياكى كۆرۈنۈش جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. «قانات» دېگەن سۆز ئەسلىي «قۇش ۋە ھاشاراتلارنىڭ ئۇچۇش ئورگىنى» دېگەن مەنىدە ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە «ئايروپىلاننىڭ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ ھاۋادا مۇئەللەق تۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قاناتسىمان يېپىق قىسمى» مۇ «قانات» سۆزى بىلەن (مەسىلەن، ئايروپىلاننىڭ قانىتى)، «چاقپەلەك، شامالدۇرغۇچقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئايلىنىشىغا ياكى شامال چىقىرىشقا ياردەم بېرىدىغان قىسمى» مۇ «قانات» دېگەن سۆز بىلەن (مەسىلەن، چاقپەلەكنىڭ قانىتى؛ شامالدۇرغۇچنىڭ قانىتى)، «ئاپتوموبىل، ۋېلىسىپىت قاتارلىقلارنىڭ چاقلىرى ئۈستىگە لايدىن ھىمايە قىلىش مەقسىتىدە ئورنىتىلغان قىسمى» مۇ «قانات» دېگەن سۆز بىلەن (مەسىلەن، ۋېلىسىپىتنىڭ قانىتى؛ ئالدى چاقنىڭ قانىتى)، «ئىشىك ـ دېرىزە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئېچىلىپ ـ يېپىلىدىغان ھەربىر بۆلىكى» مۇ «قانات» دېگەن سۆز بىلەن (مەسىلەن، ئۇ دېرىزىنىڭ ئىككى قانىتىنى كەڭ ئېچىۋەتتى)، «مەلۇم نۇقتا ياكى لىنىيەنى بويلاپ ئورۇنلاشقان نەرسىلەرنىڭ بىرەر تەرىپى، يېنى» مۇ «قانات» دېگەن سۆز بىلەن (مەسىلەن، بىنانىڭ سول قانىتى؛ مەھەللىنىڭ ئوڭ قانىتى)، «قوشۇن ياكى سەپنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپى» مۇ «قانات» دېگەن سۆز بىلەن (مەسىلەن، قۇتلۇق مىڭبېشى مىڭ چېرىكنى دەريا كېچىكىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىككى قانات قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى)، «بىرەر تەشكىلات، گۇرۇھ قاتارلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئىنقىلابىي، ئەڭ ئەكسىلئىنقىلابىي غايىلەرنى ئالغا سۈرگۈچى گۇرۇپپا» مۇ «قانات» دېگەن سۆز بىلەن (مەسىلەن، سول قانات يازغۇچىلار)، «ياردەمچى» مۇ «قانات» دېگەن سۆز بىلەن (مەسىلەن، ئات ئەر

كىشىگە قانات) ئىپادىلىنىدىغان بولغان.

«ئاغىز» دېگەن سۆز ئەسلىدە «ئىككى لەۋ ئوتتۇرىسىدىكى ئوزۇقلىنىدىغان، سۆزلەش ياكى ئاۋاز چىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بوشلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. كېيىن ئۇ سۆزنىڭ «ئېتىش قوراللىرىنىڭ ئوق ئېتىلىپ چىقىدىغان تۆشۈكى » دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، مىلتىق ئاغزى؛ زەمبىرەك ئاغزى)، «ئىچى كاۋاك نەرسىلەرنىڭ تۆشۈكى» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، قۇدۇقنىڭ ئاغزى؛ تاغارنىڭ ئاغزى؛ ئورىنىڭ ئاغزى)، «مەلۇم جاينىڭ باشلىنىش، كىرىش ـ چىقىش جايى» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، كوچا ئاغزى) ۋە باشقا نۇرغۇن مەنىلىرى بارلىققا كەلدى. بۇلار «ئاغىز» سۆزنىڭ شەكلى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى مەنىلەردۇر. «كۆز»، «ئاق»، «ئىز» دېگەندەك كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىلىرىمۇ ئەنە شۇ شەكىل ياكى ھالەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

(2) ئورۇن جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. «باش» دېگەن سۆز ئەسلىدە «ئادەم بەدىنىنىڭ بويۇندىن يۇقىرى قىسمىنى، ھايۋان بەدىنىنىڭ بويۇندىن ئالدىنقى قىسمى» نى كۆرسىتەتتى. ھازىر ئۇ سۆز «تىك، ئۆرە نەرسىلەرنىڭ يۇقىرى تەرىپى، چوققىسى» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، تاغ بېشى؛ دەرەخ بېشى؛ تونۇر بېشى)؛ «ئاۋۋال، دەسلەپ، بۇرۇن، ئىلگىرى» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، باشتا نېمىشقا شۇنداق دېمەيسەن؟ ھەرقانداق ئىشنىڭ بېشى قىيىن بولىدۇ)، «بىرىنچى» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، باش كۆۋرۈك؛ باش بارماق)، «ئەسىر، يىل، پەسىل، ئاي، كۈن، گەپ ـ سۆز قاتارلىقلارنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ياكى ئورنى» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، يىلنىڭ بېشى؛ گەپنىڭ بېشى)، ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ باشلانغان جايى، يۇقىرى تەرىپى» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن،

دەريانىڭ بېشى) ۋە شۇنىڭدەك نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولدى. بۇ يېڭى مەنىلەر باشنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى ئۈستۈنكى قىسمىغا جايلاشقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

«ئاياغ» دېگەن سۆز ئەسلىدە «ئادەم، هايۋان ياكى باشقا جانلىقلار گەۋدىسىنىڭ يەرنى تايىنىپ تۇرۇشى، يۈرۈشى ياكى ئۆمىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى» نى بىلدۈرەتتى. «ئاياغ» سۆزىنىڭ «ئاخىرى، داۋامى» دېگەن مەنىلىرى (مەسىلەن، ئۇ شۇنداق زېرەك ئىدىكى، گەپنىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە، ئايىغىنى بىلىپ بولاتتى) «ئاياغ» سۆزىنىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ تۆۋەن قىسمىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

(3) مۇناسىۋەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. «قېرىنداش» دېگەن سۆز ئەسلىي «بىر ئاتا ـ ئانىدىن بولغان پەرزەنتلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. مانا مۇشۇ مەنە ئاساسىدا ئۇ سۆزنىڭ «مۇئەييەن بىر دۆلەت ياكى مىللەتتىن بولغان كىشىلەر» دېگەن كۆچمە مەنىسى شەكىللەنگەن.

(4) رولى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. «باش» دېگەن سۆز «ئادەم بەدىنىنىڭ بويۇندىن يۇقىرى قىسمىنى، يەنى كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن، مېڭە قاتارلىق ئەزالار ئورۇنلاشقان قىسمى»نى كۆرسىتىدۇ. باش ئادەمنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، قوماندانلىق قىلىدۇ. «باش» دېگەن سۆزنىڭ «باشلىق، رەھبەر» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، يۈسۈپ بەگ ماقۇل بولۇپ، پالۋان يىگىتلەردىن ئۈچ يۈز ئاتمىشنى ئايرىپ، هوشۇر بەگ سەردارنى ئۇلارغا باش قىلىپ، ئىرولغا ماڭدۇردى)، «بىرەر كەسىپ ياكى ساھەدە باشقىلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئورنى باشقىلاردىن يۇقىرى» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، باش شۇجى؛ باش كاتىپ؛ باش ئىنژېنېر)، «ئەڭ مۇھىم، ئاساسىي» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، باش ۋەزىپە؛ باش

بۆلەك)، «مېڭە، ئەقىل، ھوش» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، ئۇنىڭ بېشى جايىدا ئەمەس، بولمىسا ئاشۇنداق گەپ قىلامدۇ؟) ۋە باشقا نۇرغۇن كۆچمە مەنىلىرى باشنىڭ ئاشۇ خىل مۇھىم رولى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

(5) ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. مەسىلەن، «ئاقلىماق» دېگەن سۆز ئەسلىي «ھاك ۋە بورغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن بويىماق، ئاقارتماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ھازىر ئۇ سۆزنىڭ «بىرەر كىشىنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى، ئەيىبكار ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماق» دېگەن كۆچمە مەنىسى بارلىققا كەلدى. بۇ كۆچمە مەنە «ئاقلىماق» دېگەن پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش شەكلى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

«سۈركىلىش» دېگەن سۆز ئەسلىي «بىر جىسىم ئىككىنچى بىر جىسىم ئۈستىدە ھەرىكەت قىلغاندا، بۇ ئىككى جىسىم يۈزلىرى ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە توسالغۇلۇق قىلىدىغان بىر خىل قارشىلىق» كۆچىنى بىلدۈرەتتى. ھازىر ئۇ سۆزنىڭ «كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان پايدا ـ زىيان توقۇنۇشىنى ۋە زىددىيەت» لەرنى كۆرسىتىدىغان يېڭى مەنىسى بارلىققا كەلدى. (مەسىلەن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر ئاز سۈركىلىش پەيدا بولدى؛ ئۇ چاغلاردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ سۈركىلىشى كۈچەيگەنىدى). بۇ كۆچمە مەنە «سۈركىلىش» پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش شەكلى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

(6) نەتىجە جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. «چىرىمەك» دېگەن سۆز ئەسلىي «مىكرو ئورگانىزملارنىڭ تەسىرى بىلەن بۇزۇلماق، سېسىپ كەتمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ

سۆزنىڭ ھازىر «ئىدىيەسى بۇزۇلماق، تۇرمۇشتا چۇشكۇنلەشمەك» دېگەن كۆچمە مەنىسى بارلىققا كەلدى (مەسىلەن، چىرىگەن ئۇنسۇر).

«داشقال» دېگەن سۆز ئەسلىي «رۇدىدىن مېتال ئېرىتىپ ئېلىنغاندىن كېيىن قېلىپ قالغان ئەينەكسىمان ياكى تاشسىمان قاتتىق ماددا» نى بىلدۈرەتتى. مۇشۇ مەنە ئاساسىدا «قېلىپ قالغان بۇزۇق كىشىلەر» دېگەن مەنىدىكى «داشقال» سۆزى بارلىققا كەلدى (مەسىلەن، گومىنداڭنىڭ داشقىلى؛ ئاپامدىن سورىسام، دادامنى داشقال دەپ سولاپ قويۇپتۇ).

«سېسىماق» دېگەن سۆز ئەسلىي «سېسىق پۇراق چىقارماق ياكى چىرىپ بۇزۇلماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ سۆزنىڭ «بىر ئەسكى ئىشنى قىلىپ قويغانلىقى سەۋەبلىك كىشىلەر ئارىسىدا يۈزى تۆكۈلمەك، نەزەردىن چۈشۈپ كەتمەك، سەت كۆرۈنمەك» دېگەن كۆچمە مەنىسى بارلىققا كەلدى (مەسىلەن، ئۇ ئايال شۇ ئىش بىلەن سېسىغاندىمۇ، ئاجايىپ سەت سېسىپ كەتتى). دېمەك، يۇقىرىدىكى مىساللاردا تىلغا ئېلىنغان «چىرىمەك»، «داشقال»، «سېسىماق» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلىنىدىغان شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىش نەتىجىسى بىلەن بۇ سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىسىدە ئىپادىلىنىدىغان شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىش نەتىجىسى ئارىسىدا مۇئەييەن ئوخشاشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق كۆچمە مەنە شەكىللەنگەن.

(7) خاراكتېر جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. «ساغلام» دېگەن سۆز ئەسلىي «كېسەلدىن خالىي، تېنى ساق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ سۆزنىڭ «زىيانلىق، ناچار ئىللەتلەردىن خالىي؛ پاك، ساپ» (مەسىلەن، ساغلام كۆزقاراش) دېگەن مەنىسى ئەنە شۇ «ساغلام» سۆزىدە ئىپادىلەنگەن خاراكتېر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

«يېنىك» دېگەن سۆز ئەسلىي «ۋەزنى ئېغىر ئەمەس، يەڭگىل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. كېيىن ئۇ سۆزنىڭ «مۇشەققىتى ئاز، بېجىرمەك ئاسان، ئورۇنداش قىيىن ئەمەس، ئاسان» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، تۇرمە هاياتى ئۇنىڭغا خېلىلا يېنىك تۇيۇلدى)، «تېز هەزىم بولىدىغان، ئاسان سىڭىدىغان» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، ئۇ توخۇ گۆشىگە ئوخشاش يېنىك ۋە مەززىلىك نەرسىلەرنى يەپ ئۇخلاشنى ياخشى كۆرەتتى)، «هەرىكىتى، يۈرۈش - تۇرۇشى چاققان» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، ئېغىر بويۇڭنى يېنىك قىلىپ، تېز بېرىپ كەل، بالام، — دېدى ئۇ بالىسىغا)، «مىجەزى ئىتتىك، بىر ئىشنى چوڭقۇر ئويلىمايلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىدىغان، ئالدىراڭغۇ» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، يېنىكلىك قىلماق)، «ئاز، ئېغىر ئەمەس، قىيىن ئەمەس، ئاسان» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، سىز بارىدىغان چاغدا قىيىنچىلىق يېنىك دەپ كىم ئېيتىپتۇ؟ — دېدى كادىر ئورنىدىن تۇرۇپ)، «ئۇنچە كۈچلۈك ئەمەس، بوش هەم مۇڭلۇق» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، يېنىك ئاهاڭ؛ يېنىك مۇزىكا؛ يېنىك شامال)، «دەرىجىسى يۇقىرى ئەمەس، قاتتىق ئەمەس، يەڭگىل، ئادەتتىكىدەك» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، يېنىك جازا؛ يېنىك جىنايەت)؛ «زەخىملىنىش، بۇزۇلۇش دەرىجىسى يۇقىرى ئەمەس» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، شۇ قېتىم يىقىلغان چاغدا ئۇنىڭ تىز سۆڭىكىدە يېنىك دەز پەيدا بولغانىكەن)، «روهىي جەهەتتىن ناهايىتى خاتىرجەم» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، ئۇ ئەتىگەندىن بېرى يۈگۈرۈپ - چېپىپ يۈرگىنىگە قارىماي، ئۆزىنى يېنىك سېزەتتى)، «كۆپ كۈچىمەيلا، كۆپ قىينالمايلا» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، ئاتلار سوقىلارنى يېنىك سۆرەپ كېتىپ باراتتى)، «كۈچسىز، بوش، ئاستا، يەڭگىل» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، هېلىقى كىشى يېنىك بىر يۆتىلىپ گېلىنى قىرىپ قويدى)، «ئاسان

چۈشەنگىلى، ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولىدىغان» دېگەن مەنىسى (مەسىلەن، يېنىك دەرس) ۋە باشقا نۇرغۇن كۆچمە مەنىلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ كۆچمە مەنىلەر «يېنىك» سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلىنىدىغان خاراكتېر بىلەن كۆچمە مەنىسىدە ئىپادىلىنىدىغان خاراكتېر ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

سۆزلەرنىڭ ئوخشىتىشتىن ھاسىل بولغان كۆچمە مەنىسى ئادەتتە «ئوخشاتما مەنە» دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزلەرنىڭ ئوخشاتما مەنىسى بىلەن سۆزلەرنىڭ ۋاقىتلىق ئوخشىتىشتىن ھاسىل بولغان مەنىسىنى بىرنەرسە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. سۆزلەرنىڭ ئوخشاتما مەنىسى سۆزلەرنىڭ ئاساسەن تۇراقلاشقان مەنىسى بولۇپ، بۇ خىل مەنە جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ئومۇملاشقان، ھەممە ئېتىراپ قىلغان مەنە ھېسابلىنىدۇ. سۆزلەرنىڭ ۋاقىتلىق ئوخشىتىشتىن ھاسىل بولغان مەنىسى بولسا شۇ سۆزنىڭ مەلۇم كونتېكىست ياكى تىل مۇھىتىدا ئوينىغان ۋاقىتلىق رولىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇ خىل مەنە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولمايدۇ، يەنە كېلىپ شۇ كونتېكىستتىن ئايرىلسا ئۇ خىل مەنىلەرگە ئىگە بولالمايدۇ. مەسىلەن، «كىتاب — ئالدىنقىلاردىن كېيىنكىلەرگە قالغان ۋەسىيەت، سەكرات ئۈستىدە ياتقان قېرىنىڭ تۇرمۇشقا ئەمدىلا قەدەم قويغان ياشقا قىلغان سەممىي نەسىھەتى، قايتىپ دەم ئالىدىغان قاراۋۇلنىڭ ئۆز ئىزىغا كەلگەن قاراۋۇلغا بەرگەن بۇيرۇقى» دېگەن جۈملىدە «كىتاب» دېگەن سۆز ئۈچ خىل مەنىدە چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ سۆز شۇ كونتېكىستتىن ياكى جۈملىدىن ئايرىلسا، يۇقىرىقىدەك مەنىلەرگە ئىگە بولالمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، «ماتېماتىكا — پەنلەرنىڭ خانىشىدۇر»، «ئىنقىلاب — تارىخنىڭ پاراۋوزىدۇر»، «ئوقۇتقۇچى — ئىنسانلار روھىنىڭ ئىنژېنېرىدۇر»،

«ئوقۇتقۇچى — مەرىپەت تەگرىسىدۇر»، «بىلىم — كۈچ دېمەكتۇر»، «بالىلار — كەلگۈسىنىڭ غۇنچىلىرىدۇر»، «سۇ — يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىدۇر»، «باش تېما — ماقالىنىڭ تۇۋرۈكىدۇر» دېگەن جۈملىلەردىكى «ماتېماتىكا»، «ئىنقىلاب»، «ئوقۇتقۇچى»، «بىلىم»، «بالىلار»، «سۇ»، «باش تېما» دېگەن سۆزلەر ئۆزلىرىگە خاس چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئەگەر ئۇ سۆزلەر شۇ كونتېكىستتىن ئايرىلسا، يۇقىرىقىدەك مەنىلەرگە ئىگە بولالمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۇ سۆزلەرنى يۇقىرىقىدەك مەنىدە چۈشەنمەيدۇ.

سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى ئوبرازلىق، ئېنىق، كونكرېت بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، سۆزلەر كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەندە، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، تىل جانلىقلىقا، ئوبرازلىقا ئىگە بولىدۇ.

سۆزنىڭ كۆچمە مەنە ئېلىشى تىلدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئاساسىدۇر.

## §3. سۆز مەنىسىنىڭ تۈزۈلۈشى

سۆز مەنىسى تۈرلۈك ئامىللاردىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ سىستېما، ھەرقانداق بىر سۆز مۇستەقىل سۆزلا بولىدىكەن، ئۇ ئادەتتە ئۇقۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يادرولۇق مەنىگە، يەنى ئىدراكىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ، يەنە بەزى سۆزلەر ئىدراكىي مەنىگە ئىگە بولغاندىن سىرت بەزىبىر قوشۇمچە مەنىلەرگىمۇ ئىگە بولىدۇ. بۇلار ئادەتتە تۈس مەنە ياكى غەيرىي ئىدراكىي مەنە دەپ ئاتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

### 1 . سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى

ئوبيېكتىپ شەيئىلەر، ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كىشىلەر ئېڭىدا ئومۇملاشتۇرۇلغان ھالدا ئەكس ئېتتىشىدىن ھاسىل بولغان مەنە سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سۆز مەنىسىنىڭ ئۇقۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قىسمى سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ھېسابلىنىدۇ. سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى سۆز مەنىسىنىڭ يادروسى بولۇپ، لۇغەتلەردە سۆز ئۈچۈن بېرىلگەن تەبىر ئومۇمەن سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن، «قاش» دېگەن سۆزنىڭ «كۆز قاپقىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى تۈكلەردىن تەركىب تاپقان يايسىمان سىزىق» دېگەن مەنىسى؛ «قازى» دېگەن سۆزنىڭ «دەۋا ئىشلىرىنى سورايدىغان ئەمەلدار» دېگەن مەنىسى؛ «كەمتەر» دېگەن سۆزنىڭ «ماختىنىشنى خالىمايدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتىدىغان، تەكەببۇر ئەمەس» دېگەن مەنىسى؛ «كوتۇلدىماق»، «تەرپىلىمەك» سۆزلىرىنىڭ «سۆزلىمەك، گەپ قىلماق» دېگەن مەنىسى ئەنە شۇ سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىر سۆز قانچە خىل مەنە ئۆزىكىگە ئىگە بولسا، ئۇ سۆز شۇنچە خىل ئىدراكىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر سۆزنىڭ مەنە ئۆزەكلىرىدە ئۆزگىرىش بولسا، ئۇ سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. مەسىلەن، «ئاق» دېگەن سۆزنى مىسالغا ئالساق، بۇ سۆز ئەسلىي «پاختا، قار ياكى سۈتنىڭ رەڭگىگە ئوخشىشىدىغان رەڭ؛ قارنىڭ ئەكسى» دېگەن ئىدراكىي مەنىگە ئىگە ئىدى. لېكىن، كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ سۆز ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكتىنىڭ دائىرىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، «سىرتى، كۆرۈنۈشى ئاق رەڭگە مايىل» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، ئاق يۈزلۈك؛ ئاق بىلەك؛ ئاق ئالما)؛ «خەت

يېزىلمىغان؛ زىرائەت تېرىلمىغان؛ بىكار، بوش» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، ئاق بەت؛ ئاق يەر)، «گۇناھسىز، پاك» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، ئوغرى ئۆلگۈچە ئاقمەن دەپ تۇرار)، «توغرا، ياخشى ئىش، ھەقىقەت» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلماق)، «ئاقارغان تۈك، موي؛ چاچ ۋە ساقالنىڭ ئاقارغان قىسمى» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، چاچنىڭ ئېقى؛ ساقىلىڭنىڭ ئېقى بار، بالىلىقىڭ تېخى بار)، «كۆزنىڭ قارىچۇقىنى ئوراپ تۇرغان تىنىق رەڭ قىسمى» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، كۆزنىڭ ئېقى)، «كېسەللىك نەتىجىسىدە كۆز قارىچۇقىدا پەيدا بولغان ئاقۇچ داغ» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، كۆزگە ئاق چۈشمەك)، «تۇخۇمنىڭ ئاقسىل ماددىسى» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، تۇخۇمنىڭ ئېقى)، «سۈس، ئاقۇچ مايىل» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، ئاق يېشىل، ئاق سېرىق)، «ئۆلۈم - دەپنە ئىشلىرىدا مۇسىبەت ئىگىلىرى ماتەم تۇتۇپ باغلايدىغان ئاق رەخت» دېگەن مەنىنى (مەسىلەن، مەرھۇمنىڭ يالغۇز قىزى بېشىغا ئاق رومال چىگىپ، بېلىگە ئاق باغلاپ جىنازىنىڭ ئالدىدا ماڭدى) ۋە يەنە نۇرغۇن ئىدراكىي مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدىغان بولدى.

خوتۇن (خاتۇن)» دېگەن سۆز ئەسلىي «پادىشاھنىڭ ياكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئايالى» دېگەن ئىدراكىي مەنىنى بىلدۈرەتتى. لېكىن، كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ سۆز ئەكس ئەتكۈزگەن ئوبيېكتنىڭ دائىرىسىدە ئۆزگىرىش بولغاچقا، ئۇ سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئىدراكىي مەنىلەرنى، يەنى «جىنسىي جەھەتتە ئەرلەرنىڭ ئەكسى بولغان، تۇغۇش، ئېمىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئادەم، يەنى ئايال» دېگەن مەنىنى، «بىرەر ئەرنىڭ نىكاھىدىكى ئايال» دېگەن مەنىنى، «تۇرمۇشقا چىققان، تويى قىلىغان قىز، جۇۋان» دېگەندەك ئىدراكىي مەنىلەرنى

ئىپادىلەيدىغان بولدى.

سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئۇقۇمنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ بەزىدە سۆزنىڭ ئۇقۇم مەنىسى، سۆزنىڭ لوگىكىلىق مەنىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

2 . سۆزنىڭ تۈس مەنىسى

سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن تۈرلۈك قوشۇمچە مەنىلەر، يەنى سۆز مەنىسىنىڭ غەيرىي ئىدراكىي قىسمى سۆزنىڭ تۈس مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزنىڭ تۈس مەنىسى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) سۆزنىڭ تۈس مەنىسى سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئاساسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئۇ سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىدىن ئايرىلسا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلىنى يوقىتىدۇ.

(2) سۆزنىڭ تۈس مەنىسى سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسىگە ئوخشاش ئابستراكتلىقىقا ئىگە بولىدۇ.

(3) سۆزنىڭ تۈس مەنىسى ئومۇمەن شۇ جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان بولىدۇ.

سۆزنىڭ تۈس مەنىسى تۆۋەندىكىدەك تۈسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) سۆزنىڭ ھېسسىيات تۈسى

سۆزنىڭ ھېسسىيات تۈسى دېگەندە، سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئۈستىگە يۈكلەنگەن ياكى سىڭدۈرۈلگەن تۈرلۈك ھېسسىياتلار، يەنى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان تۈرلۈك سۇبيېكتىپ باھالىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سۆزلەر ئوبيېكتىپ شەيئى، ھادىسە ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلىگەندىن سىرت، ئۇلارغا يەنە كىشىلەرنىڭ شۇ شەيئى، ھادىسە ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىگە

بولغان تورلۇك سۇبيېكتىپ باھالىرىمۇ سىڭگەن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن سۆزلەر كىشىلەرنىڭ ماختاش، ياقتۇرۇش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قايىل بولۇش قاتارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ ئىجابىي مەنىلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرسە، يەنە بىر قىسىم سۆزلەر كىشىلەرنىڭ كەمسىتىش، يىرگىنىش، ئىنكار قىلىش، بىزار بولۇش، ئۆچ كۆرۈش، ئازابلىنىش، قورقۇش قاتارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ، سەلبىي مەنىلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن، «قەھرىمان» دېگەن سۆزدىن «باتۇر، يۈرەكلىك، قورقماس» دېگەن ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە سۆزلىگۈچىنىڭ قايىل بولۇش، ئاپىرىن ئوقۇشتەك ھېس - تۇيغۇسىمۇ قوشۇمچە ئىپادىلەنگەن. «ئانا» سۆزىدىن ئۆزىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە سۆيۈنۈش ھېس - تۇيغۇسىمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ. «داھىي» دېگەن سۆزدىن «دۆلەت، سىياسىي تەشكىلات، ئاممىۋى تەشكىلات قاتارلىقلارنىڭ يولباشچىسى» دېگەن ئىدراكىي مەنە بىلەن بىللە يەنە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. «ۋەتەن»، «مۇقەددەس»، «ھەقىقەت»، «ئىلھاملاندۇرۇش»، «پاك»، «ئوماق»، «ئىتتىپاقلىق» دېگەندەك كۆپلىگەن سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرىدىن باشقا يەنە ماختاش، سۆيۈنۈش، قايىل بولۇش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش قاتارلىق تورلۇك ھېس - تۇيغۇلارنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئەمدى «داپشاق» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ سۆزدىن «يۈزى قېلىن، ھاياسىز، بىزەڭ، بىشەم» دېگەن ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، كىشىلەرنىڭ شۇ سۆزدە ئىپادىلەنگەن شەيئىدىن بىزار بولۇشتەك ھېس - تۇيغۇسىمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ. «خائىن» دېگەن سۆزدىن «ئەھدىنى بۇزغان، ئۆز خەلقى، ئۆز ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتىگە زىت ئىش قىلغان كىشى» دېگەن

ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، كىشىلەرنىڭ شۇ سۆزدە ئىپادىلەنگەن شەيئىنى ئۆچ كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن يىرگىنىش ھېس - تۇيغۇسىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. «ئىسكىلىت» دېگەن سۆزدىن «قورۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن ئادەم ئۇستىخىنى» دېگەن ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل شەيئىدىن ئادەمنىڭ تېنى ئىختىيارسىز سەسكىنىپ، بەدىنى جۇغۇلداپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇ سۆزدىن يەنە ۋەھىمىلىك تۇيغۇسىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، «لۈكچەك»، «دۈشمەن»، «ئوغرى»، «شۇم»، «دۆت»، «كاس - كاس»، «سەپسەتە»، «ۋاپاسىز»، «ۋالاقلىماق» دېگەندەك سۆزلەردىن ئۆزىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە كىشىلەرنىڭ شۇ سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان شەيئى توغرىسىدىكى تۈرلۈك سەلبىي ھېس - تۇيغۇلىرىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۆزلەرگە سىڭدۈرۈلگەن ھېس - تۇيغۇنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن تىلدا ئىجابىي مەنىلىك سۆزلەر بىلەن سەلبىي مەنىلىك سۆزلەر شەكىللىنىدۇ. دېمەك، ئىجابىي مەنىلىك سۆزلەر بىلەن سەلبىي مەنىلىك سۆزلەر سۆزنىڭ ھېسسىي تۈسىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

2) سۆزنىڭ ئوبراز تۈسى

سۆزنىڭ ئوبراز تۈسى دېگەندە، كىشىلەردە مەلۇم سۆزدىن قوزغىتىلغان مۇئەييەن ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ كونكرېت شەيئىلەرنىڭ شەكلى، رەڭگى، ئاۋازى، پۇرىقى، تەمى، مىجەز - خۇلقى، سۈپىتى، خاراكتېرى، رولى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ كىشىلەر ئېڭىدىكى ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ. سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىگە بېقىنغان ھالدا پەيدا بولىدىغان بۇ خىل ئوبراز تۇيغۇسى سۆزنىڭ ئوبراز تۈسى

بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئوخشىتىش، تەقلىد قىلىش، كۆچۈرۈۋېلىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئاساسىدا ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، «دېڭىز بوغۇزى» دېگەن بىرىكمىدىكى «بوغۇز» سۆزىدە ئىپادىلىنىدىغان «ئىككى قۇرۇقلۇق ئارىسىدىكى تار سۇ يولى» دېگەن ئىدراكىي مەنە ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ «ئېغىز بوشلۇقىنىڭ قىزىلئۆڭگەچ ۋە كېكىردەك باشلانغان يېرى؛ يۇتقۇنچاق، گال» دېگەن ئىدراكىي مەنىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان بولغاچقا، ئۇ سۆزدە يەنە ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ بوغۇزىدىن ئىبارەت بۇ ئەزانىڭ كونكرېت ئوبرازى توغرىسىدىكى تۇيغۇمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ. «دېڭىز قولتۇقى» دېگەن بىرىكمىدىكى «قولتۇق» دېگەن سۆزدە ئىپادىلىنىدىغان «دېڭىزنىڭ قۇرۇقلۇققا سوزۇلۇپ كىرگەن قىسمى» دېگەن ئىدراكىي مەنە ئادەمنىڭ «قول بىلەن مۈرە تۇتاشقان جاينىڭ ئاستىنقى ئويمان قىسمى» دىن كۆچۈرۈۋېلىنغان بولغاچقا، ئۇ سۆزدە يەنە ئادەمنىڭ قولتۇقىدىن ئىبارەت بۇ ئورۇننىڭ كونكرېت ئوبرازىمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ. «ئاپتاپپەرەس» دېگەن سۆزدىن «بىر يىللىق سامان غوللۇق ياغلىق دان ئۆسۈملۈكى» دېگەن ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە يەنە شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دائىم قۇياشقا باقىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى ئوبرازمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ.

سۆزنىڭ ئوبرازلىق تۈس مەنىسى يەنە ئىجابىيلىققا ۋە سەلبىيلىككە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، «پاشا ئىشان شىنجاڭنىڭ بۆلبۆلى» دېگەن جۈملىدىكى «بۆلبۆل» دېگەن سۆز ھەم ئوبرازلىق تۈسكە، ھەم ئىجابىي تۈسكە ئىگە بولسا، «شىپاڭ شىسەي دېگەن توڭگۇز، ھارۋىكەشنى ‹خو› دەيدۇ، ئاغزىدا دېگەن بىلەن، ئۈچ كۈن تۇرسا ‹زۇ› دەيدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «توڭگۇز» دېگەن سۆزدىن ھەم ئوبرازلىق تۈس، ھەم سەلبىي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۇس ئىپادىلىنىدۇ.

سۆزنىڭ ئوبرازلىق تۇسى ئابستراكت مەنىلەرنى كونكرېت، چۇشىنىشلىك ۋە ئېنىق قىلىشتەك رولغا ئىگە.

3) ژانىر تۇسى

سۆزنىڭ ژانىر تۇسى دېگەندە، شۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى، يەنى شۇ سۆزنىڭ تۇرلۇك ژانىر، تۇرلۇك شارائىت ۋە تۇرلۇك ئوبيېكتقا ماسلىشىشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. سۆزنىڭ ژانىر تۇسى شۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلىش جەھەتتە مەلۇم ژانىر بىلەن چەكلىنىدىغان، مۇئەييەن دائىرىدە كۆپ ۋە ئۇزاق قوللىنىلىشىدىن شەكىللىنىدىغان بىر خىل تۇس ھېسابلىنىدۇ. سۆزلەرنىڭ ژانىر تۇسىنى ئېغىز تىلى ژانىرى (جانلىق تىل ژانىرى) ۋە يېزىق تىلى ژانىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئېغىز تىلى ژانىرى ئادەتتىكى دىيالوگ ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ئاساس قىلغان بىر خىل ژانىر بولۇپ، ئادەتتە ئالاقىلەشكۇچى ئىككى تەرەپ بىۋاسىتە ئۇچرىشىدىغان سورۇندا قوللىنىلىدۇ. يېزىق تىلى ژانىرى بولسا، يازما شەكىلنى ئاساس قىلغان بىر خىل ژانىر بولۇپ، ئۇ ھەم كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، خەت - ئالاقە ۋە باشقا يازما شەكىللەردە، ھەم پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، بىرقەدەر سىپايە بولغان، قېلىپلاشتۇرۇلغان، ئۆلچەملىك تىلدا ئۇيغۇنلاشقان جانلىق تىل شەكلىدە (مەسىلەن، نۇتۇق، دوكلات، ھۆكۇمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ سۆھبەتتى قاتارلىقلاردا) ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئېغىز تىلى ژانىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر ئاممىباب، چۇشىنىشلىك، ئىخچام بولىدۇ. يېزىق تىلى ژانىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر بولسا قويۇق كىتابىي پۇراققا، پاساھەتلىككە ئىگە بولىدۇ. يېزىق تىلى ژانىرىغا خاس سۆزلەرنى ھەممە ئادەم بىردەك چۇشىنىپ كېتەلمەيدۇ،

چەكلىمىلىككە ئىگە بولىدۇ. ئادەتتە، ئىغىز تىلى ژانىرىغا خاس سۆزلەر يېزىق تىلى ژانىرىدا ئاز ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. يېزىق تىلى ژانىرىغا خاس سۆزلەر ئىغىز تىلى ژانىرىدا ئاز ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن، «ئۇچماق، خۇشال بولماق، يېمەك، ئەتىياز، چاغان» دېگەندەك سۆزلەر ئىغىز تىلىدا كۆپرەك ئىشلىتىلسە، «پەرۋاز قىلماق، خۇرسەن بولماق، ئىستېمال قىلماق، باھار، باھار بايرىمى» دېگەندەك سۆزلەر يېزىق تىلى ژانىرىدا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. ئەمدى «ئاب (سۇ)، ئاتەش (ئوت، يالقۇن)، ئاشىپتە (ئاشىق)، بەتكەردە (كىرەكسىز)، باد (شامال)، ئەبكار (پىكىر)، ئەلھال (ھازىر، ئەينى ۋاقىتتا)، ئەقرىبا (قېرىنداش، يېقىن بۇرادەر)، زىنھار (پەقەت)» دېگەندەك سۆزلەر پەقەت يېزىق تىلى ژانىرىدا، يەنە كېلىپ يېزىق تىلى ژانىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژانىرىدىلا قوللىنىلىدۇ، باشقا ژانىرلاردا ئىشلىتىلمەيدۇ. يېزىق تىلى ژانىرىنى ئۆز ئىچىدىن يەنە پەن ـ تېخنىكا ژانىرى، سىياسىي مۇھاكىمە ژانىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژانىرى، خەت ـ ئالاقە (ھۆججەت) ژانىرى دېگەندەك تۇرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. شۇڭا، يېزىق تىلى ژانىرىغا خاس سۆزلەرمۇ يۇقىرىقىدەك ژانىرلارغا ماسلاشقان بولىدۇ. يەنى پەن ـ تېخنىكا ژانىرىغا خاس سۆزلەر (مەسىلەن، پار قازان، گۈلئەنبەر، كۇزلەك، چاپمىلىق، ئوكسىگېن، ماسسا، مەخرەج دېگەندەك) يېزىق تىلى ژانىرىنىڭ باشقا تۈرلىرىدە كۆپ قوللىنىلمايدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژانىرىغا خاس سۆزلەر (مەسىلەن، قاپىيە، ۋەزىن، تۇراق، پېرسوناژ دېگەندەك) يېزىق تىلى ژانىرىنىڭ باشقا تۈرلىرىدە كۆپ قوللىنىلمايدۇ.

ئىغىز تىلى ژانىرىدىمۇ رەسمىي سورۇنلاردا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر بىلەن غەيرىي رەسمىي سورۇنلاردا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. يېقىن دوستلار ئارا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە ئانچە يېقىن بولمىغانلار ئارا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرمۇ ئانچە ئۇچرىشىپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ سۆزلەرنىڭ ژانىر تۈسىگە ئىگە بولغانلىقىدۇر.

4) دەۋر تۈسى

سۆزنىڭ دەۋر تۈسى يەنە زامان تۈسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئاساسىدا ئىپادىلىنىدىغان مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋر تۈيغۇسىغا قارىتىلىدۇ. سۆزنىڭ دەۋر تۈسى جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سۆزلۈكتە قالدۇرغان تامغىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «بودۇن، بالىق، تېكىن، ياغى، قۇد» دېگەندەك سۆزلەردە شۇ سۆزلەرگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي مۇھىتىغا خاس بىر خىل تۈس ياكى پۇراق ئىپادىلىنىدۇ، «چېرىك، ئامبال، دورغا، سەركەردە، تۆگچى، تالىپ» دېگەندەك سۆزلەردە شۇ سۆزلەرگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇيغۇر تىلىنىڭ 10 ـ ئەسىرلەردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە خاس تۈسمۇ ئىپادىلىنىدۇ. «كوپېراتسىيە، كوپېراتسىيەلىشىش، پومېشچىك، باي دېھقان، كەمبەغەل دېھقان» دېگەندەك سۆزلەردە شۇ سۆزلەرگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە خاس تۈسى ئىپادىلىنىدۇ. «كىملىك، تىزگىنەك، يانفون، چاقىرغۇ، كەلگۈسىشۇناسلىق، قويمىچى» دېگەندەك سۆزلەردىن شۇ سۆزلەرگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇيانقى دەۋرگە خاس تۈسمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

5) يەرلىك تۇس

سۆزنىڭ يەرلىك تۇسى يەنە ماكان تۇسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مەلۇم بىر تىلنىڭ ھەرقايسى يەرلىك دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىگە خاس سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان يەرلىك پۇراقنى قارىتىلىدۇ. مەسىلەن، «خارەت»، «سەگ»، «لاپخۇ»، «ئازما» دېگەندەك سۆزلەردىن ئايرىم - ئايرىم «ياغاچچى»، «ئىت»، «پوچى»، «شارقىراتما» دېگەندەك ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلاردىن خوتەن دىيالېكتىغا خاس بىر خىل تۇس ئىپادىلىنىدۇ. «جارا (كىرپە)، گۆكۇ (بېلىق تۇتىدىغان قارماق)، گۆن (چوڭقۇر)، گۆلمۆ (بېلىق تورى)، سات (پەيت، ياخشى پەيت)، تۇڭۇل - ئايرىل (ئۇمىد ئۈز)، پۇرجا (پۇرسەت)، چاقچىغار (چولپان يۇلتۇزى)» دېگەندەك سۆزلەردە شۇ سۆزلەرگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە لوپنۇر دىيالېكتىغا خاس تۇسمۇ ئىپادىلىنىدۇ. «كانتۇ (ئوغرى)، تېپىنە -، (ئالدىرا-)، چامچا (ئەرلەر كۆڭلىكى)، ياياق (پىيادە)، ئايلا (ئاچا، ھەدە)» دېگەندەك سۆزلەردە ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلاردىن مەركىزىي دىيالېكتنىڭ تۇرپان شېۋىسىگە خاس تۇسمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

خۇددى شۇنىڭدەك، لوپنۇر دىيالېكتىدىكى «مانجار (دەريانىڭ كىچىكرەك ئېقىنلىرىدا بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سېۋەت)»، خوتەن دىيالېكتىدىكى «سوقماق (كىشمىش، ياڭاق مېغىزى ۋە پۇراقلىق دورا - دەرمانلارنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان يېمەكلىك)»، «بۆگەچ (ئېرىقتىكى سۇنى توسۇش ئۈچۈن ئېرىققا تاشلىنىدىغان شاخ - شۇمبا)»، مەركىزىي دىيالېكتنىڭ تارىم شېۋىسىدىكى «بۆكەل (سورۇنلاردا كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە قاراپ گۆش ئۈلەشتۇرۇپ بەرگۈچى كىشى)»، تۇرپان شېۋىسىدىكى «چۈنچە (ئۈزۈم قۇرۇتىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى — www.uyghurkitap.com

مەخسۇس ئۆي)»، «كېمىر ئۆي (ئۇستى گۈمبەز شەكلىدە ئەگمە قىلىپ يېپىلغان ئۆي)» دېگەندەك سۆزلەرمۇ قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە سۆزلەردۇر.

6) دىنىي تۈس

سۆزنىڭ دىنىي تۈسى دېگەندە، سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئۈستىگە سىڭگەن تۈرلۈك دىنىي تۈسلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «باخشى» (① دۇرۇت ئوقۇپ، دەم سېلىپ كېسەل داۋالىغۇچى. ② تۇغ باغلاپ پېرە ئوقۇغۇچى)، «داخان» (دۇئا ئوقۇش، ئىسسىق ئۈتكۈزۈش يولى بىلەن كېسەل داۋالاشنى كەسىپ قىلغان كىشى)، «پېرىخون»، «باخشى» دېگەندەك سۆزلەر يۇقىرىقىدەك ئىدراكىي مەنە ئىپادىلەش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلاردىن ئىپتىدائىي دىن (شامان دىنى) غا ئائىت بىر خىل تۈس ئىپادىلىنىدۇ. «تالىپ (مەدرىسىلەردە ئوقۇيدىغان كىشى)، تاھارەت (ئىبادەت قىلىش، ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش ئالدىدىكى يۈز ـ كۆز، پۇت ـ قول ۋە باشقا ئەزالارنى يۇيۇپ پاكلىنىش)، روزا ـ رامىزان (روزا تۇتىدىغان ئاي ـ كۈنلەر، رامىزان مەزگىلى)، ناماز (مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاغا سېغىنىپ كۈندە بەش قېتىم بېجىرىشى زۆرۈر بولغان ئىبادىتىنىڭ نامى)» دېگەندەك سۆزلەردىن يۇقىرىقىدەك ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئىسلام دىنىغا خاس بىر خىل تۈسمۇ ئىپادىلىنىدۇ. «بۇت (بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ خۇدا دەپ بىلىپ، سەجدە قىلىش ئۈچۈن تاش، ياغاچ، لاي، گەج، مېتال قاتارلىقلاردىن ئادەم شەكلىدە ياسىۋالغان ھەيكىلى)، راھىب (بۇددا دىنىدا تەركىدۇنيا بولۇپ، ئۆمرىنى ئىبادەتخانىلاردا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان كىشى)، بۇتخانا (ئىبادەتخانا)» دېگەندەك سۆزلەردىن شۇ سۆزلەرگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە بۇددا دىنىغا خاس بىر خىل تۈسمۇ ئىپادىلىنىدۇ. «خۇدا»، «پەيغەمبەر»،

«جەننەت»، «دوزاخ»، «پوپ»، «موناخ»، «مېھراب» دېگەندەك سۆزلەرمۇ قويۇق دىنىي تۈسكە ئىگە سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

تۈرلۈك دىنىي ئاتالغۇلارنىڭ دىنىي تۈسى ئوخشاش بولمىغاچقا، بىر خىل ئىدراكىي مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز تۈرلۈك دىنلاردا تۈرلۈك سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن» دېگەن ئىدراكىي مەنە ئىسلام دىنىدا «مەسچىت» دېگەن سۆز بىلەن، بۇددا دىنىدا «ئىبادەتخانا» ياكى «بۇتخانا» دېگەن سۆز بىلەن، خىرىستىيان دىنىدا «چېركاۋ» دېگەن سۆز بىلەن، كاتولىك دىنى ياكى پىراۋوسلاۋىيە دىنىدا «موناستىر» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

7) چەت تىل تۈسى

سۆزنىڭ چەت تىل تۈسى، ئاساسەن سۆزنىڭ فونېتىكىلىق شەكلىدە ئىپادىلىنىدىغان تۈس بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر تىلغا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان ياكى كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان يات تىلغا خاس تۈسنى كۆرسىتىدۇ. ھەرقانداق بىر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس تاۋۇش سىستېمىسى بولىدۇ، شۇنداقلا تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىش شەكلىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ. مەلۇم بىر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس سۆزلىرى شۇ تىلنىڭ تاۋۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكىش ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىقلا باشقا تىللاردىكى سۆزلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر ئاڭلىنىش ھامان كىشىلەرگە يات تىلغا خاس بىر خىل تۇيغۇ بېرىدۇ. مەسىلەن، «ئاكادېمىيە» (دائىرىسى نىسبەتەن چوڭ بولغان، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورگان)، «رومانتىك» (كۆتۈرەڭگۈ روھ، يۈكسەك غايە ۋە ھېس - تۇيغۇلار بىلەن سۇغىرىلغان قاراش)، «رېستوران» (ياتاق ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئورنى بار بولغان چوڭ تىپتىكى ئاشخانا) دېگەندەك سۆزلەردىن ئۆزلىرىگە خاس

ئىدراكىي مەنە ئىپادىلەنگەندىن باشقا، يەنە ياۋروپا تىللىرىغا خاس بىر خىل تۈسمۇ ئىپادىلىنىدۇ. «زۇڭلى» (جۇڭگو گوۋۇيۈەنىنىڭ رەھبىرىي خادىمىنىڭ ياكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ ۋە ياكى بەزى سىياسىي پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ نامى)، «شۇجى» (پارتىيە، ئىتتىپاق ئورگانلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسىي مەسئۇلى)، «لۇشيەن» (ئىدىيە، سىياسىي ياكى خىزمەت جەھەتلەردىكى مېڭىشقا تېگىشلىك تۈپ يول) دېگەندەك سۆزلەردىن ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلەنگەندىن سىرت، يەنە خەنزۇ تىلىغا خاس تۈسمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

چەت تىل تۈسىگە ئىگە سۆزلەر يېڭى قوبۇل قىلىنغاندا قويۇق چەت تىل پۇرىقى بىلەن قوبۇل قىلغۇچى تىلدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قوبۇل قىلغان تىلدا ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلىنىش، ئومۇملىشىش، قوبۇل قىلغان تىلنىڭ فونېتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنۇپ كېتىش نەتىجىسىدە، ئۆزىنىڭ چەت تىل تۈسىنى يوقىتىپ، قوبۇل قىلغان تىلغا خاس سۆزلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن «ئاپتاپ (ئافتاپ) ، ئامانەت (ئەمانەت)، كارامەت (كەرامەت)، پاسىل (فاسىل)، ھايۋان (ھەيۋان)، ئايال (ئەيال)» دېگەندەك سۆزلەر؛ رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپادىكى باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن «كارىۋات (كراۋات)، گۇرۇپپا (گرۇپپا)، پىلان (پلان)، ئىشكاپ (شكاف)» دېگەندەك سۆزلەر؛ خەنزۇ تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن «پىنتۇزا (فېنتياۋزى)، خاسىڭ (خۋاشېڭ)، ياڭزا (ياڭزى)، بەسەي (بەيسەي)» دېگەندەك سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزاق مۇددەت قوللىنىلىپ، ئومۇملىشىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنۇپ،

ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر قاتارىدىن، ھەتتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە خاس سۆزلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

چەت تىل تۇسىگە ئىگە سۆزلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى مەلۇم ساھە ياكى بېزىق تىلى دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ، ئومۇملىشالماسلىقى، يەنىلا ئۆزىنىڭ چەت تىل تۇسىنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلىغا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان «زۇڭتۇڭ، ۋېييۇەنجاڭ، گوۋۇيۇەن، دىيالېكت، مېتافىزىكا، ئاكسىيوما، كاپىتال» دېگەندەك سۆزلەر مىسال بولالايدۇ.

8) جىنسىي تۇس

سۆزنىڭ جىنسىي تۇسى دېگەندە، سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئۈستىگە سىڭدۈرۈلگەن جىنسقا خاس تۇس كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەر بىر خىل جىنستىكىلەر تىلىدا كۆپ قوللىنىلىپ، شۇ جىنستىكىلەرگە خاس بىر خىل پۇراققا ئىگە بولۇپ قالسا، يەنە بىر قىسىم سۆزلەر يەنە بىر جىنستىكىلەر تىلىدا كۆپ قوللىنىلىپ، شۇ جىنستىكىلەرگە خاس پۇراققا ئىگە بولۇپ قالىدۇ. مانا مۇشۇ تۈردىكى سۆزلەر جىنسىي تۇسكە ئىگە سۆزلەردۇر. مەسىلەن، «ۋېيىەي، دوست، بويى كىر بولۇش، ياتلىق بولماق، تۇرمۇشقا چىقماق» دېگەندەك سۆزلەردە شۇ سۆزلەرگە خاس ئىدراكىي ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلاردا ئاياللار تىلىغا خاس بىر خىل تۇسمۇ ئىپادىلىنىدۇ. «ئۆيلەنمەك، ئاغىنە، ئۆلگۈر، گوي» دېگەندەك سۆزلەردىن شۇ سۆزلەرگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلاردا ئەرلەر تىلىغا خاس بىر خىل تۇسمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

9) مىللىي تۇس

سۆزنىڭ مىللىي تۇسى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، سۆزنىڭ

www.uyghurkitap.com

تاشقى پوستى بولغان تىل تاۋۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان يات (چەت) تىللارغا خاس تۈس. (تەپسىلاتىنى «سۆزنىڭ چەت تىل تۈسى» دىن كۆرۈڭ). يەنە بىرى، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تارىخى، جۇغراپىيەلىك ئورنى، مەنىۋى ھاياتى، يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىقلاردىن شەكىللەنگەن ئالاھىدىلىكىنىڭ سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىدە قوشۇمچە ئەكس ئېتىدىغان تۈس. ئادەتتە، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىدىلا بولىدىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر مىللىي تۈسكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، «مۇقام» (ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ۋە ئۇنىڭ ھەربىر قىسمى)، «ساما» (ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ناغرا ئۇسسۇللىرىدىن بىرى، كۆپىنچە ھېيت ـ بايراملاردا ئوينىلىدۇ)، «سەنەم» (ئۇيغۇر نەغمىلىرىنىڭ بىرى، «مۇقام»دا ئۇسسۇللۇق قىياپەت، يەنى ئوبراز يارىتىلىدىغان مۇزىكا، ئۇ قويۇق ئۇسسۇللۇق مۇزىكا پۇرىقىغا ئىگە)، «كارىز» (يانتۇلۇق بويلاپ كولىنىدىغان، يەر ئاستىدىن تەشمىلەر ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلىدىغان نۇرغۇن قۇدۇقلار تىزمىسى، يەر ئاستى سۈيىنى ئۆزلۈكىدىن يەر ئۈستىگە ئېقىتىپ چىقىرىدىغان قۇرۇلما) دېگەندەك سۆزلەردىن يۇقىرىقىدەك ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە بۇ سۆزلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تىلىدا مىللىي تۈسكە ئىگە سۆزلەر بولىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدا «يۆبىڭ» (تاۋۇز چاغىنى مۇناسىۋەتى بىلەن ئىچىگە شېكەر قاتارلىق نەرسىلەر ئېلىنىپ ياسىلىدىغان توقاچ)، «كېجۇ» (سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىگىچە يولغا قويۇلغان ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى تۈزۈمى)، «گوەنسەي» (جەسەتنى ئىچىگە

سىلىپ يەرگە كۆمىدىغان، ياغاچتىن ياسالغان ساندۇق)، «ماجاڭ» (قومۇش، سۆڭەك، سولياۋ قاتارلىقلاردىن ياسىلىپ ئۇستىگە گۈل ياكى خەت چېكىلگەن قارتا تۇرىدىكى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇمى)، «پوجاڭزا» (پارتلىغۇچ دورىنى قەغەزگە ئوراپ، ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرىدىغان پىلىك بېكىتىپ ياسالغان پارتلىغۇچ)، «جۇاڭيۇەن» (كونا زامانلاردا ئوردا ئىمتىھانىدا بىرىنچى بولۇپ چىققانلارغا بېرىلىدىغان نام) دېگەندەك سۆزلەر بار. مانا بۇ سۆزلەردىمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يۇقىرىقىدەك ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە خەنزۇ مىللىتىگە خاس ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تۇسىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، تار مەنىدىكى مىللىي تۇسكە ئىگە سۆزلەرنى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلغاندا، مەنىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئاھاڭى بويىچە تەرجىمە قىلىنىدۇ.

ھەرقانداق بىر مۇستەقىل سۆز چوقۇم ئىدراكىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ، لېكىن ھەرقانداق بىر مۇستەقىل سۆز چوقۇم تۇس مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئىدراكىي مەنىگىلا ئىگە بولۇپ، ھېچقانداق تۇس مەنىسىگە ئىگە بولمىغان سۆزلەر بىر تەرەپ سۆزلەر ياكى ناتۇرال سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئۆي»، «سۇ»، «ياسىماق»، «كۆرمەك»، «ساندۇق»، «ئىشتان»، «ئۇن»، «يېزىق»، «يېشىل»، «مەن»، «ئادەت»، «ئاشكارا»، «بۇگۈن»، «ياز»، «ناھايىتى» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ھېچقانداق تۇس مەنىسى يوق.

**3 . سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى بىلەن تۇس مەنىسىنىڭ مۇناسىۋىتى**

سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى بىلەن تۇس مەنىسى ھەم ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ، ھەم بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

1) سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى بىلەن تۇس مەنىسىنىڭ

باغلىنىشلىقى

سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى بىلەن تۇس مەنىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولۇپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى، مەلۇم سۆزدە ئىپادىلەنگەن لېكسىكىلىق مەنە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە نام قوشقاندىن باشقا، يەنە كىشىلەرنىڭ شۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇققا بەرگەن سۇبيېكتىپ باھاسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «ئارخائىزم» دېگەن سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى «كونىراپ ئىستېمالدىن قالغان سۆز - ئىبارە ياكى گىرامماتىكىلىق فورما» دېگەنلىكتۇر. ئۇ سۆزنىڭ تۇس مەنىسى ئۇنىڭ جانلىق تىلغا ئەمەس، بەلكى يېزىق تىلىغا خاس سۆز ئىكەنلىكىدە، ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆز بولماستىن، چەت ئەل تىلىدىن كىرگەن سۆز ئىكەنلىكىدە، مانا بۇلار شۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدۇر. «قازى» سۆزىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى «شەرىئەت قانۇنى بويىچە دەۋا ئىشلىرىنى سورايدىغان ئەمەلدار» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ سۆز يەنە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن ئىستېمالدىن قالغانلىقىدىن ئىبارەت دەۋر تۇسىگە ۋە دىنىي تۇسكە ئىگە. مانا بۇلار قوشۇلۇپ «قازى» سۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

2) سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى بىلەن تۇس مەنىسىنىڭ پەرقى

بىرىنچى، سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدىكى ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. سۆزنىڭ تۇس مەنىسى بولسا شەيئى ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدىكى سۇبيېكتىپ باھانى ئىپادىلەيدۇ، يەنى شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە سۇبيېكتىپ باھا قوشىدۇ.

ئىككىنچى، سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئىچىدە ئىدراكىي مەنىسى ئاساسىي ئورۇندا، تۇس مەنىسى قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئىدراكىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ئەمما، بىر قىسىم مۇستەقىل سۆزلەر تۇس مەنىسىگە ئىگە بولمايدۇ. مەسىلەن، «سۇ، يازماق، ساندۇق، ئىشتان، ئوتتۇز، يېشىل، بۈگۈن» دېگەندەك سۆزلەر ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئاڭلاتسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا تۇس مەنە بولمايدۇ.

تۆتىنچى، بىر خىل ئىدراكىي مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردە بىرنەچچە خىل تۇس مەنە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، «تۈلكىلىك» دېگەن سۆز «ھىيلىگەرلىك، قۇۋلۇق، مەككارلىق» دېگەن ئىدراكىي مەنىنى بىلدۈرگەندىن باشقا، يەنە تۈلكىنىڭ قۇۋلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان ئوبراز تۇسىنى ۋە ئادەمدە يىرگىنىچ پەيدا قىلىدىغان سەلبىي تۇسنى ئىپادىلەيدۇ.

بەشىنچى، ئىدراكىي مەنىسى ئوخشىمايدىغان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ تۇس مەنىسى ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، «تومپاي» دېگەن سۆزنىڭ قورساق، بەدەنلىرى تومپايغان، سەمرىپ كەتكەن دېگەن ئىدراكىي مەنىسىدىن باشقا، مۇئامىلىسى قوپال، قارا قورساق، ساۋاتسىز، بىلىمسىز دېگەن يەنە بىر خىل ئىدراكىي مەنىسى بار. بۇ سۆزنىڭ ئىككى خىل ئىدراكىي مەنىسى بار بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىسىدە ئوخشاشلا سەلبىي تۇس ئىپادىلىنىدۇ.

دېمەك، سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى سۆزلەرنىڭ تۇس مەنىسى ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەرتىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ، سۆزلەرنىڭ تۇس مەنىسى بولسا سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسىنى تولۇقلايدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ.

### 4 . سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى

سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى بىلەن تۇس مەنىسىنىڭ يىغىندىسى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى سۆزنىڭ لۇغەتلەردە ئىزاھلىنىدىغان مەنىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئادەتتە سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ئىدراكىي مەنىسىلا بار، تۇس مەنىسى يوق سۆزلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئەينى ۋاقىتتا ھەم شۇ سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئوتلاق» دېگەن سۆزنىڭ «ئوت - چۆپلەر كۆپ ئۆسكەن، ئوت - چۆپ بىلەن پۈركەلگەن جاي؛ يايلاق، چۆپلۈك» دېگەن مەنىسى، «ئاشپەز» دېگەن سۆزنىڭ «ئاشخانىلاردا تاماق ئېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تاماق ئېتىشنى كەسىپ قىلغان ئادەم» دېگەن مەنىسى، «ياتاق» دېگەن سۆزنىڭ «① ياتىدىغان جاي، ئورۇن، خانا؛ ② مەكتەپ ياكى ئىدارە - جەمئىيەتلەردىكى ئوقۇغۇچى ياكى بويتاقلارنىڭ يېتىپ - قوپۇشى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەخسۇس ئۆي، بىنا؛ ③ دوختۇرخانىلاردا ئاغرىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆي دېگەن مەنىلىرى بار. دېمەك، يۇقىرىقى مەنىلەر «ئوتلاق»، «ئاشپەز»، «ياتاق» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەم ئىدراكىي مەنىسى، ھەم لېكسىكىلىق مەنىسىدۇر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «سۇلۇق»، «قار»، «يامغۇر»، «كۆك»، «ئون»، «مۇشۇ»، «ھەرقاچان»، «قەستەن»، «بۇرۇن»، «سەل - پەل»، «ئاشقازان»، «ئولتۇراق»، «كۆرمەك» دېگەندەك سۆزلەردىن ئاڭلىنىدىغان مەنىلەر ئاشۇ سۆزلەرنىڭ ھەم ئىدراكىي مەنىلىرى، ھەم لېكسىكىلىق مەنىلىرىدۇر.

ھەم ئىدراكىي مەنىگە، ھەم تۇس مەنىسىگە ئىگە سۆزلەردە ئۇ سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرى بىلەن تۇس مەنىلىرى

قوشۇلۇپ، شۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، «توڭگۇز» ياكى «چوشقا» دېگەن سۆزنىڭ «بۇرۇن ۋە ئېغىزلىرى ئۇزۇنچاق، كۆزى كىچىك، قۇلىقى چوڭ، پۇتى قىسقا، تېنى سېمىز، تېرىسىدىن خۇرۇم، مويىدىن چوتكا ئىشلىگىلى بولىدىغان، تېزەكلىرىنى ئوغۇت قىلىشقا بولىدىغان بىر خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋان» دېگەن مەنىسى بىلەن «ئەبلەخ، ھايۋان، جۇۋاينىمەك» دېگەن مەنىسى شۇ سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ھېسابلانسا، ئۇ سۆزنىڭ تۇس جەھەتتىن سەلبىي تەرەپكە ئىشلىتىلىشى ۋە سەلبىي ئوبرازنى ئىپادىلىشى ئۇ سۆزنىڭ تۇس مەنىلىرى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، «چوشقا» ياكى «توڭگۇز» دېگەن سۆزنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىدراكىي مەنىسى بىلەن تۇس مەنىلىرى قوشۇلۇپ، شۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. يەنە «ئۆيلەنمەك» دېگەن سۆزنى ئالساق، بۇ سۆزنىڭ «ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولماق» دېگەن ئىدراكىي مەنىسى بىلەن پەقەت ئەر جىنسلىقلارغىلا ئىشلىتىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۇس مەنىسى قوشۇلۇپ، ئۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

دېمەك، بەزى سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى شۇ سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسىدىنلا ھاسىل بولسا، يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى بىلەن تۇس مەنىلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ھاسىل بولىدۇ.

### 5. كونتېكىست ۋە سۆز مەنىسى

1) كونتېكىست

«كونتېكىست» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىدا «تىل مۇھىتى، تىل شارائىتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كونتېكىست تىلشۇناسلىقتا تار ۋە كەڭ مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. تار

مەنىدىكى كونتېكىست (تىل كونتېكىستى ياكى كىچىك كونتېكىست دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ماقالە، دىيالوگ ياكى نۇتۇقنىڭ ئالدى ـ كەينىگە قارىتىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ماقالە، دىيالوگ ياكى نۇتۇقنىڭ بىرەر جۈملىسىدىكى بىرەر سۆزنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىشتە شۇ جۈملە ۋە شۇ جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شۇ ماقالە ياكى دىيالوگنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئېيتىلغان بارلىق جۈملىلەر تار مەنىدىكى كونتېكىست ھېسابلىنىدۇ. ئېنىقراق چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتقاندا، جۈملە ئەڭ بىۋاسىتە تار مەنىدىكى كونتېكىست ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئات» دېگەن سۆز پەقەت «مەن ئوغلۇمغا ئالىم دەپ ئات قويدۇم»، «ئات مىندىم»، «سەن ئۇ قىزغا قاش ئاتما» دېگەن كونكرېت جۈملىلەرگە كىرگەندىلا، ئاندىن «ئات» نىڭ مەنىلىرى كونكرېتلىشىپ، يۇقىرىقى «ئات» لارنىڭ مەنىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ ئاھاڭداش سۆز ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ.

كەڭ مەنىدىكى كونتېكىست (شارائىت كونتېكىستى ياكى چوڭ كونتېكىست دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تار مەنىدىكى كونتېكىستنىڭ مەزمۇنىدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ① ئۆزئارا ئالاقىلەشكۈچى ئىككى تەرەپنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، بىلىم سەۋىيەسى، تۇرمۇش تەجرىبىسى، تىل ئۇسلۇبى، دىيالېكت ئاساسى قاتارلىقلار؛ ② ئۆزئارا ئالاقىلىشىشتىكى زامان (ۋاقىت)، ماكان (ئورۇن ياكى سورۇن)، شارائىت، مەقسەت، ئۆزئارا ئالاقىگە چېتىشلىق بولغان باشقا شەخسلەر ھەمدە ئۆزئارا ئالاقىلەشكۈچى ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇمچە ئالاقە ۋاسىتىلىرى، مەسىلەن، چىراي ۋە كۆز ئىپادىسى، قول ئىشارىتى، قىياپىتى قاتارلىق ئىما ـ ئىشارەت تىلى؛ ③ ئۆزئارا ئالاقىلەشكۈچى ئىككى تەرەپ ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى، دەۋر ئالاھىدىلىكى، ئىككى تەرەپنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى، مىللىي پسىخىكىسى قاتارلىقلار.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سۆزلەرنى ئىپادىلەش ۋە چۈشىنىشتە مۇئەييەن رول ئوينايدۇ ۋە سۆز مەنىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، خېرىدار دۇكانداردىن: «ئۇستام، بۇ ياغلىق قانچە؟» دەپ سورىسا، دۇكاندار دەرھال: «50 كوي» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چۈنكى، شۇ مۇھىت (سورۇن) دا خېرىدارنىڭ سوئالىدىكى «قانچە» سۆزى ياغلىقنىڭ سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى باھاسىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە ئالايلۇق، «ئۇ قىزىپ قاپتۇ» دېگەن جۈملە ھەر خىل تىل مۇھىتىدا «ئۇ زۇكام بولۇپ قاپتۇ»، «ئۇ ھاراق ئىچىپ كۆپرەك سۆزلەپ قاپتۇ»، «ئۇ بىرەر ئىشتىن ئاچچىقلىنىپ قاپتۇ»، «ئۇ بىرەر ئىشتىن ھاياجانلىنىپ قاپتۇ» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

ئەگەر ئۆزئارا ئالاقىلەشكۈچى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپ ئىشلەتكەن سۆزلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرلۇك مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىسە، سۆز مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىشكە تەسىر يېتىدۇ ـ دە، ئۆزئارا ئالاقىدە ئۇقۇشماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن:

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئامېرىكىدىن بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەندە، جۇڭگو تەرەپتىن بىر ئەمەلدار خانىمىنى ئېلىپ، ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئايرودۇرومغا چىقىپتۇ. ۋەكىللەر ئۆمىكى ئايروپىلاندىن چۈشكەندە، تەرجىمان ئۆمەك باشلىقىغا جۇڭگولۇق ئەمەلدارنىڭ خانىمىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇشىغا، ئىلگىرى بىرنەچچە يىل خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنگەن ئۆمەك باشلىقى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئىنتايىن ئەدەپلىك بىلەن خەنزۇچە قىلىپ: «خانىمىڭىز ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن» دەپتۇ. جۇڭگولۇق ئەمەلدارمۇ ئارقىدىنلا ئۇ سۆزگە جاۋابەن: «哪里,哪里 (نەدىكىنى،

نەدىكىنى)» دەپتۇ. لېكىن، ئۇ ئۆمەك باشلىقى جۇڭگولۇق ئەمەلدارنىڭ «哪里,哪里» دېگەن سۆزىنى «نەرى، نەرى» دەپ چۈشىنىپ ئىنتايىن ھەيران بوپتۇ. ئۇ ئىچىدە «مەن ئەدەپ يۈزىسىدىن شۇنداق دەپ قويغان تۇرسام، مەندىن نەرى چىرايلىق ئىكەن دەپ سورىغىنى نېمىسى» دەپتۇ ـ دە، ئامالسىزلىقتىن «ئۇستىبېشىنىڭ ھەممە يېرى چىرايلىق ئىكەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەمەلىيەتتە ياۋروپالىق ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ «خانىمىڭىز ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن» دېگەن سۆزى ئەدەپ يۈزىسىدىن دېيىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن ئەدەپ ئامىللىرى سىڭگەن بولسا، جۇڭگولۇق ئەمەلدارنىڭ «哪里,哪里» دېگەن سۆزى باشقىلارنىڭ ماختاش سۆزلىرىنى سىلىقلىق بىلەن ئىنكار قىلىش مەنىسىدە بولۇپ كەمتەرلىك يۈزىسىدىن دېيىلىدىغان سۆزدۇر. بۇ كۈلكىلىك ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى تولۇق بىلمىگەنلىكىدەك ئامىللار سەۋەبچى بولغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۆزلەرگە سىڭدۈرۈلگەن تۈرلۈك مەدەنىيەت ئامىللىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر كەمچىل بولسا، ئۇ سۆزلەرنىڭ خەت (لۇغەت) مەنىسىگە يوشۇرۇنغان ئەمەلىي مەنىلەرنى تولۇق چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا كىچىك بالىنى ماختىماقچى بولغاندا ياكى ئەركىلەتكەندە، «نېمانچە سەت بالا بۇ»، «بۇ سەتكە قاراڭ» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىدىغان ئادەت بار. بۇ يەردىكى «سەت» سۆزى ئەمەلىيەتتە «چىرايلىق» دېگەن مەنىدە كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئادىتىنى چۈشەنمەيدىغان باشقا مىللەت كىشىلىرى بۇ يەردىكى «سەت» سۆزىنىڭ «چىرايلىق» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلىشى ناتايىن.

بىر قېتىم بىر مۇئەللىم چەت ئەللىك بىر دوستىغا ياڭاق

بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە: «بۇ ياڭاق تازا ياخشى بولمىسىمۇ، سىزنى يېسۇن دەپ ئەكەلدىم» دەپتۇ. ھېلىقى چەت ئەللىك ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلەرگە بىرەر سوۋغات بەرگەندە تەكەللۇپ بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىپ بېرىدىغان ئادىتىنى چۈشەنمىگەچكە، شۇ ھامان: «ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ياخشى ئەمەس ياڭاقنى ماڭا بېرىسىز؟ ياخشىسىنى بەرسىڭىز بولمامدۇ؟» دەپتۇ. مانا بۇلاردىمۇ سۆز مەنىلىرىنىڭ تۇرلۇك مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تولۇق چۈشىنىشتە كەڭ مەنىدىكى كونتېكىستنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

2) كونتېكىستنىڭ سۆز مەنىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى

كونتېكىست (بۇ يەردە ئېيتىلغان كونتېكىست تار مەنىدىكى كونتېكىستنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ سۆز مەنىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) كونتېكىست كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى يەككىلەشتۇرىدۇ.

تىلدا خېلى كۆپ سۆزلەر كۆپ مەنىلىك بولسىمۇ، لېكىن كونتېكىست ئۇلارنى پەقەت بىرلا مەنە ئۆزىكىگە ئىگە قىلىدۇ، يەنى كونتېكىستتا كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بىرلا مەنە ئۆزىكى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «تۇمشۇق» دېگەن سۆز تۆت خىل مەنە ئۆزىكىگە ئىگە كۆپ مەنىلىك سۆز، ئۇ سۆز يەككە تۇرغاندا زادى قايسى مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى بىلمەك قىيىن. ئۇ سۆز پەقەت «قۇشلار تۇمشۇقى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ» دېگەن كونتېكىستتا «قۇشلارنىڭ ئېغىزىغا تۇتاش ئاستىن ـ ئۈستۈن بىر جۈپ جاغ ئورنىدىكى ئوزۇقلىنىدىغان، مۇداپىئەلىنىدىغان، چۈجىلىرىنى ئوزۇقلاندۇرىدىغان، سوزۇنچاق، مۈڭگۈزسىمان ئەزا» دېگەن مەنە ئۆزىكى، «ئېشەكنىڭ تۇمشۇقىغا بىرنى سالدىم» دېگەن كونتېكىستتا «ھايۋانلارنىڭ بېشىنىڭ بۇرۇن ئەتراپى

قىسمى» دېگەن مەنە ئۆزىكى، «سەن تولا تۇمشۇقۇڭنى سوزما» دېگەن كونتېكستتا «ئادەمنىڭ لەۋ ۋە بۇرۇن ئەتراپى» دېگەن مەنە ئۆزىكى، «ئالماس ئۆزۈن خادىنى سۇ ئاستىغا قاتتىق بېسىپ، كېمە تۇمشۇقىنى دەرياغا بۇرىدى» دېگەن كونتېكستتا «بىرەر نەرسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغان قىسمى» دېگەن مەنە ئۆزىكى ئىپادىلىنىدۇ. «تۇمان» دېگەن كۆپ مەنىلىك سۆزمۇ «هاۋانى تۇمان باستى، ئاينى كۆرگىلى بولماس، كۆڭۈلگە گۇمان چۈشتى، يارنى سۆيگىلى بولماس» دېگەن كونتېكستتا «تۇمان» سۆزى «تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىگەندە ئاتموسفېرانىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا هاسىل بولىدىغان سۇ ياكى مۇز زەررىچىلىرى» دېگەن مەنە ئۆزىكىنى، «بۈنىڭدىن هەر ئىككىيلەن ئارىسىدىكى تارتىنىش، كۆڭۈلدىكى تۇمانلار بىر ئاز كۆتۈرۈلگەندەك بولۇپ قالدى» دېگەن كونتېكستتا «تۇمان» سۆزى «غەمكىنلىك، غەشلىك» دېگەن مەنە ئۆزىكىنى، «شۇ چاغدا شىنجاڭ ئاسمىنىنى تۇمان قاپلىغانىدى» دېگەن كونتېكستتا «تۇمان» سۆزى «قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت، زۇلۇم» دېگەن مەنە ئۆزىكىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، كونتېكست كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى بىر مەنىگە ئىگە قىلىدۇ.

(2) كونتېكست سۆز مەنىسىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ.

سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى ئادەتتە ئابستراكت بولىدۇ. مەسىلەن، «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆز «هەر خىل مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان، ئىلىم تەهسىل قىلىدىغان كىشى» دېگەن مەنە ئۆزىكىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ قىز (ئايال) ۋە ئوغۇل (ئەر) ئوقۇغۇچىلارنى، ساغلام ۋە ئاغرىقچان ئوقۇغۇچىلارنى، چىرايلىق ۋە سەت ئوقۇغۇچىلارنى، ئېگىز ۋە پاكار ئوقۇغۇچىلارنى، يېشى چوڭ ۋە يېشى كىچىك ئوقۇغۇچىلارنى، باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى، قەدىمكى ۋە هازىرقى ئوقۇغۇچىلارنى،



www.uyghurkitap.com

جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن، «ئەمەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى» دېگەن كونتېكستتا «ئوقۇغۇچى» دېگەن بۇ سۆز پەقەت «ئەمەت» نىلا كۆرسىتىدۇ. دېمەك، «ئوقۇغۇچى» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇ كونتېكستتا كونكرېتلىشىپ بىرلا ئادەمگە، يەنى «ئەمەت» كە قارىتىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، «ئۇ» دېگەن سۆز بىلەن ھەرقانداق بىر ئوبيېكتنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ، ئەمما «غەيرەتجان بىزنىڭ سىنىپ باشلىقىمىز، ئۇ بۇلتۇر سايلانغان» دېگەن كونتېكستتا «ئۇ» پەقەت «غەيرەتجان» نىلا كۆرسىتىدۇ. بۇ كونتېكستتا «ئۇ» سۆزنىڭ مەنىسى كونكرېتلىشىپ بىرلا شەخسنى كۆرسىتىدۇ.

(3) كونتېكست سۆز مەنىسىنى ۋاقىتلىق مەنىگە ئىگە قىلىدۇ.

ھەربىر سۆزنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان مۇقىم مەنىسى بولىدۇ. لېكىن، بەزى سۆزلەر مۇئەييەن كونتېكستتا مۇئەييەن ئىجتىمائىي كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان ۋاقىتلىق مەنىلەرگە ئىگە قىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، «شېئىر بىر دەرەخ بولۇپ، ھېسسىيات ــ يىلتىز، تىل ــ مايسا، ئاھاڭ ــ چېچەك، مەنە ــ مېۋىدۇر» دېگەن كونتېكستتا «شېئىر» سۆزى «دەرەخ» دېگەن ۋاقىتلىق مەنىگە، «ھېسسىيات» سۆزى «يىلتىز» دېگەن ۋاقىتلىق مەنىگە، «تىل» سۆزى «مايسا» دېگەن ۋاقىتلىق مەنىگە، «ئاھاڭ» سۆزى «چېچەك» دېگەن ۋاقىتلىق مەنىگە، «مەنە» سۆزى «مېۋە» دېگەن ۋاقىتلىق مەنىگە ئىگە قىلىنغان.

«سۇ تامچىسى دەيدىكەن: مەن ئىشچىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تەر، زەئىپلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆز يېشى، ھۇرۇنلارنىڭ ۋۇجۇدىدا شۆلگەي» دېگەن كونتېكستتا «سۇ» سۆزى «تەر»، «كۆز يېشى»، «شۆلگەي» دېگەن ئۈچ خىل ۋاقىتلىق مەنىگە ئىگە قىلىنغان.

بەزى سۆزلەر بەزى كونتېكستلاردا ھەتتا ئۆزىنىڭ قارىمۇقارشى ۋاقىتلىق مەنىگە ئىگە قىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، «ۋەلى «ئاق» تونۇگۇن قايتىپ كەلدى» دېگەن كونتېكستتا «ئاق» سۆزى ئۆزىنىڭ قارشى مەنىلىك سۆزى بولغان «قارا» دېگەن ۋاقىتلىق مەنىگە ئىگە قىلىنغان.

(4) كونتېكست ئاھاڭداش سۆزلەرنى ئېنىقلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئاھاڭداش سۆزلەر كونتېكستتىن ئايرىلغان ھالەتتە تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ قايسىلىرى ئۆزئارا ئاھاڭداش، ئۇلار زادى قانداق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئېنىقلىماق قىيىن. مەسىلەن، «يان» دېگەن سۆز يەككە تۇرغاندا، ئۇ «تەرەپ» دېگەن مەنىدىكى «يان» مۇ ياكى «قايت» دېگەن مەنىدىكى «يان» مۇ ۋە ياكى «كۆيۈشكە باشلاش» دېگەن مەنىدىكى «يان» مۇ بۇنى بىلمەك تەس. ئۇلار پەقەت «سەن ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا تۇر»، «سەن ئارقاڭغا دەرھال يان»، «ئوت ئەمدىلا ياندى» دېگەن كونتېكستلارغا كىرگەندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئاھاڭداش سۆز ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، «ھازىر ياز پەسلى» دېگەن جۈملىدىكى «ياز» سۆزى بىلەن «خەتنى چىرايلىق ياز» دېگەن جۈملىدىكى «ياز» سۆزىنىڭ ئاھاڭداش سۆزلەر ئىكەنلىكى يۇقىرىقى كونتېكستلاردىلا ئېنىقلىنىدۇ.

(5) كونتېكست ئىدىيوملارنى ئىدىيوملۇق سالاھىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىدىيوملار ئادەتتە سۆز

بىرىكمىسى شەكلىدە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار يەككە تۇرغاندا، ئادەتتىكى سۆز بىرىكمىسىمۇ ياكى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە مۇئەييەن كۆچمە مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىدىيومىمۇ بۇنى بىلمەك قىيىن، ئۇ خىل بىرىكمە پەقەت مۇئەييەن كونتېكىستقا كىرگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئادەتتىكى سۆز بىرىكمىسى ياكى ئىدىيوم ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن، «تومۇر تۇتماق» دېگەن بىرىكمىنى كۆرۈپ باقايلى: «تېۋىپ نىمەتنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپتۇ، قېنىنىڭ يۈرۈشىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ كۈلۈپتۇ ـ دە: ‹بۇ ئوغۇلنىڭ كېسىلى ئىچىدە› دەپتۇ» دېگەن كونتېكىستتا «تومۇر تۇتماق» دېگەن بىرىكمە «قول ۋە چېكە تومۇرلىرىغا بارماقلىرىنى تەگكۈزۈپ، يۈرەك ۋە قان ھەرىكىتىنى ئېنىقلىماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئادەتتىكى سۆز بىرىكمىسىدۇر. «ئۇ ئاخىر بۇنىڭ تېگىگىمۇ يەتتى، بىر كۈنى ئاخشىمى، ئىككىسى يالغۇز قالغان چاغدا ئۇ ـ يەر ـ بۇ يەردىن گەپ ئېلىپ، خۇمارخاننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ، كىچىكئاخۇنغا مەيلى بارلىقىنى بىلىۋالدى» دېگەن كونتېكىستتا «تومۇر تۇتماق» دېگەن بىرىكمە «پوزىتسىيەسىنى، رايىنى سىناپ كۆرمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىدىيومدۇر.

(6) كونتېكىست سۆزلەرنىڭ تۇس مەنىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تۈرلۈك تۇس مەنىلىرىگە ئىگە سۆزلەر يەككە تۇرغاندا، ئۇنىڭ قانداق تۇس مەنىسى بارلىقىنى بىلمەك قىيىن، لېكىن ئۇ تۈردىكى سۆزلەر مۇئەييەن كونتېكىستقا كىرسە، تۈرلۈك تۇس مەنىلىرى روشەنلىشىدۇ. مەسىلەن، «تۈلكە» سۆزى ئەسلىي بىر خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋاننى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇ سۆز «ئۇ ئادەم گېپى يۇمشاق بىر قېرى تۈلكە» دېگەن كونتېكىستتا «ھىيلىگەر، مەككار، قۇۋ، ئالدامچى ئادەم» دېگەن

مەنە ئۆزىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە ئۇ سۆزنىڭ ئوبرازلىق ۋە سەلبىي تۈس مەنىلىرىمۇ روشەنلىشىدۇ.

يەنە «ئاقساقال» دېگەن سۆزنى مىسالغا ئالايلى، «بۇ تۈرگەن ئاقساقال زاۋۇتىمىزنىڭ پېشقەدەم ئىشچىسى بولىدۇ»، «بۇ يەرگە يىغىلىشقان مەھەللە ئاقساقاللىرى يېڭى دەرۋازىغا قاراپ، نودەرنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى» دېگەن كونتېكىستلاردا «ئاقساقال» سۆزى «ياشانغان، مويسىپىت، مۆتىۋەر كىشى» دېگەن مەنە بىلەن «مەھەللە ۋە يېزا ـ قىشلاقلارغا باشلىق بولغان ئەمەلدارلار» دېگەن مەنە ئۆزەكلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە يەنە ئىجابىي تۈس مەنىسىنى بىلدۈرسە، «بەك ئاقساقال بالا ئىكەن بۇ، دادىسىدەك ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ تۈرغىنىنى قارا» دېگەن كونتېكىستتا «ئاقساقال» سۆزى «ئاتىكارچى، ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان» دېگەن مەنە ئۆزىكىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە يەنە سەلبىي تۈس مەنىسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، كونتېكىست سۆزلەرنىڭ تۈس مەنىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

(7) كونتېكىست سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەنىلىرىنىمۇ كونكرېتلاشتۇرىدۇ، ئېنىقلىققا ئىگە قىلىدۇ.

بەزىدە سۆز بىرىكمىلىرى كونتېكىستقا كىرمىگەندە، قانداق مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدۇ ياكى ئىككى بىسلىق بولۇپ قالىدۇ. تىلدىكى بۇ خىل ھادىسە پەقەت كونتېكىستنىڭ ياردىمى بىلەنلا ھەل بولىدۇ. مەسىلەن، «كەچ كىرمەك» دېگەن بىرىكمە يەككە تۇرغاندا، ئۇ «قاراڭغۇ چۈشمەك، كەچ بولماق» دېگەن مەنىدىمۇ ياكى «ئۆيگە كەچ قايتماق» دېگەن مەنىدىمۇ، بۇنى بىلمەك تەس. ئۇ بىرىكمىنىڭ قايسى مەنىدە كەلگەنلىكى پەقەت «كەچ كىرىپ قالدى، ئەمدى يولغا چىقمىساق بولمايدۇ»، «ئۇ دائىم ئۆيگە كەچ كىرىدۇ» دېگەندەك كونتېكىستلاردىلا كونكرېتلىشىدۇ، روشەنلىشىدۇ.

# ئۈچىنچى باب

# سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى

## §1. سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى سەۋەبلەر

تىل بىر خىل جەمئىيەت ھادىسىسى. شۇڭا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. جۈملىدىن تىلنىڭ لېكسىكىسى ۋە لېكسىكىسىدىكى سۆزلەر ھەم ئۇلارنىڭ مەنىلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ. سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇئەييەن ئامىللار سەۋەبچى بولىدۇ. ھەرقايسى تىللاردىكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ دىيالېكتلىرىدىكى سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان ئامىللارمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى، ھەرقايسى ئىجتىمائىي كوللېكتىپلار (مىللەتلەر) نىڭ تەرەككىيات، تىلى، مەدەنىيىتى، جۇغراپىيەۋى مۇھىتى، پىسخىكىسى، باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۇچرىشىش دەرىجىسى قاتارلىقلار ئوخشاش بولمىغاچقا، بۇ ئامىللارنىڭ ھەرقايسى تىللاردا سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بولغان تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تىلشۇناسلارنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. لېكىن، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئومۇمىي تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا، سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى سەۋەبلەرنى مۇنداق ئىككى چوڭ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن :

**1. سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى تاشقى سەۋەبلەر**

تىل ــ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى. ئۇ

پەقەت كىشىلەرنىڭ نۇتقىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كىشىلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلمىگەن تىل «ئۆلگەن» تىل ھېسابلىنىدۇ. «ئۆلگەن» تىللارنىڭ يېزىقلىرىدىن ھېچقانداق يازما يادىكارلىق قالمىسا، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىز قالمايدۇ. «ئۆلگەن» تىللاردا ئۆزگىرىش، تەرەققىيات دېگەنلەر بولمايدۇ. ئىشلىتىلىۋاتقان جانلىق تىل — كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت بولۇپ تەشكىللىنىشىدىكى ئالدىنقى شەرتلەرنىڭ بىرى. تىل جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئالاقە تۇگۈنى بولغاچقا، ئۇ جەمئىيەت بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىن يۇقىرى باسقۇچقا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، قالاقلىقتىن ئىلغارلىققا قاراپ تەرەققىي قىلىشى تىلنىڭ، جۈملىدىن، تىلدىكى سۆز مەنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى، تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ئۇقۇملار ئۇزلۇكسىز بارلىققا كېلىپ تۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىمۇ كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىپ بارىدۇ، بىلىم قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ، باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۆزئارا ئۇچرىشىش، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىمۇ كۈندىن - كۈنگە قويۇقلىشىپ بارىدۇ، تىلنىڭ ئۇزلۇكسىز تۈردە ئۆز سۆزلۈكىنى بېيىتىشىغا، سۆز مەنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى بۇ تاشقى سەۋەبلەرنى يەنە تۆۋەندىكىدەك نۇقتىلارغا ئايرىشقا بولىدۇ:

1) ئىجتىمائىي ئامىل

جەمئىيەتنىڭ ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەتتە تۈرلۈك كەسىپ، تۈرلۈك پەن، تۈرلۈك ساھەلەر بارلىققا كېلىدۇ. جەمئىيەتتە ئەنە شۇنداق ئىش تەقسىماتىنىڭ

يەنىمۇ بۆلۈنۈشى نەتىجىسىدە، ھەر خىل كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ بەزى سۆزلەرگە بولغان چۈشەنچىسى ۋە ئۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىدە بارا ـ بارا بەزى پەرقلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە سۆز مەنىسىدىكى ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، «بۆلۈش» دېگەن سۆز ئەسلىي «بىر نەرسىنى بۆلەكلەرگە ئاجراتماق، پارچىلىماق، بۆلەك ـ بۆلەك قىلماق (مەسىلەن، ناننى ئىككىگە بۆلۈش)» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان بولسا، ئۇيغۇرلاردا ماتېماتىكا ئىلمىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ سۆز «بۆلۈش ئەمىلى ۋە ئۇنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە (÷)» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولدى. لوگىكا ئىلمىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ «بۆلۈش» دېگەن سۆز يەنە «بىر جىنس ئۇقۇمىنى بىرقانچە تەڭداش تۈر ئۇقۇملارغا ئايرىش» دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدىغان بولدى. «بىلىش» دېگەن سۆز ئەسلىي «بىلمەك، ئۇقماق، چۈشەنمەك» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى. ھازىر يەنە پەلسەپىدە «ئادەم مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا توغرىسىدىكى ئىنكاسى (مەسىلەن، ھېسسىي بىلىش، ئەقلىي بىلىش)» دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدىغان بولدى. «ھەرىكەت» دېگەن سۆز ئەسلىي «ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنىڭ ئەسلىدىكى تىنچ ھالەتتىن ئۆزگىرىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ھازىر يەنە فىزىكىدا «جىسىملارنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىنى، يەنى بىر جىسىم بىلەن باشقا جىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى نىسپىي ئورۇن يۆتكىلىشى» نى، پەلسەپىدە «تەبىئەتتە، شۇنداقلا پۈتكۈل ئالەمدە يۈز بېرىدىغان بارلىق ئۆزگىرىش ۋە جەريانلار» نى بىلدۈرىدىغان بولدى. «سۆز» دېگەن بۇ سۆز ئەسلىي «گەپ، نۇتۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇيغۇرلاردا تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ يەنە «تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل

بولغان، مۇقىم قۇرۇلمىغا ئىگە، تىلدا (جۈملىدە) ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان تىل بىرلىكى» دېگەن مەنىسىمۇ بىلدۈرىدىغان بولدى.

دېمەك، «بۆلۈش (قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش دېگەن سۆزلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)»، «بىلىش»، «ھەرىكەت»، «سۆز» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئاۋام خەلق ياكى باشقا ساھەدىكى ئۇيغۇرلار ئۇ سۆزلەرنى ئەسلىي مەنىسىدە چۈشەنسە ياكى ئىشلەتسە، ماتېماتىكچىلار، فىزىكچىلار، پەلسەپىچىلەر، تىلچىلار ئۇ سۆزلەرنى كېيىنكى مەنىدە چۈشىنىدۇ ياكى ئىشلىتىدۇ.

2) كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ئاڭ جەھەتتە ئۆزگىرىشى

جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى، ئېڭى ياكى شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئېڭىدا يۈز بەرگەن بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرمۇ سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامىنى ھەم «تېرىلغۇ يەر» دېگەن مەنىنى «تېرىق» (تارىغ، تارىق) دېگەن سۆز بىلەنلا ئىپادىلىگەن بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇ شەيئىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە، ئۇ شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان، ئىدىيەسىدە بۇرۇلۇش بولغان. ئىدىيەسىدە ھاسىل بولغان بۇ خىل بۇرۇلۇش نەتىجىسىدە «تېرىق» سۆزىنىڭ مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولغان، يەنى تۈرلۈك دانلىق زىرائەتلەرنىڭ پەقەت بىر تۈرىلا بولغان «باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق، باشقى سۈس سېرىق، ئاقلىغاندىن كېيىن سېرىق دېنى چىقىدىغان، تۈرلۈك

يىمەكلىكلەرنى ئىشلەشكە ۋە هاراق ئېچىتىشقا بولىدىغان بىر خىل ئۈسۈملۈك» نى بىلدۈرىدىغان بولغان. «تۈمۈر» سۆزى قەدىمكى دەۋرلەردە بارلىق مېتاللارنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرگەن بولسا، ئۇيغۇرلار شۇ شەيئىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە پەرقلەرنى تونۇپ يەتكەن، يەنى شۇ شەيئىلەرگە نىسبەتەن ئىدىيەسىدە بۆرۈلۈش بولغان. نەتىجىدە «تۆمۈر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، تۇرلۇك مېتاللارنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرۈشتىن پەقەت بىرلا خىل مېتالنى بىلدۈرىدىغان بولغان.

3) پىسخىكىلىق ئامىل

پىسخىكىلىق ئامىلمۇ سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «تۈلكە» دېگەن بۇ سۆز «تېنى بۆرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، تۇمشۇقى ئۇزۇن، قۇلىقى ئۇچ بۇرجەك، قۇيرۇقى يۇمشاق ۋە ئۇزۇن، تۈكلىرى قىزىل ــ سېرىق، كۆپرەك كېچىسى هەرىكەت قىلىدىغان، چاشقان ۋە ئۆي قۇشلىرىنى يەيدىغان بىر خىل سۈت ئەمگۈچى هايۋان» نى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ پىسخىكىسىدا بۇ خىل هايۋان قۇۋ، هىيلىگەر كېلىدۇ، شۇڭا كېيىنكى دەۋرلەردە «تۈلكە» سۆزىگە «هىيلىگەر، قۇۋ، مەككار، ئالدامچى كىشى (مەسىلەن، ئۇ ئادەم گېپى يۇمشاق بىر قېرى تۈلكە)» دېگەن مەنىمۇ يۈكلەنگەن. «سېرىق تۈك» دېگەن بىرىكمە ئەسلىي «ئادەمنىڭ يۈز، قۇلاق ئىچى، قولاق ئارقىسى، بويۇن قاتارلىق جايلىرىدا ئۆسىدىغان سارغۇچراق يۇمران تۈك» نى بىلدۈرەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ پىسخىكىسىدا بۇ خىل تۈك ئومۇمەن كىچىك باللاردا بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ سۆزگە كېيىنكى دەۋرلەردە «تېخى كىچىك، ئەقلى توشمىغان، بالاغەتكە يەتمىگەن (مەسىلەن، بىرقانچە سېرىق تۈك بالا چىشىمغا تېگىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچاغى تارقىتىلىدىغان تور بېكىتى

خاپا قىلدى)» دېگەن مەنىمۇ يۇكلەنگەن. دېمەك، پېشخىنكىلىق ئامىل ئادەتتىكى بىرىكمىلەرنىڭ ئىدىيوملارغا ئايلىنىشىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك رول ئوينايدۇ.

4) باشقا مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى

ھەرقانداق بىر مىللەت ئومۇمەن يەككە ـ يېگانە ياشمايدۇ. ئۇلار ھامان ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۆزئارا ئۇچرىشىدۇ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدۇ. مانا بۇ خىل ئۇچرىشىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىدە بەزىبىر ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماي قالمايدۇ. بۇ خىل مەنە ئۆزگىرىشى كۆپرەك ئۆزى ئۇچراشقان، ئالاقە قىلغان شۇ مىللەت تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىدىن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «قىزىل»، «قارا»، «سېرىق» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ رۇس ياكى خەنزۇلارنىڭ تۈرلۈك ژانىرلاردىكى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇر تىلىدا «قىزىل» دېگەن سۆز ئەسلىي بىر خىل رەڭنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئىدى. ھازىر ئۇ سۆزگە ① «ئىنقىلابىي، سىياسىي ئېڭى يۇقىرى، سىياسىيۋىلىكى كۈچلۈك» دېگەن مەنە، ② «ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكى قىلغان ئىنقىلابىي ئارمىيە» دېگەن مەنە، ③ «1946 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى» دېگەن مەنىلەر يۇكلەندى. «سېرىق» دېگەن سۆز ئەسلىي «سامان، جۇزە، ئالتۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ رەڭگى»نى بىلدۈرىدىغان سۆز ئىدى، ھازىر يەنە «ئىدىيەسى ساغلام بولمىغان، شەھۋانىيلىقنى، بۇزۇقچىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان» دېگەن

مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدىغان بولدى (مەسىلەن، «سىرىق فىلىم».) «ئاق» دېگەن سۆز ئەسلىي «پاختا، قار ياكى سۈتنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان رەڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، ھازىر يەنە باشقا مەنىلىرى بىلەن بىللە «ئىنقىلابىي بولمىغان، ئەكسىلئىنقىلابىي» دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدىغان بولدى. (مەسىلەن، ئاقلار رايونى).

**2. سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ئىچكى سەۋەبلەر**

ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئامىل يەنىلا ئىچكى سەۋەب. شۇڭا، تىل تەرەققىياتى، جۈملىدىن سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئالدى بىلەن تاشقى سەۋەب نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى تىل سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى ئامىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىن چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تىل — فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىرامماتىكىدىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن سىستېما. ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى ئامىللار قارىمۇقارشىلىق — بىرلىك مۇناسىۋىتىدە تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل تەڭپۇڭلۇق بولىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر ئامىل يېڭى ئالاقە ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ياكى باشقا تىللارنىڭ تەسىرى ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەسلىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇۋەتسە، تىل سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئېلېمېنتلار يېڭى تەڭپۇڭلۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ باشقا ئېلېمېنتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدۇ. دېمەك، تىلنىڭ ئىچكى ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىرىمۇ سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. مەسىلەن، سۆزلەردىكى تۈرلۈك تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئالايلۇق، «شامالسىز،

ھاۋاسى نەپەسنى بوغۇپ قويىدىغان، نەم ئىسسىق» دېگەن مەنىدىكى «تىنچىق» دېگەن سۆز تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭدىن «تۇنجۇق» دېگەن بىر سۆز بۆلۈنۈپ چىققان، نەتىجىدە بۇ سۆز «ھاۋانىڭ يېتىشمەسلىكى ياكى توسۇلۇپ قېلىشىدىن نەپەس ئالالماي قېينالماق، بوغۇلماق» دېگەن مەنىگە ئىگە قىلىنغان. «تەتۈر ئۆرۈمەك» دېگەن مەنىدىكى «ئاغدۇر (مەسىلەن، يەر ئاغدۇرماق)» دېگەن بۇ سۆز تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭدىن «ئاختۇر» دېگەن بىر سۆز شەكىللەنگەن. نەتىجىدە، ئۇ سۆز «ئىزدىمەك (مەسىلەن، ئۆينى ئاختۇرماق)» دېگەن مەنىگە ئىگە قىلىنغان. «ئاۋاز» مەنىسىدىكى «تاۋۇش» سۆزى تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە ئۇچراپ، ئۇ سۆزدىن «تىۋىش» دېگەن بىر سۆز شەكىللەنگەن. نەتىجىدە، ئۇ سۆز «بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاۋاز» دېگەن مەنىگە ئىگە قىلىنغان.

## §2. سۆز مەنىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر

تىل تەرەققىياتى جەريانىدا سۆزلۈكتىكى كۆپلىگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ. چۈنكى، جەمئىيەت تەرەققىياتى داۋامىدا بەزى يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ئۇقۇملار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ئۇقۇملار تىلدا بەزىدە يېڭى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنسە، يەنە بەزىدە يېڭى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنمەي، تىلدا ئەسلىدە بار سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يەنە بەزى سۆزلەر ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بىر تۈردىكى بىرقانچە شەيئىنى ئىپادىلىگەن بولسا، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇلار ئىچىدىكى بىرىنىلا بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. يەنە بەزى سۆزلەر قەدىمكى دەۋرلەردە مەلۇم بىر خىل مەنە بىلدۈرگەن بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردە باشقا بىر خىل

مەنىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. سۆز مەنىسىدە يۈز بېرىدىغان مۇشۇ خىل ئۆزگىرىشلەر سۆز مەنىسىدىكى ئۆزگىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، تىل تەرەققىياتى جەريانىدا سۆز مەنىلىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئازىيىشى، كۆچۈشى قاتارلىق ھادىسىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ سۆز مەنىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر دەپ ئاتىلىدۇ. سۆز مەنىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئومۇمەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ:

**1. سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى**

سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى دېگىنىمىز، تىل تەرەققىياتى جەريانىدا، سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكىنىڭ كۆپىيىشىگە قارىتىلغان، تىلدا ئەسلىدە بىر سۆز بىرلا شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇمنى ئىپادىلىگەن بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇ شۇ شەيئى ياكى ھادىسە بىلەن خاراكتېرى ياكى رولى ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇمنىمۇ ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ خىل ھادىسە سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشىدە، ئاز بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسى (ھەجمى) كېڭەيسە، كۆپ قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنە ئۆزەكلىرىدە كۆپىيىش يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

«ئۇلاغ» دېگەن سۆز ئىلگىرىكى دەۋرلەردە «خاننىڭ بۇيرۇقىنى توشۇغۇچى پوچتىكەشلەرنىڭ مەنزىللەردە يەڭگۈشلەپ مىنىدىغان ئېتى» نىلا بىلدۈرگەن بولسا، ھازىر «مىنىشكە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئات، قېچىر، ئېشەك، تۆگە، ئۆكۈز قاتارلىق ئائىلە ھايۋانلىرى» نى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ سۆزنىڭ مەنە دائىرىسى (ھەجمى) كېڭەيگەن.

«ئوق» سۆزى ئەسلىي «ياغا قويۇپ ئېتىلىدىغان، ئۇچى نەيزە

شەكىللىك، ئۇزۇن، ئىنچىكە تاياقچە» نى بىلدۈرگەن بولسا، ھازىر «مىلتىق، تاپانچا، پىلىموت، زەمبىرەك قاتارلىقلارغا جايلاشتۇرۇپ ئېتىلىدىغان، ئېتىلغاندىن كېيىن ئۇچۇپ بېرىپ نىشانغا تېگىدىغان، ۋەيران قىلىش، ئۆلتۈرۈش كۈچىگە ئىگە نەرسە» نىمۇ بىلدۈرىدۇ.

ئەسلىدە «ئىسىم» سۆزى «نام، ئات» دېگەن مەنىنى، «سۈپەت» دېگەن سۆز «ساپا» دېگەن مەنىنى، «سان» دېگەن سۆز مەلۇم بىر نەرسىنىڭ سانىنى، «ئالماش» دېگەن سۆز «بىرى بىرىنىڭ ئورنىنى ئالماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن بولسا، ھازىر ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسىدە، سۆز تۈركۈملىرىنىڭ نامىنىمۇ بىلدۈرىدىغان بولدى. دېمەك، «ئوق، ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنە ئۆزگىرىشى كۆپەيگەن.

«بۇلاق» سۆزى ئەسلىي «يەر ئاستىدىن چىققان سۇ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئېغىزى» نى بىلدۈرەتتى، ھازىر بولسا «پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبە» دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. (مەسىلەن، كىتابنى سۆي، ئۇ بىلىم بۇلىقى).

«بۆشۈك» سۆزى ئەسلىي «بوۋاقنى بۆلەپ بېقىش ئۈچۈن ياسالغان كارىۋات شەكىللىك جابدۇق» نى بىلدۈرەتتى، ھازىر يەنە «بىرەر نەرسىنىڭ، ۋەقە - ھادىسىنىڭ تۇغۇلغان، بارلىققا كەلگەن يېرى، ماكانى» دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. (مەسىلەن، يەنئەن — ئىنقىلاب بۆشۈكى). دېمەك، ئۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنە ئۆزگىرىشىمۇ كۆپەيگەن.

تىلدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەل سۆز مەنىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

### 2. سۆز مەنىسىنىڭ تارىيىشى

سۆز مەنىسىنىڭ تارىيىشى دېگىنىمىز، تىل تەرەققىياتى

جەريانىدا، سۆزنىڭ مەنە ئۆزگىرىشىگە ئارىلىشىپ قالىدۇ. تىلدا ئەسلىدە بىر سۆز خاراكتېرى ياكى رولى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر قانچە شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگەن بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇ شەيئى ياكى ھادىسىلەرنىڭ ئۆزئارا پەرقى ئىنچىكە تونۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىرلا شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ، يەنى سۆز مەنىلىرىدە يەككىلىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مانا بۇ خىل ئۆزگىرىش سۆز مەنىسىنىڭ تارىيىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

«ساغلىق (ساغ ـ لىق)» سۆزى قەدىمكى دەۋرلەردە «سېغىشقا بولىدىغان بارلىق ھايۋان» نى بىلدۈرگەن بولسا، ھازىر «ئىككى چىشلىقتىن ئاشقان چىشى قوي» نىلا بىلدۈرىدۇ.

«بېغىش (باغىش)» سۆزى قەدىمكى دەۋرلەردە «بارماق ۋە باشقا ئەزالارنىڭ بوغۇمى، قومۇش قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭمۇ بوغۇمى» نى بىلدۈرەتتى. ھازىر بولسا پەقەت «ئالىقان بىلەن بىلەكنىڭ تۇتاشقان ئورنى» نىلا بىلدۈرىدۇ.

«چىشى» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تىشى» شەكلىدە بولۇپ، ئەسلىي «ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ چىشى جىنسلىقى» دېگەن مەنىگە ئىگە ئىدى. ھازىرقى دەۋردە بولسا ئۇ سۆزنىڭ مەنە دائىرىسى (ھەجمى) تارىيىپ، پەقەت «ھايۋان ۋە قۇش قاتارلىقلارنىڭ ئەركىكىنىڭ ئەكسى» نىلا بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

«قىسىر» دېگەن سۆز ئەسلىي «تۇغمايدىغان خوتۇن ۋە ھايۋان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، ھازىر بولسا پەقەت «چىشى ھايۋانلارنىڭ بوغاز بولالماي قالغان چېغى» دېگەن مەنىدىلا قوللىنىلىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىمۇ سۆزنىڭ مەنە دائىرىسى

تارايغان.

«نەزىر» دېگەن سۆز ئەسلىي تۆۋەندىكى ئۈچ خىل مەنىنى بىلدۈرەتتى: ① «ساۋاب تېپىش ئۈچۈن خۇدا يولىدا بېرىلگەن نەرسە»، ② «ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىش، جامائەتنىڭ ئالدىغا ئاش ـ تائام كەلتۈرۈپ خەتمىقۇرئان قىلىش پائالىيىتى»، ③ «ئاللاغا بېرىلگەن ۋەدە، قەسەم». ھازىرقى دەۋردە «نەزىر» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئالدىنقى ئىككى خىل مەنىسىلا ساقلىنىپ قېلىپ، كېيىنكى مەنىسى يوقىلىپ كەتتى. دېمەك، بۇ سۆزنىڭ مەنە ئۆزگىرىشىدە ئازىيىش ھادىسىسى يۈز بەردى.

تىلىمىزدىكى «ئۆرۈك، كەنت، تېرىق، تۆمۈر» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدىمۇ تارىيىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن.

### 3 . سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى

تىل تەرەققىياتى جەريانىدا بەزى سۆزلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنە ئۆزىكى بارا ـ بارا ئىستېمالدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى شۇ سۆزنىڭ كېيىنكى مەنە ئۆزىكى ئىگىلەيدىغان ئەھۋال بولۇپ تۇرىدۇ. تىل تەرەققىياتىدا سۆز مەنىلىرىدە يۈز بېرىدىغان بۇ خىل ئۆزگىرىش سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«سۈپرا» دېگەن سۆز «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «يېمەكلىكلەرنىڭ ئاستىغا سالىدىغان داستىخان» دەپ ئىزاھلانغان بولسا (مەسىلەن، نامى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق)، ھازىر «خېمىر يايغاندا ئاستىغا سالىدىغان رەخت ياكى باشقا نەرسە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالغان.

«ئىشىك» سۆزى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «بوسۇغا» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن بولسا، ھازىر «ئۆي، خانا، بىنا، ھويلىلارنىڭ كىرىپ ـ چىقىدىغان يېرىگە ئورنىتىلغان، ئېچىپ ـ يېپىپ

تۇرۇشقا ماسلاشقان قۇرۇلمىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئاپا» دېگەن سۆز ئىلگىرى «ھەدە، ئاچا، قىز بىر تۇغقان» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان بولسا، ھازىر «بالىلىق ياكى بالىسى بار ئايال، ئانا» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

«ئەپكەش» دېگەن سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى «ئابكەش» سۆزىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىگە ئۇچرىشىدىن شەكىللەنگەن سۆز بولۇپ، ئۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە «سۇ توشۇيدىغان ئادەم» دېگەن مەنىدە ئىدى، ھازىر بولسا، «چېلەك، سېۋەت ۋە باشقا يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، بالداق ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئىلمەك تۆمۈر ياكى ياغاچ ئىلمەك بېكىتىلگەن سايمان» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

«يەل» دېگەن سۆز ئەسلىي «شامال» دېگەن مەنىدە ئىدى، ھازىر بولسا «بەدەندىكى ھاۋا» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

«ئوسال» سۆزى ئەسلىي «بىمەرۋا» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان بولسا، ھازىر «يامان، ناچار» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

«چالما» سۆزى ئەسلىي «قوي، تۆگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماللارنىڭ قىغىدىن قىشتا قالاش ئۈچۈن كېسەكتەك قىلىپ قۇرۇتۇلغان تېزەك» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان بولسا، ھازىر «تەركىبىگە سۇ ئارىلاشقاندىن كېيىن قاتقان توپا، داڭگال» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى «يولداش، ئەمگەك، خوتۇن (خاتون)، قاقاچ، چىم» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدىمۇ كۆچۈش ھادىسىسى يۈز بەرگەن.

**4 . سۆز مەنىسىنىڭ يوقىلىشى**

سۆز مەنىسىنىڭ يوقىلىشى دېگىنىمىز، تىل تەرەققىياتى جەريانىدا بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى يوقىلىپ، پەقەت

فونېتىكىلىق شەكلىنىڭلا ساقلىنىپ قېلىشى ھادىسىسىگە قارىتىلىدۇ. مەنىسى يوقالغان بۇ تەركىبلەر (فونېتىكىلىق شەكىللەر) يەككە ئىشلىتىلمەيدۇ، پەقەت لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن بىرىكتۈرۈلۈپ، جۈپ سۆز شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، مەنىسى يوقالغان ئۇ تەركىبلەر (فونېتىكىلىق شەكىللەر) ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى (يوقالغان) لېكسىكىلىق مەنىسىگە يېقىن ياكى ئوخشىشىدىغان ھەم ھازىرمۇ كەڭ قوللىنىلىدىغان مۇستەقىل سۆزلەرگە يانداش ھالدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، «تۇش» سۆزى «قۇتادغۇبىلىك» تە «دوست، تەڭ، ئوخشاش» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان بولسا، ھازىر ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى يوقىلىپ، مەنىسىز تەركىبكە ئايلىنىپ، پەقەت «تەڭ» سۆزى بىلەن بىرىكتۈرۈلۈپ «تەڭتۇش» دېگەن شەكىلدىلا قوللىنىلىدۇ.

«بۇگرى» سۆزى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئەگرى» دەپ ئىزاھلانغان بولسا، ھازىر ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى يوقىلىپ، مەنىسىز تەركىبكە ئايلىنىپ، پەقەت «قىڭغىر ئېگىلگەن» دېگەن مەنىدىكى «ئەگرى» سۆزى بىلەن بىرىكىپ «ئەگرى - بۇگرى» دېگەن جۈپ سۆز شەكلىدىلا قوللىنىلىدۇ.

«پۇچقاق (پۇچغاق)» سۆزى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «بۇلۇڭ» دەپ ئىزاھلانغان بولسا، ھازىر ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى يوقىلىپ، مەنىسىز تەركىبكە ئايلىنىپ، پەقەت «بىر نۇقتىدىن چىققان ئىككى نۇردىن ھاسىل بولغان شەكىل» نى بىلدۈرىدىغان «بۇلۇڭ» سۆزى بىلەن بىرىكىپ، «بۇلۇڭ - پۇچقاق» دېگەن جۈپ سۆز شەكلىدىلا قوللىنىلىدۇ.

«سىلاق» دېگەن سۆز قەدىمكى دەۋرلەردە «ئاغرىق» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان بولسا، ھازىر ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى يوقىلىپ، مەنىسىز تەركىبكە ئايلىنىپ، پەقەت «كېسەللىنىش، چارچاش ياكى جاراھەتلىنىش نەتىجىسىدە سېزىلگەن جىسمانىي

ئازاب» دېگەن مەنىدىكى «ئاغرىق» سۆزى بىلەن بىرىكىپ «ئاغرىق ـ سىلاق» دېگەن جۈپ سۆز شەكلىدىلا قوللىنىلىدۇ.

«ئېسەن» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئامان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن بولسا، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى يوقىلىپ، مەنىسىز تەركىبكە ئايلىنىپ، «ساق ـ سالامەت، خېيىم ـ خەتەرسىز» ۋە «تىنچ، ئاسايىشلىق، غەم ـ ئەندىشىسىز» دېگەن مەنىلەردىكى «ئامان» سۆزى بىلەن بىرىكىپ «ئامان ـ ئېسەن» دېگەن جۈپ سۆز شەكلىدىلا قوللىنىلىدۇ.

«چاقا» (جاقا) دېگەن سۆز ئەسلىي قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بالا» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان بولسا، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى يوقىلىپ، مەنىسىز تەركىبكە ئايلىنىپ، پەقەت «جانلىقلاردىن تۆرەلگەن تۆرەلمە، پەرزەنت» دېگەن مەنىلەردىكى «بالا» دېگەن سۆز بىلەن بىرىكىپ «بالىچاقا» دېگەن جۈپ سۆز شەكلىدىلا قوللىنىلىدۇ.

### 5. سۆزنىڭ تۈس مەنىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر

بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ يېڭى مەنە ئۆزىكى پەيدا بولۇش بىلەن بىللە، شۇ يېڭى مەنە ئۆزىكى ئاساسىدا يېڭى تۈس مەنىسىمۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل هادىسە سۆزلەرنىڭ تۈس مەنىسىدىكى ئۆزگىرىش دېيىلىدۇ. تىلدا بىر قىسىم سۆزلەر ئەڭ دەسلەپكى مەنە ئۆزىكى ئاساسىدا بىر خىل تۈس مەنىسىگە ئىگە بولغان بولسا، يېڭى مەنە ئۆزەكلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، شۇ يېڭى مەنە ئۆزىكى ئاساسىدا باشقا بىر خىل تۈس مەنىسىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

«ئاقساقال» دېگەن سۆز ئەسلىي «ياشانغان، مويسىپىت، مۆتىۋەر» دېگەن مەنە ئۆزىكى ئاساسىدا ئىجابىي تۈس مەنىسىدە قوللىنىلغان بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردە «ئاتىكارچى، ئۆزىگە

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان» دېگەن مەنە ئۆزىكىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، شۇ مەنە ئۆزىكى ئاساسىدا سەلبىي تۈس مەنىسىدە قوللىنىلىدىغان بولغان.

«بۆرە» دېگەن سۆز ئەسلىي «شەكلى ئىتقا ئوخشىشىدىغان، يۈزى ئۇزۇن، قۇلىقى تىك، تۈكلىرى سېرىق ياكى سۇس قوڭۇر، قۇيرۇقى پەسكە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بىر خىل سۈت ئەمگۈچى هايۋان» نى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە ئىجابىي تۈس مەنىسىدە قوللىنىلاتتى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە بولسا «ئاچ كۆز، ۋەهشىي» دېگەن مەنە ئۆزىكىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، شۇ مەنە ئۆزىكى ئاساسىدا سەلبىي تۈس مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدىغان بولدى.

«قارا» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە «بۈيۈك، ئۇلۇغ، چوڭ، كاتتا» دېگەن مەنە ئۆزىكى ئاساسىدا ئىجابىي تۈس مەنىسىدە قوللىنىلاتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە «تۆهمەت، بوهتان، بەتنام» دېگەن مەنە ئۆزىكى ئاساسىدا سەلبىي تۈس مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدىغان بولدى.

«ئەسكى» دېگەن سۆز ئەسلىي «ئىشلىتىلىپ، كۆپ تۇتۇلۇپ كونىرىغان، كونا، سۇپىتىدىن چۈشكەن» دېگەن مەنە ئۆزىكى ئاساسىدا ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپكە ئورتاق قوللىنىلاتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇ سۆزنىڭ «يامان، بۇزۇق، ئوسال، ناچار» دېگەن مەنە ئۆزىكىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ ئۇ سۆز شۇ مەنە ئۆزىكى ئاساسىدا سەلبىي تۈس مەنىسىدە قوللىنىلىدىغان بولدى.

سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى، سۆز مەنىسىنىڭ تارىيىشى، سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى، سۆز مەنىسىنىڭ يوقىلىشى، سۆزنىڭ تۈس مەنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق سېمانتىكىلىق هادىسىلەر ئىچىدە سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك هادىسىدۇر.

# تۆتىنچى باب

## سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن تۈركۈملىنىشى

### §1. بىر مەنىلىك سۆزلەر ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر

تىلدىكى بەزى سۆزلەر بىرلا مەنە ئۆزىكىدىن تەركىب تاپسا، يەنە بەزى سۆزلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنە ئۆزىكىدىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا، سۆزلەر مەنە ئۆزىكىنىڭ بىر، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولۇشىغا قاراپ بىر مەنىلىك سۆزلەر ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1 . بىر مەنىلىك سۆزلەر**

پەقەت بىرلا مەنە ئۆزىكىگە ئىگە سۆزلەر بىر مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «قونالغۇ» دېگەن سۆز «يولۇچىلار، سەپەرگە چىققانلار قونۇپ ئۆتىدىغان جاي» دېگەن مەنىدىن باشقا مەنىگە ئىگە ئەمەس؛ «ئاشپەز» دېگەن سۆز «ئاش ئېتىدىغان ئۇستا» دېگەن مەنىدىن باشقا مەنىگە ئىگە ئەمەس. «قول يازما» دېگەن سۆز «بىرەر ئەسەرنىڭ قول بىلەن يېزىلغان ئەسلىي نۇسخىسى» دېگەن مەنىدىن باشقا مەنىگە ئىگە ئەمەس. دېمەك، بۇ ئۈچ سۆز بىر مەنىلىك سۆزدۇر. ئومۇمەن، پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، خاس ئىسىملار، باشقا تىللاردىن يېڭى كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر بىر مەنىلىك بولىدۇ. مەسىلەن، «ئاتوم، مولېكۇلا، تەڭلىمە، قەشقەر، زوردۇن سابىر، پارتىيە، سوتسىيالىزم، زۇڭلى ...» دېگەندەك سۆزلەر.

### 2 . كۆپ مەنىلىك سۆزلەر

ئەگەر بەزى سۆزلەر ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنە ئۆزىكىگە ئىگە بولسا، بۇنداق سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىر مەنىلىك سۆزلەردىن تەرەققىي قىلىپ تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. بىر سۆز تىلدا يېڭى پەيدا بولغاندا، ئۇ بىرلا مەنە ئۆزىكىگە ئىگە بولىدۇ. كىشىلەر ئۇ سۆزنىڭ ئاشۇ ئەسلىي مەنە ئۆزىكىنى قوللىنىش جەريانىدا، شۇ مەنە ئۆزىكىگە تەقلىد قىلىش، ماسلاشتۇرۇش ئاساسىدا ئۇ مەنە ئۆزىكىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا مەنە ئۆزەكلىرىنىمۇ شەكىللەندۈرىدۇ. كېيىن شەكىللەنگەن بۇنداق مەنە ئۆزەكلىرى ئەسلىدىكى مەنە ئۆزىكى بىلەن ئۇزاق مۇددەت تەڭ قوللىنىش ۋە كەڭ ئومۇملىشىش نەتىجىسىدە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، «يالىڭاچ» دېگەن سۆز ① ئۇستىبېشىغا كىيىم كىيمىگەن، كىيىمسىز (ياغ يەپ يالىڭاچ يات)؛ ② يوپۇرماقسىز، قاقشال (گۈللىرىمۇ شۇ چاغ بولۇپ يالىڭاچ، نومۇسچان قىزدەك ئۇيىلىپ قالدى)؛ ③ گىياھسىز، گىياھ ئۈنمىگەن (يالىڭاچ يەر)؛ ④ كەمبەغەل، يوقسۇل (بۇ ئوردا بىزدەك يالىڭاچلارنىڭ قان ـ تەرى بىلەن پۈتكەن)؛ ⑤ ئوچۇق ـ ئاشكارا، ئېنىق؛ روشەن (گەپنى ئەجەب يالىڭاچلا قىلىۋەتتىڭغۇ؟)؛ ⑥ قىن، غىلاپلاردىن سۇغۇرۇۋېلىنغان، غىلاپقا سېلىنمىغان (ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن مەنسۇر بىلەن يىگىرمە كىشى قىلىچلىرىنى يالىڭاچ ھالدا تۇتۇپ كىرىپ، شەمسۇنناھارغا سالام بېرىپتۇ)؛ ⑦ قۇپقۇرۇق، ھېچ نەرسە يوق (ئۆيئىچى ياپيالىڭاچ ئىدى) دېگەندەك يەتتە خىل مەنە ئۆزىكىگە ئىگە بولۇپ، كېيىنكى ئالتە خىل مەنە ئۆزىكى بىرىنچى خىل مەنە ئۆزىكى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەر كونتېكستتا ئومۇمەن بىر مەنىلىك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، يەنى بىرلا مەنە ئۆزىكى رول ئوينايدۇ. چۈنكى، كونتېكست بىرقانچە مەنىدىن پەقەت بىرىنى ئاشكارا ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ، قالغان مەنىلەرنى چەتكە قاقىدۇ. شۇڭا، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ئۆز ئارا ئالاھىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلمايدۇ.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ھەرقايسى مەنە ئۆزەكلىرى ئوتتۇرىسىدا چوقۇم بىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىچكى باغلىنىش بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىر خىل سۆز شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بىرقانچە خىل مەنە ئۆزەكلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇ خىل ئىچكى باغلىنىش بولمايدىكەن، ئۇ كۆپ مەنىلىك سۆز ئەمەس، بەلكى ئايرىم - ئايرىم بىرقانچە سۆز بولۇپ قالىدۇ.

## §2. مەنىداش سۆزلەر

**1. مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئېنىقلىمىسى**

ئىدراكىي مەنىلىرى ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر گۇرۇپپا سۆز مەنىداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەما، قارىغۇ، كور؛ كۈچ، قۇۋۋەت، ماغدۇر، مادار، قۇدرەت؛ ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم؛ دە -، ئېيت -، سۆزلە -، گەپ قىل -؛ سەن، سىز، سىلى؛ جۇپ، قوش؛ ئەتەي، قەستەن ...

مەنىداش سۆزلەر بولۇش ئۈچۈن، سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرى ئوخشاش ياكى يېقىن بولغاندىن باشقا يەنە ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن بىر سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، «ئەل، ۋەتەن، دۆلەت، مەملىكەت» دېگەن سۆزلەر ئۆز ئارا مەنىداش سۆزلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسىم تۈركۈمىگە كىرسە، «قەھرىمان، باتۇر، جەسۇر، قەيسەر، پالۋان»

دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا مەنىداش سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار تىلنىڭ ھەممىسى سۈپەت تۈركۈمىگە كىرىدۇ. «سولىماق، قامىماق» دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا مەنىداش سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار پېئىل سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولسا، «سەن، سىز، سىلى، ئۆزلىرى» دېگەن سۆزلەرمۇ ئۆزئارا مەنىداش سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار ئالماش تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

## 2. مەنىداش سۆزلەردە يادرو سۆز

مەنىداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىدىكى سۆزلەر شۇ گۇرۇپپا (مەنىداش سۆزلەر قاتارى) ئىچىدىكى مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىنى ئۆزلىرىگە يادرو قىلغان ھالدا شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، مەنىداش سۆزلەرنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن يادرو قىلىنغان سۆز ئادەتتە شۇ مەنىداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىدىكى سۆزلەر ئۈچۈن يادرو سۆز ھېسابلىنىدۇ. مەنىداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىدىكى سۆزلەرنىڭ يادرو سۆزى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ:

(1) تۇرلۇك تۈس مەنىلىرىگە ئىگە مەنىداش سۆزلەر بىلەن تۈس مەنىسى يوق مەنىداش سۆزلەرنى سېلىشتۇرغاندا، تۈس مەنىسى يوق سۆزلەر يادرو سۆز بولىدۇ. مەسىلەن، «ۋاپات بولماق، ئالەمدىن ئۆتمەك، قازا قىلماق، قۇربان بولماق، تۈگەپ كەتمەك، ئۆلمەك» دېگەندەك مەنىداش سۆزلەرنىڭ يادرو سۆزى «ئۆلمەك» دېگەن سۆزدۇر.

(2) بىر تۈردىكى شەيئىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش دەرىجىسى تارراق بولغان مەنىداش سۆزلەر بىلەن بىر تۈردىكى شەيئىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش دەرىجىسى كەڭرەك بولغان مەنىداش سۆزلەرنى سېلىشتۇرغاندا، بىر تۈردىكى شەيئىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش دەرىجىسى كەڭرەك بولغان سۆز يادرو سۆز بولىدۇ. مەسىلەن، «جەسەت، مۇردا، مېيىت، تاپ، ئۆلۈك» دېگەن سۆزلەردە

«ئۆلۈك» دېگەن سۆز يادرو سۆز بولىدۇ.

(3) باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى ئاجىز بولغان مەنداش سۆزلەر بىلەن باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان مەنداش سۆزلەرنى سېلىشتۇرغاندا، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى كۈچلۈك سۆزلەر يادرو سۆز بولىدۇ. مەسىلەن، «ھۆسن، جامال، چىراي، يۈز» دېگەن سۆزلەردە «يۈز» دېگەن سۆز يادرو سۆز بولىدۇ.

(4) كۆچمە مەنىسى بىلەن مەنداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىغا كىرگەن سۆزلەر بىلەن ئەسلىي مەنىسى بىلەن مەنداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىغا كىرگەن سۆزلەرنى سېلىشتۇرغاندا ئەسلىي مەنىسى بىلەن كىرگەن سۆزلەر يادرو سۆز بولىدۇ. مەسىلەن، «دۇنيا، بايلىق» دېگەن سۆزلەردە «بايلىق» سۆزى، «تۈلكە، قۇۋ» دېگەن سۆزلەردە «قۇۋ» سۆزى يادرو سۆز بولىدۇ.

(5) باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆزلەرنى سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆزلەر يادرو سۆز بولىدۇ. مەسىلەن، ئەرەب تىلىدىن كىرگەن «قۇۋۋەت، مادار، ماغدۇر، قۇدرەت، ماجال» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان «كۈچ» دېگەن سۆزنى سېلىشتۇرساق، «كۈچ» دېگەن سۆز يادرو سۆز بولىدۇ.

(6) ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىگە خاس سۆزلەر بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا خاس سۆزلەرنى سېلىشتۇرساق، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا خاس سۆز يادرو سۆز بولىدۇ. مەسىلەن، «ھەدە، ئايلا، ئاچا» دېگەن سۆزلەردە «ئاچا» سۆزى؛ «بەلەن، ياخشى» دېگەن سۆزلەردە «ياخشى» سۆزى يادرو سۆز بولىدۇ.

(7) ئاز قوللىنىلىدىغان سۆزلەر بىلەن كۆپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنى سېلىشتۇرساق، كۆپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەر يادرو سۆز بولىدۇ. مەسىلەن، «كىلىت، ئاچقۇچ»

سۆزلىرىدىن «ئاچقۇچ» سۆزى، «تېرمىن، ئاتالغۇ» سۆزلىرىدىن «ئاتالغۇ» سۆزى يادرو سۆز بولىدۇ.

(8) قوللىنىلىش دائىرىسى تارراق بولغان سۆزلەر بىلەن قوللىنىلىش دائىرىسى كۆپرەك سۆزلەرنى سېلىشتۇرغاندا، قوللىنىلىش دائىرىسى كەڭرەك سۆزلەر يادرو سۆز بولىدۇ. مەسىلەن، «ئارىيەت ئالماق» دېگەن سۆزگە قارىغاندا «ئۆتنە ئالماق» دېگەن كەڭرەك دائىرىدا قوللىنىلىدۇ، شۇڭا «ئۆتنە ئالماق» دېگەن سۆز يادرو سۆز بولىدۇ.

(9) ئايرىم ژانىردا يەككە قوللىنىلىدىغان سۆزلەر بىلەن ھەرقايسى ژانىرلاردا ئورتاق قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنى سېلىشتۇرغاندا، ھەرقايسى ژانىرلاردا ئورتاق قوللىنىلىدىغان سۆزلەر يادرو سۆز بولىدۇ. مەسىلەن، «سائادەت، بەخت» سۆزلىرىدە «بەخت» سۆزى، «شاد، خۇشال» سۆزلىرىدە «خۇشال» سۆزى يادرو سۆز بولىدۇ.

### 3. مەنىداش سۆزلەرنىڭ پەرقلىرى

مەنىداش سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىشىدۇ ياكى ئوخشىشىپراق كېتىدۇ. بۇ دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى مەنىلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرى ياكى تۈپ مەنىلىرى ئوخشاش ياكى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن مەنىلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئىشلىتىلىش دائىرىسى، تۈس مەنىسى، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىلا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مەنىداش سۆزلەر تۆۋەندىكى جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ:

1) ئىدراكىي مەنىلىرىدىكى پەرق

(1) بەزى مەنىداش سۆزلەر مەنىلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى

جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئۇرماق، ساۋىماق، دۇمبالىماق، توقماقلىماق» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «قول ياكى باشقا ۋاسىتە بىلەن تەنگە زەربە بەرمەك» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە «دۇمبالىماق، توقماقلىماق» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى چوڭقۇرراق، چۈنكى ئۇ تۆت سۆزدىن ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، «قۇرۇق، قاقشال» دېگەن مەنىداش سۆزلەر ئوخشاشلا «نەملىكى يوق، نەملىكى تۈگىگەن، نەملىكى قالمىغان» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن، ئۇلاردىن «قاقشال» سۆزىنىڭ مەنىسى چوڭقۇرراق، «ئاچچىق، غەزەپ» دېگەن مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئىچىدە «غەزەپ» سۆزىنىڭ مەنىسى چوڭقۇرراق، «يالۋۇرماق، يېلىنماق، ئۆتۈنمەك» دېگەن مەنىداش سۆزلەرمۇ مەنىلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

(2) بەزى مەنىداش سۆزلەر مەنە دائىرىسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئۇرۇش، جەڭ» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «قوراللىق كۈچلەرنىڭ قانلىق توقۇنۇشى» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن «ئۇرۇش» دېگەن سۆزنىڭ مەنە دائىرىسى «جەڭ» سۆزىنىڭكىدىن كەڭ بولىدۇ. چۈنكى، «ئۇرۇش» سۆزى «ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلىمى زور، ۋاقتى ئۇزۇن بولغان قوراللىق توقۇنۇش» قىلا قارىتىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى غەيرىي قوراللىق توقۇنۇشلارغىمۇ قارىتىلىدۇ. «جەڭ» سۆزى بولسا «قوراللىق كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆلىمى نىسبەتەن كىچىك، داۋاملاشقان ۋاقتى قىسقىراق توقۇنۇش» نى بىلدۈرىدۇ. «بالا، پەرزەنت» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «جانلىقلاردىن تۆرەلگەن ئەۋلاد» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن «بالا» دېگەن سۆزنىڭ مەنە دائىرىسى «پەرزەنت» دېگەن سۆزنىڭ مەنە

www.uyghurkitap.com

دائىرىسىدىن كەڭ بولىدۇ. چۈنكى، «پەررەنت» سۆزى پەقەت «ئادەمدىن تۆرەلگەن ئەۋلاد» قىلا قارىتىلسا، «بالا» دېگەن سۆز ئۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە «باشقا جانلىقلاردىن تۆرەلگەن ئەۋلاد» قىمۇ قارىتىلىدۇ. «ئۆلمەك، ۋاپات بولماق، قۇربان بولماق، تۈگەپ كەتمەك» دېگەن سۆزلەرمۇ ئوخشاشلا «هاياتى تۈگىمەك، جېنىدىن ئايرىلماق» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن «ئۆلمەك» سۆزىنىڭ مەنە دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بارلىق جانلىق ۋە جانسىزلارنىڭ هاياتىنىڭ تۈگىگەنلىكىگە قارىتىلىدۇ، قالغانلىرى بولسا پەقەت ئادەملەرنىڭ هاياتىنىڭ تۈگىگەنلىكىگىلا قارىتىلىدۇ.

(3) بەزى مەنىداش سۆزلەر سۆز ئوبيېكتى جەهەتتە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، «بايان قىلماق، ئىزهار قىلماق» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «شەرهلىمەك، چۈشەندۈرمەك» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن «بايان قىلماق» دېگەن سۆز ئومۇمەن ۋەقە، هادىسە، كۆزقاراش، پىكىر، مەيدان قاتارلىقلارنى شەرهلەشتە كۆپرەك ئىشلىتىلسە، «ئىزهار قىلماق» دېگەن سۆز كۆپ هاللاردا تىلەك، ئارزۇ ـ ئۈمىد قاتارلىقلارنى شەرهلەشتە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. «ئەركىلىمەك، تايتاڭلىماق، نايناقلىماق، غىلجىڭلىماق» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «قارشى تەرەپكە ياخشى كۆرۈنۈش، سۆيۈنۈشنى ئىپادىلەيدىغان قىلىقلارنى قىلماق» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «ئەركىلىمەك» دېگەن سۆز كۆپ هاللاردا كىچىك بالىلارنىڭ شۇ خىل هەرىكىتىگە قارىتىلسا، قالغانلىرى كۆپ هاللاردا چوڭلارنىڭ شۇ خىلدىكى قىلىقلىرى ياكى هەرىكىتىگە قارىتىلىدۇ.

(4) بەزى مەنىداش سۆزلەر بىر مەنىلىكلىكى ياكى كۆپ مەنىلىكلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. مەلۇم بىر گۇرۇپپىدىكى

مەنىداش سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى بىر مەنىلىك، بەزىلىرى كۆپ مەنىلىك بولىدۇ، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بەزى چاغلاردا باشقا سۆزلەر بىلەن بىرلىكتە يەنە ئايرىم بىر مەنىداش سۆزلەر قاتارىنى تەشكىل قىلىدۇ. مانا بۇ مەنىداش سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر پەرقتۇر. مەسىلەن، «تېز، ئىلدام، ئىتتىك، چاپسان، چاققان» دېگەن سۆزلەر بىر مەنىداش سۆزلەر قاتارى بولسا، ئۇلار ئىچىدىكى «ئىتتىك» دېگەن سۆز يەنە «ئۆتكۈر، ئىتتىك» دېگەن مەنىداش سۆزلەر قاتارىنى، «چاققان» دېگەن سۆز «ئىخچام، يىغىنچاق» دېگەن سۆزلەر قاتارىنى ھاسىل قىلىدۇ.

2) تۈس مەنىلىرىدىكى پەرقلەر

(1) بەزى مەنىداش سۆزلەر ھېسسىي تۈس جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى، غەزەپ - نەپرىتى، قايغۇ - ھەسرىتى، ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ئۆچمەنلىكى، قىسقىسى، تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇلىرى سۆزلەردە ئىپادىلىنىش نەتىجىسىدە، بىر مۇنچىلىغان سۆزلەر ھېسسىي تۈسكە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، سۆزلەردە ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، كىشىلەرنىڭ شۇ شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە بولغان تۈرلۈك سۇبيېكتىپ باھالىرىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، بىر قىسىم سۆزلەر ئىجابىي تۈسكە، بىر قىسىم سۆزلەر سەلبىي تۈسكە ئىگە بولىدۇ. يەنە بىر قىسىم سۆزلەر ئىجابىيمۇ ئەمەس، سەلبىيمۇ ئەمەس، ئوتتۇراھال تۈس ئالىدۇ. مەسىلەن، «بىرەر ئىش ياكى نەرسىنى ياخشى قىلىپ كۆرسەتمەك» دېگەن مەنە تىلىمىزدا «مەدھىيەلىمەك، مەدھىيە ئوقۇماق، ماختىماق، كۆككە كۆتۈرمەك» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن ئۇلاردىن «مەدھىيەلىمەك، مەدھىيە ئوقۇماق» دېگەن سۆزلەر

ئىجابىي تۈسكە، «كۆككە كۆتۈرمەك» دېگەن سۆز سەلبىي تۈسكە ئىگە. «ماختىماق» دېگەن سۆزنىڭ تۈسى ئوتتۇرا ھال بولغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپكە ئورتاق قوللىنىلىدۇ. «ئاخىرقى يەكۈن، ھاسىلات» دېگەن مەنە تىلىمىزدا «نەتىجە، ئاقىۋەت» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «نەتىجە» سۆزى ئىجابىي تۈسكە، «ئاقىۋەت» سۆزى سەلبىي تۈسكە ئىگە. «يۈز، چىراي، ھۆسن، جامال، رۇخسار، بەتبەشىرە، تەلەت، ئەپت» دېگەن سۆزلەردىن «ھۆسن، جامال، رۇخسار» دېگەن سۆزلەر ئىجابىي تۈسكە، «بەتبەشىرە، تەلەت، ئەپت» دېگەن سۆزلەر سەلبىي تۈسكە ئىگە. «يۈز، چىراي» دېگەن سۆزلەر ھېسسىي تۈس ئالمىغاچقا ھەم ئىجابىي، ھەم سەلبىي مەنىدە قوللىنىلىۋېرىدۇ. «قارا تەنلىك» دېگەن مەنە «نېگىر، زەڭگى» سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «زەڭگى» سۆزى سەلبىي تۈسكە ئىگە، «نېگىر» سۆزىدە بولسا ھېسسىي تۈس يوق. خۇددى شۇنىڭدەك، «سەن، سىز، سىلى»، «توپىلاڭ، قوزغىلاڭ، ئىسيان»، «مەغرۇرلانماق، پەخىرلەنمەك»، «ئەما، كور، قارىغۇ»، «كەمبەغەل، يوقسۇل، گاداي»، «ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم»، «ئۆلۈك، مۇردا، جەسەت»، «ئىتتىپاقلاشماق، تىل بىرىكتۈرمەك» دېگەندەك خىلى كۆپ قىسىم مەنىداش سۆزلەرمۇ ھېسسىي تۈس جەھەتتىن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

(2) بەزى مەنىداش سۆزلەر ئوبراز تۈسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

بەزى سۆزلەر ئاساسىي مەنىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، ئۆزى بىلدۈرگەن ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ كونكرېت ئوبرازى ھەققىدىكى چۈشەنچىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئاساسىدا ئىپادىلەنگەن بۇنداق ئوبراز چۈشەنچىسى سۆز مەنىلىرىدىكى ئوبراز تۈسى بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئوخشىتىش،

تەقلىد قىلىش، كۆچۈرۈۋېلىش قاتارلىق يوللار بىلەن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، «ھىيلە ـ نەيرەڭگى تولا، باشقىلارنى گوللاشقا ئۇستا» دېگەن مەنە «قۇۋ، ھىيلىگەر، تۈلكە» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «تۈلكە» سۆزى ئوبراز تۇسكە ئىگە. چۈنكى، يۇقىرىقى مەنە تۈلكىنىڭ قۇۋلۇقىغا تەقلىد قىلىش ئاساسىدا ھاسىل قىلىنغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا يەنە تۈلكىدىن ئىبارەت بۇ قۇۋ ھايۋاننىڭ كونكرېت ئوبرازى ھەققىدىكى تۇيغۇمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ. «باشقىلارنى زورلۇق كۈچى ئىشلىتىپ خارلىماق، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلماق» دېگەن مەنە «دەپسەندە قىلماق، ئاياغ ئاستى قىلماق» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «ئاياغ ئاستى قىلماق» دېگەن سۆز ئوبراز تۇسكە ئىگە. «قانخور، ياۋۇز، زالىم، ئەجدىھا» دېگەن سۆزلەردىن «ئەجدىھا» سۆزى ئوبراز تۇسكە ئىگە. «ئەبلەخ، چوشقا» سۆزلىرىدىن «چوشقا» (مەسىلەن، تەپتىش ئايغىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ: «جىم! تارقال جاي ـ جايىڭغا، رۇس چوشقىلىرى!» دەپ ۋارقىرىدى) دېگەن سۆز ئوبرازلىق تۇسكە ئىگە. خۇددى شۇنىڭدەك، «چاقىرماق، چىللىماق» (مەسىلەن، تويغا چاقىرماق، تويغا چىللىماق)، «خۇشامەتچىلىك، تەخسىكەشلىك»، «شەرق، كۈنچىقىش» دېگەندەك مەنىداش سۆزلەرمۇ بىر ـ بىرىدىن ئوبرازلىق تۇسكە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

(3) بەزى مەنىداش سۆزلەر ژانىر تۈسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەنىداش سۆزلەر قاتارىدىكى بەزى سۆزلەر ئېغىز تىلى ژانىرىدا كۆپرەك قوللىنىلسا، بەزىلىرى يېزىق تىلى ژانىرىدا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ ھەتتا يەنە بەزىلىرى پەقەت يېزىق تىلى ژانىرىدىلا قوللىنىلىپ، ئېغىز تىلى ژانىرىدا قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن، «تالاش ـ تارتىش، بەس ـ مۇنازىرە» دېگەن مەنىداش سۆزلەردىن «تالاش ـ تارتىش» دېگەن سۆز

كۆپرەك ئېغىز تىلى ژانىرىدا، «بەس ـ مۇنازىرە» دېگەن سۆز بولسا كۆپرەك يېزىق تىلى ژانىرىدا قوللىنىلىدۇ. «بىرەر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە پىكىر يۈرگۈزمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «تەھلىل قىلماق، ئانالىز قىلماق» دېگەن مەنىداش سۆزلەردىن «تەھلىل قىلماق» دېگەن سۆز ئېغىز تىلى ۋە يېزىق تىلى ژانىرلىرىدا ئورتاق قوللىنىلىدۇ. «ئانالىز قىلماق» دېگەن سۆز بولسا يېزىق تىلى ژانىرى بولۇپ، تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، «يەڭمەك»، «ئۇتتۇرماق، يېڭىلمەك»، «تەپسىلىي»، «دورىماق»، «يۈز، چىراي»، «11 ـ ئاي» دېگەندەك سۆزلەر ئېغىز تىلى ژانىرىدا كۆپ ئىشلىتىلسە، ئۇلارغا مەنىداش بولغان «غەلىبە قىلماق»، «مەغلۇپ بولماق»، «مۇپەسسەل»، «تەقلىد قىلماق»، «رۇخسار»، «نويابىر» دېگەن سۆزلەر يېزىق تىلى ژانىرىدا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. «پەيمان»، «چوپان»، «خاب»، «زەن»، «دارى بەقا»، «زەقەن» دېگەندەك بىر قىسىم سۆزلەر پەقەت يېزىق تىلى ژانىرىدىلا ئىشلىتىلسە، ئۇلارغا مەنىداش بولغان «ۋەدە»، «پادىچى»، «ئۇيقۇ»، «خوتۇن، ئايال»، «ئاخىرەت»، «ئېڭەك» دېگەن سۆزلەر ھەر ئىككى خىل ژانىردا ئورتاق قوللىنىلىدۇ.

(4) بەزى مەنىداش سۆزلەر دەۋر تۈسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، «بىر تىلدا ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىرنى يەنە بىر تىلغا ئاغدۇرۇپ بەرگۈچى» دېگەن مەنە «تەرجىمان، تۇغچى، تىلماچ» سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «تەرجىمان» سۆزى ھازىرقى دەۋر تۈسىگە، قالغانلىرى ئۆتكەن دەۋر تۈسىگە ئىگە. «ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان كىشى» دېگەن مەنە «ئەسكەر، چېرىك، لەشكەر» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، ئۇلاردىن «ئەسكەر» سۆزى ھازىرقى دەۋر تۈسىگە، قالغانلىرى ئۆتكەن

دەۋر تۇسىگە ئىگە. خۇددى شۇنىڭدەك، «ۋالىي، دوتەي»، «پايتەخت، مەركەز، ئاستانە»، «بايراق، تۇغ، ئەلەم»، «قوماندان، سەركەردە، لەشكەر بېشى»، «توم، جىلد»، «خەت، مەكتۇپ»، «هاكىم، ئامبال» دېگەنگە ئوخشاش مەنىداش سۆزلەرمۇ دەۋر تۇسى ئارقىلىق بىر ــ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

(5) بەزى مەنىداش سۆزلەر يەرلىك تۇس جەهەتتىن پەرقلىنىدۇ. مۇتلەق مەنىداش سۆزلەر دەپ قارىلىۋاتقان بىر قىسىم مەنىداش سۆزلەر مانا مۇشۇ خىل تۇسكە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكى جەهەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، «بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئىچىدىكى ئۆزىدىن چوڭ ئايال» دېگەن مەنە «ئاچا، هەدە، ئايلا، ئېگىچە» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «ئاچا» سۆزىدىن ئەدەبىي تىلغا، «هەدە» سۆزىدىن ئىلىغا، «ئايلا» سۆزىدىن تۇرپانغا، «ئېگىچە» سۆزىدىن كۇچا رايونىغا خاس يۇراق ئىپادىلىنىدۇ. «قايناق سۇنى مەلۇم ۋاقىتقىچە ئىسسىق ساقلاپ بېرىدىغان شېشە قاچا» دېگەن مەنە «چايدان، تېرموس» سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن «چايدان» سۆزىدىن ئەدەبىي تىلغا خاس پۇراق ئىپادىلەنسە، «تېرموس» سۆزىدىن چەت تىل تۇسى ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە يەنە يەرلىك تۇسمۇ ئىپادىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ سۆز ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، «ئوغرى، كانتۇ (تۇرپاندا)»، «ئىت، سەگ (خوتەندە)»، «ماتا، شالڭ (خوتەندە)، بۆز (لوپنۇردا)»، «پەلەي، قولقاپ (قومۇلدا)»، «سۇپۇرگە، يامداغ (قۇمۇلدا)»، «ياخشى، بەلەن (قەشقەردە)»، «جىمجىت، تىمتاس (قەشقەردە)»، «ئەخمەق، كولدۇر (غۇلجىدا)» دېگەندەك مەنىداش سۆزلەرمۇ يەرلىك تۇسى بىلەن بىر ــ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

(6) بەزى مەنىداش سۆزلەر چەت تىل تۇسى جەهەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، «تامنىڭ قېتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان،

خىش، كېسەك ياكى قاڭالتىردىن ياسالغان مەش» دېگەن مەنە «تام مەش، خوچاڭ» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن، ئۇلاردىن «خوچاڭ» سۆزى چەت تىل تۇسكە ئىگە. «يېزىقتا ئوي ـ پىكىرنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن جۈملىنىڭ ئاخىرىغا قويۇلىدىغان تىنىش بەلگىسى» دېگەن مەنە «چېكىت، توچكا» سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «توچكا» سۆزى چەت تىل تۇسكە ئىگە. «تۆت تەرىپى توسۇق، ئىچىدە ئۇرۇقلىرى بار بىر خىل ھېسابلاش ئەسۋابى» دېگەن مەنە «سەنپەن، چوت» سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلار چەت تىل تۇسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، يەنى «سەنپەن» سۆزىدىن خەنزۇ تىلىغا، «چوت» سۆزىدىن رۇس تىلىغا خاس پۇراق ئىپادىلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك «كۇدە، جۇسەي»، «چوكا، كويزا»، «ئامبار، ساڭ، ئىسكىلات»، «چايدان، تېرموس»، «قىزىلمۇچ، لازا»، «يېسىۋېلەك، بەسەي»، «تەرخەمەك، خاڭگا»، «ئىلغار، ئاۋانگارت»، «گاڭزا، كورۇشكا، چاشكا»، «دىرېكتور، جىڭلى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرمۇ چەت تىل تۇسى بىلەن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

(7) بەزى مەنداش سۆزلەر دىنىي تۇس جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئومۇمنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئۆلمەك» دېگەن مەنە «قۇربان بولماق، شېھىت بولماق» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «شېھىت بولماق» دېگەن سۆز قويۇق دىنىي تۇسكە ئىگە، چۈنكى ئۇ سۆزدىن يەنە دىن يولىدا ئۆلگەنلىكتىن ئىبارەت مەنىمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ. «مۇھىم تارىخىي ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنى تەنتەنىلىك خاتىرىلەش ئۈچۈن بېكىتىلگەن كۈن» دېگەن مەنە «بايرام، ھېيت، ئايەم» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، ئۇلار ئىچىدە «ھېيت، ئايەم» سۆزلىرى دىنىي تۇسكە ئىگە.

«ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىق توقۇنۇشى» دېگەن مەنە «ئۇرۇش، جەڭ، غازات» سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «غازات» دېگەن سۆز دىنىي تۈسكە ئىگە. تىلىمىزدىكى «زىيارەت قىلماق، تاۋاپ قىلماق»، «سەھەر، بامدات»، «قانۇن، شەرىئەت»، «ئالىي مەكتەپ، مەدرىسە»، «ئوقۇغۇچى، تالىپ» دېگەندەك مەنىداش سۆزلەرمۇ دىنىي تۈسكە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

(8) بەزى مەنىداش سۆزلەر جىنسىي تۈس جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، «توي قىلماق، ئۆيلەنمەك، ياتلىق بولماق» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «تۇرمۇش قۇرماق، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «ئۆيلەنمەك» دېگەن سۆز ئوغۇللارغا، «ياتلىق بولماق» دېگەن سۆز قىزلارغا قارىتىلىدۇ. «ئاغىنە، دوست، ئاداش» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان، ئۆزئارا كۆڭلى يېقىن، قېرىنداشلاردەك ئۆتىدىغان ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «ئاغىنە» دېگەن سۆز پەقەت ئەرلەر ياكى ئوغۇللارغىلا خاس بولۇپ، ئادەتتە قىزلار تىلىدا كۆرۈلمەيدۇ.

3) بىرىكىش ئىقتىدارى جەھەتتىكى پەرق

بىر قىسىم مەنىداش سۆزلەر باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. مەنىداش سۆزلەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئىدراكىي مەنىنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىقى، كەڭ ـ تارلىقى، سۆز ئۇيۇشى، تۈس مەنىسى، بىرىكىشىنىڭ تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقى قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، مەلۇم بىر گۇرۇپپىدىكى مەنىداش سۆزلەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىشى كۆپ ھاللاردا پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن، «يۈز، چىراي، ھۆسن، جامال،

رۇخسار» دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا مەنداش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىچىدىكى «يۈز» دېگەن سۆز «ئادەم، يەر، قەغەز، سۇ، جوزا» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلەلىسە، قالغانلىرى پەقەت «ئادەم، قىز» دېگەندەك سۆزلەر بىلەنلا بىرىكىپ كېلىدۇ. «تۇغماق، بوشانماق، كۆزى يورۇماق، يەڭگىمەك» دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا مەنداش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «تۇغماق» دېگەن سۆز «ئايال، قىز، قوي، كالا، تۇخۇم، ئاي» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلەلىسە، قالغانلىرى پەقەت «قىز، ئايال» دېگەندەك سۆزلەر بىلەنلا بىرىكىپ كېلىدۇ. «ئانا، ئاپا» دېگەن سۆزلەر مەنداش سۆزلەر بولسىمۇ، ئۇلاردىن «ئانا» سۆزى «ۋەتەن، تىل، يۇرت» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. «ئاپا» دېگەن سۆز ئۇ سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلەلمەيدۇ.

مەنداش سۆزلەر يەنە باشقا جەھەتلەردىنمۇ ئۆزئارا پەرقلىنىشى مۇمكىن.

**4. مەنداش سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىش يوللىرى**

مەنداش سۆزلەر قاتارى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك يوللار ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ:

(1) ئىنسانلار ئۆز ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تونۇش ئارقىلىق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە پەرقلەرنى تېپىپ چىقىدۇ ۋە شۇ ئىنچىكە پەرقلەرنى يېڭى - يېڭى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. نەتىجىدە، بۇ يېڭى سۆزلەر ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەر بىلەن قوشۇلۇپ، بىر قىسىم مەنداش سۆزلەر قاتارى بارلىققا كېلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئومۇمىي خەلق تىلىدا بىر خىل چۈشەنچە، بىر خىل ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان بىر قىسىم سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا مەنە جەھەتتىن

ئىنچىكە ۋە نازۇك پەرقلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى نەتىجىسىدە بەزى مەنىداش سۆزلەر قاتارى ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەتىياز، كۆكلەم.

يۇڭ، موي، تۈك، تىۋىت.

ئۆلمەك، ۋاپات بولماق، قۇربان بولماق، شېھىت بولماق.

قورۇق، قاقشال.

يۈرمەك، ماڭماق، قەدەم ئالماق ...

(2) ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر بىلەن بىر قاتاردا ئىشلىتىش ھەمدە بۇ دىيالېكت ـ شېۋە سۆزلىرىنىڭ ئومۇمىي خەلق تىلىدا كەڭ ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە يەنە بىر قىسىم مەنىداش سۆزلەر قاتارى بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئاچا (ئەدەبىي تىل)، ھەدە (غۇلجا)، ئايلا (تۇرپان)، ئىگىچە (كۇچا).

ماتا (ئەدەبىي تىل)، شاڭ (خوتەن)، بۆز (لوپنۇر).

ياخشى، ئوبدان (ئەدەبىي تىل)، بەلەن (قەشقەر).

ئانا (ئەدەبىي تىل)، ئاپا (شېۋە).

ئاتا (ئەدەبىي تىل)، دادا (شېۋە) ...

(3) باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە يەنە بىر قىسىم مەنىداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

① باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدىن بار بولغان سۆزلەر بىلەن مەنە جەھەتتىن يېقىن بولۇپ قېلىشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم مەنىداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

كىشى (ئۇيغۇرچە)، ئادەم (ئەرەبچە).

تەڭرى (ئۇيغۇرچە)، ئاللا (ئەرەبچە)، خۇدا (پارسچە).

www.uyghurkitap.com

كۆچ (ئۇيغۇرچە)، قۇۋۋەت (ئەرەبچە)، قۇدرەت (ئەرەبچە)، مادار (ئەرەبچە)، ماغدۇر (ئەرەبچە).

ئوقۇتقۇچى (ئۇيغۇرچە)، مۇئەللىم (ئەرەبچە).

بۇيرۇق (ئۇيغۇرچە)، يارلىق (ئۇيغۇرچە)، ئەمر (ئەرەبچە)، پەرمان (پارسچە).

تاماق (ئۇيغۇرچە)، تائام (ئەرەبچە)، غىزا (ئەرەبچە).

② باشقا ـ باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا مەنە جەھەتتىن يېقىن بولۇپ قېلىشى نەتىجىسىدە، بىر قىسىم مەنىداش سۆزلەر بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

پۇڭ (خەنزۇچە)، تىيىن (رۇسچە).

ئارىيە (ئىتالىيانچە)، پارچە (پارسچە).

پىغان (پارسچە)، ھەسرەت (ئەرەبچە)، پەرياد (پارسچە)، ئەلەم (ئەرەبچە).

③ مۇئەييەن بىر چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز ئۇيغۇر تىلىدا مەنىداش سۆزلەرنى ھاسىل قىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئازاب (ئەرەبچە)، ئوقۇبەت (ئەرەبچە)، جاپا (ئەرەبچە)، مۇشەققەت (ئەرەبچە).

پارتا ( رۇسچە)، ئۇستەل (رۇسچە).

(4) سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشى ۋە بۇ كۆچمە مەنىنىڭ تۇراقلىشىپ قېلىشى نەتىجىسىدە، بىر قىسىم مەنىداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

دۇنيا
ئەسلىي مەنىسى: جاھان، ئالەم، يەر يۈزى
كۆچمە مەنىسى: بايلىق، مال ـ مۈلۈك

ئەسلىي مەنىسى: پۇت

ئاياغ

كۆچمە مەنىسى: ئاخىر، كەين

ئەسلىي مەنىسى: كونا

ئەسكى

كۆچمە مەنىسى: ناچار، يامان

ئەسلىي مەنىسى: چىراي، ھۆسن، جامال

يۈز

كۆچمە مەنىسى: ئابرۇي، ئىناۋەت

مەنىداش سۆزلەر يەنە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىنمۇ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن.

### 5 . مەنىداش سۆزلەرنىڭ رولى

بىر تىلنىڭ مەنىداش سۆزلەرگە باي بولۇش ـ بولماسلىقى شۇ تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، يەنى بىر تىلدا مەنىداش سۆزلەر قانچىكى كۆپ بولسا، شۇ تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى شۇنچە باي، ئىپادىلەش كۈچى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەنىداش سۆزلەر بىر تىلنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتكۈزىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مەلۇم بىر شەيئى، مەلۇم بىر ئۇقۇمنى بىرقانچىلىغان مەنىداش سۆزلەر بىلەن بىلدۈرۈش ئارقىلىق، شۇ شەيئى، شۇ ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك ئىنچىكە پەرقلەرنى توغرا ھەم ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

www.uyghurkitap.com

(1) شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئېنىق ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

«ئۆمەر سازەندە: مېھمانلارنى قەيەردىن سورىساق بولاركىن؟

ئابدۇرەشىدخان: شەھەردىن، ئېتىمىزنى ئوۋچى دەپ قويسىلا بولىۋېرىدۇ. ئوردىدا، ياق، شەھەردە زېرىككەندىن كېيىن شىكارغا، ھە، ھە، يەنى ئوۋغا چىقىپ تاماشا قىلىش كىشىگە ئىلھام بەخش قىلىدۇ.

ئۆمەر سازەندە: شىكارغا چىقىش يامان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە ...»

بۇ مىسالدا، شىكاردىن يانغاچ مۇقام ئاڭلاش نىيىتىدە مەھمۇد ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۆز سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى يوقىرا سۈپىتىدە تونۇشتۇرغانلىقى، لېكىن سۆھبەت جەريانىدا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقى ۋە ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى ئۇقۇۋالغان ئۆمەر سازەندىنىڭ قەستەن «ئوردا» سۆزى ئىشلەتكەنلىكىنى ئاپتور «شىكار، ئوۋ» دېگەن مەنىداش سۆزلەرنى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىش ئارقىلىق تەسۋىرلىگەن. مەلۇمكى، «ئوۋ» ۋە «شىكار» سۆزلىرى ئوخشاشلا دالاغا چىقىپ ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىسىمۇ، «شىكار» سۆزى پادىشاھ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ ئوۋ پائالىيىتىنى، «ئوۋ» سۆزى بولسا، پۇقرالارنىڭ ئوۋ پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى يۇقىرىقى مىسالدىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنى ئابدۇرەشىدخان ئۆزىنى پۇقرا كۆرسىتىش ئۈچۈن «ئېتىمىزنى ئوۋچى دەپ قويسىلا بولىۋېرىدۇ» دېگەن. لېكىن، گەپ ئارىسىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن «شىكار» دەۋېتىپ، يەنە «ئوۋ» دەپ تۈزىتىش بەرگەن. «شىكار» سۆزىدىن ئۇنىڭ ئوردا ئەمەلدارى ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئۆمەر سازەندە ئۇنىڭ تۈزىتىش بەرگىنىگە قارىماي، يەنە ئەتەي

«شىكارغا چىقىش يامان ئىش ئەمەس ...» دېگەن.

دېمەك، مەنىداش سۆزلەر ئورۇنلۇق ئىشلىتىلسە، شەيئى ـ ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل ئىنچىكە پەرقلەرنى ئېنىق ئىپادىلەپ، مەزمۇننى ئەينەن، توغرا ئەكس ئەتكۈزگىلى بولىدۇ.

(2) مەزمۇننى ئىنزاھلاش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇنىڭدا ئىككى مەنىداش سۆز قاتار ئىشلىتىلىپ، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنىڭ مەنىسى ئىنزاھلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇتۇق تېخىمۇ ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولىدۇ. مەسىلەن:

«بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ھىلالنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇلارغا پەقەت ئۈچ كۈنلۈك ئاي دېسەڭلا، ئاندىن چۈشىنەلەيدۇ.»

بۇ مىسالدىكى «ھىلال»، «ئۈچ كۈنلۈك ئاي» دېگەن سۆزلەر ژانىر تۈسى جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان مەنىداش سۆزلەر بولۇپ، كېيىنكىسى ئارقىلىق ئالدىنقىسىنىڭ مەنىسى ئىنزاھلانغان.

(3) سېلىشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇنىڭدا ئىدراكىي مەنىسى ياكى ھېسسىيات تۈسى ئوخشىمايدىغان مەنىداش سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ پەرقىنى ياكى كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر خىل شەيئىگە بولغان تۇرلۇك كۆزقاراش، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئېنىق ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

(4) زىتلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇنىڭدا بىرقانچە مەنىداش سۆز ئارقىلىق شەيئى ـ ھادىسىلەر ئۆزئارا زىتلاشتۇرۇلۇپ ۋە ئىنكار قىلىنىپ، مەزمۇن تېخىمۇ تولۇق، ئېنىق، توغرا ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ بۇ قىلمىشىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۆزىنى تۇتالماي، ئوغلىنى راسا ئۇردى، ياق، ئۇرۇش بىلەنلا قالماي، راسا دۇمبالىدى.»

بۇ مىسالدا، «ئۇرماق»، «دۇمبالىماق» دېگەن مەنىداش

سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرىدىكى پەرقلەر ئارقىلىق، شەيئى ـ ھادىسىلەر ئۆزئارا ئىنكار قىلىنىپ زىتلاشتۇرۇلغان.

(5) ئىنتوناتسىيەنى كۆچەيتىپ، مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇنىڭدا ئىككىدىن ئارتۇق مەنىداش سۆز قاتار ئىشلىتىلىش ئارقىلىق، نۇتۇق ئىنتوناتسىيەسى قەدەممۇقەدەم كۆچەيتىلىدۇ ۋە مەلۇم بىر نۇقتا ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

«بېگىم، گەرچە ئاچچىقلانىسىڭىزمۇ ئېيتىشقا مەجبۇرمەن: سىزدە ۋىجدان، ئىنساب، رەھىم، ۋەدە، ۋاپا، ياخشىلىقنى بىلىش، قىسقىسى، ئادەمگەرچىلىكتىن ھېچبىر ئەسەر يوق ئىكەن. ئەكسىچە، سىز ھىيلىگەر بىر تۈلكە، ئاغزى قان بىر بۆرە، رەھىمسىز بىر جاللات ۋە نومۇسسىز بىر يىگىت!

سىزنى ھىيلىگەر دېدىم: يادىڭىزدا بارمۇ، ساددا ئاتامنى، گول ئانامنى قانداقلار قىلىپ ئالدىغانلىقىڭىز؟ ئېسىڭىزدە بارمۇ، چىراغ يېنىدا مېنى ئالداپ قىلغان گەپلىرىڭىز، بەرگەن ۋەدىلىرىڭىز، ‹مېنىڭ ئارزۇيۇم› دەپ قىلغان خىتابلىرىڭىز، تۆككەن كۆز ياشلىرىڭىز؟ بەس، بۇ ھىيلىلەر، بۇ مىكىرلەر سىزدىن باشقا كىمدىن تېپىلسۇن؟»

بۇ «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدىكى كۈمۈش بىبىنىڭ ئاتابېككە يازغان خېتى بولۇپ، بۇنىڭدا مەنىداش سۆزلەر قاتارى ئىشلىتىلگەچكە، بىرىنچىدىن، ئىنتوناتسىيە كۈچەيتىلگەن؛ ئىككىنچىدىن، رومانىدىكى سەلبىي ئوبراز ـــ ھامىدنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى تۈپەيلى كۈمۈش بىبىدە پەيدا بولغان قاتتىق ئۆكۈنۈش، خورسىنىش ۋە ئاتابېككە بولغان غەزەپ ـ نەپرەت ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

(6) نۇتۇقنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇنىڭدا مەنىداش سۆزلەرنىڭ مەنە ئورتاقلىقى ۋە ئۆزئارا ئالمىشالايدىغان ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، نۇتۇقتا بىر

سۆزنى تەكرار ئىشلىتىشتىن ساقلانغىلى ھەم نۇتۇقنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

## §3 قارشى مەنىلىك سۆزلەر

### 1 . قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئېنىقلىمىسى

ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش، پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلىرى ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولغان سۆزلەر قارشى مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلار دېگىنىمىز، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى (مەنە كاتېگورىيەسى)نى كۆرسىتىدۇ. پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلار دېگىنىمىز، مەلۇم بىر شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس بەلگىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «چوڭ» ۋە «كىچىك» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلىنىدۇ:

چوڭ: ھەجمى، يۈزى، سان ـ مىقدارى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى قاتارلىق تەرەپلىرى ئادەتتىكى ياكى ئۆزىگە سېلىشتۇرۇلغان شەيئىلەرنىڭكىدىن ئارتۇق.

كىچىك: ھەجمى، يۈزى، سان ـ مىقدارى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى قاتارلىق تەرەپلىرى ئادەتتىكى ياكى ئۆزىگە سېلىشتۇرۇلغان شەيئىلەرنىڭكىدىن كەم.

بۇ ئىزاھلارغا ئاساسەن، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بىز ئۇلاردىن ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلىرى ئوخشاشلا شەيئىلەرنىڭ ھەجمى، يۈزى، سان ـ مىقدارى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى، «چوڭ» سۆزىنىڭ پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتى ئادەتتىكى ياكى ئۆزىگە

سىلىشتۇرۇلغان شەيئىلەرنىڭكىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى، «كىچىك» سۆزىنىڭ پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتى ئادەتتىكى ياكى ئۆزى سېلىشتۇرۇلغان شەيئىلەرنىڭكىدىن كەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ئېنىقكى، ئۇ ئىككى سۆزنىڭ ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلىرى «ئارتۇق» ۋە «كەم» لىك جەھەتتە ناھايىتى ئېنىق قارشى مۇناسىۋەت ھاسىل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قارشى مەنىلىك سۆز بولۇش - بولماسلىقى ئاۋۋال سۆزلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى كۆرسىتىدىغان ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ئوخشاش بولۇش - بولماسلىقى، ئاندىن پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ئۆزئارا قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەت ھاسىل قىلىش - قىلالماسلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى كېرەك.

ھەرقانداق بىر تىلنىڭ سۆزلۈكىدە قارشى مەنىلىك سۆزلەر بولىدۇ. لېكىن، مەلۇم بىر تىلدىكى ھەرقانداق بىر سۆزنىڭ قارشى مەنىلىك سۆزى بولىۋەرمەيدۇ.

قارشى مەنىلىك سۆزلەر پەقەت ئىككى سۆز بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. مەسىلەن، «ئاستا» دېگەن سۆز بىلەن «تېز، ئىتتىك، ئىلدام، چاپسان، چاققان» دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا قارشى مەنىلىك سۆزلەر بولالايدۇ. «ياخشى، ئوبدان» سۆزلىرى بىلەن «ئوسال، ئەسكى، ناچار» دېگەندەك سۆزلەرمۇ ئۆزئارا قارشى مەنىلىك سۆزلەر بولالايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا بىر قىسىم قارشى مەنىلىك سۆزلەر دائىم جۈپ قوللىنىش نەتىجىسىدە، جۈپ سۆزلەرنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن:

ئاز - تولا، باش - ئاياغ، ئىسسىق - سوغۇق، ئاق - قارا،

قىش ـ ياز، ئېگىز ـ پەس، بېرىش ـ كېلىش ...

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر تىلىدا يەنە ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلىرى قىلچىمۇ ئوخشىمايدىغان ھەم پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلىرى ئۆزئارا قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلالمايدىغان بىر قىسىم سۆزلەر ئايرىم كونتېكستلاردا بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلۇپ، قارشى مەنىلىك سۆزلەر رولىدا كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

① مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا تىرەك قويىدۇ؛ مېۋىسىز دەرەخ غادىيىپ تۇرىدۇ، كىشىلەر ئۇنى يۇتاپ تۇرىدۇ.

② ياخشى بىلەن دوست بولساڭ، ئېچىلار چېچەكلىرىڭ؛ يامان بىلەن دوست بولساڭ، يېرىلار يۈرەكلىرىڭ.

بۇلاردىن مىسال ① دە «تىرەك قويماق» بىلەن «يۇتاپ تۇرماق»، مىسال ② دە «ئېچىلماق» بىلەن «يېرىلماق» دېگەن سۆزلەر بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلغان. لېكىن، ئۇلار شۇ كونتېكستتىن ئايرىلسا، قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتە بولالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئادەتتە لېكسىكا نۇقتىسىدىن سۆزلىنىدىغان قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ، پەقەت ئىستىلىستىكىلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

### 2 . قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئۆلچىمى

قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ چېگراسى تۆۋەندىكى ئۆلچەملەرگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ:

(1) قارشى مەنىلىك سۆزلەر مەنە جەھەتتىن چوقۇم بىر ئورتاق مەنە كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولۇشى كېرەك. ئورتاق مەنە كاتېگورىيەسى قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى، مەنە كاتېگورىيەسى ئورتاق بولمىغان سۆزلەردىن قارشى مەنىلىك سۆزلەر شەكىللەنمەيدۇ. قارشى مەنىلىك

سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى قارىمۇقارشىلىقى بىر ئورتاق مەنە كاتېگورىيەسىنىڭ قارىمۇقارشى ئىككى تەرىپى بولۇپ، مۇناسىۋەت جەھەتتىن تەكشۈرگەندە، ئورتاق مەنە كاتېگورىيەسى بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە بولغان قارىمۇقارشى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ۋە مەنىسى ئۆز ئىچىگە ئېلىنىش مۇناسىۋىتى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «تېز» بىلەن «ئاستا» دېگەن سۆزلەر «سۈرئەت» تىن ئىبارەت مەنە كاتېگورىيەسىگە تەۋە. «سۈرئەت» دېگەن سۆزدە ئىپادىلەنگەن مەنە «تېز» بىلەن «ئاستا» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى تولۇق ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، «سۈرئەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئىچىگە ئېلىنىدىغان «تېز» ۋە «ئاستا» دېگەن سۆزلەر مەنە جەھەتتە بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. مەسىلەن:

| قارشى مەنىلىك سۆزلەر | ئورتاق مەنە كاتېگورىيەسى |
|---|---|
| ئۇزۇن - قىسقا | ئۇزۇنلۇق |
| ئاق - قارا | رەڭ |
| قىش - ياز | پەسىل |
| ئىسسىق - سوغۇق | ھارارەت |
| مۇھەببەت - نەپرەت | ھېسسىيات |
| ھىمايە قىلماق - قارشى تۇرماق | پوزىتسىيە |
| كونا - يېڭى | سۈپەت |
| چوڭ - كىچىك | ھەجىم |

يۇقىرىقىدەك ئورتاق مەنە كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولمىغان سۆزلەر ئۆزئارا قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن، ئاستا - چوڭ، ئۇزۇن - ئېغىر، ئورۇق - سەت دېگەندەك.

(2) قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر خاراكتېر جەھەتتىن ئورتاق بىر سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. بىر گۇرۇپپا سۆزنىڭ قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز بولۇش ـ بولماسلىقى سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەسى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك، يەنى قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر ئورتاق گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇ سەۋەبتىن، تەۋەلىك جەھەتتە ئۇلار تەبىئىي ھالدا مۇئەييەن بىر سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئاسمان ـ زېمىن | (ئىسىم ـ ئىسىم) |
| دوزاخ ـ جەننەت | (ئىسىم ـ ئىسىم) |
| قاتتىق ـ يۇمشاق | (سۈپەت ـ سۈپەت) |
| باي ـ كەمبەغەل | (سۈپەت ـ سۈپەت) |
| بارماق ـ كەلمەك | (پېئىل ـ پېئىل) |
| يىغىش ـ يېغىلىش | (پېئىل ـ پېئىل) |
| ئىلگىرى ـ كېيىن | (رەۋىش ـ رەۋىش) |
| ئاست ـ ئۈست | (ئىسىم ـ ئىسىم) |
| ئۆز ـ يات | (ئالماش ـ ئالماش) |
| جۈپ ـ تاق | (سان ـ سان) |

(3) قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر ھەجىم جەھەتتىن باراۋەر بولۇشى كېرەك. بۇ قائىدە مۇنداق ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرى، قارشى مەنىلىك سۆزلەر قۇرۇلما جەھەتتىن پۈتۈنلەي سۆزلەردىن ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تېپىشى كېرەك (گەرچە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپقانلىرى لېكسىكا نۇقتىسىدىن سۆزلىنىدىغان قارشى مەنىلىك سۆز ھېسابلانمىسىمۇ). ئەگەر بۇنداق بولمىسا، ھەجمى جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدۇ، يەنى بىرى چوڭ، بىرى كىچىك بولۇپ قېلىپ تەڭپۇڭسىزلىق شەكىللىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ

ئورتاق مەنە كاتېگورىيەسىنى بېكىتىشمۇ قېلىپىغا چۈشىدۇ. مەسىلەن، «خۇش پۇراق» دېگەن بىرىكمە بىلەن «سېسىق پۇراق» دېگەن بىرىكمە ئۆزئارا قارشى مەنىلىك بىرىكمە بولالايدۇكى، ھەرگىزمۇ «خۇش پۇراق» بىلەن «سېسىق» ياكى «سېسىق پۇراق» بىلەن «خۇش» ئۆزئارا قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى ھاسىل قىلالمايدۇ. شۇڭا، قارشى مەنىلىك سۆزلەر چوقۇم سۆز بىلەن سۆزدىن ياكى سۆز بىرىكمىسى بىلەن سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تېپىشى كېرەك.

يەنە بىرى، قارشى مەنىلىك سۆزلەر پۈتۈنلەي تۈپ سۆزلەردىن ياكى ياسالما سۆزلەردىن تەركىب تېپىشى كېرەك. بىرى تۈپ سۆز، يەنە بىرى ياسالما سۆز بولۇپ قالسا بولمايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ياخشى ـ يامان | √ | ياخشىلىق ـ يامانلىق | √ |
| ياخشىلىق ـ يامان | × | ياخشى ـ يامانلىق | × |
| قات ـ يۇمشاـ | √ | قاتتىق ـ يۇمشاق | √ |
| قاتتىق ـ يۇمشا ـ | × | قات ـ يۇمشاق | × |
| ئىلغار ـ قالاق | √ | ئىلغارلىق ـ قالاقلىق | √ |
| ئىلغارلىق ـ قالاق | × | ئىلغار ـ قالاقلىق | × |
| قاتتىقلىق ـ يۇمشاقلىق | √ | قاتتىق ـ يۇمشاقلىق | × |
| قاتتىقلىق ـ يۇمشاق | × | | |
| ئىتتىپاقلىق ـ بۆلگۈنچىلىك | √ | ئىتتىپاق ـ بۆلگۈنچىلىك | × |
| ئىتتىپاقلىق ـ بۆلگۈنچى | × | | |
| مەغلۇپ ـ غەلىبە | √ | مەغلۇپ بولۇش ـ غەلىبە قىلىش | √ |
| مەغلۇپ ـ غەلىبە قىلىش | × | مەغلۇپ بولۇش ـ غەلىبە | × |

(4) قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بىرى بولۇشلۇق، يەنە بىرى بولۇشسىز شەكلىدە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بۇنداق دېگەنلىك، قارشى مەنىلىك سۆزلەر تەبىئىي ھالدا قارىمۇ قارشىلىقتا ئىگە بولۇشى، قارىمۇقارشى يۆنىلىشتە بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ خالىغان بىر سۆزنى ئىنكار قىلىش

ئارقىلىق سۇنئىي ھالدا قۇراشتۇرۇلغان بولماسلىقى كېرەك دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، قارشى مەنىلىك سۆزلەر قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، زىتلىق مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەتىگەن ـ كەچ | √ | ئەتىگەن ـ ئەتىگەن ئەمەس | × |
| ياخشى ـ يامان | √ | ياخشى ـ يامان ئەمەس | × |
| تۇزلۇق ـ تۇزسىز | √ | تۇزلۇق ـ تۇزى يوق | × |
| باردى ـ كەلدى | √ | باردى ـ بارمىدى | × |

بۇ مىساللاردىكى «×» بەلگىسى قويۇلغان تەركىبلەر ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىلىك سۆزى بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئالدىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىنكار شەكلى بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە مۇئەييەن بەلگىگە ئىگە ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

### 3. قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ تۈرى

قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى ھەر خىل ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ھەر خىل تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) لوگىكا نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى بىر جىنس ئۇقۇمى ئىچىدىكى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى تۈر ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن، «ئاق» بىلەن «قارا» دېگەن سۆزلەر «رەڭ» دىن ئىبارەت بۇ جىنس ئۇقۇم ئىچىدىكى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى تۈر ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، چۈنكى «رەڭ» سۆزىدە ئىپادىلىنىدىغان ئۇقۇمنىڭ ھەجمى «ئاق» ۋە «قارا» سۆزلىرىدە ئىپادىلىنىدىغان ئۇقۇملارنىڭ ھەجمىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، «رەڭ» دېگەن سۆزدە ئىپادىلىنىدىغان ئۇقۇم ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان «ئاق» بىلەن «قارا» سۆزلىرىدە ئىپادىلىنىدىغان ئۇقۇملارنىڭ مەنىلىرى ئۆزئارا سىغىشمايدۇ، بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدۇ.

قارشى مەنىلىك سۆزلەر مەنە جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ، بىر ـ بىرىگە بېقىنىدۇ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ. مەسىلەن، «توغرا» بىلەن «خاتا» سۆزلىرىنى مىسالغا ئالساق، بىرىنچىدىن، ئۇلار مەنە جەھەتتە بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار بىر ـ بىرىنى شەرت قىلغان، يەنى «خاتا» دېگەن سۆز بولمىسا، «توغرا» دېگەن سۆز ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ؛ ئوخشاشلا «توغرا» دېگەن سۆز بولمىسا، «خاتا» دېگەن سۆزنىڭ بولۇشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى لوگىكىدىكى ئۇقۇملارنىڭ ھەجىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەر ۋە نىسپىي قارشى مەنىلىك سۆزلەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەر

بىر جىنس ئۇقۇمنىڭ ھەجمى ئىچىدىكى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككىلا تۈر ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان قارشى مەنىلىك سۆزلەر مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قارشى مەنىلىك سۆزلەردىكى ئىككى پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتنىڭ يىغىندىسى ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلاردا ئىپادىلەنگەن مەنىنىڭ دائىرىسى بىلەن باباراۋەر بولسا، يەنى پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت + پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت = ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت بولسا، بۇ خىلدىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەر مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەر مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

① مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەر بىر جىنس ئۇقۇمنىڭ

ھەجمى ئىچىدىكى ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولغان ئىككىلا تۈر ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان قارشى مەنىلىك سۆزلەر بولغاچقا، ئۇ خىل قارشى مەنىلىك سۆزلەردىن ئىپادىلىنىدىغان ئۇقۇملارنىڭ ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى (مەنە دائىرىسى) ئۆزى مەنسۇپ بولغان شۇ جىنس ئۇقۇمىنىڭ ھەجمى (مەنە دائىرىسى)گە باباراۋەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈچىنچى بىر ئۇقۇم (ئارىلىق ئۇقۇم) نى ئىپادىلەيدىغان باشقا بىر سۆز بولمايدۇ. مەسىلەن، «ئەر» بىلەن «ئايال» دېگەن سۆزلەردىن ئىپادىلەنگەن مەنىنىڭ دائىرىسى (ئۇقۇمىنىڭ ھەجىملىرى) نىڭ يىغىندىسى «جىنس» دېگەن سۆزدىن ئىپادىلەنگەن مەنىنىڭ دائىرىسى (ھەجمى) گە تەڭ بولىدۇ، مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئىسخېما ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ:




$a+b=c$ (ئەر+ ئايال = جىنس)

② مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن مەنە a بولسا، جەزمەن b بولمايدۇ؛ ئەگەر ئۇ a بولمىسا، جەزمەن b بولىدۇ. ئوخشاشلا ئەگەر ئۇ b بولسا، جەزمەن a بولمايدۇ؛ ئەگەر ئۇ b بولمىسا، چوقۇم a بولىدۇ. ئىشقىلىپ ئىككىسىدىن بىرى بولىدۇ ھەم a ، ھەم b بولىدىغان ياكى a مۇ ئەمەس، b مۇ ئەمەس، بەلكى ئۈچىنچى بىر خىل ئەھۋال بولمايدۇ. مەسىلەن، «ئەر» بىلەن «ئايال» سۆزلىرىنى مىسالغا ئالساق، مەلۇم بىر كىشى ئەگەر ئۇ «ئەر» بولسا، چوقۇم «ئايال»

بولمايدۇ؛ ئۇ كىشى ئەگەر «ئەر» بولمىسا، جەزمەن «ئايال» بولىدۇ. ئوخشاشلا ئەگەر ئۇ كىشى «ئايال» بولسا، چوقۇم «ئەر» بولمايدۇ؛ ئەگەر ئۇ كىشى «ئايال» بولمىسا، چوقۇم «ئەر» بولىدۇ. ئىشقىلىپ ئۇ كىشى ياكى «ئەر»، ياكى «ئايال». ئۇ كىشىنىڭ ھەم «ئەر»، ھەم «ئايال» بولۇشى ياكى «ئەر» مۇ ئەمەس، «ئايال» مۇ ئەمەس، بەلكى ئۈچىنچى بىر خىل جىنسلىق ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تىلىمىزدىكى «تىرىك» بىلەن «ئۆلۈك»، «ئوچۇق» بىلەن «يېپىق». «ماڭماق» بىلەن «تۇرماق»، «ئۆز» بىلەن «يات»، «جۈپ» بىلەن «تاق»، «بار» بىلەن «يوق»، «توغرا» بىلەن «خاتا»، «قىز» بىلەن «ئوغۇل»، «ئاتا» بىلەن «بالا»، «ئاچا» بىلەن «سىڭىل»، «ئۇستاز» بىلەن «شاگىرت»، «دەۋاگەر» بىلەن «جاۋابكار» دېگەندەك قارشى مەنىلىك سۆزلەر مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

(2) نىسپىي قارشى مەنىلىك سۆزلەر

بىر جىنس ئۇقۇمى ئىچىدىكى بىرقانچە (ئاز بولغاندا ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق) تۈر ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن پەقەت ئىككىسىنىڭلا مەنە جەھەتتە بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلۇشى نىسپىي قارشى مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قارشى مەنىلىك سۆزلەردىكى ئىككى پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتىنىڭ يىغىندىسى ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلاردا ئىپادىلەنگەن مەنىنىڭ دائىرىسىدىن كىچىك بولسا، يەنى «پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت + پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت < ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت» بولسا، بۇ خىلدىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەر نىسپىي قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. نىسپىي قارشى مەنىلىك سۆزلەر مۇنداق ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە:

① بۇ تۈردىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەردە بىر جىنس ئۇقۇمى ئىچىدىكى ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۈر ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان شۇ سۆزلەردىن پەقەت ئىككىسىلا مەنە جەھەتتىن

قارىمۇقارشى قويۇلغاچقا، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئۇقۇملارنىڭ ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى ئۆزى مەنسۇپ بولغان جىنس ئۇقۇمىنىڭ ھەجىمىدىن كىچىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، «ئاق» بىلەن «قارا» نى مىسالغا ئالساق، ئۇ ئىككى سۆزدە ئىپادىلەنگەن ئۇقۇملارنىڭ ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى «رەڭ» دېگەن سۆزدىن ئىپادىلەنگەن ئۇقۇمنىڭ ھەجىمىدىن كىچىك بولىدۇ. چۈنكى، «رەڭ» نىڭ ھەممىسى «ئاق» بىلەن «قارا» نىڭ يىغىندىسى ئەمەس، ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن رەڭ تۈرلىرى بار.

نىسپىي قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تۆۋەندىكى ئىسخېما ئارقىلىق كۆرسىتىشكە بولىدۇ:




(ئاق + قارا < رەڭ)    a+b<C

② نىسپىي قارشى مەنىلىك سۆزلەردە، ئەگەر a بولسا، جەزمەن b بولمايدۇ، لېكىن a بولمىسا، b جەزمەن بولىدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى a بولمىسا، b بولۇشىمۇ مۇمكىن، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، a بولمىسا، b نىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى ناتايىن بولىدۇ. ئوخشاشلا ئەگەر b بولسا، ئۇ چوقۇم a بولمايدۇ، لېكىن b بولمىسا، ئۇنى جەزمەن a بولىدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ b بولمىسا، a بولۇشىمۇ مۇمكىن، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، b

بولمىسا، a نىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى ناتايىن بولىدۇ. مەسىلەن، «قىش» بىلەن «ياز» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، بۇ پەسىل «قىش» بولسا، ئۇ جەزمەن «ياز» بولمايدۇ. لېكىن ئۇ پەسىل «قىش» بولمىسا، ئۇ پەسىلنى جەزمەن «ياز» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ پەسىل «ياز» بولۇشىمۇ مۇمكىن. «ياز» بولماي، بەلكى «كۈز» ياكى «ئەتىياز» بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئوخشاشلا، ئۇ پەسىل «ياز» بولسا، ئۇ چوقۇم «قىش» بولمايدۇ. لېكىن، ئۇ پەسىل «ياز» بولمىسا، ئۇ پەسىلنى چوقۇم «قىش» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ پەسىل ئېھتىمال «قىش» بولۇشىمۇ مۇمكىن، «قىش» بولماي، بەلكى «كۈز» ياكى «ئەتىياز» بولۇشىمۇ مۇمكىن.

تىلىمىزدىكى «ئوي» بىلەن «دۆڭ»، «ئېگىز» بىلەن «پەس»، «ئېغىر» بىلەن «يېنىك»، «يەڭمەك» بىلەن «يېڭىلمەك»، «ئىسسىق» بىلەن «سوغۇق»، «ياش» بىلەن «قېرى»، «باشلىنىش» بىلەن «ئاخىرلىشىش»، «چىرايلىق» بىلەن «سەت»، «شەرق» بىلەن «غەرب»، «ئىلگىرىلىمەك» بىلەن «چېكىنمەك»، «ئاست» بىلەن «ئۈست» دېگەندەك خېلى كۆپ بىر قىسىم قارشى مەنىلىك سۆزلەر نىسپىي قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

2) قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى قايسى تۈردىكى سۆز تۈركۈملىرىدىن تەركىب تاپقانلىقىغا ئاساسەن ئىسىملىك قارشى مەنىلىك سۆزلەر، سۈپەتلىك قارشى مەنىلىك سۆزلەر، رەۋىشلىك قارشى مەنىلىك سۆزلەر، ئالماشلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەر، پېئىللىق قارشى مەنىلىك سۆزلەر دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئىسىملىك قارشى مەنىلىك سۆزلەر:

ئاپتاپ ـ سايە؛ ئادالەت ـ جاھالەت؛ كۈن ـ تۈن؛

ئامەت ــ پالاكەت، قىش ــ ياز؛
باش ــ ئاياغ؛ ئەمەلىيەت ــ نەزەرىيە؛ ئەجداد ــ ئەۋلاد...
(2) سۈپەتلىك قارشى مەنىلىك سۆزلەر:
ئاق ــ قارا؛ ئاچ ــ توق؛ ئاددىي ــ مۇرەككەپ؛
ئارتۇق ــ كەم، راست ــ يالغان؛
چىن ــ ساختا؛ جىمىق ــ جا؛ ئاز ــ كۆپ، ئەخلاقلىق ــ ئەخلاقسىز ...
(3) رەۋىشلىك قارشى مەنىلىك سۆزلەر:
ئاستا ــ دەرھال؛ بالدۇر ــ كېيىن؛
ئاقىلانە ــ ئەخمىقانە؛ ئىلگىرى ــ كېيىن؛
ئاندا ــ ساندا، بىرە ــ بىرە ...
(4) ئالماشلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەر:
ئۆز ــ يات؛ ئەنە ــ مانا؛ ئاۋۇ ــ ماۋۇ ...
(5) پېئىللىق قارشى مەنىلىك سۆزلەر:
تۇغۇلماق ــ ئېرىمەك؛ تۇغۇلماق ــ ئۆلمەك؛
چىڭىماق ــ بوشىماق؛ قاتماق ــ يۇمشىماق؛
قۇراشتۇرماق ــ بۇزماق؛ يىغلىماق ــ كۈلمەك ...
3) قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تۈپ سۆزلۈك قارشى مەنىلىك سۆزلەر، ياسالما سۆزلۈك قارشى مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.
(1) تۈپ سۆزلۈك قارشى مەنىلىك سۆزلەر:
چىڭ ــ بوش؛ ئېگىز ــ پەس؛ ئاسمان ــ زېمىن؛
خان ــ پۇقرا؛ تۆر ــ پەگاھ؛ دوزاخ ــ جەننەت ...
(3) ياسالما سۆزلۈك قارشى مەنىلىك سۆزلەر:
ئاچلىق ــ توقلۇق؛ ئاقلىغۇچى ــ قارىلىغۇچى؛
پاكلىق ــ چىرىكلىك؛ راھەتپەرەس ــ جاپاكەش ...

**4 . قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىش يوللىرى**

قارشى مەنىلىك سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەردىن بارلىققا كېلىدۇ:

(1) ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەت تىلدا قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا توختىماي ئايلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي ھادىسە بولغاچقا، تىلدا «كېچە ـ كۈندۈز»، «كۈن ـ تۈن» دېگەندەك قارشى مەنىلىك سۆزلەر بارلىققا كەلگەن. دۇنيادا تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش ھادىسىسى بولغاچقا، تىلدا «ئۆلۈك ـ تىرىك»، «ئۆلۈش ـ تىرىلىش» دېگەندەك قارشى مەنىلىك سۆزلەر شەكىللەنگەن. ئوبيېكتىپ شەيئىلەردە ئېغىرلىق ۋە يېنىكلىكتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىك بولغاچقا، تىلدا «ئېغىر ـ يېنىك» دېگەندەك قارشى مەنىلىك سۆزلەر بارلىققا كەلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «چوڭ ـ كىچىك»، «چىرايلىق ـ سەت»، «ئېغىر ـ يېنىك»، «بېرىش ـ كېلىش»، «ئاچچىق ـ تاتلىق»، «ئۇستاز ـ شاگىرت» دېگەندەك نۇرغۇنلىغان قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ ماددىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىدىندۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، قارشى مەنىلىك سۆزلەر ئوبيېكتىپلىققا ئىگە بولىدۇ.

(2) تىل ئادىتىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى. بىر قىسىم ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەتنى تىلدا قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرۈشى، ئەكسىچە، ئەسلىدە قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەتنى بولمىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەر تىلدا قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن،

«ئوت» بىلەن «سۇ»، «مۇشۇك» بىلەن «چاشقان»، «قوي» بىلەن «بۆرە» دېگەن سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن شەيئىلەر ئەسلىدە قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولىسىمۇ، لېكىن ئۇلار تىلدا قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرەلمىگەن. سەۋەبى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ تىل ئادىتى ئاساسىغا ئىگە بولالمىغان. «ئاق» بىلەن «قارا»، «قىش» بىلەن «ياز» دېگەن سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان شەيئى ياكى ئالاھىدىلىك ئۇ دەرىجىدە قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇزاق مۇددەت ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇلۇپ قوللىنىش نەتىجىسىدە، ئىجتىمائىي تىل ئادىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، تىل ئادىتى ئاساسىنى تۇرغۇزغان. شۇڭا، ئۇلار تىلدا قارشى مەنىلىك سۆز بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، قارشى مەنىلىك سۆزلەر سۇبيېكتىپلىققىمۇ ئىگە.

(3) سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىنمۇ بەزى قارشى مەنىلىك سۆزلەر شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، «ئىتتىك» دېگەن سۆز ئەسلىي مەنىسى ئارقىلىق «ئاستا» دېگەن سۆز بىلەن قارشى مەنىلىك سۆزنى شەكىللەندۈرسە، كېيىنكى (كۆچمە) مەنىسى ئارقىلىق «گال» سۆزى بىلەن قارشى مەنىلىك سۆزنى شەكىللەندۈرىدۇ. «قېلىن» دېگەن سۆز ئەسلىي مەنىسى بىلەن «نېپىز» دېگەن سۆزگە قارشى مەنىلىك سۆز بولالىسا، كېيىنكى (كۆچمە) مەنىسى بىلەن «شالاڭ» دېگەن سۆزگە، يەنە بىر كېيىنكى مەنىسى بىلەن «تارتىنچاق» دېگەن سۆزگە، يەنە بىر كېيىنكى مەنىسى بىلەن «ئىنچىكە» دېگەن سۆزگە قارشى مەنىلىك سۆز بولالايدۇ.

(4) باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدىمۇ بىر قىسىم قارشى مەنىلىك سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئاكتىپ (رۇسچە) ـ پاسسىپ (رۇسچە< لاتىنچە)

كونكرېت (رۇسچە < لاتىنچە) ـ ئابستراكت (رۇسچە)

ئوبيېكتىپ (رۇسچە < لاتىنچە) ـ سۇبيېكتىپ (رۇسچە < لاتىنچە)

جىنى (خەنزۇچە) ـ جا (خەنزۇچە)

**5. قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ رولى**

(1) قارشى مەنىلىك سۆزلەر جۈپ سۆزلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل جۈپ سۆزلەر مەنە جەھەتتە، مەركەزلىك جۈپ سۆز تەركىبىدىكى ئىككى تەركىبنىڭ ئايرىم مەنىسىنى بىلدۈرگەندىن باشقا، يەنە ئومۇملاشقان يېڭى بىر لېكسىكىلىق مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «ئۇششاق ـ چوڭ»، «بار ـ يوق» دېگەن جۈپ سۆزلەر «بارلىق، ھەممە» دېگەن مەنىنىمۇ، «ئاز ـ تولا» دېگەن جۈپ سۆز «قىسمەن، كىچىككىنە» دېگەن مەنىنىمۇ، «ئالدى ـ كەينى» دېگەن جۈپ سۆز «ھەممە تەرەپ» دېگەن مەنىنىمۇ، «ئاشكارا ـ يوشۇرۇن» دېگەن جۈپ سۆز «ھەر خىل، تۈرلۈك» دېگەن مەنىنىمۇ، «قىش ـ ياز» دېگەن جۈپ سۆز «يىل بويى» دېگەن مەنىنىمۇ، «ئاق ـ قارا» دېگەن جۈپ سۆز «توغرا ۋە خاتا، ھەق ـ ناھەق» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرگىنىگە ئوخشاش. لېكىن، ئەمەلىي ئىستېمالدا ئۆزئارا قارشى مەنىلىك بولغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى جۈپ سۆز بولۇپ كېلىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، «يۇقىرى، يۇكسەك، ئېگىز، ئۈستۈن» دېگەن مەنىداش سۆزلەر بىلەن «پەس، تۆۋەن، پاكار، پەتەك» دېگەن مەنىداش سۆزلەرنى ئالساق، ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا، بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت «ئېگىز ـ پەس»، «يۇقىرى ـ تۆۋەن» دېگەن سۆزلەرلا جۈپ سۆز قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، قالغانلىرى جۈپ سۆز قىلىپ ئىشلىتىلمەيدۇ. دېمەك، قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ جۈپ سۆز ھاسىل قىلىشى مۇئەييەن تىل

ئادىتى ئاساسىدا بولىدۇ.

(2) قارشى مەنىلىك سۆزلەر مۇئەييەن تەرتىپ ئاساسىدا جۈپ سۆز ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، «ئەر ـ خوتۇن»، «كىچە ـ كۈندۈز»، «ئېگىز ـ پەس»، «يۇقىرى ـ تۆۋەن»، «ئاق ـ قارا» دېگەندەك جۈپ سۆزلەر پەقەت مەزكۇر تەرتىپ بويىچە ئىشلىتىلىدۇ، «خوتۇن ـ ئەر»، «كۈندۈز ـ كىچە»، «پەس ـ ئېگىز»، «تۆۋەن ـ يۇقىرى»، «قارا ـ ئاق» دېگەن تەرزدە ئىشلىتىلمەيدۇ. دېمەك، قارشى مەنىلىك سۆزلەر جۈپ سۆز ھاسىل قىلىشتا مۇئەييەن تىل ئادىتىنى ئاساس قىلىدۇ.

(3) قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ تىلدىكى رولى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلار جايىدا قوللىنىلسا، شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ئېچىپ بەرگىلى، قارىمۇقارشىلىقنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇلار تىلدا روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، پىكىرنىڭ جانلىق، ئېنىق، تەسىرلىك بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، نۇتۇقنى ئاھاڭدارلىققا ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن، «كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ» دېگەن مىسالنى ئالساق، بۇنىڭدا ئىككى قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز ئارقىلىق، روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىنىپ، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ تىلدا روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىش رولى تىلىمىزدىكى ماقال ـ تەمسىللەردە بەكرەك گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن:

نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق.
ياخشىغا ئىشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇز.
قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەر.
يىراق بولسا كىشنىشەر، يېقىن بولسا چىشلىشەر.

كۆز قورققاق، قول باتۇر.
يۈز دوستتىن بىر دۈشمەن كۆپ.
تىلى يۇمشاق ئاش يەر، تىلى قاتتىق مۇشت يەر.
باشتا سۆز بولسا، ئاخىردا گەپ يوق.
شۇڭا، قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى ئورۇنلۇق ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

# بەشىنچى باب

# سۆزلەرنىڭ تاۋۇش جەھەتتىن تۈركۈملىنىشى

## §1. ئاھاڭداش سۆزلەر

### 1 . ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ ئېنىقلىمىسى

تەلەپپۇزى ۋە يېزىلىشى پۈتۈنلەي ئوخشىشىدىغان، ئەمما ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى ئارىسىدا ئۆزئارا باغلىنىش بولمىغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆز ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئات[1] — بىر تۈرلۈك ئۆي ھايۋىنى (ئاتقا مىنمەك).

ئات[2] — نام، ئىسىم (ئات قويماق).

ئات[3] — تاشلا (سوغا تاش ئات).

يان[1] — تەرەپ، ياق ( ئوڭ يان).

يان[2] — قايت (ئارقاڭغا يان).

يان[3] — تۇتاش، كۆيۈشكە باشلا (ئوت ياندى).

چۈش[1] — ئۇخلىغاندا، چوڭ مېڭە پائالىيىتى تولۇق توختاپ كەتمىگەن ئەھۋالدا، مېڭىدە ئەكس ئەتكەن ھەر خىل ئوبرازلار ۋە نەرسىلەر (چۈش كۆرمەك).

چۈش[2] — قۇياش تىك كۆتۈرۈلگەن چاغ (چۈش ۋاقتى).

چۈش[3] — يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ھەرىكەت قىلماق.

ھەرە[1] — بىر خىل ھاشارات (قولىنى ھەرە چېقىۋالماق).

ھەرە[2] — بىر خىل كېسىش ئەسۋابى (ياغاچنى ھەرىدە

كەسمەك).

## 2. ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ ئۆلچىمى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاھاڭداشلىق ھادىسىسى تىلنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ئاساسلىق لېكسىكىلىق بىرلىك ــ سۆز (تۈپ ۋە ياسالما سۆز)لەر ئوتتۇرىسىدا، ھازىر كەڭ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان سۆزلەر بىلەن ھازىر ئىستېمالدىن قالغان كونا سۆزلەر، ئەدەبىي تىل سۆزلىرى بىلەن شېۋە سۆزلىرى، يەككە قوللىنىلىدىغان سۆزلەر بىلەن يەككە قوللىنىلمايدىغان تىل تەركىبلىرى، يېزىق تىلى ۋە جانلىق تىلغا ئورتاق بولغان سۆزلەر بىلەن پەقەت يېزىق تىلىغىلا خاس سۆزلەر، سۆزلەرنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى بىلەن ئۆلچەمسىز تەلەپپۇزى، سۆزلەرنىڭ توغرا تەلەپپۇز شەكلى بىلەن شېۋىلەردە خاتا تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن تۇراقلىشىپ قالغان شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا، ھەتتا سۆزلەر بىلەن ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئوتتۇرىسىدا، ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئوتتۇرىسىدا، ياسالما سۆزلەر بىلەن سۆزنىڭ تۈرلەنگەن شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈرلۈك زامان ۋە تۈرلۈك ماكاندىكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى ئوتتۇرىسىدىكى تاسادىپىي ئاھاڭداشلىق ھادىسىسى دەپ قاراشقىلا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لېكسىكا قاتلىمىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بىراق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى ئاساسىدا ئىلمىي ھەل قىلىنمىغاچقا، ئەسلىي ئاھاڭداش كەلگەن بەزى سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارالماي، ئەكسىچە ئاھاڭداش بولمىغان بەزى سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ

قارىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، تۆۋەندە بۇ جەھەتتىكى قاراش ۋە مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمىز.

1) سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن كۆزەتكەندە، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۈپ سۆز، ياسالما سۆز ياكى تۈپ سۆز بىلەن ياسالما سۆزنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئاھاڭداش سۆزلەر دېگەندە، سۆزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىللىرىگە ئەمەس، بەلكى لېكسىكىلىق بىرلىك سۈپىتىدىكى سۆزلەرگە — سۆزنىڭ لېكسىكىلىق شەكىللىرىگە قارىتىلىدۇ. شۇڭا، ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىشتە ھەرگىزمۇ سۆزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن لېكسىكىلىق شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ئۆلچەم قىلىنماستىن، بەلكى سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلار ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك. سۆزنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى (تۈپ ۋە ياسالما سۆزلەر) سۆزنىڭ لېكسىكىلىق شەكلى ھېسابلىنىدۇ. سۆزنىڭ تۈرلەنگەن شەكىللىرى بولسا سۆزنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، سۆزنىڭ لېكسىكىلىق شەكلى، جۈملىدىن ئاھاڭداش سۆزلەر تىلنىڭ لېكسىكا قاتلىمىغا تەۋە بولسا، سۆزنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى تىلنىڭ گىرامماتىكا قاتلىمىغا تەۋە. شۇڭا، ئۇلارنى ئەينى بىر ئورۇنغا قويۇپ بايان قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. مەسىلەن، بىر خىل جازا قورالىنى بىلدۈرىدىغان «پالاق» دېگەن تۈپ سۆز بىلەن «بوزۇلغان» دېگەن مەنىدىكى «پالاق» دېگەن تۈپ سۆز؛ «نەپەس» دېگەن مەنىدىكى «تىنىق» بىلەن «تەركىبىدىكى لاتقىلار تىنىپ سۈزۈلگەن» دېگەن مەنىدىكى «تىنىق» دېگەن ياسالما سۆز؛ «تاتىلا ـ » دېگەن مەنىدىكى «قاشلا ـ» دېگەن تۈپ سۆز بىلەن «قىرلا ـ» دېگەن مەنىدىكى « قاشلا ـ» دېگەن ياسالما سۆز ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر

ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن، تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەردىن شەكىللەنگەن ئاھاڭداشلىق ھادىسىلىرىنى تىلنىڭ لېكسىكا قاتلىمىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

(1) مەلۇم بىر تۇپ سۆز بىلەن يەنە بىر سۆزنىڭ تۈرلەنگەن شەكلى ئۆزئارا ئوخشىشىپ قالسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ. لېكىن، ھازىر «تىندۇرۇلغان ياكى قاينىتىلغان سۈت يۈزىدە ھاسىل بولىدىغان ۋە تەركىبىدە ماي بولىدىغان نېپىز قەۋەت» دېگەن مەنىدىكى «قايماق»، «پۈت، قول پەنجىلىرىنىڭ ھەربىرى» نى بىلدۈرىدىغان «بارماق»، «كىۋادرات شەكلىدىكى» دېگەن مەنىدىكى «چاقماق»، «ئېغىرلىق، ۋەزىن» دېگەن مەنىدىكى «سالماق» دېگەن تۇپ سۆزلەر بىلەن «قاي -، بار -، چاق -، سال -» پېئىللىرىنىڭ «قايماق، بارماق، چاقماق، سالماق» دېگەن ئىسىمداش شەكلى؛ «بىرەر نەرسىگە ئېسىلىپ ئۆرلە -، چىق -» دېگەن مەنىدىكى «ياماش -» دېگەن تۇپ سۆز بىلەن «يام -» پېئىلىنىڭ «ياماش» دېگەن ئىسىمداش شەكلى؛ «قاتتىق نۇر تەسىرىدىن كۆز خىرەلەش -» دېگەن مەنىدىكى «قاماش -» دېگەن تۇپ سۆز بىلەن «قام -» پېئىلىنىڭ «قاماش -» دېگەن ئۆملۈك دەرىجە شەكلى؛ «ئۇرۇن -، تەگ -» دېگەن مەنىدىكى «چېقىل -» دېگەن تۇپ پېئىل بىلەن «چاق$^{1}$ -» ۋە «چاق$^{2}$ -» پېئىللىرىنىڭ «چېقىل -» دېگەن ئۆزلۈك ۋە مەجھۇل دەرىجە شەكلى؛ «ئالماشتۇر -» دېگەن مەنىدىكى «تېگىش -» دېگەن تۇپ پېئىل بىلەن «تەگ -» پېئىلىنىڭ «تېگىش -» دېگەن ئۆملۈك دەرىجە شەكلى؛ «يېپىش -» دېگەن مەنىدىكى «چاپلاش -» دېگەن تۇپ پېئىل بىلەن «چاپلا -» پېئىلىنىڭ «چاپلاش -» دېگەن ئۆملۈك دەرىجە شەكلى؛ ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرى تۇپ سۆز، يەنە بىرى بولسا

سۆزنىڭ تۈرلەنگەن شەكلى. ئاھاڭداش سۆزلەر دېگەندە، سۆزلەرنىڭ تۈرلەنمىگەن شەكلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(2) بىر باش مورفېمىغا بىر تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئۇلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قاتما سۆزگە ئايلىنىپ ئىسىملاشقان شەكلى بىلەن قاتما سۆز تۈسىنى ئالمىغان گىراماتىكىلىق شەكلىنى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. لېكىن، ھازىر «قۇش تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قاپقان»نى بىلدۈرىدىغان «باسماق»، «ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى»نى بىلدۈرىدىغان «تېپىشماق»، «قۇش تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قۇرۇلما»نى بىلدۈرىدىغان «قىسماق»، «ئۇماچ قاتارلىقلارنىڭ قازان گىرۋىكى ۋە تېگىدە قېتىپ قالغان قىسمى»نى بىلدۈرىدىغان «قىسماق» ۋە «قىسىق» دېگەن مەنىدىكى «قىسماق»؛ «خۇرۇم ياكى مېتالدىن ياسالغان، بارماققا سېلىپ يىڭنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئىتتىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بۇيۇم»نى بىلدۈرىدىغان «ئويماق»؛ «ئاسماندا چاقماق چېقىلدى»، «تاماكىنى چاقماقتا تۇتاشتۇردۇم»، «قويماق يېدىم» دېگەن جۈملىلەردىكى «چاقماق[1]، چاقماق[2]، قويماق» دېگەن قاتما سۆزلەر بىلەن «باس-، تاپ-، قىس-، ئوي-، چاق-، قوي-» پېئىللىرىنىڭ «باسماق، تېپىشماق، قىسماق، ئويماق، چاقماق، قويماق» دېگەن ئىسىمداش شەكىللىرى، ماتېماتىكىدىكى تۆت ئەمەلنىڭ نامى بولغان «قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش» دېگەن قاتما سۆزلەر بىلەن «قوش-، كۆپەيت-، ئال-، بۆل-» پېئىللىرىنىڭ «قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش» دېگەن ئىسىمداش شەكىللىرى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل شەكىللەرنى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردىن ئالدىنقىلىرى داۋاملىق شۇ شەكىلدە ئىشلىتىلىپ، قاتما سۆزگە ئايلانغان تۇرغۇن سۆز ھېسابلانسا، كېيىنكىلىرى قاتما سۆزلۈك تۈسىنى ئالمىغان گىراماتىكىلىق

شەكىل ھېسابلىنىدۇ.

(3) ئاھاڭداش باش مورفېمىلارنىڭ بىرىگە ياسىغۇچى قوشۇمچىلار، يەنە بىرىگە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئۆزئارا ئوخشىشىپ قالسا، ئۇلارنى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. مەسىلەن، سۈپەتلىك باش مورفېما «ئاق»، «قارا» ۋە پېئىللىق باش مورفېما «ئۇن -» لەرگە «- ار»، «- ي»، «- ۋم» دېگەن ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشىدىن ياسالغان «ئاقار -، قاراي -، ئۇنۇم» دېگەن ياسالما سۆزلەر بىلەن پېئىللىق باش مورفېما «ئاق -، قارا -» ۋە ئىسىملىك باش مورفېما «ئۇن» لەرگە سۈپەتداش قوشۇمچىسى «- ار»، بۇيرۇق راي قوشۇمچىسى «- ي»، شەخس قوشۇمچىسى «- ۋم» نىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان «ئاقار، قاراي، ئۇنۇم» دېگەن گىراماتىكىلىق شەكىللەرنى ئاھاڭداش سۆزلەر دېيىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرى ياسالما سۆز، يەنە بىرى بولسا سۆزنىڭ تۈرلەنگەن شەكلى. «ئاھاڭداش سۆزلەر» دېگەندە، سۆزلەرنىڭ تۈرلەنمىگەن شەكلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(4) باشقا - باشقا باش مورفېمىلارغا ئەينى بىر تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئۇلانغاندىن كېيىن، تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئۆزئارا ئوخشىشىپ قالسا، ئۇلارنى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. لېكىن، ھازىر بەزىلەر «بار -»، «تاپ -» لارنىڭ «بېرىش»، «تېپىش» دېگەن مورفولوگىيەلىك شەكىللىرى بىلەن «بەر-»، «تەپ -» لەرنىڭ «بېرىش»، «تېپىش» دېگەن مورفولوگىيەلىك شەكىللىرىنى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراۋاتىدۇ. ئەگەر بۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا «تاش -»، «يات -»لارنىڭ «تېپىش»، «يېتىش» دېگەن مورفولوگىيەلىك شەكىللىرى بىلەن «تەش -»، «يەت -» لەرنىڭ

«تېشىش»، «يېتىش» دېگەن مورفولوگىيەلىك شەكىللىرىنى؛ «بار ـ، تاپ ـ، تاش ـ، ياد ـ»لارنىڭ «بېرىپ، تېپىپ، تېشىپ، يېتىپ» دېگەن مورفولوگىيەلىك شەكىللىرى بىلەن «بەر ـ، تەپ ـ، تەش ـ، يەت ـ»لەرنىڭ «بېرىپ، تېپىپ، تېشىپ، يېتىپ» دېگەن مورفولوگىيەلىك شەكىللىرىنىمۇ ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ياسالما سۆز ئەمەس، بەلكى سۆزلەرنىڭ تۈرلەنگەن شەكلى، ئاھاڭداش سۆزلەردە بولسا سۆزلەرنىڭ تۈرلەنمىگەن شەكىللىرى ئۆلچەم قىلىنىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئېلىپ تاشلانسا، ئۇ سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكىللىرى بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

(5) بەزى پېئىللار ئۆزەك (تۈپ ياكى ياسالما) شەكىللىرىدە ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىپ بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىللىرىمۇ يەنە ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىپ، لۇغەتلەردە ئايرىم سۆز قاتارىدا كۆرسىتىلمەسلىكى كېرەك. لېكىن، ھازىر «بۇلاتماق[1] (بۇلىماق[1]) پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. بۇلاتماق[2] (بۇلىماق[2]) پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. بۇلاشماق[1] (بۇلىماق[1]) پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. بۇلاشماق[2] (بۇلىماق[2]) پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. بۇلانماق[1] (بۇلىماق[1]) پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. بۇلانماق[2] (بۇلىماق[2]) پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى» دېگەندەك مورفولوگىيەلىك شەكىللەر ئىزاھلىق لۇغەت ۋە تەرجىمە لۇغەتلىرىدە ئاھاڭداش سۆزلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. مېنىڭچە، ئۇ خىل لۇغەتلەردە سۆزلەرنىڭ تۈرلەنگەن شەكىللىرى ئەمەس، بەلكى ئۆزەك شەكىللىرىلا ئىزاھلىنىشى ياكى تەرجىمىسى بېرىلىشى كېرەك. چۈنكى، پېئىلنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرى تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ھېسابلىنىدۇ، ئاھاڭداش

سۆزلەردە بولسا سۆزلەرنىڭ تۈرلەنمىگەن شەكىللىرى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

2) ئەدەبىي تىل نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، پەقەت ئەدەبىي تىلغىلا خاس سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئۆزئارا ئوخشاش بولسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئەدەبىي تىل بىر تىلنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلغان شەكلى بولۇپ، ئۇ دىيالېكت ــ شېۋە ئېلېمېنتلىرىدىن خالىي تىل شەكلى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەردىن شەكىللەنگەن ئاھاڭداشلىق ھادىسىلىرىنى ئەدەبىي تىلدا ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

(1) ئەدەبىي تىل سۆزلىرى بىلەن شېۋە سۆزلىرىنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئۆزئارا ئوخشىشىپ قالسا، ئۇلارنى ئەدەبىي تىلدا ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. لېكىن، ھازىر ئەدەبىي تىلدىكى «بۆكەن، پورەك، باسقۇچ، ئاتالغۇ، چىۋىن» دېگەن سۆزلەر بىلەن شېۋىلەردە ئەدەبىي تىلدىكى «لوككا، زاغرا، شوتا، سالما، پاشا» لارنى بىلدۈرىدىغان «بۆكەن، پورەك، باسقۇچ، ئاتالغۇ، چىۋىن» دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنى ئەدەبىي تىلدا ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىر قاتلامغا مەنسۇپ ئەمەس.

(2) ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەرنىڭ بەزى مورفولوگىيەلىك شەكىللىرى بىلەن شېۋە سۆزلىرىنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشىشىپ قالسا، ئۇلارنى ئەدەبىي تىلدا ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. لېكىن، ھازىر ئەدەبىي تىلدىكى بەزى پېئىللارنىڭ دەرىجە بىلەن تۈرلەنگەن «تۇغۇشماق»، «تۈرتۈلمەك» دېگەندەك شەكىللىرى بىلەن «ماس كەلمەك»، «كېكەچلىمەك» دېگەن مەنىلەردىكى «تۇغۇشماق»، «تۈرتۈلمەك» دېگەن شېۋە سۆزلىرى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭچە، ئۇلار

ئەدەبىي تىلدا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى ئەدەبىي تىلغا، يەنە بىرى شېۋىگە خاس؛ ئىككىنچىدىن، ئەدەبىي تىلغا خاسلىرى سۆزنىڭ تۇرلەنگەن شەكىللىرىدۇر؛ ئۈچىنچىدىن، شېۋە سۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلدا تەڭداش سۆزلىرى بار.

(3) باشقا ـ باشقا شېۋىلەرگە خاس سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، ئۇلارنى ئەدەبىي تىلدا ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. لېكىن، ھازىر «يۈگۈرۈپ توقۇلغان»، «بىلىمەك»، «ئايىغ ئاستى قىلماق»، «چىرىگەن»، «دوست»، «ئۆماچ» دېگەن مەنىلەردىكى «جاۋا»، «جايلىماق»، «پۈيپۈلىماق»، «ئارداق»، «ئاۋا»، «چالما» دېگەن شېۋە سۆزلىرى بىلەن «سەت»، «نېرى تۇرماق»، «باھانە قىلىپ ياپماق»، «قىممەتلىك»، «ئاتا، دادا»، «ماياق» دېگەن مەنىلەردىكى «جاۋا»، «جايلىماق»، «پۈيپۈلىماق»، «ئارداق»، «ئاۋا»، «چالما» دېگەن شېۋە سۆزلىرى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئۇلار ئەدەبىي تىلدا ئەمەس، بەلكى پەقەت ھەرقايسى شېۋىلەر ئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئومۇمىي خەلققە ئورتاق ئەمەس، قوللىنىلىش دائىرىسى تولىمۇ تار. ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تىلدا ھەممىگە ئورتاق بولغان تەڭداش سۆزلىرى بار.

(4) سۆزلەرنىڭ شېۋىلەردە خاتا تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن تۇراقلىشىپ قالغان شەكىللىرى ئۆزئارا ئوخشىشىپ قالسا ياكى ئۇلارنىڭ بىرى ئەدەبىي تىل سۆزلىرى بىلەن ئوخشىشىپ قالسا، ئۇلارنى ئەدەبىي تىلدا ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. لېكىن، ھازىر «بوسۇق (ئەدەبىي تىلدا: بوسۇغا)» بىلەن «بوسۇق (ئەدەبىي تىلدا: بوغۇرساق)» دېگەن شېۋە سۆزلىرى؛ ئەدەبىي تىلدىكى «ئانا» سۆزى بىلەن «ئانا (ئاينا، ئەنە)» دېگەن شېۋە سۆزى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق

سۆزلەرنى ئەدەبىي تىلدا ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ياكى بىرى شىۋە سۆزى، ئەڭ مۇھىمى ئۇلار ئەدەبىي تىل سۆزلىرىنىڭ شىۋىلەردە خاتا تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن تۇراقلىشىپ قالغان شەكىللىرىدۇر. بۇنداق ئۆلچەمسىز شەكىللەر بىلەن ئەدەبىي تىلدىكى ئۆلچەملىك شەكىللەرنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

(5) سۆزنىڭ نۇتۇقتا تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى شەكلى بىلەن تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە ئۇچرىمىغان شەكىللىرى ئوخشىشىپ قالسا، ئۇلارنى ئاھاڭداش سۆزلەر دېيىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. لېكىن، ھازىر ئازادلىقتىن بۇرۇن ئىشلىتىلگەن بىر خىل پۇلنى بىلدۈرىدىغان «يارماق (ياماق)» سۆزى بىلەن «يىرتىلغان يەرنى ياماشقا تەييارلانغان بۇيۇم»نى بىلدۈرىدىغان «ياماق» سۆزى ئاھاڭداش سۆز دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ. چۈنكى، ئىملادا ئالدىنقى سۆز «يارماق (ياماق)» شەكلىدە بېكىتىلگەن. دېمەك، ئۇلارنىڭ بىرى «يارماق»، يەنە بىرى «ياماق» بولۇپ، ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشىمايدۇ. ئاھاڭداش سۆزلەر دېگەندە، سۆزلەرنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە ئۇچرىمىغان شەكىللىرى كۆزدە تۇتۇلۇشى كېرەك.

(6) ئەدەبىي تىلغا خاس سۆزلەر بىلەن بالىلار تىلىغا خاس بەزى سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشىشىپ قالسا، ئۇلارنى ئەدەبىي تىلدا ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. لېكىن، ھازىر ئەدەبىي تىلدىكى «چۈچۈك» سۆزى بىلەن بالىلار تىلىغا خاس بولغان ۋە يېشى كىچىك ئوغۇللارنىڭ تاناسىل ئەزاسىنى بىلدۈرىدىغان «چۈچۈك (چۈچاق)» سۆزى ئاھاڭداش سۆز دەپ قارىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇلارمۇ ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ. چۈنكى، سۆزلەرنىڭ توغرا شەكلى بىلەن بالىلار تىلىدىكى خاتا شەكلىنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشقا ھەرگىز

بولمايدۇ.

3) سۆزلەرنىڭ دەۋر نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، ئۇلار ئاهاڭداش سۆزلەر هېسابلىنىدۇ. لېكىن، تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەردىن شەكىللەنگەن ئاهاڭداشلىق هادىسىلىرىنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاهاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

(1) ئىككى قەدىمكى سۆزنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، ئۇلارنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاهاڭداش سۆز دەپ قاراشقا هەرگىز بولمايدۇ. لېكىن، هازىر «پاكىز»، «بىلمەك»، «جۇدۇن بولماق»، «رەنە»، «قېتىم» دېگەن مەنىلەردىكى «ئاقى»، «ئاڭماق»، «تالغۇرماق»، «تۇتۇغ»، «چەرگە» دېگەن قەدىمكى سۆزلەر بىلەن «مەرد»، «ئاڭلىماق»، «كۆڭۈل ئايىنىماق»، «تۇتقاقلىق»، «قورشاۋ» دېگەن مەنىلەردىكى «ئاقى»، «ئاڭماق»، «تالغۇرماق»، «تۇتۇغ»، «چەرگە» دېگەن قەدىمكى سۆزلەر ئاهاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇلارنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاهاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ هەر ئىككىسى هازىرقى دەۋردە پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەردۇر. تىلشۇناسلىقتىمۇ ئاهاڭداش سۆزلەر دېگەندە، مەلۇم بىر تىلنىڭ پۈتكۈل تارىخىي دەۋرىدىكى سۆزلەرگە ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن بىر دەۋردىكى سۆزلەرگە قارىتىلىدۇ.

(2) هازىرقى سۆزلەر بىلەن قەدىمكى سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشىشىپ قالسا، ئۇلارنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاهاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا هەرگىز بولمايدۇ. لېكىن، هازىر «ئاداق»، «ئاشۇ»، «ئاياغ»، «ئەتمەك»، «بۇيرۇق» دېگەندەك هازىرقى سۆزلەر بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئارال»، «قىزىل توپا»، «هۆرمەت»، «نان»، «ۋەزىر» دېگەن

www.uyghurkitap.com

مەنىدىكى «ئاداق»، «ئاشۇ»، «ئاياغ»، «ئەتمەك»، «بۇيرۇق» دېگەن قەدىمكى سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇلارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردىن ئالدىنقىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان سۆزلەر بولغىنى بىلەن، كېيىنكىلىرى ھازىر پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قالغان قەدىمكى سۆزلەردۇر. ئاھاڭداش سۆزلەر دېگەندە، مەلۇم بىر تىلنىڭ مۇئەييەن بىر دەۋرىدىكى سۆزلەرلا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(3) شېۋە سۆزلىرى بىلەن قەدىمكى سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشىشىپ قالسا، ئۇلارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. لېكىن، ھازىر «تىنچلاندۇرماق»، «قۇرۇق»، «قەپەس»، «مىراس»، «لاپاس» دېگەن مەنىدىكى «ئارغاداماق»، «قۇۋاق»، «قۇما»، «قۇرامساق»، «قالىق» دېگەن شېۋە سۆزلىرى بىلەن «ئالدىماق»، «ئورمان»، «كىچىك خوتۇن»، «ئوقدان»، «ئاسمان» دېگەن مەنىلەردىكى «ئارغاداماق»، «قۇۋاق»، «قۇما»، «قۇرامساق»، «قالىق» دېگەندەك قەدىمكى سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا خاس سۆزلەر بولمىغاچقا، ئۇلارنىمۇ ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئالدىنقىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىش دائىرىسى تولىمۇ تار بولغان شېۋە سۆزلىرى بولسا، كېيىنكىلىرى ھازىر ئىستېمالدىن پۈتۈنلەي قالغان قەدىمكى سۆزلەردۇر.

4) سۆز مەنىلىرىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئىچكى باغلىنىشقا ئەزەلدىن ئىگە بولمىغان ياكى بۇرۇن ئىگە بولسىمۇ، ھازىر بۇ خىل ئىچكى باغلىنىشى ئۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئىچكى باغلىنىشتا ئەزەلدىن ئىگە بولمىغان سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

① ئىچكى باغلىنىشتا ئەزەلدىن ئىگە بولمىغان تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ بىرىنى بىلدۈرىدىغان «پەش» ۋە «چاپان قاتارلىقلارنىڭ ئېتەك قىسمى»نى بىلدۈرىدىغان «پەش» دېگەن ئىسىملار بىلەن مۈشۈكنى قوغلاشتا ئىشلىتىلىدىغان «پەش» دېگەن ئىملىق سۆز؛ «كامان» نى بىلدۈرىدىغان «يا» دېگەن ئىسىم بىلەن تاللاش مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان «يا» دېگەن باغلىغۇچى سۆز ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

② ئىچكى باغلىنىشتا ئەزەلدىن ئىگە بولمىغان مۇستەقىل پېئىللارنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «كۆپەي -» دېگەن مەنىدىكى «ئارت -» بىلەن «يۈكنى جايلاشتۇر -» دېگەن مەنىدىكى «ئارت -»؛ «ساغلىق كۆيلىمەك» تىكى «كۆيلە -» بىلەن «مەدھىيەلە -» دېگەن مەنىدىكى «كۆيلە -» دېگەن مۇستەقىل پېئىللار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

③ ئىچكى باغلىنىشتا ئەزەلدىن ئىگە بولمىغان تۇرغۇن سۆز بىلەن مۇستەقىل پېئىلنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىشى كېرەك. مەسىلەن، «ياز كۈنى»دىكى «ياز»، كۆرسىتىش ئالمىشى «ئاۋۇ»، «جىق» دېگەن مەنىدىكى «كۆپ» دېگەن تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن «خەت ياز» دىكى «ياز -»، «كۆپەي -» دېگەن مەنىدىكى «ئاۋۇ -»، «يوغىنا، كېڭەي -» دېگەن مەنىدىكى «كۆپ -» دېگەن مۇستەقىل پېئىللار ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىشى كېرەك. لېكىن، ھازىر ئۇلارنىڭ

يېزىقتىكى شەكلى سۇنئىي ئۇسۇلدا، يەنى يېزىقتا پېئىللارنىڭ كەينىگە سىزىقچە قويۇلۇپ، بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلۈپ، ئاھاڭداش سۆزلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالمايۋاتىدۇ. ئەگەر لۇغەتلەردە بۇنداق ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ سۆز تۈركۈمى تەۋەلىكىنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئۇلار «ياز$^1$ (ئى)، ياز$^2$ (پ)» شەكلىدە ياكى «ياز$^1$، ياز ـ$^2$ » شەكلىدە پەرقلەندۈرۈلسىلا بولىدۇ.

(2) ھازىرقى دەۋردە مەنىلىرى دىففېرېنسىيەلەنگەن (بۆلۈنگەن) سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، «بەزى ئاھاڭداش سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ» دېگەن قائىدە بويىچە ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىشى كېرەك.

① مەنىلىرى بۆلۈنگەن تۈرغۇن سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىشى كېرەك. مەسىلەن، سەييارىلەرنىڭ بىرىنى بىلدۈرىدىغان «ئاي»، «ئاسمان»نى بىلدۈرىدىغان «كۆك» دېگەن سۆزلەر بىلەن ۋاقىت بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان «ئاي»، رەڭنىڭ بىر تۈرىنى بىلدۈرىدىغان «كۆك» دېگەن سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىشى كېرەك. لېكىن، ھازىر ئۇلارنى بەزىلەر كۆپ مەنىلىك بىر سۆز دەپ قاراۋاتىدۇ.

② ھازىرقى دەۋردە مەنىلىرى بۆلۈنگەن مۇستەقىل پېئىللارنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىشى كېرەك. مەسىلەن، «يۇگۇر ـ» دېگەن مەنىدىكى «چاپ ـ»، «ئايغىر بايتال بىلەن جۇپلەشمەك» دېگەن مەنىدىكى «چاپ ـ»، «يار ـ، كەس ـ» دېگەن مەنىدىكى «چاپ ـ» ۋە «سۇركە ـ»دېگەن مەنىدىكى «چاپ ـ» دېگەن پېئىللار؛ «نام بەر ـ» دېگەن مەنىدىكى «ئاتا ـ» بىلەن «بېغىشلا ـ» دېگەن مەنىدىكى «ئاتا ـ»؛ «ئىشىكنى ئاچماق» تىكى «ئاچ ـ» ۋە «قورساق ئاچماق» تىكى «ئاچ ـ»

بىلەن «ھۆسنىگە ھۆسن قوش ـ» دېگەن مەنىدىكى «ئاچ ـ»؛ «بىر ەر دائىرىدە ھەرىكەت قىل ـ» دېگەن مەنىدىكى «ئايلان ـ» بىلەن «باشقا ھالەتكە كىر ـ» دېگەن مەنىدىكى «ئايلان ـ» ۋە «تەقسىملەن ـ» دېگەن مەنىدىكى «ئايلان ـ»؛ «تۇتاشتۇر ـ» دېگەن مەنىدىكى «ياق ـ» بىلەن «دىلغا ياپ كەل ـ» دېگەن مەنىدىكى «ياق ـ» ۋە «ئىككى نەرسىنى يېقىن ئەكېلىپ تەگكۈز ـ» دېگەن مەنىدىكى «ياق ـ»؛ «ساقلا ـ» دېگەن مەنىدىكى «كۈت ـ» بىلەن «ھالىدىن خەۋەر ئال ـ» دېگەن مەنىدىكى «كۈت ـ» دېگەندەك پېئىللار ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىشى كېرەك. لېكىن، ھازىر ئۇلارنى بەزىلەر كۆپ مەنىلىك بىر سۆز دەپ قارىماقتا.

③ لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە تۇرغۇن سۆز بىلەن شۇ سۆزدىن بۆلۈنۈپ چىققان ۋە ھازىر گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىشى كېرەك. مەسىلەن، «شۇ»، «گەپ»، «ھەرقاچان»، «ئاساسەن»، «سەۋەبلىك» دېگەن تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن «سىزنى كۆرگىلى كەلدىم شۇ»، «ئۇ بىزنى تىللاپ كەتكەن گەپ» دېگەن جۈملىلەردىكى «شۇ»، «گەپ» ۋە پەرەز مەنىسىدىكى «ھەرقاچان»، «تۇيەيلى، ئۈچۈن» دېگەن مەنىدىكى «سەۋەبلىك»، «بىنائەن» دېگەن مەنىدىكى «ئاساسەن» دېگەندەك تىركەلمە ۋە يۈكلىمىلەر ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىشى كېرەك. چۈنكى، ھازىرقى دەۋردە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى بۆلۈنگەن، بۆلۈنگەندىمۇ لېكسىكىلىق مەنىدىن يۈكسەك ئابستىراكتلاشقان گىراماتىكىلىق مەنىگە بۆلۈنگەن. لېكىن، ھازىر ئاھاڭداش سۆزلەر بولۇشقا تېگىشلىك ئۇ تۈردىكى سۆزلەر كۆپ مەنىلىك بىر سۆز دەپ قارالماقتا.

④ مەلۇم بىر مۇستەقىل پېئىل بىلەن شۇ پېئىلدىن بۆلۈنۈپ چىققان ياردەمچى پېئىلنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىشى كېرەك. مەسىلەن،

«ئۆيدە بالا باقتىم»، «ئۇ قورالنى يەرگە تاشلىدى»، «كىتابنى سومكىغا سالدىم» دېگەن جۈملىلەردىكى «باق -»، «تاشلا -»، «سال -» دېگەندەك مۇستەقىل پېئىللار بىلەن «ئۆيىنى كۆرۈپ باقتىم»، «ئۇ بۇ ئەپتىمنى كۆرۈپ كۈلۈپ تاشلىدى»، «ئۇنىڭ پۇتىغا دەسسەپ سالدىم» دېگەن جۈملىلەردىكى «باق -»، «تاشلا -»، «سال -» دېگەندەك ياردەمچى پېئىللار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەنىلىرى بۆلۈنگەن. لېكىن، ھازىر ئۇ تۈردىكى ئاھاڭداش پېئىللار بىر سۆزگە يۇغۇرۇلۇپ، كۆپ مەنىلىك بىر سۆز دەپ قارالماقتا.

لېكىن، تۆۋەندىكىدەك تىل ھادىسىلىرىنى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

<1> مەنىلىرى بۆلۈنۈپ كەتمىگەن سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانماسلىقى كېرەك. لېكىن ھازىر «ئېسىلزادىلەرنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى»نى بىلدۈرىدىغان «بەگزادە» سۆزى بىلەن تەمى بەك تاتلىق بىر خىل قوغۇننى بىلدۈرىدىغان «بەگزادە» دېگەن سۆز؛ «نورغۇن پۇتلۇق، بوغۇم ئاياغلىق بىر خىل ھايۋان»نى بىلدۈرىدىغان «سەكسەنپۇت» دېگەن سۆز بىلەن «نورغۇن پۇتلۇق ياغاچ تۇلۇق» نى بىلدۈرىدىغان «سەكسەنپۇت» دېگەن سۆز؛ «جاڭ» دېگەن تەقلىد سۆز بىلەن چالغۇ ئەسۋابىنىڭ بىر تۈرى بولغان «جاڭ» دېگەن ئىسىم؛ «دوستلار ئارا»دىكى «ئارا» بىلەن «قولۇم ئارا بولۇپ قالدى» دىكى «ئارا» ۋە «ئارا پاشنا»دىكى «ئارا»؛ «يۈرەك پارە بولماق» تىكى «پارە» بىلەن «ئوتتۇز پارە قۇرئان»دىكى «پارە»؛ «پۇچۇق چىنە» دىكى «پۇچۇق» بىلەن «ئاغزى پۇچۇق» تىكى «پۇچۇق»؛ «توغرا تام»دىكى «توغرا» بىلەن «بۇ ئېتىزنىڭ توغرىسى 50 مېتىر»دىكى «توغرا»؛ «بىر قانچە تەرەپ ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن» دېگەن مەنىدىكى «بىرلەشمە» بىلەن «ئۇيۇشما» دېگەن مەنىلەردىكى «بىرلەشمە» دېگەندەك سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە،

ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ئەمەس، بەلكى كۆپ مەنىلىك بىر سۆز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەنىلىرى ھازىرقى دەۋردە بۆلۈنۈپ كەتمىگەن، ھەرقايسى مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش ھازىرمۇ بار.

<2> مەلۇم بىر تۇرغۇن سۆز ياكى پېئىلنىڭ بەزى مورفولوگىيەلىك شەكىللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ خاسلاشتۇرۇپ قوللىنىلىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان خاس ئىسىملارنى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. لېكىن، ھازىر «ھۆر، ئەركىن» دېگەن مەنىدىكى «ئازاد»؛ «باتۇر» دېگەن مەنىدىكى «قەيسەر»؛ بىر خىل ھايۋاننىڭ نامى بولغان «قۇندۇز» دېگەن سۆز ۋە «ئۇ بىر كىتاب سېتىۋالدى» دىكى «سېتىۋالدى» دېگەن پېئىل شەكلى بىلەن ئۇلارنىڭ خاسلاشتۇرۇپ قوللىنىلىشىدىن ھاسىل بولغان «ئازاد»، «قەيسەر»، «قۇندۇز»، «سېتىۋالدى» دېگەن خاس ئىسىملار ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارالماقتا. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ئەمەس، بەلكى كۆپ مەنىلىك بىر سۆزدۇر. چۈنكى، ھەرقانداق خاس ئىسىم، جۈملىدىن كىشى ئىسىملىرىنىڭ چوقۇم ئۆزىگە خاس مەنىسى بولىدۇ. شۇڭا، ئادەتتە بوۋاقلارغا ئات قويغاندا، سۆزنىڭ مەنىسى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. كىشى ئىسىملىرىدا ئىپادىلىنىدىغان مەنە بولسا دەل ئاشۇ ئادەتتىكى سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان مەنىنىڭ ئۆزىدۇر.

<3> سۆزلەر بىلەن ھازىر سۆزلۈك سالاھىيىتىدىن قالغان تىل تەركىبلىرىنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولسا، ئۇلارنى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. لېكىن، ھازىر «بەس، بولدى قىلىڭلار»، «مېھمان كەلگەندە مۇشۇكنى پەش دېمە»، «تاڭ ئاتتى»، «ئاتىڭىز بارمۇ؟» دېگەن جۈملىلەردىكى «بەس، پەش، تاڭ، ئاتا» دېگەن سۆزلەر بىلەن «بەس سال ـ، پەش قىل ـ، تاڭ قال ـ، ئاتا قىل ـ» دېگەن پېئىللار تەركىبىدىكى «بەس، پەش، تاڭ، ئاتا» دېگەن تىل تەركىبلىرى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ

قارالماقتا. مېنىڭچە، بۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئالدىنقىلىرى سۆز ھېسابلانسا، كېيىنكىلىرى تىلدا ئەركىن قوللىنىشقا بولمايدىغان تىل تەركىبلىرى — مورفېما ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بەزى ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىككەندىن كېيىنلا، ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان بىرلىك — سۆز، يەنى قوشما پېئىلنى ھاسىل قىلىدۇ، ئۆزى يەككە قوللىنىلمايدۇ. ئاھاڭداش سۆزلەر دېگەندە، ئۆزىنىڭ نامىدىن چىقىپ تۇرغىنىدەك سۆز بىلەن سۆزلا ئاھاڭداش بولالايدۇ.

<4> مەلۇم بىر پېئىل بىلەن شۇ پېئىلدىن بۇلۇنۇپ چىققان تۇرغۇن سۆزنى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، «مەن ئۇنىڭ ئورنىغا ئالماشتىم»، «يالغاندىن يۆتەلمە»، «قىزنىڭ قورسىقى تومپىيىپ قاپتۇ»، «دادام قېرىپ قالدى»، «مەن سىز بىلەن سىرداشقىلى كەلدىم» دېگەن جۈملىلەردىكى «ئالماش -، يۆتەل -، تومپاي -، قېرى -، سىرداش -» دېگەن پېئىللار بىلەن «بولۇشسىزلىق ئالماش»، «يۆتىلى توختىماق»، «تومپاي ئادەم»، «قېرى كالا»، «سىرداش دوستلار» دېگەن بىرىكمىلەردىكى «ئالماش، يۆتەل، تومپاي، قېرى، سىرداش» دېگەن تۇرغۇن سۆزلەرنى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرى پېئىل، يەنە بىرى تۇرغۇن سۆز بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن روشەن ئىچكى باغلىنىش بار.

5) تىل تەۋەلىكى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، كىرمە سۆزلەر بىلەن ئەسلىي ئۇيغۇرچە سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ:

(1) كىرمە سۆزلەر ئەسلىي شەكلىدە تۇرۇپ ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى بىلەن شەكلەن ئوخشاش بولسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، پارس تىلىدىن كىرگەن « باغ»



www.uyghurkitap.com

(باغچە) سۆزى بىلەن ئەسلىي ئۇيغۇرچە «باغ» سۆزى، رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن « ماي» (5 ـ ئاينىڭ نامى) سۆزى بىلەن ئەسلىي ئۇيغۇرچە « ماي» (ياغ) سۆزى ئۆزئارا ئاھاڭداش ھېسابلىنىدۇ.

(2) كىرمە سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئەسلىي ئۇيغۇرچە سۆزلەر بىلەن شەكلەن ئوخشاش بولسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «پۇل چېكى» دىكى «چەك (tfek)» سۆزى بىلەن «چەكتىن ئاشماق»، «تاماكا چەكمەك»، «ئىشىك چەكمەك» دېگەن بىرىكمىلەردىكى «چەك» دېگەن ئۈچ سۆز ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

(3) ئەينى تىلدىن ياكى باشقا ـ باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر ئەسلىي شەكلىدە تۇرۇپ ياكى تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە ئۇچراپ ئاھاڭداش سۆز بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇچە « zhēn » (真) دىگەن سۆز بىلەن «jin» (斤) سۆزى ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىغاندىن كېيىن، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، «جىڭ» دېگەن شەكىلدە تۇراقلاشقان ۋە ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆز بولۇپ قالغان. «تەبىئىي پەن»دىكى «پەن («fen)» دېگەن ئەرەبچە سۆز بىلەن «پەن تىلماق» تىكى «پەن (ban)» دېگەن خەنزۇچە سۆزمۇ ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

6) تەلەپپۇز ۋە يېزىلىش نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، تەلەپپۇزى بىلەن يېزىلىشى ئوخشاش، لېكىن مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بولمىغان سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

پەقەت يېزىلىشىلا ئوخشاش، ئەمما تەلەپپۇزى ئوخشىمايدىغان ھەم مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بولمىغان سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر ئەمەس، بەلكى شەكىلداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئارىغا چۈشمەك»، «ئاچا

يول»، «بولاق مانتا»، «تامنىڭ تۆشۈكى» دېگەن بىرىكمىلەردىكى «ئارا [ara]»، «ئاچا [atʃa]»، «بولاق [bolaq]»، «تۆشۈك [t∅ʃyk]» دېگەن سۆزلەر بىلەن «ياغاچ ئارا»، «ئاچام كەلدى»، «بىر بولاق دورا»، «تۆشۈكى بار ئايال» دېگەن بىرىكمىلەردىكى «ئارا [a:ra]»، «ئاچا [a:tʃa]»، «بولاق [bo:laq]»، «تۆشۈك [t∅:ʃyk]» دېگەن سۆزلەر شەكىلداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلاردىن ئالدىنقى سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار قىسقا سوزۇق تاۋۇش ھېسابلانسا، كېيىنكى سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ.

### 3. ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ تۈرى

ئاھاڭداش سۆزلەرنى ھەر خىل ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ھەر خىل تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئاھاڭداش سۆزلەرنى سۆز تۈركۈمىگە قاراپ تار مەنىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر ۋە كەڭ مەنىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

بىرلا سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولغان ئاھاڭداش سۆزلەر تار مەنىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

تاماق[1] (ئىسىم) — ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئۈستۈنكى چىشتىن تارتىپ بوغۇزغىچە بولغان قىسمى، قاتتىق تاڭلاي.

تاماق[2] (ئىسىم) — غىزا، تائام، يېمەكلىك.

ئارت ـ[1] (پېئىل) — كۆپەي ـ، ئاش ـ.

ئارت ـ[2] (پېئىل) — يۈكلە ـ.

بىرقانچە سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولغان ئاھاڭداش سۆزلەر كەڭ مەنىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

تاڭ[1] ـ (ئىسىم) — كۈنچىقىشنىڭ ئالدىدىكى پەيت،

سۇبھى، سەھەر.

تاڭ[2] (يۇكلىمە) — بىلمەسلىك.

تاڭ - [3] (پېئىل) — ئوراپ، يۆگەپ چىگ -، باغلا.

تاڭ[4] (رەۋىش) — ھەيران.

تاڭ[5] (تەقلىد سۆز) — قاتتىق جىسىملارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز.

تال[1] (ئىسىم) — ئادەم ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ بىرى.

تال[2] (ئىسىم) — تال - تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ياكى چاتقال.

تال[3] (مىقدار سۆز) — دانە.

تال[4] - (پېئىل) — ھار -، چارچا -.

ئاھاڭداش سۆزلەرنى قۇرۇلمىسىغا قاراپ تۈپ سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر، ياسالما سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر ۋە تۈپ سۆزلۈك - ياسالما سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر دېگەندەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) تۈپ سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر: بىرلا مۇستەقىل مورفېمىدىن تۈزۈلگەن ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئاھاڭداش سۆزلەر تۈپ سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ماددا[1] — قانۇن، نىزام، بەلگىلىمە، توختام، رەسمىي ھۆججەت قاتارلىقلارنىڭ رەقەم ياكى ھەرپ بىلەن ئايرىلغان مۇستەقىل بۆلىكى؛ تارماق.

ماددا[2] — جىسىملارنى تەشكىل قىلغۇچى نەرسە.

پالاق[1] — دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرىدىغان ياكى سوراقخانىلاردا گۇناھكارنى ئۇرىدىغان جازا قورالى؛ يېپسى تاياق.

پالاق[2] — بىخسىغان، بۇزۇلغان، سېسىپ قالغان (تۇخۇم ھەققىدە).

www.uyghurkitap.com

پالاق[3] — يىقىلىش، ئۇرۇلۇش ۋە تېز ھەم تاسادىپىي ھەرىكەتتىن چىقىدىغان ئاۋاز.

(2) ياسالما سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر: ئومۇمەن، ئاھاڭداش مۇستەقىل مورفېمىلارغا مۇئەييەن بىر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاھاڭداش سۆزلەر ياسالما سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

سازلىق[1] — «ساز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى (ئاۋازنىڭ سازلىقى).

سازلىق[2] — سۇيى، ئوت - چۆپلىرى بار بولغان پاتقاق جاي.

توپچى[1] — داۋاملىق توپ ئويناشقا بېرىلگەن ياكى مەلۇم توپ كوماندىسىغا قاتناشقان كىشى.

توپچى[2] — زەمبىرەك ئاتقۇچى، زەمبىرەك بىلەن قوراللانغان قىسىمدا ئىشلىگۈچى.

(3) تۈپ سۆزلۈك - ياسالما سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر: مەلۇم بىر مۇستەقىل مورفېمىغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن بۇ سۆز باشقا بىر تۈپ سۆزگە ئاھاڭداش بولۇپ كەلسە، بۇ خىل ئاھاڭداش سۆزلەر تۈپ سۆزلۈك - ياسالما سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

تاشلا -[1] — يەرگە قارىتىپ ئات.

تاش + لا -[2] — مۇقاۋىلا -.

قاشلا[1] — تاتىلا.

قاش + لا -[2] — قىرلا -، ئېگىزلە -.

ئوتلا -[1] — ئىچ -.

ئوت + لا -[2] — ئوت - چۆپ يە -.

### 4 . ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىش يوللىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك يوللار ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ :

1) تاسادىپىي ئاھاڭداش بولۇپ قېلىش ھادىسىسىدىن بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر پەيدا بولىدۇ. ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى شەيئىلەر چەكسىز بولىدۇ. تىل تاۋۇشلىرىنىڭ سانى بولسا تولىمۇ چەكلىك بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش بولمايدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبلىك، تىلىمىزدىكى چەكلىك تىل تاۋۇشلىرى بىلەن چەكسىز شەيئىلەرنى ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتىدىن بەزى ئاھاڭداش سۆزلەر تەبىئىي ھالدا تاسادىپىي پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن:

پەش[1] — مۇشۇكنى قوغلاش ـ ھەيدەشتە ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

پەش[2] — جۈملىدىكى تەڭداش تەركىبلەر ۋە قوشما جۈملىدىكى تارماق جۈملىلەرنى ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان تىنىش بەلگىسى.

پەش[3] — پەش قىلماق.

پەش[4] — چاپان، كۆڭلەك قاتارلىق كىيىملەرنىڭ ئالدى تەرىپى، ئېتەك قىسمى.

پەش[5] — دۈمبە ئەتراپىدىكى ماي ئارىلاش گۆش.

ياق ـ[1] — تۇتاشتۇر ـ.

ياق[2] ـ — دىلغا، خاھىشقا ماس كەل ـ، ماقۇل كۆر ـ، كۆڭۈلگە يارا ـ.

ياق[3] ـ — بىرنەرسىنى يەنە بىرنەرسىگە تەگكۈز ـ، چاپلا ـ.

ياق[4] — تەرەپ.

ياق[5] — بولماسلىق، رەت قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

2) كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى نەتىجىسىدە، بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بولىدۇ. لېكىن، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەزى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئىچكى باغلىنىش كىشىلەر پەرق ئېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە

سۇسلىشىپ كېتىدۇ ياكى ئۇزۇلۇپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇ سۆزنىڭ فونېتىكىلىق شەكلىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. نەتىجىدە، بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئاي[1] — يەر شارىنى ئايلىنىدىغان سەييارە.

ئاي[2] — يىلنىڭ ئون ئىككىدىن بىرى.

كۆك[1] — ئاسمان.

كۆك[2] — رەڭنىڭ بىر تۈرى.

كۆك[3] — يوغان ئاتلاپ تىكىلگەن تىكىچ.

3) سۆزلەردە تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىش نەتىجىسىدە، بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئايت ـ» (سۆزلە ـ، گەپ قىل ـ) دېگەن سۆزنىڭ تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشى كېيىنكى دەۋرلەردە «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئېيت ـ» شەكلىدە تۇراقلاشقان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئارت ـ» (پاكىزلا ـ، تازىلا ـ) دېگەن سۆز تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشىمۇ «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان ۋە «ر» تاۋۇشى «ي» تاۋۇشى بىلەن ئۆزگەتلىشىپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئېيت ـ» شەكلىدە تۇراقلاشقان. نەتىجىدە، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر بولۇپ شەكىللەنگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆرت» (يانغىن) دېگەن سۆزنىڭ تەركىبىدىكى «ئۆ» تاۋۇشى «ئو» تاۋۇشىغا ئۆزگەتلەشكەن ۋە «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئوت» شەكلىدە تۇراقلاشقان. نەتىجىدە، ئۇ سۆز «گىياھ، چۆپ» دېگەن مەنىدىكى «ئوت» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش سۆزلەر بولۇپ شەكىللەنگەن.

4) يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت:

بىرى، يېڭى ياسالغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆزنىڭ تەركىبىدىكى مۇستەقىل مورفېمىلار ئەسلىدىن ئاھاڭداش بولۇپ، ئۇلارغا مۇئەييەن بىر ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۇلانغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن يېڭى ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئاتلىق[1] — ئېتى بار، ئاتقا ئىگە، ئات قوشۇلغان.

ئاتلىق[2] — ئىسىملىك، ناملىق.

بوغۇزلۇق[1] — هايۋانلارغا يەم - خەشەك قىلىشقا مۇۋاپىق ئاشلىق، ئوزۇقلۇق.

بوغۇزلۇق[2] — چارۋا ماللارنىڭ پىچاق سۈرىدىغان، بوغۇزلىنىدىغان جايى.

يەنە بىرى، يېڭى ياسالغان مەلۇم بىر سۆز بىلەن بەزى تۈپ سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا ئاھاڭداش بولۇپ قېلىشىدىن بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

سانا [1] — بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى.

سان + ا - [2] — بىر - بىردىن، دانىمۇدانە ئۆتكۈزۈپ سانىنى ئېلىپ چىق -.

توقلا [1] — چىشىمەلدىن ئۆتۈپ ئىككى ياشقا تولۇش ئارىلىقىدىكى بارقا.

توق + لا - [2] — تويدۇر -، توق قىل -.

تىللا[1] — ساپ ئالتۇندىن سوقۇلغان پۇل، ئالتۇن تەڭگە.

تىل + لا - [2] — قوپال، سەت گەپ - سۆزلەر بىلەن هاقارەتلە -.

5) چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋال مەۋجۇت:

(1) چەت تىلدىن كىرگەن مەلۇم بىر سۆز ئەسلىي شەكلىدە تۇرۇپ ئۇيغۇر تىلىغا خاس بەزى سۆزلەر بىلەن ئۆزئارا

ئاھاڭداش بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

باغ[1] (ئۇيغۇرچە) — باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە.

باغ[2] (پارسچە) — مېۋىزارلىق.

ماي[1] (ئۇيغۇرچە) — ھايۋان ۋە ئادەملەرنىڭ تېرە ئاستىدىكى توقۇلمىلىرى ھەمدە ئۆسۈملۈكلەر تېنىدە بولىدىغان ئورگانىك ماددا.

ماي[2] (رۇسچە< لاتىنچە) — مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە 5 ـ ئاي.

(2) چەت تىلدىن كىرگەن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

چەك[1] (ئۇيغۇرچە) — داۋاملىشىۋاتقان نەرسە ياكى ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرى، توختاش نۇقتىسى؛ چېگراسى، بەلگىسى.

چەك ـ [2] (ئۇيغۇرچە) — بارماق، زەخمەك قاتارلىقلار بىلەن ئۇر ـ

چەك [3] ـ (ئۇيغۇرچە) — تارت ـ، سۈمۈر ـ.

چەك[4] (رۇسچە، ئەسلىسى: tʃek) — بانكىنىڭ پۇل ئېلىش، پۇل بېرىش مۇئامىلىسىدە ئىشلىتىلىدىغان ھۆججەت.

خالڭ[1] — ئۆلنى چىگداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان.

خالڭ[2] (خەنزۇچە، ئەسلىسى kuang) — كۆمۈر قېزىلىدىغان، كۆمۈر قېزىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئورۇن؛ كان.

(3) باشقا ـ باشقا تىللاردىن كىرگەن بەزى سۆزلەر ئەسلى شەكلىدە تۇرۇپ ياكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇلۇش نەتىجىسىدە ئۆزئارا ئاھاڭداش بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

پەي[1] (پارسچە) — قۇش تېنىنى قاپلاپ تۇرىدىغان

مۇڭگۇزسىمان نەيچىلەر ۋە شۇ نەيچىلەرنىڭ ئىككى يېنىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان يۇمشاق تۈك؛ موي.

پەي[2] (پارسچە) — بەدەندىكى مۇسكۇللارنى سۆڭەككە بىرلەشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئاق رەڭلىك مۇستەھكەم، ئەۋرىشىم توقۇلما؛ سىڭىر.

پەي[3] (خەنزۇچە) — ليەندىن تۆۋەن، بەندىن يۇقىرى بولغان، ئارمىيە قۇرۇلمىسىنىڭ ئىشتات بىرلىكى.

پۇت[1] (پارسچە) — ئادەم، هايۋان ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ گەۋدىسىنىڭ يەرنى تايىنىپ تۇرۇشى، يۇرۇشى ياكى ئۆمىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى؛ ئاياغ.

پۇت[2] (رۇسچە، ئەسلىسى: fud) — ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر پۇت 16.38 كىلوگىرامغا تەڭ بولىدۇ.

پەن[1] (ئەرەبچە، ئەسلىسى: fɛn) — تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھەمدە ئەتراپىتىكى مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىلىملەر سىستېمىسى.

پەن[2] (خەنزۇچە، ئەسلىسى: ban) — تاختاي.

6) سۆزلەر ئىخچاملىنىش نەتىجىسىدە مەنىسى كۆچۈپ بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئەسلىي بىر سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى بىر سۆز قىسقارتىلىدۇ ۋە شۇ قىسقارتىلغان سۆزگە خاس مەنە يەنە بىر سۆز ئۈستىگە كۆچۈپ تۇراقلىشىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ سۆز باشقا سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش سۆز بولۇپ شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

ساپلىق[1] (ئەسلىسى: ساپلىق + قازان) — سېپى بار كىچىك قازان.

ساپلىق[2] — سېپى بار، ساپ بېكىتىلگەن.

ساپلىق[3] — پاكىزلىق، ئارىلاشمىلاردىن خالىيلىق، پاكلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاماق[1] (ئەسلىسى: تاماق + يولى) ــ گال.
تاماق[2] ــ غىزا، تائام.

**5 . ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ رولى**

ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تىلدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۆزئارا ئالاقىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرمايدۇ. چۈنكى:

بىرىنچىدىن، ئاھاڭداش سۆزلەر چەكلىك تىل تاۋۇشلىرى ئارقىلىق چەكسىز شەيئىلەرنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئاھاڭداش سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان مەنىلەر ھامان كونتېكىستتا روشەنلىشىدۇ، كونكرېتلىشىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، تۈيۈق (شېئىر شەكلى) ۋە ماقالىلەردە ئىستىلىستىكىلىق رول ئوينايدۇ، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ئاشۇرىدۇ، تىلنى ئاھاڭدارلىققا، يېقىملىقلىققا ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن:

يوق قىيان كەلگەندە ئۆرۈلمەيدىغان تىك يار، بالام،
سەن گوياكى سەل بولۇپ، ئۆتكەل ـ توسۇقنى يار، بالام.
بولسا يار خالىس نىيەت، مەردانىلىك خىسلەت ساڭا،
باغرىنى ئاچقاي قەلەم قاش ئاھۇ كۆزلۈك يار، بالام.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تىل ئۇستىلىرى، شائىرلار خۇسۇسەن تۈيۈق ژانىرىدا تۇراق، ۋەزىن، قاپىيە قاتارلىقلارنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، سۆز بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەنمۇ ئىستىلىستىكىلىق ئاھاڭداش سۆزلەرنى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

سۆز قىلسا چاغلىماي ئالدى ـ ئارقىنى،
دەيدىكەن خەق: «سەندە نومۇس ـ ھار قېنى؟»
گەر خاتاغا كەلمىسە دەرھال جازا،
يوق دېمەك ھەقنىڭ ئۆزۈنكەن ئارقىنى.

بۇ تۆيۈقتا ئۈچ ئورۇندا ئىشلىتىلگەن «ئارقىنى» گەرچە مۇشۇ تۆيۈقنىڭ ئۆزىدە ئاھاڭداش بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئاھاڭداش سۆز ئەمەس. چۈنكى، بۇ تۆيۈقنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى «ئارقىنى» نىڭ تۈپى «ئارقا»؛ ئىككىنچى مىسراسىدىكى «ھار قېنى» نىڭ تۈپى «ئار ـ نومۇس» تىكى «ھار»، تۆتىنچى مىسراسىدىكى «ئارقىنى» نىڭ تۈپى «ئارقان». شۇڭا، ئۇلارنى لېكسىكا دائىرىسىدە سۆزلىنىدىغان ئاھاڭداش سۆزلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ.

## §2. شەكىلداش سۆزلەر

يېزىلىشى ئوخشىشىدىغان، ئەمما تەلەپپۇزى ئوخشىمايدىغان، مەنىلىرى ئۆزئارا باغلىنىشقا ئىگە بولمىغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆز شەكىلداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاچا[1] [atʃa] — بىر گەۋدىدىن ئاجرىلىپ چىققان، بۆلۈنگەن.

ئاچا[2] [a:tʃa] — بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئىچىدىكى ئۆزىدىن چوڭ ئايال تۇغقان؛ ھەدە.

ئارا[1] [ara] — ئىككى نەرسە ياكى ئىككى نۇقتا ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە، ئارىلىق.

ئارا[2] [a:ra] — دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ، تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان چىشلىق سايمان.

تۆشۈك[1] [tØyk] ـــ تېشىلگەن جاي، يېرىق؛ كامار، ئويۇقچە.

تۆشۈك[2] [tØyk] ـــ ① ئۆينىڭ تاماق سايمانلىرى ئورۇنلاشقان جايى؛ ② ئاش ـ تاماق ئېتىش ئىشى ۋە ماھىرى.

يېزىلىشى ئوخشاش بولغان سۆزلەرنىڭ شەكىلداش سۆزلەر ياكى ئاھاڭداش سۆزلەر ئىكەنلىكى مەركىزى سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ياكى قىسقا سوزۇق تاۋۇز ئىكەنلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر يېزىلىشى ئوخشاش بولغان سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى بىردەك قىسقا سوزۇق تاۋۇش ياكى ھەممىسى بىردەك ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلاردىن بولسا، بۇنداق سۆزلەر ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

چۆچەك[1] [tʃØ:tʃɛk] ـــ ئىنسانلارنىڭ ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى فانتازىيەلىك ئاساستا كۈلكىلىك ۋە قىزىقارلىق ھالدا ئەكس ئەتكۈزىدىغان ئاغزاكى ھېكايە.

چۆچەك[2] [tʃØ:tgɛk] ـــ ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان چىنە.

توپىلاڭ[1] [topilaŋ] ـــ قالايمىقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، ئۇرۇش ـ ماجىرا.

توپىلاڭ[2] [topilaŋ] ـــ يۇمشاق توپا بىلەن قاپلانغان ھالەت ۋە ئاشۇنداق جاي.

مانا بۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىر خىل، يەنى ئالدىنقى ئىككى سۆزنىڭ باش بوغۇمىدا بىردىن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش، ئاخىرقى بوغۇمىدا بىردىن قىسقا سوزۇق تاۋۇش بار. كېيىنكى ئىككى

سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىردەك قىسقا سوزۇق تاۋۇشلاردۇر.

ئەگەر يېزىلىشى ئوخشاش بولغان سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئىككى خىل بولسا، يەنى بىرى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆز، يەنە بىرى قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆز بولسا، بۇنداق سۆزلەر شەكىلداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

چاتاق[1] [tʃa:taq] — دەرەخ غولىدىن ئايرىلىپ چىققان شاخ؛ پۇتاق.

چاتاق[1] [tʃa:taq] — بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىق؛ يامان ئاقىۋەت، پېشكەللىك.

پاچاق[1] [pa:tʃaq] — پۇتنىڭ تىزدىن تۆۋەنكى قىسمى؛ شىراق.

پاچاق[2] [pa:tʃaq] — ئېزىلىپ، پۇكۇلۇپ سۇنغان، پارچىلانغان.

مانا بۇلار شەكىلداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، «چاتاق»، «پاچاق» لارنىڭ ئالدىنقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولسا، «چاتاق»، «پاچاق» لارنىڭ ئالدىنقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش قىسقا سوزۇق تاۋۇشتۇر.

جازا[1] [dʒa:za] — ياغاچ، تۆرلۈك مېتاللارنىڭ بىر ـ بىرىگە چېتىلىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلما.

جازا[2] [dʒa:za] — ئەيىب ياكى جىنايىتى ئۈچۈن كۆرۈلىدىغان چارە.

بۇنىڭدا «جازا» نىڭ ئالدىنقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولسا، «جازا» نىڭ كېيىنكى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتۇر. شۇڭا، ئۇلارمۇ شەكىلداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاتا [1] [ata] — بالىلىق ياكى بالىسى بار ئەر كىشى.
ئاتا [2] [a:ta] — («ئاتا قىل —» دىكى ئاتا ).
ئاتا[3] [ata] — ئات قوي — نام بەر —.
ئاتا [4] [ata] — بېغىشلا —، تەقدىم قىل —.
چازا[1] [tʃa:za] — چېگرادىكى تەكشۈرۈش ئورنى قاراۋۇلخانا؛ توسۇق.
چازا [2] [tʃa:za] — چاچ قاتارلىقلارنى قىسىپ قويىدىغان تۆمۈر ياكى سولياۋ بۇيۇم، قىسقۇچ.
چازا [3] [tʃa:za] — باداشقان.

بالا [1] [bala] — يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق.
بالا [2] [bala:] — باشقا كەلگەن ئاپەت، پالاكەت، خەۋپ - خەتەر.
بالا [3] [bala:] — ئۆينىڭ ئۈستىنى يېپىشتا سىنچى ياغاچ ئۈستىگە توغرىسىغا قويۇلىدىغان ۋە ئۈستىگە ۋاسا ئورنىتىلىدىغان ياغاچ؛ جەگە.

بۇ مىساللاردا «ئاتا[1]»، «ئاتا[3]» ، «ئاتا[4]» لەر ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولسا، «ئاتا[2]» گە نىسبەتەن شەكىلداش سۆزلەر بولىدۇ. «چازا[1]» ۋە «چازا[2]» لەر ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانسا، ئۇلار «چازا[3]» گە نىسبەتەن شەكىلداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. «بالا[2]» ۋە «بالا[3]» لەر ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانسا، ئۇ ئىككىسى «بالا[1]» گە نىسبەتەن شەكىلداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

«ئۈستى رەخت ياكى قەغەز قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن تېڭىلغان، يۆگەلگەن، بولانغان» دېگەن مەنىدىكى «بولاق [bo:laq]» بىلەن «خېمىر تۇرۇچ سېلىپ يولدۇرۇلغان، ئېچىتىلغان» دېگەن مەنىدىكى «بولاق [bolaq]»؛ «كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان جېدەل - ماجىراغا ئارىلاشقۇچى، ئارىغا كىرگۈچى كىشى» دېگەن مەنىدىكى «ئارىچى [aritʃi]» بىلەن

«ئارا ياسايدىغان ۋە ئۇنى ساتىدىغان ئادەم» دېگەن مەنىدىكى «ئارچى [a:rotʃi]»؛ «قاتتىق قىزىپ كۆيۈش، پارچىلىنىش، يېرىلىش، ئېتىلىش، چاڭ تارتقاندىن كېيىن ئۇزۇلۇش ۋە قاتتىق سىلكىنىپ قېقىلىشتىن ھاسىل بولغان ئاۋاز» نى بىلدۈرىدىغان «پارس [pars]» بىلەن «پارسلار» دېگەن مەنىدىكى «پارس [pa:rs]»، ھاشاراتنىڭ بىر تۈرىنى بىلدۈرىدىغان «پاشا [paʃa]» بىلەن خوتۇن - قىزلارنى چاقىرىشتا ھۆرمەتلەش ياكى ئەركىلىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان «پاشا [pa:ʃa]»؛ «نەرسىلەرنىڭ بىر - بىرىگە تېگىشى، ئۇرۇلۇشى، سوقۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز» نى بىلدۈرىدىغان «چاق [tʃaq]» ۋە «قاتتىق نەرسىلەرنى سۇندۇرۇپ ئۇششاقلىماق، پارچىلىماق، ئوشتۇماق، سۇندۇرماق» دېگەن مەنىدىكى «چاق [tʃaq]» بىلەن «قاتناش قوراللىرى، ھەر خىل ئەسۋابلار ۋە قۇرۇلمىلارنىڭ ئايلىنىدىغان دۈگىلەك قىسمى» نى بىلدۈرىدىغان «چاق [tʃa:q]» دېگەندەك سۆزلەرمۇ ئۆزئارا شەكىلداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

شەكىلداش سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىش يوللىرى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىش يوللىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا شەكىلداش سۆزلەرنىڭ سانى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ سانىدىن ئاز بولىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ئۇلار تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنى تىلدىكى تاۋۇش ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئوخشىماسلىقى شەكىلداش سۆزلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تۈپكى ئامىلدۇر. چۈنكى، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تۆت ئامىلىنىڭ بىرى بولغان تاۋۇش كۈچى ئۇرغۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ تىلدا ئۇرغۇنى شەكىللەندۈرسە، تاۋۇش ئۇزۇنلۇقى ئۇزۇن ۋە قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تىلدا ئۇزۇن ۋە قىسقا

سوزۇق تاۋۇشلارنى شەكىللەندۈرىدۇ.

## §3 ئاھاڭداش سۆزلەر ۋە شەكىلداش سۆزلەر بىلەن كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ پەرقى

ئاھاڭداش سۆزلەر بىلەن كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بەزىبىر ئوخشاشلىقلارغا ئىگە: بىرى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ۋە تەلەپپۇزى ئوخشاش بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ھەر ئىككىسى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنە ئىپادىلەيدۇ. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن بۇلارنى بىرنەرسە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ئۇلارنى مەنە مۇناسىۋىتى جەھەتتىن تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت. مەنە مۇناسىۋىتى جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، فونېتىكىلىق شەكلى ۋە تەلەپپۇزى ئوخشاش سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان لېكسىكىلىق مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىشنىڭ بار - يوقلۇقىغا، يەنى ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنىڭ بىر ئاساسىي مەنىدىن كېلىپ چىققان - چىقمىغانلىقىغا، ئەگەر مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بولسا، شۇ ئىچكى باغلىنىشنىڭ تىلىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئېنىقلىق دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە قاراش كېرەك. ئەگەر فونېتىكىلىق شەكلى ۋە تەلەپپۇزى ئوخشاش سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بولسا، يەنى ئۇ مەنىلەر بىر ئاساسىي مەنىدىن كېلىپ چىققان بولسا، يەنە كېلىپ بۇ مەنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش ھازىرقى دەۋردىمۇ

ئېنىق بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئاسانلا بايقىۋېلىنسا، بۇنداق سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزدىكى «يول» دېگەن سۆز ① ئادەم ياكى تىرانسپورت قاتنىشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن يەر بۆلىكى (ھارۋا يولى، دېڭىز يولى)؛ ② ھەرىكەت يۆنىلگەن تەرەپ، يۆنىلىش؛ نىشان (ئۇ يېزىدىكى دادىسىنىڭكىگە قايتىشنى ياكى خىزمەتچىنىڭ ئايالى بولۇشنى ئويلاپ كۆرۈپ، ئاخىرىدا كېيىنكى يولنى تاللىۋالدى)؛ ③ ئىشلەپچىقىرىش ۋە خەلق تۇرمۇشىغا خىزمەت قىلىدىغان سىم، تۇرۇبا قۇرۇلمىلىرى لىنىيەسى قاتارلىقلار (گاز يولى، توك يولى)؛ ④ سەپەر قىلىش، بىرەر ياققا بېرىش، ساياھەت (يول تەييارلىقى، يول خىراجىتى)؛ ⑤ بېسىپ ئۆتىدىغان مەنزىل، مۇساپە (ئۈچ ئايلىق يول)؛ ⑥ رەخت، قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرگە چۈشۈرۈلگەن پاراللېل تىك ھالەتتىكى سىزىق، ئىز (بىر يولى قارا، بىر يولى كۆك چىت)؛ ⑦ زىرائەت؛ يازما، باسما ئەسەرلەرنىڭ ھەربىر قاتارى؛ قۇر (ئۈچ يول خەت، يول - يول كېۋەز)؛ ⑧ غايىۋى يۆنىلىش، دۇنيا قاراش؛ مەسلەك (ئىككى يول كۈرىشى)؛ ⑨ بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسى؛ ئۇسۇل، چارە، تەدبىر، ئامال (پۇلى بارنىڭ يولى بار)؛ ⑩ ئەنئەنىۋى ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن؛ شەرىئەت؛ قانۇن (يولدىن چىقماق، يولدىن ئازماق)؛ ⑪ رىئايە، ھۆرمەت، ئىمكان، مەدەت، ئىجازەت (يول قويماق، ئىككىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇش)؛ ⑫ ئەقىل، مەسلىھەت (يول كۆرسەتمەك)؛ ⑬ مەرتە، قېتىم، نۆۋەت (بىر يول سۇ ئەكەلمەك) دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مىساللاردىكى «يول» دېگەن سۆز بىلدۈرىدىغان مەنە ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىچكى باغلىنىش بار. ئۇ بولسىمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر مەنىدىن كېلىپ چىققان. بۇ خىل باغلىنىش تىلىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچىدىمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ

تۇرىدۇ. شۇڭا، «يول» دېگەن سۆز كۆپ مەنىلىك سۆزدۇر. خۇددى شۇنىڭدەك، «تۆۋەنلىمەك» دېگەن سۆز ① پەس تەرەپكە قاراپ چۈشمەك، پەسلىمەك (سۇ تۆۋەنلەۋاتىدۇ)؛ ② تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىمەك، يۈرۈش قىلماق (بىز بوۋايغا ئەگىشىپ، بىردەم يۇقىرىلاپ، بىردەم تۆۋەنلەپ دېگۈدەك مېڭىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە داۋانغا چىقىپ بولدۇق)؛ ③ دەريانىڭ ئاخىرلىشىش تەرىپىگە، ئايىغىغا قاراپ ماڭماق (ئۇ ئات بىلەن قوغان يېزىسىدىن تۆمەن دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنلىمەكتە)؛ ④ مىقدارى ئازايماق، كەملىمەك (ئىمتىھان نەتىجىسى تۆۋەنلەپ كەتمەك)؛ ⑤ ئىش ئورنى، ئەمەل دەرىجىسى كىچىكلىمەك، پەسلىمەك (ئۇنىڭدەك ئادەملەرنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەمەلى تۆۋەنلىمەك)؛ ⑥ ئۈنۈمى يامان تەرەپكە قاراپ يۈزلەنمەك، ناچارلاشماق (ئۆگىنىش ئۈنۈمى تۆۋەنلىمەك، سۈپىتى تۆۋەنلىمەك)؛ ⑦ ئاجىزلاشماق، كۈچسىزلەشمەك، پەسلىمەك (ئاۋازى تۆۋەنلىمەك) دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئىچكى باغلىنىش بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى «پەس تەرەپكە قاراپ چۈشمەك، پەسلىمەك» دېگەن ئاساسىي مەنىدىن كەلگەن.

ئەگەر فونېتىكىلىق شەكلى ۋە تەلەپپۇزى ئوخشاش سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بولمىسا، يەنى ئۇلارنىڭ مەنىلىرى بىر ئاساسىي مەنىدىن كېلىپ چىقمىغان بولسا ياكى ئەسلىدە ھەرقايسى مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بار بولسىمۇ، يەنى بىر ئاساسىي مەنىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن تىلىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچىدا ئۇ خىل ئىچكى باغلىنىش ئاساسەن ئۈزۈلۈپ قېلىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئاسان بايقىيالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتكەن بولسا، بۇنداق سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن:

يار[1] — ئەڭ يېقىن كىشى. دوست، بۇرادەر، ئاغىنە.

يار[2] — تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن شەكىللەنگەن ئىنتايىن تىك چوڭقۇرلۇق؛ يارداڭ، قىيا.

يار[3] — پالتا، ھەرە، پىچاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن بىرەر نەرسىنى بۆلەكلەرگە ئايرىماق، پارچىلىماق، تىلماق، كەسمەك.

يۇقىرىقى مىساللاردىكى فونېتىكىلىق شەكلى ۋە تەلەپپۇزى ئوخشاش بولغان «يار» سۆزىدە ئىپادىلىنىدىغان ئۈچ خىل مەنە ئوتتۇرىسىدا قىلچە ئىچكى باغلىنىش يوق. شۇڭا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ياز پەسلىنى بىلدۈرىدىغان «ياز» بىلەن «قەغەز ياكى باشقا نەرسە يۈزىگە ھەرپ، رەقەم قاتارلىق بەلگىلەرنى چۈشۈرمەك، يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىمەك» دېگەن مەنىدىكى «ياز -» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ ھېچقانداق ئىچكى باغلىنىش يوق. شۇڭا، ئۇلارمۇ ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

بۇرۇن[1] — ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ پۇراش، نەپەسلىنىش ئورگىنى.

بۇرۇن[2] — ئىلگىرى، ئىلگىرىكى چاغلاردا، بالدۇر.

ئاي[1] — يەر شارىنى ئايلىنىدىغان بىر خىل سەييارە.

ئاي[2] — ئاي شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش داۋامىدىكى 28، 29، 30 ياكى 31 كۈن ۋاقىت دەۋرى.

ئېتىمولوگىيە نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، يۇقىرىقى ئىككى گۇرۇپپا سۆزدە ئىپادىلىنىدىغان مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بولسىمۇ، (يەنى بۇرۇن[2] نىڭ مەنىسى بۇرۇن[1]نىڭ مەنىسىدىن، ئاي[2]نىڭ مەنىسى ئاي[1]نىڭ مەنىسىدىن كېلىپ چىققان)، لېكىن بۇ خىل باغلىنىش تىل تەرەققىياتى جەريانىدا ئۈزۈلۈپ قېلىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن بايقىۋالالمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ قالغان. شۇڭا، بۇنداق سۆزلەر ھازىرقى زامان

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ئەمەس، بەلكى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىدۇ. («ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشرى، 97 ـ ۋە 150 ـ بەتلەرگە قاراڭ) خۇددى شۇنىڭدەك، «تېتىش، چايناش، تەلەپپۇز قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئەزا» نى بىلدۈرىدىغان «تىل» بىلەن «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى، تىل تاۋۇشلىرى، لۇغەت تەركىبى ۋە گىراماتىكىدىن تەركىب تاپقان بىر سىستېما» نى بىلدۈرىدىغان «تىل» دېگەن ئىككى سۆزدە ئىپادىلىنىدىغان مەنىلەر ئەسلىي بىر ـ بىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئىچكى باغلىنىش سۇسلىشىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇلارمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىدۇ (يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ 300 ـ بېتىگە قاراڭ).

كۆپ مەنىلىك سۆز قانچە خىل مەنىگە ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھامان بىر سۆزدۇر. ئاھاڭداش سۆزلەر بولسا ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەردۇر.

# ئالتىنچى باب

# لېكسىكىدىكى ئالاھىدە بىرلىك ــ ئىدىيوم

## §1. ئىدىيوم ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

«ئىدىيوم» سۆزى تىلىمىزغا رۇس تىلى ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن بولۇپ، لاتىن تىلىدىكى idioma دىن كىرگەن بولۇپ، «ئالاھىدە قىسقا بىرىكمىلەر (سۆز بىرىكمىسى)» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، لېكىن ھازىر «قۇرۇلمىسى تۇراقلىشىپ بىر پۈتۈن كۆچمە مەنىدە كېلىدىغان سۆز بىرىكمىلىرى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلماقتا. دېمەك، تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ يەككە لېكسىكىلىق مەنىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە مۇئەييەن بىر كۆچمە مەنە (ئۇقۇم)نى بىلدۈرىدىغان، سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى ئاساسەن تۇراقلاشقان لېكسىكىلىق بىرلىك «ئىدىيوم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىدىيومنىڭ مەنىسى شۇ ئىدىيومنى ھاسىل قىلىشقا قاتناشقان ھەربىر تەركىبىي قىسىمنىڭ يەككە مەنىلىرى ئاساسىدا ئوخشىتىش، تەقلىد قىلىش، كۆچۈرۈۋېلىش، مۇبالىغىلەشتۇرۇش، سىلىشتۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يارىتىلغان بىر خىل يېڭى لېكسىكىلىق مەنە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «دىلى سۇ ئىچمەك» دېگەن ئىدىيوم رازى بولماق، قانائەتلەنمەك دېگەن مەنىنى، «بەل باغلىماق» دېگەن ئىدىيوم نىيەت قىلماق، ئىرادىگە كەلمەك دېگەن مەنىنى، «تاش يۈرەك» دېگەن ئىدىيوم شەپقەتسىز دېگەن

مەنىنى، «قولى گۈل» دېگەن ئىدىيوم ھۈنەر ـ سەنئەتكە ئۇستا دېگەن مەنىنى، «تۆتنىڭ بىرى» دېگەن ئىدىيوم ئابروْيلۇق دېگەن مەنىنى، «ئوقۇرى ئېگىز» دېگەن ئىدىيوم ھالى چوڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ۋەھاكازا.

سۆز تىلدا ھەم لېكسىكىلىق بىرلىك، ھەم گىراماتىكىلىق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئىدىيوملارنىمۇ ھەم لېكسىكىلىق بىرلىك، ھەم گىراماتىكىلىق بىرلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، لېكسىكىلىق مەنە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىدىيوملار ئادەتتىكى سۆزلەرگە ئوخشاش ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ، مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئالغاندا، ئىدىيوملار سۆزگە ئوخشاش نام، خۇسۇسىيەت، ھەرىكەت، ھالەت قاتارلىقلارنى بىلدۈرۈپ سۆز تۈركۈملىك خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، تۈرلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. سىنتاكسىسلىق رولى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئىدىيوملار سۆزگە ئوخشاش جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ، ئىدىيوملار يەنە تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق مەلۇم سىنتاكسىسلىق باغلىنىشقا كېلىدىغانلىقى جەھەتتىن سۆز بىرىكمىسىگىمۇ ئوخشىشىدۇ. شۇڭا، ئىدىيوملار ئۈستىدە توختالغاندا، مانا بۇ بىر قاتار تەرەپلەردىن ئەتراپلىق كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش كېرەك.

### 1 . ئىدىيوملارنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى

1 ) ئىدىيوملار لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتە بىر پۈتۈنلۈككە، تۇراقلىقلىققا، مۇقىملىققا ئىگە. ئىدىيوملارنىڭ مەنىسى شۇ ئىدىيومنى ھاسىل قىلىشقا قاتناشقان ھەربىر تەركىبىي قىسىملارنىڭ يەككە تۇرغاندىكى مەنىلىرىنىڭ ئاددىي يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى ھەربىر تەركىبىي قىسىمنىڭ يەككە مەنىلىرى ئاساسىدا ھاسىل قىلىنغان ۋە بىر پۈتۈنلۈككە

ئىگە بولغان بىر خىل كۆچمە مەنىدۇر. بۇ خىل كۆچمە مەنە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ياكى تونۇلغان بولىدۇ، مەسىلەن، «ئاغزىنى بۇزماق» دېگەن ئىدىيوم تىللىماق دېگەن مەنىنى، «تومۇرىنى تۇتۇپ باقماق» دېگەن ئىدىيوم سىنىماق دېگەن مەنىنى، «ئالا كۆڭۈل» دېگەن ئىدىيوم ساداقەتسىز دېگەن مەنىنى، «تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك» دېگەن ئىدىيوم تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت دېگەن مەنىنى بىلدۈرگىنىگە ئوخشاش. دېمەك، لېكسىكىلىق مەنە نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئىدىيوملار بىلەن ئادەتتىكى سۆزلەر تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ، ئىدىيوملارنىڭ ئادەتتە لېكسىكولوگىيە دائىرىسىگە قويۇلۇشى ۋە تەتقىق قىلىنىشىمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، ئىدىيوملارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بۇ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ ئىدىيوملارنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولىدۇ.

2) ئىدىيوملارنىڭ بىر پۈتۈن مەنىسى پەقەت مۇئەييەن كونتېكستتىلا روشەنلىشىدۇ. كونتېكست ئىدىيوملارنى ئىدىيوم قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ، مەسىلەن، «كۆز قىزارماق» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى مىسالغا ئالساق، «ئۇيقۇسىزلىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ» دېگەن كونتېكستتا ئۇ بىرىكمە «ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ كۆرۈش ئورگىنى قىزىل ياكى شۇنىڭغا يېقىن تۈس ئالماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كېلىپ ئادەتتىكى (ئەركىن) سۆز بىرىكمىسى ھېسابلانسا، «قىز راسا ۋايىغا يەتكەندە، شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ كۆزى قىزىرىپ، قىزنى ئوردىغا ئەكېتىپتۇ» دېگەن كونتېكستتا ئۇ بىرىكمە «بىرەر نەرسىنى كۆرۈپ شۇ نەرسىگە ئېرىشكۈسى كېلىپ كەتمەك، نەپسى تاقىلدىماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ ئىدىيوم ھېسابلىنىدۇ.

3 ) ئىدىيوملارنىڭمۇ تۇس مەنىسى بولىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ خىل مەنە تۇراقلاشقان ھەم شۇ جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان بولىدۇ. ئىدىيوملارنىڭ تۇس مەنىسى ئوبرازلىق تۇس، ھېسسىي تۇس، ژانىر تۇسى، مىللىي تۇس، دىنىي تۇس، يەرلىك تۇس قاتارلىق تۇسلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

ئىدىيوملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوبرازلىق تۇسقا ئىگە. چۈنكى، ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى ئوخشىتىش، تەقلىد قىلىش، كۆچۈرۈپ كېلىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھاسىل قىلىنغان بىر خىل ئوبرازلىق مەنىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، «ئوت ئۈستىگە ياغ چاچماق» دېگەن ئىدىيومدىن مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى چوڭىيىشى ئۈچۈن قوزغاتقۇلۇق قىلماق دېگەن مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە يەنە ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيۇش ھەققىدىكى ئوبرازمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ. «پۇتى كۆيگەن توخۇدەك» دېگەن ئىدىيومدىن بىر جايدا تۇرالماي تېپىرلاپ كەتمەك دېگەن مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە يەنە توخۇنىڭ ئوتقا دەسسىۋالغاندىن كېيىنكى ھالىتى ھەققىدىكى ئوبرازمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ.

ئىدىيوملار يەنە قويۇق ھېسسىي تۇسقا ئىگە، شۇ سەۋەبلىك بەزى ئىدىيوملار مەخسۇس ئىجابىي ئوبيېكتقا ئىشلىتىلسە، مەسىلەن، «يۈرىكى ئويناپ كەتمەك»، «گۈلقەقەلىرى ئېچىلماق»، «قول قويماق». «قورسىقى كەڭ»، «قولى گۈل» دېگەندەك، يەنە بەزىلىرى مەخسۇس سەلبىي ئوبيېكتقا ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن، «بېشىنى يېمەك»، «چاشقانغا كېپەك ئالدۇرماسلىق»، «چاۋا يېگەن مۈشۈكتەك»، «ئېغىز - بۇرۇن يالاشماق»، «ئىچى قوتۇر»، «قولى ئەگرى» دېگەنگە ئوخشاش.

ئىدىيوملار ژانىر تۇسىغا ئىگە. دېمەكچىمىزكى، ئۇيغۇر

تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدىيومىلار ئىچىدىن تىلى ژانىرى ۋە يېزىق تىلى ژانىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژانىرىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ، يېزىق تىلىنىڭ باشقا ژانىرلىرىدا، بولۇپمۇ پەن ـ تېخنىكا ژانىرىدا كۆپ قوللىنىلمايدۇ. «ئاتلىق يۈرۈپ گۇل كۆرمەك»، «هارۋىدا ئولتۇرۇپ توشقان ئوۋلىماق»، «بارچە گۇللەر تەكشى ئېچىلماق»، «كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزماق»، «سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماق»، «ئاغرىققا قاراپ دورا بەرمەك»، «يېشىل چىراغ يېقىپ بەرمەك» دېگەندەك تەرجىمە يولى ئارقىلىق كىرگەن بىر قىسىم ئىدىيومىلار پەقەت يېزىق تىلى ژانىرىدا (ئەمەلىيەتتە، يېزىق تىلى ژانىرىنىڭ سىياسىي ـ مۇھاكىمە ژانىرىدا) كۆپ قوللىنىلىدۇ.

ئىدىيومىلار يەنە قويۇق مىللىي تۈس، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە. ئىدىيومىلارنى بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىشقا بولمايدىغانلىقى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بەزى ئىدىيومىلار يەنە دىنىي تۈس ئالغان بولىدۇ، مەسىلەن، «ئاچ كىرمەك»، «جىن چاپلىشىۋالماق»، «جىن تەگكەن»، «جىننى ئۇسسۇلغا سالماق»، «نان تۇتماق» دېگەندەك ئىدىيومىلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئېتىقاد قىلغان شامان دىنىغا خاس پۇراق ئىپادىلىنىسە، «تاهارەتسىز يەرگە دەسسىمەسلىك»، «تاھارەتتە سۇ بەرمەك»، «ئۇ دۇنياغا كەتمەك»، «تەقدىرگە تەن بەرمەك»، «تەرىتى بوش» دېگەن ئىدىيومىلاردىن ئىسلام دىنىغا خاس بىر خىل پۇراق ئىپادىلىنىدۇ.

يەنە بەزى ئىدىيومىلار يەرلىك تۈس ئالغان بولىدۇ، مەسىلەن، «بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرماق» دېگەن ئىدىيوم ئىلىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا كۆپ قوللىنىلسا، «بىر پۇڭنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرماق» دېگەن

www.uyghurkitap.com

ئىدىيوم جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ.

4) خۇددى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەردە دىيالېكت ـ شېۋىلەر ئارا پەرق بولغىنىدەك، ئىدىيوملاردىمۇ بۇ خىل پەرق بولىدۇ، گەرچە بۇ خىل پەرق دىيالېكت ـ شېۋە سۆزلىرىدىكىدەك گەۋدىلىك بولمىسىمۇ، مەسىلەن، «جاپاكەش، تەلەيسىز» مەنىسىدىكى «يىلىكى خور»، «مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىلماق، ماغدۇرسىزلانماق» دېگەن مەنىدىكى «يىلىكى خورىماق» دېگەن ئىدىيوملار قەشقەر شېۋىسىدە؛ «نەس باسماق» دېگەن مەنىدىكى «ئەمگىكى قېيىشماق»، «قىلچە تەسىر قىلماسلىق» دېگەن مەنىدىكى «يۇمۇرىغا يۇقماسلىق» دېگەن ئىدىيوملار قۇمۇل شېۋىسىدە؛ «ھۆل خىشقا دەسسەتمەك» دېگەن مەنىدىكى «پاشنا قويماق»، «پىسەنت قىلماسلىق» دېگەن مەنىدىكى «بۇرنىنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ قويماق» دېگەن ئىدىيوملار ئىلى شېۋىسىدە كۆپ قوللىنىلىدۇ.

5) ئىدىيوملارنىمۇ لېكسىكا نۇقتىسىدىن مەنە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بىر مەنىلىك ئىدىيوملار، كۆپ مەنىلىك ئىدىيوملار، مەنىداش ئىدىيوملار، ئاھاڭداش ئىدىيوملار، قارشى مەنىلىك ئىدىيوملار دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) بىر مەنىلىك ئىدىيوملار: بىرلا مەنە بىلدۈرىدىغان ئىدىيوملار بىر مەنىلىك ئىدىيوملار دېيىلىدۇ. بىر مەنىلىك ئىدىيوملار تىلىمىزدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، مەسىلەن، «توخۇ يۈرەك»، «پۇتىغا ھۆل خىش قويماق»، «چىشىغا تەگمەك»، «پۇرچىقى پىشماسلىق»، «تۆخۈمدىن تۈك ئۈندۈرمەك»، «قولى ئەگرى» دېگەندەك ئىدىيوملار.

(2) كۆپ مەنىلىك ئىدىيوملار: تىل تەرەققىياتى جەريانىدا مەنىسى كېڭىيىپ كۆپ مەنىلىك بولۇپ شەكىللەنگەن بىر ـ

بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنە بىلدۈرىدىغان ئىدىيوملار كۆپ مەنىلىك ئىدىيوملار دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «باش كۆتۈرمەك» دېگەن ئىدىيومنىڭ ① ئۆرلىمەك، كۆتۈرۈلمەك؛ ② پەيدا بولماق، قايتا جانلانماق، تىرىلمەك؛ ③قوزغالماق، قارشى چىقماق؛ ④ قەد كۆتۈرمەك؛ ⑤ داڭق چىقارماق دېگەندەك مەنىلەرنى، «قولغا ئالماق» دېگەن ئىدىيومنىڭ ① بىرەر ئىشقا كىرىشمەك، تۇتۇش قىلماق؛ ② ئىگىلىمەك، ئىشغال قىلماق دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرگىنىگە ئوخشاش. ئادەتتە، پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىيوملاردا كۆپ مەنىلىك ئىدىيوملار كۆپ ئۇچرايدۇ.

(3) مەنداش ئىدىيوملار: بەزى ئىدىيوملارنىڭ مەنىسى باشقا بىر ئىدىيومنىڭ مەنىسىگە ئوخشاش ياكى يېقىن بولىدۇ، بۇنداق ئىدىيوملار مەنداش ئىدىيوملار دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالماق» بىلەن «ئىچ پەش تارتىشىپ قالماق»؛ «ئاغزىنى ياغلىماق» بىلەن «ئارقا ئىشىك قىلماق»؛ «تېپىلماسنىڭ خورمىسى» بىلەن «ئەنقانىڭ تۇخۇمى» ۋە «توخۇ سۈتى»؛ «ئىچى دەريا» بىلەن «قورسىقى كەڭ»؛ «توخۇ جىرىم غاجىلىغاندەك» بىلەن «مۈشۈك پىياز يېگەندەك» دېگەن ئىدىيوملار مەنداش ئىدىيوملار ھېسابلىنىدۇ.

مەنداش ئىدىيوملار مەنىلىرى ئوخشاش ياكى يېقىن بولسىمۇ، لېكىن مەنىلىرىنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىقى، ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭ - تارلىقى ۋە تۈس مەنىسى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «يەر بىلەن يەكسان قىلماق»، «كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتمەك» دېگەن مەنداش ئىدىيوملاردىن «كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتمەك» دېگەن ئىدىيومنىڭ مەنىسى چوڭقۇرراق، «دوپپىسىغا جىگدە سالماق»، «بۇرۇتىغا چاڭگا تىزماق» دېگەن ئىدىيوملار ئوخشاشلا «ئالدىماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسىمۇ،

لېكىن ئۇلاردىن «بۇرۇنىغا چاڭگا تىزماق» دېگەن ئىدىيوم ئاساسەن كىچىكلەرنىڭ ئۆزىدىن چوڭلارنى ئالدىغانلىقىغا ئىشلىتىلسە، «دوپپىغا جىگدە سالماق» دېگەن ئىدىيوم ھەممىگە ئورتاق قوللىنىلىدۇ. «ئالەمدىن ئۆتمەك»، «بېشىنى يېمەك» دېگەن ئىدىيوملار ئوخشاشلا «ئۆلمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن ئالدىنقىسى ئىجابىي ئوبيېكتقا، كېيىنكىسى سەلبىي ئوبيېكتقا ئىشلىتىلىدۇ.

(4) ئاھاڭداش ئىدىيوملار: بەزى بىر مەنىلىك ئىدىيوملار مەنىلىرىنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە كۆپ مەنىلىك ئىدىيوم بولۇپ شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش كىشىلەر پەرق ئېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە سۇسلىشىپ كەتكەن. بىز بۇنداق ئىدىيوملارنى ئاھاڭداش ئىدىيوم دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. مەسىلەن، «كۆزىگە قارىماق[1]» رايىغا باقماق دېگەن مەنىنى، «كۆزىگە قارىماق[2]» ئېھتىيات قىلماق دېگەن مەنىنى، «كۆزىگە قارىماق[3]» بىرەر نەرسىنى قولدىن چىقىرىشقا قىيماسلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئاغزىغا قاراپ قالماق[1]» قىلىنىۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرگە ھەيران قالماق دېگەن مەنىنى، «ئاغزىغا قاراپ قالماق[2]» بىراۋنىڭ يولىيورۇقى، مەسلىھەتىگە قاراشلىق بولۇپ قالماق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(5) بەزى ئىدىيوملارنىڭ مەنىلىرى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولىدۇ، بۇنداق ئىدىيوملار قارىمۇقارشى مەنىلىك ئىدىيوملار دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «دىلى يۇمشاق» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «باغرى قاتتىق» دېگەن ئىدىيوم، «بېلى چىڭ» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «بېلى بوش» دېگەن ئىدىيوم، «كۆككە كۆتۈرمەك» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «يەرگە ئۇرماق» دېگەن ئىدىيوم، «ئاغزى بوش» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «ئاغزى چىڭ» دېگەن ئىدىيوم، «ئالا كۆچۈكلىرى كەلمەك» دېگەن ئىدىيوم

بىلەن «ئالا كۆچۈكلىرى كەتمەك» دېگەن ئىدىيوملار قارشى مەنىلىك ئىدىيوملار ھېسابلىنىدۇ.

**2. ئىدىيوملارنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى**

1) ئىدىيوملار خۇددى سۆزگە ئوخشاش قۇرۇلما جەھەتتە تۇراقلىقلىققا، مۇقىملىققا ئىگە، لېكىن بۇ خىل تۇراقلىقلىق، مۇقىملىق ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى تۇراقلىقلىقى ۋە مۇقىملىقىغا قارىغاندا نىسپىي بولىدۇ، بۇنى تۆۋەندىكى بىر ـ قانچە نۇقتىدىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ:

(1) بىر قىسىم ئىدىيوملارنىڭ تەركىبىدىكى بەزى سۆزلەر بەزىدە قىسقارتىۋېتىلىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگە، تۇراقلىقلىقىغا تەسىر يەتمەيدۇ، مەسىلەن، ئەسلىدىكى «يارىنىڭ ئۈستىگە تۇز سەپمەك»، «يوق يەردىن پۈتاق چىقارماق»، «بېشىدىن ياغاچ ئوشتۇماق»، «ئادەمنىڭ جىنىنى چىقارماق»، «تاپانتۇزاق قۇرماق»، «ئالەم ـ مالەمنى بېشىغا كىيمەك» دېگەن ئىدىيوملار بەزىدە ئىخچاملىنىپ «يارىغا تۇز سەپمەك»، «پۈتاق چىقارماق»، «ياغاچ ئوشتۇماق»، «جىنىنى چىقارماق»، «تۇزاق قۇرماق»، «بېشىغا كىيمەك» دېگەن شەكىللەردە قوللىنىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگە، تۇراقلىقلىقىغا تەسىر يەتمەيدۇ.

(2) كونتېكىستتا بىر قىسىم ئىدىيوملارنىڭ تەركىبلىرى ئارىسىغا بەزى سۆزلەر قوشۇپ ئىشلىتىلسىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگە، تۇراقلىقلىقىغا تەسىر يەتمەيدۇ. مەسىلەن:

① توختىئاخۇننىڭ ئاغزى ئەمدىلا ئاشقا تېگىۋىدى، ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن بالا ـ قازا بىچارىنى يەنە ھالىدىن كەتكۈزدى.

② ئەلنىڭ بېشىغا يەنە نېمە كۈنلەر چۈشەركىن...

③ ئەمدى ئۇنىڭ ئىشىغا زادى ئارىلاشمايمەن، ئۆتكەندە ئارىلىشىپ بۇرنۇمغا خېلى سۇ كىردى.

مىسال ① دىكى «ئاغزى ئاشقا تەگمەك» دېگەن ئىدىيوم تەركىبىگە «ئەمدىلا» دېگەن سۆز، مىسال ② دىكى «بېشىغا كۈن چۈشمەك» دېگەن ئىدىيوم تەركىبىگە «يەنە نېمە» دېگەن سۆز، مىسال ③ تىكى «بۇرنىغا سۇ كىرمەك» دېگەن ئىدىيوم تەركىبىگە «خېلى» دېگەن سۆز قوشۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگە، تۇراقلىقلىقىغا تەسىر يەتمىگەن.

(3) كونتېكستتا بەزى ئىدىيوملارنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلۇپ ئېيتىلسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگە، تۇراقلىقلىقىغا تەسىر يەتمەيدۇ. مەسىلەن:

① مۇبادا بىرەر قىيىنچىلىق يۈز بېرىپ، بېشىڭغا كۈن چۈشىدىكەن، سېنىڭ بېشىڭغا چۈشكەن كۈن مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەنگە ئوخشاش.

② دۈشمەننىڭ دوپپىمىزغا سالغان جىگدىسىنى «پۇۋ» دېمەي هاپ ئېتىپ، كۆرگەن كۈنىمىز ئازمۇ؟

مىسال ① دە «بېشىغا كۈن چۈشمەك» دېگەن ئىدىيوم تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلغان، مىسال ② دە «دوپپىسىغا جىگدە سالماق»، «كۈن كۆرمەك» دېگەن ئىدىيوملارنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلغان، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ ئىدىيوملارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكى ۋە تۇراقلىقلىقىغا يەنىلا تەسىر يەتمىگەن.

ئىدىيوملارنىڭ قۇرۇلمىسى ئومۇمەن تۇراقلىق بولىدۇ دېگەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ:

( 1 ) ئىدىيوم تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئومۇمەن خالىغانچە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئەگەر ئالماشتۇرۇلسا،



www.uyghurkitap.com

ئىدىيومىلارغا خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىيومىلۇق مەنىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئەركىن سۆز بىرىكمىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، «دوپپىسىنى جىگدە سالماق» دېگەن ئىدىيومنى «جىگدىنى دوپپىسىغا سالماق» دەپ، «قورسىقىغا جىن كىرمەك» دېگەن ئىدىيومنى «جىن قورسىقىغا كىرمەك» دەپ، «ئىچىدە زەھەر قاينىماق» دېگەن ئىدىيومنى «زەھەر ئىچىدە قاينىماق» دەپ، «چۆچۈرىنى خام سانىماق» دېگەن ئىدىيومنى «خام چۆچۈرىنى سانىماق» دەپ، «شەيتانغا دەرس بەرمەك» دېگەن ئىدىيومنى «دەرسنى شەيتانغا بەرمەك»دەپ، «پۇتى كۆيگەن توخۇدەك» دېگەن ئىدىيومنى «توخۇنىڭ پۇتى كۆيگەندەك» دەپ ئىپتىشقا بولمايدۇ.

بەزىلەر ئىدىيومىلارنىڭ قىسمەن تەركىبلىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ، سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن، «ئاچ كۆز» دېگەن ئىدىيومنى «كۆزى ئاچ» دەپ، «قاپاقباش» دېگەن ئىدىيومنى «بېشى قاپاق» دەپ ئىشلىتىش مۇمكىن دەپ قارايدۇ، ئەگەر بۇنداق قارالسا، بۇ تۈردىكى ئىدىيومىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرۇلمىسى تۇراقسىز بولىدۇ دېگەن يەكۈن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بىزچە ئۇلارنى تەركىبلىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ، سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئىدىيومىلار دېگەندىن كۆرە، ئىككى خىل شەكىلدە ئىشلىتىپ تۇراقلاشقان ئىدىيومىلار دېگەن مۇۋاپىق. بۇلار قاتارىدا يەنە «قارا نىيەت» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «نىيىتى قارا» دېگەن ئىدىيومنى، «ئۇزۇن قۇلاق» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «قۇلىقى ئۇزۇن» دېگەن ئىدىيومنى، «يۇمشاق كۆڭۈل» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «كۆڭلى يۇمشاق» دېگەن ئىدىيومنى، «ئۇزۇن تۇمشۇق» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «تۇمشۇقى ئۇزۇن» دېگەن ئىدىيومنى، «تۈز كۆڭۈل» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «كۆڭلى تۈز» دېگەن ئىدىيومنى، «كەڭ قورساق»

www.uyghurkitap.com

دېگەن ئىدىيوم بىلەن «قورسىقى كەڭ» دېگەن ئىدىيومنى، «بىر تاغار» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «تاغاردا بىر» دېگەندەك نۇرغۇن ئىدىيوملارنىمۇ كۆرسىتىشكە بولىدۇ، شۇڭا، ئۇ تۇردىكى ئىدىيوملارنى ۋارىيانتلىق ئىدىيوملار دېگەن مۇۋاپىقراق.

(2) ئىدىيوم تەركىبىدىكى مەلۇم بىر سۆزنى شۇ ئىدىيوم تەركىبىدە بولمىغان باشقا بىر سۆزگە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئالماشتۇرۇلسا، يەنىلا ئىدىيوملۇق خاراكتېرىنى ۋە ئىدىيوملۇق مەنىسىنى يوقىتىپ، ئادەتتىكى بىرىكمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، «ئارپىسىنى خام ئورۇماق» دېگەن ئىدىيومنى «بۇغدىيىنى خام ئورۇماق» ياكى «ئارپىسىنى پىشۇرۇپ ئورۇماق» دەپ، «بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماق» دېگەن ئىدىيومنى، «بىر چالمىدا ئىككى قاغىنى سوقماق» دەپ، «چۆچۈرىنى خام سانىماق» دېگەن ئىدىيومنى «جۇۋاۋىنى خام سانىماق» دەپ، «يۇمىلاق تاۋۇز» دېگەن ئىدىيومنى «يۇمىلاق قوغۇن» ياكى «ئۇزۇنچاق تاۋۇز» دەپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئەمدى «قاپىقىدىن مۇز ياغماق» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «قاپىقىدىن توڭگۇز ياغماق» دېگەن ئىدىيوم، «ئاغزى يالاقتەك بولۇپ كەتمەك» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «ئاغزى كېپىشتەك بولۇپ كەتمەك» دېگەن ئىدىيوم، «گېپى ئۆتمەك» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «گېپى ئاقماق» دېگەن ئىدىيوم، «بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالماق» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «بېشىنى قولتۇقىغا تىقىۋالماق» دېگەن ئىدىيوم، «ئىچى زەھەر» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «ئىچى قوتۇر» دېگەندەك ئىدىيوملارغا كەلسەك، قارىماققا ئۇلاردا «مۇز» نىڭ ئورنىغا «توڭگۇز»، «يالاقتەك» نىڭ ئورنىغا «كېپىشتەك»، «ئۆتمەك» نىڭ ئورنىغا «ئاقماق»، «ئىچ» نىڭ ئورنىغا «قولتۇق»، «زەھەر» نىڭ ئورنىغا «قوتۇر» سۆزلىرى ئالماشقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار تىلىمىزدا مەنە جەھەتتىكى بىر

پۈتۈنلۈكىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا يۇقىرىقىدەك ئىككى شەكىلدە ئىشلىتىلىپ ئۆزلەشكەن، شۇڭا بۇ تۈردىكى ئىدىيوملارنىمۇ ۋارىيانتلىق ئىدىيوم دەپ ئاتاش ئەڭ مۇۋاپىق.

(3) ئىدىيوملارنىڭ تەركىبىدىكى بەزى سۆزلەرنى شۇ سۆزنىڭ مەنىداشلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئالماشتۇرۇلسا، يەنىلا ئىدىيوملۇق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، ئادەتتىكى بىرىكمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، «تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك» دېگەن ئىدىيومنى «تۇخۇمدىن يۇڭ ئۈندۈرمەك» دەپ، «قولى ئەگرى» دېگەن ئىدىيومنى «قولى مايماق» دەپ، «قولى قىسقا» دېگەن ئىدىيومنى «قولى كالتە» دەپ، «دۆلەت قۇشى قونماق» دېگەن ئىدىيومنى «بايلىق قۇشى قونماق» دەپ، «قىلنىڭ ئۈستىدە تۇرماق» دېگەن ئىدىيومنى «يۇڭنىڭ (ياكى تۈكنىڭ) ئۈستىدە تۇرماق» دەپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئەمدى «دوپپىسىغا جىگدە سالماق» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «بۆكىگە جىگدە سالماق» دېگەن ئىدىيوم، «بىر پۇتىنىڭ ئۈستىدە تۇرماق» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «بىر تىپىنىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرماق» دېگەن ئىدىيوم، «يۇرتىكى ئورنىغا چۈشمەك» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «يۇرتىكى جايىغا چۈشمەك» دېگەن ئىدىيوم، «بېشى كۆككە تاقاشماق» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «بېشى ئاسمانغا تاقاشماق» دېگەن ئىدىيوم، «ساقىلىغا ياماشماق» دېگەن ئىدىيوم بىلەن «ساقىلىغا ئېسىلماق» دېگەندەك ئىدىيوملارغا كەلسەك، قارىماققا ئۇلاردا «دوپپا» نىڭ ئورنىغا «بۆك»، «پۇت» نىڭ ئورنىغا «تىپىن»، «ئورۇن» نىڭ ئورنىغا «جاي»، «كۆك» نىڭ ئورنىغا «ئاسمان»، «ياماشماق» نىڭ ئورنىغا «ئېسىلماق» دېگەندەك مەنىداش سۆزلەر ئالماشقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارمۇ مۇشۇنداق ئىككى خىل شەكىلدە ئىشلىتىلىپ تۇراقلاشقان.

www.uyghurkitap.com

2) ئۇيغۇر تىلىدا ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش، تولدۇرغۇچىلىق باغلىنىش ۋە ھالەتلىك باغلىنىش (سۆز تەرتىپىنى سىنتاكسىسلىق ۋاستە قىلغان ھالەتلىك باغلىنىش بۇنىڭ سىرتىدا) تىكى بىرىكمىلەرنىڭ ئورنى نىسبەتەن ئەركىن بولىدۇ. شۇڭا، بۇ تۈردىكى بىرىكمىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىشكىمۇ، تارايتىشقىمۇ بولىدۇ، خۇددى شۇنىڭدەك، تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش، تولدۇرغۇچىلىق باغلىنىش ۋە ھالەتلىك باغلىنىش (سۆز تەرتىپىنى سىنتاكسىسلىق ۋاستە قىلغان ھالەتلىك باغلىنىش بۇنىڭ سىرتىدا) تا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىر قىسىم ئىدىيومىلارنىڭ تەركىبلىرى ئارىسىغا بەزى سۆزلەرنى قوشۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگە تەسىر يەتمەيدۇ، ئەكسىچە شۇ ئىدىيومنىڭ مەنىسى تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ، ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمى ئاشىدۇ، مەسىلەن:

① خۇماخاننىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىدى، ئۇ كىچىككىئاخۇننىڭ ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيەسىنى سىناپ باقماقچى، ناۋادا تەقدىر كېيىنچە شۇنداق بولۇپ قالسا، كىچىككىئاخۇننىڭ تومۇرىنىڭ قانداقراق سوقىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچىدى.

② — بىز ئۇ ساقچىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايمىز.

— ئەمىسە، ئاغزىنى تېزرەك تۇۋاقلاڭلار، ھازىرلا.

③ روزىخان ... ئىچى سىيرىلغان ھالدا: «سەن دوپپامغا يەنە جىگدە ساپسەن ـ دە» دېدى.

④ سىلەرنى ئاياشنىڭ يولى، ئەلۋەتتە، نەسىھەت قىلىشلا ئەمەس، بۇرنۇڭلارغا ئانچە ـ مۇنچە سۇ كىرگىنىمۇ تۈزۈك.

مىسال ① دە ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىشتىكى «تومۇرى سوقماق» دېگەن ئىدىيومنىڭ تەركىبلىرى ئارىسىغا «قانداقراق»

دېگەن سۆز، مىسال ② دە تولدۇرغۇچىلىق باغلىنىشتىكى «ئاغزىنى تۇۋاقلىماق» دېگەن ئىدىيومنىڭ تەركىبلىرى ئارىسىغا «تېزرەك» دېگەن سۆز، مىسال ③، ④ لەردە ھالەتلىك باغلىنىشتىكى «دوپپىسىغا جىگدە سالماق»، «بۇرنىغا سۇ كىرمەك» دېگەن ئىدىيوملارنىڭ تەركىبلىرى ئارىسىغا «يەنە»، «ئانچە ـ مۇنچە» دېگەن سۆزلەر قوشۇلغان.

3) ئىدىيوملار سىنتاكسىسلىق رولى جەھەتتىن ئالغاندا، ئومۇمەن جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ (ئىدىيوملارنىڭ جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىشى ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق تۈرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، شۇ مەزمۇنلارغا قالدۇرۇلدى).

4) ئۇيغۇر تىلىدا بىر قىسىم سۈپەتلەرگە « ـ لىق // ـ لىك // ـ لۇق // ـ لۈك» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ، ئۇلارنى ئىسىملاشتۇرغىلى بولغىنىدەك، بەزى سۈپەت خاراكتېرلىك ئىدىيوملارغا بۇ قوشۇمچىلارنى قوشۇپ، ئۇلارنى ئىسىملاشتۇرغىلىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، «توخۇ يۈرەك» ← «توخۇ يۈرەكلىك»، «يۇمىلاق تاۋۇز» ← «يۇمىلاق تاۋۇزلۇق»، «تۈز كۆڭۈل» ← «تۈز كۆڭۈللۈك»، «ئاچپاقا» ← «ئاچپاقىلىق»، «قولى قىسقا» ← «قولى قىسقىلىق» دېگەندەك.

بىر قىسىم ئىسىم خاراكتېرلىك ئىدىيوملارغا بەزى ياردەمچى پېئىللارنى قوشۇپ، ئۇلارنى پېئىللاشتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار، مەسىلەن، «بوينى قاتتىقلىق قىلماق»، «باغرى تاشلىق قىلماق»، «قولى قىسقا بولماق»، «ئەستەرلىك گەپ قىلماق»، «توققۇزى تەل بولماق» قاتارلىقلار.

ئىدىيوملارنى گىراماتىكا نۇقتىسىدىنمۇ ھەر خىل ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ھەر خىل تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئىدىيوملارنى ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق رولىغا ئاساسەن، ئىسىم خاراكتېرلىك ئىدىيوم، سۈپەت

خاراكتېرلىك ئىدىيوم، رەۋىش خاراكتېرلىك ئىدىيوم ۋە پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىيوم دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) ئىسىم خاراكتېرلىك ئىدىيوملار: ئىسىمنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، جۈملىدىكى رولى ئىسىملارغا ئوخشاش بولغان ئىدىيوملار ئىسىم خاراكتېرلىك ئىدىيوملار دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «ئەستەرلىك گەپ»، «يۇمىلاق تاۋۇز»، «تۈيۈق يول»، «ئارقا ئىشىك» دېگەندەك ئىدىيوملار.

ئىسىم خاراكتېرلىك ئىدىيوملار جۈملىدە ئىسىملارغا خاس تۈرلۈك گىرامماتىكىلىق شەكىللەردە كېلىپ، كۆپ ھاللاردا ئىگە، تولدۇرغۇچى، ھالەت ۋە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇرمىدىن كېيىنلا خامانىنىڭ باش بۇرنى سىنىپتىڭ، تۆلىۋېتىمىز، ئازراق قەرز بەرگىن. (ئىگە)

② سىز بۇ قوش ئەستەرلىك گەپنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ (تولدۇرغۇچى)

③ ئابلىكىم گەپنى تۈگىتىپ رومكىدىكى ھاراقنى ئاچچىق كۆزلۈك بىلەن ئىچمىۋەتتى ۋە گويا كۆكسى ـ قارنى بوشىغۇدەك ئۇلۇغ بىر «ئۇف» تارتتى. (ھالەت)

④ بۇ خۇنپەر بىلەن مەخسۇت بەگ بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى. (خەۋەر)

2) سۈپەت خاراكتېرلىك ئىدىيوملار: سۈپەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، جۈملىدىكى رولى سۈپەتكە ئوخشاش بولغان ئىدىيوملار سۈپەت خاراكتېرلىك ئىدىيوملار دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «يېنى توم»، «ئوقۇرى ئېگىز»، «ئىچى قوتۇر»، «تەرىتى بوش»، «تۇخۇمى بۇزۇق»، «قولى ئەگرى»، «يۈزى تۆۋەن» قاتارلىق ئىدىيوملار.

سۈپەت خاراكتېرلىك ئىدىيوملار سۈپەتلەرگە خاس ھالدا قىسمەن تۈرلىنەلەيدۇ (مەسىلەن، «قولى قىسقا» ← «قولى قىسقىراق»، «يۈزى تۆۋەن» ← «يۈزى تۆۋەنرەك» ...)، ھەم

سۈپەتلەردەك دەرىجە رەۋىشلىرى تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ، لېكىن رەۋىشلەر ئادەتتە ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلەلمەيدىغان بولغاچقا، دەرىجە رەۋىشلىرى بۇ تۈردىكى ئىدىيوملارنى ئېنىقلىغاندا، بەزىدە شۇ ئىدىيومنىڭ ئالدىغا بىرىكسە، يەنە بەزىدە شۇ ئىدىيوم تەركىبىدىكى سۈپەتكە بىۋاسىتە بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

«ئىچى قوتۇر» ← «ئىچى بەك قوتۇر» ← «بەك ئىچى قوتۇر».

«قولى ئۇزۇن» ← «قولى خېلى ئۇزۇن» ← «قورسىقى ئىنتايىن كەڭ» ← «ئىنتايىن قورسىقى كەڭ».

سۈپەت خاراكتېرلىك ئىدىيوملار جۈملىدە سۈپەتلەرگە ئوخشاش كۆپ ھاللاردا ئىسىملارنى ئېنىقلاپ ئېنىقلىغۇچى، پېئىللار بىلەن بىرىكىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇ تىلى ھەسەل بولغىنى بىلەن ئىچى زەھەر ئادەم. (ئېنىقلىغۇچى)

② تىلى چۈچۈك بۇ قىز تۈردىغا بەكمۇ ياقاتتى. (ئېنىقلىغۇچى)

③ ئىش بالدۇرراق تەكشۈرۈلسە بولاتتى، قاچانغىچە تىلىڭ تۇتۇق يۈرىسەن؟ (ھالەت)

④ ئۇ يامان ئىش قىلىپ قويۇپ، يۈرىكى پوك - پوك يۈرەتتى. (ھالەت)

سۈپەت خاراكتېرلىك ئىدىيوملار ئىسىملاشقاندا جۈملىدە ئىسىملارغا ئوخشاش ۋەزىپىدە كېلىدۇ، مەسىلەن:

① بۇ باغرى تاشلار سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭغا قارىمىدى. (ئىگە)

② بېلى بوشنىڭ گېپى بوش. (ئېنىقلىغۇچى)

③ سەندەك تېگى پەسلەرگە مىڭ لەنەت. (ھالەت)

سۈپەتداش شەكىلدە تۇراقلاشقان ئىدىيوملارنىمۇ سۈپەت

خاراكتېرلىك ئىدىيوم تۈرىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭمۇ گىراماتىكىلىق رولى، يەنى جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، «نەدىن تېپىپ كەلدىڭ بۇ بېلىنىڭ تۆۋىنىگە سۇيۇقئاش بارمىغان نېمىلەرنى» (ئېنىقلىغۇچى).

3) رەۋىش خاراكتېرلىك ئىدىيوملار: جۈملىدىكى رولى رەۋىشلەرگە ئوخشاش بولغان ئىدىيوملار رەۋىش خاراكتېرلىك ئىدىيوملار دېيىلىدۇ.

(1) رەۋىشداش شەكلىدە تۇراقلىشىپ قالغان ئىدىيوملار. مەسىلەن، «ئات يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە»، «تۇكۇرۇك يەرگە سىڭگۈچە»، «چۈشۈپ قالغان كەشىگە قارىماي»، «ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي»، «چىشىنى چىشىغا چىشلەپ»، «ئەلمىساقتىن تارتىپ» دېگەندەك ئىدىيوملار.

(2) ئىسىملارنىڭ ئورۇن كېلىش شەكلىدە تۇراقلىشىپ قالغان ئىدىيوملار. مەسىلەن، «توخۇ قونداققا چىقماستا»، «قۇم چېچەكلىگەندە»، «تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە»، «يەڭ ئىچىدە» قاتارلىق ئىدىيوملار.

(3) «- دەك // -تەك» قوشۇمچىسى بىلەن تۇراقلىشىپ قالغان ئىدىيوملار. مەسىلەن، «ئاسماندىن چۈشكەندەك»، «ئاغزىدا تۇغقاندەك»، «پايپاققا نال قاققاندەك»، «باپكارنىڭ موكىسىدەك»، «توخۇ جىرىم غاجىلىغاندەك» قاتارلىقلار.

يۇقىرىقى ئىدىيوملارنىڭ گىراماتىكىلىق رولىدىن، يەنى جۈملىدىكى ۋەزىپىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار پېئىللارنى ئېنىقلاپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ھەممە ئىشلار يىپىدىن يىڭنىسىغىچە ئېنىق بولدى.

② مەن ھازىرلا، تۇكۇرۇك يەرگە سىڭگۈچە كېلىمەن، — دەپ ئۇچقاندەك ئۆيدىن چىقتى ئالىم.

③ 11 - ئاي كىرىشى بىلەنلا سىدىق ئاكا كارخانىنىڭ

خوجىلىق خىزمەتلىرىنى پۈتى پۈتىغا تەگمەي ئىشلەشكە باشلىدى.

④ سەن تېخى يەر خېتىنى قولۇڭغا ئالغىنىڭ بىلەن ئېتىز بېشىغا بېرىپ باقمىدىڭ، توخۇ قونداقتا چىقماستا ئىشكنى تاقايسەن، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگۈچە ئۆيدىن چىقمايسەن، قانداق تۈگىمىگەن ئۇيقۇ بۇ!

⑤ پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ تېخىمۇ غەمگە چۈشۈپتۇ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىر يەردە تۇرالماي قاپتۇ.

4) پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىيوملار: پېئىلنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق رولى پېئىلنىڭ رولىغا ئوخشىشىدىغان ئىدىيوملار پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىيوملار دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتماق»، «توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك»، «ئاغزىنى تاتلىق قىلماق»، «بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىماق» قاتارلىق ئىدىيوملار.

پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىيوملارنىڭ مەلۇم گىراماتىكىلىق شەكىلدىلا ئىشلىتىلىشكە بولىدىغانلىرى، مەسىلەن، مەلۇم زاماندىلا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىرى، بولۇشسىز شەكىلدىلا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ قىسمى پېئىللارغا خاس دەرىجىدە، بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز، شەخس، سان، زامان ، راي قاتارلىق كاتېگورىيەلەرنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① كىشىلەر مېنى ئۇلۇغ پادىشاھ دېيىشىدۇ، ماڭا باش قويۇشىدۇ. (ئۆملۈك دەرىجە، خەۋەر)

② قىسمەت چوروق ئۆمرىدە بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەنىدى. (مەجبۇرىي دەرىجە، خەۋەر)

③ ئەمما، ئۇ مىڭ يەردىن قەسەم ئىچىپ، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ھېچقايسى گەپنى بويىنىغا ئالمىدى. (بولۇشسىز،

خەۋەر)

④ كىم بىلسۇن، شۇنچە يۇگۇرۇپ، ئەمدى بىر تەرەپ بولىدىغان چاغدا ئىشىمىزغا چىۋىن چۈشتى. (ئۆتكەن زامان، خەۋەر)

⑤ قانداق نېمە بۇ، باغدىن سورىسا، تاغدىن جاۋاب بېرىۋاتىدۇغۇ. (هازىرقى زامان، خەۋەر)

⑥ ئايسە ئاپپاق شاھ مەخسۇتنىڭ گۇلقىزغا كۆزى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئەستە تۇتۇپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماقچى بولدى. (كەلگۈسى زامان مەقسەت خەۋەر رايى، خەۋەر)

پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىيومىلار يەنە پېئىللارغا ئوخشاش پېئىلنىڭ شەخس شەكلىدە (ئىسىمداش، سۈپەتداش، رەۋىشداش شەكلىدە) كېلىپ، جۈملىدە ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىشلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئالالايدۇ.

پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىيوملار ئىسىمداش شەكلىدە كەلگەندە، جۈملىدە ئىسىملارنىڭ رولىدا كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

① كوپېراتىپلار قوشۇلۇپ كەتسە سەمرىپ قالىمەن دەپ خام خىيال قىلما! باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەش شەرەپلىك ئىش ئەمەس، بىلىپ قوي! (ئىگە)

② پاھ، چۆچۈرىنى خام سانىغىنىنى كۆرۈڭ، — دېدى شائىر قەتئىيلىك بىلەن. (تولدۇرغۇچى)

③ ئۇرۇش پارتلاپ ئۇزاق ئۆتمەي، ياپونىيە جاھانگىرلىكى توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش ئۈچۈن ئانتانتا تەرەپ بولۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. (ھالەت)

④ لۈتپۇللا چاقچاقتا بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش ماھارىتىنى كۆرسەتتى، مۇزىكانت كۆلكىگە زورلاپ ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن باشقا ئىلاج تاپالمىدى. (ئېنىقلىغۇچى)

⑤ ئۇنىڭ مەقسىتى بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى

سوقۇش. (خەۋەر)

پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىيومىلار سۈپەتداش شەكلىدە كەلگەندە، جۈملىدە پېئىللىق خۇسۇسىيىتى بىلەن خەۋەر، سۈپەتلىك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① بۇ مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن، سەن مېنىڭ گېپىمنى يىرما. (خەۋەر)

② ئەمدى بولار ئىش بولدى دېسەك، ئىچىڭ ئېچىشىدۇ، دەسمايىمۇ غالتەككە چىققان. (خەۋەر)

③ مەن ئۇنىڭ ئالدىدىن تورغا ئۆتكەن يېرىم يوق. (ئېنىقلىغۇچى)

④ قىسقىسى، مەكتەپتىكى سامان ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتىدىغان ساۋاقداشلىرىمنىمۇ ئوقۇتالايتتى. (ئېنىقلىغۇچى)

سۈپەتداش شەكلىدە كەلگەن پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىيومىلار يەنە خۇددى سۈپەتلەردەك ئىسىملىشىپ، جۈملىدە ئىسىم ۋەزىپىسىدىمۇ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

① غەلىبە مېۋىسىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا چاڭگال سالىدىغانلار، توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغانلار دەرھال ئولىشىپ كېتىدۇ. (ئىگە)

② قارىسىلاچۇ، ئۆزلەنى يۈزلىرىدىلا ماختاپ، پۈتلىرىغا ھۆل خىش قويۇۋاتقىنىنى. (تولدۇرغۇچى)

③ بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە سەن نەدە ئىدىڭ؟ (ھالەت)

④ كادىرلارنىڭ ئاغزىنى ياغلاپ كاپىتالىزم بىلەن شۇغۇللىنىمەن دېيىش — ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك. (خەۋەر)

پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىيومىلار رەۋىشداش شەكلىدە كەلگەندە، جۈملىدە ئاساسەن ھالەت، بەزىدە خەۋەر (بېقىندىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوشما جۈملە تەركىبىدىكى بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى) بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① بىز بىر ئۈستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، بىر-بىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى بىلىشىمىز. (ھالەت)

② سۇلتان ئەلىنىڭ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ، ئابدۇراخمان ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە غەزەپلەنگەن ھالدا گۇلشەن بىلەن خوشلاشتى. (بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى)

ئىككىنچىدىن، ئىدىيوملارنى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىغا ئاساسەن ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى ئىدىيوملار، تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئىدىيوملار، ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئىدىيوملار، ھالەتلىك مۇناسىۋەتتىكى ئىدىيوملار ۋە تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى ئىدىيوملار دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى ئىدىيوملار: «يۈرىكى چوڭ»، «قولى قىسقا»، «ئىچى زەھەر»، «دۇمبىقى يېرىلماق»، «ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالماق»، «جىن چاپلاشماق»، «تىلى تۇتۇلماق»، «ئاغزى تۇۋاقلانماق»، «پىچىقى كەسمەك»، «قۇيقا چېچى تىك تۇرماق» قاتارلىقلار.

ئادەتتە، ئىدىيوملار بىر پۈتۈن ھالدا جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ، لېكىن ئىگە - خەۋەرلىك باغلىنىشتىكى ئىدىيوملارنى جۈملە ئىچىدە گىرامماتىكا نۇقتىسىدىن ئىگە، خەۋەر دەپ پارچىلاپ تەھلىل قىلىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، «بۇ ئاھۇزار ئالدىدا يۈرىكىم سۇ بولدى» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى «يۈرىكى سۇ بولماق» دېگەن ئىدىيومنىڭ «يۈرىكى» دېگەن تەركىبىنى ئىگە، «سۇ بولماق» دېگەن تەركىبىنى خەۋەر، «بۇ خوتۇننىڭ تىلى ئەجەب زەھەر ئىكەن» دېگەن جۈملىدىكى «تىلى» دېگەن تەركىبىنى ئىگە، «زەھەر» دېگەن تەركىبىنى خەۋەر دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

(2) تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئىدىيوملار: «تىرنىقىنى تاتلىماق»، «كەشىنى توغرىلىماق»، «قۇيرۇقىنى قىسماق»، «جۇۋىسىنى تەتۈر كىيمەك»، «قورساق سوقۇشتۇرماق»، «قىلنى قىرىق يارماق» قاتارلىقلار.

(3) ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئىدىيوملار: «توخۇ يۈرەك»، «تۆلكە مىجەز»، «يۇمىلاق تاۋۇز»، «تۆتىنىڭ بىرى»، «يىگىتلەرنىڭ گۈلى»، «تېپىلماسنىڭ خورمىسى»، «پەرىشتە سۈپەت»، «بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى» قاتارلىقلار.

(4) ھالەتلىك مۇناسىۋەتتىكى ئىدىيوملار: «ئارقىسىدىن غاجىماق»، «يىلتىزىدىن قۇرۇتماق»، «يارىسىغا تەگمەك»، «چويلىدا توختىماق»، «يولدىن چىقماق» قاتارلىقلار.

(5) تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى ئىدىيوملار: «قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولماق»؛ «بىر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان (ئاقماق)»؛ «بىر جان، بىر تەن (بولماق)»؛ «بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ»؛ «بىر تېرە، بىر ئۇستىخان»؛ «چىچىنى سۈپۈرگە، قولىنى كۆسەي (قىلماق)» قاتارلىقلار.

ئۈچىنچىدىن، ئىدىيوملارنى قۇرۇلما قاتلاملىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن ئاددىي قۇرۇلمىلىق ئىدىيوم ۋە مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئىدىيوم دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

پەقەت بىرلا خىل مۇناسىۋەتتىكى ئىدىيوملار ئاددىي قۇرۇلمىلىق ئىدىيوملار دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «بېلى بوش» (ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت)، «كىگىز تاتىلىماق» (تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەت)، «يېنىغا تارتماق» (ھالەتلىك مۇناسىۋەت)، «ئەستەرلىك گەپ» (ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەت) قاتارلىقلار.

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان ئىدىيوملار مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئىدىيوملار دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «ئاغزى ئاشقا تەگمەك»، «ئاشقا چىۋىن چۈشمەك»،

www.uyghurkitap.com

«يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىمەك»، «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېمەك»، «ئارپىسىنى خام ئورۇماق»، «قاسقانغا تىزغان مانتىدەك»، «بېشىدىن كىرگەن تۈتۈن مېڭىسىدىن چىقىپ كەتمەك» دېگەندەك ئىدىيوملار.

## §2. ئىدىيوملارنىڭ مەنبەسى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىدىيوملارنىڭ مەنبەسى بىرقەدەر كەڭ بولسىمۇ، ئۇنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

**1. تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن**

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئىدىيوملار بەزىبىر تارىخىي ۋەقەلەر ياكى بەزى تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى بەزى رىۋايەتلەرنى ئۆزلىرىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئاساستا بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، «ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇشۇپ كەتمەك»، «تەيپۇنەم زامانىدا»، «ئەلمىساقتىن تارتىپ» دېگەندەك ئىدىيوملارنىڭ تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى بىزگە مەلۇم. «ئەپلاتوننىڭ زەنجىرىنى ئۈزىدىغان» دېگەن ئىدىيوم تەركىبىدىكى «ئەپلاتون» قەدىمكى گرېك ئالىمى پلاتوننىڭ يەنە بىر نامى بولۇپ، ئۇ ئىدىيوم ئەنە شۇ شەخس ھەققىدىكى بىرەر ۋەقە ياكى رىۋايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. «دەقيانۇستىن قالغان»، «دەقيانۇسنىڭ زامانى» دېگەندەك ئىدىيوملار تەركىبىدىكى «دەقيانۇس» قەدىمكى رىم ئىمپېراتورى دىئاكلاتىئون (245 ~ 313) نىڭ نامى بولۇپ، ئۇ ئىدىيوملار ئەنە شۇ دىئاكلاتىئون رىم ئىمپېرىيەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا

كۆپ ئۇچرايدىغان «دەقىنەمنىڭ زامانىدا» دېگەن ئىدىيومىمۇ شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، «ئاپپاق غوجامنىڭ ئومىچى» دېگەن ئىدىيومىمۇ 1678 ـ يىللىرى قەشقەرىيەگە هۆكۈمرانلىق قىلغان هىدايىتۇللا خوجا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ۋەقەلەردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

**2 . ئوۋچىلىق مەدەنىيىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن**

ئۇيغۇرلارمۇ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە ئوۋچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم بىر تىرىكچىلىك ۋاسىتىسى قىلغان. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان بەزى ئىدىيوملار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنە شۇ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئوۋچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، «ئۇندەك» سۆزى قارچىغا، لاچىن، بۈركۈت قاتارلىق قۇشلارنى قولغا كۆندۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان تېرىدىن ياسالغان قولقاپنى كۆرسىتىدۇ. قۇشلارنى قولغا كۆندۈرۈش ئاساسەن ئوۋ ئوۋلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ خىل قولقاپ ئارقىلىق قۇشلارنى قولغا كۆندۈرۈش پائالىيىتى ئۇندەككە كەلتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۇندەككە كەلمەك»، «ئۇندەككە كەلتۈرمەك» دېگەن ئىدىيوملار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنە شۇ پائالىيىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

«تىزگىن» سۆزى يۇگەننىڭ ئېغىزدۇرۇق هالقىسىغا چېتىلىدىغان، ئات ـ ئۇلاغلارنى كۆندۈرۈش، يېتىلەش، قاڭتۇرۇش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان تاسمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋ ئوۋلاپ تىرىكچىلىك قىلىش جەريانىدا ئات، ئېشەك، تۆگە، قوتاز قاتارلىق ئېشىنغان هايۋانلارنى بېقىپ كۆندۈرۈش، ئۇلارنى ئۆي هايۋانلىرىغا ئايلاندۇرۇش هەمدە ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىدە ئىشلەتكەن قوراللىرىنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «تىزگىن سالماق»، «تىزگىننى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماق»، «تىزگىننى تارتماق» قاتارلىق ئىدىيومىلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۇۋچىلىق مەدەنىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

بىز ئۇيغۇر تىلىدا «ئوقيادىن ئۈركۈگەن قۇشتەك»، «تاپانتۇزاق قۇرماق»، «قىلتاق قۇرماق»، «قىلتاققا چۈشمەك»، «قاپقان قۇرماق»، «قاپقانغا چۈشمەك» دېگەندەك ئىدىيومىلارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۇ ئىدىيومىلار تەركىبىدىكى «ئوقيا»، «تاپانتۇزاق»، «قىلتاق»، «قاپقان» دېگەن سۆزلەر ئەسلىي ئۇۋچىلىق قوراللىرىنىڭ نامى بولۇپ، بىز بۇلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇۋچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم بىر تىرىكچىلىك ۋاستىسى قىلغانلىقىنى ھەم يۇقىرىقى ئىدىيومىلارنىڭ ئەنە شۇ ئۇۋچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«نوختا» — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋ ئوۋلاپ تىرىكچىلىك قىلىش جەريانىدا، ئېشىنغان ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش، بېقىپ ئۆي ھايۋانلىرىغا ئايلاندۇرۇش پائالىيىتى جەريانىدا ئىشلەتكەن قوراللىرىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ قاراش توغرا دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە، «تىزگىنلىمەك، كونترول قىلماق، ئالداپ قولغا چۈشۈرمەك» دېگەن مەنىدە كېلىدىغان «نوختا سالماق» دېگەن ئىدىيوم ۋە «باشباشتاق، ئۆز بېشىمچى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدىغان «نوختىسى يوق» دېگەن ئىدىيوم يەنىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئات، ئېشەك، تۆگە، قوتاز قاتارلىق ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش ئادىتى ياكى پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ.

### 3 . ئۆرپ ـ ئادەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە

قوياشنى مەركەز قىلغان كۆك (ئاسمان) كە چوقۇنغان، ئېتىقاد قىلغان، ئۇنى چوڭ بىلگەن ۋە ئۇلۇغلىغان. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «خۇدا، ئاللا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «تەڭرى» دېگەن سۆز ئەسلىي «كۆك (ئاسمان)، كائىنات» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇ سۆز مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىلا هون تىلىدا بار ئىدى. «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» دا كۆك تەڭرىسىنىڭ نامى ئالتە يەردە تىلغا ئېلىنغان. هون تەڭرىلىرى ئۆزلىرىنى قوياشنىڭ ئوغلى هېسابلاپ، قوياشنىڭ هەرىكىتىگە قاراپ بورۇلۇپ ئولتۇرغان. قوياش كۆتۈرۈلگەندە قوياشقا، ئاي چىققاندا ئايغا سالام قىلىش ئادىتى بولغان. هازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئاسمانغا قاراپ توكۇرسە ياكى چوڭ - كىچىك تەرەت قىلسا يامان بولىدۇ»، «يۈزىنى يۇماي تورۇپ كۈنگە قارىسا يامان بولىدۇ»، «كۈنچىقىش ۋە كۈن ئولتۇرۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە ياتسا (ياكى ئۇخلىسا)، قان - يىرىڭنىڭ ئىچىدە ياتقانلىق بولىدۇ» دەيدىغان قاراشلار بار. يەنە هەر قېتىم يېڭى ئاي چىققاندا ئايغا قاراپ «كېلەر شۇ ئاي، شۇ كۈنلەرگىچە ئامان قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىلىدىغان، «يېڭى چىققان ئاي (◡) شەكلىدە كۆرۈنسە، بۇ ئايدا ئۆلۈم - يېتىم، بالا - قازا كۆپ بولىدۇ» دەپ قارايدىغان، «هەر ئادەمنىڭ بىردىن يۇلتۇزى بولىدۇ، كىمنىڭ يۇلتۇزى يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ، كىمنىڭ يۇلتۇزى تۆۋەن بولسا، ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، كىمنىڭ يۇلتۇزى ئاقسا، شۇ ئادەم ئۆلىدۇ» دەپ قارايدىغان، ئاققان يۇلتۇزغا قاراپ دۇئا قىلىدىغان ئەھۋاللار ۋە كۆك بۆرە ئېتىقادى قاتارلىق بىرقاتار ئادەت - قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ كۆككە چوقۇنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «بېشى كۆككە تاقاشماق»، «كۆككە كۆتۈرمەك»، «كۆككە ئۇچۇرماق»، «كۆككە چىقارماق» دېگەندەك ئىدىيوملار ئۇيغۇرلاردىكى ئەنە شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەقىدە ـ قاراشلارنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

«نان» دېگەن سۆز ئۇيغۇرلارنىڭ پارسلار بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز. «نان» ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، «نان» دېگەن سۆز ئەسلىي قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەتمەك» دېيىلگەن. چەرچەننىڭ زاغۇنلۇق، قۇمۇلنىڭ لاپچۇق، قارادۆۋە دېگەن يەرلىرىدىن بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت قەبرىلەردىن توقاچ ناننىڭ تېپىلغانلىقى ئۇيغۇرلاردا ناننىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. نان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئاساسلىق ئوزۇقلۇقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ناننى ئىنتايىن ئۇلۇغلايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىككى تەرەپنىڭ ھەق ـ ناھەق، راست ـ يالغاننى تالىشىشىدا ناننى تىلغا ئېلىپ قەسەم ئىچىدىغان، «ناننى دەسسەپ ياكى ئاتلاپ ئۆتسە، يامان بولىدۇ» دەپ قارايدىغان، «يوللاردا چۈشۈپ قالغان ناننى باشقىلار دەسسەپ ياكى ئاتلاپ ئۆتسە، يامان بولىدۇ» دەپ قارايدىغان، يوللاردا چۈشۈپ قالغان ناننى باشقىلار دەسسەپ ياكى ئاتلاپ سالمىسۇن دەپ يولنىڭ چېتىگە ئېلىپ قويىدىغان، ئاشقان ـ تاشقان نانلارنى كەلسە ـ كەلمەس يەرگە تاشلىمايدىغان، مېھمانغا ئۇشتۇلغان (پارچە) نان ئېلىپ كىرىش مېھمانغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارايدىغان ئادەتلەر بار. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «نان بەرگەن قولنى چىشلىمەك»، «نېنى پۇتۇن»، «نېنى پۇتۇن بولماق»، «نان تەگمەك»، «نان تېپىپ يېمەك»، «نېنىنى يېمەك»، «نان كورلۇق قىلماق»، «نان دەسسەپ بەرمەك»، «نان ئۇرماق» دېگەندەك ئىدىيوملار ئۇيغۇرلارنىڭ ناننى ئەنە شۇنداق ئۇلۇغلىشىدىن كەلگەن.

تۇز ــ ئاش، تاماق، غىزالارنىڭ تەمىنى تەڭشەيدىغان ۋە

بەزى يىمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مادا. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا تۇز بەرىكەتنى، ياخشىلىقنى چىلاپ، يامانلىقنى قوغلايدۇ دەپ قارايدىغان ئادەتمۇ بار. هازىرقى ئۇيغۇرلادا ساقلىنىپ قالغان بەزى ئادەتلەر، مەسىلەن، ئۆي كۆچمەكچى بولغاندا، ئۆيگە ئاۋۋال تۇز ئېلىپ كىرىش، تۇزنى دەسسىسە يامان بولىدۇ دەپ قاراش، «تۇز تۇرۇپتۇ» دەپ قەسەم ئىچىش قاتارلىق ئادەت ۋە قاراشلار بۇنىڭغا يېتەرلىك ئىسپات بولالايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇز بەرمەك»، «تۇزكورلۇق قىلماق»، «تۇز هەققى»، «تۇزىغا ئېغىز تەگمەك»، «تۇزىنى ئاقلىماق»، «تۇزىنى قايتۇرماق»، «تۇزىنى تېتىماق»، «تۇزىنى كۆرمەسلىك»، «تۇزىنى يەپ، تۇزلۇقىنى چاقماق»، «تۇزى ئېغىر» دېگەندەك ئىدىيوملار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنە شۇ ئادەت ـ قاراشلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان.

ئۇيغۇرلاردا ئىپتىدائىي ئەقىدە بويىچە يېڭى بوشانغان ئايال بار ئۆيگە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئىسرىق سېلىپ تۇرۇش، هەر قېتىم سېلىنغان ئىسرىقنى تۇغۇت بار ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا بىر قېتىمدىن ئېلىپ بېرىپ بىردەم تۇرغۇزۇپ ئاخىرىدا ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا قويۇپ قويۇش ئادىتى بار. ئۇيغۇرلاردا يەنە كۆچمەكچى بولغان ئۆيگە ئالدى بىلەن ئىسرىق سېلىپ، ئاللادىن بەخت تىلەيدىغان، جىن ـ شاياتۇنلارنى قوغلايدىغان ئادەت بار. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «راست ئىش، راست ۋەقەدىن، يەنى هەقىقەتتىن قورقماق» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدىغان «جىن ئىسرىقتىن قورققاندەك» دېگەن ئىدىيوم ئەنە شۇ ئادەتتىن كەلگەن.

هازىرقى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي مۇراسىمىدا مۇنداق بىر قائىدە ـ يوسۇن بار: ئوغۇل تەرەپ تويچىلىرى قىز كۆچۈرۈش ئۈچۈن قىز تەرەپنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، قىز تەرەپ ئىشىكنى تاقىۋالىدۇ، ئوغۇل تەرەپ تويچىلىرى توققۇز

قېتىم تەزىمگە كەلمىگۈچە قىزنى بەرمەيدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قوللارچە ئېگىلىپ خۇشامەت قىلماق» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدىغان «توققۇز تەزىم قىلماق» دېگەن ئىدىيوم ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ تويى مۇراسىمىدىكى قائىدە ـ يوسۇنى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىمىدىكى «توققۇز تەزىم» قىلىش ئادىتى بولسا ئۇيغۇرلاردىكى توققۇزنى مۇقەددەس سان دەپ قارايدىغان «توققۇز» ئېتىقادچىلىقىنىڭ تەسىرىدىن بولۇشى مۇمكىن. «ھەممە نەرسىسى تولۇق» دېگەن مەنىدىكى «توققۇزى تەل» دېگەن ئىدىيوم ۋە «ھەممە نەرسىسى تولۇق بولماق» دېگەن مەنىدىكى «توققۇزى تەل بولماق» دېگەن ئىدىيوممۇ ئۇيغۇرلارنىڭ «توققۇز» ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىدىيوملاردىكى تەسىرى ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالماق»، «تىل تەگمەك»، «كۆز تەگمەك»، «ئاچ كىرمەك» دېگەندەك ئىدىيوملارمۇ ئۇيغۇرلاردىكى بەزى خۇراپىي ئادەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يەر ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ماددىي ئاساسلارنىڭ بىرى. شۇڭا، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە يەرنى ئۇلۇغلايدىغان، چوڭ بىلىدىغان ئېتىقاد ۋە ئادەتلەر بار. شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىمۇ يەر ئېتىقادچىلىقى بولۇپ ئۆتكەن. ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا ئۆزئارا قەسەم ئىچكەندە، بىرەرىنى قارغىغاندا «يەر ئۇرسۇن»، «يەر يۇتسۇن» دەپ قەسەم ئىچىش ياكى قارغاش، سودىدا پۇتۈشكەندە «بەرىكەت تاپ» دېگەن مەقسەتتە قولىنى يەرگە سۈرتۈۋېتىپ ئاندىن قول ئېلىشىش، تۇنجى سودىدا كىرگەن پۇلنى يەرگە ئۇرۇۋېتىپ ئاندىن ئېلىش قاتارلىق ئادەتلەر بار. بۇلار ئۇيغۇرلاردا يەر ئېتىقادچىلىقىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «يەر ئۆز قوينىغا ئالماق»، «يەر يۇتماق» دېگەندەك ئىدىيوملارمۇ ئەنە شۇ خىل



www.uyghurkitap.com

ئېتىقاد ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلاردا ئادەتتە مەيلى بىرەر سورۇندا بولسۇن ياكى كوچىلاردا بولسۇن كىچىكلەر چوڭلارنىڭ ئالدىدىن، خوتۇن ـ قىزلار ئەر ـ يىگىتلەرنىڭ ئالدىدىن توغرىدىن ـ توغرا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئادەت يوق. ئادەتتە، بىرەر سورۇندا بىرەر كىشى بىراۋنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە، ئامالىنىڭ بارىچە ئۇ كىشىنىڭ كەينىدىن ئۆتۈشكە تىرىشىدۇ، پەقەت بولمىغاندا «ئالدىڭىزدىن ئۆتىدىغان بولدۇم»، «سەت بولىدىغان بولدى»، «ئەدەپسىزلىك قىلىدىغان بولدۇم» دېگەن تەكەللۇپ سۆزلىرىنى دەپ قويۇپ ئاندىن ئۆتىدۇ. خوتۇن ـ قىزلار ئۆزىدىن چوڭ ياكى ئۆز دېمەتلىك ئەرلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە بېشىنى تۆۋەن سالغان هالدا ئۆتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالدىدىن توغرا ئۆتمەك» دېگەن ئىدىيوم ئۇيغۇرلاردىكى ئەنە شۇنداق بىر ـ بىرىنى هۆرمەتلەشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىگە خىلاپ هەرىكەتلەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئادەتتە ئىككى تەرەپ بىرەر ئىش ئۈستىدە ئۆزئارا كېلىشكەندە، سودا ئىشلىرىدا پۈتۈشكەندە ياكى بىر مەسىلە ئۈستىدە شەرتلەشكەندە «ئەكەل قولۇڭنى» دەپ ئۆزئارا قول ئېلىشىدىغان ئادەت بار. ئۇيغۇر تىلىدىكى «قول ئېلىشماق» دېگەن ئىدىيوم ئاشۇ ئادەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

بەزى مىللەتلەردە «يەتتە» مۇقەددەس سان هېسابلىنىدىغانلىقىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلاردىمۇ يەتتە سانى مۇقەددەس سان دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس»، «يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىسە تۇيماق»، «يەتتە قات ئاسمان»، «يەتتە ئەزا»، «يەتتە باشلىق يالماۋۇز»، «يەتتە ئەزاسى ساق»، «يەتتە ئەزاسى يەتمىش پارچە بولۇپ كەتمەك» «يەتتە ئىقلىم» دېگەندەك ئىدىيوملار ئاشۇ يەتتە ئېتىقادچىلىقى ئاسا-

سىدا بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدا كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى ئاشكارىلىماق، پاش قىلماق دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدىغان «ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاچماق» دېگەن بىر ئىدىيوم بار. بۇ ئىدىيوممۇ «يەتتە» ئېتىقادچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، بۇ ئىدىيوم تەركىبىدىكى «ئەپت» ئەسلىي پارس تىلىدىكى «هەفت» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، ئۇ «يەتتە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «بەشىرە» سۆزىمۇ ئەسلىي پارس تىلىدىكى «بەشر» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، «ئەزا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

#### 4. دىنىي ئەقىدىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن

ئۇيغۇرلار يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىزنالىرىنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاچ كىرمەك»، «جىن چاپلىشىۋالماق»، «جىن تەگكەن»، «ئىچىگە جىن كىرىۋالماق»، «جىننى ئۇسسۇلغا سالماق» دېگەندەك ئىدىيوملاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ، ئىسلام دىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ هەرقايسى قاتلاملىرىغىچە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئۆزگىچە ئورۇنغا ئىگە بولدى هەم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ خىل تەسىرنى ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا ئاكتىپ خىزمەت قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئەرەبچە سۆزلەردىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى بەزىبىر ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئەقىدىلەر ئىسلام دىنى بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارغا كەڭ تونۇلۇپ ئورۇن ئالغان. نەتىجىدە، ئۇيغۇر

تىلىدا شۇ ئەقىدىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىدىيومىلار بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن:

ئىسلام دىنىدا دۇنيا پانىي دۇنيا (ۋاقىتلىق دۇنيا، ئۆتكۈنچى دۇنيا، بۇ دۇنيا) ۋە باقىي دۇنيا (مەڭگۈلۈك دۇنيا، ئۇ دۇنيا) دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ھەم پانىي دۇنيا ۋاقىتلىق بولىدۇ، باقىي دۇنيا بولسا مەڭگۈلۈك بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ھازىر ياشاۋاتقان ۋاقىتلىق دۇنيادىن كەلگۈسىدىكى مەڭگۈلۈك دۇنياغا كەلمەك، يەنى ئۆلمەك دېگەن مەنىدىكى «پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا سەپەر قىلماق» ياكى «پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلماق» دېگەن ئىدىيوم ئىسلام دىنىدىكى ئاشۇ قاراشتىن كېلىپ چىققان.

ئىسلام دىنىدا ناماز ياكى قۇرئان ئوقۇش، ئىبادەت قىلىش قاتارلىق مۇقەددەس پائالىيەتلەرگە كىرىشىش ئالدىدا، يۈز ـ قول، ئاياغ ۋە باشقا ئەزالارنى يۇيۇپ پاكلىنىدىغان قائىدە بار. پاكلانماي تۇرۇپ ئۇ پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. بۇ خىل پاكلىنىش ئادەتتە «تاھارەت» (جانلىق تىلدا «تەرەت») دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پاك، ئىخلاسمەن، تەقۋادار دېگەن مەنىدىكى «تەرەتسىز يەرگە دەسسىمەسلىك»؛ كۆتمەك، خىزمىتىنى قىلماق، ھالىدىن خەۋەر ئالماق دېگەن مەنىدىكى «تەرىتىگە سۇ بەرمەك»؛ بىرەر ئىشنى باشقا ئاچچىقىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان، ئىرادىسى بوش، مەلۇم ئىشنى قىلىشقا تەييارلىقى كەم دېگەن مەنىدىكى «تەرىتى بوش»؛ بىرەر ئىشنى باشقا ئاچچىقىشقا غەيرىتى، قۇدرىتى يېتىدىغان، شۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىرادە باغلىغان، تەييارلىقى بار دېگەن مەنىلەردىكى «تەرىتى چىڭ»؛ باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ھېسابىغا مەنپەئەت كۆرمەك، باشقىلارنىڭ ئابرۇيى ھېسابىغا ھۆرمەت قازانماق دېگەن مەنىدىكى «كىشىنىڭ تاھارىتىدە ناماز ئوقۇماق» دېگەن ئىدىيوملار ئەنە شۇ ئادەت ـ

www.uyghurkitap.com

ئەقىدە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئىسلام دىنىدا دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئىسلام دىنىي بىلىملىرى ھەققىدە بەلگىلىك سەۋىيەگە يەتكەن كىشى ھەم باشقىلارغا ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى ئۆگەتكۈچى كىشى «موللا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا چالا ساۋات، بىرەر نەرسىنى يېرىم ـ يارتا بىلىدىغان، ئانچە ـ مۇنچە خەۋىرى بار دېگەن مەنىدىكى «چالا موللا» دېگەن ئىدىيوم ئەنە شۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن.

ئىسلام دىنىدا ئاللاغا بولغان ئىشەنچ، ئېتىقاد «ئىمان» دېيىلىدۇ. ئۇ ئەقىدىلەرگە، ئىلاھىي كىتابلارغا، تەقدىرگە، ئاخىرەتكە، پەرىشتىلەرگە، بولۇپمۇ ئاللاغا ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يولدىن چىقماق دېگەن مەنىدىكى «ئىماندىن چىقماق»، ئىخلاس قىلغان ئىشەنچىدىن قايتماق دېگەن مەنىدىكى «ئىماننى ساتماق»، ئىخلاس قىلغان ئىشەنچىگە پەرۋا قىلماسلىق دېگەن مەنىدىكى «ئىمانى قاچماق»، قاتتىق غەزەپلەنمەك دېگەن مەنىدىكى «ئىمانى ئۇچماق» ياكى «ئىمانى قىرىق گەز ئۆرلىمەك»، كۆندۈرمەك، ئۇناتماق، ماقۇل كەلتۈرمەك، قايىل قىلماق دېگەن مەنىدىكى «ئىمانغا كەلتۈرمەك»، كۆنمەك، ئۇنىماق، ماقۇل بولماق، قايىل بولماق دېگەن مەنىدىكى «ئىمانغا كەلمەك» دېگەندەك ئىدىيوملار ئەنە شۇ ئەقىدە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

«شەيتان» ـــ ئىسلام ۋە خىرىستىيان دىنلىرىدا ئادەملەرنى دىن يولىدىن ئازدۇرغۇچى، يامانلىققا، بەتقىلىقلىققا باشلىغۇچى مەخلۇق، ئىبلىس، ئاللانىڭ ئۆز بەندىلىرىنى سىناشتىكى ۋاستىلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «ئادەمنى ئالداشقا ئىنتايىن ئۇستا بولماق» دېگەن مەنىدىكى «شەيتانغا دەرس بەرمەك»، «شەيتانغا نوختا سالماق»، «شەيتاننىڭ

بۇرنىدىن چۈلۈك ئۆتكۈزمەك»، «شەيتاننى ئالدىماق» دېگەن ئىدىيوملار ئەنە شۇ خىل دىنىي قاراش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. يەنە «شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەك»، «شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالماق»، «شەيتان ۋەسۋەسىسىگە سالماق»، «شەيتىنى پۈۋلىمەك»، «شەيتىنى كۆچلۈك»، «شەيتىنى غالىب»، «شەيتىنى تۇتماق»، «شەيتىنىغا هاي بەرمەك»، «شەيتىنى قوزغالماق»، «شەيتان ئارىلاشماق» دېگەن ئىدىيوملارمۇ شۇ خىل دىنىي قاراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدىيوملاردۇر.

ئىسلام دىنىدا رامىزان ئېيى ئىچىدە سۈبھىدىن كۈن پاتقۇچە پۈتۈن كۈن يېيىش ـ ئىچىش، جىنسىي ئالاقە قاتارلىقلاردىن ئۆزىنى تۇتۇش روزا تۇتماق دېيىلىدۇ. ئۇ ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى. روزا تۇتقان ئادەم ھەر كۈنى كۈن ئولتۇرغاندا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ ئىغىز ئاچىدۇ. بۇ ئېغىز ئېچىش (ئىپتار) دېيىلىدۇ. ئەگەر بىرەر مۇسۇلمان تاڭ سەھەردە روزا تۇتۇپ، ئېغىز ئېچىش (ئىپتار) ۋاقتىدىن بۇرۇنراق ئىغىز ئاچسا ياكى 29 كۈن روزا تۇتۇپ ئاخىرقى بىر كۈن روزا تۇتمىسا، تۇتقان روزىسى ھېساب بولمايدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئەمدى تىلىمىزدا بىرەر يامان ئىش بىلەن ئىلگىرى قىلغان بارلىق ياخشى ئىشلىرىنى يوققا چىقارماق، جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ، ھالاۋىتىنى كۆرمەي خارلانماق دېگەن مەنىدىكى «ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇپ پوقتا ئېغىز ئاچماق» دېگەن ئىدىيوم ئەنە شۇ ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئەرەب يېزىقىنىمۇ قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن. ئەرەب يېزىقى بولسا ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرىنى ئاساس قىلغان، سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى بىر يۈرۈش قوشۇمچە شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئۇزۇك تاۋۇشلۇق يېزىق. بۇ

يېزىقتىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن بېكىتىلگەن شەرتلىك بەلگىلەر ئىچىدە مۇنداق ئىككى شەرتلىك بەلگە بار: بىرى، «زىر (/1)» بەلگىسى بولۇپ ئۇ ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ ئاستىغا قويۇلۇپ، شۇ ئۇزۇك تاۋۇشقا «ئى» سوزۇق تاۋۇشنى قوشۇپ ئوقۇشنى بىلدۈرىدۇ؛ يەنە بىرى، «زەۋەر (/1)» بەلگىسى بولۇپ، ئۇ ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، شۇ ئۇزۇك تاۋۇشقا «ئە» سوزۇق تاۋۇشنى قويۇپ ئوقۇشنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھەممىسىنى، پۈتۈنلەي، تەلتۆكۈس، بىرىنى قالدۇرماي، تولۇقى بىلەن» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدىغان «زىر - زەۋىرىنى قويماي» ياكى «زىر - زەۋىرىگىچە» دېگەندەك ئىدىيومىلار ئەرەب يېزىقىنىڭ ئەنە شۇ خىل يېزىش ئەنئەنىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

«ئېلىپ» سۆزى ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ بىرىنچى ھەرپى «ا» نىڭ نامى. ئۇيغۇر تىلىدىكى «ساۋاتسىزلىق، قارا قورساقلىق» دېگەن مەنىدىكى «ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەسلىك»، «ئېلىپنى بە دېيەلمەسلىك»، «ئېلىپنى كالتەك دېيەلمەسلىك»، «ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى تۇتالماسلىق» دېگەن ئىدىيومىلار ئەنە شۇ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇرلاردا ئىسلام ئېتىقادى بويىچە مۇشۇكنى ياكى ئىتنى ئۆلتۈرسە يامان بولىدۇ، مۇشۇك باققاندا ئۇنىڭغا قوشۇپ ئىتنىمۇ بىللە بېقىش كېرەك ياكى ئىتنىڭ ئۆزىنىلا بېقىش كېرەك دەيدىغان بىر خىل قاراش بار. بۇ خىل قاراش مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان: مۇشۇك باققۇچى قىيامەتتە سوراق قىلىنغاندا، مۇشۇك ئۆز ئىگىسى ھەققىدە ھېچنېمە دېمەي كۆزىنى يۇمۇپ جىم تۇرۇۋالارمىش ياكى ئىگەم ماڭا كۈنبويى ھېچ نەرسە بەرمەي مېنى ئاچ قويدى دەپ ئىگىسىنى قارىلارمىش، ئەگەر مۇشۇككە قوشۇپ ئىتنىمۇ بىللە باققان بولسا، ئىت مۇشۇككە رەددىيە بېرىپ: «سەن ئۇتداق

دېسەڭ ئىگىمىزگە ئۇۋالچىلىق قىلغان بولىسەن، سەن ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئۇلارنىڭ شىرەسى ئاستىدا تۇرىسەن، مەن بولسام يىل بويى ئۆيگىمۇ كىرەلمەيمەن. لېكىن، ئۇلار مېنى ئاچ قويمايدۇ ـ يۇ، سەن قانداقلارچە ئاچ قالىسەن» دەپ ئىگىسىنى «ئاقلايدىكەن». بەزىلەر مۈشۈك بىلەن ئىتنىڭ چىقىشالماسلىقىنىمۇ ئاشۇ رىۋايەتكە باغلايدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ھېچنېمە بىلمىگەن، ھېچنېمە ئۇقمىغان، ھېچنېمە كۆرمىگەن قىياپەتتە بولۇۋالماق دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدىغان «كۆزىنى قىيامەتنىڭ مۈشۈكىدەك يۇمۇۋالماق» دېگەن ئىدىيوم ۋە بۇ ئىدىيومنىڭ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىپ ھېچنېمە بىلمەس بولۇۋالماق، رەت قىلماق دېگەن مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنىدىغان «كۆزىنى يۇمۇۋالماق» دېگەن ئىدىيوم ۋە ھېچ نەرسە بىلمىگەن، كۆرمىگەن، ئۇقمىغان قىياپەتتە دېگەن مەنىدە قوللىنىدىغان «قىيامەتنىڭ مۈشۈكىدەك» دېگەن ئىدىيوملار ئەنە شۇ رىۋايەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

## 5 . بەدەن تىلى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن

كىشىلەر باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا سۆزگە ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان قول ئىشارىسى، چىراي ئىپادىسى، كۆز ھالىتى، بەدەن قىياپىتى قاتارلىق ۋاستىلەر بەدەن تىلى دەپ ئاتىلىدۇ. بەدەن تىلى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئوي ـ پىكىر ۋە ھېسسىياتلىرىنى تېخىمۇ جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن قىلىدىغان بەزى ھەرىكەتلىرىگە مەنە يۈكلىنىش ۋە ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئومۇم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تىلدۇر. ئۇيغۇرلاردىمۇ بەدەن تىلىنىڭ ئىپادىلىرى خېلى كۆپ. ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەن تىلىدا ئاساسلىقى باش، قول، كۆز قاتارلىق ئەزالار مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com

تىلىدىكى بىر قىسىم ئىدىيوملار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنە شۇ باش، قول، كۆز قاتارلىق ئەزالارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مۇئەييەن مەقسەتنى ئىپادىلىشىدىن شەكىللەنگەن. ئالايلۇق، «باش» نىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان «باش چايقىماق» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى ئالساق، بۇ سۆز بىرىكمىسى كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىشقا قوشۇلمىسا، باش چايقايدىغانلىقىدىن كەلگەن. كېيىن بۇ ھەرىكەتكە «قوشۇلماسلىق» دېگەن مەنە يۈكلەنگەن. ھازىر بولسا كونتېكىستتا ① رەت قىلماق، نارازى بولماق؛ ② گۇمانلانماق، دەرگۇمان بولماق؛ ③ ئەپسۇسلانماق، ھەسرەت چەكمەك، پۇشايمان قىلماق دېگەندەك مەنىلەردە كېلىپ ئىدىيوملۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان. يەنە مەسىلەن، «باش لىڭشىتماق» دېگەن بىرىكمىنى ئالساق، ئۇمۇ ھازىر ئىدىيوملىشىپ ماقۇل بولماق، قوشۇلماق، رازى بولماق، دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان «باش ئەگمەك»، «باش تولغىماق»، «باش سىلكىمەك»، «باش قويماق»، «باش كۆتۈرمەسلىك»، «باش تاتىلماق»، «باشنى تۇتۇپ قالماق»، «باشنى ئىچىگە تىقىپ يۈرمەك»، «باش ئۇرماق»، «بېشىنى تۆۋەنگە سېلىپ يۈرمەك»، «بېشىنى تىك تۇتماق» دېگەندەك ئىدىيوملارمۇ ئەنە شۇ «باش» نىڭ ھەرىكىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

«قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرماق» دېگەن بىرىكمە ئەسلىي قولنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۇرۇپ تۇرۇش ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئىدى. كېيىن بۇ ھەرىكەتكىمۇ مەنە يۈكلىنىپ ① باشقىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرمەك؛ ② باشقىلارغا بويسۇنماق؛ ③ ھورۇنلۇق قىلماق، ھەرىكەت قىلماسلىق؛ ④ئارىلاشماسلىق دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىدىيومغا ئايلانغان. تىلىمىزدىكى «قول باغلاپ تۇرماق»، «قول بەرمەك»، «قول

تارتماق»، «قول تەگكۈزمەك»، «قول تەۋلىمەك»، «قول تىقماق»، «قول سالماق»، «قول سوزماق»، «قول سۇنماق»، «قول سىلكىمەك»، «قول قويماق»، «قول كۆتۈرمەك»، «قولنى چىشلەپ قالماق»، «قولۇم كۆكسۈمدە» دېگەندەك ئىدىيومىلارمۇ ئەنە شۇ «قول» دىن ئىبارەت بۇ ئەزانىڭ ھەرىكىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇر تىلىدا «كۆز» نىڭ ھەرىكىتىدىن شەكىللەنگەن ئىدىيوملارمۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، بىردەمدىلا، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە» دېگەن ئىدىيوم كۆزنىڭ ئەنە شۇ خىل ھەرىكىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر تىلىدا «كۆز قىسماق»، «كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتمەك»، «كۆزلىرى ئويناپ كەتمەك»، «كۆزلىرى چەكچەيمەك»، «كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتمەك»، «كۆزىنى يۇمۇپلا»، «كۆزى ئالاچەكمەن بولماق»، «كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولماق»، «كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كەتمەك»، «كۆزى چۈشمەك»، «كۆزىگە قارىماق»، «كۆزىنى ئاچماق»، «كۆزىنى پارقىرىتىپ تۈرماق»، «كۆزىنى قاچۇرماق»، «كۆزىنىڭ ئوچۇقىدا»، «كۆز يۇمماق»، «كۆز تاشلىماق» دېگەندەك ئىدىيوملارمۇ «كۆز» نىڭ ھەرىكىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىدىيوملار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «مۇرىسىنى قىسماق»، «قاش ئاتماق»، «قېشىنى سۈزمەك»، «بويۇن ئەگمەك»، «بويۇن تولغىماق»، «بوينى قىسىلماق»، «بويۇننى قىسىپ قالماق»، «پۇت ئاتماق»، «شىلتىڭ ئاتماق»، «گەجگىسىنى (گەدىنىنى) تاتىلىماق» دېگەندەك ئىدىيوملارمۇ بەدەن ھەرىكىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىدىيوملاردۇر.

**6 . قۇشلارنىڭ ھەرىكىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن**

ئۇيغۇر تىلىدىكى يەنە بىر قىسىم ئىدىيوملار تۈرلۈك

www.uyghurkitap.com

قۇشلارنىڭ ھەر خىل ھەرىكەتلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن:

ئادەتتە توخۇ، كەپتەر قاتارلىق قۇشلارنىڭ ئەركىكى چىشىسىغا جىنسىي تەلىپىنى ئىپادىلىگەندە، قاناتلىرىنى تۆۋەن قىلىپ، بىر خىل ئاۋازلارنى چىقارغان ھالدا چىشىسىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. قۇشلارنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى «قانات سۆرىمەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشقى چۈشمەك ياكى شەھۋانىي نىيەتتە خوتۇن ـ قىزلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالماق دىگەن مەنىدىكى «قانات سۆرىمەك» دىگەن ئىدىيوم قۇشلارنىڭ ئاشۇ خىل ھەرىكىتىدىن كەلگەن.

«قانات» قۇش ۋە ھاشاراتلارنىڭ ئۇچۇش ئورگىنى. قانات بولمىسا، قۇشلار ئۇچالمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بىرەر ئادىمىدىن، تۇغقىنىدىن، ياردەمچىسىدىن ياكى چېنىغا بەك ئەسقاتىدىغان بىرەر نەرسىدىن ئايرىلىپ قالماق دىگەن مەنىدىكى «قانىتىدىن ئايرىلماق» ياكى «قانىتى قايرىلماق» دىگەن ئىدىيوملار قاناتنىڭ مۇھىم رولىدىن كەلگەن.

قۇشلار ئۆز باللىرى خېيىم ـ خەتەرگە يولۇقۇش ئېھتىمالى بولغاندا، باللىرىنى قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە ئۇلارنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئېلىۋالىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى قوغدىماق، ھىمايە قىلماق، باشپاناھ بولماق، ھېسداشلىق قىلماق دىگەندەك مەنىلەردىكى «قانات ئاستىغا ئالماق» ۋە «قانات ياپماق» دىگەن ئىدىيوملار قۇشلارنىڭ ئاشۇ ھەرىكىتىدىن كەلگەن.

قۇشلارنىڭ باللىرى ئادەتتە قانات ـ قۇيرۇقلىرى يېتىلگەندە، ئاندىن مۇستەقىل ھالدا ئوزۇقلىنالايدىغان، قوغدىنالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ. تىلىمىزدا چوڭ بولۇپ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىغا قاراپ ماڭماق، ئۆز پىكرى بويىچە ئىش قىلىشقا باشلىماق دىگەن مەنىلەردىكى

«قانات چىقارماق» «قانات ـ قۇيرۇقى يېتىلمەك» دېگەن ئىدىيوممۇ ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن.

توخۇ ئادەتتە كۈن ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قونداققا چىقىپ ئۇخلاشقا باشلايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «گۇگۇم چۈشمەستە، كەچ كىرمەستە، يەنى بالدۇرلا (ئۇخلاشقا نىسبەتەن)» دېگەن مەنىدىكى «توخۇ قونداققا چىقماستا» دېگەن ئىدىيوم توخۇنىڭ ئاشۇ ھەرىكىتىدىن كەلگەن.

### 7 . چەت تىللاردىن كەلگەن

بىرى، چەت تىللاردىن كەلگەن ئىدىيوملارنىڭ بەزىلىرى مەسىلەن، «سۈنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماق»، «ئاغرىققا قاراپ دورا بەرمەك»، «ئات ئۈستىدە گۈل كۆرمەك»، «كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزماق»، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلماق، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايرىماق»، «كالا ھارۋىسىدا توشقان تۇتماق»، «توخۇنى سويۇپ تۇخۇمىنى ئالماق»، «توخۇنى بوغۇزلاپ مايمۇننى قورقۇتماق»، «يېشىل چىراغ ياقماق»، «ئارقا ئىشىك قىلماق»، «قالپاق كىيدۈرمەك»، «چۈجىنى كۈزدە سانىماق» دېگەندەك ئىدىيوملار؛ يەنە بىرى، باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بەزى سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان شەيئىنىڭ خاراكتېرى، رولى قاتارلىقلارغا تەقلىد قىلىنىپ ياسالغان ئىدىيوملار. قاتتىق ئۆلچەم بويىچە ئېيتقاندا، بۇ تۈردىكى ئىدىيوملار يەنىلا ئۇيغۇر تىلىغا خاس ئىدىيوملار ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىدىيوملارنى ئۇيغۇر خەلقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ياساپ چىققان بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر يېزىق تىلىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىمۇ كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «تاڭگازا» دېگەن سۆز خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئۇ ئارپا شىرنىسى ئارقىلىق ئىشلىنىدىغان بىر خىل تاتلىق يېمەكلىكنى كۆرسىتىدۇ،

چاپلاشقاق بولۇپ، يېگەندە چىشىغا چاپلىشىۋالىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلىمەي جىم تۇرۇۋالماق دېگەن مەنىسىدىكى «ئاڭگازا چىشلىنىۋالغاندەك» دېگەن ئىدىيوم تاڭگازىنىڭ ئاشۇ خىل ئالاھىدىلىكىدىن كەلگەن. رۇس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن «خوت»، «چوت»، «پىستان» سۆزلىرىدىن ياسالغان «خوتتىن چىقماق»، «خوتقا چۈشمەك»، «خوتقا سالماق»، «خوتنى يۆتكىمەك»، «چوت سوقماق»، «چوتنى خام سوقماق»، «پىستان چاقماق» دېگەندەك ئىدىيوملارمۇ مۇشۇ تۈردىكى ئىدىيوملارغا كىرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىدىيوملار قانداقتۇر كىتابىي تىلدىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تۇرلۇك ئەقىدە ۋە قاراشلىرىنى، شۇنداقلا ئۇۋۇچىلىق، باقمىچىلىق قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزلىرىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئاساستا بارلىققا كەلگەن.

**8 . ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن بارلىققا كەلگەن**

يەنە بىر قىسىم ئىدىيوملارنى خەلق تۇرلۇك ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ بارلىققا كەلتۈرگەن. مەسىلەن:

(1) بەزى ئىدىيوملار ئوخشىتىش ئۇسۇلى بىلەن ھاسىل قىلىنغان. مەسىلەن، «ئۇجمە كۆكۈل» دېگەن ئىدىيوم تەركىبىدىكى «ئۇجمە» سۆزى بىر خىل مېۋىنىڭ نامى. ئۇنىڭ، «كۆكۈل» سۆزىنى ئېنىقلاپ كېلىشى قارىماققا مۇۋاپىق ئەمەستەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدا «ئۇجمە» نىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئۇستاتلىق بىلەن پايدىلىنىلغان، يەنى بەزى ئالا كۆكۈل كىشىلەرنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت يولىدىكى

بىقارارلىقى، تۇراقسىزلىقى ئۇجمىنىڭ تېز پىشىپ تۆكۈلۈپ كېتىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىگە ئوخشىتىلغان. دېمەك، بۇ ئىدىيوم ئوخشىتىش ئۇسۇلى بىلەن ھاسىل قىلىنغان.

(2) بەزى ئىدىيوملار مۇبالىغە ئۇسۇلى بىلەن تۈزۈلگەن. مەسىلەن، «ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك»، «قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتمەك» دېگەن ئىدىيوملار مۇبالىغە ئۇسۇلى بىلەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئالدىنقىسى ھەددىدىن ئارتۇق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى، كېيىنكىسى ھەددىدىن تاشقىرى غەزەپلەنگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

(3) بەزى ئىدىيوملار ئېۋفېمىزم ئۇسۇلى بىلەن ھاسىل قىلىنغان. مەسىلەن، «قولى ئەگرى»، «كۆزى يورۇماق»، «ئاسمانغا پىچاق ئاتماق» دېگەنلەر ئېۋفېمىزم ئۇسۇلى بىلەن ھاسىل قىلىنغان ئىدىيوملار بولۇپ، بىرىنچىسى ئوغرىلىق ئادىتىنى، ئىككىنچىسى تۇغۇشنى، ئۈچىنچىسى ھەددىدىن تاشقىرى كەپسىزلىك، بىشەملىكنى بىلدۈرىدۇ.

(4) بەزى ئىدىيوملار تەنە قىلىش ـ كىنايە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ھاسىل قىلىنغان. مەسىلەن، «چېچەك چىقماق»، «كىشىنىڭ جۇۋىسىدا (چاپىنىدا) تەرلىمەك»، «ئېشەك سىزىپ، مۈڭگۈز چىقىرىپ قويماق» دېگەن ئىدىيوملارنىڭ بىرىنچىسى بىرەر ئىش ھەل بولۇشقا يۈزلەنگەندە، ئۇنىڭغا پۇتلىكاشاڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى؛ ئىككىنچىسى باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ياكى ئابرۇيى ھېسابىغا ئۆزى نەپ ئالغانلىقىنى، ئۈچىنچىسى ئورۇنسىز ئىش قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

(5) بەزى ئىدىيوملار رىتورىك سوراق ئۇسۇلى بىلەن ھاسىل قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ناسۋال قاپاققا پۇل بارمۇ»، «تۆگىنىڭ مازار بىلەن نېمە ئىشى»، «جان كۆندە چېچەكلەمدۇ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(6) بەزى ئىدىيوملار تەقلىد قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ھاسىل

www.uyghurkitap.com

قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «قۇيرۇق شىپپاڭشىتماق»، «كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە»، «هايت ـ هۇيت دېگۇچە» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(7) بەزى ئىدىيوملار پاراللېلىزم (جۈپلۈك) ئۇسۇلى بىلەن هاسىل قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقماق»، «يا ئاق دېمەي، يا كۆك دېمەي»، «مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىدىيوملار تىلدىكى هەر خىل ئاكتىپ ئامىللارنى ۋە تۈرلۈك ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولۇپ، مول ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە «چۆچۈرىنى خام سانىماق»، «قاسقانغا تىزغان مانتىدەك»، «يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىمەك»، «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە مانتا يېمەك»، «ئاغزىغا تالقان سېلىۋالماق»، «ئايدىڭدا قېتىق ئىچمەك»، «بېلىنىڭ تۆۋىنىگە سۇيۇقئاش بارمىغان»، «ئاپپاق غوجامنىڭ ئۈمىچى»، «پېتىر ناندىن قىل سۇغۇرماق»، «ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتماق»، «كۈلدە كۆمەچ بولماق»، «ئۈمىچى قايناپ تۇرماق»، «قوماچ قورۇغاندەك» دېگەندەك ئىدىيوملار ئۇيغۇرلارنىڭ تائام مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى قىلىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

«ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تەگمەك»، «بېشىدا تۇگمەن چۆرگىلىمەك»، «باپكارنىڭ موكىسىدەك»، «يېپىدىن يىڭنىسىگىچە»، «يىڭنىدىن يىپ سۇغۇرغاندەك»، «چويلىدا تۇرمايدىغان»، «تىكىچى توختىماسلىق»، «تىكىچى چىڭ»، «تىكىچى سۆكۈلۈپ كەتمەك»، «رەندە سالغان تاختىدەك»، «جۇۋىسىنى تەتۈر كىيمەك» دېگەندەك ئىدىيوملار ئۇيغۇرلارنىڭ قول هۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

«ئارپىسىنى خام ئورۇماق»، «ئارىغا قىچا چېچىۋەتمەك»، «پۇرچىقى پىشماسلىق»، «باشقىلارنىڭ كەتمىنىنى چاپماق»،

«قوشتىن ئېلىپ سۆرەمگە سالماق»، «كونا خامانني سورۇماق»، «سامانىنىڭ نەرخى»، «سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۇگۇرتمەك»، «شامالغا قاراپ خامان سورۇماق»، «بۇغدايىنىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچمەك»، «ئىچىگە شال تىرىۋالماق»، «بېشىدا زاغۇنى بار»، «زاغۇن باش»، «چىگىت چاقماق»، «قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولماق»، «سۇ كەلمەستە تۇغان سالماق» دېگەندەك ئىدىيوملار ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

«بازار تاپماق»، «بازارغا سالماق»، «بازىرى چىقماق»، «بازىرى كاسات»، «بازارلىقى بار»، «بازار نەرخى»، «بازىرى يوق»، «بازىرى ئىتتىك»، «بازار چاققانىنىڭ»، «كەچ قالغان بازارچىدەك» دېگەندەك ئىدىيوملار ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ سېتىق مەدەنىيىتىنى ئۆزلىرىگە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى قىلىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئۇلاردىن باشقا بىر قىسىم ئىدىيوملار ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت مەدەنىيىتى، باققالچىلىق مەدەنىيىتى، جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، سىمۋوللۇق رەڭ ـ تۈس چۈشەنچىلىرى قاتارلىقلار ئاساسىدىمۇ بارلىققا كەلگەن .

## §3 . ئىدىيوملارنىڭ رولى

ئىدىيوملار تىلدا ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئىستىلىستىكىلىق روللارغا ئىگە :

### 1 . ئوخشىتىش رولى

ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپلىگەن ئىدىيوملار كونكرېت شەيئى ـ ھادىسىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈش ۋە ئوخشىتىش ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق تۈزۈلگەنلىكى

ئوچۇن، نۇتۇقتا ئوخشىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئىدىيومىلار ئارقىلىق ئېنىق، يوشۇرۇن ۋە تىپىك ئوخشىتىش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

(1) ئېنىق ئوخشىتىش. بەزى ئىدىيومىلار ئوخشىتىش ۋاسىتىسى بىلەن ياسىلىپ، نۇتۇقتا ئېنىق ئوخشىتىش ھاسىل قىلالايدۇ. مەسىلەن:

«كەچقۇرۇن نىياز دورغا ھوشۇر ئىمام بىلەن ئەمەت ‹كورۇك›نى قىچقارتىپ، قاتتىق كايىدى. ھوشۇر ئىمامنى ‹چەلپەكچى موللام›، ‹ئېتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق خەلپىتىم› دېگەن گەپلەر بىلەن مەسخىرە قىلىپ: ‹ئاتا ـ ئانام كۆرمىگەن نەدىكى بىر قارىتورۇكتىن يېڭىلىپ قالدىلا، ئەھۋاللىرى شۇنچىلىكمىدى؟ ئەمدى، تېجىمەللەرنىڭ تىلى تېخىمۇ ئۇزىراپ، گېپى يوغىنايدۇ، باشقىلارمۇ ئۇلارنى دورايدۇ. كېۋەزلىككە ئوغرى كىرسە، ئاتقۇچىنىڭ بىرنېمىسىنى كەس دەپ، ئەمدى ئۆزلىرىنى نېمە قىلسام بولاركىن› دېدى... ھوشۇر ئىمام ئۇتتۇرۇپ قويغان قىمارۋازدەك كىگىز تاتىلاپ جىم ئولتۇراتتى.»

بۇ مىسالدىكى «ئۇتتۇرۇپ قويغان قىمارۋازدەك» دېگەن ئىدىيوم ئېنىق ئوخشىتىش شەكلىدە تۇراقلاشقان ئىدىيومدۇر.

يەنە بىر قىسىم ئىدىيومىلارغا « ـ دەك // ـ تەك» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق نۇتۇقتا ئېنىق ئوخشىتىش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

«بۇ ‹شۇم خەۋەر› شاھ مەخسۇتنى ئاخشامقى يارىسىغا تۇز سەپكەندەك سەكرىتىۋەتتى. ئۇ ئۆز ئاچچىقىنى قېزىبەگ غوجىدىن ئالماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئاغزىنى بۇزدى.»

بۇ مىسالدىكى «يارىسىغا تۇز سەپكەندەك» دېگەن ئىدىيومنىڭ تۇراقلاشقان شەكلى ئەسلىدە «يارىسىغا تۇز سەپمەك» ياكى

«يارىنىڭ ئۇستىگە تۈز سەپمەك» بولسىمۇ، ئاپتور بۇ يەردە ئۇنىڭغا «- دەك» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپىق ئوخشىتىش ھاسىل قىلغان ۋە بۇنىڭ بىلەن ئاچچىق ئەلەم يۇتۇپ يۈرگەن شاھ مەخسۇتنىڭ يەنە بىر دەردكە مۇپتىلا بولغانلىقىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بەرگەن.

(2) يوشۇرۇن ئوخشىتىش. مەسىلەن:

«دەل شۇ چاغدا مانجۇ خانىنىڭ يارلىقى بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسىدىن شىنجاڭغا مەنسەپ تۇتقىلى كېلىۋاتقان ياك زېڭشىن قۇمۇلغا كېلىپ چۈشتى. كۆپنى كۆرگەن بۇ قېرى تۈلكە ئەھۋالنى بايقاپ، دەرھال شاھ مەخسۇتنىڭ قېشىغا كىردى....»

بۇ مىسالدا ئوخشىغۇچى (قېرى تۈلكە) بىلەن ئوخشالغۇچى (ياك زېڭشىن) بىۋاستە باغلىنىپ (ئوخشىتىش سۆزى ياكى قوشۇمچىسى بولمىغان شارائىتتا) يوشۇرۇن ئوخشىتىش ھاسىل قىلىنغان ۋە قۇۋلۇق - شۇملۇققا تولغان ياك زېڭشىن قېرى تۈلكىگە ئوخشىتىلغان.

(3) ۋەكىللىك ئوخشىتىش. مەسىلەن:

«قاسىم خېلىدىن بېرى زەيتۇنەمگە قانات سۆرەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرەر مۇۋاپىقراق ئالاقە يولىنى تاپالماي يۈرەتتى.»

بۇ مىسالدا «قانات سۆرىمەك» دېگەن ئىدىيومنىڭ ۋاستىسى بىلەن ۋەكىللىك ئوخشىتىش ھاسىل قىلىنىپ، قاسىمنىڭ زەيتۇنەمگە ئەركەكلىك قىلىپ يۈرگەنلىكى خورازنىڭ مېكىيانغا قانات سۆرىگەنلىكىگە ئوخشىتىلغان. بۇنىڭ بىلەن، قاسىمنىڭ زەيتۇنەمگە غەيرىي مۇئامىلىدە بولۇپ يۈرگەنلىكى ناھايىتى ئوبرازلىق ھەم كونكرېت ئىپادىلەنگەن .

### 2 . مۇبالىغىلەشتۈرۈش رولى

بەزى ئىدىيوملار مۇبالىغە ۋاستىسى بىلەن تۈزۈلگەچكە،

يەنى بىر قىسىم ئىدىيومىلاردا شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ سان ـ مىقدارى، تۈرقى ـ ھالەتلىرى، سۈپىتى ـ خاراكتېرى قاتارلىق تۈرلۈك بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرى ئەسلىدىكىدىن مەلۇم دەرىجىدە كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلەنگەچكە، نۇتۇقتا تەبىئىي يوسۇندا مۇبالىغىلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

«بۇگۇنمۇ پۇجۇڭ ئاغىچا ئۆز دەردىنى تۆكۈش بىلەنلا، يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۇيىدىغان ئايسە ئاپپاق دەرھال گەپنىڭ تېگىگە يەتتى.»

بۇ مىسالدىكى ئىدىيوم مۇبالىغىلەشتۈرۈش رولىنى ئوينىغان. يەنى «يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۇيىدىغان» دېگەن ئىدىيوم ئارقىلىق، ئايسە ئاپپاقنىڭ چېكىدىن ئاشقان قۇۋلۇق ـ شۇملۇقى ۋە ھىيلىگەرلىكى ناھايىتى تەسىرلىك ھەم ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن .

3 . تەنە قىلىش رولى

مەسىلەن، «بىلىمىز، بۆك ئال دېسە، باش ئالماق، پاشىدىن پىل ياسىماق ـــ ساقچىلار ياخشى كۆرىدىغان قىلمىش.»

ئىنىقكى، بۇ مىسالدا «بۆك ئال دېسە، باش ئالماق» دېگەن ئىدىيومنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىشنىڭ ئىجراسىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغانلىقى قاتتىق تەنە قىلىنغان .

4 . ئېۋفېمىزم رولى

مەسىلەن، «جۇماتاي ئۆز قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن قىزغا ئەلچى كىرگۈزەلمەي، يەر قاتتىق، ئاسمان ئېگىز بولۇپ يۈرگەندە، چىنگىل دېگەن يۇرتتىكى بىر ئوكۇرداي بۇ قىزنى ئۆز ئوغلىغا سورىتىپتۇ.»

مەلۇمكى، «قولى قىسقا» دېگەن ئىدىيوم «گاداي، نامرات» دېگەن سۆزلەر بىلەن مەنىداش بولسىمۇ، ھېسسىي تۈس جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، ئاپتور ئېۋفېمىزم ئېھتىياجى بىلەن بۇ ئىدىيومنى ئىشلىتىپ، نۇتۇقنى سىپايىلەشتۈرگەن.

### 5 . رىتورىكىلىق سوئال رولى

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئىدىيوملار رىتورىك سوئال ئۇسۇلى بىلەن تۈزۈلگەچكە، تەبىئىيكى، نۇتۇقتا رىتورىك سوئال رولىنى ئوينايدۇ، شۇنىڭدەك بەزى ئىدىيوملار جانلىق ئىشلىتىلىش نەتىجىسىدىمۇ رىتورىك سوئال رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

« ‹ھېلى بولسىمۇ شەرىئەت ھۆكمىنى ئىشلىتىپ باقساقمىكىن› دېدى ھوشۇر ئىمام ئۆزىگە ئۆزى ئىشەنمىگەن بىر ئاھاڭدا. ‹جان چىقىپ بولغاندا ياسىنىنىڭ نېمە كېرىكى؟› دېدى دورغا ئاچچىق بىلەن.»

بۇ مىسالدا ئاپتور «جان چىقىپ بولغاندا ياسىن ئوقۇماق» دېگەن ئىدىيومنى رىتورىك سوراق شەكلىگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق، خەلق ئالدىدا شەرمەندە بولغان دورغىنىڭ ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، يەنىلا ئاقماس چارىلەرنى ئىشلىتىپ كۆرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان ھوشۇر ئىمامغا قىلغان تەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

### 6 . پاراللېلىزم (جۈپلۈك) رولى

مەسىلەن، «ئۇ چاغدا ئۇ چاقىقانلىق قىلىپ، دوتەينىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقىپ، بۇ مەرتىۋىگە چىقىۋالدى.»

بۇ مىسالدىكى «ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقماق» دېگەن ئىدىيوم پاراللېلىزملىق رول ئويناپ، نۇتۇقنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى كۇتۇپخانىسى

مۇناسىپ دەرىجىدە ئاشۇرغان .

## 7 . سېلىشتۇرۇش رولى

قارشى مەنىلىك مۇناسىۋەت ئىدىيومىلاردىمۇ مەۋجۇت بولغاچقا، نۇتۇقتا قارشى مەنىلىك ئىدىيومىلار ۋاستىسى بىلەن ئېنىق سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

«بىزنىڭ بۇ باشلىقىمىزنىڭ مىجەزى ئەنە شۇنداق، كۆردۇڭغۇ، خۇشلۇقى كەلسە، سېنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدۇ، غەزىپى تۇتسا، يەرگە ئۇرىدۇ.»

بۇ مىسالدىكى «كۆككە كۆتۈرمەك»، «يەرگە ئۇرماق» دېگەنلەر قارشى مەنىلىك ئىدىيومىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ قارىمۇقارشى قويۇلۇشى بىلەن ئېنىق سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىنىپ، باشلىقنىڭ مىجەزىدىكى زىددىيەتلىك تەرەپلەر ئېچىپ بېرىلگەن.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەر تىلىمىزدىكى ئىدىيومىلارنىڭ نۇتۇقتا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ھاسىل قىلىشتىكى رولىلىرىدىن ئىبارەت. كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىدىيومىلارنىڭ مۇھىم ئىستىلىستىكىلىق رولى نۇتۇقنىڭ ئوبرازچانلىقىنى ئاشۇرۇش، ئاز سۆز بىلەن مول مەزمۇننى ئىپادىلەش ۋە شەيئى ـ ھادىسە ھەم تۇرلۇك ھېس ـ تۇيغۇلار ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك پەرقلەرنى ئەينەن، توغرا تەسۋىرلەش جەھەتلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«ئىبراھىم ئاكا، ــ دېدى گالى پالۋان ھەيۋە بىلەن، ــ نېمىدېگەن مۇتتەھەملىك بۇ، قارىغۇنى ياردا قىستىغاندەك، ھېچ نەرسىسى يوق پۇقرالارنى بۇنچىۋالا قىستاۋەرسىڭىز بولامدۇ؟» (ئايشەم ئەخمەت: «ئۆچمەس ئىزلار»)

بۇ مىسالدا «قارىغۇنى ياردا قىستىماق» دېگەن ئىدىيوم ياردىمى بىلەن ئوخشىتىش ھاسىل قىلىنىپ، ئىبراھىمدىن

ئىبارەت بۇ شەخسنىڭ پۇقرالارنى ئىشقا زورلىغانلىقى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. چۈنكى، بۇ ئىدىيوم ئوقۇرمەنلەردە «قارىغۇنى ياردا قىستاش» ھادىسىسى توغرىسىدا كونكرېت ئوبراز تۇيغۇسى پەيدا قىلالايدۇ.

ئىدىيوملارنىڭ تۆرتلۈك شەيئى ـ ھادىسىلەر ۋە ھەر خىل ھېس ـ تۇيغۇلار ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك پەرقلەرنى توغرا ئىپادىلەشتەك ئىستىلىستىكىلىق روللارنى ئوينىيالىشىدىكى سەۋەب ئىدىيوملاردىمۇ مەنىداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ ۋە مەنىداش ئىدىيوملاردا خىلمۇخىل، ئىنچىكە پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن بولغان. مەسىلەن:

① «سەپەرقۇل <ئازاد> بولغاندا قىرىق ياشقا كىرىپ قالغان، ئاتا ـ ئانىسى بولسا، ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن».

② «جۇماتاي: <سۆيۈملۈكۈم، مېنى كەچۈر، ئاتا ـ ئاناڭ ۋە يۇرتۇڭدىن ئايرىپ، سېنى ئېغىر كۈنلەرگە قويدۇم، تەقدىر شۇنداق بولسا كېرەك، مەندىن رازى بول!> دېگەن گەپلەرنى ئېيتىپ، بېلىدىكى تاسما بەلبېغى بىلەن پىچىقىنى قىزغا بېرىپتۇ ـ دە، قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كۆز يۇمۇپتۇ.»

③ «مانا، قوزغىلاڭچى ئايال روزىخان قىرىق غولدا ئۆرۈلگاندىن كېيىن، تومغا سۆرگۈن قىلىنىپ، يول ئۈستىدە جان ئۈزگەن!»

④ «كىچىككى كېزىك بىلەن ئاغرىپ ياتقاندا، روزىمەت كېلىپ، ۋاڭ غوجامنىڭ يارلىقى دەپ، چوڭىنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتتى. ئارىدىن ئون كۈن ئۆتۈپ، كىچىك ئوغلۇم قازا تاپتى.»

بۇ مىساللاردىكى «ئالەمدىن ئۆتمەك، كۆز يۇمماق، جان ئۈزمەك، قازا قىلماق» دېگەن ئىدىيوملار مەنىداش بولسىمۇ، لېكىن تۈس مەنىلىرى جەھەتتىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر پەرقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتور ئۇلارنى پەرقلىق ئىشلىتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەسۋىرنىڭ دەللىلىكى، ھېسسىياتنىڭ تونۇرلۇق ئىپادىلىنىشى ۋە نۇتۇقنىڭ رەڭدارلىقىنى كاپالەتلەندۈرگەن.

## §4 . ئىدىيوم بىلەن ماقال ـ تەمسىلنىڭ پەرقى

گەرچە ئىلگىرى يېزىپ نەشر قىلىنغان دەرسلىكلەر، ئەسەرلەر ۋە ماقالىلەردە ئىدىيوم، ماقال ۋە تەمسىللەر فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر دەپ ئاتىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لېكسىكا دائىرىسىگە قويۇپ سۆزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز مەزكۇر كىتابتا پەقەت ئىدىيوملارنىلا لېكسىكا دائىرىسىدە سۆزلەشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. بۇنداق قىلىشىمىزدىكى سەۋەب مۇنداق:

ئىدىيوم بىلەن ماقال ـ تەمسىللەر مەنە ۋە قۇرۇلما جەھەتتە تۇراقلىقلىقا، مۇقىملىققا ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە، شۇنداقلا قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە، ئۇلارنى سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلار بۇ جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

(1) ماقال ـ تەمسىل بىلەن ئىدىيوملارنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ماقال بىلەن تەمسىل مۇكەممەل جۈملە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن»، «دوستنىڭ دوستلۇقى باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر»، «تۆشۈك يىرتىقتىن كۈلەر»، «تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ» دېگەندەك ماقال ـ تەمسىللەر ئاددىي جۈملىلىك ماقال ـ تەمسىل ھېسابلانسا، «بىلىملىكنىڭ باھاسى يوق، بىلىمسىزنىڭ ساپاسى (يوق)»، «دوستنى يامانلىغان ئەقلىنىڭ يوقلۇقى، تاماقنى يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى»، «قوتانغا بۆرە كىرسە، ئىتنىڭ تەرىتى قىستاپتۇ»، «ئۆرۈك

ئۆرۈكنى كۆرسە، ئالا بولۇر» دېگەندەك ماقال ـ تەمسىللەر قوشما جۈملىلىك ماقال ـ تەمسىل ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى «ياخشى بىلەن دوست بولساڭ، يېتەرسەن مۇرادقا؛ يامان بىلەن دوست بولساڭ، قالارسەن ئۇياتقا»، «ئەقىللىقا گەپ قىلسام، ئويلاپ كۆلىدۇ؛ نادانغا گەپ قىلسام، ئاڭلاپ كۈلىدۇ» دېگەندەك ماقال ـ تەمسىللەر بولسا ئارىلاش قوشما جۈملىلىك ماقال ـ تەمسىل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ماقال ـ تەمسىللەردە بايان قىلىش بىلەن بايان قىلىنىش، ھۆكۈملەش بىلەن ھۆكۈملىنىش ۋە تەسۋىرلەش بىلەن تەسۋىرلىنىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. ئىدىيوملار بولسا ماقال ـ تەمسىللەردەك مۇكەممەل جۈملە بولماستىن، بەلكى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە بولىدۇ. مەسىلەن، «كۆڭلىنىڭ سىرىقىنى كۆرمەك»، «بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىماق»، «مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقماق»، «ئۇزۇن قۇلاق» دېگەندەك. شۇڭا، ئىدىيوملاردا جۈملىلەردە بولىدىغان بايان قىلىش ـ بايان قىلىنىش، ھۆكۈملەش ـ ھۆكۈملىنىش، تەسۋىرلەش ـ تەسۋىرلىنىش مۇناسىۋەتلىرى بولمايدۇ.

(2) ماقال ـ تەمسىللەر مۇكەممەل جۈملە بولغاچقا، ئۇلار تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، «ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن (تارت)» دېگەن ماقال «ھەر ئادەم ئۆز ھالىغا، ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش لازىم. ئۆز ھالى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك» دېگەن ئوي ـ پىكىرنى؛ «نىيىتى يامانىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن ماقال «ھەسەتخور، ئىچى تار ئادەملەر ھامان زىيان تارتىدۇ» دېگەن ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلىگىنىدەك. ئىدىيوملار بولسا ماقال ـ تەمسىللەردەك تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى ئەمەس، بەلكى لۇغەت تەركىبىدىكى ئادەتتىكى سۆزلەرگە ئوخشاش ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، «ئاغزىنى بۇزماق» دېگەن ئىدىيوم

www.uyghurkitap.com

«تىللىماق» دېگەن مەنىنى، «تومۇرىنى تۇتۇپ باقماق» دېگەن ئىدىيوم «سىنىماق» دېگەن مەنىنى، «ئالا كۆڭۈل» دېگەن ئىدىيوم «ساداقەتسىز» دېگەن مەنىنى، «تۆلۈمدىن توقماق چىققاندەك» دېگەن ئىدىيوم «تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگىنىگە ئوخشاش.

(3) ماقال ـ تەمسىللەر مۇكەممەل جۈملە بولغاچقا، زۆرۈر تېپىلسا، ئۇلارنى جۈملە بۆلەكلىرىدە پارچىلاپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «دوستىنىڭ دوستلۇقى باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر» دېگەن ماقالنى جۈملە بۆلەكلىرىگە پارچىلاپ، ئۇ جۈملىدىكى «دوستلۇقى»نى ئىگە، «بىلىنەر» نى خەۋەر، «دوستىنىڭ»نى ئېنىقلىغۇچى، «باشقا كۈن چۈشكەندە» دېگەن ئىدىيومنى ھالەت دەپ پارچىلاپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. يەنە ئالايلۇق، «تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ» دېگەن تەمسىلنى جۈملە بۆلەكلىرىگە پارچىلاپ، ئۇنىڭدىكى «تالا»، «ئۆي» دېگەن سۆزلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېنىقلىغۇچى، «مۈشۈكى» دېگەن سۆزنى ئىگە، «مۈشۈكىنى» دېگەن سۆزنى تولدۇرغۇچى، «قوغلاپتۇ» دېگەن سۆزنى خەۋەر دەپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. ئىدىيوملارنى بولسا جۈملە بۆلەكلىرىگە پارچىلاپ تەھلىل قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئىدىيوملار سۆزگە ئوخشاش ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، سۆزگە ئوخشاش ھامان جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، «خەلقئارا رىقابەتتە ئۆزئارا رىقابەتلىشىش، ئۆزئارا ئورا كولاش دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش» دېگەن جۈملىدە «ئورا كولاش» دېگەن ئىدىيوم ئىگە بولۇپ كەلگەن. «ئۇلار بىلەن ماي تارتىشىپ قالدىڭىزمۇ؟» دېگەن جۈملىدە «ماي تارتىشىپ قالماق» دېگەن ئىدىيوم خەۋەر بولۇپ كەلگەن. ئىككىنچىدىن، ئادەتتىكى سۆز بىرىكمىلىرى، يەنى ئەركىن سۆز بىرىكمىلىرىدە بولىدىغان

ئىگە ـ خەۋەرلىك، تولدۇرغۇچىلىق، ئېنىقلىغۇچىلىق، تەڭداشلىق دېگەندەك مۇناسىۋەتلەر گەرچە ئىدىيوملاردا مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق زۆرۈر تېپىلسا، ئەركىن سۆز بىرىكمىلىرىنى سۆزگىچە پارچىلاپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. ئىدىيوملارنى يەككە تۇرغاندا ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە بولسىمۇ، بىراق، ئۇلار جۈملە تەركىبىگە كىرگەن ھامان بىر پۈتۈن بىرلىككە ئايلىنىدۇ ـ دە، ئۇلارنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ پارچىلاپ تەھلىل قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. مەسىلەن، «سەن تېخى دوپپامغا جىگدە سالماقچىمۇ؟» دېگەن جۈملىدە «دوپپىسىغا جىگدە سالماق» دېگەن ئىدىيوم بىر پۈتۈن ھالدا خەۋەر بولۇپ كېلىدۇكى، ئۇنى يەنىمۇ پارچىلاپ «سالماق»نى خەۋەر، «جىگدە»نى تولدۇرغۇچى، «دوپپىسىغا»نى ھالەت قىلىپ پارچىلاپ تەھلىل قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا، ئىدىيوملارنىڭ ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملىرىنى سۆز ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل مورفېما دەپ ئاتاش بىرقەدەر مۇۋاپىق.

(4) ماقال ـ تەمسىللەر، بولۇپمۇ قوشما جۈملە ۋە ئارىلاش قوشما جۈملە شەكلىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ شېئىرىي تۈسى قويۇق، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولىدۇ، يەنى ئۇلاردا شېئىرلاردا بولىدىغان تۇراق، ۋەزىن ۋە قاپىيەلەر بولىدۇ. مەسىلەن، «بۇلۇتنىڭ قەدرى يوق ئاي يېنىدا، پېقىرنىڭ قەدرى يوق باي يېنىدا» دېگەن ماقالدا ئالدىنقى تارماق جۈملە بىلەن كېيىنكى تارماق جۈملە تەركىبىدىكى ھەربىر سۆزنىڭ ئاخىرقى تەركىبلىرى پۈتۈنلەي ئوخشىشىدۇ. بۇنىڭغا يەنە «ياخشىلىق قىلدىڭ، خوپ قىلدىڭ؛ مىننەت قىلدىڭ، يوق قىلدىڭ»، «تەرگىمىسەڭ، تېرىق بولۇر؛ تەرگىمىسەڭ، ئېرىق بولۇر»، «ئاغزىمغا كەلدى دەپ دېمە، ئالدىمغا كەلدى دەپ يېمە»، «سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ؛ ئوسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ» دېگەندەك

ماقال ـ تەمسىللەرنىمۇ مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئىدىيوملاردا بولسا ئۇنداق ئالاھىدىلىكلەر بولمايدۇ.

دېمەك، ماقال ـ تەمسىل تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان سىنتاكسىسلىق بىرلىك، شۇڭا ئۇلار سىنتاكسىسنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى. ئىدىيوم بولسا ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان لېكسىكىلىق بىرلىك، شۇڭا ئۇ لېكسىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى .

# يەتتىنچى باب

# سۆزلۈك

## §1 . ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكى ھەققىدە چۈشەنچە

مەلۇم بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەر (مەيلى ئۇ سۆز شۇ تىلغا خاس سۆز بولسۇن ياكى كىرمە سۆز بولسۇن، مەيلى ئۇ سۆز شۇ تىل ئىگىلىرى بىردەك چۈشىنىدىغان سۆز بولسۇن، ياكى شۇ تىلدا تار دائىرىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولسۇن، مەيلى ئۇ سۆز شۇ تىلدا ئىستېمالدىن ئاساسەن قالغان ياكى قېلىۋاتقان سۆز بولسۇن، ياكى شۇ تىلغا نىسبەتەن يېڭى سۆز بولسۇن، مەيلى ئۇ سۆز شۇ تىلنىڭ ئەدەبىي تىلىغا خاس سۆز بولسۇن، ياكى شۇ تىلنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىگە خاس سۆز بولسۇن) بىلەن مەنىسى ۋە رولى سۆزگە باراۋەر بولغان ئىدىيوملارنىڭ يىغىندىسى شۇ تىلنىڭ سۆزلۈكىنى تەشكىل قىلىدۇ. دېمەك، تىلدىكى بارلىق سۆزلەر بىلەن ئىدىيوملارنىڭ يىغىندىسى سۆزلۈك دەپ ئاتىلىدۇ. شۇ جۈملىدىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق سۆزلەر بىلەن ئىدىيوملارنىڭ يىغىندىسى ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكى دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزلۈك تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

سۆز بىلەن ئىدىيوم ئۇيغۇر تىلىدىكى لېكسىكىلىق بىرلىك ھېسابلانسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سۆز ئاساسلىق لېكسىكىلىق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سۆز سۆزلۈكنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مەلۇم بىر تىلنىڭ سۆزلۈكىنىڭ باي ياكى كەمبەغەل بولۇشى شۇ تىلنىڭ سۆزلۈكىدىكى سۆزلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولۇش ـ بولماسلىقى بىلەن بىللە، مۇھىمى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر، مەنىداش سۆزلەر، قارشى مەنىلىك سۆزلەر ۋە ئىدىيوملارنىڭ كۆپ بولۇش ـ بولماسلىقى، تۈس مەنىلىرىنىڭ مول بولۇش ـ بولماسلىقى، سۆز ياساش ئۇسۇللىرىنىڭ كۆپ ـ ئازلىقى، خاس ئاتالغۇلارنىڭ كۆپ ـ ئازلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن بەلگىلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى سۆزلۈكى خېلى باي تىللارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى:

(1) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ سانى كۆپ. گەرچە 1997 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لوغىتى»دە پەقەت ئىملا ۋە تەلەپپۇز نۇقتىسىدىن 57 مىڭ سۆز بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي ۋە كىلاسسىك ئەسەرلەردە قوللىنىلىدىغان سۆزلەر، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدە قوللىنىلىدىغان سۆزلەر، ھەرقايسى پەنلەردە قوللىنىلىدىغان سۆزلەر، بەزىبىر دەۋرىي خاراكتېرلىك سۆزلەر قاتارلىقلارنى قوشقاندا، ئاز بولغاندا 100 مىڭدىن ئېشىشى مۇمكىن.

(2) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆزلۈكى كۆپ خىل تىپلىق سۆزلەرنى، يەنى كونا سۆزلەر بىلەن يېڭى سۆزلەرنى، ئېغىز تىلىغا خاس سۆزلەر بىلەن كىتابىي تىلغا خاس سۆزلەرنى، خاس ناملار بىلەن ئادەتتىكى سۆزلەرنى، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدىن بار سۆزلەر بىلەن كىرمە سۆزلەرنى، ئەدەبىي تىلغا خاس سۆزلەر بىلەن دىيالېكت ـ شېۋە سۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

(3) سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى مول، سىغىمچانلىقى يۇقىرى،

كۆپ ھاللاردا بىر خىل فونېتىكىلىق شەكىل ئارقىلىق بىرقەدەر كۆپ مەنىلەر ئىپادىلىنىدۇ. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر خېلى كۆپ. مەسىلەن، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە «سالماق» پېئىلىنىڭ 38 خىل مەنىسى، «قىلماق» پېئىلىنىڭ 16 خىل مەنىسى، «تارتماق» دېگەن پېئىلىنىڭ 22 خىل مەنىسى، «تاشلىماق» دېگەن پېئىلىنىڭ 11 خىل مەنىسى، «ئاشماق»، «ئايلانماق» دېگەن پېئىللارنىڭ يەتتە خىلدىن مەنىلىرى بېرىلگەن.

(4) سۆزلەرنىڭ تۇس مەنىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆزلۈكىدىكى سۆزلەردە ھېسسىي تۇس، ئوبرازلىق تۇس، ژانىر تۇسى، يەرلىك تۇس، دەۋر تۇسى، دىنىي تۇس، چەت تىل تۇسى قاتارلىق تۇسلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

سۆزلۈك سىستېمىلىققا ئىگە بولىدۇ. سۆزلۈكتىكى سۆز ۋە ئىدىيوملار قانداقتۇر سۆز ۋە ئىدىيوملارنىڭ قالايمىقان، رەت ـ تەرتىپسىز يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى مۇئەييەن تەرتىپ، مۇئەييەن سىستېمىغا ئىگە بولىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

(1) سۆزلۈكتىكى ھەرقايسى تەركىبلەر بىر ـ بىرى بىلەن باغلىنىشلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل باغلىنىش ئاساسەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

① مەنە جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ. مەسىلەن، «نەتىجە، ئاقىۋەت، ئۇتۇق» دېگەن سۆزلەر؛ «قوغدىماق، ئاسرىماق» دېگەن سۆزلەر، «ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم» دېگەن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا مەنىداشلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولسا، «ئوچۇق، ئېتىك»، «باشلانماق، ئاخىرلاشماق»، «دوست، دۈشمەن»، «ئىللىغار، قالاق» دېگەن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت.

② تەلەپپۇزى ۋە شەكلى جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىنىشلىق

بولىدۇ. مەسىلەن، «چۈش[1]» (چۈش ۋاقتى)، «چۈش[2]» (چۈش كۆرمەك)، «چۈش[3]» (پەسكە چۈش) دېگەن سۆزلەر تەلەپپۇزى ۋە شەكلى جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىنىشلىقلىققا ئىگە بولمىسا، «ئارا[1]» (بىر خىل دېھقانچىلىق سايمىنى) بىلەن «ئارا[2]» (ئارىغا چۈشمەك) دېگەن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا شەكىل جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىنىشلىق مەۋجۇت.

③ قۇرۇلما جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ. مەسىلەن، «ئىشچى؛ ئىشسىز؛ ئىشچىلىق؛ ئىشسىزلىق؛ ئىشخانا؛ ئىشچان؛ ئىشلە ـ» دېگەن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا يىلتىزداشلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت.

(2) سۆزلۈكتىكى بىر مەنىلىك سۆز، كۆپ مەنىلىك سۆز، ئاھاڭداش سۆزلەر، مەنىداش سۆزلەر، قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم سىستېما بولالايدۇ. توپ سۆز، ياسالما سۆز، بىرىككەن سۆز، جۈپ سۆز، قاتما سۆزلەرمۇ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم سىستېما ھاسىل قىلالايدۇ. كونا سۆزلەر، يېڭى سۆزلەر، دىيالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى، كىرمە سۆزلەر، پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، ئەدەبىي تىلغا خاس سۆزلەرمۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم سىستېما ھاسىل قىلالايدۇ. يۇقىرىدىكىدەك تۈرلۈك تارماق سىستېمىلار ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق، ئاساسىي سۆزلۈك سىستېمىسى بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈك سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئىككى سىستېما ئاخىرىدا بىرلىشىپ، بىر پۈتۈن سۆزلۈك سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

(3) ھەرقانداق بىر تىلنىڭ سۆزلۈكى ئۆزىگە خاس قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. سۆزلۈكتىكى ھەرقانداق بىر تەركىب شۇ قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ كىرمە سۆزلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىدىكى كىرمە سۆزلەر ئۇيغۇرچىلاشقان سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكى سىستېمىسى، ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ شەرت قىلىشىغا ئۇچرىغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىدىكى سۆزلەردە تون مەۋجۇت ئەمەس، خەنزۇ تىلىدا بولسا مەۋجۇت. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىغان سۆزلەر تونى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ توننى ئېلىمىۋەتكەن ئاساستا قوبۇل قىلىنغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردە ئۇرغۇ بولىسمۇ، ئۇنىڭ مەنە پەرقلەندۈرۈش رولى يوق، لېكىن رۇس تىلى قاتارلىق بەزى تىللاردا ئۇرغۇ مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ھەم ھەرقانداق بىر سۆزنىڭ مەلۇم بوغۇمىغا تۇراقلاشقان بولىدۇ، لېكىن بۇنداق سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا شۇ تۇراقلاشقان ئۇرغۇسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇرغۇ ئېلىپ تاشلانغان ھالدا كىرگەن. مەسىلەن، «تىراكتور، (تىراكتور)» دېگەن سۆزدىكى «ئا»غا چۈشكەن ئۇرغۇ، «فابرىكا» دېگەن سۆزدىكى ئالدىنقى «ئا»غا چۈشكەن ئۇرغۇ، «كاستيۇم (كاستيۇم)» دېگەن سۆزدىكى «ئۇ»غا چۈشكەن ئۇرغۇ ئېلىپ تاشلانغان ھالدا كىرگىنگە ئوخشاش. ئەسلىي ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەردە بوغۇم بېشىدا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش (قوشما ئۈزۈك تاۋۇش) قاتار كەلمەيدۇ. لېكىن، رۇس تىلى قاتارلىق ياۋروپا تىللىرىغا خاس سۆزلەردە بولسا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بوغۇم بېشىدا كېلىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغاندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇلۇپ، بوغۇم بېشىدا كېلىدىغان ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىغا ياكى ئوتتۇرىسىغا بىر سوزۇق تاۋۇش قوشۇلغان ھالدا قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن، «ئىشكاپ (شكاف)»، «ئۈستەل (ستول)»، «پىلان

(پلان)» دېگەندەك.

ئۇلاردىن باشقا يەنە كىرمە سۆزلەر سېمانتىكا جەھەتتە، ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلى سۆزلۇكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەنە سىستېمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنغان بولىدۇ. دېمەكچىمىزكى، كىرمە سۆزلەر ئەسلىي نەچچە خىل مەنە بىلدۈرگەن بولسا شۇ نەچچە خىل مەنىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۇيغۇر تىلىغا ئېھتىياجلىق بولغان مەنىسى بىلەن كىرگەن. مەسىلەن، 1980 ـ يىلى سودا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «قىسقىچە رۇسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»تە «پىلان» سۆزىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالتە خىل مەنىسى ئىزاھلانغان:

① تەكشىلىك كۆرۈنۈشى، تەكشىلىكتىكى شەكىل.
② ئالدىن بەلگىلەنگەن قەدەم ـ باسقۇچ.
③ قۇرۇلما، ئورۇنلاشتۇرۇش (ماقالە ـ ئەسەر ھەققىدە).
④ تېزىس، ئاساس.
⑤ كۆرۈنۈش (سەنئەت ساھەسىدە).
⑥ جەھەت؛ كۆزقاراش.

لېكىن، بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىغا پەقەت ئىككىنچى خىل مەنىسى بىلەنلا كىرگەن.

سۆزلۈك جەمئىيەت بىلەن بىۋاستە باغلىنىشقا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) بىر قىسىم سۆزلەر ئىستېمالدىن قالىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ بىر قىسىم شەيئىلەر يوقىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شۇ شەيئىلەرنى ئاتايدىغان سۆزلەرمۇ بارا ـ بارا ئىستېمالدىن قالىدۇ. مەسىلەن، «سىغىر» (خان كۆپ ئادەم بىلەن قىلىدىغان ئوۋ.

بۇنىڭدا خاننىڭ ئادەملىرى ئورمان ۋە قىرلارغا تارقىلىپ، ياۋايى هايۋانلارنى خان تۇرغان يەرگە قوغلاپ كېلىدۇ. خان ئالدىغا كەلگەن هايۋانلارنى هېچ ئاۋارە بولماستىن ئوۋلاۋېرىدۇ)، «چاۋۇش» (جەڭلەردە سەپلەرنى تۈزەيدىغان، ئۇرۇش بولمىغان چاغلاردا ئەسكەرلەرنى خەلققە زۇلۇم سېلىشتىن توسىدىغان ئوفىتسېر) دېگەندەك سۆزلەر مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

يەنە بىرى، ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئۆزى يوقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى، شۇ شەيئىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى باشقا سۆزلەر ئالىدۇ. نەتىجىدە، ئەسلىدىكى سۆزلەر بارا ـ بارا ئىستېمالدىن قالىدۇ. مەسىلەن:

| قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا: | هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا: |
|---|---|
| قۇت | بەخت |
| قۇتسىز | بەختسىز |
| ياغى | دۈشمەن |
| ساب | سۆز، گەپ |
| تىلماچ // تۇڭچى | تەرجىمان |

قاتارلىقلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

(2) يېڭى سۆزلەر كۆپلەپ سۆزلۈككە كىرىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن يېڭى شەيئى، يېڭى هادىسىلەر بارلىققا كېلىپ تۇرىدۇ. مانا بۇنداق يېڭى شەيئى ۋە هادىسىلەر تىلنىڭ سۆزلۈكىدە يېڭى سۆزلەر ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن:

ئۈنئالغۇ؛ سىنئالغۇ؛ كادىر؛ هۆكۈمەتسىزلىك؛ ئۇستقۇرۇلما؛ تۆرىچىلىك؛ تېلېفون؛ لازېر نۇرى؛ ئاتوم؛ ئوكسىگېن؛ كىرئالغۇ؛ توك ئوچاق؛ پار قازان...

(3) سۆز مەنىلىرىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ، يەنى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ياكى كېڭىيىدۇ، ياكى تارىيىدۇ ۋە ياكى كۆچىدۇ، شۇنداقلا كونكرېت مەنىلەر ئابستراكت مەنىگە، ئابستراكت مەنىلەر كونكرېت مەنىگە ئۆزگىرىدۇ.

سۆزلۈك تىلدا تۇتقان ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئاساسىي سۆزلۈك ۋە ئادەتتىكى سۆزلۈك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## §2 . ئاساسىي سۆزلۈك

سۆزلۈكتىكى ئومۇمىي خەلققە بىردەك چۈشىنىشلىك بولغان، دائىم قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى ئاساسىي سۆزلۈك دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

△ تەبىئەت هادىسىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:

كۈن، ئاي، يۇلتۇز، ئاسمان، يەر، سۇ، قىش، ياز، تاغ، دەريا، كۆل، دەرەخ....

△ ئادەتتىكى هەرىكەت ـ ئۆزگىرىشلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:

يېمەك ـ ئىچمەك، ماڭماق، ئولتۇرماق، تۇرماق، قوپماق، ئالماق، بەرمەك، ئۇخلىماق، ئۇچماق، ئۇرماق، كۆلمەك، كىرمەك، چۈشمەك...

△ ئادەم بەدىنىدىكى ئەزالارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:

باش، كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن، تىل، چىش، قول، پۇت، چاچ، ساقال، تېرە، سۆڭەك...

△ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:

دادا (ئاتا)، ئانا (ئاپا)، ئاكا، ئاچا، سىڭىل، بوۋا، موما، ئوغۇل، قىز، ئىنى، ئەر، خوتۇن...

△ سانىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:



www.uyghurkitap.com كىتاب تورى

بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، ئون، يىگىرمە، ئوتتۇز بەش، يۈز، بەش يۈز مىڭ......

△ ئادەتتىكى خاراكتېر، ھالەتلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: پاكار، ئېگىز، سېمىز، ئورۇق، ياخشى، يامان، ئېغىر، كىچىك، ئىسسىق، يۇمشاق، كۆپ، كەڭ، چىرايلىق، تۇز، ئاچچىق...

△ ئورۇن ـ تەرەپنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:

ئاست، ئۈست، يۇقىرى، تۆۋەن، ئىچ، سىرت، ئوڭ، سول، يان، ئارقا، كەين...

△ ھايۋانات ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:

قوي، كالا، ئېشەك، ئات، تۆگە، توخۇ، بۆرە...

△ تىرىكچىلىك لازىمەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:

ئۆي، قورۇ، نان، ئاش، كىيىم، قازان، پىچاق، پالتا، قايچا، گۆش، سەي، ئىشتان...

ئاساسىي سۆزلۈك ئومۇمىي سۆزلۈكنىڭ يادروسى ھەم ئەڭ مۇھىم قىسمى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا تىل ئالاھىدىلىكىنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى يۇقىرى، ھاياتىي كۈچى زور بولىدۇ. ئاساسىي سۆزلۈكتە شۇ تىلنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىمۇ شۇنداق.

ئاساسىي سۆزلۈك ئادەتتىكى سۆزلۈككە نىسبەتەن تۆۋەندىكىدەك روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) زور دەرىجىدە تۇراقلىق بولىدۇ. ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ ئاساسى، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان، شەيئى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرلۇك مۇناسىۋەتلىرىگە ئالاقىدار ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بولغاچقا، ئۇلار زور دەرىجىدە تۇراقلىققا ئىگە بولىدۇ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قوللىنىلىدۇ، ئۆزگىرىش

ئىنتايىن ئاستا بولىدۇ، ھاياتىي كۈچى زور بولىدۇ. مەسىلەن، 7 ~ 8 - ئەسىرلەردىكى مانى دىنىغا ئائىت ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا «كۈن، كىشى، ئاي، پۇت، تەڭرى، ئىگى، ئالتە، تۆرت، ئاداق، بىز، بۇ، بول - ، بىل - ، قورقۇت - » دېگەندەك سۆزلەر؛ 10 - ئەسىرلەردە يېزىلغان «ئالتۇن يارۇق»تا «ئات، ئاش، بەگ، ئەرتە، ئىچ -، كەل -، قىز، قوي، ئۆل -، ئۆردەك، توڭگۇز» دېگەندەك سۆزلەر؛ «قۇتادغۇبىلىك»تە «ئادەم، كىتاب، ئاي، كۈن، ئالىم، بار، باش، كەل -، كۆپ، پادىشاھ، ئوغۇل، ئۆز، بىلەن، يۇلتۇز» دېگەندەك سۆزلەر؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئاغىز> ئېغىز، ئۇرۇش، ئاداش، ئوچۇق، ئۇزاق، ئاشۇق> ئوشۇق، ئەتۈك> ئۆتۈك، ئوغۇل، ئۆلۈم، ئۇچۇن، ئۇزۇن، ئاچ ، بوغ ، كىر -، قوپ -» دېگەندەك سۆزلەر ئۇچرايدۇ. مانا بۇ سۆزلەر تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ قوللىنىلماقتا.

«تۇراقلىق بولىدۇ» دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەر مۇتلەق ئۆزگەرمەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئۇمۇ ئۆزگىرىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، ئەمما بۇ خىل ئۆزگىرىش ئادەتتىكى سۆزلۈككە قارىغاندا تولىمۇ ئاستا، بەكمۇ ئاز بولىدۇ.

ئاساسىي سۆزلۈكتىكى ئۆزگىرىش تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ، يەنى سۆز مەنىسى ياكى كېڭىيىدۇ، ياكى تارىيىدۇ ياكى كۆچىدۇ. سۆز مەنىسىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي سۆزلۈكىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر سۆز مەنىلىرىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

(2) تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلى، ئاساسىي سۆزلۇككە مەنسۇپ بىر قىسىم سۆزلەر ئادەتتىكى سۆزلۈككە تەۋە بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئاساسىي سۆزلۇككە تەئەللۇق بولغان «بودۇن (خەلق)»، «بالىق(شەھەر)»، «ساب (سۆز)» «ئاجۇن» (دۇنيا، ئالەم)، «نەنگىن» (مال ـ دۇنيا)، «ئەلكىن» (مېھمان)، «تېگىن» (شاھزادە) دېگەندەك سۆزلەر 11 ـ، 12 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ ئادەتتىكى سۆزلۇككە ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر ئىگىلىگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىن يەنە ئاساسىي سۆزلۇكتىكى «بەگ»، «ئامبال»، «يايى»، «دورغا»، «پاششاپ»، «مەدرىسە»، «تالىپ»، «خانىقا»، «مەستۇرە»، «باخشى»، «دەرۋىش»، «ئەلەم»، «قازى»، «مۇپتى»، «چېرىك»، «لەشكەر»، «يامۇل» دېگەندەك سۆزلەر ئادەتتىكى سۆزلۇككە ئۆتۈپ كەتكەن.

(3) بىر قىسىم سۆزلەر كەڭ قوللىنىلىپ ئومۇملىشىش نەتىجىسىدە ئاساسىي سۆزلۇكتىن ئورۇن ئالىدۇ. بەزى سۆزلەر يېڭى بارلىققا كەلگەندە ئادەتتىكى سۆزلۈككە تەۋە بولسىمۇ، لېكىن شۇ سۆز ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە، ئۇ سۆزلەر بارا ـ بارا ئاساسىي سۆزلۇكتىن ئورۇن ئېلىپ قالىدۇ. مەسىلەن، «تېلېفون»، «تېلېۋىزىيە»، «ئۇنئالغۇ»، «كىرئالغۇ»، «توڭلاتقۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى ھازىر ئاساسەن ئاساسىي سۆزلۇكتىن ئورۇن ئېلىپ بولدى دېيىشكە بولىدۇ.

(4) ئاساسىي سۆزلۇككە كىرىدىغان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلىدە قىسمەن ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ، لېكىن مەنىلىرىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىي سۆزلۇكىدىكى «ئاداق»، «بۇد»، «قۇلقال»، «ئىكى»، «تۆرت»، «بېش»، «ئالتى»، «يېتى»، «سېكىز»،

«توقۇز»، «قوتۇز»، «تاقاغۇ»، «تېۋە»، «تاۋشقان»، «قارالا»، «قاغار»، «يارىم»، «ئايىق» دېگەندەك سۆزلەر ھازىر «ئاياغ» «بوي»، «قۇلاق»، «ئىككى»، «تۆت»، «بەش»، «ئالتە»، «يەتتە»، «سەككىز»، «توققۇز»، «قوتاز»، «توخۇ»، «تۆگە»، «توشقان»، «قارا»، «قار»، «يېرىم»، «ئېيىق» دېگەن شەكىلدە تۇراقلاشقان.

(2) ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەر زور دەرىجىدە تۇراقلىق بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولىدۇ. چۈنكى، ئاساسلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئەقەللىي تىرىكچىلىك ۋاستىلىرى، تۈرلۈك تۇرمۇش ئادەتلىرى، زۆرۈر ئالاقە ـ مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا ئەينەن يەتكۈزۈپ ئۆگىتىلگەچكە، ئۇلارنى ئەۋلادلار ئومۇمىيۈزلۈك بىلىدۇ. ئاساسىي سۆزلۈككە مەنسۇپ سۆزلەر سىنىپىي پەرق، جىنسىي پەرق، ماكان (دىيالېكت ـ شېۋە) پەرقى، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئومۇمەن ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر ئادەم مەيلى ئۇ قايسى سىنىپ، قايسى قاتلام، قانداق كەسىپ، قانداق ياشتا بولسۇن ياكى مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ قانداق بولۇشى ۋە ياكى قايسى دىيالېكت ـ شېۋىگە تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ پەقەت ئالاقىلەشمەكچى، پىكىر ئالماشتۇرماقچىلا بولىدىكەن، مەيلى ئېغىز تىلىدا بولسۇن، ياكى يېزىق تىلىدا بولسۇن، ئاساسىي سۆزلۈكتىكى سۆزلەرگە تايانماي تۇرۇپ، ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبلىك ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى يۇقىرى بولىدۇ.

(3) ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەر زور دەرىجىدە تۇراقلىققا ئىگە ھەمدە ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەر دائىم يېڭى سۆزلەرنىڭ

ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېڭى شەيئى، يېڭى ھادىسىلەر ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇنداق يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى يېڭى ـ يېڭى سۆزلەر بىلەن ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرىدىن بىرى سۆز ياساش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېڭى سۆزلەرنى ياساشتا، ئۆز تىلىمىزدىكى تىل ماتېرىياللىرى، جۈملىدىن ئۆز تىلىمىزنىڭ ئاساسىي سۆزلۈكىدىكى سۆزلەر ماتېرىيال قىلىنىپ، يېڭى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ياسالسا، ئۇنى ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدۇ، ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ، ئۆزلىشىشىمۇ تېز بولىدۇ. مەسىلەن، تىلىمىزنىڭ ئاساسىي سۆزلۈكىگە تەئەللۇق بولغان «باش» سۆزىدىن ياسالغان تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرگە قاراپ باقايلى:

باشاق، باشاقسىز، باشاقسىمان، باشاقلا ـ، باشاقلىق، باش ـ ئاخىر، باش ـ ئاياغ، باشباشتاق، باشباشتاقلىق، باش ـ بۇرۇن، باشپاناھ، باشپاناھسىز، باشپاناھسىزلىق. باشپاناھلىق، باش پىياز، باشتا، باشتىن ـ ئاخىر، باشتىن ـ ئاياغ، باشچى، باشچىلىق، باشسىز، باشسىمان، باشقارما، باشقۇر ـ، باشقۇرغۇچى، باشقۇرۇش (ئىلمى)، باشقۇرۇلىدىغان، باش ـ كاللا، باش ـ كۆز، باش كىيىم، باشلا ـ، باشلات ـ، باشلام، باشلامباش، باشلامچى، باشلامچىلىق، باشلان ـ، باشلانغۇچ.

باشلانما، باشلىق[1]، باشلىق[2] ، باشلىقسىز، باشلىقلىق، باشلىنىش، باشمالتاق، باشمۇباش، باش ـ ئۇچ، باشباغ، باش ياغلىق...

بۇ سۆزلەردە «باش» سۆزى پەقەت ئالدىنقى تەركىب بولۇپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەن. يۇقىرىدىكىلەر «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»دە بىرىنچى سۆزلەم قاتارىدا بېرىلگەنلىرى.

باش ئاتماق، باش ئاغرىقى، باش ئاغرىقى تاپماق، باش ئاغرىماق، باش ئالماق، باش ئاۋاز، باش ئايلانماق، باش ئەتىياز، باش ئەگمەك، باش مۇپەتتىش، باش ئەلچى، باش بارماق، باش باھار، باش بەرمەك، باش بوغالتىر، باش بولماق، باش بۇرنى، باش بولغىماق، باش بېقىشماق، باش پەدە، باش پىتى، باش تارتماق، باشتا كۆتۈرمەك، باش تاۋاق، باش تەپتىش، باش تەندىن جۇدا بولماق، باش توخۇ، باش تولغىماق، باش تومۇز، باش تېخنىك، باش تېرىسى، باش تېما، باش تىققۇدەك، باش تىقماق، باشتىن تۇتۇن چىقماق، باشتىن كەچۈرمەك، باشتىن ئۆتكۈزمەك، باشتىن ئۆرۈمەك، باشتىن ياغاچ ئۇشتۇماق، باش جايىغا چۈشمەك، باش جىنايەتچى، باش چاپارمەن، باش چايقىماق، باش چۆكۈرمەك، باش چۈجە، باش چۈشۈرمەك، باش چېچەك، باش چىقارماق، باش خوردىلىقلار، باش دەپتەر، باش دوختۇر، باش رول، باش رول ئالماق، باش رولچى، باش ساقايماق، باش ساقچى، باش سەردار، باش سەركەردە، باش سوتچى، باش سوراقچى، باش سۆڭەك بوشلۇقى، باش سۆڭىكى، باش سۈيى[1]، باش سۈيى[2]، باش سۈيى پەردىسى، باش سۈيى پەردىلىكلەر، باش سىلىكىمەك، باش ئىشتاب، باش خوجىدار، باش غول سىم، باش فوكۇس نۇقتىسى، باشقا ئاق سانجىماق، باشقا ئاق قونماق، باشقا ئاق كىرمەك، باشقا بالا بولماق، باشقا بالا تېپىۋالماق، باشقا بالا كەلمەك، باشقا بەخت قۇشى قونماق، باشقا پىت چۈشمەك، باشقا پىت سېلىۋالماق، باشقا دۆلەت قۇشى قونماق، باش قاتماق، باش قاتۇرماق، باشقا چىقماق، باشقا دەسسىمەك، باشقا سوغۇق سۇ قۇيماق، باشقا كەلگەننى كۆرمەك، باشقا كەلمەك، باشقا كۈن چۈشمەك، باشقا كۈن

كەلمەك، باشقا كىيمەك، باشقا ئاچىقماق، باشقا ئىلىپ يۈرمەك، باش قايغان، پۈت تايغان يەردە يۈرمەك، باش قايغان تەرەپكە كەتمەك، باش قايغان يەرگە كەتمەك، باش قايىماق، باش قەھرىمان، باش قوشماق، باش قوماندان، باش قوماندانلىق ئىشتابى، باش قويماق، باش قۇر، باش قىپتىنچىلىق، باش قىش، باش قىلماق، باش كاتىپ، باش كەتمەك، باش كۆتۈرەلمەسلىك، باش كۆتۈرگۈسىز، باش كۆتۈرمەك، باش كۆتۈرمەي، باش كۆتۈرۈپ يۈرمەك، باش كۇز، باش كونسۇل، باش كىپىكى، باش كىسەر، باش كىلىش، باش لۇشيەن، باش لىڭشىتماق، باش ماقالە، باش ـ مېڭە، باش ناخشىچى، باش مۇھەررىر، باشنى تاتىلىماق، باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ، باشنى تۇتۇپ قالماق، باشنى تىكىپ قويماق، باشنى قاپاق قىلماق، باشنى قاشلىماق، باشنى ئوچاق ئەتمەك، باشنى ئوچاق قىلىۋەتمەك، باشنى ئىچىگە تىقىپ يۈرمەك، باشنى ئىچىگە تىقىۋالماق، باشنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتماق، باش ـ ئۇچى يوق، باش ئۇرماق، باش ئۇستىگە، باش ۋالىي، باش ۋەزىپە، باش ۋەزىر، باش ئەكەتمەك، باش ئىچكى بېسىمى، باش ۋىراچ، باش ئىرغىتماق، باش ياچېيكا، باش ياز، باش ياستۇققا يەتكەندە، باش يامغۇر، باش يورغا، بېشى ئاسمانغا تاقاشماق، بېشى ئاسمانغا يەتمەك، بېشى ئاقارماق، بېشى ئامان بولماق، بېشى باغلانماق، بېشى بوش، بېشى بۇلۇتقا تاقاشماق، بېشى بىر يەردە بولماق، بېشى بىلەن، بېشى بىلەن كىرىپ كەتمەك، بېشى پەلەككە يەتمەك، بېشى پىشماق، بېشى تەۋرەپ قالماق، بېشى تۆرىمەك، بېشى تۆۋەنلىمەك، بېشى جايىدا، بېشى جايىغا چۈشمەك، بېشىچە كىرىپ كەتمەك، بېشى چوڭ، بېشى چوڭلۇق قىلماق، بېشى چۈشمەك، بېشىدا بولماق، بېشىدا قامچا ئوينىتماق، بېشىدا ئوت كۆيمەك، بېشىدا ئولتۇرماق، بېشىدا ياڭاق چاقماق، بېشى ئوچۇق، بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە، بېشىدىن

تارتىپ تاپىتىغىچە، بېشىدىن تۇتۇن چىقارماق، بېشىدىن تۇتۇن چىقىپ كەتمەك، بېشى يوغان، بېشىدىن قورقىماق، بېشىدىن ئۆتكەن، بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتمەك، بېشى سىلىنماق، بېشىغا تاغ يىقىلماق، بېشىغا تاڭماق، بېشىغا توپا چاچماق، بېشىغا چاڭگا تىزماق، بېشىغا چۈشمەك، بېشىغا چىقماق، بېشىغا سۇ قويماق، بېشىغا سىركە قۇيۇۋالماق، بېشىغا غەم چۈشمەك، بېشىغا كېلمەك، بېشىغا مىنمەك، بېشىغا ئوت ياقماق، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرمەك، بېشىغا ئىسسىتما چۈشمەك، بېشى قاتتىق، بېشى كۆككە يەتمەك، بېشى گاڭگىرىماق، بېشىنى ئالماق، بېشىنى ئايلاندۇرماق، بېشىنى باغلىماق، بېشىنى بىر قىلىپ قويماق، بېشىنى بىر ياقلىق قىلماق، بېشىنى پىت باسماق، بېشىنى تۆۋەن سالماق، بېشىنى تىك تۇتماق، بېشىنى چېتىپ قويماق، بېشىنى سىلىماق، بېشىنى قايدۇرماق، بېشىنى قايمۇقتۇرماق، بېشىنى قوشۇپ قويماق، بېشىنى قېتىپ قويماق، بېشىنى ئوڭلىماق، بېشىنى ئىككى قىلىپ قويماق، بېشىنى يەيدىغان، بېشىنى يېمەك، بېشى ئېغىرلاشماق، بېشى ئىششىپ قالماق، بېشى يوغىناپ كەتمەك، باشاق تاللاش، باشاق مۆڭگۈزى، باشاق مۆڭگۈزى زەمبۇرۇغى، باشاق ئوقى، باشاقسىمان گۈل رېتى، باشاقلىقلار ئائىلىسى، باش ـ ئايىغى چىقماق، باش ـ ئايىغىغا قارىماق، باشباشتاقلىق قىلماق، باشپاناھ بولماق، باشچىلىق قىلماق، باشقۇرغۇچى تور، باشقۇرغۇچى گېن، باشقۇرۇش تەۋەلىكى، باشقۇرۇش ھوقۇقى، باشقۇرۇش ئىلمى، باشقۇرۇش ئۇستىلى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا، باشقىچە ئىش تۇتماق، باشقىچە يول تۇتماق، باش ـ كۆزى قانغا بويالماق، باشلامچى بولماق، باشلامچىلىق قىلماق، باشلانغۇچ مائارىپ، باشلانغۇچ جەمئىيەت، باشلانغۇچ مەكتەپ، باشلىق ـ ماشلىق، باشلىنىش مۇزىكىسى، باشمۇباش تېگىشمەك.

مانا بۇلار «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» ۋە «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە ئىككىنچى سۆزلەم قاتارىدا بېرىلگەنلىرى. ئەمدى «باش» سۆزى كېيىنكى تەركىب بولۇپ كەلگەن «يولباشچى» «كۆكۋاش <كۆكباش»، «قاپاقۋاش <قاپاقباش»، «كۆكۋېشى < كۆكبېشى»، «قاقۋاش <قاقباش» دېگەندەك ياسالما سۆزلەرنى يىغىپ چىقساق، «باش» سۆزىدىن ياسالغان ياسالما سۆزلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.

ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر تىلى ئاساسىي سۆزلۈكىدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئومۇمىي جەھەتتىن شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت سۆزلەردە ئوخشاش ئەمەس، يەنى بەزى سۆزلەرنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسا، بەزىلىرىنىڭ ئاجىزراق بولىدۇ ھەتتا بەزىلىرىدىن بىرەرمۇ يېڭى سۆز ياسالماسلىقى مۇمكىن. بىراق، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان، ئومۇمىي خەلق چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا ئېنىق ئۇقۇملۇق، ئوبرازلىق، ئىخچام بولغان يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلغان. شۇڭا، خەلقىمىز تارىختىن بۇيان، ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلگەن.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ تۇراقلىق بولۇشى، ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولۇشى، سۆز ياساش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ خىل ئالاھىدىلىكى ئاساسىي سۆزلۈكنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە قارىتىپ ئېيتىلغان. ئاساسىي سۆزلۈككە

كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئالاھىدىلىكنى بىرلا ۋاقىتتا ھازىرلىشى ناتايىن.

دېمەك، ئاساسىي سۆزلۈكتىكى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئومۇمىي سۆزلۈك سىستېمىسىدىكى ئورنىدىن قارىغاندا تۇراقلىق بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى جەھەتتىن قارىغاندا، ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولىدۇ؛ سۆزلۈكنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى رولىدىن قارىغاندا، سۆز ياساش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ.

ئاساسىي سۆزلۈكتىكى سۆزلەرنىڭ سانى ئادەتتىكى سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ سانىدىن ھامان ئاز بولىدۇ.

## §3. ئادەتتىكى سۆزلۈك

ئومۇمىي خەلق بىردەك چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان، قوللىنىلىش دائىرىسى تارراق بولغان سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى ئادەتتىكى سۆزلۈك دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتىكى سۆزلۈك تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. ئادەتتىكى سۆزلۈك ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق بولىدۇ. جەمئىيەتتىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەرنى دەل ۋاقتىدا ئىپادىلەش بىلەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا، تۇرمۇش قاتارلىق ساھەلىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ.

(2) ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولمايدۇ. ئادەتتىكى سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنى ئومۇمىي خەلق بىردەك چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئادەتتىكى سۆزلۈك ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئادەتتىكى

سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنى قوللىنىشتا سىنىپ، كەسىپ، رايون (دىيالېكت ـ شېۋە)، ياش ئايرىمىسى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى قاتارلىق جەھەتلەردە پەرق بولىدۇ. شۇڭا، ئادەتتىكى سۆزلۈك ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولمايدۇ.

(3) سۆز ياساش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ. ئادەتتىكى سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ، يەنى يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولالمايدۇ. بۇنىڭ ئۇنداق بولۇشىنى ئادەتتىكى سۆزلۈكنىڭ ئۆزگىرىشچان بولۇشى، ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولماسلىقى بەلگىلىگەن.

(4) ئادەتتىكى سۆزلۈكتىكى سۆزلەرنىڭ سانى ئاساسىي سۆزلۈكتىكى سۆزلەرنىڭ سانىدىن ھامان كۆپ بولىدۇ، تەركىبىمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ.

ئادەتتىكى سۆزلۈككە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك سۆزلەر كىرىدۇ:

**1. كونا سۆزلەر**

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمالدىن پۈتۈنلەي قالغان ۋە ئاساسەن قالغان سۆزلەر كونا سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق سۆزلەرنى ئۆز خۇسۇسىيىتىگە قاراپ قەدىمكى سۆزلەر ۋە تارىخىي سۆزلەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1) قەدىمكى سۆزلەر

سۆزلۈكنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، قەدىمكى دەۋرلەردە قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى دەۋردە قوللىنىلمايدىغان، يەنى ھازىرقى دەۋردە پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەر قەدىمكى سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى سۆزلەرنىڭ ئىستېمالدىن قېلىشى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرى، جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا بەزى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ شۇ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرمۇ ئىستېمالدىن قالىدۇ، يەنى قەدىمكى دەۋرلەردە بەزى شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇ شەيئى ۋە ھادىسىلەر يوقىلىدۇ. ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، شۇ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرمۇ يوقىلىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئوغۇق» دېگەن سۆز «ئۆتۈك ياكى مەسىنىڭ ئۇستىدىن كىيىدىغان تېرە پايپاق»نى، «ئوردۇتال» دېگەن سۆز «تۈك چۈشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان ھاك ئارىلاشمىسى»نى، «شۇتۇك» دېگەن سۆز «كالا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسالغان دۇۋەت»نى، «قۇغۇش» دېگەن سۆز «ئوقنى سىلىقلاش ۋە تەكشىلەش (بىر خىل ئۆلچەمگە كەلتۈرۈش) ئەسۋابى»نى، «ھەرەمئاغىسى» دېگەن سۆز «خان - پادىشاھ سارايلىرىدا خوتۇن - قىزلارنى كۆزىتىشكە مەسئۇل ئەمەلدار»نى، «ھەرەمخانا» دېگەن سۆز «خان - پادىشاھلارنىڭ ۋە بەزى ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئەمەلدارلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان جاي»نى بىلدۈرگەن بولسا، ھازىرقى دەۋردە شۇ شەيئىلەرنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنى ئىپادىلەيدىغان يۇقىرىدىكى سۆزلەرمۇ ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمالدىن قالغان. «ئونبېشى، يۈزبېشى، مىڭبېشى، ئەللىكبېشى» دېگەندەك سۆزلەرمۇ مۇشۇ تۈردىكى قەدىمكى سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىرى، جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا، بەزى شەيئى ۋە ھادىسىلەر يوقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى، بەزى يېڭى سۆزلەرگە ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ ياكى يېڭى سۆزلەر ئەسلىدىكى سۆزلەرنى قىستاپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە،

ئەسلىدىكى سۆزلەر ئىستېمالدىن قالدى. مەسىلەن:

| قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا | هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا |
| --- | --- |
| بودۇن | خەلق |
| بالىق | شەھەر |
| تېگىن | شاھزادە |
| ياغى | دۈشمەن |
| ساب | سۆز |
| پىچقۇچ | قايچا |
| قۇت | بەخت |
| ئۆگۈز | دەريا، ئېقىن |
| ساران | پىخسىق، بېخىل |
| ئەدگۈ | ياخشى |
| قابان | تەخسە |
| قونسولۇق | ئامبار |
| قوقپۇ | پاختا رەخت |
| بىر | جەنۇب |
| بۇدىك | ئۇسسۇل |
| بۆگۈ[1] | ئالىم، دانىشمەن |
| بۆگۈ[2] | دوختۇر |
| باقان | بويۇن، ھالقا، چەمبەر |
| ئەۋىر[1] | ئايلىنىش |
| ئەۋىر[2] | ① دائىرە، ② مۆھلەت |
| ئەۋىر[3] | ئۆرۈمەك، تەرجىمە قىلماق |

قەدىمكى سۆزلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەرنى تەتقىق قىلىشتا ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەسلى

قىياپىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتكۈزۈشتە مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە. ئۇلارنىڭ ھازىرمۇ بەزىبىر ژانىرلاردا قوللىنىلىۋاتقانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، شەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» دېگەن تارىخىي رومانى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

2) تارىخىي سۆزلەر

قەدىمكى دەۋرلەردە ياكى بۇرۇن كەڭ قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى دەۋردە ئاساسەن ئىستېمالدىن قالغان ياكى ئىستېمالدىن قېلىشقا يۈزلەنگەن سۆزلەر تارىخىي سۆز دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئامبال، بەگ، باخشى، دوغا، مەپە، قازى، چېرىك، تۇڭچى، تىلماچ، لەشكەر، مەشقاۋۇل، ياساۋۇل، شاڭيو؛ ئوتقاش، پەيشەنبىلىك، ۋەزىر ئەزەم، يارلىق، ياساق، يارماق، يايى، يامۇل، ئايماق، رەمبال، ئاستانە، دوتەي، كىنەز، ۋاڭ، يامبۇ، پاششاپ، بارگاھ، مىراقۇل، باقاۋۇل، گۇرزە، مىراۋۇل، كۇلاھ، دىۋانبېگى، يايى، كارگەر، مۇت، رىزە، تەۋ، ۋەج، داكان، زۇلپىكەش...» دېگەندەك.

دولقۇن خاراكتېرلىك مەلۇم سىياسىي ھەرىكەت ئاياغلاشقانلىقى سەۋەبلىك ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەرمۇ تارىخىي سۆزلەر تۈرىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

«ئىسيانكار، پومېشچىك، كوممۇنالىشىش، كوپېراتسىيەلىشىش، باي دېھقان، گومىنداڭ، قارا يىپ، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، كەمبەغەل دېھقان، ئېچىلىپ سايراش» دېگەندەك.

تارىخىي سۆزلەردىمۇ مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال ئۇچرايدۇ.

بىرى، جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا، بىر قىسىم شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، شۇ شەيئى ياكى ھادىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرمۇ كۆپ قوللىنىلمايدىغان

بولۇپ قالدى ياكى ئايرىم ژانىرلاردىلا قوللىنىلىدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلەن، «پەيشەنبىلىك» دېگەن سۆز «دىنىي مەكتەپلەردە پەيشەنبە كۈنى بالىلار موللامغا ئاتاپ ئېلىپ بارىدىغان پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەر»نى، «قازى» دېگەن سۆز «شەرىئەت قانۇنى بويىچە دەۋا ئىشلىرىنى سورايدىغان ئەمەلدار»نى، «مەپە» دېگەن سۆز «مەخسۇس ئادەم چۈشۈش ئۈچۈن ياسالغان، ئات ياكى قېچىر قوشۇلىدىغان، ئۈستى يېپىق، ئىككى چاقلىق بىر خىل قاتناش قورالى»نى بىلدۈرگەن بولسا، هازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شۇ شەيئىلەرنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنى ئىپادىلەيدىغان يۇقىرىدىكى سۆزلەرمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىنمايدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلار هازىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېزىق تىلى ژانىرىدىلا قوللىنىلىدۇ.

يەنە بىرى، جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا، بەزى شەيئى ۋە هادىسىلەر يوقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ شەيئى ۋە هادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ ئورنىنى باشقا سۆزلەر ئىگىلىۋالغان، نەتىجىدە ئەسلىدىكى سۆزلەر قىستاپ چىقىرىلىپ، پەقەت يېزىق تىلىدىلا قوللىنىلىدىغان بولۇپ قالغان. مەسىلەن، «ئوتقاش، ئامبال، چېرىك ياكى لەشكەر، تىلماچ ياكى تۇڭچى، ئاستانە» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىنى «مەشئەل، هاكىم، ئەسكەر، تەرجىمان، پايتەخت» دېگەن سۆزلەر ئىگىلىگەنگە ئوخشاش.

تارىخىي سۆزلەر هەرگىزمۇ «ئۆلگەن» سۆزلەر ئەمەس، شۇڭا ئۇلار تارىخىي ئەسەرلەردە، كونا جەمئىيەتنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئەينەن تەسۋىرلەشتە، مۇناسىپ چىنلىق ۋە ئۆزىگە خاس دەۋر پۇرىقى بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان تەڭدىشى يوق قىممەتلىك لېكسىكا بايلىقى هېسابلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تارىخىي سۆزلەر دەۋر تۈسىنى ئىپادىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان تىل ماتېرىياللىرى هېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» دېگەن تارىخىي رومانلىرى تىپىك مىسال بولالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uighurkitap.com

2 . يېڭى سۆزلەر

ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان، يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر يېڭى سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئۇنئالغۇ، كىرئالغۇ، سىنئالغۇ، توڭلاتقۇ، ياڭراتقۇ، كىملىك، يانفون، ئاققۇن، چاقىرغۇ، راكېتا، تېلېۋىزور، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئاۋىياماتكا، ئوپتىكا، ئاكۇستىكا، ئۇنۇمشۇناسلىق. نۇسخىئالغۇ، بەلگىشۇناسلىق، چوڭايتقۇچ، كۇچەيتكۈچ، سىنقويغۇ، لىفىت، كومۇر تېجىگۈچ، پاتېنت، ۋاقىتشۇناسلىق، بازارشۇناسلىق، ئىشۋازلىق، ئۆتۈشمە، كۆتۈرمە كۆۋرۈك، تىڭشىغۇچ، قانال، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، قېزىش ماشىنىسى، مىكرو، ماكرو، مىنىبۇس، مىكروئىسخېما، كۆزنەك، كۆرەك، ماددىچىلىق، ئەزەلىيچىلىك...» يېڭى سۆزلەر مۇنداق ئۈچ خىل يول ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ:

(1) ئەسلىدە بار سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش...

(2) ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدىن بار بولغان ماتېرىياللار ئاساسىدا يېڭى سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، بەلگىشۇناسلىق، ئۇنئالغۇ، ئۆتۈشمە...

(3) سۆز قوبۇل قىلىش ئارقىلىق يېڭى سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ.

يېڭى سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى كۆپ قوللىنىلىش، كەڭ ئومۇملىشىش نەتىجىسىدە، ئاساسىي سۆزلۈكتىن ئورۇن ئېلىپ

قېلىشىمۇ مۇمكىن .

3 . كەسپىي سۆزلەر

كەسپىي سۆزلەر دېگىنىمىز، تۈرلۈك كەسىپ ۋە تۈرلۈك ساھەدىكىلەرنىڭ ئۆز كەسىپلىرى دائىرىسىدە قوللىنىلىدىغان سۆز - ئاتالغۇلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى كەسىپ كەڭ مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇ ھەم ھازىرقى دەۋردىكى تۈرلۈك پەنلەرنى، ھەم ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۈرلۈك ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ماتېماتىكا، بىيولوگىيە، تىلشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، كىگىزچىلىك، ناۋايچىلىق، تۆگمەنچىلىك، جۇۋازچىلىق... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر تىلىدىكى كەسپىي سۆزلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاتالغۇلىرى ۋە دىنىي ئاتالغۇلار دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى

ھەرقايسى پەنلەرگە خاس ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

△ ماتېماتىكىغا ئائىت سۆزلەر:

قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش، كەسىر، مىنۇس، پىلۇس، رادىكال، ئۈچ بۇلۇڭ، ئالگېبرا، تىك بۇلۇڭ، يىلتىز، يىلتىزدىن چىقىرىش، كىۋادرات، پاراللېل تۆت تەرەپلىك، رومبا، بۆلۈنگۈچى، قوشۇلغۇچى، تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭ، مەنپىي سان، مۇسبەت سان، ئېلىنغۇچى، كۆپەيتكۈچى...

△ ئەدەبىياتقا ئائىت سۆزلەر:

بەدىئىيلىك، پېرسوناژ، باش تېما، ماۋزۇ، لىرىكا، قوشاق، بايان، تەسۋىر، نەسر، تۇراق، ۋەزىن، قاپىيە، رومان، ھېكايە،

پوۋېست، شېئىر، ئابزاس، ئاپتور، ئەپسانە، رىۋايەت...

△ تىلشۇناسلىققا ئائىت سۆزلەر:

فونېما، مورفېما، سۆز، جۈملە، قوشۇمچە، بوغۇم، فونېتىكا، ئىنتوناتسىيە، گىراماتىكا، لېكسىكا، مورفولوگىيە، ئىسىم، سۈپەت، مىقدار سۆز، باغلىغۇچى، يۈكلىمە، سوزۇق تاۋۇش، ئۈزۈك تاۋۇش، فىرازېيولوگىيە، ئىدىيوم، تۈس مەنە، كۆچمە مەنە، راي كاتېگورىيەسى، قوشما جۈملە...

△ پەلسەپىگە ئائىت سۆزلەر:

دىيالېكتىكا، مېتافىزىكا، ماددا، ئاڭ، ماكان، زامان، كاتېگورىيە، ئەقىدىچىلىك، بىر مەنبەچىلىك، تەجرىبىچىلىك، ھېسسىي بىلىش، ئىلاھىسىزلىق، ئەقلىي بىلىش، ئىنكارچىلىق، كېلىشتۈرمىچىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ھۆكۈمەتسىزلىك ....

△ فىزىكىغا ئائىت سۆزلەر:

ماگنىت، ماگنىتلاشماق، ۋات، ۋار، ۋاتمېتىر، ۋولت ـ ئامپېر، ۋولت، ۋامبېر، ۋېكتور، ئېرىش نۇقتىسى، ئېغىرلىق مەركىزى، ئېغىرلىق كۈچى، ئېقىش بۇلۇڭى، ئېقىشچانلىق، ئېقىم تېزلىكى، ئېكرات، ئېلاستىك جىسىم، ماددا دولقۇنى، ئېلېكتىر، ئامپېرمېتىر، ئېلېكتىر ئېقىمى....

△ خىمىيەگە ئائىت سۆزلەر:

ئوكسىدلاش، رېئاكسىيەلەشتۈرۈش، تەڭلىمە، ئېچىتقۇ، ئېرىتمە، ئېرىش، ئېرىشچانلىق، كاتالىزاتور، ئوكسىگېن، ۋودورود، ۋولفرام، ئېتىن، ئېتىل، ئېچىتىلغان ئوغۇت، ئېغىر سۇ، ئېغىر مېتال، مانگان، ۋىنىلون، ئازوت، كاربون....

△ تېبابەتچىلىككە ئائىت سۆزلەر:

ۋاكسىنا، ۋابا، ۋىراچ، ياللۇغلىنىش، ياللۇغ، ئېغىز ياللۇغى، ماخاۋ كېسەللىكى، تومۇر تۇتۇش، دىياگنوز قويۇش، قۇرۇق ئىسسىق، زۇكام، قان بېسىمى، يۈرەك سانجىش،

ئاقكېسەل، ئاق قان دانچىسى....

△ بىيولوگىيەگە ئائىت سۆزلەر:

ئېكولوگىيە، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق، ئىرسىي، ئىرسىي قابىلىيەت، ئىرسىي ماددا، ئىرسىي ئامىل، ئىرسىيەتچانلىق، ئىرسىيەتشۇناس، مەزى بېزى، ھۈجەيرە، تۆرەلمە، باكتېرىيە ئۆستۈرۈش، جانلىقلار، ئومۇرتقىلىق ھايۋان، ئۆمىلىگۈچى ھايۋان، تەبىئىي تاللىنىش...

△ قانۇنشۇناسلىققا ئائىت سۆزلەر:

پۇقرا، ئاساسىي قانۇن، قانۇنشۇناس، جىنايەتچى، ئاقلىغۇچى، قارىلىغۇچى، سوت، سوتچى، سوتخانا، ئوچۇق سوت، سوتلىماق، ھۆكۈمنامە، ھۆكۈم ئېلان قىلماق، دەۋاگەر، ئادۋوكات، گۇماندار، كېسىم، سوت تەۋەلىكى، سوت كوللېگىيەسى، سوت مەھكىمىسى، ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى...

△ دېھقانچىلىققا ئائىت سۆزلەر:

دان سۈيى، گەجگە سۈيى، كانجىلاش، قوش، ساپان، سېيالكا، سۆرەم، ئارا، كەتمەن، ئورغاق، ئۇرۇق، ئۇرۇقلۇق، ئۇرۇق سېلىش، خامان، خامان تېپىش، خامان سورۇش، چەشلەش، كۈزگى بۇغداي، يازغى بۇغداي، كۆممىقوناق، زىغىر، قىچا، تېرىق، شال، ئاختارما، سۆرەم سېلىش، ئوغۇتلاش، توپا يۆلەش، توپىلاش، يەر ئاغدۇرۇش...

2) قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاتالغۇلىرى

ئۇيغۇرلاردا كىگىزچىلىك، ناۋايچىلىق، تۇگمەنچىلىك، كۆنچىلىك، جۇۋازچىلىق، بىناكارلىق، تىككۈچىلىك، موزدۇزلۇق، دوپپىچىلىق، بوياقچىلىق، زەرگەرلىك، مىسكەرلىك، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپى خېلى تەرەققىي قىلغان؛ پىچاقچىلىق، كەشتىچىلىك، گىلەمچىلىك قاتارلىق داڭلىق قول ھۈنەر

ماھارىتىنى ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇش ھېلىمۇ مۇئەييەن دائىرىدە ساقلانماقتا، بىرنەچچە ئەۋلادتىن بۇيان مەلۇم بىر خىل ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنى ھەر يەردە ئۇچرىتىش مۇمكىن. مۇشۇ سەۋەبتىن، قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت سۆزلەر كەسپىي ئاتالغۇلار ئىچىدە خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۆگىنىش ۋە سېلىشتۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاتالغۇلىرىنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە ئايرىم كۆرسىتىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

△ دوپپىچىلىققا ئائىت سۆزلەر:

تەپچۈش، پىلتا بېرىش، كۆكلەش، قوندۇرۇش، چۆچۈرە بادام دوپپا، بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، گىلەم دوپپا، چېكەن دوپپا، جىيەك تۇتۇش، سەرپۇش تۇماق، سالۋار تۇماق، ئاق تۇماق، تۈلكە تۇماق، كەمچەت تۇماق، بابۇرقۇلاقچا، شەپكە، كەپكە شەپكە، دوپپا، قۇلاقچا...

△ موزدۇزلۇققا ئائىت سۆزلەر:

روپچىك، باشلىق، ئاپقۇت، سىرەج، موم، شاۋرۇن، كوۋا، كۇسا (كۇرسى)، بىگىز، بۇرەندە، دەرەپشە، ئەرەنچە ئۆتۈك، بالا ئۆتۈك، ھاۋا بېرىش، كارۋان ئۆتۈكى، مەسە، سەندەل، شىبلىت، قونچلۇق بەتىنكە، بېچىلىق، پاشنا، پاشنا سوزۇش...

△ تامچىلىققا ئائىت سۆزلەر:

چۆپگەز، ئەندۇۋا، ۋادو، مەرەپ، مورا، بالا بېشى، ناۋا، تەكچە، ۋاسا جۇپ، ۋاسا دەمىيان، خىش قويۇش، تام قوپۇرۇش، ئەنجان تام، ھاۋادان، ئۆي يېپىش، ئۆي ئېچىش، قارا سۇۋاق، سىلىق سۇۋاق...

△ تۆمۈرچىلىككە ئائىت سۆزلەر:

كۆرۈك بېسىش، تاۋلاش، سۇغىرىش، سەندەل، بازغان، بولقا، قىسقۇچ، قەلەم، قەلەم قىسقۇچ، چاتما بولقا، چاسا بولقا،

كۆرەك، ئەسۋاب قاقتۇرۇش، ئۈلتىش، بولقىلاش، بازغانلاش، بىس، تىغ، پىچاق، ئۇستىرا، تاقا...

△ تىككۈچىلىككە دائىر سۆزلەر:

پەشمەت، تونچە، يەكتەك، ئويماق، موكا، چىۋىق، قىلىپ، كەمزۇل، پالشوپكا، جىلىتكە، پىلاتى، كۆكرەك پۇرمە، بەل پۇرمە، يوپكا، كوپتا، قاتلاق يوپكا، كۇلۇچ يوپكا، بۆرەك ياقا، پەۋاز، پۇچقاق...

△ ياغاچچىلىققا دائىر سۆزلەر:

ھەرە، ئىسكىنە، ئۇچكە، رەندە، رەندىلەش، قارا چىكىش، ياغاچ چىپىش، چوت، كەكە، قول ھەرىسى، جادىھەرە، چاچاپ قىلىش، ھەرىلەش، ياغاچ چىقىرىش، شىنا قېقىش، پۇزەك، ھەرە تارتىش...

ئۇيغۇر تىلىدىكى قول ھۇنەرۋەنچىلىك ئاتالغۇلىرى ئۆزىنىڭ ئوبرازچانلىقى، ئىخچاملىقى ۋە چۈشىنىشلىكلىكى بىلەن ئۇيغۇر جانلىق تىلىغا ھەتتا ئەدەبىي تىلغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىنى بېيىتىش رولىنى ئوينىپ كەلدى. مەسىلەن، «كاسىپ ئۆزىگە چىقىنالماپتۇ»، «قوينى قاسساپ سويسۇن»، «موزدۇز يالاڭ ئاياغ، باپكار ئىشتانسىز»، «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر»، «يەتتە ئۆلچەپ، بىر كەس» دېگەندەك ماقاللار قول ھۇنەرۋەنلەر تىلىدىن ئومۇمىي خەلق تىلىغا كىرگەن ماقاللار ھېسابلىنىدۇ.

3) دىنىي ئاتالغۇلار

ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆزلۈكىدە مەخسۇس دىنىي زاتلار ۋە ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قوللىنىلىدىغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، خۇسۇسەن ياشلارغا ئانچە چۈشىنىشلىك بولمىغان بىر بۆلەك سۆزلەر بار. بۇ خىل سۆزلەر ئاۋام خەلق ئاممىسى ئارىسىدا كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. چۈنكى، ئانچە ـ مۇنچە مەسچىتكە بارىدىغان، جۈمە

نامىزى ياكى ھېيت نامىزىغا ئىشتىراك قىلىدىغانلىكى ئادەمنىڭ قۇلىقىغا ئىمام (نامازدا جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ نامازنى باشقۇرغۇچى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىقتىدا قىلدۇرغۇچى دىنىي شەخس)نىڭ ئەمرىمەرۇپى (دىنىي تەشۋىقاتى، پەند ـ نەسىھەتى)، ۋائىزنىڭ ۋەزى (دىنىي مەزمۇندا تەربىيە قىلغۇچىنىڭ تەربىيەسى، پەند ـ نەسىھەتى)، خاتىپنىڭ خۇتبىسى (نۇتۇقچىنىڭ نۇتقى) ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان دىنىي ئاتالغۇلار چۈشىدۇ. ئېتىقاد تۇپەيلى كىشىلەر بۇ خىل سۆز ـ ئاتالغۇلارنى بەكمۇ ئەتىۋارلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلامىيەت چۈشەنچىسى بويىچە دۇنيانىڭ بارلىققا كېلىشى، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى بايان قىلىنىدىغان قەدىمىي چۆچەكلەر، قىسسەلەردە، تەبىئىي ھالدا ئىسلام دىنىغا خاس سۆز ـ ئاتالغۇلار ناھايىتى كۆپ، بۇ خىلدىكى سۆزلەرنى ئاۋام خەلق خاس سورۇنلاردا كۆپ ئىشلىتىدۇ.

دىنىي ئاتالغۇلارنى ئۆز نۆۋىتىدە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكىمۇ بولىدۇ:

ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئالەم ۋە ئادەم چۈشەندۈرۈلىدىغان سۆزلەر:

باقىي ئالەم، پانىي دۇنيا، جەننەت، دوزاخ، ناسارا، ئابىھايات، ئابىكەۋسەر، پىلسىرات، بەندە، بەندىچىلىك، تەجۋىد، قىيامەت، مەھشەر، مەھشەرگاھ، ئەجەل، ئەلمىساق، مۆمىن، كۇپپار، پاسىق، مۇشرىك، جەھەننەم...

ئىبادەت ۋە زىيارەتكە دائىر سۆزلەر:

ئىمان، ئىمان ئېيتماق، سەجدە قىلماق، مەسچىت، رۇكۇغا بېرىش، قۇلاق قېقىش، غۇسۇل قىلىش، ئىستىنجا قىلىش، بويىنى سۇغا سېلىش، تاھارەت ئېلىش، ھەج قىلىش، ھاجى، بەيتۇللا، بەيتۇلھەرەم، ھەرەم، ھەرەم ئېيى، زاراتگاھ، زاراتگاھلىق، ھەج پەرزى، خانىقا، كەبەتۇللا...

△ ئۆرپ ـ ئادەتكە دائىر سۆزلەر:

زاكات بەرمەك، ئۆشرە بەرمەك، سەدىقە بەرمەك، روزا تۇتماق، پەتە ئوقۇماق، تونىمەك، ناماز ئوقۇماق، تۇپراق بېشىغا بارماق، خەتمىقۇرئان قىلماق، نەزىر قىلماق، مەۋلۇت ئوقۇماق...

ئۇيغۇر تىلىدىكى دىنىي ئاتالغۇلار ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتىدە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن (يەنى چۆچەك، ئەپسانە، دىنىي رىۋايەتلەر ئارقىلىق) يازما ئەدەبىياتقا ئۆتۈش، يازما ئەدەبىياتتىن ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلغا تەسىر قىلىش ۋە ئۆزلىشىشتەك جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن. دىنىي ئاتالغۇلار ھازىرقى دەۋردىمۇ مۇئەييەن ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. شۇڭا، ئۇلارنى توپلاش، رەتلەش ۋە ئىزاھلاش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 4 . دىيالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىيالېكت، خوتەن دىيالېكتى ۋە لوپنۇر دىيالېكتى دەپ ئۈچ دىيالېكتقا بۆلۈنىدۇ. بۇ دىيالېكتلار يەنە ئۆز ئىچىدىن بەزىبىر شېۋىلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىلى، تۇرپان، قەشقەرنى يادرو قىلغان مەركىزىي دىيالېكت ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

دىيالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى دېگىنىمىز مەلۇم بىر دىيالېكت ياكى شېۋە رايونى دائىرىسىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | خوتەن دىيالېكتىدا |
|---|---|
| ئىت | سەگ |
| ئەقىلسىز | دېۋەڭ |

| | |
|---|---|
| ياغاچچى | خارەت |
| ئەستايىدىل | زىرىپ |
| كارىۋات | كاتۇ (كات) |
| مۇنچا | سېۋەپخانا |
| ياقا | قۇمچاق |
| جۇۋازنىڭ كالا سۆرەيدىغان ئاچا ياغىچى | قايچا |
| چوكان | سېكىلەك |
| سوپا | سۆككە |
| پۇتنىڭ سوڭكى | سونجاق |
| بوز يەر | مەرئا |
| ياڭيۇ | مەككىچامغۇرى |
| پىلەك | پىلىز |
| دورىپۇرۇش | ھەتتار |
| ۋەج، بىسات، مال - دۇنيا | ھەقۇق |
| ئىناق، ئىتتىپاق | ھەمكام |
| ئىتۋاز | ئىتاچى |
| خاپا بولماق | ئىچ پۇشماق |
| پاكار | ۋاخان |

| ئەدەبىي تىلدا: | لوپنۇر دىيالېكتىدا |
|---|---|
| بېلىق تورى | گۆلمۆ |
| ئېغەك | ساقاق |
| بۆرە | قاراشقۇ |
| كىرپە | جارا |
| بىخ | سونۇن |
| دولقۇن | چايقاق |
| قولاقچا | چاپپۇش |



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

| | |
|---|---|
| بەدەن تۈزۈلۈشى، قامەت | جوسۇن |
| ماختىنىلىدىغان، مەدھىيەلىنىدىغان | تىل تاتىق |
| كۆسەي | توقشورغۇچ |
| سۇ بار كېچىك | بالچىق |
| چېكەتكە | سىنگىگۇچ |
| ئاپتاپپەرەس | كۈنچېچەك |
| قەبرە | ماقات |
| نەسىھەت | ناسات |
| ئوتۈنخانا | ئوتۈنئۆي |

## مەركىزى دىيالېكتتا خاس سۆزلەر

| ئەدەبىي تىلدا: | تۇرپان شېۋىسىدە: |
|---|---|
| چېلىشچى | زور |
| كۆكلەك (ئەرلەرنىڭ) | چامچا |
| ئۇجمە | جۇجەم |
| ئاچا، ھەدە | ئايلا |
| سۇدان | كۆكۆر |
| خۇدىنى بىلمەسلىك | گاراق |
| ھەددىدىن ئارتۇق چارچىماق | مۇقىدىماق |
| مىجەز، ساقلىق | ھايلى |
| شۇڭلاشقا، شۇڭا | ئاڭۋاچۇن |
| غوجىدار | بارتۇ |

| ئەدەبىي تىلدا: | قۇمۇل شېۋىسىدە: |
|---|---|
| شۇڭلاشقا | ئاڭۋاشقا |
| تاغار | سۇمال |

| | |
|---|---|
| سۇپۇرگە | يامداق |
| ئېزىتقۇ | ئالۋۇن |
| ئۇلاش ـ چولاش | قىقۇ ـ ماچۇ |
| ھۆرۈن، يالقاۋ | بىيلەن |
| تېيىز | تاخسا |
| چېلەك | تىنتا |
| چىدامىلىق، پۇختا؛ سەۋرچان | چىڭگىرىش |
| تىك يار | گىلاڭ |
| ئەدەبىي تىلدا: | ئىلى شېۋىسىدە: |
| قازانيۇغۇچ | ئاغىنچا |
| دۆت، ھاڭۋاقتى | پاڭقۇش |
| تارقاق، چېچىلاڭغۇ | پىتىراڭغۇ |
| ئېزىلەڭگۇ | پىسىر |
| ئەپچىل | جىۋجىل |
| كۇلۇمسىرىمەك | جىلمايماق |
| يېڭى قاتقان نېپىز مۇز | چىرىمدان |
| چىگىچلەشمەك، چىرماشماق | چىگىلەنمەك |
| ئۆزلىشىپ قالماق | بېغىر باسماق |
| گەپ تالاشماق، گەپ تەرگەشمەك | كۆكسىمەك |
| ئەدەبىي تىلدا: | قەشقەر شېۋىسىدە: |
| خېنىم، خانىم | ئاغىچا |
| تاياق، توقماق | تاراڭگا |
| تۆت كوچا ئېغىزى | چارسۇ |
| ئازراق، بىرئاز | پىشكى |
| دۆۋە | پوزنەك |
| يۇمىلاق | پوملاق |

قاتتىق ئىسسىق پىژغىرىم
بۇيرۇقچىلىق جورۇقچىلىق
هالسىرىماق توسىرىماق
بىردەم، كىچىككىنە ئەندەك

ۋە باشقىلار.

دىيالېكت ـ شېۋە سۆزلىرىنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

(1) ئەدەبىي تىلدا مۇتلەق قوللىنىلمايدىغان سۆزلەر. مەسىلەن، لوپنۇر دىيالېكتىدىكى «ئايلۇ (قارانچۇق)، ئىڭگىلىك (زىرە، هالقا)، قاراشقۇ (بۆرە)، لاڭقا (ياغاچ توسما)، ئاغالا ـ (هۆرمەتلە ـ، ئەتىۋارلا ـ)، ئارغا (ئويۇنچۇق، ئاۋۇنچۇق)» دېگەندەك سۆزلەر؛ خوتەن دىيالېكتىدىكى «ئادارگۇل (شەپەقگۈل)، كاڭكا (چوڭ سېۋەت)، قاۋۇن (مالنىڭ دوۋسۇنى)، ئۇدۇك (كۆيۈك، ئىشق ـ مۇهەببەت)، قۇز (تەسكەي) دېگەندەك سۆزلەر؛ مەركىزىي دىيالېكتنىڭ ئىلى شېۋىسىدىكى «ئاپچىرىماق (كىرىشىپ كەتمەك)، جۇسۇنلىماق (تەقى ـ تۇرقىغا زەن قويماق)، چەلگىنىش (ماي باغلاش) دېگەندەك سۆزلەر؛ قۇمۇل شېۋىسىدىكى «ئالاڭلىق (پاراكەندىچىلىك)، بۆكمەسلىك (تەسلىم بولماسلىق)، جورۇنقاي (شەجەرە، نەسەبنامە)، جولو (تىزگىن)، بۇلتۇلماق (باهانە كۆرسىتىش)، چۇچۇلماق (يىشىنمەك، كىيىم سالماق)» دېگەندەك سۆزلەر مانا مۇشۇ تۈردىكى سۆزلەر هېسابلىنىدۇ.

(2) فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، بىلدۈرىدىغان مەنىسى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر. مەسىلەن، «چىۋىن، سوقا، ئۇدۇم، چوڭ دادا» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، بۇ سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن هەرقايسى شېۋىلەردە ئوخشىمىغان مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. ئالايلۇق، «چىۋىن» دېگەن

سۆز لوپتۇردا «پاشا»نى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار چېۋىشنى «قارا سىڭەك» دەيدۇ. «سوقا» دېگەن سۆز قۇمۇلدا «چاي ئىچىدىغان كۇرۇشكا»نى بىلدۈرسە، ئەدەبىي تىلدا ياكى «بەك يۇمىلاق، ئۇزۇنمۇ ئەمەس، توخۇم شەكلىدىكى (مەسىلەن، سوقا باش، سوقا چىلان)» دېگەن مەنىنى ياكى «سۇ، قول، پۇت ياكى تۇلۇق ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، شالنى ئاقلايدىغان ھاۋانچا شەكىللىك قۇرۇلما»نى ۋە ياكى «يەر ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل دېھقانچىلىق سايمىنى، يەنى ساپان»نى بىلدۈرىدۇ. «ئۇدۇم» سۆزى قۇمۇلدا «بىرەر ئىشنى يامان تەرەپكە بۇراش ياكى يامانلىقنى تىلەش»نى بىلدۈرسە، ئەدەبىي تىلدا «ئىرسىيەت، ئادەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «چوڭ دادا» دېگەن سۆز غۇلجا، قۇمۇللاردا «دادىسىنىڭ ئاكىسى»نى بىلدۈرسە، ئەدەبىي تىلدا «دادىسىنىڭ دادىسى»نى بىلدۈرىدۇ ۋە باشقىلار.

(3) مەنىسى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، فونېتىكىلىق شەكلى جەھەتتىن قىسمەن پەرقلىنىدىغان سۆزلەر. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا: | شېۋىلەردە: |
|---|---|
| ئۈجمە | جۈجەم |
| تاۋار | تاگا، توگا |
| ۋەسىيەت | گۆسىيەت |
| سوپۇن | سوگۇن |
| ئۆتۈك | ئۆتەك |
| تىرەك | دىيەك |
| قارا ـ | قايلا ـ، قالا ـ |
| يانچۇق | ياچۇق |
| بېلىق | بالىق |

| | |
|---|---|
| روجەك | ئورۇجەك |
| يىلتىز | ئىلتىز |
| ئېۋەن | ئەۋەن، ئۆگەن |
| تۆۋرۈك | تۈۋلۈك، تۈپلۈك، تۇۋەك |
| كۈدە | كۆرتە |
| كىرمەك | چىمەك |

(4) سۆز يىلتىزى بىلەن سۆزنىڭ ئومۇمىي مەنىسى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشىشىدىغان، ئەمما ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە |
|---|---|
| ئوتالغۇ | ئوتاق |
| شامالدۇرغۇچ | شامالچا |
| ئىتۋاز | ئىتاچى |
| شالداما | شالدۇرۇق |
| ئوتۇنخانا | ئوتۇنئۆي |
| ئاتخانا | ئاتقوتان |

(5) مەنە دائىرىسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان سۆزلەر. مەسىلەن، «ئايماق» دېگەن سۆز ئەدەبىي تىلدا «ۋىلايەت، ئوبلاست، قەبىلە» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلسا، كەلپىن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا «مەھەللە» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، كۆجۈم ئايماق — ئادەم زىچ جايلاشقان مەھەللە... ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلىقى. چۈنكى، ئەدەبىي تىل ھەرقايسى دىيالېكت ۋە شېۋىلەردىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆز تەركىبىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن،

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

«ئاق ئوغۇت، تاڭسۇق، قوپارغۇ، ئەلياتقۇ، جوسۇن» دېگەنگە ئوخشاش تەدرىجىي ھالدا ئەدەبىي تىلىمىزدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان سۆزلەر ئەسلىدە دىيالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى ئىدى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى تېخىمۇ روناق تاپتۇرۇشتا ئەمەلىي قىممەتكە ۋە تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

### 5. كىرمە سۆزلەر

دۇنيادا باشقا تىللاردىن سۆز ـ ئاتالغۇ قوبۇل قىلمىغان مۇتلەق ساپ تىل مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى بىر يەر شارىدا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقىلەشمەسلىكى، ئۆزئارا باردى ـ كەلدى قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى، بۇ خىل باردى ـ كەلدى ۋە بۇ خىل ئالاقىلەرنىڭ شۇ مىللەتلەرنىڭ تىلىدا مۇئەييەن ئىز ـ بەلگىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىشى تەبىئىي ئەھۋال. تىلدىكى بۇ خىل ئىز ـ بەلگىلەر ئەمەلىيەتتە ھەرقايسى تىللاردىكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ـ ئاتالغۇلاردۇر.

دېمەك، مەلۇم بىر تىلغا باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن (ياكى قوبۇل قىلىنغان) سۆزلەر شۇ تىلغا نىسبەتەن كىرمە سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. تىل تەرەققىياتى جەريانىدا، بىر ـ بىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىش بىر خىل نورمال ھادىسە ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ياشاپ كېلىۋاتقان رايوننىڭ ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان چوڭ قاتناش تۈگۈنى بولۇشتەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن، تارىختىن بۇيان دۇنيادىكى تۈرلۈك مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغان.

شۇ سەۋەبتىن، دۇنيادىكى تۇرلۇك تىللاردىن، مەسىلەن، خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىغا تەئەللۇق بولغان خەنزۇ تىلىدىن، سام ـ هام تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە بولغان ئەرەب تىلىدىن، هىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان سانسكرىت تىلى، پارس تىلى، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپادىكى باشقا تىللاردىن ئۆز تىلىنىڭ سۆزلۇكىگە نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان. تۆۋەندە بىز كىرمە سۆزلەر ئىچىدە ئەرەب تىلى، پارس تىلى، خەنزۇ تىلى، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر ئۇستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1) ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىدىكى كىرمە سۆزلەر ئىچىدە ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ نىسبىتى مۇتلەق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

مەلۇمكى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ياشىغان رايونلارغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، ئاساسلىق مائارىپ ئىشلىرى ئاساسەن ئەرەب تىلى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. جەمئىيەتتە ئەرەبچە ئوقۇپ يۇتكۇزگەن زىيالىيلار تەدرىجىي كۆپەيدى، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئەرەب تىلىدا يېزىلسا، بەكرەك ئەتىۋارلىنىدىغان بولدى. مەسچىت ـ مەدرىسەلەردە داۋاملىق سۆزلىنىپ تۇرىدىغان دىنىي ئەمرىمەرۇپلار ئېتىقاد يۇزىسىدىن كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭسە، مەزكۇر ئەمرىمەرۇپلار ئىپادىلىگەن سۆز ـ ئاتالغۇلار ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۇرۇش تەقەززاسىدىن كىشىلەرنىڭ تىلىغا سىڭىشكە باشلىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇيغۇر تىلىدا ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت يېڭى ئۇقۇملار ئەرەبچە سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولدى. خۇددى

ئۆز زامانىسىدا لاتىن تىلى پۈتكۈل ياۋروپاغا ئورتاق تىل بولغىنىدەك، ئەرەب تىلى مۇسۇلمان شەرق ئەللىرى ئۈچۈن بىرقانچە ئەسىرگىچە خەلقئارالىق پەننىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغانىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، يېڭى ئۇقۇم، يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ـ ئاتالغۇلار ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدىن بار بولغان سۆزلەر بىلەن پاراللېل قوللىنىدىغان بولدى، ھەتتا ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدىن بار بولغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆزلۈكىدە زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، فونېتىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا راۋاجلانغان، لېكسىكا جەھەتتە ئەرەب ـ پارس تىللىرى ئامىللىرىنى ئۆزگە ئۆزلەشتۈرگەن ئەدەبىي تىل ـــ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئومۇميۈزلۈك شەكىللەندى ۋە ۋايىغا يەتتى. پەقەت تىل نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق تارىخىدا ئالتە ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتنى ئىگىلىگەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىنى ئەمەلىيەتتە، ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى تەسىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان ئەرەبچە سۆزلەرنى ۋە تۈرلۈك تەركىبلەرنى تاللاش، شاللاش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش دەۋرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ بىلدۈرگەن مەنە دائىرىسى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) دىنىي ئاتالغۇلار: ئاللا، رەسۇلۇللا، جەننەت، ئەۋلىيا، شەرىئەت، قۇرئان، ھەدىس، ساھابە، جىن، دىن، كاپىر، قىيامەت، ئىبادەت، سەجدە، ھەج، ھاجى، ھارام، راھىب...

(2) مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئاتالغۇلىرى: مائارىپ،

مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن، تەھسىل، مەدرىسە، مۇدەررىس، مەكتەپ، دەپتەر، قەلەم، كىتاب، مۇئەللىم، ئالىم، دارىلمۇئەللىمىن...

(3) ھاكىمىيەت، سىياسەت ۋە قانۇنغا دائىر سۆزلەر: جىنايەت، مۇپەتتىش، مەھكىمە، ۋىلايەت، ناھىيە، ۋالىي، ھاكىم، كادىر، دۆلەت، ۋەتەن، مەملىكەت، دىيار، قاتىل، ۋەزىر، قارار، قانۇن، تەشۋىقات، تەشكىلات، تەرغىبات، شىركەت، جەمئىيەت...

(4) ئەدەبىياتقا دائىر سۆز ئاتالغۇلار: شېئىر، ماقالە، ھېكايە، قاپىيە، مىسرا، بېيىت، غەزەل، قەسىدە، بەدىئىي، رۇبائىي، مۇخەممەس، مۇرەببە، ئەسەر، نەسر، مۇھاكىمە، بايان، خەۋەر، ئەدەبىيات، ئىلمىي ماقالە...

(5) فولكلور ئاتالغۇلىرى: تەزىيە، دەپنە، نەزىر، سەدىقە، پەتە، خەتنە، زىيارەت، دۇئا، تاۋاپ، سەيلە...

(6) ھۈنەر ـ كەسىپ ئاتالغۇلىرى: قاسساپ، باققال، سەرراپ، ھاممام، كاسىپ، رەسسام، نەققاش، رەممال، ھاممال...

(7) ئەدەپ سۆزلىرى: ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىنشائاللا، ئەپۇ، رەھمەت، خەير...

(8) ياردەمچى سۆزلەر: ئەمما، لېكىن، ۋە، ھەم، ھەتتا، دائىر، ئائىت، لازىم، ئىبارەت، ۋەھاكازا...

(9) سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار: «-ىي //-ۋى //-يى»: مەدەنىي، تارىخىي، ئەسكىرىي، ئائىلىۋى، ئامىمۋى، ياۋايى، سەۋدايى...

ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئۇزۇن ئەسىردىن كۆپرەك ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا، گەرچە نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسمى

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلارنىڭ يىغىندى مەنبەسى www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىگە خاس بولغان تۈزۈلۈش ۋە تەلەپپۇز قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق، ئەنئەنىۋى ئاساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنىلا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

(1) «ئا ـ ئى » شەكلىدىكى سۆزلەر تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشى ئەرەب تىلىنىڭ ئۆزىدە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئۇزۇن سوزۇقلۇق شەكلىنى ساقلاپ قالغان. شۇڭا، بۇ خىلدىكى سۆزلەرگە بىر قاراشتىلا ئەرەبچىدىن ئۆزلەشكەن سۆز دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئالىم، زالىم، قادىر، كادىر، زاھىر، سادىر، نادىر، تارىم، سالىم، تاھىر، ئاخىر، داخىل، جاھىل، شائىر، ناتىق، پازىل، پاسىل، ناسىر، مايىل، سائىل، شاكىر، ماھىر...

(2) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان «ئە ـ ئە ـ ئۇ؛ ئە ـ ئۇ؛ ئە ـ ئى؛ ئە ـ ئا؛ ئە ـ ئى ـ ئە؛ ئە ـ ئە» قاتارلىق شەكىللەردىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر دەپ ھۆكۈم قىلسا، ئادەتتە يېڭىلىش كېلىپ چىقمايدۇ. مەسىلەن:

تەئەججۇپ، تەپەككۇر، تەبەسسۇم، تەلەپپۇز، تەشەككۇر، تەكەللۇپ، تەسەددۇق، تەسەۋۋۇر، تەئەللۇق، تەنەپپۇس؛ مەھسۇل، مەمنۇن، مەزكۇر، مەقبۇل، مەنزۇر، مەشغۇل؛ تەستىق، تەسلىم، تەشكىل، تەرغىب، تەركىب، تەمكىن، تەكبىر؛ نەققاش، رەسسام، كاززاپ (ئەسلىي كەززاب)، مەككار؛ كەرىمە، سەلىمە، ھەلىمە، جەمىلە، ئەزىزە، ھەبىبە؛ مەشئەل، مەقسەت، مەزھەپ، مەستەر، مەسلەك، مەشرەپ، مەكتەپ، مەنسەپ...

(3) ئاخىرقى بوغۇمى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق بولغان يېپىق بوغۇملۇق ئەرەبچە سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا

ئەنئەنىۋى ئۇرغۇ قائىدىسى شۇنداقلا، بوغۇم ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشنى ئېنىق تەلەپپۇز قىلىش يۈزىسىدىن ئادەتتە قىسقا سوزۇق تاۋۇش قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىراق، بۇ خىلدىكى سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، ئەسلىدىكى ئۇزۇن سوزۇش تاۋۇشلۇق ھالىتىگە قايتىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئىقتىساد | ئىقتىسادى | [iqtisa:di] |
| ئېتىقاد | ئېتىقادىم | [etiqa:dim] |
| ئىستىقبال | ئىستىقبالىڭ | [istiqba:liŋ |
| قارار | قارارى | [qara:ri] |

ئاخىرقى بوغۇمى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولغان ئوچۇق بوغۇملۇق ئەرەبچە سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، ئەرەبچىدىكىسى بىلەن ئوخشاش ئۇزۇن سوغۇق تاۋۇش قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| دۇنيا دۇنياسى دۇنيادا | [dunja:][dunja:si][dunja:da] |
| مەنبە مەنبەسى مەنبەدىن | [mɛnbɛ:][mɛnbɛ:si][mɛnbɛ:din] |
| قەلئە قەلئەسى قەلئەدە | [qɛlɛi][qɛlɛ:si][qɛlɛ:de] |

(4) ئەسلىسى «ئە ــ ئا ــ ئە» بولۇپ، ئۇيغۇرچىغا «ئا ــ ئا ــ ئە» شەكلىدە ئۆزلەشكەن ئەرەبچە سۆزلەر تەركىبىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش «ئا» (ئىككىنچى بوغۇمىدا) ئۇيغۇرچىدىمۇ ئوخشاشلا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كاپالەت، شاپائەت، مالامەت، كاساپەت، ئالامەت،
پاساھەت، ساداقەت، ئادالەت، نادامەت، جاھالەت،
قاباھەت، قانائەت، جاراھەت، سالامەت، ئامانەت...

(5) ئەسلىدە «ئۇ ــ ئا ــ ئە ــ ئە» شەكلىدە بولۇپ، ئۇيغۇرچىغا «ئۇ ــ ئا ــ ئى ــ ئە» شەكلىدە ئۆزلەشكەن ئەرەبچە سۆزلەرمۇ ئۆز تەركىبىدىكى «ئا» ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشنى

ئەينەن ساقلاپ قالغان. مەسىلەن:

مۇنازىرە، مۇھاكىمە، مۇئامىلە، مۇزاكىرە، مۇسابىقە، مۇشائىرە، مۇداخىلە، مۇداپىئە، مۇبالىغە...

(6) ئەسلىدە تەركىبىدىكى ساكىنلىق «ئەين» ۋە «ھەمزە» ھەرپلىرى ئۇزۇك تاۋۇش «ئ» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان خېلى بىر بۆلەك ئەرەبچە سۆزلەر ئۇزاق ئىستېمال جەريانىدا تەركىبىدىكى مەزكۇر ئۇزۇك تاۋۇش «ئ»نى تەلەپپۇزدا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولۇپ ئۆزلەشكەن. نەتىجىدە، ئۇزۇك تاۋۇش چۈشۈپ قالغان بوغۇمدىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن:

| ئەسلى ئەرەبچىدە | ئۆزلەشكىنى | |
|---|---|---|
| تەئتىل | تەتىل | [tɛ:til] |
| تەئخىر | تەخىر | [tɛ:xir] |
| تەئمىن | تەمىن | [tɛ:min] |
| نېئمەت | نېمەت | [ne:mɛt] |

(7) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ئاخىرقى بوغۇمى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق ئوچۇق بوغۇمدىن تەركىب تاپقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردۇر. مەسىلەن:

ئەلۋىدا، ناۋا، بىنا، جۇلا، ئەلا، ئىمزا، ئىملا، ئەشيا.

(8) ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ پېئىل شەكلى كۆپىنچە «بول ـ»، «قىل ـ»، «ئەيلە ـ» قاتارلىق ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

دىققەت قىل ـ، بىنا قىل ـ، ئىقتىساد قىل ـ، ئىمكان قىل ـ، ئىزھار قىل ـ، تەپەككۇر قىل ـ، ئىنتىزار بول ـ، ھەزەر ئەيلە ـ، ناۋا ئەيلە ـ، نىدا ئەيلە ـ...

(9) بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش (بەزىلەر

بۇنى قوشما ئۇزۇك تاۋۇش دەپ قارايدۇ)نىڭ بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كېلىشى ئەرەب تىلىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

شەرق، غەرق، غەرب، قەتل، قەرز، قەست،
قەلب، دەرس، قەھر، ھېيت، ئەرش، تەرز،
تەرك، ئەكس، ئەھل، ئەۋج، ئەيش، جەلپ.

2) پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىغا پارس تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىشنىڭ سەۋەبى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئومۇمەن مۇنداق ئىككى جەھەتتىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

بىرى، زىچ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش، بىللە ياشاش ۋە مۇشۇنداق تەبىئىي مۇھىت ۋە تۇرمۇش تەقەززاسىدىن ئۆزئارا سۆز ـ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشقان. بۈيۈك شائىر، تىل ئۇستىسى ئەلىشىر نەۋايى مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىيلەر بىلەن پارسىيلار مەيلى ياشلار، قېرىلار، چوڭلار ياكى كىچىكلەر بولسۇن ئوخشاشلا ئارىلىشىپ ياشايدۇ. بۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ، ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا گەپلىشىدۇ» («مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» 7 ـ ، 61 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى)، دېمەك، بۇ بايانلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ پارس تىللىق خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش دەرىجىسىنىڭ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىك يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى پارسچە سۆزلەر ئەمەلىيەتتە ئاشۇ خىل تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ تەبىئىي مەھسۇلىدۇر.

يەنە بىرى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، پارس سەلتەنەتىنىڭ روناق تېپىشى، شۇ سەۋەبتىن، پارس تىللىق كاتتا شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشى، پارس ئەدەبىياتىنىڭ

جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىشى ــ مانا بۇلار پارس تىللىق خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. نەتىجىدە، ئۆزئارا سۆز ـ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشقان.

### پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مەنە دائىرىسى بويىچە تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) دىنىي ئاتالغۇلار: خۇدا، ناماز، جايناماز، گۇناھ، دوزاخ، نامازدىگەر، نامازشام، خۇپتەن...

(2) سىياسىي ئاتالغۇلار: سەردار، رەھبەر، جاھانگىر، دۆلەتمەن، نامرات...

(3) يېمەك ـ ئىچمەك ئاتالغۇلىرى: نان، گىردە، مېۋە، نەشپۈت، خورما، دوغاپ، جولاپ...

(4) ھۈنەر ـ كەسىپ ئاتالغۇلىرى: ساتىراش، مىسكەر، زەرگەر، موزدۇز، چۆپگەز، رەندە، بۇرەندە، زەخمەك، خەرەك...

(5) بەدەن ئەزالىرى ئاتالغۇلىرى: گەدەن، پېشانە ، لەۋ...

(6) مۇزىكا ئاتالغۇلىرى: سازەندە، ئاھاڭ، ئاۋاز، دۇتار، ساتار، خۇشتار، سۇناي، كاناي، نەي...

(7) ئۆي ـ سەرەمجان ئاتالغۇلىرى: ئاپتۇۋا، چىلاپچا، قوشۇق، چىنە، پەردە...

(8) كۈن ناملىرى: يەكشەنبە، دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە، شەنبە، ھەپتە...

(9) ئورۇن ـ جاي ئاتالغۇلىرى: پايتەخت، لەڭگەر، پەگاھ، كارخانا، مويكا (مويگاھ)، گۆرىستان، دالان...

(10) ياردەمچى سۆزلەر: بەلكى، كى، ھەم، دەرۋەقە، ۋاھالەنكى، تاكى، چۈنكى...

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر بۆلەك سۆز ياسىغۇچى

قوشۇمچىلارمۇ كىرىپ ئۆزلەشكەن، مەسىلەن:
با ـ: با مەسلىھەت (مەسلىھەتلىك)...
بەتـ (ئەسلىي بەد): بەتقىلىق، بەتنىيەت، بەتتەم، بەتنام...
بى ـ: بىمەنە، بىگۇناھ، بىھايا، بىھېساب...
ـ پەرەس (ئەسلىي پەرەست): بۇتپەرەس، ئاتەشپەرەس، ئاپتاپپەرەس...
ـ پۇرۇش: كىتابپۇرۇش، دورىپۇرۇش...
ـ باز (ۋاز): كىتابباز، قىمارۋاز، كەپتەرۋاز...
ـ پەز: ئاشپەز، سامسىپەز، مانتىپەز، زاسۇيپەز...
ـ خان: كىتابخان، غەزەلخان
ـ خانا: كىتابخانا، ئاشخانا، چايخانا، ئىشخانا...
ـ خور: چايخور، جازانىخور، پارىخور، جىلىخور...
ـ دان: سۇدان، چايدان، كۈلدان، ئوقدان...
ـ زار: گۈلزار، ئۈزۈمزار، چىمەنزار، پاختىزار...
ـ پەرۋەر: ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر...
ـ شۇناس: تىلشۇناس، تارىخشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس...
ـ كار: سەنئەتكار، بىناكار، پاختىكار...
ـ گەر (ـكەر): دەۋاگەر، سودىگەر، زەرگەر، مىسكەر...
ـ گوي: دۇئاگوي، خۇداگوي...
ـ گاھ: ئارامگاھ، جەڭگاھ، سەيلىگاھ، پەگاھ...
ـ كەش: هارۋىكەش، جاپاكەش، هاراقكەش، كىراكەش...
كەم ـ: كەم دىدار، كەم قۇۋۋەت، كەم ئەقىل...
ـ نامە: گۇۋاھنامە، تەقدىرنامە، جەڭنامە، يىلنامە...
ـ نەما: جاھاننەما، قىبلىنەما...
هەم ـ: هەمسۆھبەت، هەمداستىخان، هەمدەم...
ـ داش: مەسلەكداش، يولداش، ساۋاقداش...
ـ ئىستان: گۈلىستان، قەبرىستان، قازاقىستان...
ـ ۋەن (ئەسلىي بان): باغۋەن، سارايۋەن، دەرۋازىۋەن...

ـ تىراش (ئەسلىي تەراش): ھەيكەلتىراش، ساتىراش...
ـ ساز: ماشىنىساز (لىق)...
دەر ـ: دەرگۇمان، دەرۋەقە، دەرھەقىقەت، دەرھال...
ـ مەن (ئەسلىي مەند): دۆلەتمەن، بىلەرمەن، دەردمەن، سۆزمەن...

## پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئۇزۇن يىللىق ئىستېمال جەريانىدا، نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۇيغۇر تىلىغا بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن يەنىلا پەرقلەندۇرگىلى بولىدۇ. ئۇلاردىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ مۇھىملىرى دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

(1) پارسچىدىكى بىقىندىلىق بىرىكمىلەردە ئىنىقلانغۇچى سۆز ئالدىدا، ئىنىقلىغۇچى سۆز كەينىدە كېلىدۇ. مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىككە قاراپ، ئۇ خىل بىرىكمىلەرنى پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، خەلقىئالەم، ھاجى ئەكبەر، زامانى ئاۋۋال، تەركىدۇنيا، ئىسمىشەرىپى، قۇرئانى كەرىم، ئەمرىمەرۇپ، روزا ـ رامىزان (رامىزان كۈنى)...

(2) يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان ياسالما سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پارسچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

(3) «ـ ئىستان، ـ نەما، ـ شۇناس، ـ دار، ـ زار، ـ كار، ـ گاھ» قاتارلىق قوشۇمچىلار ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ پارس تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، مەزكۇر قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ساپ ئۇيغۇرچە

سۆزلەردىكىدەك «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى»لارغا ئاجىزلىشىش ھادىسىسى يۈز بەرمەيدۇ، ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا» تاۋۇش يەنىلا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۆزبېكىستان ـ ئۆزبېكىستانى، گۈلىستان ـ گۈلىستانى

مىللەتشۇناس ـ مىللەتشۇناسى، چىمەنزار ـ چىمەنزارى

ئىجادكار ـ ئىجادكارى، سەردار ـ سەردارى، جەڭگاھ ـ جەڭگاھى...

(4) بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە، ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ (بەزىلەر بۇنى قوشما ئۇزۇك تاۋۇش دەپ قارايدۇ) بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كېلىشى پارسچە سۆزلەرگە خاس يەنە بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

رەخت، دوست، دەرد، بەند، قەنت، كەنت.

مەرد، مەست، دەشت، مۇشت، بەخت، بەرگ، تەپت...

(5) «ـ ئانە» قوشۇمچىسى بىلەن (ھالەت رەۋىشلىرىنى) ھاسىل قىلىش پارس تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان مەزكۇر قوشۇمچىلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پارسچە سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەردانە، داھىيانە، غايىبانە، دوستانە، غالىبانە، تەكەببۇرانە، ئاقىلانە، ئادىلانە...

بىراق، بۇ قوشۇمچە ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرگە قوشۇلىدىغان ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «باتۇرانە، يۈزتۇرا» دېگەندەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى تۈپ سۆزلەرنىڭ باش تاۋۇشىغا (يېزىقتا باش ھەرپىگە)، بەزى ياسالما ۋە بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى تەركىبىگە قاراپمۇ پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى ئايرىپ چىقىشقا بولىدۇ. ئالايلۇق، «گ» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان

تۈپ سۆزلەرنىڭ ئىچىدە خۇسۇسەن، كۇندىلىك تۇرمۇشقا دائىر سۆزلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «گەپ، گۇل، گىل، گىياھ، گەدەن؛ گەجگە، گىرداب، گەردىش، گۆھەر، گۆش، گۇم، گۇل، گۇۋاھ، گۇناھ، گېزەندە، گىرى، گىرە، گىرىم، گىلاس، گۆدەك...» دېگەندەك، «سەر» باش سۆزى بولغان بىرىكىكەن سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىمۇ پارس تىلىدىن كىرگەن سۆز ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «سەردار، سەركەردە، سەرخىل، سەرمايە، سەرسان، ساراسىمە، سەرگەردان، سەرگۇزەشت، سەرۋەر، سەرلەۋھە» دېگەندەك.

3) خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر

ئۇيغۇرلاردا خەنزۇ تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىش ئۇزاق تارىخقا ئىگە. چۈنكى، ئۇيغۇر خەلقى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا خەنزۇ خەلقى بىلەن تۇرلۇك مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن ۋە بولۇپ كەلمەكتە. ئەنە شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىنمۇ بىر قىسىم سۆزلەر كىرىپ ئۆزلەشكەن. مەسىلەن، مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا قوللىنىلغان تۈرك رۇنىك يېزىقىدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن «سەنگۇن» (将军)، تۇتۇق (都督)، قونچۇي (公主)» دېگەن سۆزلەر؛ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلەنگەن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلەنگەن «بەش تىللىق لۇغەت» قاتارلىق نوپۇزلۇق مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن «بەندىڭ، چاي، خەي، ساڭزا، مانتا، پۇڭ» قاتارلىق سۆزلەر؛ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن «غاڭزا، جاڭزا، يامبۇ، يامۇل، خوخەنزە، لويى» دېگەندەك سۆزلەر؛ ھازىرقى گېزىت ـ ژۇرناللاردا كۆپ ئۇچرايدىغان «لۇشيەن، ۋېيىۋەنجاڭ، زۇڭلى، زۇڭتۇڭ» دېگەندەك سۆزلەر بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ.

خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىدا ئۆزلىشىش جەريانىنى ۋاقىت جەھەتتىن مۇنداق ئىككى چوڭ دەۋرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

بىرى، يىپەك يولى ئېچىلغاندىن تارتىپ تاكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋر. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇ خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتى تەدرىجىي ھالدا زىچلىشىپ، ئۆزئارا قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىشتىن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ۋە بىللە ياشاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. بۇنىڭ بىلەن، خەنزۇ تىلىدىن بىر قىسىم سۆزلەر قوبۇل قىلىندى.

يەنە بىرى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەۋر. بۇ دەۋردە تورلۇك ژانىردىكى ماقالە ـ ئەسەرلەر خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنىدىغان بولدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى خەنزۇ تىلىدىن ئاز بولمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنگەندىن باشقا، نۇرغۇنلىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ ئامما ئارىسىدا ئومۇملاشتۇردى.

خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ تۈرى

خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى ئۇقۇم دائىرىسى بويىچە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) يېمەك ـ ئىچمەك ئاتالغۇلىرى: لەڭمەن، گاڭپەن، لەڭپۇڭ، جوتاڭ، تاڭ، جاڭيۇ، بوسو، سومەن، ساڭزا، تاڭگازا، خاسىڭ، گازىر، دۇفۇ، دادۇر، خوشاڭ، گامەن، گوكەي، موگۇ، خاجۇ...

(2) كۆكتات ناملىرى: سەي، لازا، بەسەي، چەيزە، چىڭسەي، جۇسەي، لاڭخا، جاڭدۇ، خاڭگا، ئوسۇڭ...

(3) قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ئاتالغۇلىرى: ئەندۇۋا، ۋادو،

چەيدو، جاۋەن، جوتۇ، جامبۇ، سەيپۇڭ، چەنزە...

(4) ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە ئائىت سۆزلەر: مو، جىڭ، موچەن، پۇڭ، يۈەن، سۇڭ، شېڭ، چى، دادەن، دەن، گۇڭ، خو...

(5) سىياسىي ئاتالغۇلار: لۇشيەن، فاڭجېن، گومىنداڭ، سەنمىنجۇيى، شۇجى...

(6) ھەربىي ئاتالغۇلار: جياڭجۈن، سەنمۇ، سەنمۇجاڭ، جىتۇەنجۈن، جۇڭشياۋ، شاڭۋېي، شاڭشياۋ، شاڭجياڭ، تۇەنجاڭ، ليەنجاڭ، بەنجاڭ، لۈيجاڭ...

(7) مەمۇرىيەت ئاتالغۇلىرى: دۇبەن، شەنگەن، بوجاڭ، گۇڭشې، دادۇي، شودۇي، زۇڭتۇڭ، زۇڭلى، ۋېييۈەنجاڭ، دوتەي، شاڭيو...

(8) سۈپەتلەش سۆزلىرى: دارازا، سەنجۇسەن (قاتتىق سوغۇق مەنىسىدە)، سوبو، پاڭزا، دومىلە، گاڭگۇڭ، گاڭسا ــ جىسا، گوبى، گوپەي، گوداڭ، داگازا، گەنجىڭ، جىڭ، جا...

ئۇلاردىن باشقا، «سەنپەن، گاڭزا، كاڭ، خاڭ، گوجەي، گېجۈي، دىچۆلياڭ، دىبەن، كويزا، سولياۋ» قاتارلىق سۆزلەرمۇ خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

### خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئۆزلىرىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى خەنزۇ تىلى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىكى مۇھىم ئالاھىدىلىك دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

(1) باش بوغۇمى تاق ياكى قوشما يۇنمۇدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر ئۇيغۇرچىغا باش بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم بولغان سۆزلەر بولۇپ ئۆزلەشكەن. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، بۇ خىل سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئادەتتە

خەنزۇچىدىكىگە ئوخشاشلا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

پوكەي [pu:kɛj] ، بوسو ، [bo:so] ، دومىلە [do:milɛ]، داچەن [da:tʃɛn] ، خوچاڭ [xo:tʃaŋ] ، خاسىڭ [xa:siŋ]، پوتەي [po:tɛj] ، شۆيۈەن [ʃɸ:jɛn] ، فۇداۋ [fu:dao]، داشۆ [da:ʃɸ] دېگەندەك.

(2) خەنزۇچىدا سۆزلەرنىڭ كەينىدە كېلىپ، يېنىك توندا ئوقۇلىدىغان «子»(zi) خېتى ئۇيغۇرچىغا قوبۇل قىلىنىش جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيىتى بويىچە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، ئالدىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا ماس ھالدا «زا» ياكى «زە»گە ئۆزگىرىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇيغۇرچىدىكى ئاخىرقى بوغۇمى «زا» ياكى «زە» بولغان سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىگە بىر قاراشتىلا ئېتىمولوگىيەسى خەنزۇچە بولغان سۆز دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، باڭزا، تاڭزا، ساڭزا، لازا، جاڭزا، يوتازا، ياڭزا، چەيزە، چەنزە، مىلەڭزە دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(3) خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن پېئىللار ئادەتتە ئارقىسىغا «ـلا//ـلە»، «ـدا//ـدە»، «ـسا//ـسە، شا » قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئۇيغۇرچە پېئىللارغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇرچىدا بىۋاسىتە «ـ ماق//ـمەك» قوشۇمچىسى ئارقىلىق پېئىللارغا ئايلىنالمايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| توڭ (冻)+ لا ـ | (توڭلىماق) |
| يا (押) + لا ـ | (يالاپ ماڭماق) |
| پا (罚)+ لا ـ | (پالىماق) |
| دەڭ (掂) + سە ـ | (دەڭسىمەك) |
| خاڭ (夯)+ دا ـ | (خاڭدىماق) |
| تىڭ (听) + شا ـ | (تىڭشىماق) |

(4) ئاخىرقى بوغۇمى «üe,üan,uan,iang,ian,ua,iao,ao»

قاتارلىق قوشما يۇنمۇدىن تەركىب تاپقان خەنزۇچە سۆزلەر ئۇيغۇرچىدا «ـئاۋ، ـياۋ، ـۋا، ـ يەن، ـ ياڭ، ـۋەن، ـۋەن، ـئۆ» قىلىپ يېزىلىدۇ. ئاخىرقى بوغۇمىدا كەلگەن مەزكۇر تاۋۇشلار ئادەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسلىق ئۇرغۇنى ئاخىرقى بوغۇمغا چۈشۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىش قائىدىسى بويىچە، ئۇرغۇ چۈشۈرۈلگەن ھالدا قىسقا سوزۇق تاۋۇش قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

| | |
|---|---|
| فۇداۋ ـ فۇداۋسى | [fudawsi] |
| فاگاۋ ـ فاگاۋسى | [fagawsi] |
| سولياۋ ـ سولياۋسى | [suljawsi] |

4) رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر

رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر» دەپلا ئېلىنىدۇ)نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىش جەريانىنى ۋاقىت جەھەتتىن مۇنداق بىرقانچە دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) 19 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك يولى ۋاستىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارا تۇرلۇك مۇناسىۋەتتە بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا سۆز ـ ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىنغان.

(2) 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن خۇسۇسەن چار رۇسىيە جۇڭگونىڭ ئىلى رايونىنى بىر مەزگىل بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلى بىلەن رۇس تىلىنىڭ بىۋاسىتە ئۇچرىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. ئاندىن قالسا، 20 ـ ئەسىرنىڭ 10 ~ 20 ـ يىللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن

بىر بۆلەك رۇسلار شىنجاڭنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ ھال ئۇيغۇرچىدا رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

(3) 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ~ 40 ـ يىللىرى خۇسۇسەن، ئۆز ۋاقتىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇبەنى شېڭ شىسەي دەۋرىدە شىنجاڭ بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى تولىمۇ يېقىن بولۇپ، ئۆزئارا سودا ـ تىجارەت ئالاقىسىدىن باشقا، مەدەنىيەت ئالاقىسىمۇ تازا راۋاجلانغانىدى. بۇ مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان زىيالىيلار مەيدانغا كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە، ئۇيغۇرچە گېزىت ـ ژۇرناللاردا سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى كۆپلەپ تەشۋىق قىلىناتتى. مانا شۇ چاغدا شۇ شارائىتتا، ئۇيغۇر تىلىغا نۇرغۇنلىغان سىياسىي ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىنغان.

(4) 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنى رۇس تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا سۆز قوبۇل قىلىش تازا ۋايىغا يەتكەن يىللار دېيىشكە بولىدۇ. شۇ مەزگىللەردە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، جۈملىدىن شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆگىنىش، رۇس تىلىنى ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنىدى. مانا مۇشۇنداق سىياسىي ۋەزىيەت ياراتقان سىياسىي قىزغىنلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىگە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ رۇسچە سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈۋەتكەن.

ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن ۋە باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى بىلەن سىياسىي ئاتالغۇلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنى ئۇقۇم دائىرىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، مۇھىملىرى دەپ

www.uyghurkitap.com

تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

(1) ئومۇمىي پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى: فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، بىيولوگىيە، فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، بىيوخىمىيە، ئالگېبرا، لوگىكا، ئاسترونومىيە، ئاناتومىيە، گېئومېترىيە، گېئولوگىيە...

(2) تېبابەت ئاتالغۇلىرى: ئاكۇشېر، ئامبۇلاتورىيە، ساناتورىيە، رېتسېپ، مىكروب، مىكروسكوپ، ئوپېراتسىيە، ۋىراچ، لابوراتورىيە، پىناندوسكوپ، دىياگنوز، فېلدشېر، ئاتپوسكا، سانىتاركا...

(3) سەنئەت ئاتالغۇلىرى: ئاككورد، ئاككوردىيون، پائۇزا، ئوركېستىر، دېكىراتسىيە، ئارتىس، ئارتىسكا، رېپېتىتسىيە، رېژىسسور، دىراما، دىراماتورگ، تىراگېدىيە، كومېدىيە، كىنو، فىلىم، دىرىژور، ئوپېراتور، گارموشكا، گارمون، ئىسكىرپكا...

(4) ئەدەبىياتقا دائىر سۆزلەر: ئابزاس، ئېپىزوت، ئاپتور، پېرسوناژ، دىيالوگ، رىتورىك، سۇژىت، پوئېما، پوۋېست، رومان، لىرىك، لىرىكا، ئېپىك، دىداكتىكا، پىروزا، پوئېزىيە...

(5) تىلشۇناسلىققا دائىر سۆزلەر: تېكىست، كونتېكىست، ئىنتوناتسىيە، فونېما، مورفېما، سىنتاكسىس، مورفولوگىيە، گىراماتىكا، لېكسىكا، لېكسىكولوگىيە، سېمانتىكا، سېماسىئولوگىيە، فىرازىيولوگىيە، ئىستىلىستىكا، ئېتىمولوگىيە، فونېتىكا...

(6) تەنتەربىيە ئاتالغۇلىرى: گىمناستىكا، دىسكا، تورنىك، پۇتبول، ۋالىبول، ۋاسكېتبول، بوكس، ئىشتانگا، چېمپىيون، ۋاراتا، ئوسەي، كورنى، بېك، خوپېيك، ئاتلېتىكا...

(7) ئۆلچەم بىرلىكلىرى: مېتىر، سانتىمېتىر، دېتسىمېتىر، كىلومېتىر، كىلوگىرام، گىرام، توننا، گېكتار، ماسسا، كىۋادرات، كۇب، كۇب مېتىر...

(8) ئۇنۋانناملىرى: ئاكادېمىك، پىروفېسسور، دوتسېنت، لېكتور، باكلاۋۇر، ماگىستىر، گېئولوگ، مارشال، پولكوۋنىك، ئادۋوكات...

(9) ھەربىي تۈزۈلمە ۋە قورال ـ ياراغ ئاتالغۇلىرى: باتالىيون، پولك، دىۋىزىيە، ئارمىيە، ئىشتاب، ئاكوپ، مانېۋىر، تاكتىكا، گارنىزون، ئىستراتېگىيە، دومبا، راكېتا، پىلىموت، تانكا، بىرونېۋىك، بىرىگادا، پارتىزان، ئاتاكا، كاتيۇشا، كارابىن...

(10) مەمۇرىي ئورگان ناملىرى: كوپېراتىپ، كوممۇنا، كولخوز، ئوبكوم، رايكوم، ۋىلكوم، پارتكوم، ئوبلاست...

(11) ئاي ناملىرى: يانۋار، فېۋرال، مارت، ئاپرېل، ماي، ئىيۇن، ئىيۇل، ئاۋغۇست، سېنتەبىر، ئۆكتەبىر، نويابىر، دېكابىر.

(12) كۈندىلىك تۇرمۇشقا دائىر ئاتالغۇلار: كورۇشكا، بېلەت، كىنىشكا، كارتۇچكا، ۋېچىركا، ۋارىنە، بولكا، گاز، لامپا، ماي.

(13) سىياسىي ئاتالغۇلار: كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم، ئىدېئالىزم، ماتېرىيالىزم، دوگماتىزم، ئاتېئىزم، ئىدېئولوگىيە، ئاۋانگارت، فاشىست...

ئۇنىڭدىن باشقا رۇس تىلى ۋاستىسى بىلەن باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىمۇ ئايرىپ كۆرسەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

گىرېك تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر: پىرامىدا، پىلانېتا، پىسخولوگىيە، لوگىكا، پىراكتىكا، فونېتىكا، باكتېرىيە، تاكتىكا، تىراگېدىيە، تىروپىك، پوپ، توم (بىرىنچى توم)، تالانت، پېداگوك، پېداگوگىكا، پاراللېل، كافېدرا، مېتىر، ئىدىيە، نېفىت...

لاتىن تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر: پىلان، پوزىتسىيە،

پىرىنسىپ، پىروفېسسور، تانگېنس، ترانسپورت، ترانسكرىپسىيە، ئاپتور، ئاسسىمىلياتسىيە، دىسسىمىلياتسىيە، كانكول، فورمۇلا، مىنۇس، مىنىستىر، دىكتاتۇرا...

گېرمان تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر: تاكت، ئىشتاب، ئوفىتسېر، كۇنۇپكا، بوغالتىر، كاسسىر، لاگېر، كىران، گالىستۇك، راكېتا، فىرونت، تانسا...

فىرانسۇز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر: پىيونېر، پىستان، پېدال، پورت، بانكا، بامبۇك، بالون، باللادا، بال (ئۇچ بال شامال)، باتارېيە، تاكسى، تالون، پەلتو، كاستۇم، پارتىزان، بالېت، ئاۋانگارت، رېژىسسور، بيۇروكرات، پېرسوناژ، گاراژ، سېكرېتار، شەپكە، بوتۇلكا، مارشال...

ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر: كومبايىن، تىراكتور، تىرامۋاي، بايقۇت، تانكا، رېلس، ۋوگزال، ئىمپورت، چېمپىيون، پۇتبول، كۇلۇب، دوللار...

ئىتالىيان تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر: تورت، پەمىدۇر، بالكون، گۇرۇپپا، ئوپېرا، بېنزىن، گېزىت، كونسېرت، تىياتىر...

رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرمۇ بەزى تىپىك ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ يات تىلدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى دەپ تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

(1) رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر سۆز تۈركۈمى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەممىسى دېگۈدەك ئىسىملاردىن ئىبارەت. بىراق، خېلى بىر بۆلەك ئىسىملا كونكرېت ئەھۋالدا، ياۋروپا تىللىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ سۈپەت

شەكلىنى ھاسىل قىلغان ھالدىمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| سۈپەت شەكلى | ئىسىم شەكلى |
| --- | --- |
| كوممۇنىستىك | كوممۇنىست |
| ئىدېئالىستىك | ئىدېئالىست |
| سوتسىيالىستىك | سوتسىيالىزم |
| كاپىتالىستىك | كاپىتالىزم |
| گىراماتىك | گىراماتىكا |
| ئىستىلىستىك | ئىستىلىستىكا |

(2) رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىدە «ئەسلىي تىلدىكى يېزىلىشى ئاساس قىلىنىدۇ» دەيدىغان پىرىنسىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغاچقا، ئۇلار ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلىشىنىڭ قىيىنلىقى، تەلەپپۇزىنىڭ بىئەپلىكى بىلەن ساپ ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئېلېمېنت، ئېنېرگېتىكا، ئېنسىكلوپېدىيە، ئىدېئولوگىيە، تىرانسكرىپسىيە، ئاسسىمىلياتسىيە، ئىدېئالىزم، ئىدىيوم، فىرازىيولوگىيە، ئېكۋىۋالېنت، ئېكتورىئال، سېماسىئولوگىيە دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(3) رۇس تىلىدىن كىرگەن «ـ ست، ـىزم، ـ لوگ، ـئولوگ، ـولوگىيە، ـ كا، ـ ىك، ـ تور، انت» قاتارلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇيغۇرچىدىمۇ ئاشۇ رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر دائىرىسىدىلا سۆز ياساش قابىلىيىتىنى ساقلاپ قالغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقىدەك قوشۇمچىلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتە بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە رۇسچىدىن كىرگەن سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ماركس ـ ماركست ـ ماركسىزم؛ سوتسىيال ـ سوتسىيالىست ـ سوتسىيالىزم؛ ئىدېئال ـ ئىدېئالىست ـ ئىدېئالىزم؛

ئاكۇشېر ـ ئاكۇشېركا؛ ئارتىس ـ ئارتىسكا؛ گېئولوگ ـ گېئولوگىيە؛ ئوپېراتور، دىرېكتور، ئېكسپلاتاتور، ئاسپىرانت، پىراكتىكانت، فىزىك، ئاكادېمىك دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(4) ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئىچىدە تۇپ ۋە ياسالما سۆزلەردىن باشقا، ئېنىقلاش ـ ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىدىكى بىقىندىلىق بىرىكمىلەرمۇ بار. بۇ خىل بىرىكمىلەر ئۆز تىلىدىكى قۇرۇلمىسىنى ئەينەن ساقلاپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ رۇس تىلىدىن كىرگەن بىرىكمە ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

بىيوخىمىيە، گېئوخىمىيە، گېئوفىزىكا، گىدروبىيولوگىيە، گىدروئېلېكتىر، سوتسىيال دېموكرات...

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىدە كىرمە سۆزلەر ئادەتتىكى سۆزلۈككە كىرىدۇ دەپ قارالسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن خېلى كۆپ بىر بۆلەك سۆزلەر كىرگەن ۋاقتىنىڭ ئۇزاقلىقى ياكى ئومۇملىشىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي سۆزلۈكىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغان. مەسىلەن، «ئادەم، ئاخىر، ئايال، ئاپتاپ، ئەتراپ، جازا، غەيرەت، دىققەت، ئاددىي، ئاۋۋال، ئاتايىن، گەدەن، پېشانە، ساتىراش، نان، گۆش، گۈل، مېۋە، خۇدا، گۇناھ، چىنە، ئاسمان، مېھمان، بازار، دەريا، سەۋزە، لازا، چەيزە، چاي، گازىر، دادۇر، جوزا، مەنتاڭ، موما، كوي، ياڭيۇ، موچەن، سەرەڭگە، كالاچ، پىيالە، پۇل، تېلېفون، تېلېۋىزور» دېگەندەك سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئاساسىي سۆزلۈككە خاس سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

6 . كىتابىي سۆزلەر

«كىتابىي سۆزلەر» دېگەن بۇ ئاتالغۇ تار ۋە كەڭ مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. تار مەنىدىكى كىتابىي سۆز دېگىنىمىز، جانلىق

تىلدا ئىشلىتىلمەيدىغان يەنى پەقەت يېزىق تىلىدىلا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرگە قارىتىلىدۇ. كەڭ مەنىدىكى كىتابىي سۆزلەر بولسا تار مەنىدىكى كىتابىي سۆزلەردىن باشقا يەنە رەسمىي ئالاقە سورۇنلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان بەزى سۆزلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «ئاتەشىن (ئوتتەك، يالقۇنلۇق، قىزغىن، جۇشقۇن)»، «ئاشىپتە (مەپتۇن بولۇپ قالغان، ئاشىق، شەيدا، پەرىشان)»، «ئەپغان (پىغان)»، «ئەپكار (پىكىر، پىكىرلەر)»، «يەڭلىغ (كەبى)»، «پەۋەس (تۇشۇپ كەتكەن، لىق)»، «پۇرقەت (ئۆزىگە ئەزىز ۋە سۆيۈملۈك دەپ ھېسابلىنىغان كىشى ياكى نەرسىدىن ئايرىلىش؛ جۇدالىق، ھىجران)»، «پەيمان (بىرەر مەقسەت، نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنىغان سۆز؛ قەسەم، ئەھدە، ۋەدە)»، «تەخمىس ( ① بەشكە بۆلۈش، بەشلەشتۈرۈش، مۇخەممەسلەشتۈرۈش؛ ② بىر شائىر يازغان غەزەلگە يەنە بىر شائىر تەرىپىدىن مەزمۇنى، شەكلى ماس ئۈچ مىسرا قوشۇلۇپ يېزىلغان مۇخەممەس)»، «بەررە (قوزا، پاقلان)»، «بەداز (ئاندىن كېيىن، ئۈنىڭدىن كېيىن)»، «يازمىش (يېزىپ قويۇلغان نەرسە، يازما بايان، يازما مەلۇمات)»، «ئىنمەك (يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشمەك)»، «ئىستىقلالىيەت (مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، ئازادلىق)»، «ئىرسال (ئەۋەتىش، يوللاش)»، «ئىتماد (ئىشەنچ)»، «ۋادەرىخ (ئىسىت، ئەپسۇس)»، «ئول (ئۇ)»، «ئەبەدىلئەبەد (مەڭگۈ)»، «ئىجتىمائىيەت (ئىجتىمائىيلىق)»، «ئىختىرا (پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىلىق؛ كەشىپ، كەشپىيات، ئىجاد)»، «ۋىجدانەن (ۋىجدان بىلەن)»، «ئىجادگاھ (ئىجادىيەت ماكانى، ئىجادىيەت يۇرتى)» قاتارلىقلار.

تەلەپچانلىق بىلەن ئېيتقاندا، تار مەنىدىكى كىتابىي سۆزلەر ئادەتتىكى سۆزلۈككە مەنسۇپ بولىدۇ.

7 . قىسقارتىلما سۆزلەر

سۆز ياكى كۆپ بوغۇملۇق بىرىكمىلەر (بۇلار ئادەتتە سۆز بىرىكمىسى دەپ قارىلىۋاتىدۇ)نى قىسقارتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان ئاز بوغۇملۇق سۆزلەر قىسقارتىلما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. قىسقارتىلما سۆزلەرنى ياساش مۇئەييەن شەرت ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە، شۇ تىل ئىگىلىرىگە تونۇشلۇق بولغان ھەم كۆپرەك قوللىنىلىدىغان، بوغۇم سانى ياكى سۆز سانى كۆپ بولغان بىرىكمىلەر قىسقارتىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز قىسقارتىش ئۇسۇلى ئادەتتە ئىككى خىل دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) سۆزنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىش. مەسىلەن:

ش ئۇ ئا ر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى)

ب د ت (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى)

ج ك پ (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى)

ئا ق ش (ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى)

ج خ ئى (جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى)

ك ل (كىلولىتىر)، ك ۋ (كىلوۋات)

س م (سانتىمېتىر)، م گ (مىللىگىرام)

ت. ئېلىيوف (تېيىپجان ئېلىيوف)، ل. مۇتەللىپ (لۇتپۇللا مۇتەللىپ)

(2) سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىنى ئېلىش. مەسىلەن:

پارتكوم (پارتىيە كومىتېتى)، ئوبكوم (ئوبلاستلىق كومىتېت)، رايكوم (رايونلۇق كومىتېت)، پارتگۇرۇپپا (پارتىيە گۇرۇپپىسى)

ئەمەلىيەتتە، بۇ تۆت قىسقارتىلما سۆزنىڭ رۇس تىلىدا قىسقارتىلىپ بولغان بولۇشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. ئۇيغۇر تىلىدا يۇقىرىدىكى سۆزلەر ئاساسىدا «ۋىلكوم (ۋىلايەتلىك كومىتېت)»، «نايكوم (ناھىيەلىك كومىتېت)»،

ئۇيغۇر كىتاب بىلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تور ئادرېسى



«تىلكوم (تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى)» دېگەندەك قىسقارتىلما سۆزلەر ياسالغان.

لۇغەتلەردە ئۇ ئىككى تۈردىكى قىسقارتىلما سۆزلەردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك شەكىللىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ:

جان ت (جانلىق تىل)، يېزت (يېزىق تىلى)، تارس (تارىخىي سۆز)، بال س (بالىلار سۆزى)، ئەد (ئەدەبىيات)، بوت (بوتانىكا)، بىيول (بىيولوگىيە)، پەلس (پەلسەپە)، تىيا (تىياتىر)، فىز (فىزىكا)، فىران (فىرانسۇزچە)، ئىتال (ئىتالىيانچە)، رەۋ (رەۋىش)، سۈپ (سۈپەت)، باغل (باغلىغۇچى)...

قىسقارتىلما سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ جانلىق تىلى ژانىرىدا پەقەت قوللىنىلمايدۇ. ئادەتتە، تۈرلۈك گېزىت ـ ژۇرنال، ماقالە ـ ئەسەر، ھۆججەت ـ ئالاقە، لۇغەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېزىق تىلى ژانىرىدىلا قوللىنىلىدۇ.

مانا مۇشۇنداق قىسقارتىلما سۆزلەرمۇ ئادەتتىكى سۆزلۈككە كىرىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە لەقەملەر (مەسىلەن، ئەركىن «ياڭيۇ»، ئەخەت «گومىنداڭ»، ئالىم «يانچۇق»، غەيرەت «چاشقان»، ساۋۇت «پور»...)؛ تەخەللۇس (مەسىلەن، «ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر، ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى، ئابدۇشۇكۇر موللەك يورچى، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، ئەسەت سۇلايمان ئۇيغار» دېگەنلەردىكى «تەھۇر»، «بۇچى»، «يورچى»، «سۇلتان»، «ئۇيغار» دېگەندەك)؛ سىمۋوللۇق سۆزلەر (مەسىلەن، «بۇلبۇل»سۆزى يار ۋەسلىگە ئىنتىلىۋاتقان ئاشىققا، «قاغا» سۆزى شۇملۇققا، «كالا» سۆزى دۆتلۈككە، تويماسلىققا، «كەپتەر» سۆزى تىنچلىققا، «يولۋاس» سۆزى باتۇرلۇققا، «شاتۇت» سۆزى دورامچىلىققا سىمۋول قىلىنغاندەك)مۇ ئادەتتىكى سۆزلۈككە كىرىدۇ.

## §4 . ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈكنىڭ مۇناسىۋىتى

ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈك گەرچە ئومۇمىي سۆزلۈكتىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تۈر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر - بىرىنى شەرت قىلىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت زىچ باغلىنىشقا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئاساسىي سۆزلۈك ئومۇمىي سۆزلۈكنىڭ يادروسى، ئەڭ مۇھىم قىسمى، تېگىزى بولۇپ، ئۇ ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ. ئاساسىي سۆزلۈك تىلنى ئەۋلادمۇئەۋلاد قالدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتىكى سۆزلۈك بولسا تىلنىڭ ئۆزگىرىشچان قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئومۇمىي سۆزلۈكنى داۋاملىق تولۇقلاپ، بېيىتىپ تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق تىلدا جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېزدىن ئەكس ئەتكۈزۈشكە شارائىت يارىتىلىدۇ. ئادەتتىكى سۆزلۈك ئاساسىي سۆزلۈكنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈكنىڭ ئومۇمىي سۆزلۈكتىكى ئورنىنى تۆۋەندىكى ئىسخېما ئارقىلىق كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

گەرچە ئاساسىي سۆزلۈك ئومۇمىي سۆزلۈكنىڭ يادرو قىسمى، ئادەتتىكى سۆزلۈك ئاساسىي سۆزلۈكنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن تولۇقلايدىغان قىسمى بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈك مۇتلەق بولمايدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئېنىق چېگرا يوق، يەنى ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەر مەڭگۈ ئاساسىي سۆزلۈكتە تۇرىۋېرىدىغان، ئادەتتىكى سۆزلۈككە تەۋە سۆزلەر مەڭگۈ ئادەتتىكى سۆزلۈكتە تۇرىۋېرىدىغان ئىش يوق. چۈنكى، سۆزنىڭ ئومۇمىي




سۆزلۈكتىكى ئورنى مۇتلەق بولمايدۇ. تىل تەرەققىياتى جەريانىدا ئاساسىي سۆزلۈكتىكى بەزى سۆزلەر تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئادەتتىكى سۆزلۈككە ئۆتۈپ قېلىشى مۇمكىن، خۇددى شۇنىڭدەك ئادەتتىكى سۆزلۈكتىكى بەزى سۆزلەر كۆپ قوللىنىش ۋە ئومۇملىشىش نەتىجىسىدە، ئاساسىي سۆزلۈكتىن ئورۇن ئېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ، 40 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي سۆزلۈكىگە خاس دەپ قارالغان «دورغا، ۋاڭ، بەگ، دوتەي، يارماق، ئامبال، يامۇل، يايى، مەدرىسە، تالىپ، قازى» دېگەندەك سۆزلەر ھازىرقى زاماندا ئادەتتىكى سۆزلۈككە ئۆتكەن سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە تىل تەرەققىياتى جەريانىدا، ئەسلىي ئادەتتىكى سۆزلۈككە خاس بولغان بىر قىسىم سۆزلەر كۆپ قوللىنىش، تۇراقلىشىش ۋە كەڭ ئومۇملىشىش نەتىجىسىدە، ئاساسىي سۆزلۈكتىن ئورۇن ئالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ئەرەب تىلىدىن كىرگەن «ۋەتەن، دۆلەت، مەملىكەت، دۇنيا، ئالەم، ئادەم، ئايال، سالامەت، ئامان، ئادالەت، مۇھەببەت، ھاۋا، بىنا، كىتاب، مۇئەللىم، جەمئىيەت، جىنايەت، نەزىر، سەيلە، قاساپ، ئاخىر، ئالىم، كادىر...» دېگەندەك سۆزلەر؛ پارس تىلىدىن كىرگەن «نان، ئاش، ئاسمان، ناچار، دانە، ھەممە، ھەمىشە، دەرھال، ھامان، خۇدا، مېۋە، نەشپۈت، دوغاپ، ساتىراش، موزدۇز، پېشانە، ئاۋاز، قوشۇق، چىنە، گەپ، پۇل، گۆش، دوست، دەرەخ، يەكشەنبە، دۈشەنبە،

سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە، شەنبە...» دېگەندەك سۆزلەر؛ رۇس تىلىدىن كىرگەن «كارنۋات، كىنو، مېتىر، كىلوگىرام، تونىنا، شەپكە، باتكا...» دېگەندەك سۆزلەر؛ خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن «بەسەي، خاڭگا، جۇسەي، چەيدو، جاڭدۇ، گاڭپەن، خاسىڭ، گازىر، سەيپۇڭ...» دېگەندەك سۆزلەر دەسلەپ ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن مەزگىللەردە ئادەتتىكى سۆزلۈككە خاس سۆزلەر ھېسابلانسا، ھازىر بۇلار ئاساسىي سۆزلۈككە خاس سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى «تېلېۋىزور، ئۇنئالغۇ، سىنئالغۇ، تېلېفون، چاقىرغۇ، كىرئالغۇ...» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەردىن ئىپادىلەنگەن شەيئىلەرنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كەڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، شۇ شەيئىلەرنى ئىپادىلەيدىغان يۇقىرىدىكى سۆزلەر ئاساسىي سۆزلۈكتىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. دېمەك، ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈكتىكى سۆزلەر ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزئارا ئۆتۈشۈش، بىر - بىرىنى تولۇقلاش مۇناسىۋىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## §5 . سۆزلۈكنى بېيىتىش يوللىرى

سۆزلۈكنى بېيىتىش يوللىرى دېگىنىمىز، ئومۇمەن سۆز ياساش، قېزىش ۋە قوبۇل قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق سۆزلۈكنى بېيىتىشنى كۆرسىتىدۇ .

### 1 . سۆز ياساش

سۆز ياساش دېگەندە، جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى، ھادىسە ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا خاس تەييار تىل ماتېرىيالىدىن پايدىلىنىپ، يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئارقىلىق ئىپادىلەشكە

قارىتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئاساسەن قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى (مورفولوگىيەلىك ئۇسۇل ياكى سىنتېتىك ئۇسۇل) ۋە بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى (سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل ياكى ئانالىتىك ئۇسۇل)دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

1) قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى

مۇستەقىل مورفېمىلارغا تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئۇسۇلى قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر تىلىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىنى بېيىتىشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قارىماققا تۈپ سۆزدەك كۆرۈنىدىغان بىر قىسىم سۆزلەرگە ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئەسلى تۈپ سۆز بولماستىن، بەلكى قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان ياسالما سۆز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. مەسىلەن، «كۆمەچ، پىچاق، سوراق، ئېقىن، سوزۇق، بېزەك، سۈپۈرگە <سۈپۈرگۈ، ئورۇندۇق، تۈرگە <تۈرگۈ، ئوتۇن، توزان، يۇلۇن، باغاق <بارغاق، ئورغاق، توزغاق <توزۇغاق، يامغۇر < ياغمۇر، قوماچ <قورۇماچ، ئېمىزگە < ئېمىزگۈ، سۈرگە <سۈرگۈ، يىغىن، ئۆتەك» ۋە باشقىلار. قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولغاچقا، ھازىرقى دەۋردىمۇ بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان يېڭى سۆزلەر ياسالغان ھەم ياسىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، «توڭلاتقۇ، تېزىتقۇ، چاقىرغۇ، ئوقۇرمەن، كۆرۈرمەن، ئاققۇن، شاملىق، كىملىك، خىزمەتچى، باشقارما، كۆرسەتكۈچ، ئۇيۇشما، كۆرگەزمە، كۆرەك، تەرمە، بىرىكمە، توقۇلما، كېسىم، ئۇقۇم، ئۆچۈرگۈچ، ئەمگەكچان، شامالدۇرغۇچ، ئوڭچىل، خەلقچىل،

كىنوخانا، بايراقدار، چايدان، زامانىۋىلاش ـ، ئادەمسىمان، ئىنسانشۇناس، ئىنسانشۇناسلىق، شەرتنامە» ۋە باشقىلار.

2) بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى

مۇستەقىل مورفېمىغا مۇستەقىل مورفېمىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى سۆز ياساش ئۇسۇلى بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلمۇ ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى سۆزلەرنى ياساشتىكى تارىخى ئۇزاق ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۈپ سۆزلۈك شەكلىنى ئالغان بىر قىسىم سۆزلەر ئەسلى بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسالغان ياسالما سۆزلەردۇر. مەسىلەن: «بۈگۈن< بۇ + كۈن، چېگرا <چەك + ئارا، ئاغىنە<ئاغا + ئىنى، توقسان < توققۇز+ ئون، سەكسەن <سەككىز + ئون، غۇلاچ <قول + ئاچ، كۆكتات <كۆك + ئوت، ئاراچ < ئارا + ئاچ، بويتاق <بويى + تاق، ئەتىياز <ئەتە + ياز» دېگەندەك. بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى ھازىرقى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلماقتا. مەسىلەن: «ئۇنئالغۇ، سىنئالغۇ، كىرئالغۇ، چاچئالغۇ، ساقالئالغۇ، بىرلىك سەپ، تۆمۈريول، تاشيول، ئالەمقاراش، تارىخقاراش، تەبىئەتقاراش، دۇنياقاراش، كۆزقاراش، ئۇستقۇرۇلما، ئومۇمىي يىغىن، ئاساسىي قانۇن، قالدۇرۇق يەر، ئومۇمىيۈزلۈك، ئىشلەپچىقىرىش، تاشكۆمۈر، تاشپاختا، كۆزەينەك، كۆزەينەكلىك يىلان» قاتارلىقلار.

ھەرقانداق بىر تىلدا ئۆز تىلىدىكى تىل ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ يېڭى سۆزلەر ياسالسا، بىرىنچىدىن، چۈشىنىشلىك بولىدۇ، سىڭىشلىك بولىدۇ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، تىلنىڭ ساپلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، سۆز ياساش سۆزلۈكنى بېيىتىشتىكى ئاساسلىق ۋە مۇھىم ئۇسۇللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .

www.uyghurkitap.com

### 2. قېزىش

قېزىش دېگەندە، جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئۇقۇملارنى يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى تىلدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەرگە تايىنىپلا ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش. سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش دېگىنىمىز، تىلدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۈستىگە يېڭى مەنىلەرنى يۈكلەش ئارقىلىق، يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشكە قارىتىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسىلەرنى تىلدا ئەسلىدە بار سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش دەپ ئاتىلىدۇ. ھەرقانداق بىر تىلدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر مانا مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ.

(2) كونا سۆزلەرنى يېڭى مەنىدە قوللىنىش. كونا سۆزلەرنى يېڭى مەنىدە قوللىنىش دېگىنىمىز، ئىستېمالدىن قالغان ياكى قېلىش ئېھتىمالى بولغان سۆزگە يېڭى مەنە بېرىپ، يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشكە قارىتىلىدۇ. مەسىلەن: «ئوغۇت» دېگەن سۆز «دىۋان» دەۋرىدە «بوزا تەييارلاشتىكى ئېچىتقۇ» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان، ھازىر بولسا «تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەرلەرگە چېچىلىدىغان مال ـ ۋارانلارنىڭ قىغى ۋە خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ياسالغان شۇنداق رولغا ئىگە نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. «قۇرۇلتاي (موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن)» دېگەن سۆز ئەسلىي «مەلۇم قەبىلە ياكى ئۇرۇقنىڭ

كېڭەشمىسى» دېگەن مەنىدە ئىدى. ھازىر بولسا «دۆلەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن نەچچە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ئومۇمىي چوڭ يىغىن»نى بىلدۈرىدۇ. «ئەمگەك» سۆزى ئەسلىي «جاپا – مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، ئېغىرچىلىق» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسا (بۇ سۆزنىڭ بۇ خىل مەنىسى قۇمۇل شېۋىسىدە ھازىرمۇ ساقلانغان)، ھازىر «ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە قىلىنغان ئىش، پائالىيەت؛ سىڭدۈرگەن ئەجىر، مېھنەت» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلمەكتە. «خوتۇن<خاتۇن» دېگەن سۆز ئەسلىي «خان ياكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ رەپىقىسى» دېگەن مەنىدە بولسا، ھازىر «① جىنسىي جەھەتتىن ئەرلەرنىڭ ئەكسى بولغان، تۇغۇش، ئېمىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئادەم؛ ئايال. ② بىرەر ئەرنىڭ نىكاھلىقىدىكى ئايال. ③ تۇرمۇشقا چىققان، توي قىلغان قىز، جۇۋان» دېگەندەك مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. «ناھىيە» سۆزى بۇرۇن «ئورۇن، جاي» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان بولسا، ھازىر «ۋىلايەتتىن كىچىك، يېزىدىن چوڭ مەمۇرىي رايون» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كونا سۆزلەرنىڭ يېڭى مەنىدە قوللىنىلىشى يەنى قەدىمكى سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەشكە تىپىك مىسال بولالايدۇ.

سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش ياكى كونا سۆزلەرنى يېڭى مەنىدە قوللىنىش ئارقىلىق، يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئۇقۇملار ئىپادىلەنگەندە، تىلنىڭ تېجەشلىك ۋە ئىخچام بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، سۆزلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتمەي تۇرۇپلا، يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. تېجەشلىك بولۇش يېڭى سۆز – ئاتالغۇلارنى يارىتىشتىكى مۇھىم بىر پرىنسىپ، تىلىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان كۆپ مەنىلىك سۆزلەر مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن بارلىققا كەلگەن،

كونا سۆزلەرگە يېڭى مەنە بېرىپ ئىشلىتىشمۇ مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن شەكىللەنگەن، ئىخچام بولۇشمۇ يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى يارىتىشتىكى يەنە بىر مۇھىم ئۇسۇل. چۈنكى تىلنى قوللانغۇچىلار هامان سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ ئىخچام بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 3. سۆز قوبۇل قىلىش

جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى ۋە يېڭى هادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇملارنى ياساش ۋە قېزىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق توغرا ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان ئەھۋالدا، باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. قايسى تىلدىن سۆز قوبۇل قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ پۈتۈنلەي ئىجتىمائىي شەرت ـ شارائىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئومۇمەن ياكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن، ياكى ئەينى بىر زاماندا بىرقەدەر تەسىرلىك، پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى ياكى يېقىنقى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى ۋە يىپەك يولى ۋاستىسى ئارقىلىق ئەرەبلەر ۋە پارسلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. بۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلار ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىنى بېيىتقان. هازىرقى دەۋرلەردە بولسا، ئاساسەن ئىنگلىز تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكى بېيىتىلىۋاتىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆزلۈكىنى بېيىتىشتا ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەييار تىل ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئۇسۇلىنى، ئاندىن قالسا،

سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش ۋە كونا سۆزلەرنى يېڭى مەنىدە قوللىنىش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىش كېرەك. بۇ ئىككى مۇمكىنچىلىك ئاقمىغان ئەھۋالدا ئاندىن سۆز قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. مانا مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىنى ھەقىقىي رەۋىشتە بېيىتقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب

# لۇغەتشۇناسلىق

## 1§ . لۇغەت ۋە لۇغەتشۇناسلىق

### 1 . لۇغەتنىڭ خاراكتېرى ۋە رولى

كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشى ۋە پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەلۇم تىل، مەلۇم دىيالېكت، مەلۇم پەن ياكى بىرقانچە تىلدىكى سۆز ـ ئىبارىلەرنى يىغىپ، رەتلەپ، يەنى مۇئەييەن تەرتىپتە تىزىپ، ئىزاھلاپ ياكى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىلغان قوللانما لۇغەت دەپ ئاتىلىدۇ. لۇغەت كىشىلەرنى تۈرلۈك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر خىل قورال خاراكتېرلىك كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

بەزى لۇغەتلەردە سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرى چۈشەندۈرۈلىدۇ. بەزى لۇغەتلەردە ئىملا ياكى تەلەپپۇز نورمىلىرى كۆرسىتىلىدۇ. بەزى لۇغەتلەردە تۈرلۈك پەنلەر ياكى مەلۇم بىر پەندىكى سۆز ـ ئاتالغۇلار يىغىلىپ ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن تۈرلۈك بىلىملەر چۈشەندۈرۈلىدۇ. يەنە بەزى لۇغەتلەردە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تىلدىكى سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسى بېرىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى لۇغەتلەر ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجنى قامدايدۇ.

ياخشى بىر لۇغەت بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر بولۇشى كېرەك:

1) سىستېمىلىقتا ئىگە بولۇشى كېرەك، لۇغەتكە تاللىنىدىغان سۆزلەر ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. ئەگەر سۆزلەر قالايمىقان توپلاپ قويۇلسا، بۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆگىنىشى ياكى پايدىلىنىشىغا قولايسىز بىرنېمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، لۇغەت چوقۇم مەلۇم بىر سىستېما بويىچە تۈزۈلۈشى، سۆز - ئاتالغۇلار ئېنىق بىر ئۆلچەم بويىچە تاللىنىشى كېرەك.

2) ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك، يەنى لۇغەت ئىلمىي كۆزقاراشتا، ئىلمىي بولغان لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇلىغا ئىگە بولۇشى ۋە تەلەپكە لايىق ماتېرىياللار بولۇشى كېرەك. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، لۇغەتنىڭ ئىلمىيلىكى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) لۇغەتنىڭ ئىلمىيلىكى كۆزقاراشنىڭ توغرىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. تۈرلۈك ئۇچۇرلارنىڭ توغرا بولۇشى لۇغەتنىڭ ئىلمىيلىكىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئىزاھ - چۈشەندۈرۈشلىرى توغرا بولۇش، كەلتۈرۈلگەن مىساللار بېرىلگەن ئىزاھقا مۇۋاپىق بولۇش، تەرجىمە لۇغەتلىرىدە سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسى دەل، توغرا بولۇش، تەبىر - ئىبارىلەرنىڭ توغرا بولۇش، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرمەسلىك دېگەنلىكتۇر.

(2) لۇغەتنىڭ ئىلمىيلىكى لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇلىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ لۇغەتتە لۇغەتنىڭ خاراكتېرى، خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى، لۇغەتنىڭ كۆلىمى ھەممىدە بىرقەدەر ئەتراپلىق سۆز تاللاش پىلانى ۋە تۈزۈش شەكلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي ۋە تەلەپكە لايىق لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇلى ۋە ئومۇمىي (باش) لايىھەنىڭ بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، سۆز تاللاش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، لۇغەتكە تاللانغان سۆز ئوقۇرمەننىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقان بولۇشى كېرەك. سۆز مەنىلىرىنى ئىزاھلاشتا لۇغەتنىڭ خاراكتېرى ۋە

www.uyghurkitap.com



ئوبيېكتىغا ئاساسەن ئىزاھاتنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ۋە سالمىقىنى ئېنىق بېكىتىپ، ئىزاھاتنىڭ توغرا ۋە ئىخچام بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سېلىشتۇرۇپ ئېيتىش ئاچقۇچى مۇۋاپىق بولۇشى، سۆز تېپىش ئاسان بولۇشى كېرەك.

(3) لۇغەتنىڭ ئىلمىيلىكى ئەڭ يېڭى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئەكس ئەتكۈزۈلگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

(4) لۇغەتنىڭ ئىلمىيلىكى يەنە لۇغەتكە تاللانغان ماتېرىياللارنىڭ سۈپىتىدىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

3) بىلىم خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. كىشىلەرنىڭ لۇغەتتىن پايدىلىنىشى بىرەر سۆز، بىرەر ئادەم، بىرەر شەيئى ياكى بىرەر ھادىسىنى چۈشىنىش، بىلىش ئۈچۈندۇر، يەنى بىلىم ئېلىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا، لۇغەت دەل شۇ ئېھتىياجقا ماس ھالدا كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئېرىشكەن بىلىش ۋە تەجرىبىلىرى بولغان بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىخچام شەكىلدە بايان قىلىپ بەرگەن بولۇشى كېرەك.

لۇغەتتە بېرىلىدىغان بىلىملەر ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرى، تەبىئىي پەن بىلىملىرى، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى ھەمدە كىشى ئىسىملىرى، يەر ـ جاي ناملىرى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لۇغەتنىڭ خاراكتېرى ۋە دائىرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ بىلىملەرنىڭ تىپى، چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ۋە كەڭلىك دائىرىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. لېكىن، لۇغەتتە زۆرۈر بىلىملەر كەم بولسا بولمايدۇ. لۇغەتتە تونۇشتۇرۇلىدىغان بىلىملەر تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك:

(1) بىلىمگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار قاتتىق تاللانغان بولۇشى كېرەك.

(2) كۆزقاراش بىلەن ماتېرىيالنىڭ بىردەكلىكىگە دىققەت

قىلىش كېرەك.

(3) لۇغەتنىڭ خاراكتېرى، قۇرۇلمىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بىلىملەرنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىك دەرىجىسىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك.

4) مۇقىملىقى، تۇراقلىقلىقى ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ لۇغەت خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىشلىتىلىدىغان بولۇشى كېرەك دېگەنلىكتۇر. مۇقىملىق لۇغەتنى ئۆلچەشتىكى يەنە بىر مۇھىم ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ.

5) ئىشلىتىلىشچانلىقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ لۇغەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغانلىقى، پايدىلىنىشقا قولايلىق ۋە ئاسان بولۇشىغا قارىتىلغان. لۇغەتنىڭ ئىشلىتىلىشچانلىقى لۇغەتنىڭ سۈپىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ لۇغەت قىممىتىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

6) ئىدىيەۋىلىككە دىققەت قىلىش كېرەك. لۇغەت قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان كىتاب بولغاچقا، سۆز تاللىغاندا ۋە ئىزاھلىغاندا، ئىدىيەۋىلىككە ئېتىبار بېرىلىشى كېرەك.

لۇغەتنىڭ رولى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) تىل ئۆگىنىش ۋە تەرجىمە ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم قورال.

(2) تىلنىڭ يېزىق تىلى شەكلى (ئىملا قائىدىسى) بىلەن ئېغىز تىلى شەكلى (تەلەپپۇز قائىدىسى)نى تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

(3) لۇغەت پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم قورال .

**2 . لۇغەتشۇناسلىق**

لۇغەت تۈزۈش پرىنسىپلىرى (نەزەرىيەسى)، ئۇسۇللىرى ۋە لۇغەت تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن لۇغەتشۇناسلىق دەپ

ئاتىلىدۇ. لۇغەتشۇناسلىق ئەمەلىي تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇم ئېھتىياجغا ئاساسەن، بىر تىل ياكى بىرقانچە تىلدىكى سۆزلەرنى سىستېمىلىق ھالدا مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە تىزىپ چىقىپ، بىر تىلنىڭ لۇغىتىنى ياكى بىرقانچە تىلنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتىنى تۈزۈپ چىقىش خىزمىتى لۇغەت تۈزۈش دەپ ئاتىلىدۇ. لۇغەت تۈزۈش ئۆز ئانا تىلىدىكى سۆزلەرنى تولۇق، توغرا ئىگىلەش ۋە ئىشلىتىش ئېھتىياجى شۇنداقلا باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بارلىققا كېلىدۇ.

لۇغەت تۈزۈشتە قانداق ئېھتىياجنى قاندۇرۇش لۇغەت تۈزۈشنىڭ مەقسىتى ھېسابلىنىدۇ.

لۇغەت تۈزۈشتە تاللىۋېلىنغان ئۆلچەم يەنى لۇغەتنىڭ قانداق ئېھتىياجنى قامداش يۈزىسىدىن بېكىتىلگەن ئۆلچەم لۇغەت تۈزۈش پىرىنسىپى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر تىلنىڭ لۇغىتىنى تۈزمەكچى بولغاندا، شۇ تىلدىكى بارلىق سۆزلەر ئالدى بىلەن توپلىنىشى، ئاندىن رەتلىنىشى، بەلگىلەنگەن پىرىنسىپقا ئاساسەن، لۇغەتكە كىرگۈزۈلىدىغان سۆزلەرنىڭ دەۋر چېكى، رايون چېكى قاتارلىقلار بەلگىلىنىشى، ئاندىن مەلۇم تەرتىپتە تىزىلىپ ئىزاھلىنىشى كېرەك. مانا مۇشۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى لۇغەت تۈزۈش نەزەرىيەسى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ.

لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇلى دېگىنىمىز، تىلدىكى سۆزلەرنى قايسى تەرتىپتە تىزىش، قانداق تەرتىپتە بايان قىلىش (ئىزاھلاش) قاتارلىقلارغا قارىتىلىدۇ.

لۇغەتنىڭ ھەجمى شۇ لۇغەتنىڭ مەقسىتىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن بارلىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، لۇغەتنىڭ تۈرى، سانى ۋە



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەۋىيەسى بىرەر دۆلەت ياكى بىرەر مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئەينەك ھېسابلىنىدۇ.

## §2 . لۇغەتشۇناسلىق بىلەن لېكسىكا تەتقىقاتىنىڭ مۇناسىۋىتى

لۇغەتشۇناسلىق بىلەن لېكسىكا تەتقىقاتى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا بىر ـ بىرىگە تايىنىدۇ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، لۇغەتشۇناسلىق بىلەن لېكسىكا تەتقىقاتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

**1 . لېكسىكا تەتقىقاتى لۇغەتشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ**

لۇغەتشۇناسلىق ئۆز تەرەققىياتىدا ئومۇمىي تىلشۇناسلىقتىكى باشقا نەزەرىيەلەرگە، مەسىلەن، گىراماتىكا، فونېتىكا، سېمانتىكا، ئىستىلىستىكا، فىرازېيولوگىيە، يېزىقشۇناسلىق ھەققىدىكى نەزەرىيەلەرگە، بولۇپمۇ لېكسىكا نەزەرىيەسىگە تايانماي تۇرۇپ، ئوڭۇشلۇق ئىش ئېلىپ بارالمايدۇ. لېكسىكا تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر لۇغەتشۇناسلىق تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە سەۋىيەسىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. سۆز ۋە ئىدىيوملارنىڭ ماھىيىتى، خاراكتېرى، سېمانتىكىلىق تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى، ئىستىلىستىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى، سۆزلۈك سىستېمىسى قاتارلىق مەسىلىلەر لېكسىكا

نۇقتىسىدىن قانچىكى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنسا، بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى لۇغەتنىڭ سۈپىتىنى شۇنچە پۇختا ۋە ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان لېكسىكىلىق مەسىلىلەر ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمايدىكەن، ئېنىقكى، تۈزۈلگەن لۇغەتلەرنىڭ سۈپىتىمۇ ياخشى بولمايدۇ. نەتىجىدە، لۇغەتشۇناسلىقمۇ ساغلام تەرەققىي قىلالمايدۇ. دېمەك، لېكسىكا تەتقىقاتى لۇغەتشۇناسلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**2 . لۇغەتشۇناسلىق لېكسىكا تەتقىقاتىنى ئالغا سۈرىدۇ**

لۇغەتشۇناسلىقتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەمەلىي نەتىجىلەر لېكسىكا تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. لۇغەت تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى لېكسىكىدىن سۆز ۋە ئىدىيومىلارنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى، سۆز ۋە ئىدىيومىلارنىڭ سېمانتىكىلىق تۈرلىرى ۋە ئۇ تۈرلەرنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرى، سۆزلەرنىڭ ۋارىيانتلىرى، سۆز ۋە ئىدىيومىلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، لۇغەتشۇناسلىقمۇ ئۆز نۆۋىتىدە لېكسىكا تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**3 . لۇغەتشۇناسلىق تىلنىڭ ئۆلچەملىك دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ، سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرىدۇ**

لۇغەت — قورال خاراكتېرلىك كىتاب. ئۇ شۇ تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن ئورتاق قوللىنىلىدۇ. لۇغەت ئەمەلىيەتتە شۇ تىللىق خەلقنىڭ سۆز ئىشلىتىش نورمىلىرىنى كۆرسىتىدىغان مىزاندۇر. تىلنىڭ ئۆلچەملىك دەرىجىسىنى

ئۆستۈرۈش يەنى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش، سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇش بولسا لېكسىكىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ھېسابلىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تىلىمىزدىكى سۆزلەر ئۈستىدە لېكسىكىلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىش، تۈرلۈك تەركىبلەرنى ئۆز دائىرىسى بويىچە تەتقىق قىلىش قاتارلىقلاردىن مەقسەت تىل ماتېرىياللىرىمىزنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بىزنى مۇشۇ مۇددىئاغا يەتكۈزۈشتە لۇغەت ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى پەن تەتقىقاتى نۇرغۇن يېڭى شەيئىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ يېڭى شەيئىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇملارنى تەبىئىيكى شۇ شەيئىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن خەلقنىڭ تىلىدىن بىزنىڭ تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلدى. بىزنىڭ تەرجىمانلىرىمىز، تىلچىلىرىمىز لېكسىكا ئىلمىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەزكۇر شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ياسىدى، تەقلىد قىلدى ياكى ئارىيەت ئالدى. مەيلى قانداق بولسۇن چەت تىلدىن كىرگەن بىر يېڭى ئۇقۇم بىزنىڭ ئۆز تىلىمىزدا ئىپادىلىنىدىغان چاغدا، ھە دېگەندىلا بىر خىل تەركىب ياكى بىر خىل سۆز بىلەنلا بىر تەرەپ بولۇپ كېتىشى تەس ھەتتا قايسى سۆزنى قوللىنىش توغرىسىدا مۇنازىرە بولۇپ قېلىشى تەبىئىي. مانا مۇشۇنداق پەيتتە، لۇغەت ئۆزىنىڭ كۈچىنى ۋە رولىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئۇ مۇئەييەن يېڭى بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى بېكىتمە قىلىپ ئۆز قوينىغا ئالىدۇ. نەتىجىدە، لۇغەت بېتىدىن ئورۇن ئالغان سۆز مۇنازىرىسىز ھالدا ھەممە ئادەم تەرىپىدىن ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. دېمەك، لۇغەت ــ تىلدىكى ئۆلچەمسىزلىكنى تۈگىتىدىغان، ئاتالغۇ قالايمىقانچىلىقىنى ئاخىرقى ھېسابتا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يوقىتىدىغان، تىلنى قېلىپلاشتۇرىدىغان، ئۆلچەملەشتۈرىدىغان قورالدۇر.

## §3 . لۇغەتنىڭ مەزمۇنى

لۇغەتنىڭ مەزمۇنى يەنە لۇغەتنىڭ قۇرۇلمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لۇغەت ئاساسەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپىدۇ :

(1) تۈزگۈچى. لۇغەت ئادەتتە شەخسلەر تەرىپىدىنمۇ تۈزۈلىدۇ، كوللېكتىپ تەرىپىدىنمۇ تۈزۈلىدۇ. تۈزگۈچى دېگەندە ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلغان. ئوتتۇرا ياكى كىچىك تىپلىق لۇغەتلەر ئادەتتە شەخسلەر ياكى كوللېكتىپ تەرىپىدىن تۈزۈلىدۇ. چوڭ تىپلىق لۇغەتلەر بولسا ئومۇمەن كوللېكتىپ تەرىپىدىن تۈزۈلىدۇ. تۈزگۈچى ئومۇمەن لۇغەتنىڭ ئىگىدارلىق قىلغۇچىسىدىن ئىبارەت.

(2) نۇسخىسى. بۇ قەدىمكى لۇغەتلەرگە نىسبەتەن ئەسلىي نۇسخىمۇ ياكى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىمۇ، ھازىرقى لۇغەتلەرگە نىسبەتەن رەسمىي نۇسخىمۇ ياكى سىناق نۇسخىمۇ دېگەنلەرگە قارىتىلغان.

(3) كىرىش سۆز ياكى مۇقەددىمە. كىرىش سۆز ياكى مۇقەددىمىدە ئاساسەن لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈش مەقسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. كىرىش سۆز ياكى مۇقەددىمىنىڭ بەزىلىرى لۇغەت تۈزگۈچىلەر تەرىپىدىن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلىدۇ.

(4) ئىشلىتىش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا ئاساسەن لۇغەتكە تاللانغان سۆزلەرنىڭ دائىرىسى، سانى، تىزىلىش رەت - تەرتىپى، پايدىلىنىش ئۇسۇللىرى ۋە قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى، ئاھاڭداش سۆزلەر، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر

قاتارلىقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار چۈشەندۈرۈلىدۇ.

(5) لۇغەتنىڭ تېكىستى. بۇنىڭدا لۇغەتكە تاللىنىۋېلىنغان سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئىزاھلىنىدۇ ياكى تەرجىمىسى بېرىلىدۇ ۋە ياكى ئىملا، تەلەپپۇز نورمىلىرى كۆرسىتىلىدۇ. لۇغەت تېكىستى لۇغەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، لۇغەتنىڭ سۈپىتى، قىممىتى مانا مۇشۇ قىسمىدا ئىپادىلىنىدۇ.

(6) تولۇقلانما تېكىست. بۇ لۇغەت تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن تولۇقلانغان مەزمۇن بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئايرىم نەشر قىلىنىدۇ.

(7) قوشۇمچە. بۇ لۇغەت تېكىستىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، لۇغەتنىڭ ئالدى ۋە كەينىگە بېرىلگەن نۇرغۇن جەدۋەللەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئېلىپبە تەرتىپى، سۆز تېپىش ئاچقۇچى، تۈرلۈك ئۆلچەم بىرلىكلىرى، پىلنامىلەر، دۇنيادىكى دۆلەتلەر ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر، نوپۇس، يەر مەيدانى، خىمىيەۋى ئېلېمېنتلار جەدۋىلى، مەۋسۇملار جەدۋىلى قاتارلىقلار. بۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنى نۇرغۇن قىممەتلىك بىلىملەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

## §4 . لۇغەت تۈزۈشتىكى باسقۇچلار

لۇغەتنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇللىرىمۇ يەنى باسقۇچلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. تۆۋەندە بىز ھەر خىل لۇغەتلەردە ئومۇمەن ئۇچرايدىغان بىرقانچە باسقۇچ ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز:

**1 . سۆزنىڭ نېمىلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش**

لۇغەت تۈزۈشتىن بۇرۇن سۆزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق

ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. بۇ لۇغەت تۈزۈشتىكى ھالقىلىق مەسىلە. گەرچە تىلشۇناسلىقتا ئادەتتە «سۆز — تىلدا ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان، تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مۇقىم قۇرۇلمىغا ئىگە ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى؛ تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى» دەپ قارالسىمۇ، لېكىن تىل ئەمەلىيىتى بۇ قائىدىگە چۈشمەيدۇ، يەنى ئەمەلىيەتتە، كۆپ ھاللاردا سۆز بىلەن بولۇپمۇ بىرىككەن سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىش خېلى قىيىنغا چۈشىدۇ. بۇ مەسىلە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، سۆز دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدىغانلىرىنى تاللاش ۋە بىرىنچى سۆزلەم قاتارىغا تىزىش، سۆز بىرىكمىلىرىگە مايىللىرىنى بولسا تاللىماسلىق ياكى ئىككىنچى سۆزلەم قاتارىغا تىزىش كېرەك (ئىدىيوملار بۇنىڭ سىرتىدا).

### 2. سۆز تاللاش

ھەممىگە مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر تىلدا سۆزلەرنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. ئەمما، ھەرقانداق بىر لۇغەتكە شۇ تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ بىرىمۇ قالدۇرۇلماي كىرگۈزۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن لۇغەت تۈزگەندە سۆز تاللاش مەسىلىسى تۇغۇلىدۇ.

سۆزلەرنى قانداق ئۆلچەمگە ئاساسەن تاللاش كېرەك؟ بۇنى لۇغەتنىڭ مەقسىتى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، يېڭى سۆزلەر لۇغىتى تۈزۈلمەكچى بولسا، پەقەت شۇ تىلدىكى يېڭى سۆزلەرنىلا تاللاپ يىغىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر تۈزمەكچى بولغان لۇغىتىمىز چەت تىل سۆزلىرى لۇغىتى بولسا، شۇ تىلغا باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرلا تاللىنىدۇ. ئەگەر ماتېماتىكا ئاتالغۇلىرى لۇغىتى تۈزۈلمەكچى بولسا، پەقەت ماتېماتىكا ئاتالغۇلىرىلا تاللىنىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ

دىيالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى لۇغەتتى تۈزۈلمەكچى بولسا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكت، خوتەن دىيالېكتى ۋە لوپنۇر دىيالېكتى ھەمدە شۇ دىيالېكتلارغا تەۋە ھەرقايسى شېۋىلەرگە خاس سۆزلەرلا تاللىنىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئەدەبىي تىلىمىزغا خاس سۆزلەر تاللانمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، لۇغەتكە كىرگۈزۈلىدىغان سۆزلەرنىڭ تارىخىي دەۋر چېكىنى ۋە دىيالېكت ـ شېۋە سۆزلىرىنىڭ چېكىنى قانداق بېكىتىش ۋە قايسى دائىرىدە تاللاش دېگەندەك مەسىلىلەرمۇ سۆز تاللاش باسقۇچىدا ئېنىقلىنىدىغان مەسىلىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 3 . سۆز شەكلىنى مۇقىملاشتۇرۇش

مورفولوگىيەلىك تۈرلىنىشكە ئىگە تىللاردا سۆزنىڭ شەكلىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، بۇ خىل تىللاردا ھەربىر مۇستەقىل سۆزنىڭ نەچچە خىل، نەچچە ئون خىل، نەچچە يۈز خىل، ھەتتا نەچچە مىڭ خىل مورفولوگىيەلىك شەكلى بولىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنى مىسالغا ئالساق، ھازىرقى يېڭى قاراش بويىچە ئىسىملاردا ئون خىل كېلىش بار؛ بىرلىك ۋە كۆپلۈكتىن ئىبارەت ئىككى خىل سان شەكلى بار؛ ئۈچ شەخسنىڭ سەككىز خىل شەكلى بار. دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا بىر ئىسىمنىڭ يەككە (ئايرىم ـ ئايرىم) تۈرلىنىش شەكلى 20 خىل. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈنۈپ تۈرلەنگەن شەكىللىرىنى ھېسابلاپ كۆرىدىغان بولساق، بىر ئىسىمنىڭ 150 خىلدىن ئارتۇق تۈرلىنىش شەكلىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش شەكىللىرى ئىسىملارنىڭكىدىنمۇ مۇرەككەپ ۋە ئىنتايىن كۆپ. لۇغەتكە

سۆزلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق تۈرلۈك گىراماتىكىلىق شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى كىرگۈزۈلمەيدۇ ھەم كىرگۈزۈشمۇ ھاجەتسىز. شۇڭا، لۇغەتكە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق بىرلا خىل شەكلى تاللىنىشى كېرەك. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، لۇغەتكە سۆزلەرنىڭ ئايرىم ئېيتىشقا بولىدىغان، گىراماتىكىلىق شەكىللىرىنىڭ ھاسىل بولۇشىغا ئاساس بولىدىغان شەكلىلا تاللىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى لۇغەتلىرىگە جۈملىدىن تۈرلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە تىللارنىڭ لۇغەتلىرىگە ئىسىملارنىڭ بىرلىك، باش كېلىش شەكلى، سۈپەتلەرنىڭ ئەسلىي دەرىجە شەكلى، سانلارنىڭ ساناق سان شەكلى، پېئىللارنىڭ تۈپ ياكى ئۆزەك شەكلى قاتارلىقلار تاللىنىدۇ.

### 4 . كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈش مەسىلىسى

لۇغەت تۈزۈشتە بۇمۇ مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مۇئەييەن بىر فونېتىكىلىق شەكىلدىن ئىپادىلەنگەن مەنىلەر كۆپ بولۇپ، ئەگەر ئۇ مەنىلەر ئۆزئارا باغلىنىشقا ئىگە بولسا، ئۇ خىل فونېتىكىلىق شەكىل كۆپ مەنىلىك بىر سۆز دەپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ ـ دە، ئىزاھلانغاندا ياكى تەرجىمىسى بېرىلگەندە، ئاۋۋال ئۇ سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى، ئاندىن شۇ ئاساسىي مەنە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن كېيىنكى مەنىلىرى ئىزاھلىنىدۇ ياكى تەرجىمىسى بېرىلىدۇ. ئەگەر مۇئەييەن بىر فونېتىكىلىق شەكىلدىن ئىپادىلەنگەن ھەرقايسى مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوق دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ ـ دە، ئىزاھلانغاندا ياكى تەرجىمىسى بېرىلگەندە، ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەم قاتارىدا ئىزاھلىنىدۇ ياكى تەرجىمىسى بېرىلىدۇ.

### 5 . تىرانسكرىپسىيە بېرىش

ترانسكرىپسىيە لۇغەتكە تاللانغان سۆزلەرنىڭ قانداق تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. فونېمىلىق يېزىق سىستېمىسىغا ئىگە تىللارغا خاس لۇغەتلەردە ترانسكرىپسىيە بېرىش ئانچە قىيىن ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق تىللاردا ھەرپلەر ئىپادىلىگەن تاۋۇش بىلەن ئەمەلىيەتتىكى تەلەپپۇزدا ئانچە چوڭ پەرق بولمايدۇ. يېزىلىشى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىشىدا پەرق بار تىللار (مەسىلەن، ئىنگلىز تىلى)دا ياكى يېزىق شەكلى سۆزنىڭ ئوقۇلۇشىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ بېرەلمەيدىغان يېزىقلار (مەسىلەن، خەنزۇ يېزىقى)دا سۆزلەرگە ترانسكرىپسىيە بېرىش ئاسان ئەمەس، لېكىن ئۇنى بەرمەيمۇ بولمايدۇ.

### 6 . ئىزاھلاش (تەرجىمىسىنى بېرىش)

بۇ باسقۇچتا لۇغەتكە تاللىۋېلىنغان سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى چۈشەندۈرۈلىدۇ، يەنى ئىزاھلىنىدۇ ياكى تەرجىمىسى بېرىلىدۇ. سۆز مەنىسى ئىزاھلانغاندا، چۈشىنىشلىك بولۇش، ئىلمىي بولۇش، ئىخچام بولۇش، ئىدىيەۋىلىككە دىققەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «پومىشچىك» سۆزى «يەر ئىگىسى» دەپ ئىزاھلانسا، خاتا ئىزاھلانغان ياكى بۇرمىلاپ ئىزاھلانغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ سۆزنى «ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان يېرى بار، ئۆزى ئەمگەك قىلماي ياكى قىسمەن ئەمگەك قىلىپ، دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش يولى بىلەن ياشايدىغان ئادەم» دەپ ئىزاھلاش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ توغرا ئىزاھات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئىزاھلانغاندا، مىسال كەلتۈرۈلۈشى كېرەك. چۈنكى، سۆزلەرنىڭ مەنىسى كونتېكىستتا روشەنلىشىدۇ، كونتېكىستتىن ئايرىلغان ھالدا سۆز مەنىسىنى

چۈشەندۈرۈش قىيىنغا چۈشىدۇ، بولۇپمۇ كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش سۆزلەردە تېخىمۇ شۇنداق قىلىنىشى كېرەك. مىسال كەلتۈرۈلگەندە، كەلتۈرگەن مىساللار ئىخچام بولۇشى، چۈشەندۈرمەكچى بولغان سۆزنىڭ مەنىسىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولۇش، ئىككى بىسلىق بولۇپ قالماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇۋاپىق تېپىلغاندا، سىزما رەسىم ياكى فوتو سۈرەتلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك. تەرجىمە لۇغەتلىرىدە سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسى بېرىلگەندە، شۇ مىللەتكە خاس مەدەنىيەت ئامىللىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرگە مۇۋاپىق ئەسكەرتمە بېرىلىشى كېرەك.

### 7 . تىزىش

تىزىش ــ لۇغەتكە تاللانغان سۆزلەرنى مۇئەييەن رەت ـ تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر، لۇغەتلەردە سۆزلەرنىڭ تىزىلىشى ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە، ئېلىپبەلىك يېزىقتا ئىگە تىللاردا ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بىرقەدەر ئىلمىي ۋە ئومۇمىيراق ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا بەزى تىللاردا، مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدا خەت سىزىقىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بويىچىمۇ تىزىلىدۇ.

ئۇلاردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى تىزىش ئۇسۇللىرىمۇ قوللىنىلىدۇ:

(1) سۆزلەملەرنى سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ئېلىپبەدىكى تەرتىپىنى ئاساس قىلىپ تىزىش. بەزى تىللاردا سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن يېزىلىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزى لۇغەتلەر سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرپىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىدىكى ئورنى بويىچە تىزىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن بولىدۇ. بۇ تىل ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ شەكلى ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەرنى ئەستە قالدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى

مەقسەت قىلىندۇ.

(2) يىلتىزداش سۆزلەرنى بىر سۆزلەم ئىچىگە تىزىش ئۇسۇلى. بۇ خىل ئۇسۇلدا سۆز يىلتىزلىرى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان ۋە سۆزلەر ئوخشاش بىر تۈركۈم ئىچىگە ئېلىنىپ، يىلتىزداش سۆزلەر لۇغىتى شەكىللىنىدۇ.

(3) سۆزلەملەرنى ئۇقۇملار بويىچە تىزىش ئۇسۇلى: بۇ خىل ئۇسۇلدا سۆزلەملەرنى تىزغاندا، ھەرپلەرنىڭ تەرتىپى، يىلتىزداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئاساس قىلىنىپ تىزىلىدۇ، يەنى ئۇقۇملار يەنىمۇ ئىنچىكە تۈرلەرگە ئايرىلىپ، ئوخشاش بىر تۈردىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بىر سۆزلەم ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

## §5 . لۇغەتنىڭ تۈرى

لۇغەت ئەڭ ئاۋۋال بىلىم لۇغىتى ۋە تىل لۇغىتى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1 . بىلىم لۇغىتى**

بىلىم لۇغىتىدە سۆز ۋەكىللىك قىلغان شەيئى ۋە ئۇقۇملار ئىزاھلىنىپ، ئالاقىدار پەننىي بىلىملەر چۈشەندۈرۈلىدۇ. بىلىم لۇغىتى يەنە ئۆز ئىچىدىن ئېنسىكلوپېدىيە ۋە كەسپىي لۇغەت دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئېنسىكلوپېدىيە

بۇ يەنە «قامۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېنسىكلوپېدىيەلىك لۇغەت ئادەتتىكى لۇغەتلەردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدا تىلدىكى ھەممە سۆزلەر ئەمەس، پەقەت مۇھىم شەيئى ۋە ئۇقۇملار ئىزاھلىنىدۇ. ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن سۆزلەر ئەتراپلىق

www.uyghurkitap.com

شەرھلىنىدۇ. ھەربىر سۆز ئۇچۇن بېرىلگەن ئىزاھ كۆپىنچە بىر پارچە ئىلمىي ماقالە بولۇپ، ئۇنى نوپۇزلۇق كىشىلەر يازىدۇ. ھازىرقى مەنىدىكى ئېنسىكلوپېدىيەلىك لۇغەت ئىلگىرىكى بارلىق پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ خۇلاسىسى بولۇشتىن سىرت، يەنە زامانىۋى ئىلىم ـ پەننىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدۇر.

2) كەسپىي لۇغەتلەر

كەسپىي لۇغەت پەنلەر بويىچە تۈرگە بۆلۇنۇپ، ئالاقىدار بىلىملەرنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. بەزى كەسپىي لۇغەتلەردە بايان قىلىنغان ساۋاتلار ئېنسىكلوپېدىيەلىك لۇغەتلەرنىڭ ئىزاھىدىنمۇ تەپسىلىي ۋە چوڭقۇر بولىدۇ. كەسپىي لۇغەتلەر يەنە كەسىپ ئايرىمىسىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۇنىدۇ:

(1) ئاتالغۇلار لۇغىتى

ئاتالغۇلار لۇغىتى بىزدە پەنلەر بويىچە ئاتالغۇلار ئىزاھلىق لۇغىتى ۋە ئاتالغۇلار سېلىشتۇرما لۇغىتى دېگەندەك ئىككى خىل شەكىلدە تۈزۈلۈۋاتىدۇ. ئاتالغۇلار ئىزاھلىق لۇغىتى ئادەتتە بىر تىلدا تۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدا يالغۇز ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىلا ئىزاھلىنىشتىن سىرت يەنە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي بىلىملەرمۇ تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئاتالغۇلار سېلىشتۇرما لۇغىتىدە بولسا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تىلدىكى ئاتالغۇلار ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، تەڭدىشى بېرىلىدۇ.

(2) كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى

بۇمۇ بىر خىل بىلىم لۇغىتى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەم ئىسىملىرى كىرگۈزۈلىدۇ، بۇ خىل لۇغەتلەر بىزدە يەنە ئىزاھلىق لۇغەت ۋە سېلىشتۇرما لۇغەت شەكىللىرىدە تۈزۈلۈۋاتىدۇ.

ئىزاھلىق لۇغەتنىڭ بەزىلىرىدە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ

نامىلىرى مەلۇم تەرتىپتە ئېلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار، يەنى ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى، پائالىيەتلىرى ۋە ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ، مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈلگەن «چەت ئەل پەيلاسوپلىرى قىسقىچە لۇغىتى»گە ئوخشاش؛ يەنە بەزىلىرىدە بىرەر مىللەتكە تەۋە كىشى ئىسىملىرى مەلۇم تەرتىپتە تىزىلىپ، مەنىسى ئىزاھلىنىدۇ ۋە باشقىچە ۋارىيانتلىرى قوشۇمچە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى»گە ئوخشاش.

سېلىشتۇرما لۇغەتنىڭ سۆز ئېلىش دائىرىسى كەڭرى بولىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرىدە مەشھۇر شەخسلەر نامىلىرىنىڭ بىرقانچە تىلدىكى تەڭدىشى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، مەلۇم تەرتىپتە بېرىلىدۇ؛ يەنە بەزىلىرىدە، بىرەر مىللەتكە تەۋە كىشى ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى شۇ مىللەت يېزىقىنىڭ تەرتىپى بويىچە تىزىلىپ، يېنىغا باشقا مىللەت تىلىدىكى ئوقۇلۇشى ئەسكەرتىلىدۇ. مەسىلەن، «رۇسچە ــ خەنزۇچە ــ ئۇيغۇرچە رۇس كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى» ۋە «ئىنگلىزچە ــ خەنزۇچە ــ ئۇيغۇرچە ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى»گە ئوخشاش.

(3) يەر ــ جاي نامىلىرى لۇغىتى

بۇ خىل لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە سۆز ئېلىش ئۇسۇلى كىشى ئىسىملىرى لۇغىتىگە ئوخشاش بولۇپ، ئىزاھلىق لۇغەت ۋە سېلىشتۇرما لۇغەت دېگەندەك ئىككى خىل شەكىلدە تۈزۈلىدۇ.

ئىزاھلىق لۇغەتنىڭ بەزىلىرىدە بىرەر رايون، دۆلەت ياكى مەشھۇر جايلار نامىلىرى سۆز بىرلىكى قىلىنىپ، ئېھتىياجغا قاراپ ئايرىم لۇغەت شەكىللىرىدە تۈزۈلىدۇ ھەمدە ھەربىر سۆز تەپسىلىي ئىزاھلىنىدۇ؛ بەزىلىرىدە پەقەت دۆلەت نامىلا ئېلىنىپ، ھەربىر دۆلەت، رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، يەنى دۆلەت نامى، كۆلىمى، جايلىشىش ئورنى، ئاھالىسى، پايتەختى، مەمۇرىي جەھەتتىن بۆلۈنۈشى، دۆلەت باشلىقى، ئاساسلىق

گېزىت ـ ژۇرناللىرى، ئاخبارات ئورۇنلىرى، تەبىئىي جۇغراپىيەسى، بايلىق مەنبەسى، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان «دۇنيا يەر ناملىرى ئىزاھلىق لۇغىتى» ۋە «مەشھۇر يەر ـ جاي ناملىرى قوللانمىسى»غا ئوخشاش.

سېلىشتۇرما لۇغەتكە ئېلىنىدىغان سۆزلەر سانى ئىزاھلىق لۇغەتتىكىگە قارىغاندا كۆپرەك بولىدۇ. ئۇنىڭدا ھەربىر ماددىلار مەلۇم تەرتىپتە تىزىلىپ، يېنىغا باشقا تىللاردىكى ئوقۇلۇشى بېرىلگەندىن سىرت، يەنە شۇ جاينىڭ قىتئە، دۆلەت ياكى رايون تەۋەلىكى، مېرىدىيان ۋە پاراللېل گىرادۇسلىرى مەلۇم شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق قوشۇمچە قىلىنىدۇ.

(4) مىللەت ناملىرى لۇغىتى

مىللەت ناملىرى لۇغىتىمۇ بىلىم لۇغىتىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى. ئۇنى يەنە ئىزاھلىق ۋە سېلىشتۇرما لۇغەت شەكىللىرىدە تۈزۈشكە بولىدۇ.

مىللەت ناملىرى ئىزاھلىق لۇغىتىگە مىللەت ناملىرى ئېلىنىشتىن سىرت، يەنە مىللىي رايونلارنىڭ يەر ـ جاي ناملىرى، كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مىللەتشۇناسلىق ئاتالغۇلىرى، قەدىمكى دۆلەتلەر ۋە يەرلىك ھاكىمىيەت ناملىرى، ھەر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈملەر، تەشكىلىي ئاپپارات ناملىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلەر ۋە دىنىي ئېتىقاد ناملىرى، ئەسەرلەر ھەمدە تارىخىي ۋەقەلەرمۇ قوشۇمچە ئېلىنىدۇ. بەزىلىرى بولسا دۇنيادىكى مىللەت ناملىرىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى بولۇپ، ئۇنىڭغا تېپىلغانلىكى ناملارنىڭ ھەممىسى ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدا كۆپىنچە ئۆز تېررىتورىيەسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ناملىرى ئاساس، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ناملىرى قوشۇمچە قىلىنىدۇ.

بۇ خىل لۇغەتنىڭ سىلىشتۇرما شەكلىنى تەرجىمە ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن ھەرقانداق مىللەت ئىككى ياكى كۆپ تىللىق قىلىپ تۈزسە بولىدۇ. ئۇنىڭغا دۇنيادىكى مىللەتناملىرىنىڭ ھەممىسى كىرگۈزۈلۈپ، باشقا تىلدىكى نامىغا سېلىشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدا، بىرلىككە كەلگەن نامى ئاساس قىلىنىپ، باشقىچە ئاتىلىشى ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ناملىرى لۇغىتى»گە ئوخشاش.

(5) ئەسەرلەر لۇغىتى

ئەسەرلەر لۇغىتىدە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىكى بىلىملەر تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ھەربىر سۆز بىر ئەسەرنىڭ نامى بولۇپ، سۆز ئېلىش دائىرىسى ئەدەبىيات لۇغىتىنىڭكىدىن تارراق بولىدۇ. ئۇ كۆپىنچە ئىزاھلىق لۇغەت شەكلىدە تۈزۈلۈپ، ئۆز ئىچىدە يەنە ئەدەبىي ئەسەرلەر لۇغىتى، سىياسىي ئەسەرلەر لۇغىتى، پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى لۇغىتى، لۇغەت تۈرلىرى لۇغىتى ياكى ھەر خىل ئەسەرلەر ئۇنىۋېرسال لۇغىتى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر لۇغىتىدىكى ئىزاھ: ① ئەسلىي ئەسەرنىڭ ژانىرى، يازغۇچىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى، ئىسىم ـ فامىلىسى، ئەسەر يېزىلغان دەۋر، ئەسەر ياكى يازغۇچىنىڭ ئەسلىي ئىسمى؛ ② دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، ئاساسلىق پېرسوناژلار ۋە ھېكايە ۋەقەلىكى، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىياسىي ۋە پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى لۇغىتىدىكى ئىزاھتا، ئاپتورنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، دۆلەت تەۋەلىكى، ئەسەر يېزىلغان دەۋر قاتارلىق مەلۇماتلار بېرىلگەندىن باشقا، شۇ ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە، بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلار ھەمدە ئۇنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللار نۇقتىلىق بايان قىلىنىدۇ. ھەر خىل ئەسەرلەر ئۇنىۋېرسال لۇغىتىنىڭ

يۇقىرىقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ماددىلار (سۆزلەر) تۈرلەر بويىچە بېرىلىدۇ. لۇغەت تۈرلىرى لۇغەتتىدە بولسا، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا نەشر قىلىنغان تۈرلۈك لۇغەتلەر تۈرلەر بويىچە رەتلىنىدۇ، ھەربىر لۇغەت نامى بىر سۆز سۈپىتىدە ئېلىنىپ، قىسقىچە ئىزاھ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئىزاھ: لۇغەتنىڭ نامى، تۈرى، تۈزگۈچىلەر ياكى قاتناشقۇچىلار ئىسمى، نەشرىيات نامى، تۈزۈلگەن ياكى نەشر قىلىنغان ۋاقتى، خەت ۋە سۆز سانى، سۆزلەر دائىرىسى، تېكىست قىسمىنىڭ تۈزۈلۈش پرىنسىپى، ئىزاھلاش ئۇسۇلى ۋە قوشۇمچە قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. تىل لۇغىتى

تىل لۇغىتىدە سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق، گىراماتىكىلىق ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى شەرھلىنىدۇ.

تىل لۇغىتىنى ئوخشىمىغان ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ئوخشىمىغان تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، تىل لۇغىتى ئىزاھلىنىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1) ئىزاھلىق لۇغەت

بۇ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل تىل لۇغىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا سۆزلەر تىل نۇقتىسىدىن ئىزاھلىنىدۇ. ئىزاھلىق لۇغەتتە بىر سۆز بىرنەچچە خىل مەنە تۈرىگە ئايرىلىپ، ھەر خىل ژانىرلاردىكى ئەسەرلەردىن مىساللار كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە سۆزلەرنىڭ ئىنچىكە مەنىلىرى، ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرى، ئىستىلىستىكىلىق، گىراماتىكىلىق، تەلەپپۇز ۋە ئىملا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر خىل ئۇنىۋېرسال تىل لۇغىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىزاھ شەكىللىرى قوللىنىلىدۇ:

(1) سۆز بىلەن سۆزنى ئىزاھلاش. بۇنىڭدا بىر سۆز ئۇنىڭ تەڭدىشى ئارقىلىق ئىزاھلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئاب ـ سۇ.

(2) سۆز مەنىلىرىنى تەسۋىرلەش. بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئىزاھلاشتا دەل كەلگۈدەك سۆز تېپىلمايدۇ. شۇڭا، سۆز مەنىلىرىنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

قورغان ــ دۈشمەن ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستىھكام ۋە سېپىللار بىلەن مۇستەھكەملەنگەن جاي، قەلئە.

(3) ئېنىقلىما بېرىش. سۆز مەنىلىرىنى تەسۋىرلەشتە مۇھىمى كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىش ئاساس قىلىنغان بولغاچقا، ئۇقۇمنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ئېچىپ بېرەلمىشى ناتايىن. شۇڭا، ئۇ پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى ئىزاھلاشقا ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدا كۆپ ھاللاردا ئېنىقلىما بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

دوختۇر (تب) ــ تېببىي بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ھەمدە كېسەل داۋالاشنى كەسىپ قىلغان كىشى.

2) مىسال بىلەن ئىزاھلانغان لۇغەت

مىسال بىلەن ئىزاھلانغان لۇغەتتە كۆپ مىقداردىكى مىساللار تۈرلەر بويىچە بېرىلىپ، سۆزنىڭ ھەر خىل ئىنچىكە مەنىلىرى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. ئوقۇرمەنلەر بۇ خىل تۈرگە ئايرىپ بېرىلگەن مىساللار ئارقىلىق سۆزنىڭ مەنىلىرى ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرىنى بىر قاراپلا بىلىۋالالايدۇ.

3) رەسىم بىلەن ئىزاھلانغان لۇغەت

مەيلى تەپسىلىي ئىزاھلاش ئۇسۇلى ياكى مىسال بىلەن ئىزاھلاش ئۇسۇلى قوللىنىلسۇن، ئىشقىلىپ، بەزى سۆزلەرنى ئىزاھلاش ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ. بولۇپمۇ، بەزى ئەل ئۇچرايدىغان شەيئىلەر ۋە ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى بۆلەكلەرنى ئاسانلىقچە چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھەر خىل ئىزاھلىق لۇغەتلەردە رەسىم، شەكىل بىلەن ئىزاھلاش ئۇسۇلى قوشۇمچە قىلىنىپ، ئىزاھقا ياردەملەشتۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئۈچ توملۇق تۈركچە «ئوكيانۇس» ۋە «ھازىرقى زامان خەنزۇتىلى لۇغىتى»دە بۇ خىل ئىزاھ شەكىللىرىنى كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

4) تەرجىمە لۇغىتى

تەرجىمە لۇغىتى چەت ئەل تىلىنى ئۆگەنگۈچىلەر ۋە ئىشلەتكۈچىلەر ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغىنى ئىككى تىللىق تەرجىمە لۇغىتىدۇر. بۇنداق لۇغەتلەردە بىر چەت تىل ئانا تىلغا ياكى ئانا تىل بىرەر چەت تىلغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. بۇنداق لۇغەتلەرنى تۈزۈش ناھايىتى قىيىن. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق قىيىنچىلىق شۇ يەردىكى، بىر تىلغا خاس بولغان سۆزنى ئۇنىڭ بارلىق مەنىلىرى ۋە بۇ مەنىلەرنىڭ جۈملىدىكى ئۆزگىرىشلىرىنى ئىككىنچى بىر تىلدا تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن، لۇغەت تۈزگۈچىنىڭ ھەر ئىككى تىلنىڭ ئىنتايىن نازۇك تەرەپلىرىنى ئوبدان بىلىشى ۋە بىلىم دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بىر تىلغا خاس سۆزنىڭ بارلىق مەنىلىرىنى ئىككىنچى بىر تىلدا ئىپادىلىگەندە بىرلا سۆز بىلەن ئېلىش تەلەپنى قاندۇرالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ باشقا مەنىلىرىمۇ بار، بۇ مەنىلەرمۇ لۇغەتتە تولۇق بېرىلىشى لازىم.

ئىككى تىللىق تەرجىمە لۇغىتىنى تۈزگەندە، تەرجىمە قىلىنغۇچى تىلدىكى ھەربىر سۆزنىڭ تولۇق مەنىسىنى

بىرەلەيدىغان ئانا تىلدىكى بارلىق سۆزلەر مۇمكىنقەدەر كۆرسىتىلىشى ھەمدە بىر سۆزنىڭ ھەربىر مەنىسى ئۇچۇن گەۋدىلىك مىساللار بېرىلىشى كېرەك. ئىككى تىللىق تەرجىمە لۇغەتلىرىدە تەرجىمە قىلىنىدىغان تىلنىڭ سۆزلىرى ئاساسەن ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلىنىدۇ، شۇنىڭدەك سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى تۈرلۈك بەلگىلەر بىلەن؛ كونىرىغان سۆزلەر، ئادەت سۆزلىرى ۋە قوپال سۆزلەر ئالاھىدە بەلگە ياكى قىسقارتىلغان سۆزلەر بىلەن كۆرسىتىلىدۇ. بەزى تىللارنىڭ يېزىقى بىلەن تەلەپپۇزى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بولغاچقا، سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى تاۋۇش خاتىرىلەش بەلگىسى ئارقىلىق بېرىلىدۇ. مەسىلەن، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» ۋە «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»لەر مۇشۇ ئۇسۇلدا تۈزۈلگەن.

تەرجىمە لۇغىتىنىڭ يەنە كۆپ تىللىق تەرجىمە لۇغىتى دېگەن تۈرىمۇ بار. بۇنداق لۇغەتلەر بىر تىلدىكى سۆزلەرنى باشقا تىلدىكى سۆزلەرگە سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئاساسلىق كەمچىلىكى شۇكى، بۇ لۇغەتلەردە سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىككىنچى بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنى بېرىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق لۇغەتلەرنى تۈزۈشمۇ ناھايىتى تەس. شۇڭا، ئۇنى تۈزگۈچىلەر بىرنەچچە خىل تىلنى تازا ئوبدان بىلىشى لازىم.

ئىككىنچى، سۆزلەرنىڭ تاللىنىش دائىرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تىل لۇغىتى يەنە تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1) ئېتىمولوگىيەلىك لۇغەت

ئېتىمولوگىيەلىك لۇغەتتە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق،

www.uyghurkitap.com

سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى، شۇنىڭدەك ئەڭ دەسلەپكى شەكلى ۋە مەنىسى ئېنىقلىنىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۆزگىرىشلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئېتىمولوگىيەلىك لۇغەت تۈزۈشنى لېكسىكا تەتقىقاتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى دېيىشكە بولىدۇ.

2) دىيالېكت لۇغىتى

دىيالېكت لۇغىتىدە دىيالېكت سۆزلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە مەنىسى ئىزاھلىنىدۇ. سۆز ئېلىش دائىرىسىدە مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال بار: بىرىدە، تىلدىكى ھەر خىل دىيالېكت سۆزلىرى ئېلىنىدۇ؛ يەنە بىرىدە، پەقەت مەلۇم دىيالېكت سۆزلىرىلا ئېلىنىپ، بىر لۇغەت قىلىپ تۈزۈلىدۇ. دىيالېكت لۇغىتىنىڭ بەزىلىرىدە بىر رايوندىكى دىيالېكت سۆزلىرى ئېلىنىشتىن سىرت، يەنە شۇ دىيالېكتنىڭ لۇغەت تەركىبى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممىگە ئورتاق سۆزلەرمۇ ئېلىنىدۇ؛ بەزىلىرىدە بولسا، پەقەت دىيالېكت سۆزلىرى ياكى شېۋە خاراكتېرلىك سۆزلەرلا ئېلىنىدۇ. بۇنداق لۇغەتلەردىكى ئىزاھ يەنە ئورتاق تىلنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدىكى ئىزاھتىن پەرقلىق بولىدۇ، يەنى ئورتاق تىلنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدە پەقەت ئۆلچەملىك تىلغا قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرلا ئېلىنىدۇ، كۆپ مىقداردىكى دىيالېكت سۆزلىرىنى ئىزاھلاش دىيالېكت لۇغىتىنىڭ ۋەزىپىسى.

3) ئىجتىمائىي ئادەت سۆزلىرى لۇغىتى

دىيالېكت تىلنىڭ يەرلىك ۋارىيانتى بولسا، ئىجتىمائىي ئادەت سۆزلىرى تىلنىڭ ئىجتىمائىي ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ. ھەربىر تىل كوللېكتىپىدا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ياكى باشقا شەرت ـ شارائىتلار بويىچە بىرلەشكەن كىشىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قوللىنىدىغان ئىجتىمائىي ئادەت سۆزلىرى بولىدۇ. بۇ

سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئالاھىدە سۆز ۋە ئادەت سۆزلىرى بولۇپ، ئۇلاردا فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىك ناھايىتى كەم كۆرۈلىدۇ. ئىجتىمائىي ئادەت سۆزلىرى يەنە كەسپىي سۆزلەر، «سىنىپىي» سۆزلەر، يوشۇرۇن مەنىلىك سۆزلەر ۋە گۇرۇھ سۆزلىرى قاتارلىق بىرنەچچە تۈرلۈك بولىدۇ. كەسپىي سۆزلەر بەلگىلىك كەسىپتە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن مەخسۇس ئاتالغۇلارنى؛ «سىنىپىي»سۆزلەر يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئىشلىتىدىغان ئالاھىدە سۆزلەرنى؛ يوشۇرۇن مەنىلىك سۆزلەر جەمئىيەتتىكى بەزى گۇرۇھلار ئىشلىتىدىغان قارا سۆزلەرنى؛ گۇرۇھ سۆزلىرى مەكتەپ، ئارمىيە قاتارلىق تەشكىلاتلار ئىشلىتىدىغان ئادەت سۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار ئىچىدىكى كەسپىي سۆزلەر ساغلام سۆز تەركىبى بولۇپ، پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بېيىيدۇ ھەتتا ئۆلچەملىك تىل تەركىبىگە كىرىپ كېتىشى مۇمكىن.

يۇقىرىقىدەك سۆزلەر توپلىنىپ تۈزۈلگەن لۇغەت ئىجتىمائىي ئادەت سۆزلىرى لۇغىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق لۇغەتنى تۈزۈشتىكى قىيىنچىلىق شۇ يەردىكى، ئىجتىمائىي ئادەت سۆزلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئومۇمىي خەلق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان بولۇپ، ئۇ پەقەت مەلۇم ئىجتىمائىي گۇرۇھ ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، «يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىش»، «ئاق (خىروئېن)» دېگەندەك ئوخشاش سۆزلەر كەڭ تارقىلىپ ئومۇملىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن يەنىلا كۆپلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق لۇغەتلەرنى ئىشلەشتىكى مەقسەت، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئادەت سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

4) چەتتىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى

پەن - تېخنىكا ئۇچقانىدەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، چەتتىن كىرگەن سۆزلەر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. شۇڭا، چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە كېلىش مەنبەسىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن چەتتىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتىنى تۈزۈش ئېھتىياجى تۇغۇلغان.

چەتتىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتىدە، ئاساسلىقى ھەربىر سۆز ۋە ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى بۆلەكلەرنىڭ قايسى تىلدىن كىرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ مەنىسى قىسقىچە ئىزاھلىنىدۇ.

5) قەدىمكى سۆزلەر لۇغىتى

قەدىمكى سۆزلەر لۇغىتىدە قەدىمكى سۆزلا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى، مەنىسى ۋە ئىستېمالىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئىزاھلاپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈلگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» ئۇنىڭ ئاددىي شەكلىدۇر. بۇنداق لۇغەتلەر قەدىمكى تىلنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە.

6) يېڭى سۆزلەر لۇغىتى

يېڭى سۆزلەر لۇغىتىگە يېڭى سۆزلەر، كونا سۆزلەرنىڭ يېڭى مەنىلىرى، يېڭى قوشۇمچىلار ۋە كونا قوشۇمچىلارنىڭ يېڭى مەنىلىرى ئېلىنىدۇ. تىلدا يېڭى ئۇقۇملارنى يېڭى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن باشقا، يەنە كونا سۆزگە يېڭى مەنە يۈكلەشمۇ يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشتىكى بىر خىل ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ.

ئۇلاردىن باشقا، مەنىداش سۆزلەر لۇغىتى، قارشى مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتى، ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتى، ئىدىيوملار لۇغىتى دېگەندەك لۇغەتلەرمۇ مۇشۇ تۈردىكى لۇغەتلەرگە كىرىدۇ.

ئۈچىنچى، تىل لۇغىتى سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن

تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1) گىراماتىكا لۇغىتى (ياردەمچى سۆزلەر لۇغىتى)

بۇ خىل لۇغەتكە ياردەمچى سۆزلەر ۋە ھەرخىل قوشۇمچىلار ئېلىنىپ مەنىسى ئىزاھلىنىدۇ ھەمدە سۆزلەرنىڭ شەكىل ئۆزگىرىشى ۋە ماسلىشىش ئىقتىدارى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، چەت تىل ئوقۇتۇشى ۋە گىراماتىكا تەتقىقاتى بۇنداق لۇغەتكە بەكمۇ ئېھتىياجلىق.

2) سۆزلەرنىڭ ماسلىشىش لۇغىتى

بۇ خىل لۇغەتتە سۆزلەرنىڭ ماسلىشىش مۇناسىۋىتى، گىراماتىكىلىق ماسلىشىش مۇناسىۋىتى ۋە مەنە جەھەتتىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى (ئىقتىدارى) تولۇق ئىزاھلىنىدۇ. سۆزلەر گىراماتىكا جەھەتتە ماسلىشىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولۇشتىن سىرت، يەنە لېكسىكا جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ھەرقانداق سۆز خالىغانچە ماسلىشىۋەرمەيدۇ. ئوخشاش بىر سۆزنىڭ ئوخشىمىغان مەنىلىرىدىمۇ ماسلىشىش جەھەتتە مەلۇم پەرقلەر بار، بەزىلىرى بىرقەدەر ئەركىن بولسا، يەنە بەزىلىرى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. سۆز مەنىلىرى چەكلىمىگە ئۇچرىغانىكەن، مۇقەررەر ھالدا مەلۇم ماسلىشىشچانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. سۆزلەرنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى تىل ئەمەلىيىتىدە بەزى قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ دەسلەپ چەت تىلى ئۆگەنگۈچىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. ئەگەر ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىنمىسا، تىلدا مەنە قالايمىقانچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، مۇشۇ ئېھتىياج تۈپەيلى بۇ خىل لۇغەتلەر مەيدانغا كەلگەن.

3) سېمانتىكا لۇغىتى

بۇ خىل لۇغەتتە سۆزلەرنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مۇناسىۋىتى ئىزاھلاپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شەكلى مەنىداش سۆزلەر لۇغىتى ۋە قارشى مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتىدۇر.

4) ئىستىلىستىكا لۇغىتى

تىلدا بەزى مەنىداش ۋاستىلەر، يەنى مەنىداش سۆزلەر بىلەن مەنىداش گىراماتىكىلىق ۋاستىلەر تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. لېكسىكا ۋە گىراماتىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مەنىداش ۋاستىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ۋارىيانتلىرى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كېلىسىمۇ، مەلۇم ۋارىيانتى ھامان مۇئەييەن تىل مۇھىتىغا ماسلاشقان ھەمدە يەنە باشقا بىر ۋارىيانتى باشقا بىر تىل مۇھىتىغا ماسلاشقان بولىدۇ. مانا بۇ ئىستىلىستىكىلىق مەنىداش سۆز ۋە ئىستىلىستىكىلىق گىراماتىكىنىڭ ۋارىيانتلىرىدۇر. ئىستىلىستىكىلىق مەنىداش سۆزلەر ئادەتتە مەنىداش سۆزلەر لۇغىتىدە ئىزاھلىنىدۇ؛ گىراماتىكىلىق ۋارىيانتلىرى ئۇچۇن بولسا، ئايرىم ھالدا ئىستىلىستىكا لۇغەتلىرىنى تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق لۇغەتتە گىراماتىكىلىق ۋارىيانتلىرى نۇقتىلىق ئانالىز قىلىنىپ، ئۇنىڭغا مەلۇم ئىستىلىستىكىلىق بەلگىلەر قوشۇمچە قىلىنىدۇ ھەمدە ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر شەرھلىنىدۇ.

5) قىسقارتىلغان سۆزلەر لۇغىتى

بۇنداق لۇغەتلەردە: (1) قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلىشتىن بۇرۇنقى تولۇق نامى بېرىلىدۇ؛ (2) زۆرۈر بولغان لېكسىكىلىق مەنىلىرى ئىزاھلىنىدۇ؛ (3) قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق، گىراماتىكىلىق ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنىدۇ.

6) تۇراقلىق بىرىكمىلەر لۇغىتى

تۇراقلىق بىرىكمىلەر لۇغىتىدە بولسا، مەخسۇس تۇراقلىق بىرىكمىلەر توپلىنىپ ئىزاھلىنىدۇ. بۇنداق لۇغەتلەردە ئىمكان

بار تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ شۇنداقلا پۈتۈن بىر گەۋدىسىنىڭ مەنىسى ئىزاھلىنىدۇ، ئالاھىدە تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشى ئەسكەرتىلىدۇ.

7) ئىملا لۇغىتى

بۇنىڭدا كونكرېت تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر توپلىنىپ، شۇ تىلنىڭ ئىملا قائىدىسىگە ئاساسەن، سۆزلەرنىڭ توغرا يېزىلىشى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ، يەنى سۆزلەرنىڭ توغرا يېزىلغان شەكلى مەلۇم تەرتىپتە تىزىلىدۇ، ئۇنىڭغا باشقا ئىزاھ بېرىلمەيدۇ. مەسىلەن، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»گە ئوخشاش.

8) تەلەپپۇز لۇغىتى

تەلەپپۇز لۇغىتىنىڭ تۈزۈلۈش ئۇسۇلى ئىملا لۇغىتىنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا ئىملا بويىچە يېزىلغان سۆزلەر يېنىغا ئۇنىڭ ئومۇملاشقان تەلەپپۇزى ئورتاق تاۋۇش بەلگىسى ئارقىلىق قوشۇمچە قىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى خىل لۇغەتنى ئايرىم – ئايرىم ئىككى لۇغەت قىلىپ تۈزسىمۇ ياكى بىرىكتۈرۈپ بىر لۇغەت شەكلىدە تۈزسىمۇ بولىدۇ. بۇنداق لۇغەتلەر ئورتاق تىلنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىملا، تەلەپپۇزنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، شۇنىڭدەك ئورتاق تىلنى مەدەنىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

تۆتىنچى، تىل لۇغىتى سۆزلەرنىڭ ئالاھىدە مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

بەزى سۆزلەر ئالاھىدە مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدە مەزمۇنغا ئاساسەن، لۇغەتلەرنى يەنە يازغۇچىلار لۇغىتى، يازما يادىكارلىقلار لۇغىتى ۋە خاس سۆزلەر

لۇغىتى دېگەندەك بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) يازغۇچىلار لۇغىتى

دۇنيادىكى كىلاسسىك يازغۇچىلار، داڭلىق ئەدىبلەر ۋە تىلشۇناسلار سۆز ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە بۇ جەھەتتە يېڭىلىقمۇ ياراتقان. ئۇلار تەرىپىدىن يارىتىلغان يېڭىلىق، سۆزگە بېرىلگەن ئالاھىدە تۈس ۋە ئالاھىدە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ئۇلارنىڭ بەلگىلىك ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا، يازغۇچىلارنىڭ مول سۆز بايلىقىنى نامايان قىلىش ھەمدە بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن، يېڭى بىر لۇغەت شەكلى ــ يازغۇچىلار لۇغىتىنى يارىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان.

بۇنىڭ مۇنداق ئىككى خىل تۈزۈش ئۇسۇلى بار: بىرىدە، يازغۇچى ئۆز ئالدىغا ياراتقان يېڭى سۆزلەر، يېڭى مەنىلەر، يېڭىچە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى، يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان ئالاھىدە سۆز ـ ئاتالغۇلار تاللىنىپ ئىزاھلىنىدۇ، ئادەتتىكى سۆزلەر ئېلىنمايدۇ؛ يەنە بىرىدە، يازغۇچى ئىشلەتكەن بارلىق سۆزلەر ئېلىنىپ ئىزاھلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا بۇ يازغۇچىنىڭ ئۆز ئەسىرىدىن مىسال كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، ئۆزبېكىستاندا تۈزۈلگەن «نەۋايى ئەسەرلىرى ئىزاھلىق لۇغىتى» بۇنىڭ ئۆلگىسىدۇر.

2) يازما يادىكارلىقلار لۇغىتى

نۇرغۇن مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىمۇ مول قەدىمي يازما يادىكارلىقلارغا ئىگە. قەدىمكى يازما يادىكارلىقلارنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، يازما يادىكارلىقلار لۇغىتى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق لۇغەتنىڭ يەنە قەدىمكى يازما يادىكارلىقلارنى ئوقۇپ چۈشىنىشكە ۋە مەلۇم شەيئىگە ئائىت

ھەر خىل تارىخىي ماتېرىياللانى تەتقىق قىلىشقا زور ياردىمى بار.

3) خاس سۆزلەر لۇغىتى

بۇ بىر خىل يېڭى تىپتىكى لۇغەت بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سۆزلىرى تاللىۋېلىنىپ ئىزاھلىنىدۇ. بۇنداق لۇغەتلەر باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ شۇ مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن تونۇشۇشىغا بەلگىلىك قولايلىقلارنى يارىتىپ بېرىدۇ.

بەشىنچى، تىل لۇغىتى ئىزاھلىق ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئاساسەن ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

لۇغەتلەر ئىزاھىنىڭ ۋاقىت چەكلىمىلىكىگە ئاساسەن تەسۋىرىي لۇغەت ۋە تارىخىي لۇغەت دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇ ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تىلنىڭ تەسۋىرىي تەتقىقات ۋە تارىخىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. تىلنىڭ تەسۋىرىي تەتقىقاتى دېگىنىمىز، تىلنىڭ فونېتىكىسى، لېكسىكىسى ۋە گىرامماتىكىسىنىڭ تىل تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىكى ھالىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەتقىقاتتا تىلنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىرامماتىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆلچىمى بېكىتىلىپ، تىلنىڭ قۇرۇلما سىستېمىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلىدۇ. تىلنىڭ تارىخىي تەتقىقاتى دېگىنىمىز، فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىرامماتىكىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلاردىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا، تىلنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان تەرەققىياتى ئايدىڭلاشتۇرۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

1) تەسۋىرىي لۇغەت

ھازىرقى زامان تىللىرىنىڭ تەسۋىرىي لۇغىتى ھازىرقى زامان تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىنى ئوبيېكت قىلغان بولۇپ، ھازىرقى زامان تىلىنىڭ تىل تاۋۇشى، سۆز مەنىسى، گىراماتىكىسى ۋە ئىستىلىستىكىسى قاتارلىق تەرەپلىرىدىكى ئۆلچىمىنى تەسۋىرلەيدۇ ۋە ئىزاھلايدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئۆلچەملىك لۇغەت دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئۇ يالغۇز ھازىرقى زامان سۆزلىرىنى ئىزاھلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئۆلچىمىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆلچەملىك لۇغەت تەركىبىنى ئوبيېكت قىلغان ئوتتۇرا تىپتىكى تەسۋىرىي لۇغەتتۇر. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇمچى شىۋىسىنىڭ تەلەپپۇزىنى ئۆزىگە يېتەكچى تەلەپپۇز قىلغان، مەركىزىي دىيالېكتنى يېتەكچى دىيالېكت قىلغان ئۆلچەملىك تىلى — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ سۆزلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن بولۇپ، سۆز ئېلىش، سۆزنىڭ شەكلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىزاھلاش ۋە مىسال كەلتۈرۈش جەھەتلەردە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، سېمانتىكا، گىراماتىكا ۋە ئىستىلىستىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆلچىمىنى ئەكس ئەتكۈزگەن.

2) تارىخىي لۇغەت

بۇنداق لۇغەتكە ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى كونىرىغان، ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەر ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە بۇ مەنىلەرنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى ئىزاھلاپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئوقۇرمەننى تارىخىي سۆزلەرنىڭ مەنىسى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە سۆز مەنىلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنداق لۇغەتتە سۆز ۋە مەنىلەر پەيدا بولغان ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىگە قاراپ

تىزىلىپ، ھازىرقى تىل بىلەن ئىزاھلىنىدۇ، يەنى تۈزۈلۈش ئۇسۇلى جەھەتتىن يازما يادىكارلىقلار لۇغىتى ۋە قەدىمكى سۆزلەر لۇغىتىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئەمما سۆز ئېلىش دائىرىسى ئۇلاردىن كەڭرەك بولىدۇ. بۇنداق لۇغەتنى تۈزۈش تىل تارىخى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئالتىنچى، تىل لۇغىتى سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىش ئەھۋالىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1) سۆزلەرنى ئەمەلىي قوللىنىش لۇغىتى

بۇنداق لۇغەتلەرگە تىلدىكى بارلىق سۆزلەر ئېلىنىپ ۋە ئىشلىتىش جەھەتتە نۇقتىلىق بىر تەرەپ قىلىنىپ، قانداق قوللانغاندا توغرا، قانداق قوللانغاندا خاتا بولىدىغانلىقى، يەنى قانداق ئورۇندا ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقى، قانداق ئورۇندا ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقى ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا بىر خىل تىلدىكى سۆزلەرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئەكس ئەتكۈزۈلىدۇ، لېكىن ئۇ تىلنىڭ ئۆلچەملىگە ۋەكىللىك قىلالىشى ناتايىن. بەزىلىرىدە بولسا سۆزلەرنىڭ ئىستاتىستىكىلىق ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىش چاستوتىسىدىن مەلۇمات بېرىلىدۇ.

2) قىيىن نۇقتىلار لۇغىتى

تىلدا ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلىگەندە، بىز ھەمىشە بەزى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىمىز. بەزىدە قايسى خىل ئىپادىلەش شەكلىنىڭ شۇ كونكرېت تىل مۇھىتىغا ماس كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمىسەك، بەزىدە سۆزلەرنىڭ بىرلىك مۇناسىۋىتى، ماسلىشىش مۇناسىۋىتى ۋە بۇ مۇناسىۋەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى قاتارلىق ئۆزگىچە گىرامماتىكىلىق بەلگىلىرىنى ئەسلىيەلمەي قالىمىز. شۇڭا، بۇ خىل قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قىيىن نۇقتىلار لۇغىتىنى تۈزۈپ چىقىشقا

توغرا كېلىدۇ. بۇنداق لۇغەتكە ئادەتتە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر تاللىنىۋېلىنىپ، قوللىنىشتا ئاسان خاتالىشىدىغان مەنىلەر ئىزاھلاپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق دەلىللىنىدۇ. ئۇنىڭغا ھەممە سۆزلەرنى ئېلىشنىڭ ياكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ئىزاھلاشنىڭ ھاجىتى يوق.

3) ئوقۇتۇش لۇغىتى

بۇ خىل لۇغەت تىل ئوقۇتۇشى ئېھتىياجى ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. ئۇ ئادەتتىكى تىل لۇغىتىگە ئوخشىمايدۇ. سۆز ئېلىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا پەقەت ئوقۇتۇشتا قىنىلىدىغان سۆز ۋە سۆز مەنىلىرى ئېلىنىدۇ؛ ئىزاھلاش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن ئىزاھلاش بىلەن تەرجىمىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى چۈشەندۈرۈلىدۇ ھەمدە سۆزلەرنىڭ فونېتىكا، گىراماتىكا، ئىستىلىستىكا ۋە ماسلىشىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئىزاھلىنىدۇ. ئىجابىي يوسۇندا ئىزاھلاشتىن باشقا، ئۇنىڭدا يەنە ئوقۇغۇچىلار دائىم سادىر قىلىدىغان خاتالىقلاردىن مىسال كەلتۈرۈپ توغرىسىنى چۈشەندۈرۈشكە ياكى ئوقۇتۇشقا كېرەكلىك مىساللارنى كەلتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى ــ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ــ ئوقۇتۇش ۋە تەقلىدىي ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئوقۇتۇش لۇغىتى، بولۇپمۇ چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش لۇغىتى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتقان بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ــ ئوقۇغۇچىلارغا بەكمۇ پايدىلىق.

يەتتىنچى، سۆزلەرنىڭ تىزىلىش تەرتىپىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تىل لۇغىتى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1) تاۋۇش تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن لۇغەت

تاۋۇشلۇق يېزىق ياكى بوغۇملۇق تىلدا تۈزۈلگەن لۇغەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە سۆزلەر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلىدۇ. مانا بۇ تاۋۇش تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن لۇغەتتۇر. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن ۋە خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تۇرلۇك سېلىشتۇرما لۇغەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

2) سۆزلەرنىڭ ئاخىرى بويىچە تۈزۈلگەن لۇغەت

بۇ خىل لۇغەتتە، سۆزلەر ئاخىرقى تاۋۇشنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلىپ ئىزاھلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە قاپىيەداش سۆزلەر لۇغىتى دېگەن بىر خىل شەكلىمۇ بار. بۇنداق لۇغەتلەرنىڭ قىممىتى سۆز ئاخىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

سەككىزىنچى، تىل لۇغىتى تاللانغان سۆزلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

لۇغەتلەر تاللىۋېلىنغان سۆزلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسەن، سۆز خەزىنىسىدىن سۆزلۈك جەدۋېلىگىچە بۆلۈنىدۇ. ھەر خىل لۇغەتكە ئېلىنغان سۆز سانى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، تۈزۈلۈش مەقسىتى ۋە ئوبيېكتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇلارغا ئاساسەن، لۇغەتنى يانچۇق لۇغىتى قىلىپ تۈزسىمۇ، كىچىك تىپتىكى قىسقىچە لۇغەت قىلىپ تۈزسىمۇ ياكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى لۇغەت قىلىپ تۈزسىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە، يانچۇق لۇغىتى 10 ~ 20 مىڭ سۆزلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىسقىچە لۇغەتكە 30 ~ 40 مىڭ سۆزلۈك كىرگۈزۈلىدۇ؛ ئوتتۇرا تىپتىكى لۇغەتكە 70 ~ 80 مىڭ سۆز؛ چوڭ تىپتىكى لۇغەتكە 100 مىڭدىن ئوشۇق سۆز كىرگۈزۈلىدۇ، ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن چوڭ تىپتىكى

www.uyghurkitap.com

لۇغەتلەر ئەڭ كۆپ بولغاندا 300 ~ 400 مىڭ سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئايرىم سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، تۆۋەندە پەقەت سۆز خەزىنىسى بىلەن سۆزلۈك جەدۋىلىنىلا تونۇشتۇرىمىز.

1) سۆز خەزىنىسى

سۆز خەزىنىسى تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىلا (بىرەر قېتىم يولۇققان بولسىمۇ) پۈتۈنلەي ئالالايدۇ. سۆز خەزىنىسىگە يەنە شۇ سۆزلەر ئۇچرىغان ئەسەرلەردىكى مىساللارمۇ كىرگۈزۈلىدۇ.

سۆز خەزىنىسىنى ئىشلەش تىلشۇناسلىق نەزەرىيەۋى تەتقىقاتىدىكى زور ئەھمىيەتلىك ئىش. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى مول ماتېرىياللاردىن سۆزلەرنىڭ ياسىلىش جەريانىنى كۆرۈۋالغىلى، تىل ئۆلچىمى ۋە سۆز ياساشنىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى كۆزەتكىلى بولىدۇ.

2) سۆزلۈك جەدۋىلى

سۆزلۈك جەدۋىلى سۆز خەزىنىسىنىڭ ئەكسىچە مەلۇم دائىرىدىكى سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىل ئوقۇتۇشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن تۆۋەن دەرىجىدىكى سۆزلۈكمۇ مۇشۇ خىل تۈرگە كىرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل كەسىپ بويىچە تۈزۈلگەن قوش تىللىق ياكى كۆپ تىللىق سېلىشتۇرما لۇغەتلەرمۇ بۇنىڭغا تەۋە. بۇ خىل سېلىشتۇرما لۇغەتلەرنىڭ سۆز ئېلىش دائىرىسى ئالاقىدار كەسىپلەر بىلەن، ئىزاھى بولسا تەرجىمە قىلىنغان ئاتالغۇلارنى سېلىشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۇنىڭغا باشقا ئىزاھ بېرىلمەيدۇ.

توققۇزىنچى، تىل لۇغىتى قانچە خىل تىلدىن تۈزۈلگەنلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1) بىر تىللىق لۇغەت

پەقەت بىرلا تىل ئاساسىدا تۈزۈلگەن لۇغەتلەر بىر تىللىق لۇغەت ھېسابلىنىدۇ.

2) ئىككى تىللىق لۇغەت (قوش تىللىق لۇغەت)

پەقەت ئىككىلا تىل ئاساسىدا تۈزۈلگەن لۇغەتلەر ئىككى تىللىق لۇغەت ياكى قوش تىللىق لۇغەت دەپ ئاتىلىدۇ.

3) كۆپ تىللىق لۇغەت

ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تىل ئاساسىدا تۈزۈلگەن لۇغەتلەر كۆپ تىللىق لۇغەت ھېسابلىنىدۇ.

ئۈنىنچى، ئالاھىدە خىلدىكى لۇغەتلەر

لۇغەتنىڭ يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان تۈرلىرىدىن باشقا، يەنە سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى لۇغىتى، بەلگىلەر لۇغىتى ۋە ماشىنا لۇغىتى قاتارلىق تۈرلىرىمۇ بار.

1) سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى لۇغىتى

بۇ بىر خىل يېڭى تىپتىكى لۇغەت بولۇپ، سۆزلەرنىڭ تىلدىكى ئىشلىتىلىش قېتىم سانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا، سۆزلەر ئىشلىتىلىش چاستوتىسى بويىچە تىزىلىپ، ھەربىر سۆزنىڭ ئاخىرىغا ئۇنىڭ ھەربىر شەكىللىرىنىڭ ئىشلىتىلىش قېتىم سانى قوشۇمچە قىلىنىدۇ. بۇ خىل لۇغەتنى تۈزۈش سۆز ۋە گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلەرنىڭ تىلدا ئوينايدىغان رولىنى بىلىۋېلىشىمىزغا قولايلىق يارىتىشتىن سىرت، يەنە مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاش جەھەتتىمۇ بىزنى ئىشەنچلىك ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2) بەلگىلەر لۇغىتى

بۇمۇ بىر خىل يېڭى تىپتىكى لۇغەت. ئۇنىڭدا ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ شەرتلىك بەلگىلىرى مەلۇم تەرتىپتە تىزىلىپ ئىزاھ بېرىلىدۇ. بۇنداق لۇغەتلەر كەسىپلەر بويىچە ئەھمىيەتلىك.

3) ماشىنا لۇغىتى

هازىرقى زامان قۇرۇلما تىلشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ماشىنا لۇغىتىنى تۈزۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى، يەنى ماشىنا تەرجىمە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، سۆزلەرنىڭ تەڭداشلىق مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ماشىنا لۇغىتىنى تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ماشىنا تەرجىمىسى جەريانى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى باسقۇچ ئەسلىي تېكىستنى ئانالىز قىلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇنىڭدا كىرگەن تىلدىكى ئۇچۇرلار كودلاشتۇرۇلىدۇ؛ ئىككىنچى باسقۇچ ئۇچۇر ئۆزگەرتىش باسقۇچى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر خىل كود يەنە بىر خىل كودنىڭ ئورنىنى باسىدۇ؛ ئۈچىنچى باسقۇچ تەرجىمىنىڭ ئۇنىۋېرسال باسقۇچى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزگەرتىلگەن ئۇچۇرلار چىقىدىغان تىلغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر خىل تىلنىڭ سۆزلىرى باشقا بىر خىل تىلنىڭ تەڭداش سۆزلىرىگە تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئەسلىي تېكىستنى ئانالىز قىلىش ۋە تەرجىمە ئۇنىۋېرسال باسقۇچىنىڭ ھەممىسىدە ماشىنا لۇغىتى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مۇۋاپىق بولغان تەڭداش تەرجىمە تېكىستى، گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىك ۋە ئالاقىدار ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ماشىنا تەرجىمىسى داۋامىدىكى ماشىنا لۇغىتى يەنە ئەسلىي تېكىست لۇغىتى بىلەن تەرجىمە تېكىستى لۇغىتىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئەسلىي تېكىست لۇغىتى ئەسلىي تېكىستنىڭ مەنىسى، گىراماتىكىلىق ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىك ھەمدە تەرجىمە سۆزنىڭ نومۇرى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ تەرجىمە تېكىستى لۇغىتى تەرجىمە سۆزى بىلەن ئالاقىدار بەلگىلەرنى تەمىنلەيدۇ.

ئەسلىي تېكىست ماشىنىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئالدى

بىلەن ماشىنا لۇغىتىدىن سۆز ئىزدەيدۇ. ماشىنا لۇغىتى يەنە بىر مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتى، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتى ۋە تۇراقلىق بىرىكمىلەر لۇغىتىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. شۇڭا، سۆز ئالدى بىلەن بىر مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتىگە كىرىدۇ، ئەگەر سۆز بىر مەنىلىك بولسا، ماشىنا لۇغىتى سۆزنىڭ مەنىسى، گىراماتىكىلىق بەلگىلىرى ۋە باشقا ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ تەڭداش سۆزگە دەرھال تەرجىمە قىلالمىسا، «كۆپ مەنىلىك» دېگەن بەلگىنى بېرىپ، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتىدىن ئىزدەشكە باشلايدۇ. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ماشىنا لۇغىتى مۇنداق ئىككى ئاساسىي پرىنسىپ بويىچە تۈزۈلىدۇ: بىرى، كونتېكىستنى تەھلىل قىلىش؛ يەنە بىرى، شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بېكىتىش. شۇڭا، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتىدىن سۆز تېپىشتا، ئالدى بىلەن كونتېكىستنى تەھلىل قىلىشنى ئويلىشىش كېرەك. كونتېكىستنى تەھلىل قىلمىغاندا، تەڭداش سۆزنى دەرھال تاپقىلى بولمايدۇ. ماشىنا كۆپ مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتىدە سۆزنىڭ مەنىسىنى بېكىتەلمىسە، تۇراقلىق بىرىكمىلەر لۇغىتىدىن ئىزدەيدۇ. تۇراقلىق بىرىكمىلەر لۇغىتى بىر پۈتۈن تۇراقلىق بىرىكمىنى بىر لېكسىكا بىرلىكى دەپ قاراپ قوبۇل قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىغا قارىتا تەھلىل يۈرگۈزمەيدۇ.

ماشىنا تەرجىمىسىدىكى ماشىنا لۇغىتى پەقەت تەرجىمە تېكىستىنىڭ تەڭدىشىنىلا تەمىنلەيدۇ، ئەسلىي تېكىستنىڭ ھەممە مەنىسى ۋە مەزمۇنىنى ئىزاھلىمايدۇ. چۈنكى، سۆزلەرنىڭ تەمىنلىنىشى ھەمىشە تەرجىمە دائىرىسى، تەلىپى ۋە ئالاھىدە كونتېكىستنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

ھازىرقى بەزى ماشىنا لۇغەتلىرىنى يەنە بىۋاسىتە سۆز تېپىشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەردە خېلى

www.uyghurkitap.com

بۇرۇنلا كومپيۇتېر ئارقىلىق چوڭ تىپتىكى ماشىنا لۇغەتلىرى ئىشلەنگەن. ھازىرقى تەرەققىيات بىزنىمۇ بۇ خىل لۇغەتنى ئىشلەشكە مەجبۇرلاۋاتىدۇ. چۈنكى، بۇنداق لۇغەتنى تۈزۈش ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىدۇر.

ئون بىرىنچى، تىل ۋە بىلىم ئۇنىۋېرسال لۇغىتى

بۇ ئادەتتىكى سۆز بىلەن ئاتالغۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ تىپتىكى ئىزاھلىق لۇغەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەتتىكى سۆزلەر تىل نۇقتىسىدىن، ئاتالغۇلار بىلىم نۇقتىسىدىن ئىزاھلىنىدۇ. بەزىدە بىلىم نۇقتىسىدىن ئىزاھلىنىدىغان بىر قىسىم سۆزلەرنى فونېتىكا، گرامماتىكا، ئىستىلىستىكا ۋە ئىملا قاتارلىق جەھەتلەردىكى تىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تىل نۇقتىسىدىن ئىزاھلاشقا؛ تىل نۇقتىسىدىن ئىزاھلاشقا تېگىشلىك بىر قىسىم سۆزلەرنى، بولۇپمۇ مەخسۇس ئاتالغۇلارنى بىلىم نۇقتىسىدىن ئىزاھلاشقا توغرا كەلگەندە، بۇ ئىككى خىل ئىزاھ شەكلىنى كىرىشتۈرۈپ قوللىنىشقا بولىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار، بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى دەسسىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزدە تۈزۈلگەن خەنزۇچە «سۆز دېڭىزى» بىلەن تۈركچە «ئوكيانۇس» دەل مۇشۇ خىلدىكى لۇغەتلەردۇر.

## §6 . ئۇيغۇرلاردا لۇغەتچىلىك

ئۇيغۇرلارنىڭ لۇغەتچىلىكى 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. بۇنىڭغا خاقانىيە دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس، دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ پىرى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» تىپىك مىسال بولالايدۇ. بۇ لۇغەت مىلادىيە 1075 - يىلى تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا 300 گە

يېقىن ماقال ـ تەمسىل، 242 كۇپلېت شېئىرىي پارچە كىرگۈزۈلگەن. 8000 غا يېقىن سۆزلەم ئىزاھلانغان. مەزكۇر لۇغەت تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تىلىنى، قەدىمكى تارىخىنى، جۇغراپىيەسىنى ئۆگىنىش شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىن تارتىپ تاكى يېزا ئىگىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دورىگەرلىك، مېتالچىلىق، بىناكارلىق، ھەربىي ئىشلار تېخنىكىسى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتتى قاتارلىقلارغىچە بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشلىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا تەڭداشسىز ئەسەر بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭدىن قالسا، چاغاتاي خانلىقى زامانىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق تىلشۇناس جەمال قارشىنىڭ مىلادىيە 1282 ـ يىلى تۈزگەن «سۇراھ لۇغىتى»مۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك لۇغەتچىلىكىدىكى مۇھىم ئەمگەكلەردىن سانىلىدۇ.

14 ـ ئەسىردە تۈزۈلگەن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» تۇرپان، قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېخى ئومۇميۈزلۈك مۇسۇلمان بولمىغان ئاشۇ زامانلاردا ئىشلەتكەن سۆز ـ ئىبارىلىرىنى ئەينەن خاتىرىلىگەن مۇھىم لۇغەت ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن كىتابتىكى سۆز ـ ئىبارىلەر مەزمۇنىغا قاراپ، «ئاسمان قىسمى، يەر قىسمى، ۋاقىت قىسمى، جاندارلار قىسمى، كىشىلەر قىسمى، ئوردا قىسمى ... » دېگەندەك 17 قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرچە سۆزلەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، 716 سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى ئىزاھلانغان. بۇ لۇغەت 14 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنى، خۇسۇسەن ئەينى زاماندىكى تۇرپان ۋە قومۇل شېۋىسىنى تەتقىق قىلىشتا تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە لۇغەتتۇر.

15 ـ ئەسىردە، يەنى 1438 ـ يىلى تالىي ئىمانى (بەزى

www.uyghurkitap.com

مەنبەلەردە تالى ھىراتى دەپمۇ ئۇچرايدۇ) تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «بەدەئىئۇل لۇغەت» (تىلنىڭ بەدىئىيلىكى) ناملىق بىر لۇغەت دۇنياغا كەلگەن. بۇ لۇغەت چاغاتاي تىلى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، لۇغەتتە ئەلىشىر نەۋايى شېئىرلىرىدىكى سۆزلەرگە ئىزاھات بېرىلگەن.

16 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا نامەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن «ئابۇشقە» ناملىق «چاغاتايچە ـ تۈركچە لۇغەت» تۈزۈلگەن.

17 ـ ئەسىردە «لەتائىفۇل لۇغەت» (تىللاردىكى گۈزەللىكلەر) ناملىق لۇغەت مەيدانغا كەلگەن. پارسچە سۆزلەرنى تۈركىي تىل بويىچە ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگەن بۇ لۇغەتنىڭ ئاپتورى نامەلۇم. ھەجمى 552 بەتلىك بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 1695 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۆز زامانىسىدىكى ئەردەۋىل (بۇگۈنكى ئاقسۇ)دە تۈزۈلگەن.

18 ـ ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» ئۇيغۇر تىلى تارىخى ۋە لۇغەتچىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان نادىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ لۇغەت 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بېيجىڭدا تۈزۈلگەن. لۇغەتنىڭ قول يازمىسى ئالتە جىلد، 36 دەپتەر، جەمئىي 4973 بەتلىك بولۇپ، 18 مىڭ 600 سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە ماقالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ مانجۇ، زاڭزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرى بويىچە ئىشلەنگەن سېلىشتۇرما لۇغەت بولۇپ، مانجۇ تىلى قالغان تۆت تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ لۇغەت چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى، خۇسۇسەن 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆزلۈك بايلىقىنى، ئۇنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئۆزگىچىلىكلىرىنى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى سۆزلۈكىگە نىسبەتەن ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە

پايدىلىنىشتا تېپىلغۇسىز مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرتىلى لۇغەتچىلىكى سان، سالماق جەھەتتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا يەنە بىر قەدەم تەرەققىي قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە تۈزۈلگەن لۇغەتلەرنىڭ مۇھىملىرى دەپ 1825 ـ يىلى فەيزۇللاخان تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ كالكۇتتا شەھىرىدە نەشر قىلىنغان «چاغاتايچە ـ پارسچە لۇغەت»، 1870 ـ يىلى پاۋست كۇرتىيلى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «چاغاتايچە ـ پارسچە لۇغەت»، 1881 ـ يىلى شەيخ سۇلەيمان بۇخارى تەرىپىدىن تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇلغان «چاغاتايچە ـ تۈركچە لۇغەت» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ لۇغەتلەردە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەينى زاماندىكى لېكسىكا بايلىقى، مورفولوگىيەلىك ئۆزگىچىلىكلىرى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن.

ئۇيغۇر تىلى لۇغەتچىلىكى 1949 ـ يىلىدىن باشلاپ، خۇسۇسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن باشلاپ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا نەشر قىلىنغان لۇغەتلەر ئومۇمەن تۆۋەندىكىچە:

«ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ رۇسچە لۇغەت»، بۇرھان شەھىدى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1953 ـ يىلى نەشر قىلغان، 12 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈك»، مىللەتلەر نەشرىياتى تۈزگەن ۋە 1956 ـ يىلى نەشر قىلغان.

«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»، (ئۈچ توم)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1957 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 16 فورمات، جەمئىي 4973 بەت.

«دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ئاتالغۇلىرى ھەققىدە ئىزاھات»، خۇاڭ ئىنئەن، لى ۋېنبىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەشرىياتى 1959 ـ يىلى نەشر قىلغان.

«ئۇيغۇرچە دەرسلىكلەردە قوللىنىلىدىغان خەنزۇچە ئاتالغۇلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزۈپ، 1962 ـ يىلى نەشر قىلغان.

«ئاتالغۇلار توپلىمى»، سابىق ش ئۇ ئا ر يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1962 ـ يىلى نەشر قىلغان.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1963 ـ يىلى نەشر قىلغان.

«ئىملا سۆزلۈكى»، سابىق ش ئۇ ئا ر يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى تۈزگەن، 1966 ـ يىلى بېسىپ تارقاتقان.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت (سىناق نۇسخا)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1974 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 7800 دەك تاق خەت، 47 مىڭدەك سۆز كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 1188 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلار»، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1976 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نەشر قىلغان.

«ئۇيغۇر تىلى ئىملا سۆزلۈكى (سىناق لايىھەسى)»، سابىق ش ئۇ ئا ر يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى تۈزۈپ ئېلان قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1976 ـ يىلى نەشر قىلغان، 8000 دەك سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«(خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە) خەنزۇ تىلىدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلۈكلەر»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى مەدەنىيەت كۇرسىدىكى كۇرسانتلار تۈزۈپ، 1976 ـ يىلى باستۇرغان.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە قىسقىچە لۇغەت»، سابىق ش ئۇ ئا ر يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ

مائارىپ نەشرىياتى 1976 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 6000 دەك سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە كىچىك لۇغەت»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1977 ـ يىلى نەشر قىلغان.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى»، سابىق ش ئۇ ئا ر يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى تەشكىللەپ تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1979 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 4200 دەك تۇراقلىق ئىبارە كىرگۈزۈلگەن، 64 فورمات، 424 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ئاددىي سۆزلۈك»، ئابدۇسالام ئابباس، فۇ تىڭشۇنلەر تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 6500 دەك سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»، مەھمۇد كاشغەرىي مىلادىيە 1072 ~ 1075 ـ يىللىرى تۈزۈپ تەھرىرلەپ تاماملىغان، 7500 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەشكىللىگەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1 ـ تومى 1980 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، 2 ـ تومى 1983 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، 3 ـ تومى 1984 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، 32 فورمات، ئۈچ توم، جەمئىي 1832 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە قىسقىچە فىزىكا لۇغىتى»، رامىزان رەھىم، مىجىت قادىرلار تۈزگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1980 ـ يىلى نەشر قىلغان.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە قىسقىچە ماتېماتىكا لۇغىتى»، مىجىت قادىر، ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1980 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 4000 دىن ئارتۇق سۆز كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 262

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈك» (1)، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىلى نەشر قىلغان.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈك» (2)، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشر قىلغان.

«قىسقىچە ئىزاھلىق لۇغەت»، توختىئاخۇن ناسىرى تۈزگەن، غۇلجا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى 1981 ـ يىلى 5 ـ ئايدا باستۇرغان، 1000 دەك سۆز كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 69 بەت.

«ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىكى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات»، مەمتىلى قادىر تۈزگەن، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پەن تەتقىقات بۆلۈمى 1981 ـ يىلى باستۇرغان، 216 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 218 بەت.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەر ناملىرى توپلىمى (B)»، ش ئۇ ئا ر يەر ناملىرى كومىتېتى بىلەن مەملىكەتلىك ئۆلچەش ـ سىزىش باش ئىدارىسى ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە تۈزۈپ، 1981 ـ يىلى باستۇرغان.

«ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 30 مىڭدىن ئارتۇق سۆز كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 798 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە دۇنيا يەر ناملىرى قوللانمىسى»، جامالىدىن مۇھەممىدى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 9300 دەك يەر نامى كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 406 بەت.

«ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى»، ۋاڭ

جىنبىن، ئېلى ئابىتلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 1600 دىن ئارتۇق تۇراقلىق ئىبارە كىرگۈزۈلگەن، 64 فورمات، 168 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە پەن ـ تېخنىكا لۇغىتى (يىزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قىسمى)»، ۋاڭ نەنيى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 4600 دەك سۆز كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 253 بەت.

«سىياسىي ئىقتىساد لۇغىتى»، مادىيۇ تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 896 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 572 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چەت ئەل يەر ناملىرى قوللانمىسى»، ئابدۇرېشىت سابىت قاتارلىقلار تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1983 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 5000 دەك يەر نامى كىرگۈزۈلگەن، 64 فورمات؛ 263 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە تېببىي لۇغەت (سىناق نۇسخا)»، ئىنايىتۇللا ھېلىمى قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1983 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 45 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 1725 بەت.

«(ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە) ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»، ئالىم قادىر، جاڭ چۈنشى، جاۋ شىجيېلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 2580 ماقال ـ تەمسىل كىرگۈزۈلگەن، 64 فورمات، 622 بەت.

«قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى» (ئىككى قىسىم)، ئىسلام مەخسۇت قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نەشر قىلغان، جەمئىي 610 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، جەمئىي 1629 بەت.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فىرازېئولوگىيەلىك بىرىكمىلەر سۆزلۈكى»، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 1700 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 64 فورمات، 427 بەت.

«ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، ئەسلىي مىلادىيە 14 ـ ئەسىردە تۈزۈلگەن. خۇ جېنخۇا، خۇاڭ رۇنخۇالار رەتلەپ ئېلان قىلغان، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 1002 سۆز كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 100 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە بىيولوگىيە لۇغىتى»، مىجىت خۇدابەردى، ئۇمىد گىمادىلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 20 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 614 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ئورمانچىلىق لۇغىتى»، قۇربان مامۇتوف قاتارلىقلار تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 12 مىڭ 500 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 897 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تەنتەربىيە لۇغىتى»، يالقۇن، نىياز راخمانلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 11 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 64 فورمات، 779 بەت.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، ش ئۇ ئا ر تىل ـ يېزىق كومىتېتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى 7 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 30 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 889 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە خىمىيە لۇغىتى»، ئەرفۇ تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى 7 ـ ئايدا نەشر

قىلىنغان. 12 مىڭ 500 سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 505 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە نېفىت لۇغىتى»، جەكەن قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى 1985 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بېسىپ تارقاتقان، 20 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 852 بەت.

«يېنىك ئاتلېتىكا ھەرىكىتىدە دائىم قوللىنىلىدىغان خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە سۆزلۈكلەر»، جاڭ پىڭگو، تۇرسۇنئاي ھاشىملار تۈزگەن، خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى 1985 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 328 سۆز كىرگۈزۈلگەن، 64 فورمات، 67 بەت.

«ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، غولام غوپۇرى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 4000 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 296 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە ـ ئىنگلىزچە ماشىنىسازلىق رەسىملىك لۇغىتى»، ئابدۇكېرىم قاتارلىقلار رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىش ئاساسىدا تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 3700 دىن ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 419 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە قىسقىچە پەن ـ تېخنىكا لۇغىتى (سىناق نۇسخا)»، تۇرسۇن رەھىم قاتارلىقلار تۈزگەن، جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ـ قازاق شۆبىسى 1986 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 28 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 1116 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ماتېماتىكا لۇغىتى»، ئابلېكىم ھاجى قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 15 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 734 بەت.

«پۇتبول، ۋالىبول، ۋاسكېتبول ھەرىكىتىدە دائىم قوللىنىلىدىغان خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە سۆزلۈكلەر»، تۇرسۇنئاي ھاشىم تۈزگەن، خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 1050 سۆز كىرگۈزۈلگەن، 64 فورمات، 259 بەت.

«ئۇيغۇرچە كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن قىسقىچە سۆزلۈك»، غۇلام غوپۇرى، مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى، خوجائەخمەت يۇنۇسلار تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 15 مىڭچە سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 785 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە بىناكارلىق لۇغىتى»، ئابلىكىم ئوسمان، ئابلەت ئابدۇرېشىتلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 9500 دىن ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 467 بەت.

«قىسقىچە قانۇن لۇغىتى»، ئىسكەندەر ئىبراھىم، ئۆمەر ئىسھاقلار خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 882 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 463 بەت.

«جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى — تەنتەربىيە ئاساسىي ئىلمى»، ئابدۇراخمان ئەلىيوف، تۇرسۇن قۇربانلار خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 32 فورمات، 438 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سودا لۇغىتى»، ھوزۇر قۇربان، مۆمىنجان تۇرسۇن، نى جېنيۇلەر تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 14 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 496 بەت.

«پۇل مۇئامىلە لۇغىتى»، مۇھەممەتئىمىن داۋۇت خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

1987 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، 1215 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە پەن ـ تېخنىكا لۇغىتى»، ش ئۇ ئا ر تىل ـ يېزىق كومىتېتى لۇغەتچىلىك باشقارمىسى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 18 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 470 بەت.

«جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى — يېنىك ئاتلېتىكا»، ئابدۇراخمان ئەلىيوف خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى 1987 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 32 فورمات، 221 بەت.

«جۇڭگو تېببىي قامۇسى تارماق تومى — ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» (جەمئىي يەتتە توم)، ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقات ئىنشخانىسى تەشكىللىگەن مەخسۇس گۇرۇپپا تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1988 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ نەشر قىلغان، هازىرغا قەدەر 1 ـ ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 6 ـ توملىرى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، 5 ـ، 7 ـ توملىرى جىددىي ئىشلەنمەكتە، 16 فورمات.

«خەنزۇچە ـ رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە سوۋېت كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى»، قۇددۇس هاپىز تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 33 مىڭدىن كۆپرەك كىشى ئىسمى كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 1498 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ئېلېكتىر تېخنىكىسى لۇغىتى»، ليۇ گوباۋ، ئەنۋەر خالىق، مەمتىمىن، ئابدۇۋايىتلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 30 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 920 بەت.

«ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات»، مەمتىمىن جاپپار

تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 250 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 166 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە مالىيە ئىقتىساد لۇغىتى»، ئاسىيە ئايىم قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 12 مىڭ 500 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 651 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ئىستاتىستىكا لۇغىتى»، ئەنۋەر غېنى تۈزگەن، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 12 مىڭ 500 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 597 بەت.

«چەت ئەل پەيلاسوپلىرى قىسقىچە لۇغىتى»، ئىبراھىم ئەھمىدى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 318 نەپەر پەيلاسوپ تونۇشتۇرۇلغان، 64 فورمات، 552 بەت.

«مۇپەتتىشلىك ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات»، جاڭ جىنگو تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 412 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 235 بەت.

«ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، مەھمۇد زەيىدى، سەمەت دۇگايلىلار تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى 7 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 670 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 438 بەت.

«ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، ئەنۋەر پەيزۇللا تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 7200 دەك سۆزلەم ئېلىنغان، 32 فورمات، 558 بەت.

«هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى»، ئامىنە غاپپار، مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار

تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 25 مىڭدەك سۆز كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 680 بەت.

«سىياسىي ئىقتىساد لۇغىتى» (جەمئىي ئۈچ توم)، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر ـ تەرجىمە بۆلۈمى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، ئۈچ تومغا جەمئىي 2056 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، جەمئىي 2761 بەت.

«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، ئابلىمىت ئەھەت، دىلدار مەمتىمىنلار تۈزگەن، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 12 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 548 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە مەشھۇر جايلار ناملىرى»، ئەنۋەر جاپپار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 2000 دەك يەر نامى ئېلىنغان، 32 فورمات، 136 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» (ئىككى توم)، ئىبراھىم ئۆمەر، پەرھات جىلان، پېڭ زوڭلۇ، رېن يۈنچاڭ، قادىر قاۋۇز، ئەنۋەر جاپپارلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 9500 چە تاق خەت، 70 مىڭغا يېقىن سۆز كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 2604 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ئاپتوموبىل ئۆلچىگۈچىلىرى لۇغىتى»، ئابدۇراخمان خېلىل تۈزگەن، خەلق قاتناش نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 3000 چە سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 36 فورمات، 180 بەت.

«ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە جۈپ سۆزلەر لۇغىتى»، ما شىگرېن تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 32 فورمات.

www.uyghurkitap.com

«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، ۋاڭ مىڭيى، مۆيدىن زەيدىن قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 7000 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورماتلىق، 854 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۇ ۋە سۇ ئېلېكتىر قۇرۇلۇشى لۇغىتى»، ئالىم نىياز، ياقۇپ ھۇسەيىن، ئەنۋەر ئەزىزىلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 40 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 831 بەت.

«تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، مۆمىن ئابدۇللا تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 30 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلەم ئېلىنغان، 16 فورمات، 1056 بەت.

«باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، ليۇ زىيۇ، تۇيغۇن قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 4000 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 492 بەت.

«پارسچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە قىسقىچە لۇغەت»، لى شياڭ، خەمىت تۆمۈرلەر تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، («پارس تىلىدىن ساۋات»نىڭ ئاخىرقى قىسمى)، 8000 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، لۇغەت قىسمى 300 بەت (328 ـ بەتتىن 627 ـ بەتكىچە).

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (جەمئىي ئالتە توم)، ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، زاھىت ھېۋۇل، ئىسمائىل قادىر، ھەمدۇللا ئابدۇراخمان، ئابلىز ئەمەت، پەرھات نۇر، ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رەھىمجانلار

تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1 ـ تومىنى 1990 ـ يىلى، 2 ـ تومىنى 1991 ـ يىلى، 3 ـ تومىنى 1992 ـ يىلى، 4 ـ تومىنى 1994 ـ يىلى، 5 ـ تومىنى 1996 ـ يىلى، 6 ـ تومىنى 1999 ـ يىلى نەشر قىلىپ تارقاتقان. 60 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، جەمئىي 5500 بەت ئەتراپىدا.

«(خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە) قىلىپلاشقان ئاتالغۇلار (2)»، ش ئۇ ئا ر تىلكوم، ش ئۇ ئا ر ئاتكوم قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىپ ئېلان قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 1308 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 64 فورمات، 105 بەت.

«نەزەرىيە ئۆگىنىش لۇغىتى»، قىيۇم ۋاھىدى، ئەخمەت پاسار قاتارلىقلار خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 1000 دىن ئارتۇق ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 1222 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى»، قادىر قاۋۇز تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 10 مىڭ 600 دەك تۇراقلىق ئىبارە كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى»، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 11 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 436 بەت.

«ئوقۇغۇچىلار ئىملا لۇغىتى»، ئابدۇرېشىت سابىت، ھېمىت سەمەت، تاھىر ئابدۇۋەلىلەر تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 20 مىڭدەك سۆز كىرگۈزۈلگەن، 64 فورمات، 589 بەت.

«قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى»، مىرسۇلتان ئوسمانوف،

مۇھەممەترېھىم سايىتلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 335 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 435 بەت.

«ئىش ھەققى ـ پاراۋانلىق لۇغىتى»، مەخلىك كېۋىر، قۇربان سېيىتلەر تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 335 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 435 بەت.

«قىسقىچە ماتېماتىكا لۇغىتى»، رېشات ھەسەن، ئوبۇلقاسىم ھاشىملار خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 3000 دەك ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 1311 بەت.

«ئۇيغۇر تىلى فىرازىيولوگىيەسىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، ئابدۇسالام ئابباس تۈزگەن، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 6000 دەك فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمە كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 1252 بەت.

«ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكى ئۈچۈن ئىزاھلىق لۇغەت»، غەنىزات غەيۇرانى، زاھىت ھېۋىل، ئابلىز ئەمەتلەر تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 2000 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 64 فورمات، 529 بەت.

«باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكى ئۈچۈن ئىزاھلىق لۇغەت»، غەنىزات غەيۇرانى، زاھىت ھېۋىل، ئابلىز ئەمەتلەر تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 1500 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 64 فورمات، 392 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە خىمىيە سانائىتى ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قاراماي نېفىت ئايرىش

زاۋۇتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 3700 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن.

«دۇنيا يەر ناملىرى لۇغىتى»، راخمان تۆمۈرشاھ تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 1000 دىن ئارتۇقراق يەر نامى كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 933 بەت.

«نېفىت گېئولوگىيەسى لۇغىتى»، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تۈزۈپ، 1992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بېسىپ تارقاتقان، 5000 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 842 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە پېداگوگىكا لۇغىتى»، يالقۇن مەخمۇتجان تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 9000 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 436 بەت.

«يىلنامىلەر لۇغىتى»، ئابلىز ئەمەت تۈزگەن، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 600 دەك ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 293 بەت.

«قىسقىچە فىزىكا لۇغىتى»، جۈرئەت قادىر قاتارلىقلار خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 3690 دەك ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 1386 بەت.

«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن فىزىكىدىن ئىزاھلىق لۇغەت»، خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 1500 دەك ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 589 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى»، ئابدۇسالام ئابباس، خەلىم سالىخ قاتارلىقلار تۈزگەن، مىللەتلەر

نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 8000 دەك تۇراقلىق ئىباره كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 1717 بەت.

«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ماتېماتىكىدىن ئىزاھلىق لۇغەت»، مىجىت قادىر خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان. شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 1800 دەك ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 733 بەت.

«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن خىمىيەدىن ئىزاھلىق لۇغەت»، ئەخمەت سالى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 1361 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 504 بەت.

«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن بىيولوگىيەدىن ئىزاھلىق لۇغەت»، مىجىت باۋۇدۇن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 1500 دەك ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 5095 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە بۇرغىلاش لۇغىتى»، نىياز ئابدۇللا قاتارلىقلار تۈزگەن، نېفىت سانائىتى نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 5000 دەك ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 607 بەت.

«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن جۇغراپىيەدىن ئىزاھلىق لۇغەت»، شەمشىدىن گاجىت خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان. 1876 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 563 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش لۇغىتى»، ليۇگوباۋ، ئەنۋەر خالىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ ياشلار ـ

ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 25 مىڭ سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 683 بەت.

«قىسقىچە سىياسىي ـ ئىقتىساد لۇغىتى»، قۇربان ياسىن، مۇھەممەد ئۆمەرلەر خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 1095 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 698 بەت.

«دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ناملىرى لۇغىتى»، ئەنۋەر ئابدۇراخمان تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 40 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 445 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە يانچۇق لۇغىتى»، ئەنۋەر جاپپار، ئابلەت ئىمىنلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 4000 دەك تاق خەت، 13 مىڭدەك سۆز كىرگۈزۈلگەن، 128 فورمات، 1090 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە بىيوخىمىيە لۇغىتى»، ئەنۋەر جاپپار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 10 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 564 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە شىنجاڭ يەر ناملىرى لۇغىتى»، ئابدۇرېشىت سابىت، تۇردى ناسىرلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 30 مىڭدەك يەر نامى كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 863 بەت.

«ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە قىسقىچە لۇغەت»، مۇھەممەد سالىھ تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 11 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 404 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تەبىئىي جۇغراپىيە لۇغىتى»، ئابدۇقادىر يۇنۇس، چۇ بەيچىڭلار تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى

1993 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، 10 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 454 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە پىلان ـ ئىقتىساد لۇغىتى»، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، 16 مىڭ 500 دەك ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 636 بەت.

«ئەدەبىيات تەسۋىرىي لۇغىتى (1)»، قادىر توختى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 2000 پارچىدەك ئەدەبىي تەسۋىر كىرگۈزۈلگەن.

«ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت»، دانىيېل سىنجون تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 12 مىڭ 500 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 671 بەت.

«ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىداش سۆز ـ ئىبارىلەر لۇغىتى»، ئابدۇسالام ئابباس تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 3000 دەك مەنىداشلار تويى، 10 مىڭدىن كۆپرەك سۆز ـ ئىبارە كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 776 بەت.

«خەنزۇ تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەر لۇغىتى»، ليۇ يېفېي قاتارلىقلار خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، خەنزۇ تىلىدىكى 800 دەك ياردەمچى سۆز كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 700 بەت.

«بۈيۈك بىرىتانىيە ئۆسمۈر ـ بالىلار قامۇسى» (جەمئىي بەش توم)، مەسئۇت خالىت، ۋەلى، ياسىن، مەلىكىزات، سۇلتان ھاشىم، باباخان، ئىمىن غازىلار خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1994 ـ يىلى 1 ـ

ئايدا نەشر قىلىنغان، بەش تومغا جەمئىي 595 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلۈپ، ئۇقۇملار ھېكايە شەكلىدە چۈشەندۈرۈلگەن، 16 فورمات، جەمئىي 1104 بەت.

«قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى»، سادىق ھاپىز ئۆزبېكچە ئاساسىدا تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، 560 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 227 بەت.

«رۇسچە ـ خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر لۇغىتى»، لىن دېماۋ قاتارلىقلار ئىشلىگەن، ئۇيغۇرچە قىسمىنى ئىمام قاتارلىقلار ئىشلىگەن، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، 3500 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 1958 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە شىنخۇا لۇغىتى»، ئەنۋەر جاپپار قاتارلىقلار بېيجىڭ سودا نەشرىياتىنىڭ 1987 ـ يىلى 6 ـ قېتىم نەشرى، 1989 ـ يىلى 10 ـ قېتىملىق باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 10 مىڭدىن ئارتۇق خەنزۇچە خەت، 3500 دەك سۆز كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 934 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ـ لاتىنچە ھايۋانات ناملىرى لۇغىتى»، مۇھەممەد ئىمىن تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشر قىلغان، 17 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلەم ئېلىنغان، 32 فورمات، 932 بەت.

«قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار (1)» (خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە)، ش ئۇ ئا ر تىل كوم، ش ئۇ ئا ر ئاتكوم قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىپ ئېلان قىلغان، مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 10 مىڭدەك ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 436 بەت.

«ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، ئابدۇشۈكۈر روزى، چېن شىمىڭ، لياۋ زېيۇ، گۈلچېھرە، لى يۇڭشېڭ، ئۆمەر ھاپىزلار تۈزگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 45 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 1606 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە باغۋەنچىلىك لۇغىتى»، لياۋ يىفېي، جۇماق ئىسمايىل قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 20 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 623 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە يېڭى سۆزلەر لۇغىتى»، ئابدۇللا ئابلىز، ئايشەم تاۋارلار تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 7400 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 384 بەت.

«ئاسترونومىيە ئاتالغۇلىرى» (خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە)، ش ئۇ ئا ر تىلكوم، ش ئۇ ئا ر ئاتكوم قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتكەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 1948 سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 154 بەت.

«ئۇيغۇر تېبابىتى ئاتالغۇلىرى قىسقىچە ئىزاھلىق لۇغىتى»، ئەخمەتجان ئىسمائىل تۈزگەن، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 500 دەك ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 64 فورمات، 170 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە مېتېئورولوگىيە لۇغىتى»، ئابدۇكېرىم رېشىت، شەۋكەت دۆلەت، ئابدۇرۇپ مىرزاھاجىلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 13 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 296 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە قانۇنشۇناسلىق لۇغىتى»، ئەخمەت

مامۇت قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 4000 دەك ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 912 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە مۇپەتتىشلىك ـ بوغالتىرلىق لۇغىتى»، شاۋ بوچى، ئابلەت مۇھەممەتجان قاتارلىقلار تۈزگەن، فېڭ روڭزۇ، ئېزىز تۇرسۇن قاتارلىقلار تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن، جۇڭگو مۇپەتتىشلىك نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 16 فورمات، ئۇيغۇرچە قىسمى 610 بەت، خەنزۇچە قىسمى 256 بەت، 1380 دەك ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، ئەنۋەر جاپپار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 4200 دەك خەنزۇچە خەت، 33 مىڭدەك سۆز كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 1100 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى»، قۇددۇس ھاپىز تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 35 مىڭدەك كىشى ئىسمى كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 545 بەت.

«ئەدەبىيات تەسۋىرىي لۇغىتى (2)»، تاھىر تالىپ، ئابدۇكېرىم رېشىتلار خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 32 فورمات، 712 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ھەربىي ئاتالغۇلار لۇغىتى»، سېيىتوف، ھەبىبۇللالار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 20 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 838 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى لۇغىتى»، جاڭ تاۋ، مۇھەممەد نىياز تۇردى، شېڭ زىڭتاڭ، تۇرسۇن سەلەي، زەلىلى زەينىدىن، مۇھەممەد

ئەبەيدۇللا، مەھمۇد قادىر، رەيھانگۇل ئابابەكرىلەر تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 90 مىڭ دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 1564 بەت.

«قىسقىچە خىمىيە ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، ئابدۇللا مەتسىيىت تۈزگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشر قىلغان، 300 دىن كۆپرەك خىمىيە ئاتالغۇلىرىنىڭ تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 238 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە ئېلېكترون تېخنىكىسى لۇغىتى»، لۇ كەيدى، ھوشۇر ئىسلام قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 8000 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 445 بەت.

«ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتى»، ئابدۇسالام ئابباس تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 598 ئاھاڭداش سۆزلەر تويى، جەمئىي 1477 سۆز كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 285 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ياپونىيە يەر ناملىرى لۇغىتى»، جامال ئىمىن، توقسۇن سىدىق، ئەخمەت ئابدۇۋەلىلەر تۈزگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 12 مىڭدەك يەر نامى كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 398 بەت.

«يېڭى تىپتىكى ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر لۇغىتى»، جاۋ شىنخۇ، ھامىدىن قادىر، غالىپ مەمەت قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 11مىڭ 600دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 867 بەت.

«هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز

لۇغىتى»، مىرسۇلتان ئوسمانوف (باش تۈزگۈچى)، خەمىت تۆمۈر، ئامىنە غاپپار، غەنىزات غەيۇرانى، ئابدۇرېشىت سابىت، ئېلى ئابىت، ئابلىز ياقۇپلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 57 مىڭدەك سۆز كىرگۈزۈلگەن، 16 فورمات، 963 بەت.

«خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە دېھقانچىلىق دورىلىرى لۇغىتى»، ئالاۋىدىن ئابدۇرېھىم تۈزگەن، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى 1997 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 12 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، 32 فورمات، 577 بەت.

«باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن تىل ـ ئەدەبىياتتىن رەسىملىك ئىزاھلىق لۇغەت» (جەمئىي ئالتە كىتابچە)، ئايشەم پەيزۇللا، ئازاد قاسىملار تۈزگەن، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1997 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئالتە كىتابچىنى تەڭلا نەشر قىلغان، 32 فورمات، ئالتە كىتابچە جەمئىي 607 بەت.

2000 ـ يىلىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان مۇھىم لۇغەتلەر تۆۋەندىكىچە:

«ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، لياۋ زېيۇ، ماجۇنمىن تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشر قىلغان، 30 مىڭدىن ئارتۇق باش سۆزلەم، 27 مىڭدىن ئارتۇق بېقىندى سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»، ئەنۋەر جاپپار، ئابلەت ئىمىن، ئابدۇراخمان ئەبەي قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشر قىلغان، 14 مىڭدەك تاق خەت، 300 مىڭدەك سۆز ـ ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، چوڭ 16 فورمات، 3008 بەت.

«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مۇھەممەتتۇرسۇن

باھاۋۇدۇن، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر، ئابلىمىت ئەھەتلەر تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان ، 21 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن 16 فورمات، 816 بەت.

«ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان، 70 مىڭ ئەتراپىدا سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن، چوڭ 16 فورمات، 1390 بەت.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ يېڭى نەشرى (مۇكەممەل نۇسخىسى)، ئۈچ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلغان.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى (ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى)» ش ئۇ ئار مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلغان، چوڭ 16 فورمات، 918 بەت.

## توققۇزىنچى باب

# ئېتىمولوگىيە ۋە لېكسىكا

### §1 . ئېتىمولوگىيە ھەققىدە چۈشەنچە

«ئېتىمولوگىيە» دېگەن بۇ ئاتالغۇ گىرېك تىلىدىكى «etumon» (چىن، ھەقىقىي) ۋە «logos» (پەن، ئىلىم، تەلىمات) دېگەن سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدىكى تەلىمات» دېگەندىن ئىبارەت. دېمەك، سۆزلەرنىڭ شەكلى (يېزىلىشى ۋە تەلەپپۇز قىلىنىشى) بىلەن مەنىسىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن ئېتىمولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېتىمولوگىيە تىلدىكى كونكرېت سۆزلەر (كىرمە سۆزلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ كېلىش مەنبەسى، تارىخى، سۆزنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ۋە تۈرلۈك ئۆزگىرىشلىرىنى نۇقتا قىلىپ تەتقىق قىلىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ياغاچ، گاز، ماي قاتارلىق كۆيىدىغان نەرسىلەرنىڭ بەلگىلىك ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق چىقىرىپ كۆيۈش جەريانى، يانغىن، ئاتەش» دەپ ئىزاھلىنىۋاتقان «ئوت» دېگەن سۆز «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئۆرت» شەكلىدە بېرىلىپ، «ئوت، يانغىن» دەپ ئىزاھلانغان. دېمەك، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي شەكلى «ئۆرت» بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇ سۆز تەركىبىدىكى «ئۆ» تاۋۇشى «ئو» تاۋۇشىغا

www.uyghurkitap.com

نۆۋەتلەشكەن ۋە «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئوت» شەكلىدە تۇراقلاشقان.

«ئارت» سۆزى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «داۋان» دەپ ئىزاھلانغان ۋە «ئەرمەگۈگە ئەشىك ئارت بولۇر (ئېرىنچەككە بوسۇغا داۋان كۆرۈنەر)» دېگەن ماقال مىسال كەلتۈرۈلگەن. مانا بۇ سۆزدىن هازىرقى «مۇزئارت> مۇزات» (موڭغۇلكۈرەدە)، كۆك ئارت>كۆكات» (قاغىلىقتا)، «يېڭىئارت» (ئۇچتۇرپاندا) دېگەن يەر ناملىرىنىڭ ئەسلى «مۇز»، «كۆك»، «يېڭى» دېگەن سۆزلەرگە «ئارت» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان بىرىككەن سۆز ئىكەنلىكىنى ۋە «مۇز داۋان»، «كۆك داۋان»، «يېڭى داۋان» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «بۈگۈن» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «بۇ» ۋە «كۈن» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ياسالغان. شۇنىڭ بىلەن، «بۇ كۈن» بولغان. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇ سۆزدە تاۋۇش ئۆزگىرىشى بولۇپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بەزىدە «بۇ كۈن»، بەزىدە «بۈگۈن» بولۇپ خاتىرىلەنگەن (بۇ يەردىكى «ئۇ» تاۋۇشىنىڭ «ئۈ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپ قىلىدىغان «ك»نىڭ تەسىرىدىن بولۇشى مۇمكىن)، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا «بۈگۈن» شەكلىدە تۇراقلاشقان. خۇددى شۇنىڭدەك هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «سەكسەن»، «بىلەزۈك»، «كۆكتات»، «تۈنۈگۈن»، «ئاغىنە»، «ئاراچ»، «چېگرا»، «غۇلاچ» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ «سەككىز» بىلەن «ئون»، «بىلەك» بىلەن «ئۈزۈك»، «كۆك» بىلەن «ئوت»، «تۈنە» بىلەن «كۈن»، «ئاغا» بىلەن «ئىنى»، «ئارا» بىلەن «ئاچ»، «چەك» بىلەن «ئارا»، «قول» بىلەن «ئاچ»دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن هاسىل بولغان سۆزلەر ئىكەنلىكى،

«كېلىن»، «باغاق»، «يامغۇر»، «بىلەي» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «كەلىن»، «بارغاق»، «ياغمۇر»، «بىلەگۇ» دېگەندەك سۆزلەردىن كەلگەنلىكى ئەنە شۇ ئېتىمولوگىيەنىڭ ياردىمىدىن ئېنىقلانغان.

ئېتىمولوگىيە مەلۇم بىر تىلنىڭ ئۆزىگىلا خاس سۆزلەرنىلا ئەمەس، بەلكى مەزكۇر تىلغا باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. چۈنكى، بىر تىلغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلاش زۆرۈرىيىتى شۇ تىلنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلاش زۆرۈرىيىتىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن «پەن»، «چەيدو»، «جوزا»، «خاسىڭ»، «جازا»، «لەڭپۇڭ»، «ياڭزا»، «گاڭپەن»، «دادۇر» دېگەندەك سۆزلەر ئەسلىي خەنزۇ تىلىدىكى «板»، «菜刀»، «桌子»، «花生»، «架子»، «凉粉»، «样子»، «干饭»، «大豆» دېگەن سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ يۇقىرىقىدەك شەكىللەردە تۇراقلىشىپ ئۆزلەشكەنلىكى ئېتىمولوگىيەنىڭ ياردىمىدە ئېنىقلانغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىر سۆزنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنىسىنى شۇ تىلدىكى ئەڭ كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئېنىقلاپ چىقىشمۇ ئېتىمولوگىيەنىڭ ئىلمىي ۋە توپ ئۇسلۇبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق مىسال بار:

تەڭىزدىن چىقارماسا يىنچۇ كىشى،
كەرەك يىنچۇ بولسۇن كەرەك ساي تاشى.

يېشىمى:

دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۈنچە كىشى،

قالۇر پەرقسىز ئۇنچە ساي تېشى

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، 11 ـ ئەسىردە يېزىلغان مەزكۇر ئەسەردىكى «تەڭىز»، «يىنچۇ»، «كەرەك» دېگەن سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «دېڭىز»، «ئۈنچە»، «كېرەك» سۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى، يەنى ئېتىمولوگىيەسى ھېسابلىنىدۇ.

ئېتىمولوگىيە يەنە بىر سىستېمىغا مەنسۇپ بولغان قېرىنداش تىللارنىڭ سۆزلۈكىدىكى ئوخشاش تەركىبلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدىمۇ، بىر تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولمىغان باشقا ـ باشقا تىللارنىڭ سۆزلۈكىدىكى ئوخشاش ئامىللارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدىمۇ ھەتتا شەيئىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئاتىلىشى (نام قويۇلۇشى) ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش، ئىسىم ـ نامىلارنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ.

دېمەك، ئېتىمولوگىيە سۆزلەردىكى تۈرلۈك تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىنى توغرا شەرھلەشتە، سۆز مەنىلىرىنى ئىلمىي ئاساستا ئىزاھلاش ۋە چۈشەندۈرۈشتە، سۆز مەنىلىرىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىقلاشتا، ئاھاڭداش سۆزلەر، مەنىداش سۆزلەر ۋە كىرمە سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلاشتا، ھەتتا قېرىنداش تىللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بېكىتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا لۇغەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە لۇغەتلەرنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىسىمشۇناسلىق تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئېتىمولوگىيە سۆزلەرنىڭ كېلىپ ـ چىقىش تارىخى ۋە پەيدا بولۇش يوللىرىنى تەتقىق قىلغاندا، فونېتىكا، سېمانتىكا

قاتارلىق پەنلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

### §2 . ئېتىمولوگىيەنىڭ لېكسىكا تەتقىقاتىدىكى رولى

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، شامان دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، نېستورىيان دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان، تۈرلۈك مىللەتلەر بىلەن ئۇچراشقان. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر تىلىمۇ سانسكرىت تىلى، سوغدى تىلى، خوتەن تىلى، تۈبۈت تىلى، موڭغۇل تىلى، خەنزۇتىلى، ئەرەب تىلى، پارس تىلى، رۇس تىلى قاتارلىق تىللار بىلەن ئۇچراشقان. شۇڭا، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 5 ـ ئەسىرلەردىكى مەڭگۈ تاشلاردا خاتىرىلەنگەن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىق دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن، خاقانىيە دەۋرىدە مەھمۇد كاشغەرىي توپلاپ ئۆز «دىۋانى»غا كىرگۈزگەن ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن باشقا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تۈرلۈك تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرمۇ بار. مەيلى ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەر بولسۇن ۋە ياكى كىرمە سۆزلەر بولسۇن، ئۇلار ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلىنىش جەريانىدا ئۇ سۆزلەردە تۈرلۈك فونېتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى ۋە تۈرلۈك ئۆزگىچىلىكلەر شەكىللەندى. نەتىجىدە، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى مۈرەككەپ ئامىللار بارلىققا كەلدى. ئېتىمولوگىيە ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىدىكى ئاشۇ خىل مۈرەككەپلىكلەرنى سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئەسلىي مەنىسىنى كۆرسىتىش يولى بىلەن ئاسانلاشتۇرىدۇ. كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئېتىمولوگىيەنىڭ لېكسىكا تەتقىقاتىدىكى رولى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1) سۆزلەردىكى ئۇقۇم ئېنىقسىزلىقىنى يوقىتىپ، ئالاقىنى

www.uyghurkitap.com

راۋاجلاشتۇرىدۇ. ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادەتتىكى سۆزلۈكىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاساسىي سۆزلۈكىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئاساسىي سۆزلۈككە تەۋە بەزى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى جەھەتتىمۇ، مەنىنىڭ ئىپادىلىنىشى جەھەتتىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «ئالا بولماق» دېگەن مەنىدىكى «ئالارماق» سۆزىنىڭ هازىرقى ئىستېمالدا «ئالايماق»قا ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ئوخشاش.

«ئالا بولماق» دېگەن مەنىدىكى «ئالايماق (مەسىلەن، ئۆرۈكلەر ئالىيىشقا باشلىدى)» دېگەن بۇ سۆز ئەسلىي «ئاقارماق، كۆكەرمەك، قىسقارماق» دېگەن سۆزلەر قاتارىدىكى «ئالارماق (ئالا-ر – ماق)» شەكلىدە بولۇپ، ئۇ سۆز سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ پېئىل ياسايدىغان ياسىغۇچى قوشۇمچە «- ار // – ەر // – ر» لەردىن «-ر»نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان پېئىل بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇ سۆزنىڭ تەركىبىدىكى «ر» تاۋۇشى «ي» تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلەشكەن، هازىر ھەم جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا «ئالا بولماق» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. لېكىن، «ئالا بولماق» دېگەن مەنىدىكى بۇ سۆز هازىرقى لۇغەتلەردىن تېگىشلىك ئورۇن ئالالمىغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى بىلەن شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە مەلۇم قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئەدەبىي تىلدا ۋە شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا پەقەت «كۆزنى يوغان ئېچىپ، چەكچىيىپ قارىماق، چەكچەيمەك» دېگەن مەنىدىكى «ئالايماق» سۆزىلا قوللىنىلىدۇ.

2) سۆزلەردىكى تۈرلۈك فونېتىكىلىق هادىسىلەرنى توغرا شەرھلەشكە ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. تىل تەرەققىياتى جەريانىدا سۆزلەردە تۈرلۈك تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى يۈز بېرىدۇ. لېكىن،

بۇ خىل تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى ھەرگىزمۇ خالىغانچە ياكى ھېچقانداق بىر ئاساسسىز يۈز بەرمەيدۇ. بەلكى شۇ تىلنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بويىچە شەكىللەنگەن مۇئەييەن قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. تىلدىكى بۇ خىل تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى ئادەتتە تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش دەپ ئاتىلىدۇ.

| ئەسلىدە | ھازىر |
|---|---|
| ھۇل | ئۇل |
| ئارماق | ھارماق |
| ئەسەل | ھەسەل |
| ئۆرمەك | ھۆرمەك |
| ئەيد | ھېيت |
| ئار | ھار (ھار كەلمەك) |
| ئەرەق | ھاراق |
| ئەرەبە | ھارۋا |

يۇقىرىقىدەك تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىر تۈرى بولغان تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى ئەنە شۇ ئېتىمولوگىيەگە تايىنىپ ئېنىقلانغان.

| ئەسلىدە | ھازىر |
|---|---|
| ئارمۇت | ئامۇت |
| تۆرت | تۆت |
| ئەرگۈز | ئەگۈز |
| بارغاق | باغاق |
| بۆرك | بۆك |

ئەرتە ئەتە

يۇقىرىقىدەك تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىر تۈرى بولغان تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى ئەنە شۇ ئېتىمولوگىيەگە تايىنىپ ئېنىقلانغان.

| ئەسلىدە | ھازىر |
|---|---|
| قالىن | قېلىن |
| قارىن | قېرىن |
| يارىم | يېرىم |
| كەلىن | كېلىن |
| ياغى | يېغى |
| ئارىق | ئېرىق |

يۇقىرىقىدەك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسىمۇ ئېتىمولوگىيەنىڭ ياردىمىدە ئېنىقلانغان.

ئۇزۇن - قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىمۇ قىسمەن جەھەتتە مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىمۇ ئېتىمولوگىيەنىڭ ياردىمىدە ئېنىقلانغان. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىسىم، لەقەم، ئۇنۋان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «ئات [a:t] » سۆزىدىكى «ئا» تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش؛ «بىر خىل ئۆي ھايۋىنى»نى بىلدۈرىدىغان «ئات [at]» سۆزىدىكى «ئا» تاۋۇشى بولسا قىسقا سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە مەنىلىرى ئۆز تەركىبىدىكى ئۇزۇن - قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن - قىسقا سوزۇق تاۋۇش نەزەرىيەسى ئەنە شۇنداق كۈچلۈك ئېتىمولوگىيەلىك پاكىت ئاساسىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا تىل ئەھلى تەرىپىدىن

بارغانسېرى ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشمەكتە.

3) سېمانتىكىلىق تەركىبلەرنى ئەتراپلىق شەرھلەش، ئىزاھلاشقا ياردەم بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر، شەكىلداش سۆزلەر ۋە مەنىداش سۆزلەر قاتارلىق سېمانتىكىلىق تەركىبلەر ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىش ئۈچۈن ئېتىمولوگىيەلىك ئىزدىنىش ئىنتايىن مۇھىم.

بىرىنچىدىن، شەكىلداش سۆزلەر ئىچىدىكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە ئۇچراپ شەكىللەنگەن شەكىلداش سۆزلەر ئېتىمولوگىيەلىك ئىسپاتقا موھتاج بولىدۇ. مەسىلەن، «پەرزەنت» مەنىسىدىكى «بالا [bala]» سۆزى بىلەن «ئاپەت» مەنىسىدىكى «بالا [bala:]» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئالدىنقىسى ساپ ئۇيغۇرچە سۆز، كېيىنكىسى بولسا ئەرەب تىلىدىكى «بەلائ» سۆزىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلىنىش جەريانىدا تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە ئۇچراپ بوگۇنكى «بالا [bala:]» سۆزى بولۇپ شەكىللەنگەن. «ئاش، تائام، غىزا» دېگەن مەنىدىكى «تاماق [tamaq]» دېگەن سۆز بىلەن «ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدا يىرىك نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغىش، توپىنى تۈزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان چىشلىق ئەسۋاب، سايمان»نى بىلدۈرىدىغان «تاماق [ta:maq]» دېگەن شەكىلداش سۆزلەرنى ئالساق، مەزكۇر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق «تاماق [ta:maq]» دېگەن سۆز ئەسلىدە «تارماق» شەكلىدە بولۇپ، ئىستېمال قىلىنىش جەريانىدا باش بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىش نەتىجىسىدە بوگۇنكى شەكىلدە تۇراقلىشىپ قالغان.

ئىككىنچىدىن، ئېتىمولوگىيەلىك ئىزدىنىش ئارقىلىق، چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللىنىپ قالغان

ئاھاڭداش سۆزلەرنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن «خاڭ (夯)» سۆزى ئۇيغۇر تىلىغا «تۆمۈر، ياغاچ، تاش قاتارلىقلاردىن ياسالغان ۋە ئۇلىنى چىڭداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان» دېگەن مەنىسى بىلەن قوبۇل قىلىنغان. يەنە شۇ خەنزۇ تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ۋە ئۇيغۇر تىلىدا «كۆمۈر قېزىلىدىغان، كۆمۈر قېزىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان جاي، كان» دېگەن مەنىدىكى «كۇاڭ (矿)» سۆزى بولسا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، «خاڭ» دېگەن شەكىلدە تۇراقلاشقان. «راست، يالغىنى يوق، ئىشەنچلىك» دېگەن مەنىدىكى «جىڭ» سۆزى خەنزۇ تىلىدىكى «真» سۆزىنىڭ، «ئون سەر ياكى يېرىم كىلوگىرام» دېگەن مەنىدىكى «جىڭ» سۆزىمۇ خەنزۇ تىلىدىكى «斤» سۆزىنىڭ، «تاختاي، شال» دېگەن مەنىدىكى «پەن» سۆزى خەنزۇ تىلىدىكى «板» سۆزىنىڭ، «ئىلىم، تەلىمات» دېگەن مەنىدىكى «پەن» سۆزى ئەرەب تىلىدىكى «فەن» سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاھاڭداش سۆزلەرنى ھاسىل قىلغان.

ئۈچىنچىدىن، مەنىداش سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىش يوللىرىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى ئىزاھلاشتا تېگىشلىك رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، «كۈچ، قۇۋۋەت، قۇدرەت، ماغدۇر، مادار» دېگەن مەنىداش سۆزلەردىن «كۈچ» سۆزى ساپ ئۇيغۇرچە سۆز، قالغانلىرى ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە «قۇۋۋەت، قۇدرەت، مەقدۇر، مەدار» شەكلىدە ئىدى.

4) سۆز مەنىلىرىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىقلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تىل تەرەققىياتى جەريانىدا، سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدە

كېڭىيىش، تارىيىش، كۆچۈش، يوقىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش سۆزلەرنىڭ تۈس مەنىلىرىدىمۇ يۈز بېرىدۇ. سۆز مەنىلىرىدىكى بۇ خىل تۈرلۈك ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى ئېتىمولوگىيەلىك تەتقىقات ئارقىلىق قانائەتلىنەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىنىدۇ (بۇنىڭ تەپسىلاتىنى ئۈچىنچى باب 2 § . تىن كۆرۈڭ).

5) لۇغەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە لۇغەتلەرنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە شەرت ھازىرلايدۇ.

ئەگەر بىر لۇغەتتە سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتى كەمتۈك بولۇپ قالسا، ئېنىقسىزلىقلار شۇ پېتىچىلا قويۇپ قويۇلسا، ئۇنىڭ لۇغەتلىك قىممىتى ۋە ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇڭا، لۇغەتلەردە، خۇسۇسەن ئىزاھلىق لۇغەتلەردە سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئەتراپلىق، مىساللىق، تولۇق ئىزاھلىنىدۇ. بۇ خىل لۇغەتلەردە ئادەتتە سۆزلەرنىڭ ئۇدۇل مەنىسىلا ئەمەس، بەلكى كۆچمە مەنىسىمۇ، يەككە مەنىسىلا ئەمەس، بەلكى يەنە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كەلگەن چاغدىكى باشقا مەنىسىمۇ، ھازىرقى مەنىسىلا ئەمەس، بەلكى بۇرۇنقى كونا مەنىسىمۇ بېرىلىشى كېرەك بولىدۇ، سۆزلەرنىڭ كونا مەنىسىنى پاكىتلىق قىلىپ توغرا ئىزاھلاش ئېتىمولوگىيەلىك ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ھەل بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىزاھلىق لۇغەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى قوش تىللىق لۇغەت ياكى باشقا كىچىك تىپتىكى لۇغەتلەردىمۇ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان بەزى سۆزلەرنىڭ كونا مەنىسى «كونا» دېگەن ئىزاھ بىلەن بىللە كۆرسىتىپ قويۇلسا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەزىبىر ئېنىقسىزلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردىمى بولىدۇ. ئالايلۇق، «كوي» سۆزى «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» (1982 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى)تە «意图, 想法, 想»

دەپلا ئىزاھلانغان. دەرۋەقە «كوي» سۆزىنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدىكى ئاساسلىق مەنىسى ئاشۇلار. بىراق، «كوچا - كوي» دېگەن جۈپ سۆزگە كەلگەندە (يېڭى «ئىملا لۇغىتى» 537 - بەت) نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر «بۇ يەردىكى ‹كوي›نىڭ مەنىسى نېمە؟» دەپ ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالىدۇ. ئەگەر بىز لۇغەتتىكى «كوي» سۆزىنىڭ ئىزاھلىرى قاتارىغا «ئەسلىي ياكى «كونا» دېگەن ئىزاھ بىلەن ئۇنىڭ «كوچا، يول» دېگەن مەنىسىنىمۇ بىللە بېرىۋەتسەك، بۇ يەردىكى ئېنىقسىزلىق پۈتۈنلەي ئايدىڭلىشىدۇ. چۈنكى، مەزكۇر «كوي» دېگەن سۆزنىڭ ئىپتىدائىي مەنىسى «كوچا، يول» دېگەن بولاتتى. كېيىنكى چاغلاردا بۇ سۆز ھامان «ئوي» سۆزى بىلەن قاپىيە قىلىنىپ، «مەن نېمە ئويدا، سەن نېمە كويدا» شەكلىدە كۆپ ئىشلىتىلىش سەۋەبىدىن (گەرچە بۇ تۇراقلىق ئىبارىنىڭ ئەسلىي مەنىسى «مەن نېمىنى ئويلاۋاتىمەن، سەن نېمە يوللاردا قايسى سەنەمگە دەسسەپ يۈرىسەن» دېگەن بولسىمۇ) بارا - بارا مەنە كۆچۈش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، «كوي»مۇ «ئوي» مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان بولۇپ قالغان. ئەمەلىيەتتە «كويىنى قىلماق» دېگەن سۆز ھازىرقى چاغدا «يولىنى قىلماق» دېگەن ئۇقۇمنىمۇ ئاڭلىتىدۇ. دېمەك، «كوچا - كوي» دېگەن سۆز خۇددى «كۈچ - قۇۋۋەت»، «ئەقىل - پاراسەت» سۆزلىرىگە ئوخشاشلا تەڭ مەنىلىك ئىككى سۆزنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان جۈپ سۆز ھېسابلىنىدۇ.

6) ئىسىمشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق.

مەيلى ئادەم ئىسىمشۇناسلىقى بولسۇن ياكى يەر - جاي نامشۇناسلىقى بولسۇن، ئۇلار ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن ماسلاشقاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ياخشى نەتىجىسىنى نامايان قىلالايدۇ. ئىسىمشۇناسلىقتا تەتقىق قىلىنىدىغان تەرەپلەر ناھايىتى نۇرغۇن بولسىمۇ، ئاشۇ ئىسىم - ناملار ئىپادىلىگەن

سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاش ھامان ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ھازىرقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا «ئايىم، تۇرسۇن، توختى، تىلەك، ئاتىخان، بابىخان، يۇلتۇز، سامساق، ئىگەمبەردى، تىلىۋالدى، سېتىۋالدى ... » قاتارلىق ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملار، شۇنداقلا «ئامان، سالامەت، قۇربان، كامىل، كامال، جامال، قادىر، نادىر، مۇرات، پەرىزات ... » قاتارلىق مەنە جەھەتتىمۇ ئېنىق ئۆزلىشىپ كەتكەن ئەرەب ـ پارسچە ئىسىملاردىن باشقا، مەيلى ئىسىم ئىگىسىگە بولسۇن، مەيلى باشقىلارغا بولسۇن مەنىسى چۈشىنىكسىز بولغان ئىسىملار خېلى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرلۈك رايون، تۈرلۈك شېۋىلەردىكى تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدىن بەزى ئىسىملار كۆپ ۋارىيانتلىق بولۇپ كەتكەن ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن، «خەمىت، ھېمىت، ئابلىمىت»، «ئەھمەد، ئەخمەت، ئەمەت»، «مامۇت، مەھمۇد، مەخمۇت»، «مۇھەممەد، مۇھەممەت، مەمەت، مۇخەممەت، مەخەت»، «نىمەت، نامەت» دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇنداق مەنىسى چۈشىنىكسىز ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاپ، قوللانغۇچىلارغا بىلدۈرۈشتە ئېتىمولوگىيەلىك ئىزدىنىش ئىنتايىن مۇھىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەنىسى ھەممە ئادەمگە چۈشىنىشلىك بولغان ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملار ئۈستىدىمۇ ئېتىمولوگىيەلىك ئىزدىنىش مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، «سامساق» دېگەن ئىسىمنى ئالساق، ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە، بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنىڭ «ساپساق» بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن (شۇ ناملىق ئەسەر، 77 ـ بەت، 1989 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى). ھازىرقى ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا بالا تۇغۇلۇپ ئىسىم قويغۇچە

www.uyghurkitap.com

بولغان ئارىلىقتا مەزكۇر پەرزەنتكە «سامساق» دەپ ۋاقىتلىق ئات قويۇپ قويۇش ئادىتى بار. بۇ — ئېتىقادتىكى ياراتقۇچىدىن «بۇ بالام چاچراپ كەتمىگەي، ساپساق چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلغاي» دەپ تىلەشنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئېنىق. ئەمما، بىزدە «سامساق» ئاتىلىدىغان بىر ئوتياش بار. مەزكۇر ئوتياش ئىسمى بىلەن ئادەم ئىسمى قىلىپ قوللىنىلىۋاتقان «سامساق» ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟ ئادەمنىڭ ئىسمى ئوتياشنىڭ نامىدىن كەلگەنمۇ ياكى ئوتياشنىڭ نامى ئادەم ئىسمىغا تەقلىد قىلىنغانمۇ؟ ياكى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئارىيەت ئېلىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، «سامساق» ئاتىلىدىغان ئوتياشنىڭ ئادەتتە ئىچى تىلىم – تىلىم ئايرىم، پوستىنىڭ سىرتىدىن بولسا ساپساق بىر گەۋدە بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا قاراپ ئاشۇنداق «سامساق» (يەنى ساپساق) دەپ نام قويۇلغانمۇ؟ بۇنىڭغا تولۇق ماتېرىيال ئاساسى بولغان ئىلمىي پاكىت ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر يەر – جايناملىرىدىن تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىكلىرى ناھايىتى كۆپ. بولۇپمۇ، رايونىمىزدىكى يەر – جاي ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئۈستىدە ئەمگەك سىڭدۈرۈش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، بىر جاينىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى ئارقىلىق، شۇ جايدا ياشىغان خەلق، ئۇلارنىڭ تىلى، ئېتنىك تەركىبى ياكى شۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، تەبىئىي بايلىقلىرى قاتارلىقلارنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئالىملار ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى «سۇلى»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى، شۇنداقلا مەزكۇر رايوندا ھېلىھەم «سۇللۇغ» دېگەن جاينىڭ بولۇشىغا قاراپ «سۇلۇق، سۈيى مول جاي» دېگەن بولىدىغانلىقىنى، «ئىكىساق»، «ئوغۇساق» دېگەن جاي ناملىرىنىڭ بولسا «ئىككى ساك» ۋە «ئوغۇز ساك» دېگەن

بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى (ئابدۇقېيۇم خوجا: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى 1 ـ سان).

## §3 . ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتىدىكى زۆرۈر شەرتلەر

ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتى سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ، ئىسىم ـ نامىلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى ۋە ئەڭ ئىپتىدائىي مەنىسىنى ئېنىقلايدىغان ئەمگەك بولغاچقا، ئۇ بۇ ساھەدە ئىزدەنگۈچىلەردىن قەدىمىي تىل ماتېرىياللىرى ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قويىنىدا جاپالىق ئىزدىنىشنى ۋە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىزنىڭچە، ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتى بويىچە ياخشى ئۈنۈم قازىنىش كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئىككى تەرەپنى ئۆزىگە مۇھىم شەرت قىلىدۇ:

بىرىنچى، ئىلمىي يوسۇندا ئىش كۆرۈپ، تەتقىقات خۇلاسىسىنى كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىش لازىم.

ھەرقانداق بىر سۆز ـ ئاتالغۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلاش جەزمەن ئاشۇ ئېتىمولوگىيە ئىلمىنىڭ ۋە تىلشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيە ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى خاس قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى، بۇ ئىشتا ئىلمىي ئاساسى يوق تەسەۋۋۇر ۋە توقۇلما گەپلەرگە ئورۇن بېرىلمەسلىكى لازىم. ئېتىمولوگىيەلىك ئىزدىنىشتىن چىقىرىلغان خۇلاسىلەر جەزمەن ھەر تەرەپلىمىلىك ۋە كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇشى لازىم. ئىلمىي ئاساسى بولمىغان يەكۈننىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى يولداشلار ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاز بولمىغان خاس ئاتالغۇلار، يەر ـ جاي ناملىرى ھەتتا بەزى ئىدىيوم، ماقال ـ تەمسىل قاتارلىقلارنىڭ كېلىش مەنبەسى

ئۇستىدە ئىزدىنىش قىلىپ ئۆز يەكۈنلىرىنى ئىلان قىلىشتى. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ناھايىتى ياخشى. بىراق، قىسمەنلىرىدە كۆرۈنەرلىك كەمچىلىكلەرمۇ يوق ئەمەس. ئالايلۇق، بەزى يولداشلار مەخسۇس ماقالە يېزىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى «سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ؛ ئۇسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ» دېگەن تەمسىلنى خەنزۇچىدىكى «水落石出» دىن كەلگەن؛ «چۈجىنى كۈزدە سانا»، «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەن خەلق ماقالىنى، شۇنىڭدەك «پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالماق» دېگەن تەمسىلنى رۇسچىدىن قوبۇل قىلىنغان دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويدى («ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادەتلەنمە سۆزلەرنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە تەھلىل»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان)، بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى خەنزۇچىدىكى «水落石出» بىلەن ئۇيغۇرچىدىكى «سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ»نىڭ جۈملە قۇرۇلمىسى جەھەتتىمۇ، ئومۇمىي مەنە جەھەتتىمۇ بىر ـ بىرىگە ئاز ـ تولا ئوخشىشىپ قالىدىغانلىقىنى، رۇسچىدىمۇ «بۆرگە چېقىپ كەتتى دەپ خۇرۇم چاپاننى مەشكە سېلىۋېتىپتۇ» دېگەن تەمسىل ۋە «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس»، «چۈجىنى كۈزدە ساناڭلار» دېگەن ماقالىلارنىڭ بارلىقىنى ئۆز يەكۈنىنىڭ بىردىنبىر ئاساسى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىزنىڭچە، يۇقىرىدىكى يەكۈننىڭ كۆرسەتكەن ئاساسىنى ھەرگىزمۇ ئىلمىي ئاساس دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئىپادىلىنىش جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ئىنسانلارنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر جەھەتتىكى ئورتاقلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. باشقا ـ باشقا مىللەتلەرگە تەئەللۇق بولغان تۈرلۈك ئىرقتىكى ئىنسانلار ئوخشاش ھاۋادا نەپەسلىنىپ، ئوخشاش سۇنى ئىستېمال قىلىپ، ئوخشاش بىر يەر شارىدا ياشايدۇ. ئۇلار ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن

تەپەككۇر جەھەتتىكى تۈپكى ئورتاقلىققا ئىگە. شۇڭا، ئۇلار ئۆز تىلى بىلەن تۇرلۇك ئۇقۇملارنى ئىپادە قىلغاندا، تەپەككۇر جەھەتتىكى ئوخشاشلىق تۈپەيلى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، ئاڭلىتىدىغان مەنە جەھەتلىرىدىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىدىغان بولۇپ قېلىشى پۈتۈنلەي تەبىئىي ئەھۋال. مەسىلەن:

| ئۇيغۇرچە | خەنزۇچە | ئەرەبچە | پارسچە |
|---|---|---|---|
| باش | 头 | رەئىس | سەر |
| باشچى | 头人 | رەئىس | سەردار |

بۇ مىسالدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئۇيغۇردىمۇ، خەنزۇدىمۇ، ئەرەبتىمۇ، پارستىمۇ «باش» بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ «باش»نى ئوخشاش ئورۇن ۋە رولغا ئىگە ئادەمنى بىردەكلا «باشلىق» سۆزى بىلەن ئاتىغان. ھالبۇكى، بۇ خىل ئىپادىلەش (سۆز ئىشلىتىش) نى بىرى يەنە بىرىدىن ئۆگىنىۋالغان دېيىش توغرا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئىككىنچى، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش، پاكىت ئاساسىدا يەكۈن چىقىرىش لازىم.

ئۇيغۇرلاردا «پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن گەپ بار. پاكىت ئېتىمولوگىيە ئىلمىنىڭ قېنى ھەم جېنى. ئەگەر بىز ھازىرقى تىلىمىزدىكى بىرەر سۆزنى ياكى ئاتالغۇنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈچۈن بىر سۆزنى كۆرسىتىدىكەنمىز، بىز بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى زامانغا خاس قايسى ئەسەردە، قانداق ئىشلىتىلگەنلىكىنى مىسال بىلەن ئىزاھلىشىمىز لازىم. شۇنداقلا، بىر سۆزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا شەكىللەنگەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى ھەققىدە يەكۈن چىقارغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنى شۇ تىلنىڭ فونېتىكىسىغا خاس قانۇنىيەتلەر بىلەن ئاساسلىشىمىز ۋە ئىسپاتلىشىمىز لازىم.

ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، چىقارغان يەكۈنىمىز ھامان پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. ئالايلۇق، كۇچا رايونىدا «قىزىل قاغا مىڭئۆيى» (qizil qaʁa,千佛洞) ۋە «قىزىل قاغا تۆرى» (يەنى qizil qaʁa, 烽火台) دەپ ئاتىلىدىغان، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئىككى ئاسارئەتىقە ئورنى بار. بەزى تىلشۇناسلار مەزكۇر جاي ناملىرىدىكى «قىزىل قاغا» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە ئىزدىنىش قىلىپ، مەزكۇر سۆز «قىز قالغان» دېگەن سۆزنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدىن شەكىللەنگەن، يەنى مەزكۇر خاس ئاتالغۇ «قىزىل قاغا»نىڭ ئېتىمولوگىيەسى «قىز قالغان» دېگەن سۆزدىن ئىبارەت دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار قەدىمقى كۇچا (كۇسەن) خانلىقىغا دائىر بىر پادىشاھنىڭ ئۆز قىزىنى يىلاننىڭ چېقىۋېلىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن مەخسۇس بىر مۇنار ياسىتىپ، شۇ مۇنار ئۈستىدىكى خاس ئۆيدە باققانلىقى سۆزلىنىدىغان بىر رىۋايەتنى ئاساس قىلىپ، ھازىرقى «قىزىل قاغا تۆرى» ئاشۇ پادىشاھ ئۆز قىزىغا ياسىتىپ بەرگەن راۋاق بولۇشى مۇمكىن دېگەن قىياستا بولغان. بىراق، كېيىن بۇ ھەقتە يېڭىدىن ئىزدەنگۈچىلەر بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «قارغۇي: تۇر، تاغنىڭ ئۈستىگە ياكى ئېگىز يەرگە مۇنار شەكلىدە ياسالغان تۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت يېقىپ دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىلىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ كىشىلەر تەييارلىق قىلىدۇ» (تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم 332 ـ بەت) دەپ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ، ھازىرقى «قىزىل قاغا تۆرى» دىكى «قاغا» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى «قارغۇي > قاغۇي > قاغا» دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيىتى بويىچە

ئېيتقاندىمۇ «قىز» سۆزىنىڭ «قىزىل» بولۇپ قېلىشىنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى شەرھلەپ، هازىرقى «قىزىل قاغا» سۆزىنى «قىز قالغان»دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1989 ـ يىللىق 4 ـ سان 30 ـ بەت).

دەرۋەقە، بىر ئاتالغۇنىڭ، خۇسۇسەن يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىش تولىمۇ مۇرەككەپ بىر ئىش. شۇ ۋەجىدىن ئېيتقاندا، قىياسەن پىكىرلەرنى، ئېھتىماللىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇزاكىرە قىلىش، مۇنازىرىلىشىش نورمال ئەھۋال. بىراق، ھەرقانداق بىر ھۆكۈمنى ئىلمىي ئۇسلۇب ۋە قانۇنىيەتلىك مىساللار ئاساسىدا ئىسپاتلاپ چىقىشمۇ تامامەن مۇمكىن.

قىسقىسى، ئېتىمولوگىيە ئىلمى يالغۇز لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئارخېئولوگىيە، فولكلور قاتارلىق مەدەنىيەت ساھەلىرىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدىغان پەن. ھالبۇكى، ئۇنى مەزكۇر پەن ئۆزى تەقەززا قىلىدىغان زۆرۈر شەرتلەر ئاساسىدا تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# ئونىنچى باب

# كىشى ئىسىملىرى ۋە لېكسىكا

## 1§. كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە چۈشەنچە

ئىسىم ــ كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدا كىشىلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىجتىمائىي ۋاستە. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىشى ئىسىملىرى ئەمەلىيەتتە بىر ئىنساننى ئىككىنچى بىر ئىنساندىن پەرقلەندۈرۈش زۆرۈرىيىتىدىن تۇغۇلغان نام ـ بەلگە بولۇپ، ئۇ كىشىلىك ھاياتتا، خۇسۇسەن ئىجتىمائىي ئالاقىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم رولغا ئىگە.

ئىنسانلار ئۆزلىرىگە خاس بولغان يۈكسەك ئېڭى بىلەن باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، كىشى ئىسىملىرىدا ئاشۇ يۈكسەك ئاڭ ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئادەم ئانا قورسىقىدىن چۈشۈپ بۇ ئالەمگە كۆز ئاچقان ۋاقتىدا، ئاتا ـ ئانىلار تەبىئىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئارزۇلىرى، گۈزەل ئارمانلىرى، بۈيۈك تىلەكلىرى ۋە يۈكسەك ئۈمىدلىرىنى ئىپادە قىلىدىغان سۆز ـ ئاتالغۇ بىلەن ئۆز پەرزەنتىگە ئات (ئىسىم) قويىدۇ. بۇنى دۇنيا بويىچە كىشىلەرنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويۇش جەھەتتىكى ئەڭ ئەقەللىي ۋە ئەڭ تۈپكى ئورتاقلىقى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ،

جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىشى ئىسىملىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دۇنيادا ھېچقانداق بىر تارىخىي مەنبەدە «سەت»، «زالىم»، «ئۆلگۈر»، «ئوغرى» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە سۆزلەر ئۆز ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئورتاقلىقنىڭ كىشىلەرگە ئىسىم قويۇش مەسىلىسىدىكى جانلىق ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسىم قىلىپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ خاسلىشىش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە كىشى ئىسىملىرى قىلىپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەر ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، شۇ مىللەت تىلىنىڭ كۈندىلىك ئىستېمالىدا، ئادەتتىكى نۇتۇق ـ ماقالىلەردە ئىشلىتىلمەيدىغان، پەقەت كىشى ئىسىملىرىدىلا ئىشلىتىلىدىغان خاس سۆزلەرگە ئايلىنىپ قالىدىغان ئورتاق ئەھۋالمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئەرلەر ئىسىملىرى ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغانلىرى ئايرىم، ئاياللار ئىسىملىرى ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغانلىرى ئايرىم بولۇپ، ئاساسەن خاسلىشىپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا «ئۆتكۈر، كۈرەش، ئالىم، باتۇر، قادىر، ئىمام» دېگەندەك ئىسىملار ئەرلەرگە خاس بولسا، «شېرىنگۈل، نىلۇپەر، يۇلتۇز، مەرھابا، ماينۇر< ماھىنۇر» دېگەندەك ئىسىملار ئاياللارغا خاس ئىسىملاردۇر.

بەزى مىللەتلەردە، كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ تۈپى ياكى ئۆزىكى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇلارغا مۇئەييەن قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئەرلەر ئىسىملىرىغا خاسلىرى بىلەن ئاياللار ئىسىملىرىغا خاسلىرى ئايرىم ـ ئايرىم پەرقلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا «تۇرسۇن، ھوشۇر» دېگەندەك ئىسىملار ئەرلەرگە

خاس بولسا، «تۇرسۇنقىز، تۇرسۇنخان، خۇشۇرخان» دېگەندەك ئىسىملار ئاياللارغا خاس، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا يەنە «ھەمرا، تۇرسۇن،ئازاد» دېگەندەك ئىسىملار ئاشۇ يەككە ھالىتىدە ئەرلەرگە خاس ئىسىملار ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا بەزى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئەرلەر ئىسمىغا خاسلاشتۇرىدىغان، يەنە بەزى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاياللار ئىسمىغا خاسلاشتۇرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن، «ھەمراجان، تۇرسۇنجان، ئازادجان» دېگەنلەر ئەرلەرگە خاس بولسا، «ھەمراگۈل، ھەمراخان، تۇرسۇنقىز، تۇرسۇنگۈل، تۇرسۇنخان، ئازادگۈل، ئازادقىز» دېگەنلەر ئاياللارغا خاس بولىدۇ.

يەنە بەزى مىللەتلەردە ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى ئەر ـ ئاياللىقنى بىلدۈرىدىغان سىغا (جىنس) قوشۇمچىسى ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، ئەرەبلەردە ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى ئومۇمەن ئاياللىق سىغىسى «ـە»نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئەرلەر ئىسىملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

| ئاياللار ئىسىملىرى | ئەرلەر ئىسىملىرى |
| --- | --- |
| كاملە | كامىل |
| ئادىلە | ئادىل |
| ئاسىمە | ئاسىم |
| ئازادە | ئازاد |
| سەلىمە | سەلىم |
| كەرىمە | كەرىم \ كېرىم |
| خالىدە | خالىد |
| ھەلىمە | ھەلىم |
| ھەمىدە | ھەمىد |

كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدىكى قوللىنىلىش قانۇنىيەتلىرىنى، شۇنىڭدەك كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئوينايدىغان رولى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن كىشى ئىسىملىرى ئىلمى دەپ ئاتىلىدۇ.

## §2 . كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى بىلەن لېكسىكىنىڭ مۇناسىۋىتى

كىشى ئىسىملىرى هامان مۇئەييەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا، كىشى ئىسىملىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات مۇقەررەر هالدا لېكسىكولوگىيەلىك تەتقىقات ئارقىلىق نەتىجە بېرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا لېكسىكا تەتقىقاتىدىن ئىبارەت دېسىمۇ بولىدۇ.

كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى بىلەن لېكسىكىنىڭ مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

**1. كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ قۇرۇلما شەكلى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش**

لېكسىكولوگىيە سۆزلەرنىڭ قۇرۇلما شەكلىنى تەھلىل قىلىپ، سۆزلەرنى تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، بىرىككەن سۆز، جۈپ سۆز، قىسقارتىلما سۆز، قاتما سۆز دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىيدۇ. ئىسىمشۇناسلىق تەتقىقاتىمۇ لېكسىكولوگىيەنىڭ ئاشۇ خىل تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزىدۇ.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭدا تۈپ سۆزلۈك ئىسىملار (مەسىلەن، نۇر، گۈزەل)، ياسالما سۆزلۈك ئىسىملار (مەسىلەن، تۇرغۇن، نۇرسىمان)، تەڭداش بىرىكمىلىك ئىسىملار (مەسىلەن، تۇرنىياز، نۇرگۈزەل)، بېقىندىلىق بىرىكمىلىك ئىسىملار (مەسىلەن، نۇرى مۇھەممەد، يارى مۇھەممەد)، بىر تەركىبلىك ئىسىملار (مەسىلەن، مۇھەممەت)، قوش تەركىبلىك ئىسىملار (مەسىلەن، مۇھەممەتنىياز)، ھەتتا كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار (مەسىلەن، مۇھەممەتتۇرسۇن ھاجى، ئېلىنىياز ئېلى)مۇ بار.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تۈرلۈك سورۇنلاردا مۇئەييەن ھېس - تۇيغۇ بىلەن ئاتاپ ئىشلىتىلىدىغان ئەركىلەتمە شەكىل ۋە سەتلىمە شەكىلگە ئىگە. شۇڭا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئەركىلەتمە شەكلى بىلەن سەتلىمە شەكلىنى ھاسىل قىلىدىغان خاس قوشۇمچىلارمۇ بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا يەنە ئەرلەر ئىسىملىرى بىلەن ئاياللار ئىسىملىرى ئاساسەن پەرقلىنىدۇ. ئەمما، بەزى ئىسىملار جىنس ئايرىماي، ئەرلەرگىمۇ، ئاياللارغىمۇ ئورتاق قويۇلىدۇ. مەسىلەن، «نۇر» دېگەن ئىسىم ئەرلەر ئىسمى بولۇشىمۇ، ئاياللار ئىسمى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق ئۇ ئىسىم ئەرلەرگە قويۇلغاندا، ئادەتتە «نۇرجان، نۇرتاي، نۇراجى < نۇرھاجى، نۇراخۇن <نۇرئاخۇن» دېيىلسە، ئاياللارغا قويۇلغاندا، «نۇرقىز، نۇرگۈل، نۇرخان، نۇرنىسا» دېيىلىدۇ. دېمەك، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «جان، ئاخۇن، تاي، ھاجى، قارى، گۈل خان، نىسا» دېگەن تىل تەركىبلىرى ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىسمىنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بەلگە ياكى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىسمىنى ياسىغۇچى قوشۇمچە

ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، لېكسىكولوگىيەدە كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىپ، تەپسىلىي شەرھلەش ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئىسىم قويۇش ۋە ئىسىملارنى ئاتاشتىكى ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئىلمىي رەۋىشتە يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**2. كىشى ئىسىملىرىغا سېمانتىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش**

بىزگە مەلۇم، ھەرقانداق بىر كىشى ئىسمىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇئەييەن مەنىسى بولىدۇ.

كىشى ئىسىملىرى ئۈستىدە سېمانتىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش دېگىنىمىز، مەلۇم بىر مىللەتنىڭ كىشى ئىسىملىرىدە ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئىسمى قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىنى يورۇتۇپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېتىقادى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە شارائىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە پەرقلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە دۇنيادىكى تۈرلۈك شەيئىلەرگە بولغان چۈشەنچىلىرىدە مۇئەييەن پەرق بولىدۇ. بۇ خىل پەرقلەر ئۇلار ئىشلەتكەن ياكى ئىشلىتىۋاتقان كىشى ئىسىملىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن، بىپايان چۆل ـ جەزىرىلىك رايونلارنى ماكان قىلغان ئەرەبلەر ئۈچۈن تۆگە ئەڭ بىباھا جانىۋار ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كىشى ئىسىملىرىدا تۆگىگە مۇناسىۋەتلىك ئىسىملار كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئۆز زامانىدا گۈزەل يايلاقلاردا مال ـ چارۋا بېقىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش پائالىيىتى قىلغان قازاق مىللىتىنىڭ كىشى ئىسىملىرىدا «ئىتباي» دېگەن ئىسىملار ئۇچرايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆي ـ ۋارانلىرىنى ساقلاپ بېرىدىغان، قوي پادىلىرىنى بۆرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلايدىغان جانىۋار ــ ئىتقا بولغان

سۆيۈنۈشىنىڭ ئىپادىسى. خەنزۇ مىللىتى ئەجدىھاغا چوقۇنىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كىشى ئىسىملىرىدا ئەجدىھا سۆزى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلاردا «توپا» مەنىسىدىكى «تۇراپ» (بەزى جايلاردا «تۇرۇپ»قا ئۆزگەرگەن) ئاتلىق كىشى ئىسىملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تۇپراقنى ئەزىزلەش ئەقىدىسىدىن كەلگەن. ئۇيغۇرلاردىكى «تۇرسۇنجان، توختىئاخۇن، تۇرسۇنقىز، توختىخان» دېگەن كىشى ئىسىملىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىبىر خۇراپىي ئادەتلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### 3. كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەر ئۈستىدە ئېتىمولوگىيەلىك ئىزدىنىش قىلىش

كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولىدۇ. ئۇلاردا شۇ تىللىق خەلقنىڭ ھەممىسىگە چۈشىنىشلىك بولغان سۆزلەردىن باشقا يەنە پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قالغان قەدىمكى سۆزلەر، ئىستېمالدىن قېلىشقا يۈزلەنگەن تارىخىي سۆزلەر، باشقا مىللەت تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرمۇ بولىدۇ. شۇڭا، كىشى ئىسىملىرى تەركىبىدىكى خېلى بىر بۆلەك سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاش ۋە ئىزاھلاش ئالدى بىلەن شۇ سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى شەرھلەش ئارقىلىق ھەل بولىدۇ.

ئادەتتە، كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى شەرھلەش ئادەتتىكى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى شەرھلەشكە قارىغاندا، نىسبەتەن قىيىن بولىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقنى ئاشۇ كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەردىلا بولىدىغان، ئادەتتىكى سۆز - ئاتالغۇلاردا كۆرۈلمەيدىغان ئۆزگىچىلىكلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، ئېتىمولوگ بولغان كىشى بۇ خىل ئۆزگىچىلىكلەرنى توغرا ۋە تولۇق ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن كىشى

ئىسىملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ سۆز مەنىسىنى توغرا ئىزاھلىيالايدۇ. مەسىلەن، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەپ كەلدى. بىراق، مەسىلە شۇ يەردىكى، ئەسلىي كېلىش مەنبەسى ئەرەب ـ پارس تىللىرى بولغان بۇ سۆزلەر نەچچە ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇلۇشى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى شېۋە پەرقلىرىنىڭ بولۇشى قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن ئەسلىدىكى بىر ئىسىم ئۆزىنىڭ بىرقانچە خىل ۋارىيانتىنى شەكىللەندۈرگەن ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. ئالايلۇق، «مۇھەممەد = مۇھەممەت = مەھەممەت = مەممەت = مەممەت»، «ئەھمەد = ئەھمەت = ئەخمەت = ئەمەت»، «ھەمىد = خەمىت = ھېمىت»، «ۋاھىد = ۋاھىت = ۋايىت = گايىت»، «مەھمۇد = مەھمۇت = مەخمۇت = مامۇت» دېگەنگە ئوخشاش. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس بولغان كىشى ئىسىملىرىنى ئاتاش ئادىتى بولۇپ، بۇ خىل ئادەت تۈپەيلىدىن ئەسلىدىكى بىر ئىسىمنىڭ بىرقانچە خىل شەكلى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، «مامۇت = مامۇتۇم = مامۇتۇف = مامۇتى = مامۇتۇق = مامۇق = مامۇتەك»، «خوجا = غوجا = غوجى = غوجەك = غوجەش = غوجاق»، «ئەبەيدۇللا = ئەبەيدۇل = ئەبەي» دېگەندەك.

دېمەك، كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى توغرا شەرھلەش ئالدى بىلەن كىشى ئىسىملىرى ئىلمىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىنى ئۇنۇملۇك

ئېلىپ بېرىش، ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى توغرا شەرھلەش، سۆز مەنىلىرىنى توغرا ئىزاھلاش قاتارلىقلارمۇ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ئوبدان ئۆگىنىش ۋە ياخشى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۆتكەل چىڭ تۇتۇلمىسا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى كۆرسىتىش ۋە مەنىسىنى ئىزاھلاشتا، بەزىبىر خاتالىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يول قويۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر «ھۆرۈلىقا» دېگەن ئىسىمنى «ئېشەكنىڭ توقۇمى» دەپ، «ئەختەم» دېگەن ئىسىمنى «بالدۇرراق تۇغۇلغۇچى» دەپ ئىزاھلىغان («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىلى 3 ـ سان 110 ـ بەت). بۇ ئىسىملارنى ئۇنداق ئىزاھلاش پۈتۈنلەي خاتا. چۈنكى، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەتتىكى كىشى ئىسىملىرى ئادەتتە شۇ مىللەت خەلقلىرى ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا ئەقىدە قىلىپ كېلىۋاتقان مەنىۋى ئېتىقادنى، ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ئارزۇلىرىنى، ياخشى تىلەكلىرىنى، بۈيۈك ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئىجابىي مەنىلىك سۆزلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىمۇ خۇددى شۇنداق. بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە «ئېشەكنىڭ توقۇمى» ياكى «بالدۇرراق تۇغۇلغۇچى» دېگەن مەنىدىكى سۆزنى ئىسىم قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە «ھۆرۈلىقا» بىلەن «ئەختەم» دېگەن سۆزلەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن باشلاپ قوللىنىلىۋاتقان ئىسىملار بولۇپ، «ھۆرۈلىقا»نىڭ ئېتىمولوگىيەسى «ھۆرلىقا» بولىدۇ. ئۇ «پەرىزات» مەنىسىدىكى «ھۆر» سۆزى بىلەن «ئۇچرىشىش، كۆرۈشۇش» مەنىسىدىكى «لىقا»دىن تۈزۈلگەن بىرىككەن ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «پەرىزات بىلەن ئۇچراشقان، گۈزەل، ساھىبجامال» دېگەن بولىدۇ. «ئەختەم»نىڭ

ئېتىمولوگىيەسى «ئەھەد ـ ئەخەت ـ ئەخەتەم ـ ئەختەم» بولىدۇ. بۇ يەردىكى «ئەم // ـم» بولسا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئەركىلەتمە شەكلىنى ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئەھەد» دېگەن ئەسلىي شەكلى بولسا «بىر، بىردىنبىر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ياخشى ئىگىلىگەندە، ئۇيغۇر كىشى ئىسىمشۇناسلىقىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ياخشى ئۆگەنگەندە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئايال كىشى ئىسىملىرىدا قوللىنىلىۋاتقان «راھىلە، رامىلە، مەشۇرخان» دېگەن سۆزلەر مەنىسىنىڭ ھەرگىزمۇ بەزىلەر ئىزاھلاپ كۆرسەتكەندەك «يۈك ئارتىلغان تۆگە»، «تۇل خوتۇن»، «ئۆلۈپ تىرىلگەن ئايال» دېگەن مەنىدە بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى «چىدامىلىق»، «بىلگۈچى»، «ئالاھىدە بېغىشلانغان» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققىلى بولىدۇ.

## §3 . ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

### 1 . ئۇيغۇرلاردا ئات قويۇش ئادىتى

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ كىشى ئىسىملىرى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ ئەمەلىيەتتە شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىنى مۇئەييەن ئالاھىدىلىك بىلەن ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئەينەك بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا شۇ مىللەتنىڭ تارىختىكى دىنىي ئېتىقادى، ئۆزىگە خاس ئۆرپ ـ ئادىتى، دۇنيا قارىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى، تۇرمۇش پەلسەپىسى قاتارلىقلارنى نامايان قىلىدىغان كونكرېت مەزمۇنلار جانلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا، شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى

قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان ۋە مەزكۇر دىنلار باش بولغان مەدەنىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن ئۇچراشقان. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئاشۇ خىل تۈرلۈك دىنلار ۋە ئۇلار شەكىللەندۈرگەن ئەقىدە ھەمدە تۇرمۇش قاراشلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا ئىپادىلىنىپ تۇرغانلىقىنى ئېنىق بايقايمىز.

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ ئادەمگە ئىسىم قويۇش بىر خىل مۇراسىم تۈسىنى ئالغان بولۇپ، بۇ مۇراسىم قەدىمكى زامانلاردا «كۆدەن» (بالىغا ئات قويۇش زىياپىتى) دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئات (ئىسىم) قويۇش ئادىتى بويىچە بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈنگىچە (ھازىر بەزى رايونلاردا يەتتە كۈنگىچە) ئات (ئىسىم) قويۇش رەسمىيىتى بېجىرىلىدۇ. ئات قويۇشتا ئومۇمەن بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يۇرت ـ مەھەللە ئاقساقاللىرى ياكى ئىمام ـ مەزىنلەرنى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىچىدىكى ياشانغانلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدۇ. ئات قويۇشقا تەكلىپ قىلىنغۇچى كىشى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقى بويىچە بالىنىڭ قۇلىقىغا ئەزان چىللاپ «ئېتىڭىز (ئىسمىڭىز) × × × بولسۇن» دەپ، بوۋاقنى جايناماز ئۈستىگە دومىلىتىدۇ، ئاندىن يەنە قولىغا ئېلىپ ئېتى (ئىسمى)نى مۇبارەكلىگەندىن كېيىن دادىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. ئات (ئىسىم) قويۇش رەسمىيىتىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە قولۇم ـ قوشنىلاردىن بىرقانچە كىشى چاقىرىلىدۇ.

**2 . ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى**

1) دەۋر ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇرلاردىكى كىشى ئىسىملىرىنى شۇ ئىسىملار بارلىققا

كەلگەن تارىخىي دەۋرلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

بۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى زامانلاردا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان كىشى ئىسىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئىسىملار مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، قەدىمكى تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ سۆزلۈكىگە خاس سۆزلەر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاساسى قىلىنغان. مەسىلەن، كۆلتېكىن، پانتېكىن، ئارسلان، تاش، تۆمۈر، سۈپۈرگە، چاۋا دېگەندەك ئىسىملار.

ئىككىنچى، قەدىمكى تەبىئەت ئېتىقادى ۋە توتېم ئېتىقادى ئاساسىدا ئىسىم قويۇش. مەسىلەن، كۈن (كۈنتۇغدى، كۈنخان)، ئاي (ئايتولدى، ئايخان)، يۇلتۇز، دېڭىز، كۆك، تاغ، چولپان، قۇت (بەخت)، بۆكە، يولۋاس دېگەندەك ئىسىملار، ئۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «بەگ»، «قاغان، خاقان، خان»، «تېگىن، تېكىن» دېگەندەك تىل تەركىبلىرى ئۇلانغان.

ئۈچىنچى، ئىسىم قويۇلغۇچىنىڭ كەلگۈسىدە باتۇر، ئىرادىلىك، قەيسەر، جاسارەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن شۇ خىل خۇسۇسىيەتلىك نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ ئىسىم قويۇش. مەسىلەن، چىنتۆمۈر، قىلىچ، لاچىن، قاپلان، بۇغرا، ئالىپ (ئالىپ تېكىن)، تۇڭا (ئالىپ ئەر تۇڭا — يولۋاسنى يەڭگۈچى باتۇر) قاتارلىقلار.

تۆتىنچى، ئىسىم قويۇلغۇچىنىڭ كەلگۈسىدە ياخشى خۇلقلۇق، گۈزەل تەبىئەتلىك، چىراي - رۇخسارلىق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن شۇ خىل خۇسۇسىيەتلىك نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ ئىسىم قويۇش. مەسىلەن، ئارىغ (پاكىز)، چەچەك (چېچەك)، يىدلاغ (خۇش پۇراق)، چاياتقىر

(ئۇياتچان، هايالىق)، سىلىق (مۇلايىم)، تۈزۈن (تۈز، مۇلايىم) دېگەنگە ئوخشاش.

بەشىنچى، بالا تۇغۇلغان مەزگىلدە كۆزگە چېلىقتان ۋە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشكەن نەرسىلەرنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن شۇ نەرسىلەرنىڭ ئېتىنى ئادەمگە ئىسىم قىلىپ قويۇش. مەسىلەن، تىكەن (تىكەنباي)، ئىتباي، دەريا، قوتازباي، ئورمان (ئورمانبەك، ئورمانجان)، تاي (نۇرتاي)، سامساق، تۇر، ئالتۇن، كۈمۈش، كېپەك، پالتا، كەكە قاتارلىقلار.

ئومۇمەن، بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن كىشى ئىسىملىرى ئاددىي، چۈشىنىشلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

(2) ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كىشى ئىسىملىرى دېگىنىمىز، ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنىنى ئەڭ دەسلەپ قوبۇل قىلغان ئادەم — ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ساتۇق بۇغراخان ئۆزىگە «ئابدۇلكەرىم» (كارامەتلىك ئاللانىڭ قۇلى) دەپ مۇسۇلمانچە ئات قويغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ۋە قوللىنىلغان ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ دەۋردىكى كىشى ئىسىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئىسىم قويۇش ئادىتىدىن پۈتۈنلەي چەتلەپ كەتكەن بولماستىن، بەلكى قەدىمكى ئىسىم قويۇش ئەنئەنىسى ئاساسىدا كىشى ئىسىملىرى تېخىمۇ كۆپ خىللىققا قاراپ تەرەققىي قىلغان. بۇ دەۋردىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن ئىسىملار يەنىلا تۈپ ئىسىملىك رولىنى يوقاتمىغان. مەسىلەن، تۇغ (تۇغلۇق)، ئوغۇز (ئوغۇزخان)، ئاي (ئايخان)، تۇر (تۇران)، تۇراق، توختى (توختاش)، بوساق، تارخان

دېگەندەك.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر تىلىغا خاس ئىسىملارغا باشقا تىللار (ئەرەب ـ پارس تىللىرى)دىن كىرگەن ئىسىملارنى قوشۇپ ئىسىم قويۇش ھادىسىسى شەكىللەنگەن. مەسىلەن، تۇرسۇنمۇھەممەت، مۇھەممەتتۇردى (مەمەتتۇردى، مەتتۇردى) توختىغازى، خۇدا بەردى، ئىگەمبەردى، تۇرسۇنپاشا، مىھرىئاي، شىرىنئاي، ئاينۇر دېگەندەك.

ئۈچىنچى، بۇ دەۋردە ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇلماي، ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىكى شەكلىگە ئوخشاش قوللىنىلغان. مەسىلەن، مۇھەممەد، مەھمۇد، ئەھمەد، سەمەد، فاتىھە، فاتىمە، فازىل، فەزىلەت، تالىب، سالىھ، سەلىم، كەرىم، دەۋلەت، ھۇسەيىن، ئوبەيدۇللا، كەمال، جەمال، سەتتار، جەففار، بەھائۇددىن، نۇرۇددىن، ئابدۇلھەمىد، ئابدۇلھەكىم، قەمەرۇددىن، سەيفۇددىن دېگەنگە ئوخشاش.

تۆتىنچى، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا، ئەرەب ئەنئەنىسى بويىچە كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ئىبن» ياكى «بىن < بن» سۆزى قوشۇپ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، مەھمۇد ئىبنى ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ياكى مەھمۇد بىنى ھۇسەيىن بىنى مۇھەممەد؛ ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇغ ياكى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد بىنى تارخان بىنى ئۇزلۇغ دېگەندەك.

(3) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى دېگەندە 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىن قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان، ئىغىزدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان، يېزىقتا ئاساسەن تۇراقلاشقان

ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى قەدىمكى ساپ ئۇيغۇرچە كىشى ئىسىملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، ئەرەب تىلىدىن كىرگەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئومۇمەن ئەسلىي شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە يەنى ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە بويسۇندۇرۇلغان، ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇرلۇك تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىگە ئۇچراپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپپۇزىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇيغۇرچىلاشقان. مەسىلەن:

| ئەسلىي شەكلى | ئۆزگەرگەن شەكلى |
|---|---|
| سەلىم | سېلىم |
| ئەمىر | ئىمىر |
| كەرىم | كېرىم |
| جەلىل | جېلىل |
| ھەمىد | ھىمىت، يىمىت |
| كەمال | كامال |
| جەمال | جامال |
| جەففار | جاپپار |
| قەھھار | قاھار، قاخار |
| سەتتار | ساتتار |
| غەفۇر | غوپۇر |
| سەيفۇددىن | سەيپىدىن |
| نەسرۇددىن | نەسرىدىن |
| سەدرۇددىن | سەدرىدىن، سەدىردىن |
| بەھائۇددىن | باھاۋۇدۇن، باۋۇدۇن |

| | |
|---|---|
| زىيائۇددىن | زىياۋۇدۇن |
| زەھىرۇددىن | زورۇدۇن، زوردۇن |
| ئابدۇلقادىر | ئابدۇقادىر |
| ئابدۇلكەرىم | ئابدۇكېرىم |
| ئابدۇلھەمىد | ئابلىمىت |
| ئابدۇلھەفىز | ئابلىپىز |
| ئابدۇلئەزىز | ئابلىز |
| ئابدۇلئەھەد | ئابلەھەت، ئابلەخەت، ئابلەت |
| سەمەد | سەمەت |
| داۋۇد | داۋۇت |
| رەجەب | رەجەپ |
| قابىل | قاۋۇل |
| فەرىدە | پەرىدە |
| مۇستەفا | مۇستاپا |
| يارى مۇھەممەد | يارمۇھەممەت، يارمەمەت |

ئىككىنچى، دەۋر روھىغا خاس يېڭى كىشى ئىسىملىرى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئۇچقۇن، ئۆتكۈر، ئۆركەش، يالقۇن، كۈرەش، نېلۇپەر، جەسۇر، باتۇر، ئازاد، دۆلەت، ئىسلاھات، مەدەنىيەت دېگەندەك.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىخچاملىققا، مەنە جەھەتتە ئېنىق بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

2) يەرلىك ئالاھىدىلىك

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ھەرقايسى رايونلاردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى دەۋر ئالاھىدىلىكى، جىنس ئالاھىدىلىكى، قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى، مەنە ئالاھىدىلىكى، تىل تەۋەلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە زور دەرىجىدە ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بەزى جەھەتلەردە يەنە ئۆزگىچىلىكلەرگىمۇ

ئىگە. بۇ ئۆزگىچىلىكلەر ئومۇمەن تۆۋەندىكى ئىككى جەھەت بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ:

بىرى، ھەرقايسى جايلاردا ئورتاق قوللىنىلىدىغان كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالدى ياكى كەينىگە بەزى تىل تەركىبلىرى ياكى بەزى قوشۇمچىلارنى قوشۇپ ئىشلىتىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەسىلەن:

خوتەندە ئەرەنچە ئىسىملارنىڭ ئالدىغا «مۇھەممەد»نىڭ قىسقارتىلغان شەكلى «مەت»نى قوشۇپ ئىشلىتىش ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان. ئالايلۇق، مەتروزى، مەتقاسىم، مەتتۇرسۇن، مەتتوختى، مەتنىياز دېگەندەك.

ئاتۇش ۋە قەشقەردە، بولۇپمۇ ئاتۇشتا ئەرەنچە ئىسىملارنىڭ كەينىگە «ھاجى» سۆزىنى قوشۇپ ئىشلىتىش كەڭ ئومۇملاشقان. مەسىلەن، روزىھاجى، مەمەتھاجى، تۇرسۇنھاجى، سەمەتھاجى، قادىرھاجى دېگەندەك.

كۇچادا ئەرەنچە ئىسىملارنىڭ كەينىگە «قارى» سۆزىنى قوشۇپ ئىشلىتىش كەڭ ئومۇملاشقان. مەسىلەن، توختىقارى، روزىقارى، ھوشۇرقارى، ئۆمەرقارى دېگەندەك.

غۇلجىدا ئەرەنچە ئىسىملارنىڭ ئالدى ياكى كەينىگە «يار < يارى»، «مىر»، «مىرزا»، «شىر»، «نۇر»، «زات»، «تۇر»، «خال»، «تاش»، «تاي» دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ ئىشلىتىش باشقا رايونلارغا نىسبەتەن كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، يارمەمەت < يارمۇھەممەد، زۇليار، دىليار، بەختىيار، توختىيار، مىرھايات، مىرقەدەم، مىرئەلى، مىركامىل، مىرزەكبەر< مىرزائەكبەر، مىرزەخمەت< مىرزائەخمەت، شىرمەمەت، شىرئەلى، شىرمۇسا، شىربەكرى، نۇرشات، نۇرسۇلتان، نۇرپولات، نۇرئەخمەت، ئىلزات، ئەلزات، خانزات، تايىرزات، تۇرمەمەت، تۇرئەلى، تۇرئالىم، تۇرئەخمەت، خالمەمەت، خالنۇر، خالىدىن، خالرېشىت، تاشمەمەت، تاشمۇسا، تۇرسۇنتاش،

ئەركىنتاش تۇرسۇنتاي، نۇرتاي، ئامانتاي دېگەندەك.

غۇلجىدا ئايالچە ئىسىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىغا «بۇۋى» سۆزى، ئاندىن قالسا «بان (ۋان) ۋە «زۇل» سۆزلىرى قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، تۇرانبۇۋى، راھەتبۇۋى، رەنابۇۋى، تۇرسۇنبۇۋى، گۆھەربۇۋى، ئەختەربۇۋى، نۇربان، شەمشىبان، شەھەربان، گۆھەربان، گۇلبان، غۇنچىبان، زۇلھايات، زۇلخۇمار، زۇلباھار، زۇلپىئاي دېگەندەك.

غۇلجىدا يەنە «ئا» بىلەن ئاخىرلاشقان ئەرەنچە ئىسىملارغا ۋە «ئە» بىلەن ئاخىرلاشقان ئايالچە ئىسىملارغا «ـم» (بۇ قوشۇمچە ئەسلىي ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى بولۇپ، ئىسىملارغا ئۇلانغاندىن كېيىن ھۆرمەتلەش، يېقىنلىق، ئەركىلىتىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ)نى قوشۇپ ئىپادىلەش ئادىتىمۇ بار. بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىمۇ باشقا رايونلاردا كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، غۇلجىدا ئىسىملارنى قىسقارتىپ ئەركىلەتمە ئىسىم ھاسىل قىلىش ئادىتىمۇ بار. مەسىلەن:

| ئەسلىي | قىسقارتىلغىنى |
|---|---|
| ھەبىبۇللا | ھېبى |
| زىبىبۇللا | زىبى |
| نۇرۇللا | نۇرۇل، نۇر، نۇرى |
| رەخىمجان | رەخى |
| سېتىۋالدى | سېتە، سېتى |
| خالىدىن | خال |
| خالمۇرات | خالى |
| يارمۇھەممەت | يارى، يار |

يەنە بىرى، بىر قىسىم كىشى ئىسىملىرىنىڭ بەزى

www.uyghurkitap.com

رايونلاردا باشقا رايونلارغا نىسبەتەن كۆپ تەكرارلىنىدىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەسىلەن، قۇمۇلدا ئەرەنچە ئىسىملار ئىچىدە «ئىسكەندەر»، «ئىساق» دېگەن ئىسىملار، ئاياللارچە ئىسىملار ئىچىدە «ئايشەم» دېگەن ئىسىم كۆپ كۆرۈلىدۇ. تۇرپاندا ئەرەنچە ئىسىملار ئىچىدە «ئەخمەت» دېگەن ئىسىم كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئاقسۇ رايونىدا «نىياز، تۇنىياز، توختى» دېگەندەك ئىسىملار كۆپ كۆرۈلسە، قەشقەردە «مەمەت» ئىسىملىكلەر كۆپ كۆرۈلىدۇ. غۇلجىدا «تاشمەمەت، تاشپولات، يارمەمەت، نۇرتاي» ئىسىملىكلەر كۆپ كۆرۈلىدۇ.

3) جىنس ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى ئايرىم بولۇشتەك جىنس ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى جىنس ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

(1) كۈچ ـ قۇدرەتنى، باتۇرلۇقنى نامايان قىلىدىغان سۆزلەر ئومۇمەن ئەرلەر ئىسىملىرىدا قوللىنىلسا (مەسىلەن، شىر، ئارسلان، باتۇر، قەھرىمان، قادىر، قۇدرەت، يولۋاس، پولات ...)، قەلب، چىراي، تەقى ـ تۇرق جەھەتتىكى گۈزەللىكنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئومۇمەن ئاياللار ئىسىملىرىدا قوللىنىلىدۇ. (مەسىلەن، دىلنۇر، گۇلزىرە، گۈزەل، دىلخۇمار، نىلۇپەر، شىرىنئاي، مېھراي، نۇرگۇل ...)

(2) «جان، باي، بەگ، تاي، ئاخۇن، ھاجى، قارى، غازى، قازى» دېگەندەك تىل تەركىبلىرى ئادەتتە ئەرلەر ئىسمىغا ئۇلىنىپ كەلسە (مەسىلەن، تۇرسۇنجان، مۇساباي، پاساربەگ، نۇرتاي، توختىئاخۇن، تۇرسۇنھاجى، ھوشۇرقارى ...)، «خان، گۈل، قىز، ئاي، نىسا، پاشا، بۇۋى، نۇر» دېگەندەك تىل تەركىبلىرى ئاياللار ئىسمىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ (مەسىلەن، توختىخان، ئايىمقىز، تۇرسۇنگۇل، گۈزەلئاي، قەمبەرنىسا،

گۈلپاشا، تۇرسۇنبۈۋى، پاشانۇر، ئايگۈل، ئايقىز، دىلنۇر، گۈلخان ... )

(3) ئەرەبلەردە ئاياللارنىڭ ئىسملىرى ئومۇمەن ئاياللىق جىنس قوشۇمچىسى «ـە» نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئەرلەر ئىسمىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. بۇ خىل پەرقلەندۈرۈلگەن ئەر - ئايال ئىسملىرى ئۇيغۇرلاردىمۇ ئوخشاشلا پەرقلەندۈرۈپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەرلەر ئىسملىرى | ئاياللار ئىسملىرى |
|---|---|
| ئابىت < ئابىد | ئابىدە |
| كېرەم <كەرىم | كەرىمە |
| ھېمىت<ھەمىد | ھەمىدە، ھېمىدە |
| ھېلىم <ھەلىم | ھەلىمە، ھېلىمە |
| ھېكىم<ھاكىم | ھەكىمە |
| لېتىپ <لەتىف | لەتىپە، لېتىپە |
| شېرىپ <شەرىف | شەرىپە |
| شەۋقى | شەۋقىيە |
| رېھىم، رەخىم، رەخى< رەھىم | رەھىمە، رەخىمە |
| كامىل | كامىلە |
| ئادىل | ئادىلە |
| ئاسىم | ئاسىمە |
| ئازاد | ئازادە |
| سەلىم | سەلىمە |
| خالىد | خالىدە |

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يۇقىرىقىدەك جىنس پەرقىنى ھېسابقا ئالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇيغۇرلار ئەرەب - پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنى كىشى ئىسمى قىلىپ

قويۇشتا ئومۇمەن شۇ ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىكىگە ئوخشاش قوللىنىدۇ، يەنى ئەرەب ـ پارس تىللىرىدا ئۇلارغا قوللىنىلىدىغان ئىسىملار ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئۇلارغا قوللىنىلىدۇ، ئەرەب ـ پارس تىللىرىدا ئاياللارغا قويۇلىدىغان ئىسىملار ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئاياللارغا قوللىنىلىدۇ.

4) قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن بىر تەركىبلىك ئىسىملار، قوش تەركىبلىك ئىسىملار ۋە كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) بىر تەركىبلىك ئىسىملار

بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن ئىسىملار بىر تەركىبلىك ئىسىملار كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

بىر تەركىبلىك ئىسىملارنى ئۆز ئىچىدىن يەنە تۈپ سۆزلۈك كىشى ئىسىملىرى، ياسالما سۆزلۈك كىشى ئىسىملىرى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

① تۈپ سۆزلۈك كىشى ئىسىملىرى دېگىنىمىز، پەقەت بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن، ھېچقانداق قوشۇمچە تەركىب قوشۇلمىغان ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، چولپان، ئارسلان، شېرىن، نىگار، جۈرئەت، تۆمۈر، پولات، جاسارەت، كۈرەش ...

② ياسالما سۆزلۈك كىشى ئىسىملىرى دېگىنىمىز، مۇستەقىل مورفېمىغا ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۆتكۈر، ئۇچقۇن، نۇرسىمان ...

(2) قوش تەركىبلىك ئىسىملار

ئىككى مۇستەقىل مورفېمىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان كىشى ئىسىملىرى قوش تەركىبلىك ئىسىملار دەپ

ئاتىلىدۇ. قوش تەركىبلىك ئىسىملارنى تەركىبىدىكى مۇستەقىل مورفېملارنىڭ باغلىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

① مۇستەقىل مورفېملارنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قوش تەركىبلىك ئىسىملار. مەسىلەن، داۋۇتنىياز، روزىباقى، توختىنىياز، سۇلتانقادىر، خوجائەخمەت، تاشپولات، ئېلىنىياز، مىرسۇلتان، مۇھەممەتتۇرسۇن، مۇھەممەتتۇردى ...

② تەركىبىدىكى مۇستەقىل مورفېملارنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قوش تەركىبلىك ئىسىملار. مەسىلەن، گۈزەلنۇر، ئەلانۇر، نۇرجامال، ئايجامال، ئاقنىياز، تۇرسۇنجان، ئاينۇر، توختىھاجى، تۇرسۇنبۈۋى، ئايقىز، ھوشۇرقارى، گۈلنىسا، شېرىنئاي ...

③ تەركىبىدىكى مۇستەقىل مورفېملارنىڭ ئىگە ــ خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قوش تەركىبلىك ئىسىملار. مەسىلەن، يولبولدى، تويبولدى، قەلبىنۇر، قەلبىگۈل، ئىگەمبەردى، خۇدابەردى ...

(3) كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار

ئىككىدىن ئارتۇق مۇستەقىل مورفېمىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان كىشى ئىسىملىرى كۆپ تەركىبلىك ئىسىم كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، تۇرھاجىخان، نۇرمۇھەممەت ئېلى، مۇھەممەترېھىم ھاجى، ئەمىرنىساخان ...

5) مەنە ئالاھىدىلىكى

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇئەييەن مەنىسى بولىدۇ. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى مەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياشاش شارائىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئۆرپ ــ ئادىتى ۋە تارىخىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭدىكى

تۇرلۇك مەنىلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ پاك روھى دۇنياسى، ئالىيجاناب خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتلىرى، يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

(1) قەدىمكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكى

① قەدىمكى بەزى ئىسىملاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش ئېڭى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئارتۇن (زىرە)، يانداق (يانتاق)، چېچەك (گۈل)، ئاسغۇ (مارجان)، ئاقىن (كەلكۈن)، تەڭىز (دېڭىز)، كۆل، كۆك (ئاسمان)، كۈن، يەغمۇر (يامغۇر)، ياشىن (چاقماق)، بۇيان قار (بەخت ياغدۇرغۇچى قار)، تەمۇر (تۆمۈر)، كۈمۈش، تاش دېگەنلەرگە ئوخشاش.

② يەنە بەزى ئىسىملاردا ئۇلارنىڭ ھايۋانلار، قۇشلارنى ئۇلۇغلاش ئادىتى ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، ئادغىر (ئايغىر)، ئەركەچ (تېكە)، بۇغ، بۇقا، بارس (يولۋاس)، ئارسلان، بۇغرا (ئەركەك تۆگە)، بۇتۇق (بوتىلاق)، بۆرە، قاچىغار (قوچقار)، توڭا (قاپلان)، ئارقار (ياۋا قوي)، قۇنتۇز (قۇندۇز)، سۇڭقۇر (شۇڭقار)، بۇركۇت، سار دېگەنلەرگە ئوخشاش.

③ قەدىمكى ئۇيغۇرلار مىللەت ۋە قەبىلە ناملىرىنى، ئۇلارنىڭ بەلگىلىرىنى، تۇرلۇك ئۇنۋان، ئەمەل ناملىرىنى پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قىلىش ئارقىلىق، ئۆز قوۋمىغا، ئۆز يولباشچىلىرىغا سادىق بولۇش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، ئارقىش (خەۋەرچى)، ئارامۇت (قەبىلە نامى)، ئىنال (مەرتىۋە نامى)، ئىلتەبەر (ئەمەل نامى)، بارغۇت (قەبىلە نامى)، تۇرك (مىللەت نامى)، چارۇق (قەبىلە نامى)، چۇمۇل (قەبىلە نامى)، چىگىل (قەبىلە نامى)، باسمىل (قەبىلە نامى)، چۇۋى (ئۇنۋان نامى)، ساغۇن (ئۇنۋان نامى)، قۇغۇرسۇ (قەبىلە نامى)، يۇغرۇش (ئەمەل نامى) دېگەندەك.

④ ئۇلار قەدىمكى كۆپلىگەن ئىسىملاردا جەڭلەردىكى

باتۇرلۇق، قەھرىمانلىقنى، ئەلنى يېتەكلىگۈچى خان ـ سەركەردىلەرنىڭ، شاھزادىلەرنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى، جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىشتەك جەڭگىۋار خىسلەتلىرىنى مەدھىيىلىگەن ۋە ياد ئەتكەن. مەسىلەن، ئارسلان تېكىن (ئارسلاندەك باتۇر شاھزادە)، چىگىل ئارسلان (چىگىللارنىڭ ئارسلانى)، ئالىپ ئەرتوڭا (قاپلاندەك باتۇر ئەر)، ئالىپ تېكىن (باتۇر شاھزادە)، ئالپاغۇت (يېڭىلمەس قەھرىمان)، ئەربۆكە (باتۇر ئەر)، بەگ بۇقا (بۇقىدەك كۈچلۈك ئەر)، ئېل قۇتادمىش (ئەلنى بەختىيار قىلغان)، ئېل ئەتمىش (دۆلەت قۇرغان)، بۆكەخان (باتۇرخان)، تۇتۇش (سوقۇش، ئۇرۇش)، قاراخان (ئۇلۇغ، كاتتا خان)، ئېل ئىنانچ (ئەلنىڭ ئىشەنچلىك تىرىكى)، ئۇتۇش (ئۇتقان)، ئۇدغۇرمىش (ئويۇشقان، غەلىبە قىلغان) دېگەندەك.

⑤ قەدىمكى ئۇيغۇرلار يەنە ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەت، ياخشى نىيەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان نۇرغۇن ئىسىملارنى قوللانغان. مەسىلەن، ئاسقىن (ئېسىل)، ئاغىر (قەدىرلىك)، ئامۇل (تەمكىن)، ئايسىلىگ (ئايدەك پاك)، ئەدگۈ ئەر (ياخشى ئەر)، ئەدگۈ ئۆگلى (ياخشى نىيەتلىك)، ئەردەم (ئەدەپ ـ ئەخلاق)، ئىل ئەردەم (خەلقپەرۋەر)، بەرك (كۈچلۈك)، بەكرىش (مۇستەھكەم)، ئۆتكۈر (كەسكىن)، ئەسەن (ساغلام)، ئۇزاغۇت (چېۋەر) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

⑥ قەدىمكى كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە بىلىم، بەخت، ئارزۇ مەنىسىدىكى ئىسىملارمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، بىلىك (بىلىم)، بىلگە (ئاقىل، دانىشمەن)، كۆل بىلگە (بىلىملىك، ئەقلى كۆلدەك)، قۇتلۇغ (بەختلىك)، قۇتلۇغ تېكىن (بەختلىك شاھزادە)، قۇتلۇغ ئوغۇل (بەختلىك ئوغۇل)، كۆزۈش (ئارزۇ، ئۈمىد)، كۆسەنچ (ئارزۇ، تىلەك)، مۇڭسۇز (غەم ـ قايغۇسىز)،

www.uyghurkitap.com

ئىنچ بەگ (خاتىرجەم ئەر) دېگەندەك.

⑦ قەدىمكى بەزى ئىسىملاردا شۇ چاغدىكى دىنىي ئېتىقادمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، ئالتىنا (بۇت)، ئاچارى (تەخسىر، ھەزرەت)، باقشى (موللا، ئۇستاز)، بۇرخان قۇلى (بۇددانىڭ قۇلى)، نوم قۇلى (دىن قۇلى)، تەڭرىلى (خۇداگۇي، مۆمىن)، تەڭرى تۇغمىش (خۇدا ياراتقان)، تويىن (راھىب)، تويىن قۇلى (راھىبنىڭ قۇلى)، قارا تويىن (چوڭ راھىب) دېگەندەك.

(2) ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇرلار بۇ دەۋردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئومۇمەن مۇنداق نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

① ئاللانىڭ تۇرلۇك سۈپەتلىرى كىشى ئىسمى قىلىپ قوللىنىلغان. مەسىلەن، خالىق (ياراتقۇچى)، سەمى (ئىشىتكۈچى)، غوپۇر (ئەپۇ قىلىش)، قادىر (قۇدرەت ئىگىسى)، ئابدۇلكەرىم > ئابدۇلكېرىم > ئابدۇكېرىم (كارامەتلىك ئاللانىڭ قولى)، نەجمىدىن (دىنني يورۇتقۇچى يۇلتۇز)، پەيزۇللا (خۇدانىڭ پەزىلەتلىك بەندىسى)، نايىپ (نامازغا دالالەت قىلغۇچى) دېگەندەك.

② مالائىكلەر (پەرىشتىلەر)نىڭ ئىسمى كىشى ئىسمى قىلىپ قوللىنىلغان. مەسىلەن، مىكائىل، ئىسراپىل دېگەندەك.

③ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتلىرى ئىسىم قىلىپ قوللىنىلغان. مەسىلەن، داۋۇت، ئىدرىس، مۇسا، ياقۇپ، ئەيسا، ئىلياس، يۇسۇپ، سۇلايمان، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، مۇھەممەت دېگەندەك.

④ چاھاريارلارنىڭ ئاتلىرى ئىسىم قىلىپ قوللىنىلغان.

مەسىلەن، ئاباقېكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى > ئېلى دېگەندەك.

⑤ مۇقەددەس ئانىلارنىڭ ئاتلىرى ئىسىم قىلىپ قوللىنىلغان. مەسىلەن، ھاۋا (ھاۋا ئانام)، خەدىچە (بۇۋىخەدىچە)، سارە، مەريەم، پاتىمە (بۇۋىپاتىمە)، بۇئايشەم دېگەندەك.

⑥ دىنىي مەزھەپ ۋە دەرىجەناملىرى ھەمدە «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە (ئايەت) ناملىرى ئىسىم قىلىپ قوللىنىلغان. مەسىلەن، موللا، داموللا، ئىشان، سوپى، بۇۋى، ئاغىچا، ئىمام، غازى، ياسىن دېگەندەك.

⑦ ئىسلام كالېندارىدىكى ئاي، پەسىللەر ۋە يۇلتۇز ناملىرى كىشى ئىسمى قىلىپ قوللىنىلغان. مەسىلەن، شەمسىيە، قەمەرىيە، قەمەرىدىن، رامىزان، رەجەپ، سەپەر، قەمەر، زۇلھەججە، مۇھەررەم، ماھى (ماھىگۇل)، نىسا، چولپان، باھار، نورۇز، روزا، ھېيت، قۇربان، ھوشۇر، بارات دېگەندەك.

⑧ تارىختا ئۆتكەن قەھرىمانلار، تارىخىي شەخسلەر، فولكلوردا يارىتىلغان تىپىك ئوبرازلارنىڭ ئاتلىرى كىشى ئىسمى قىلىپ قوللىنىلغان. مەسىلەن، ئىسكەندەر، ھارون، پەرىدون، ئارسلان، تاھىر، زۆھرە، غېرىب، سەنەم، پەرھات، شېرىن، لەيلى، ھۆرلىقا، زەينەپ، زۇلەيخا، يۇسۇپ، ئەھمەت، تومارىس، ئابۇمۇسلىم، سەئىد دېگەندەك.

⑨ مۇقەددەس جايلارنىڭ ناملىرى كىشى ئىسمى قىلىپ قوللىنىلغان. مەسىلەن، مەدىنە، مەككە، قۇددۇس، ئېھرام دېگەندەك.

⑩ دىنىي پائالىيەت ناملىرى كىشى ئىسمى قىلىپ قوللىنىلغان. مەسىلەن، ئىبادەت، ئىمانەم، جۇمە، ئازنا، سۈننەت دېگەندەك.

(3) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكى

① بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا دىنىي مەزمۇن ئەكس ئەتكۈزۈلگەن ئىسىملار يەنىلا مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، ئابدۇۋايىت <ئابدۇلۋاھىد (ئاللانىڭ بەندىسى)، ئابدۇغوپۇر<ئابدۇلغەپۇر (كەچۈرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى)، ئابدۇراخمان< ئابدۇرەھمان (مېھىر ـ شەپقەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى)، ئابدۇقادىر <ئابدۇلقادىر (ھەممىگە قادىر، ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى ئاللانىڭ بەندىسى)، مۇھەممەد (دائىم مەدھىيىلەنگۈچى)، ئەھمەد (ئەڭ مەدھىيىلىنگۈچى، بەك ماختىلغۇچى)، مەھمۇد (مەدھىيىلەنگەن)، نەبى (خەۋەرچى)، رۇسۇل <رەسۇل (ئەلچى)، مۇستاپا (خىللانغان)، ئابدۇللا (ئاللانىڭ بەندىسى)، ھەبىبۇللا (ئاللانىڭ دوستى)، ئەمرۇللا (ئاللانىڭ ئەمرى)، خەيرۇللا (ئاللانىڭ ياخشىلىقى)، لۇتپۇللا (ئاللانىڭ ئىلتىپاتى)، سالاھىدىن (دىنىنىڭ ئېسىل كىشىسى)، ئەرشىدىن (دىنىنىڭ تەختى)، غىياسىدىن (دىنىنىڭ ياردەمچىسى)، ئەنسەردىن <ئەنسەرىدىن (دىنىنىڭ ھىمايىچىسى)، ئىسلام (بويسۇنماق)، ئىبادەت (چوقۇنماق)، خەلپەت (دىنىي ئەمەل نامى)، سوپى (دىنىي مەرتىۋە نامى)، ئىشان (دىنىي مەرتىۋە نامى)، فىردەۋس (ئەڭ ئېسىل باغ) دېگەندەك.

② دىنىي مەزمۇندىكى ئىسىملاردىن قالسا، مەيلى قايسى تىلغا مەنسۇپ بولسۇن، ھۆسن ـ جامال، قەددى ـ قامەت، خۇش پېئىللىق مەزمۇن قىلىنغان ئىسىملار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاساسىي تەركىبىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئىسىملارنىڭ كۆپ تاللانغانلىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەللىكنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسىم تاللاشتا شەكىللىگىمۇ قارىغانلىقىنى، مەنىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ مەزمۇندىكى ئىسىملار تاق تەركىبلىك (بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن) بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا، «ئاي، نۇر، قۇياش، گۈل، دىل، ئاق رەڭ» قاتارلىق گۈزەل

شەيئىلەرنىڭ نامى بىلەن بىرىككەن قوشما ئىسىملار بولۇپ، جەلپ قىلىش كۈچى ئىنتايىن يۇقىرى. مەسىلەن، خۇشرۇي (گۈزەل)، زاھىيە (گۈزەل، كېلىشكەن)، زىيا (نۇر، يورۇقلۇق)، سۈمەنسا (گۈزەل)، زەبىر (پاك، چىرايلىق)، ئاققىز (ئاپپاق قىز)، ھۆسنىگۈل (ھۆسنى گۈلدەك)، ئالمىگۈل (ئالمىدەك چىرايلىق)، گۈلپەرى (گۈلدەك چىرايلىق)، ئايتولۇن (تولغان ئاي)، گۈلرۇي (گۈل چىراي)، شەمسىقەمەر (كۈن - ئايدەك)، گۈزەلنۇر (نۇردەك گۈزەل)، دىلبەر (كۆڭۈلنى تارتقۇچى)، دىلئارا (كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلغۇچى)، نۇرىقەمەر (ئاينىڭ نۇرى) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

③ ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرىدىمۇ خۇددى قەدىمكىگە ئوخشاش كۈچ - قۇۋۋەت، باتۇرلۇق، ئىرادە قاتارلىق مەزمۇنلار كەڭ ئەكس ئەتكەن ھەمدە بۇ خىلدىكى ئىسىملار كۆپ سانني تەشكىل قىلغان. دەرۋەقە، بۇ خەلقىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ كۈچلۈك، قەيسەر، باتۇر، ئىرادىلىك مىللەت بولۇشقا ئىنتىلىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىنىپلا قالماي، كىشى ئىسىملىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئەزىمەت (مۇستەھكەم ئىرادە، كۈچ - قۇۋۋەت)، قۇدرەت (كۈچ)، جۇرئەت، غەيۇر (غەيرەتلىك، باتۇر)، كۈرەش (جەڭ)، قەھرىمان، باتۇر، ئىرادە، غەلىبە، مۇزەپپەر (غەلىبە قىلغۇچى)، غالىب دېگەنلەرگە ئوخشاش.

④ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرىدا بەخت، خۇشاللىق، ساداقەت، پاكلىق ھەققىدىكى مەزمۇنلارمۇ ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. مەسىلەن، ئەسئەد (ئەڭ بەختلىك)، سەئىد (بەختلىك)، بەختىيار (بەخت يار بولغۇچى)، دىلشاد (كۆڭلى خۇش)، سائادەت (بەخت)، قۇتلۇق (بەختلىك)، خۇشدار (دائىم خۇش يۈرگۈچى)، راھەت، پاراغەت، خۇشدىل (كۆڭلى خۇش، ئوچۇق -يورۇق)، سادىق، ساداقەت، سادىق (راستچىل)، سىددىق

(سەمىمىي، چىن)، مۇخلىس (ئىخلاسمەن)، ئىسمەت (پاك،گۇناھسىز)، مەھپۇز (ساقلانغان، قوغدالغان)، ئاسىم (پاك)، مەئسۇم (گۇناھسىز، ئاسرالغان) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

⑤ بەزى ئىسىملاردا ئۇلۇغلۇق، شۆھرەت، مەرتىۋە ئەكس ئەتكەن؛ يەنە بەزىلىرىدە شاھ (پادىشاھ)، مىر (ئەمىر، ئەر)، بەگ، مىرزا(بەگ، ئۇستاز، كاتىپ، ئەپەندى)، سەييىد (خوجا، ئۇستاز)، بىبى (خېنىم) دېگەن سۆزلەر سۈپەت قىلىنىپ، ئۇلاردىمۇ پەرزەنتلەرنىڭ ئابرۇيلۇق، نامدار، كاتتا ئادەملەردىن بولۇشى ئۈمىد قىلىنغان. مەسىلەن، ئەلا (ئەڭ ئۇستۇن)، شۆھرەت (مەشھۇر بولماق)، مەرۇپ (تونۇلغان)، چوڭ، ئۇلۇغ، مۇقەددەس (ئۇلۇغ)، مۇكەررەم (ئابرۇيلۇق)، نادىر (تەڭداشسىز)، سۇلتان، شاھزادە، پاشا (پادىشاھ)، ئەزەمشاھ (پادىشاھتەك ئۇلۇغ)، مىرقادىر (كۈچلۈك ئەر)، مىركامىل (كامالەتكە يەتكەن، كامىل ئەر)، مىرزا زادە (خان بالىسى)، سەييىدزادە (خوجا ئەۋلادى)، سەييىدئەكرەم (مەرھەمەتلىك ئۇستاز)، بىبىقىز (خېنىم قىز)، بىبىئارزۇ (ئارزۇلۇق خېنىم) دېگەنلەردەك.

⑥ بىر بۆلۈك ئىسىملاردا ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىش، توغرا يولدا مېڭىش ئىرادىسى، مەدەنىيەتنى سۆيۈش، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئىقتىدارنى ئۇلۇغلاش روھى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئالىم (ئىلىم ئىگىسى)، ئىلىمنۇر (ئىلىمنىڭ نۇرى)، دانىش (بىلىملىك)، تالىب (ئوقۇغۇچى)، مۇتەللىب (ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى)، ئىرپان (بىلىم، مەدەنىيەت)، مەرىپەت (ئىلىم)، مەدەنىيەت (مەدەنىيەتلىك)، مەدىنە (شەھەر)، ئىرشاد (يول كۆرسەتمەك)، رەشىد (توغرا يول كۆرسەتكۈچى)، ھىدايەت (توغرا يول)، ئاقىل (ئەقىللىق)، ھېكمەتيار (ئىلىمنى دوست تۇتقۇچى)، دەنا (بىلىملىك، ئاقىل)، مەھدى (توغرا يول تاپقۇچى) دېگەنلەردەك.

⑦ يەنە بىر قىسىم ئىسىملار ئادىللىق، دوستلۇق، قەلب، كۆيۈم، مېھرىبانلىق قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، ئادىل، ئادالەت (ئادىللىق، قانۇن)، رەپىقەت (دوستلۇق)، دوستئالى (ئالىي ھىممەتلىك دوست)، زەمىر (كۆڭۈل، ۋىجدان)، مېھرىبان (كۆيۈمچان)، ئاتىپ (شەپقەتچى)، مېھرىگۇل (مېھرىلىك قىز)، مۇھەببەت (سۆيگۈ)، رەھىمە (رەھىمدىل ئايال)، ئىنايەت (غەمخورلۇق)، ئېھسان (ياخشىلىق) قاتارلىقلار.

⑧ ئاتا - ئانىنى ھۆرمەتلەش، قوۋم - قېرىنداشلارنى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھۆرمەت مەزمۇنىدىكى ئىسىملارمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاتا، ئاتاخان، ئابا، ئاباخان (ئاتا)، ئانا، ئانىقىز، ئانا خېنىم، ئەبۇلقاسىم (قاسىمنىڭ ئاتىسى)، ئەبۇبەكرى (بەكرىنىڭ ئاتىسى)، ئەبۇلخەيرى (خەيرىنىڭ ئاتىسى)، مۇقەررەب (يېقىن سىرداش)، ھەبىبە (يېقىن دوست)، ئۇممەت (مىللەت)، يولداش (بىر يولدا ماڭغۇچى) دېگەنلەردەك.

⑨ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە، پەرزەنتلەرنىڭ قاتارغا قوشۇلۇپ قېلىشىنى، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىنى، جېنىنىڭ مەھكەم بولۇشىنى تىلەپ قويۇلغان بىر بۆلەك ئىسىملار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئۇيغۇرچىدۇر. مەسىلەن، تۇرسۇن، تۇردى، توختى، تۇرغان؛ تاش، پولات، تۆمۈر، ئالماس؛ ياشار، ياشىزىر دېگەنلەرگە ئوخشاش.

⑩ بۇ دەۋر كىشى ئىسىملىرىدا يەنە، زېمىننى سۆيۈش، تىنچلىق، ئەمىنلىك، خاتىرجەملىك، ساغلاملىق، مېھنەت، پەخىرلىنىش، پەرزەنت خۇشلۇقى ۋە پەرزەنتنى تاتلىق نەرسىلەرگە ئوخشىتىش، ئەركىنلىك، ئازادلىققا تەلپۈنۈش قاتارلىق نۇرغۇن مەزمۇنلار يارقىن جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

مەسىلەن، زېمىنجان (زېمىن خوجىسى)، سەلىمە (ساغلام)، سالامەت (ساقلىق)، ئاسۇدە (خاتىرجەم)، سالام (تىنچلىق)، ئامان (تىنچ، خاتىرجەم)، ئىپتىخار (پەخىرلەنمەك)، خىزمەت (ياردەم ئىش)، خۇدابەردى، ئاللابەردى، خۇشكەلدى، تويبولدى؛ شىبكە (ناۋات، قەنتخان، ئەسەل (ھەسەل)، ئەركىن، ئازاد، نەجات (قۇتۇلماق)، ھۆرىيەت (ھۆرلۈك، ئەركىنلىك) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

⑪ ئۇنىڭدىن باشقا، تۇغۇلغان مەزگىل، ھېيت ـ بايرام، خاتىرە كۈنلەرنى بەلگە قىلىپ ئىسىم قويۇشمۇ بىرقەدەر ئومۇملاشقان. مەسىلەن، باھار، مايسا، ئەييام (ئايەم)، روزى، قۇربان، ئېيد (ھېيت)، رەجەب، شەئبان، رامىزان، بارات (ئاي ناملىرى)، نەۋرۇز (نورۇز) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

### 3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى يۈزلىنىش

يېڭى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىغا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشى ئىسمى سىستېمىسىدىمۇ زامانغا ماس ھالدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر بارلىققا كەلمەكتە. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، بۇرۇنقى زامانلاردا «بالىنى كۆز تېگىشتىن ساقلايدۇ، پەرزەنت چاچراپ كەتمەيدۇ، سالامەت چوڭ بولىدۇ» دېگەن كونا چۈشەنچە بويىچە قويۇلىدىغان «يانتاق، چاۋار، سۇپۇرگە، پالتا، بوسۇغا» دېگەندەك ئىسىملار تەدرىجىي ھالدا ئىستېمالدىن قالماقتا. ھازىر 30 ياشتىن تۆۋەن بولغان ياشلار، خۇسۇسەن شەھەر ياشلىرى ئىچىدە مۇنداق ئىسىملىكلەر يوق دېيەرلىك.

ئىككىنچى، ئىسىملارنىڭ ئىخچام بولۇشىنى ياقلاش

ئومۇمىيۈزلۈك خاھىشقا ئايلانماقتا. ياشلاردا خۇسۇسەن باللاردا قوش تەركىبلىك ۋە كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار تەدرىجىي ئازايماقتا. خېلى كۆپچىلىك رايونلاردىكى شەھەر باللىرى ئىچىدىن «روزىمۇھەممەتھاجى» دېگەندەك ئۈچ ئادەمنىڭ ئىسمىنى بىر ئۆزىگە قويۇۋالغان باللارنى تاپماق تەس.

ئۈچىنچى، قىزلار ئىسىملىرىدا گۈزەل، ئاڭلاشقا يېقىملىق بولۇشنى كۆزلەش ئاساسىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ، ئەرلەر ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «خان، گۈل، نىسا» سۆزلىرىنى قوشۇپلا خوتۇن ـ قىزلار ئىسىملىرىنى شەكىللەندۈرۈپ ئىشلىتىدىغان ئەنئەنە تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلاشماقتا. ھازىرقى 20 ياشتىن تۆۋەن قىزلار، خۇسۇسەن شەھەر قىزلىرى ئىچىدە «تۇخان (تۇرخان)، تۇرسۇنخان، نىيازخان، قۇۋانخان (قۇربانخان)، توختىخان، تۇدىخان (تۇردىخان)» دېگەندەك ئىسىملىكلەر ناھايىتى ئاز دېيىشكە بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئىسىملارنىڭ چۈشىنىشلىك بولۇشىنى ياقلاش بارغانسېرى ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانماقتا. كىشىلەر نېمە مەنە بېرىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى ياخشى چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنى باللىرىغا ئىسىم قىلىپ قويۇشنى تازا راۋا كۆرمەيدىغان بولماقتا. «سەدىردىن، بەدرىدىن، پەزلىدىن، زىياۋۇللا، غىياسۇللا» دېگەندەك ئىسىملارنىڭ خۇسۇسەن باللار ئىسىملىرىدا كەم ئۇچرايدىغان بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

بەشىنچى، ساپ دىنىي ئۇنۋانلارنى ئىسىم قىلىپ قويۇش ئادىتى تەدرىجىي يوقالماقتا. مەسىلەن، ئىمام، موللا، خەلپەت، سوپى، قازى، قارى دېگەندەك ئىسىملارنىڭ باللاردا ئانچە كۆرۈلمەسلىكى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

ئالتىنچى، ئەرەب ـ پارسچە ئىسىملارنى تاشلاپ، قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىن ئېلىپ ئات قويۇش خاھىشى

كۆچەيمەكتە. مەسىلەن، پانتېكىن، ئەرتېكىن، ئەلپەر (ئالىپ ئەر) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

يۇقىرىقىلار قوللاشقا، تەشۋىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئالتىپ يۈزلىنىشلەر. ۋاھالەنكى، بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى قوللىنىشىدا قىسمەن پاسسىپ رەۋىشتىكى يۈزلىنىشلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى دەپ تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە.

بىرىنچى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەركىبىدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان قوش تەركىبلىك ئىسىملاردىكى ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇزۇن، سۆرەلمىلىك ھېس قىلىپ، ئاللىقاچان قىسقارتىۋەتكەن سۆزلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يەنە ئاشۇ ئاتام زامانىسىدىكى ئۇزۇن، سۆرەلمە شەكلىگە قايتۇرۇپ ئىشلىتىش. مەسىلەن:

| بۇرۇنقى قىسقارتما شەكلى | ھازىرقى شەكلى |
|---|---|
| مەتتۇرسۇن | مۇھەممەتتۇرسۇن |
| مەتتۇردى | مۇھەممەتتۇردى |
| مەتتوختى | مۇھەممەتتوختى |
| مەترozى | مۇھەممەترozى |
| مەتىلى | مۇھەممەتئېلى |
| مەتىمىن | مۇھەممەتئىمىن |

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاندىن كېيىن، «تۇردى، توختى، تۇرسۇن»غا ئوخشاش ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماي ئۇلارنى يەنىلا ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن، پەقەت ئۇزلىرىنىڭ «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ

ئۇممىتى» بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا مەزكۇر ئىسىملارنىڭ ئالدىغا «مۇھەممەد»نى قوشۇپ، قوش تەركىبلىك ئىسىم قىلىپ ئىشلەتكەنلىكى مەزكۇر «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىمنىڭ ئاشۇ قوش تەركىبلىك ئىسىملاردا پەقەت بىر قوشۇمچە تەركىب (虚名) سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى، خالاس. شۇڭا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىستېمال ئەمەلىيىتى جەريانىدا، مۇنداق قوش تەركىبلىك ئىسىملارنىڭ ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان چېغىدا، مەزكۇر قوش تەركىبلىك ئىسىملاردىكى رەسمىي ئىسىم (真名)، يەنى ئاساسىي تەركىبنى تولۇق ساقلاپ قېلىپ، قوشۇمچە تەركىب بولغان «مۇھەممەد»نى «مەت»كە قىسقارتىپ ئاتاشنى راۋا كۆرگەن. روشەنكى، بۇ ئەقىلگە سىغىدىغان، ئاكتىپ بىر ئىجادىيەت بولغان. ۋاھالەنكى، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بۇنى كېيىنگە قايتۇرۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇشىمىز ھېچقانداق بىر ئاقىللىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، بەلكى نۇۋەتتىكى ئىسىملارنى ئىمكان بار ئىخچام قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك قاملە قوللىنىشنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇش روھىغا خىلاپ كېلىدىغان تەتۈرلۈك، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر، زىيالىيلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆز ئىسىملىرىدىكى قوشۇمچە تەركىبلەرنى ئاشلىق ھالدا ئېلىپ تاشلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ (ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر بولغان) كىشى ئىسىملىرى ئىسلاھاتىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ھەسسە قوشۇشى لازىم.

ئىككىنچى، ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كىرگەن بەزى كىشى ئىسىملىرى ئۇزاق ئىستېمال جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇلغان ياكى ئۇيغۇر تىلىدا تۈرلۈك تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىگە ئۇچراپ ئىخچاملانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھازىر كېيىنكە ياندۇرۇلۇپ، ئەرەب ـ

پارس تىللىرىدىكى ئەسلىي شەكلىگە كەلتۈرۈلمەكتە. مەسىلەن:

| ئەسلىي شەكلى | هازىرقى شەكلى |
|---|---|
| ئابدۇلرەھمان | ئابدۇراخمان |
| ئابدۇلھەكىم | ئابلىكىم |
| غەفۇر | غوپۇر |
| جەففار | جاپپار |
| ئەسئەد | ئەسەت |
| قەھھار | قاھار > قاخار |
| كەمال | كامال |
| جەمال | جامال |
| سەتتار | ساتتار |
| ئابدۇلئەزىز | ئابلىز |

ئەگەر بۇ تۈردىكى كىشى ئىسىملىرى ئەسلىگە ياندۇرۇلسا ياكى ئۇلارنى ئەسلىگە ياندۇرۇش تەشەببۇس قىلىنسا، ئاددىيسى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىخچاملىنىشىغا تەسىر يېتىپ، ئىخچام يىغىنچاق نەرسە ئۇزۇن، سوزۇلما نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، تەلەپپۇز ۋە يېزىقتا نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى ئەكېلىدۇ، مۇھىمى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرى بۇزۇلىدۇ. بىزگە مەلۇم، سۆز جۈملىدىن كىشى ئىسىملىرى بىر خىل بەلگە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بىر شەيئى جۈملىدىن بىر ئادەم سۆزدىن ئىبارەت بۇ بەلگىنىڭ ھەرقانداق بىر شەكلى بىلەن ئىپادىلەنسە بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر كىشى «قەھھار»، «قاھار»، «قاخار» دېگەن ئۈچ بەلگە (سۆز) بىلەن ئاتالسا ياكى ناملانسا، ئوخشاش بولمىغان ئۈچ ئادەمنى ئەمەس، بەلكى يەنىلا شۇ بىر ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇ ئۈچ خىل بەلگە (سۆز شەكلى) نىڭ قايسىسىنى

تاللىۋېلىشتا، يەنى ئۇنىڭ ئەرەبچىدىكى ئەسلىي شەكلىنى تاللاپ، كىشىلەرنى قىيناش يولى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىنى بۇزۇش كېرەكمۇ ياكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسىغا بويسۇندۇرۇلغان شەكلىنى تاللىۋېلىپ، كىشىلەرنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن يېزىقنى راۋانلاشتۇرۇش يولى ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى قوغداپ قېلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە، بىزچە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقىنى ھەقىقىي تۈردە قوغدىغۇچىلار ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەن كېيىنكى شەكلىنى تاللايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى، ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى «ئى» (ھازىر كىتابلاردا ئۇنىڭ سۆپەتلەشكەن «ي» شەكلى ئىشلىتىۋاتىدۇ)لەشتۈرۈش. مەسىلەن، قادىر نىيازى (نىيازىي)، سەمەت ئەخمەتى (سەمەت ئەخمەدى)، تالىپ مۇھەممەتى (تالىپ مۇھەممەدى)، كامىل نازىرى، ئەيسا نادىرى، توختى قۇربانى، تۇرسۇن دۆلەتى، تۇراق يۇنۇسى دېگەندەك.

ئەينى دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەن يەر ـ جاي ناملىرىنى «ئى» قوشۇمچىسى بىلەن سۆپەتلەشتۈرۈپ (مەسىلەن، قەشقەرى، خوتەنى، تۇرپانى دېگەندەك) ئىشلىتىشى ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇپ، «ئى»لەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئۇ ئىسىملار «قەشقەرلىك مەھمۇد، خوتەنلىك سايىت، تۇرپانلىق گايىت» دېگەندەك ئېنىق مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئەمدى ھازىرقى «قادىر نىيازى، توختى قۇربانى، تۇراق يۇنۇسى، تۇرسۇن دۆلەتى»دېگەنلەردىكى «ئى» قوشۇمچىسى قانداق مەنە بىلدۈرىدۇ؟ ئەگەر ئۇ قوشۇمچە يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش «ـ لىق // ـ لىك // ـلۇق // ـ لۈك» نىڭ مەنىسىگە ئوخشاش دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئىسىملارنىڭ مەنىسى «نىيازلىق قادىر، قۇربانلىق توختى، يۇنۇسلۇق تۇراق،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى

دۆلەتلىك تۇرسۇن» بولۇپ قالماسمۇ؟ ياكى ئۇ «ئوغلى» دېگەن مەنىدىمۇ ـ يا؟ ئەگەر شۇنداق دەپ قارالسا، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنداق مەنىدىكى قوشۇمچىنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق سەۋەنلىكلەر ۋاقتىدا تۈزىتىلىشى كېرەك.

## §4 . ئۇيغۇرلاردا لەقەم ، تەخەللۇس ، فامىلە

### 1 . لەقەم

«لەقەم» سۆزى ئەسلىي ئەرەب تىلىدىكى «لەقەب» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى «باشقا ئىسمى، باشقا ئېتى، باشقا نامى» دېگەندىن ئىبارەت. دېمەك، كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، خۇسۇسىيىتى ياكى جىسمانىي جەھەتتىكى بىرەر بەلگىسىگە ئاساسەن باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلغان باشقا نام لەقەم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، توختى بۇقا، كېرىم توقۇم، ئىمىن ناۋاي، رەقىب تۈلكە، نىياز پاتقاق، زۇنۇن سەپرا، ئايشەم سەيپۇڭ، كېرەم سەتەڭ ...

لەقەم كىشىلەرنىڭ بىرەر خۇسۇسىيىتى ياكى خاراكتېرىگە قاراپ، ھەزىل قىلىپ ياكى مەسخىرە قىلىپ بېرىلگەن قوشۇمچە نام بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ قانداقلىقى، نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى بىلىشكە ياردەم بېرىدۇ. لەقەملەنگۈچىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئەمەس، بەلكى باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلۇپ سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۈزتۇرا سورۇنلاردا كىشىلەرنى سەلبىي مەنىلىك لەقەملەر بىلەن ئاتاش ئېغىر ئېلىنىدۇ.

لەقەملەرنى قوللىنىلىش دائىرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن شەخس لەقەملىرى، جەمەت لەقەملىرى ۋە يۇرت (مەھەللە) لەقەملىرى دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. شەخس لەقەملىرى

مەلۇم بىر شەخسكىلا تەۋە بولغان، شۇ شەخس ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە باشقىلار تەرىپىدىن پەيدا قىلىنىپ، شۇ كىشىنى تونۇش ۋە باشقىلاردىن پەرقلەندۇرۇشتە ئىشلىتىلىدىغان، بەزىدە شۇ شەخس ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىگە بارغاندا ئىستېمالدىن پۈتۈنلەي چۈشۈپ قالىدىغان ياكى ئۇنىڭ ھاياتىغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدىغان لەقەملەرنى كۆرسىتىدۇ. جەمەت لەقەملىرى بولسا مەلۇم بىر ئائىلە ياكى جەمەتىنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىغا ئورتاق بولغان، ھەتتا شۇ جەمەتنىڭ نەچچە ئەۋلاد ئەزالىرىغىچە داۋاملىشىپ كېلىپ مۇقىملىشىپ قالىدىغان، شۇ جەمەتنىڭ پۈتۈنلەي تۈگىشى بىلەن تۈگەيدىغان، ئەگەر ئۇرۇق ـ ئەۋلادى ئۈزۈلۈپ قالمىسا (تۈگىمىسە)، يەنە داۋاملىق ئىشلىتىلىدىغان لەقەملەرنى كۆرسىتىدۇ. يۇرت (مەھەللە) لەقەملىرى بولسا مەلۇم بىر يۇرتلۇق ياكى مەھەللىلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان، قانداشلىق مۇناسىۋەتتى ھاسىل قىلماي، يۇرت ـ مەھەللە بىرلىكىنى ئاساس قىلىپ بارلىققا كەلگەن لەقەملەردۇر.

جەمەت لەقەملىرى بىلەن يۇرت (مەھەللە) لەقەملىرى شەخس لەقەملىرىنىڭ كېڭىيىشى، ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، شەخس لەقەملىرى جەمەت لەقەملىرى بىلەن يۇرت (مەھەللە) لەقەملىرىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان لەقەملەرنى مەنە دائىرىسى بويىچە تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن:

(1) شۇغۇللىنىۋاتقان ھۈنەر ـ كەسپىنىڭ نامىنى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن بىللە ئاتاش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن لەقەملەر. مەسىلەن:

قاسساپ، باققال، تۆمۈرچى، ياغاچچى، ناۋاي، مانتا (مانتىچى)، ياغ (ياغچى)، باپكار، قەندال، سەيپۇڭ، كاتىپ،

راۋاب، تەمبۇر، قويچى، بورىچى، مۇقام، بوتكىچى، نوخۇرەك، باخشى، سۇناي، غىجەك ...

(2) كىشىلەرنىڭ چىراي شەكلى، تەقى ـ تۇرقى، بەدەن ئەزالىرىدىكى دەرھال كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىقلارغا ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر. مەسىلەن:

قارا، سېرىق، ساقال، بۇرۇت، كوسا، قاراقاش، چاپاق، گاس، قارىلاق، پالكۆز، پاناق، پۇچۇق، ئەلەس، قارىغۇ، خىر ـ خىر، غىلىڭ ـ غىلىڭ، دۇمچەك، پور ...

(3) كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە قاراپ قويۇلغان لەقەملەر. مەسىلەن:

سەپرا، شىرنىشىم، چىڭگىس، ئۇششۇق، كاشال، قاقباش، مۆرىمەس، كاس ـ كاس، مىس ـ مىس، دورەن، سەتەڭ، تىوڭ، تۇلكە، شەيتان، تەرسا، باتۇر، نوچى، پالۋان ...

(4) يەر ـ جاي ناملىرىدىن ئېلىپ قويۇلغان لەقەملەر. بۇنىڭدا ئادەتتە بىر يۇرتقا باشقا يۇرتتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار بولسا، ئۇلارغا ئاشۇ كەلگەن ئەسلىي يۇرتىنىڭ نامىنى لەقەم قىلىپ قويۇش ئەھۋالى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئەركىن كەلپىن، روزى خوتەن، مۇھەممەت يەركەن، ئوسمان ئوپال، ئىمام ئاتۇش، ماناپ دولان ...

(5) ھايۋان ياكى ئۇچارقانات ناملىرىدىن ئېلىپ قويۇلغان لەقەملەر. بۇ خىل لەقەملەر ئارقىلىق، ئادەتتە لەقەملەنگۈچىنىڭ ئاشۇ ھايۋان ياكى ئۇچارقاناتقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەلگىلىك بىر خۇسۇسىيىتى، مۇئەييەن ئالاھىدىلىكى مۇبالىغىلىك رەۋىشتە ئىشارە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەخەت بۆرە، مۇسا يولۋاس، سەمەت موزاي، قادىر توشقان، تۇردى پاشا، ئايىنۇر ۋىتىلداق، مايىنۇر تورغاي، تۇرسۇن قۇشقاچ، ئەركىن قۇشقاچ، توختى توخۇ، مەمتىمىن قاغا، ۋاھىت

تۆگە، ياقۇپ قانجۇق، قاسىم كالا، كېرەم بۇقا، غەيرەت چاشقان دېگەندەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، پۈتكۈل بىر نەسەب (جەمەت) نى كۆرسىتىش مەقسىتىدە، لەقەملەرنىڭ ئاخىرىغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى «ـ لار // ـلەر» نى قوشۇپ ئاتاشمۇ بىر قەدەر ئامىۋى ئاساسقا ئىگە. مەسىلەن، كۆكەچلەر، كەنجىلەر، دۆرەنلەر (دەۋر سۈرگەنلەر)، كاشاللار، كالدىرلار، قوچقارلار، بۆكەنلەر دېگەندەك.

ئۇيغۇرلاردا بىر ئادەم ياكى بىر جەمەت كونكرېت بىر لەقەم بىلەن ئاتالغاندىن باشقا، يەنە بىر رايون، پۈتكۈل بىر يۇرت خەلقى بىر ئورتاق لەقەم بىلەن ئاتىلىدىغان ئەھۋالمۇ بار. مەسىلەن، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەربىر ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس لەقەملىرى بولغىنىدەك.

## 2 . تەخەللۇس

«تەخەللۇس» دېگەن بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى «قۇتۇلماق، ئازاد بولماق، ئايرىلماق، يۆتكەلمەك» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ «شائىر بىر مەنىدىن يەنە بىر مەنىگە يۆتكەلدى، شائىر ئۇ ئارقىلىق ئۆز ئىسمىنى يوشۇرۇش بىلەن سىرتتىن كېلىدىغان بەزى ئەھۋاللاردىن قۇتۇلدى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە «لەقەم» دېگەن سۆز بىلەن بىللە قەلەمكەشلەرنىڭ ئۆز ئىسىم ـ فامىلىسىدىن باشقا قويۇۋالغان قەلەم ئىسمىنى كۆرسەتكەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يازغۇچى، شائىر، رەسسام، ئارتىس قاتارلىقلارنىڭ ئەنئەنىگە ئاساسەن ئۆز ـ ئۆزىگە قويۇۋالغان باشقا نامى، ئەدەبىي لەقىمى تەخەللۇس دەپ

www.uyghurkitap.com

ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، مۇھەممەت باغراش، ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقىي دېگەندەك.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىلىۋاتقان تەخەللۇسلار ئۇمۇمەن تۆۋەندىكىدەك سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ:

(1) ئىسىملاردىن قويۇلغان تەخەللۇسلار. مەسىلەن، تەۋفىق، مۇۋاپىقلىق، ئۇيغۇنلۇق، قەلەندەر، مەشرەپ، ئۆركەش، باغراش، كرورەن، كۆلتېكىن، زۇلپىقار، ياشىق ...

(2) سۈپەتلەردىن قويۇلغان تەخەللۇسلار. مەسىلەن، لۇتفىي (مەرھەمەتلىك)، سەبۇرىي (سەۋر ـ تاقەتلىك)، تەجەللىي (جۇلالىق)، مەھزۇن (قايغۇلۇق)، قۇتلۇق، ئۆتكۈر، سۈزۈك، يارقىن، شەۋقىي (تەشنا بولغان)، شەرقىي، غەربىي، بەرقىي ...

ئۇلاردىن باشقا يەر ـ جاي نامىلىرىنىمۇ سۈپەتلەشتۈرۈپ ھاسىل قىلىنغان تەخەللۇسلارمۇ بار. مەسىلەن، قەشقەرىي، فارابىي (فارابلىق)، خارەزمىي، خوتەنىي، يەركەندىي، سايرامىي دېگەندەك.

گەرچە لەقەم بىلەن تەخەللۇس كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىسمىدىن باشقا نامlar بىلەن ئاتىشىدەك ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

بىرىنچى، لەقەم كىشىلەرگە باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلىدۇ، تەخەللۇس بولسا مەلۇم كىشىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن قويۇلىدۇ.

ئىككىنچى، لەقەمنىڭ قوللىنىش دائىرىسى (قوللىنىش ئوبيېكتى) كەڭ بولسا، تەخەللۇسنىڭ قوللىنىش دائىرىسى تار بولۇپ، ئۇ ئومۇمەن قەلەمكەشلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

ئۇلاردىن باشقا، لەقەم ئاممىۋى ئاساسىنىڭ چوڭقۇر، ئىشلىتىش ئۇسۇلىنىڭ كونكرېت، جانلىق، مەنىسىنىڭ ئوبرازلىق، چۈشىنىشلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ تەخەللۇستىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

3 . فامىلە

فامىلە ئەسلىي گىرېكچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلى ئارقىلىق كىرىپ ئۆزلەشكەن. ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «جەمەت نامى»، «قانداشلىق ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن باغلانغان بىر ئائىلە كىشىلىرى؛ نەسەب ـ ئۇرۇق، بالىچاقا، ئەۋلاد» دېگەنلەردىن ئىبارەت. ھازىر ئىسىم ـ فامىلىشۇناسلىقتا بولسا بىر ئائىلىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئورتاق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان پۈتكۈل جەمەت سىستېمىسىنىڭ نام ـ بەلگىسى ياكى نەسەب نامى فامىلە دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەرقايسى مىللەتلەردە فامىلىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى گەرچە ھەر خىل بولسىمۇ، يەنى فامىلە مىللەت، ئۇرۇق، قەبىلە، جەمەت ناملىرىدىن، ئاتا ـ ئانا ۋە ئەجداد ئىسىملىرىدىن، لەقەم ۋە تەخەللۇسلاردىن، يەر ـ جاي ناملىرى، ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى ۋە ھۈنەر ـ كەسىپ ناملىرى قاتارلىقلاردىن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ رولى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىدۇ. يەنى ① فامىلە تاشقى جەھەتتە جەمئىيەتتىكى قانداش ئىجتىمائىي گەۋدىلەر (باشقا ـ باشقا جەمەتلەر)نى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش، ئىچكى جەھەتتە شۇ جەمەت ئەزالىرىنى ئۆزئارا ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ؛ ② فامىلە ئىجتىمائىي ئورۇن ـ مەرتىۋىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، يەنى كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، سالاھىيىتىنىڭ ئېسىل ياكى ناچار نەسەبكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ؛ ③ فامىلە توي ـ نىكاھ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، قېلىپلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ؛ ④ فامىلە شۇ جەمەتنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ؛ ⑤ فامىلە مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئۆز يىلتىزىنى بىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

هازىر دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ فامىلە قوللىنىش ئادىتىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەكىلگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

(1) ئۆز ئىسمى (A) + ئاتا ئىسمى (B) + فامىلىسى (C)

فورمۇلاسى مۇنداق: A + B + C

مەسىلەن:

Karl Henrich Marx

Lewis Henry Morgan

James George Frazer

بۇ خىل ئىسىم ـ فامىلە شەكلى ئىنگلىز، فىرانسۇز، گېرمان، ئىسپان، پورتۇگال، رۇس، ئىتالىيان، شۋېت قاتارلىق ياۋروپا مىللەتلىرىدە كەڭ ئومۇملاشقان.

(2) فامىلىسى (C) + ئۆز ئىسمى (A).

فورمۇلاسى مۇنداق + C + A

مەسىلەن:

毛 (C)+泽 东 (A)=毛 泽 东
欧阳(C)+可悍(A)=欧阳可悍
丸山(C)+孝一(A)=丸山孝一(Koichi MARU YAMA)
KIM(C)+Ersin(A)=KIM Ersin

بۇ خىل ئىسىم ـ فامىلە شەكلى كۆپىنچە خەنزۇ، ياپون، كورىيە قاتارلىق مىللەتلەردە كەڭ ئومۇملاشقان ۋە مۇكەممەل فامىلە سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغان.

(3) ئۆز ئىسمى (A) + ئاتا ئىسمى (B).

فورمۇلاسى مۇنداق: A + B

مەسىلەن:

زوردۇن (A) + سابىر (B)

خالىق (A) + نىياز (B)

بۇ خىل ئىسىم ـ فامىلە شەكلىدە «ئاتا ئىسمى» (B) (C) شەخسلەرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىپ فامىلە رولىنى ئۆتەۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى فامىلە ئەمەس ھەمدە فامىلىنىڭ رولىنىمۇ ئوينىيالمايدۇ. بۇ پەقەت بىر ئەۋلاد كىشىلەردە ئوخشاش ئىسىملىكلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئۆتىسىمۇ، لېكىن ئىككىنچى ئەۋلادقا ئۆتكەندە يەنە يۆتكىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە فامىلىسىز ئىسىم شەكلى بولۇپ، هازىرقى ئۇيغۇرلار ئىسىم ئادىتىدە دەل مۇشۇ فامىلىسىز شەكلىنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە .

www.uyghurkitap.com

# گراماتیکا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مورفولوگىيە

## بىرىنچى باب

## گىراماتىكا ھەققىدە چۈشەنچە

### §1. گىراماتىكا ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

**1. گىراماتىكىنىڭ مەنىسى**

«گىراماتىكا» دېگەن بۇ سۆز يۇنانچە «ھەرپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دېگەن مەنىدىكى «grammatiko@s» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، تىلىمىزغا رۇس تىلى ئارقىلىق كىرىپ ئۆزلەشكەن. ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقىدا بۇ ئاتالغۇ ئومۇمەن سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش ۋە بىرىكىش قائىدىلىرى ھەم بۇ ھەقتىكى ئىلىم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشىنى ئالساق، ئۇيغۇر تىلىدا « ـ لار/ ـ لەر» قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىغان ئىسىملار ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى ھېسابلىنىپ، بىر تىپتىكى شەيئىنى ياكى بىر شەيئىنى ئىپادىلىسە، « ـ لار/ ـ لەر» قوشۇلغان ئىسىملار ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى ھېسابلىنىپ، بىر خىل شەيئىنىڭ بىرقانچىسىنى ياكى ھەممىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ « ـ نىڭ» قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىسىملار ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ھېسابلىنىپ، باشقا شەيئىنى ئىگىلىگۈچى شەيئىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ؛ « ـ نى» قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىسىملار ئىسىمنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى ھېسابلىنىپ، مەلۇم ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدۇ؛ « ـ دى/ ـ تى» قوشۇمچىسى قوشۇلغان پېئىللار پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان

3 ـ شەخس خەۋەر شەكلى ھېسابلىنىپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ 3 ـ شەخس تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن سۆزلىگۈچىنىڭ بىۋاستە خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ②. سۆزلەرنىڭ مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك شەكىللىرىگە دائىر قائىدىلەر سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى ھېسابلىنىدۇ. سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىنى ئالساق، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرگە مەلۇم قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يېڭى سۆزلەر ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، «يازلىق، تاللىق، قوغۇنلۇق، تەتىللىك، كىملىك، چۆللۈك، يوللۇق، پۇللۇق» قاتارلىق ئىسىم ياكى سۈپەتلەر « ـ لىق/ ـ لىك/ ـ لۇق/ ـ لۈك» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. «قوللا ـ ، ياخشىلا ـ ، ئىشلە ـ ، گۈلە ـ ، گوللا ـ » قاتارلىق پېئىللار ئىسىم ياكى سۈپەتلەرگە «ـ لا/ـ لە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. دېمەك، سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنى قوشۇپ يېڭى سۆز ھاسىل قىلىشمۇ گىراماتىكىدىكى بىر مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ. سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش ۋە ياسىلىشىدا مۇئەييەن قائىدە بولىدۇ. مەسىلەن، « ـ چى، ـ دان، ـ داش » دېگەن قوشۇمچىلار ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، «تۆمۈرچى، ئىشچى، بوياقچى؛ يولداش، يۇرتداش، قېرىنداش؛ كۆلدان، سۇدان، كاۋاپدان» دېگەندەك يېڭى ئىسىملارنى ياسىسا؛ « ـ سىز، ـ چان، ـ چىل» دېگەن قوشۇمچىلار ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، «سۇسىز، ساۋاتسىز، كۈچسىز؛ ئەمگەكچان، خىيالچان، ئىشچان؛ خەلقچىل، ئەپچىل، ئۇگچىل» دېگەندەك سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. « ـ سىرا/ ـ سىرە» قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، « قانسىرا ـ ، ھالسىرا ـ » دېگەندەك پېئىللارنى ياسايدۇ. دېمەك، قايسى خىلدىكى قوشۇمچىلارنىڭ قايسى خىلدىكى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، يېڭى سۆزلەرنى ياسىشى مەلۇم قائىدە ئاساسىدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەر ئۆزئارا بىرىككەندە، ئېنىقلىغۇچى

ۋەزىپىسىدە كەلگەن سۆز ئىنتىقلانغۇچى سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەقىللىق بالا، بىزنىڭ ئۆيىمىز،
يېزا بازىرى، ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى

مانا بۇلار ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىمۇ مەلۇم قائىدىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى سۆزلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق ياسىلىش، تۈرلىنىش ۋە بىرىكىش قائىدىلىرىنى ئۆگىتىدۇ.

گىراماتىكا بىر خىل ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت، ئۇنى سۇنئىي يوسۇندا ئىجاد قىلغىلى، ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر تىلنىڭ بىرلا گىراماتىكىسى بولىدۇ. تىلشۇناسلار ئاشۇ ئوبيېكتىپ گىراماتىكىلىق قانۇنىيەتلەرنى ئوخشىمايدىغان نۇقتىلاردىن رەتلەپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، تۈرلۈك گىراماتىكا نەزەرىيەلىرى ۋە ئەسەرلىرى بارلىققا كېلىدۇ. دېمەك، گىراماتىكا ئۆزىنىڭ تەتقىقات نۇقتىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، تەسۋىرىي گىراماتىكا، تارىخىي گىراماتىكا، سېلىشتۇرما گىراماتىكا دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى تەسۋىرىي گىراماتىكا بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

گىراماتىكا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) گىراماتىكا ئابستراكتلىققا ئىگە.

ھەرقانداق گىراماتىكىلىق قائىدە مەلۇم كونكرېت سۆزنىڭ ياسىلىشى، تۈرلىنىشى ياكى بىرىكىشىگە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى مەلۇم بىر تىپتىكى ھەرقانداق سۆزلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ياسىلىشى، تۈرلىنىشى ۋە بىرىكىشىگە قارىتىلغان بولغاچقا، گىرامماتىكىدىكى مەلۇم بىر قائىدە بىلەن بىرمۇنچە، ھەتتا سان - ساناقسىز تىل پاكىتلىرىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى ھەرقانداق بىر ئىسىم ئومۇمەن كېلىش كاتېگورىيەسىنىڭ ھەر خىل گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنەلەيدۇ. مەسىلەن:

ئۆي، ئۆينىڭ، ئۆينى، ئۆيگە، ئۆيدە، ئۆيدىن، ئۆيدەك، ئۆيدىكى، ئۆيچىلىك، ئۆيىنىڭكى

ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ دېگەن قائىدە مەلۇم بىر كونكرېت سۆز بىلەن يەنە بىر كونكرېت سۆزنىڭ بىرىكىش ئۇسۇلىغا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئىسىم تىپىغا كىرىدىغان ھەرقانداق سۆز بىلەن ئۇنىڭغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ھەرقانداق سۆزنىڭ بىرىكىش ئۇسۇلىغا قارىتىلغان. مەسىلەن:

ئەلا سورت ئوقۇغان ئادەم

ئۇيغۇر تىلىدا يەنە «ئىگە — تولدۇرغۇچى — خەۋەر» دېگەن تەرتىپتىكى جۈملە تۈزۈش قائىدىسى بولۇپ، بۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي جۈملە تىپلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ جۈملە تۈزۈش قائىدىسى بويىچە مۇشۇ تىپتىكى سان - ساناقسىز جۈملىلەرنى تۈزگىلى ۋە ئۇلار بىلەن ھەر خىل ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

ئەمما، سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەرتىپسىز تىزىلىشى جۈملە بولالمايدۇ. مەسىلەن، «تۇغلۇق بىلەن چوغلۇق قومۇلغا كەتتى» دېگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ جۈملە «تۇغلۇق، بىلەن، چوغلۇق، قومۇل، كەت - » قاتارلىق بەش سۆزدىن ۋە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى « - غا»، ۋاسىتىسىز ئاددىي ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى « - تـ - » ۋە 3 - شەخس قوشۇمچىسى « - ى» قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن، شۇنداقلا پۈتۈن جۈملىدە بىر

تۈۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە بار. ئۇنىڭدىن باشقا، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار سۆزلەرنىڭ بىرىكىش تەلىپى بويىچە سۆزلەرگە ئۇلانغان. دېمەك بۇ جۈملە (1) ئىنتوناتسىيە (بايان ئىنتوناتسىيەسى)، (2) نۆل شەكىل (خەۋەر خاراكتېرلىك 3 ـ شەخس قوشۇمچىسى)، «جۈملىنىڭ بايانچىسى سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچى بولمىغان ئۈچىنچى تەرەپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، (3) « ـ دى» (پېئىلنىڭ ۋاستىسىز ئاددىي ئۆتكەن زامان 3 ـ شەخس قوشۇمچىسى)، (4) «NP+VP» (ئىگە ـ خەۋەر مۇناسىۋىتىدىكى قۇرۇلما)، (5) « NبىلەنN » (تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما)، (6) «N – GA +V» (ھالەتلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلما) دىن ئىبارەت ئالتە گىراماتىكىلىق تەركىبتىن قۇرۇلغان. بۇ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى كونكرېت باسقۇچلار مۇنداق:

بىرىنچى باسقۇچتا، «قومۇل» ۋە « كەت ـ » دېگەن ئىككى سۆز مودېل (6) غا كىرىپ، «قومۇلغا كەت ـ » دېگەن ھالەتلىك قۇرۇلما مەيدانغا كەلگەن. (يېرىم تەييار قۇرۇلما 1 ـ )؛

ئىككىنچى باسقۇچتا، «تۇغلۇق» ۋە «چوغلۇق» دېگەن ئىككى ئىسىم مودېل (5) كە كىرىپ، تەڭداش باغلىغۇچى «بىلەن» نىڭ ياردىمىدە ئىسىم خاراكتېرلىك تەڭداش سۆز بىرىكمىسى ھاسىل بولغان ۋە «تۇغلۇق بىلەن چوغلۇق» دېگەن تەڭداش سۆز بىرىكمىسى بارلىققا كەلگەن. (يېرىم تەييار قۇرۇلما 2 ـ ) ؛

ئۈچىنچى باسقۇچتا، يېرىم تەييار قۇرۇلما ـ 1 ۋە يېرىم تەييار قۇرۇلما ـ 2 مودېل (4)نى ھاسىل قىلىپ، «تۇغلۇق بىلەن چوغلۇق قومۇلغا كەتتى» دېگەن ئىگە ـ خەۋەرلىك قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلغان ( يېرىم تەييار قۇرۇلما 3 ـ )؛

تۆتىنچى باسقۇچتا، (يېرىم تەييار قۇرۇلما ـ 3) 3 ۋە 2 گىراماتىكىلىق تەركىبنى ئېلىپ، زامان ۋە شەخس مەنىسى بولغان، ئەمما ئىنتوناتسىيەسى ئېنىق بولمىغان ئىگە ـ

خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسى «تۇغلۇق بىلەن چوغلۇق قومۇلغا كەتتى» (يىرىم تەييار قۇرۇلما ـ 4) نى ھاسىل قىلغان؛

بەشىنچى باسقۇچتا، (يىرىم تەييار قۇرۇلما ـ 4(1)) گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىنى ئېلىپ، بايان ئىنتوناتسىيەگە ئېرىشكەن ۋە ئاخىرى بايان ئىنتوناتسىيەسىدىكى ئىگە ـ خەۋەرلىك ئاددىي جۈملىنى ھاسىل قىلغان.

دېمەك، گىراماتىكا قائىدىلىرى كونكرېت سۆزلەر، كونكرېت جۈملىلەردىن ئومۇملاشتۇرۇلغان ئابستراكت قائىدىلەردۇر. گىراماتىكىنىڭ ئابستراكتلىقى سەۋەبىدىن شۇنچە كۆپ سۆز ۋە سانسىزلىغان جۈملىلەر سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ ۋە تەرتىپكە سېلىنىپ، كىشىلەرنىڭ چەكلىك گىراماتىكا قائىدىلىرى بويىچە جۈملە تۈزۈشى ۋە ئالاقىلىشىشىگە قولايلىق يارىتىلغان.

2) گىراماتىكا تۇرغۇنلۇققا ئىگە

گىراماتىكا ئۇزاق زامانلاردا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، تىلدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. شۇڭا، گىراماتىكىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە ئوخشاشلا ئاستا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن گىراماتىكىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۇ تەدرىجىي ئىخچاملىنىشىپ، ئۆز قائىدىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، يېڭى قائىدىلەر بىلەن تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن گىراماتىكىنىڭ ئاساسلىرى ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «ئالتۇن يارۇق»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «بابۇرنامە»دىكى نۇرغۇن جۈملىلەرنىڭ ئايرىم سۆزلىرىگە ئىزاھات بېرىلسىلا، بىز ئۇچۇن چۈشىنىشلىك بولۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاساسىي گىراماتىكىلىق قائىدىلەرنىڭ شۇ دەۋردىلا شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھازىرغىچە تۈپتىن ئۆزگىرىپ كەتمەي، ھېلىمۇ ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، گىراماتىكا نىسبىي تۇراقلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ئاستا بولىدۇ.

3) گىراماتىكا سىستېمىچانلىققا ئىگە.

گىراماتىكا سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش ۋە بىرىكىش قائىدىلىرىنىڭ ئاددىي يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى شۇ قائىدىلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان قاتلاملار بويىچە بەلگىلىك مۇناسىۋەتتە بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان مۇكەممەل بىر سىستېمىدۇر. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش قائىدىلىرى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى بويىچە تۈر ۋە قاتلاملارغا ئايرىلىپ، تۈرلۈك ياسىلىش ۋە تۈرلىنىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولغان سۆز تۈركۈملىرى سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ سۆز تۈركۈملىرى يەنە ياسىلىش ۋە تۈرلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولمىغان سۆز تۈركۈملىرى ھەم مۇستەقىل ئىشلەنمەيدىغان سۆز تۈركۈملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيە سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سۆزلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرى بىر – بىرىنى شەرت قىلغان بىرمۇنچە تۈرلەرگە ئايرىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. نەتىجىدە، مورفولوگىيە سىستېمىسىنى بىلەن سىنتاكسىس سىستېمىسى بىر – بىرىنى شەرت قىلغان ھالدا زىچ بىرىكىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەل گىراماتىكا سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

4) گىراماتىكا مىللىيلىككە ئىگە

ھەر بىر مىللىي تىلنىڭ گىراماتىكىسىدا ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدا تولدۇرغۇچى خەۋەرنىڭ كەينىدە كەلسە، ئۇيغۇر تىلىدا خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. خەنزۇ، رۇس، ئىنگلىز تىللىرىدا ئالدى قوشۇلغۇچى بار، ئىنگلىز تىلىدا ئارتىكل بار، ئۇيغۇر تىلىدا بۇلار يوق؛

ئۇيغۇر تىلىدا تىركەلمە بار، خەنزۇ، رۇس، ئىنگلىز تىللىرىدا يوق؛ ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ سان، تەۋەلىك، كېلىش كاتېگورىيەلىرى؛ پېئىلنىڭ شەخس، دەرىجە، تۇس، زامان كاتېگورىيەلىرى بار، خەنزۇ تىلىدا بۇلار يوق ۋە باشقىلار.

## 2. گىراماتىكىنىڭ مەزمۇنى

گىراماتىكا مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىستىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گىراماتىكىنىڭ سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان قىسمى مورفولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

مورفولوگىيە گىراماتىكىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، سۆز تۈركۈملىرى، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش ۋە ياسىلىش قائىدىلىرى، سۆزلەرنىڭ ھەر خىل گىراماتىكىلىق شەكىللىرى ھەم شۇلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گىراماتىكىلىق مەنىلەر، ئۇلارنىڭ ھەر خىل قاتلاملىق مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ؛

سىنتاكسىس گىراماتىكىنىڭ يەنە بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتى، سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تۈرلىرى، جۈملە بۆلەكلىرى، جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئاددىي جۈملىنىڭ تىپلىرى، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتى، قوشما جۈملىنىڭ تىپلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

مورفولوگىيە بىلەن سىنتاكسىس بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ، چۈنكى سۆزلەر گىراماتىكا قائىدىلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە مەلۇم گىراماتىكىلىق شەكىلگە كىرىپ، سۆز

بىرىكمىسى ياكى جۈملە ھاسىل قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى قوشۇلۇپ تىلنىڭ مۇكەممەل گىراماتىكىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

### 3. گىراماتىكىنىڭ تۈرلىرى

1) دەۋر نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەلۇم بىر مىللىي تىلنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدىلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان گىراماتىكا «تارىخىي گىراماتىكا» دەپ؛ مەلۇم بىر دەۋردىكى تىلنىڭ گىراماتىكىسىنى تەتقىق قىلىدىغان گىراماتىكا «چاغداش گىراماتىكا⑤» ياكى «تەسۋىرىي گىراماتىكا» دەپ ئاتىلىدۇ.

2) گىراماتىكا سىستېمىسىنى چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىدىن ئالغاندا، تىللارنى مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن مەنە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرىدىغان گىراماتىكا «ئەنئەنىۋى گىراماتىكا» دەپ؛ ئاۋۋال قۇرۇلمىسى، ئاندىن مەنىسى ئاساسىدا گىراماتىكىلىق ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرىدىغان گىراماتىكا «قۇرۇلمىچىلىق گىراماتىكىسى» دەپ؛ تاشقى ۋە ئىچكى قۇرۇلمىلارنىڭ قانداق باغلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئالمىشالايدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىدىغان گىراماتىكا «ھاسىلىي گىراماتىكا» ياكى « ئايلاندۇرما، تۇغما گىراماتىكا» دەپ ئاتىلىدۇ.

3) قوللىنىلىشىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنى گىراماتىكىلىق بىلىملەرنى ئىگىلەپ، سۆز ـ جۈملىلەرنى توغرا ئىشلىتىشكە يېتەكلەيدىغان گىراماتىكا «ئەمەلىي گىراماتىكا» دەپ؛ ئادەم بىلەن ماشىنىنىڭ سۆھبىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش (ماشىنا تەرجىمىسى، ئېلېكترونلۇق ئىزدىگۈچ، تىل ئامبىرى قۇرۇش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ساھەلەر) ئۈچۈن لازىم

بولىدىغان گىراممانتىكا «شەكلەن گىراممانتىكا» دەپ، ئوخشىمىغان ژانىرلارنىڭ گىراممانتىكا سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىدىغان گىراممانتىكا «كەسپىي گىراممانتىكا» دەپ (مەسىلەن، پەن - تېخنىكا تىلى گىراممانتىكىسى، ئېغىز تىلى گىراممانتىكىسى دېگەندەك) ئاتىلىدۇ.

4) قېلىپلىشىش دائىرىسىدىن قارىغاندا، قېلىپلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، كۆزقاراشلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان، سىستېمىچانلىقى يۇقىرى، بىرقەدەر مۇقىم، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ماس كېلىدىغان گىراممانتىكا «مەكتەپ گىراممانتىكىسى» دەپ؛ قېلىپلىشىش دەرىجىسى تۆۋەن، سىستېمىچانلىقى يۇقىرى ئەمەس، نۇرغۇن قاراشلىرى تېخى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىپ كەتمىگەن، لېكىن نۇرغۇن يېڭى ۋە خاس قاراشلارغا ئىگە بولغان، گىراممانتىكا تەتقىقاتىنى يېڭى پەللىگە يېتەكلەيدىغان گىراممانتىكا «تەتقىقات گىراممانتىكىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

5) مەزمۇنلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، شەكىلدىن مەنىگە ئۆتىدىغان، يەنى ئاۋۋال شەكلىنى، ئاندىن مەنىسىنى چۈشەندۈرىدىغان گىراممانتىكا «چۈشەندۈرۈش گىراممانتىكىسى» دەپ؛ مەنىدىن شەكىلگە ئۆتىدىغان، يەنى ئاۋۋال مەنىسىنى، ئاندىن ئۇنىڭ مۇۋاپىق شەكلىنى چۈشەندۈرىدىغان گىراممانتىكا «ئىپادىلەش گىراممانتىكىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئەنئەنىۋى گىراممانتىكا بىلەن قۇرۇلمىچىلىق گىراممانتىكىسى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، قىسمەن تەتقىقات خاراكتېرىنى ئالغان، مەكتەپلەردە قوللىنىشقا ماس كېلىدىغان چاغداش گىراممانتىكا كىتابىدۇر.

گىراممانتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى — گىراممانتىكا سىستېمىسى. چاغداش گىراممانتىكىنىڭ ۋەزىپىسى مەلۇم بىر

تىلنىڭ مەلۇم بىر دەۋردىكى بارلىق گىراماتىكىلىق ھادىسىلەرنى ئىمكانقەدەر تولۇق شەرھلەش. يەنى، بارلىق گىراماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتىنى، مەلۇم بىر تىلدا جەمئىي قانچە خىل ۋە قانداق گىراماتىكىلىق شەكىللەر بارلىقى، ئۇلارنىڭ قانداق شارائىتتا قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

## 4. گىراماتىكىلىق بىرلىكلەر

مورفېما، سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە گىراماتىكىلىق بىرلىكلەر ھېسابلىنىدۇ.

1) مورفېما

مورفېما — مەنە پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئەڭ كىچىك گىراماتىكىلىق بىرلىك⑥. مەسىلەن، «سىز يازغان كىتابنى ئوقۇدۇم.» دىگەن جۈملىنى ئالساق، ئۇ «سىز، يازغان، كىتابنى، ئوقۇدۇم» دېگەن تۆت تەبىئىي بىرلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەمما، بۇلار مورفېما ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنى تاۋۇش، مەنە بىرلىكى نۇقتىسىدىن «سىز، ياز ـ غان، كىتاب ـ نى، ئوقۇ ـ دۇم» دېگەندەك تېخىمۇ كىچىك بۆلەكلەرگە پارچىلىغىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق يەنىمۇ پارچىلاشقا بولمايدىغان، مۇئەييەن بىر مەنىگە ئىگە ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە كۆرەيلى:

«قاراماي» دىگەن سۆز «قارا» ۋە «ماي» دىگەن ئىككى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن. «ئىشچى» دىگەن سۆز «ئىش»، « - چى» دىگەن ئىككى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن. « - چى» دىگەن مورفېمىنى يالغۇز ئىشلىتىشكە بولمىسىمۇ، ئۇ باشقا مورفېمىلارغا قوشۇلۇپ كەلگەندە ئوخشاشلا مەنە ئاڭلىتىدۇ.

مەسىلەن: «گۈلچى، تامچى، ياغاچچى، تۆمۈرچى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە «ئۆزى قوشۇلغان ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن ھەپىلەشكۈچى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن. مەلۇم بىرلىكنىڭ مورفېما ياكى مورفېما ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن نۇرغۇن مىساللارنى ئالماشتۇرۇپ بېقىش كېرەك. مەسىلەن، «بوياق، پۇراق، سوراق» دېگەن سۆزلەرنى «بويا + ق، پۇرا + ق، سورا + ق» دېگەنگە ئوخشاش ئىككىدىن مورفېمىغا پارچىلاشقا بولىدۇ. ئەمما، «ھاراق»، «تاماق» دېگەن سۆزلەر قارىماققا يۇقىرىقى سۆزلەرگە ئوخشاش قۇرۇلمىدا كۆرۈنسىمۇ، بۇ سۆزلەرنى مورفېمىلارغا پارچىلاشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىرلا مورفېمىدىن تۈزۈلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلارنى سۆزدىكى رولىغا ئاساسەن باش مورفېما ۋە ئەگەشمە مورفېما دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

مۇستەقىل قوللىنىشقا بولىدىغان ۋە باشقا مورفېمىلارنىڭ بىرىكىشى ئۈچۈن ئاساس بولىدىغان مورفېما باش مورفېما ياكى مۇستەقىل مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئىشلە، ئاشپەز، يازغۇچى» دېگەن سۆزلەردىكى «ئىش، ئاش، ياز » دېگەن مورفېمىلار باش مورفېمىلاردۇر.

مۇستەقىل قوللىنىشقا بولمايدىغان، باش مورفېمىلار بىلەن بىرىكىپ مەلۇم مەنە ئىپادىلەيدىغان مورفېما ئەگەشمە مورفېما ياكى ياردەمچى مورفېما، دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەشمە مورفېمىلار يەنە رولىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن سۆز ياسىغۇچى مورفېما ۋە سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. سۆز ياسىغۇچى مورفېما دېگىنىمىز، باش مورفېمىلار بىلەن بىرىكىپ، ئۇنىڭغا يېڭى لېكسىكىلىق مەنە قوشىدىغان مورفېمىلاردۇر. سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلار ئادەتتە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «يوللۇق، ۋاپادار،

ئاقىلانە، تاقىلدا » دېگەن سۆزلەردىكى « ـ لىۋق، ـ دار، ـ انە، ـ ىلدا » دېگەن مورفېمىلار سۆز ياسىغۇچى مورفېما ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردۇر. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار يەنە باش مورفېمىغا ئۇلىنىش ئورنىغا ئاساسەن ئالدى قوشۇمچە ۋە ئارقا قوشۇمچە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ياسىغۇچى قوشۇمچە باش مورفېمىنىڭ ئالدىغا قوشۇلسا، ئالدى قوشۇمچە دېيىلىدۇ. بۇ خىل قوشۇمچىلار ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن. مەسىلەن، «بىچارە، ناتوغرا، بەتقىلىق، بەھەيۋەت» دېگەن سۆزلەردىكى «بى ـ ، نا ـ ، بەت ـ ، بە ـ » قاتارلىقلار. ياسىغۇچى مورفېما باش مورفېمىنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلسا، ئارقا قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل قوشۇمچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلىغا خاس قوشۇمچىلاردۇر. مەسىلەن، «ئويلا ـ ، يازلىق، ئىشچى، سوراق» دېگەن سۆزلەردىكى « ـ لا، ـ لىق، ـ چى، ـ ق» قاتارلىقلار. ئەگەشمە مورفېمىنىڭ يەنە بىر تۈرى سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما بولۇپ، باش مورفېما بىلەن بىرىكىپ، مۇئەييەن گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان مورفېمىلاردۇر. ئۇ ئادەتتە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئوقۇغۇچىلار كەلدى» دېگەن جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئىككى سۆزنى تۆۋەندىكىدەك مورفېمىلارغا پارچىلاشقا بولىدۇ:

ئوقۇ + غۇچى + لار كەل + دى

بۇ جۈملىدىكى «ئوقۇغۇچىلار» دىگەن سۆز «ئوقۇ ـ » دېگەن باش مورفېمىدىن، « ـ غۇچى» دېگەن ياسىغۇچى مورفېمىدىن ۋە «ـ لار» دېگەن تۈرلىگۈچى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن؛ «كەلدى» دىگەن سۆز «كەل ـ » دېگەن باش مورفېما بىلەن « ـ دى » دىن ئىبارەت تۈرلىگۈچى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن. « ـ غۇچى» يېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە، « ـ لار، ـ دى»لار بولسا، گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان تۈرلىگۈچى مورفېمىلاردۇر، يەنى« ـ لار» ئىسىمنىڭ كۆپلۈك مەنىسىنى ۋە

پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان مەنىسىنى ۋە 3 ـ شەخس خەۋەر رايى مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

تەتقىقاتچىلار «ياردەمچى مورفېما» دەپ ئاتايدۇ[7].

مورفېمىلارنىڭ نورمال تەرتىپى يۇقىرىقى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ. ئەمما، پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسىنىڭ قوشۇمچىلىرى سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلاردىن بۇرۇن كېلەلەيدۇ. مەسىلەن، «ئوقۇ -+ - ئ- + - قۇچى»، «ئاق + - ار - + - ت - + - قۇچ»، «ئۇر - + - ۇش - + - قاق» دېگەندەك. ئەمەلىيەتتىمۇ دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ سۆز ياساشقا قاتنىشىش رولى خېلى بۇرۇنلار دىققەت قىلىنغان[8]. بەزىلەر بۇ قوشۇمچىلارغا ئايرىم نام بېرىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بەزىلەر بۇ قوشۇمچىلارنىڭ پېئىل يىلتىزىغا ياكى پېئىل ئۆزەكلىرىگە قوشۇلۇپ، ئىككىلەمچى ياكى ئۈچلەمچى ئۆزەك ياسايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان[9]. بىزنىڭچىمۇ پېئىلنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرى سۆز ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە. شۇڭلاشقا، لۇغەتلىرىمىزدە پېئىللارنىڭ باشقا ھېچقانداق تۇرلەنگەن شەكلى بېرىلمىسىمۇ، دەرىجە كاتېگورىيەسىدە تۇرلەنگەن شەكىللىرى ئايرىم سۆزلەم قىلىپ بېرىلگەن.

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بىلەن سۆز تۇرلىگۈچى قوشۇمچىنىڭ ئۇنۇمدارلىقى پەرقلىق بولىدۇ. سۆز تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلار يۇكسەك ئابستراكتلىققا ئىگە بولۇپ، سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق شەكلىنى ھاسىل قىلغۇچى ۋاستە سۈپىتىدە بىر تۈركۈمدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئۇلىنىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن، ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى، تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىملارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئۇلىنالايدۇ. پېئىللارنىڭ شەخس ـ سان، زامان، بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق قوشۇمچىلىرىمۇ پېئىللارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئۇلىنالايدۇ. ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بولسا،

ئۇنداق ئۇنۇملۇك ئەمەس. بۇنداق قوشۇمچىلار ئۆزىدىن ئىپادىلىنىدىغان مەنە ۋە باش مورفېما ئاڭلىتىدىغان مەنە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇنۇمدارلىقى مەلۇم دائىرىدىلا چەكلىنىدۇ.

مۇئەييەن بىر مورفېمىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتى بولۇشى مۇمكىن. بۇنى ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىش ۋە ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىر مورفېمىنىڭ تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىش ۋە ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان قانچە خىل شەكلى بولسا، ئۇ ئەسلىدىكى شەكلى بىلەن قوشۇلۇپ، بىر يۈرۈش مورفېما بولۇپ شەكىللىنىدۇ ۋە سۆزلەرگە قوشۇلغاندا، ئاخىرقى بوغۇمىنىڭ ئوچۇق بوغۇم ياكى يېپىق بوغۇم بولۇشى، سۆز ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز بولۇشى ۋەياكى ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى، لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تاللاپ قوشۇلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى

| رېتى | ۋارىيانت سانى | مورفېما | مىسال |
|---|---|---|---|
| 1 | 1 | ـ نى | باشنى |
| 2 | 2 | ـ لار/ ـ لەر | باشلار، گۈللەر |
| 3 | 3 | ـ ر/ ـ ار/ ـ ەر | ئاقار، كۆكەر، سۆزلەر، يازار، كۆلەر |
| 4 | 4 | ـ دا/ ـ دە/ ـ تا/ ـ تە | تاغدا، يۈزدە، تاشتا، سۈتتە |
| 5 | 5 | ـ غا/ ـ قا/ ـ گە/ ـكە /ـقە | قولغا، پۇتقا، كۆزگە، يۈرەككە، خەلققە |
| 6 | 6 | ـ دىڭ/ ـ تىڭ/ ـ دۇڭ<br>ـ دۈڭ/ ـ تۇڭ/ ـ تۈڭ | ياندىڭ، ياتتىڭ، ئوقۇدۇڭ، كۆلدۈڭ، ئۇقتۇڭ، كۈتتۈڭ |
| 7 | 8 | ـ ق/ ـ ك/ ـ ىق/ ـ ىك<br>ـ اق/ ـ ەك/ ـ ۇق/ ـ ۈك | بوياق، تىلەك، چېتىق، كېسەك، ياتاق، بۆلەك، تولۇق، ئۆلۈك |

www.uyghurkitap.com

ۋە تۆت ۋارىيانتلىق مورفېمىلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلارنىڭ بىر ياكى كۆپ ۋارىيانتلىق بولۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل بولىدۇ:

2) سۆز

ئوخشىمىغان نەزەرىيەلەردە ۋە تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرىدا سۆزگە پەرقلىق، ھەتتا زىددىيەتلىك تەبىرلەر بېرىلگەن، شۇڭا سۆزنىڭ تەبىرىمۇ ھەر خىل. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان تەبىر:

تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان، جۈملە تۈزگەندە ئەركىن ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك.

سۆزنى «ئەركىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ» دېگەنلىك، ئۇنى گىراماتىكا قائىدىلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا قالايمىقان قوللىنىشقا بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى سۆزنىڭ ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى سۈپىتىدە مۇستەقىل ياكى باشقا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن بىرىكىپ، جۈملە تۈزەلەيدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

سۆز تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

فونېتىكا جەھەتتە: سۆز مۇئەييەن بىر فونېتىكىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە (مۇئەييەن بوغۇم ياكى بوغۇملارنىڭ بىرىكىشى) بولغاندىن تاشقىرى، يەنە مەلۇم ئۇرغۇغا ئىگە بوغۇملار ئارىسىدا ئومۇمەن تاۋۇش جەھەتتە ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ.

مەنە جەھەتتە: سۆز چوقۇم مەلۇم مەنىگە ئىگە بولىدۇ ۋە مەلۇم شەيئى، خۇسۇسىيەت، خاراكتېر، ھەرىكەت ياكى مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ. قىسقىسى، مەنىسى يوق سۆز بولمايدۇ. سۆزدە خاراكتېرى ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مەنە، يەنى لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق مەنە بولىدۇ.

قۇرۇلما جەھەتتە: سۆز كەم دېگەندە بىر ئەركىن ياكى مۇستەقىل مورفېمىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. پارچىلاشقا بولمايدىغان بىر پۈتۈن بىرلىك. مەسىلەن، «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆز «ئوقۇ -» دېگەن مۇستەقىل مورفېما ۋە « - غۇچى» دېگەن ئەگەشمە مورفېمىدىن تۈزۈلگەن.

3) سۆز بىرىكمىسى

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق يول بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، جۈملىدە بىر سۆزگە ئوخشاش رول ئوينايدىغان گىراماتىكىلىق بىرلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ناخشا ئېيتىش بىزنىڭ باشلىق

تىرىشچان ئوقۇغۇچى بەش ياشلىق بالا

يۇقىرىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆزنىڭ سىنتاكسىسلىق يول بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ھەممىسى بەلگىلىك ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى ئەمەس، بەلكى سۆزگە قارىغاندا مۇرەككەپ بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ.

سۆز بىرىكمىلىرى سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ياكى سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق مۇرەككەپلىشىدۇ. سۆز بىرىكمىلىرى مۇرەككەپلەشكەنسېرى، ئۇلار بىلدۈرىدىغان ئۇقۇممۇ مۇرەككەپلىشىدۇ.

4) جۈملە

سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن، مەنە، گىراماتىكىلىق قۇرۇلما ۋە ئىنتوناتسىيە قاتارلىق تەرەپلەردە نىسپىي مۇكەممەللىككە ۋە مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان تىل

www.uyghurkitap.com



بىرلىكى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ[11]. ئۇ، جۈملە تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى بىلدۈرىدىغان تىل ياكى نۇتۇق بىرلىكىدۇر. كىشىلەر جۈملىنى بىرلىك قىلىپ، يا بىر ئىشنى بايان قىلىدۇ، يا بىر ئىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، يا سوئال قويىدۇ، يا جاۋاب بېرىدۇ، يا بىرەر ئارزۇ ـ تىلەكنى ئىپادىلەيدۇ، يا بىرەر ئىشقا ھەيرانلىقنى ئىپادىلەيدۇ، يا بىرەر بۇيرۇق بېرىدۇ، ئىلتىماس قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي ـ پىكىر ئىپادىلىنىدۇ.

جۈملە جەزمەن مۇئەييەن ئىنتوناتسىيەگە ئىگە بولىدۇ. كىشىلەر ھەممىشە باشقىلار گەپ قىلغان چاغدىكى ئىنتوناتسىيەدىن قارشى تەرەپنىڭ بىر جۈملە گەپنى قىلىپ بولغانلىقى ياكى گەپنىڭ يېرىمىدا توختاپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلالايدۇ. شۇڭا، مەلۇم ئۆزۈندىنىڭ جۈملە ياكى ئەمەسلىكىنى پەرق ئېتىشتە، ئىنتوناتسىيە مۇھىم ئاساس بولىدۇ. جۈملىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قۇرۇلمىلارنىڭ ھەر خىل مۇناسىۋەتلىرى ۋە بۇ قۇرۇلما مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ جۈملىنىڭ مۇھىم گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

جۈملىنى نۇتۇق بىرلىكى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، جۈملە ئوي ـ پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن ئالاقە جەريانىدا ۋاقىتلىق قۇراشتۇرۇلىدىغان بىرلىك.

دېمەك، تىلدا مورفېما، سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىدىن ئىبارەت تۆت خىل گىرامماتىكىلىق بىرلىك بولۇپ، مورفېما سۆزنى ھاسىل قىلغۇچى ئامىل؛ سۆز سۆز بىرىكمىسىنى ياكى جۈملىنى ھاسىل قىلغۇچى ئامىل؛ سۆز بىرىكمىسى جۈملىنى ھاسىل قىلغۇچى ئامىل؛ جۈملە بىر پۈتۈن ئوي ـ پىكىرنى تەشكىللىگۈچى ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

## 5. گىراماتىكىلىق شەكىل، گىراماتىكىلىق مەنە، گىراماتىكىلىق ۋاستە، گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە

1) گىراماتىكىلىق شەكىل ۋە گىراماتىكىلىق مەنە

گىراماتىكىلىق شەكىل دېگەن بۇ ئاتالغۇ كەڭ ۋە تار مەنىدە قوللىنىلىدۇ. تار مەنىدىكى گىراماتىكىلىق شەكىل پەقەت مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەڭ مەنىدىكى گىراماتىكىلىق شەكىل مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەردىن باشقا، سىنتاكسىسلىق ئۆزگىرىشلەر (ئىنتوناتسىيە، ياردەمچى سۆزلەر، سۆز تەرتىپى) نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇ يەردە كەڭ مەنىدىكى گىراماتىكىلىق شەكىللەر ھەققىدە توختىلىمىز.

بەلگىلىك گىراماتىكىلىق مەنىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى تاشقى بەلگە گىراماتىكىلىق شەكىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئوقۇغۇچىلار كەلدى» دېگەن جۈملىدىكى «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆزگە « ـ لار» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كۆپلۈك مەنىسى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭغا باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلمىغانلىقى (يەنى، نۆل بەلگىلىك بولغانلىقى) ئۇچۇن، ئۇ جۈملىدە باش كېلىش مەنىسىنى ئىپادىلىگەن، يەنى «ئوقۇغۇچىلار» سۆزى جۈملىدە باش كېلىشتە كېلىپ، جۈملىنىڭ ئىگىسى بولغان. «كەلدى» دېگەن سۆزنىڭ «ئەسلىي دەرىجە» مەنىسى ئۇنىڭغا باشقا دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلمىغانلىقى (يەنى نۆل بەلگىلىك بولغانلىقى) بىلەن ئىپادىلەنگەن، بولۇشسىز قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلمىغانلىقى (نۆل بەلگىلىك بولغانلىقى) بىلەن بولۇشلۇق مەنىسى ئىپادىلەنگەن، ئۇنىڭ «بايان رايى»، «ئېنىق ئۆتكەن زامان»، «3 ـ شەخس» مەنىلىرى ئۇنىڭغا « ـ دى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلغانلىقى بىلەن ئىپادىلەنگەن،

www.uyghurkitap.com

مانا بۇ تاشقى بەلگىلەر گىراماتىكىلىق شەكىل ھېسابلىنىدۇ. يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، سۆزگە مەلۇم بىر قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىرخىل تاشقى بەلگە (گىراماتىكىلىق شەكىل) ھېسابلانسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق بەلگىنىڭ قوشۇلماسلىقى (نۆل بەلگە) مۇ بىر خىل تاشقى بەلگە (گىراماتىكىلىق شەكىل) ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىسىدە مەلۇم بىر قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىرخىل تۈرلىنىش ھېسابلانسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق قوشۇمچىنىڭ قوشۇلماسلىقىمۇ بىر خىل تۈرلىنىش ھسابلىنىدۇ. مەسىلەن، تىلىمىزدا ئىسىملارغا « - لار/ - لەر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىسىمنىڭ كۆپلۈك مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ؛ ئۇنىڭغا « - لار/ - لەر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلماسلىقى بىلەن ئىسىمنىڭ بىرلىك مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى گىراماتىكىلىق شەكىللەر مەنە ئىپادىلەش، گىراماتىكىلىق رول ئويناشتىن ئىبارەت ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدىن باشقا، تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) مۇستەقىل كۆرۈلمەيدۇ، ھامان باشقا تىل تەركىبلىرى بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ ياكى باشقا تىل تەركىبلىرىگە سىڭىشتۈرۈلگەن ئاساستا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەيلى قوشۇمچە، مەيلى ئانالىتىك فورمۇلا بولسۇن ۋە ياكى سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشى، ئىنتوناتسىيەلەر بولسۇن، ئۇلارنى كونكرېت سۆز، جۈملە بىلەن بىرىكمىگەن ھالدا مۇستەقىل ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، سۆزنىڭ بەلگىسىز شەكلى بولسا پەقەت سۆزنىڭ بەلگىلىك شەكلى بىلەن سىڭىشتۈرۈلگەن ئاساستىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

(2) ئايرىم تۇرغاندا ھېچقانداق مەنە ئىپادىلىمەيدۇ. ئالايلى، يەككە قوشۇمچە ياكى ئانالىتىك فورمىنىڭ ئايرىم تۇرغاندا

ھېچقانداق مەنىسى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ مەنىسى باشقا تىل تەركىبلىرى بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە ئىپادىلىنىدۇ.

(3) گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ باشقا تىل تەركىبلىرى بىلەن بىرىكىشى قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. بەزى قوشۇمچىلار بىر خىل سۆز بىلەن بىرىكسە، يەنە بەزى قوشۇمچىلار شۇ تۈردىكى سۆز بىلەن بىرىكمەيدۇ. ئانالىتىك شەكىللەرمۇ سۆزنىڭ مەخسۇس شەكىللىرى بىلەن بىرىكىدۇ، ھەتتا سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىپ كېلىشىمۇ قانۇنىيەتلىك بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، گىراماتىكىلىق شەكىللەر تارىخىي ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە بولۇپ، بىر دەۋردە گىراماتىكىلىق شەكىل ھېسابلانمايدىغان تىل تەركىبى يەنە بىر دەۋردە گىراماتىكىلىق شەكىل ھېسابلىنىشى مومكىن. ئالايلى، سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا گىراماتىكىلىق شەكىل ھىسابلانمايتتى. ھازىر گىراماتىكىلىق شەكىل ھىسابلىنىدىغان بولدى. ھازىر گىراماتىكىلىق شەكىل سۈپىتىدە رول ئوينايدىغان بىر مۇنچە سىنتېتىك، ئانالىتىك شەكىللەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا مۇستەقىل سۆز ئىدى. ھازىر گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلىگۈچى گىراماتىكىلىق شەكىل بولۇپ تەرەققىي قىلدى. گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى تونۇش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

گىراماتىكىلىق شەكىللەر (تەركىبلەر) ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەنە گىراماتىكىلىق مەنە دەپ ئاتىلىدۇ، يەنى ھەربىر سۆزنىڭ شۇ تىلدىكى تۈرداش سۆزلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان مۇئەييەن تۈرلىنىش قائىدىسى ياكى بىرىكىش قائىدىسى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ئابستراكت مەنىسىدۇر. مەسىلەن، «ئوقۇغۇچىلار كەلدى» دېگەن جۈملىدىكى ئىككى سۆزنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىگەندىن باشقا، «ئوقۇغۇچىلار» دېگەن سۆز «كۆپلۈك»، «باش كېلىش»، «ئىگە»

قاتارلىق ئابستراكتلاشقان گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ يۇقىرىقى گىراماتىكىلىق مەنىلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار ئۈچۈن ئورتاق بولغان سان بىلەن تۈرلىنىش، كېلىش بىلەن تۈرلىنىش، بايان قىلىنغۇچى سۆزنى شەخس جەھەتتىن ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئومۇمەن ئۇنىڭ ئالدىدا كېلىش قائىدىلىرى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن. «كەلدى» دېگەن سۆز «ئەسلىي دەرىجە»، «بولۇشلۇق»، «بىۋاسىتە بايان مەيلى»، «ئاددىي ئۆتكەن زامان»، «ئۈچىنچى شەخس»، «خەۋەر» قاتارلىق گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەنىلەر تىلىمىزدىكى پېئىللار ئۈچۈن ئورتاق بولغان دەرىجە بىلەن تۈرلىنىش، شەخس بىلەن تۈرلىنىش، بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق بىلەن تۈرلىنىش، راي بىلەن تۈرلىنىش، زامان بىلەن تۈرلىنىش، بايان قىلغۇچى سۆز شەخس جەھەتتىن بايان قىلىنغۇچى سۆزگە ماسلىشىپ، ئومۇمەن ئۇنىڭ كەينىدە كېلىش قائىدىسى بويىچە ئېرىشىلگەن. مانا بۇلار يۇقىرىقى جۈملىدىكى ئىككى سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىلىدۇر. گىراماتىكىلىق مەنە بەلگىلىك بىر قائىدە بويىچە تۈرلەنگەن ياكى بىرىككەن ھەرقانداق سۆز ئۈچۈن ئورتاق بولىدۇ. مەسىلەن، «قەلەمنىڭ، مەكتەپنىڭ، ئالمىنىڭ، دەريانىڭ» دېگەن سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى ئوخشاش. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل قائىدە بويىچە تۈرلەنگەن.

گىراماتىكىلىق مەنە ھەرگىز ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن ئۆزئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ياردەمچى سۆزلەر ئومۇمەن گىراماتىكىلىق مەنىگىلا ئىگە بولۇپ، ئۇنى يالغۇز ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، پەقەت جۈملىدە مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن قوشۇپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. گىراماتىكىلىق مەنە سۆزلەرنىڭ

لېكسىكىلىق مەنىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. چۈنكى، گىرامماتىكىلىق مەنىنىڭ كۆپ قىسمى لېكسىكىلىق مەنىنىڭ ئابستراكتىلىشىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا، لېكسىكىلىق مەنە گىرامماتىكىلىق مەنىنىڭ ئاساسى.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، گىرامماتىكىلىق مەنە بىلەن گىرامماتىكىلىق شەكىل بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە شەرت قىلىدۇ. يەنى، گىرامماتىكىلىق شەكىلسىز گىرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەنمەيدۇ. گىرامماتىكىلىق شەكىل گىرامماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلىگۈچى تاشقى بەلگە بولسا، گىرامماتىكىلىق مەنە گىرامماتىكىلىق شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەزمۇندۇر.

2) گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە

گىرامماتىكىلىق شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ يىغىندىسى گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| قول | قوللار | كېپىنەك | كېپىنەكلەر |
| قوي | قويلار | كۆن | كۆنلەر |
| تاغ | تاغلار | گۈل | گۈللەر |

يۇقىرىدىكى «قول، قوي، تاغ، كېپىنەك، كۆن، گۈل » دىگەن سۆزلەر قوشۇمچە قوشۇلمىغان «نۆل» شەكىل ئارقىلىق ئىسىمنىڭ « بىرلىك » مەنىسىنى، « ـ لار / ـ لەر» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىل ئارقىلىق «كۆپلۈك» مەنىسىنى ئىپادىلىگەن. مەنە جەھەتتىن بىر ـ بىرى بىلەن ماسلىق مۇناسىۋەتتە بولغان « بىرلىك » ۋە « كۆپلۈك » مەنىلىرى يىغىنچاقلىنىش ئارقىلىق ئىسىملارنىڭ سان كاتېگورىيەسىنى ھاسىل قىلغان.

يەنە مەسىلەن: تاغ، تاغنى، تاغنىڭ، تاغقا، تاغدا، تاغدىن، تاغدەك، تاغدىكى، تاغقىچە، تاغچىلىك، تاغنىڭكى؛

www.uyghurkitap.com

چاچ، چاچنى، چاچنىڭ، چاچقا، چاچتا، چاچتىن،
چاچتەك، چاچتىكى، چاچقىچە، چاچچىلىك، چاچنىڭكى

يۇقىرىدىكىلەر «تاغ، چاچ» دېگەن سۆزلەرنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى بولۇپ، مۇشۇ قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ئىسىملار ئۆزىنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇلاردا ئىپادىلەنگەن مەنىلەرنىڭ يىغىنچاقلىنىشىدىن ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى ھاسىل بولغان.

گىراماتىكا ئىلمىدە گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە ئومۇمىي ۋە خاس مەنىدە چۈشەندۈرۈلىدۇ، خاس مەنىدىكى گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە سۆزنىڭ ئىچكى مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ۋە تۈركۈملىنىشىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئومۇمىي مەنىدىكى گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە ھەرقانداق بىر گىراماتىكىلىق شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ۋە تۈركۈملىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بىز بۇ ئەسىرىمىزدە تەسۋىرلەيدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە ئومۇمىي مەنىدىكى گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سان، كېلىش، تەۋەلىك، شەخس، دەرىجە، زامان، راي، دەرىجە، تۈس قاتارلىق گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلەر بار.

3) گىراماتىكىلىق ۋاستە

گىراماتىكىلىق شەكىللەرنى ھاسىل قىلىغۇچى ئۇسۇل ۋە ۋاستىلەر گىراماتىكىلىق ۋاستە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى گىراماتىكىلىق ۋاستىلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە

سۆز يىلتىزى ياكى ئۆزەككە ئۇلىنىپ، ھەر خىل گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان مورفېمىلار سۆز

تۇرلىگۈچى مورفېما ياكى سۆز تۇرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزلەرگە تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى ئۇلاش ئارقىلىق ھەر خىل گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ۋە سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەش ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ھادىسە. تىلىمىزدىكى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك، كېلىش كاتېگورىيەلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى ھەم پېئىللارنىڭ شەخس ـ سان كاتېگورىيەلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى گىراماتىكىلىق ۋاستە سۈپىتىدە رول ئوينايدىغان تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلاردۇر.

تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بېقىندۇرغۇچى سۆزگە ئۇلىنىپ، بېقىندى سۆز بىلەن شەخس ۋە سان جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ جېنىم، سېنىڭ بەختىڭ، ئۇنىڭ دوستى، مەكتەپنىڭ قورۇسى؛

بىزنىڭ ئۆيىمىز، سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلار، ئۇلارنىڭ قويى، كىتابلارنىڭ ئىگىسى.

كېلىش قوشۇمچىلىرى ئاساسەن ئىسىمنىڭ پېئىل بىلەن بولغان سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

سىنىپنى تازىلا ـ ، ئوقۇشقا ماڭ ـ ،

شەھەردە تۇر ـ ، قەشقەردىن كەل ـ .

پېئىلنىڭ شەخس ـ سان قوشۇمچىلىرى جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ باغلىنىشىنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق ۋاستىدۇر. مەسىلەن:

مەن كەلدىم، سەن يازدىڭ، ئۇ باردى، تۇرسۇن يىغلىدى؛

بىز بارىمىز، سىلەر كۆردۈڭلار، ئۇلار سۆزلىدى، ئوقۇتقۇچىلار كەتتى.

(2) ياردەمچى سۆزلەر (تىركەلمىلەر ۋە باغلىغۇچىلار)

تىركەلمىلەر ئىسىمنىڭ (ياكى ئىسىمداش سۆزلەرنىڭ) باشقا

سۆزلەر بىلەن، بولۇپمۇ پېئىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل گرامماتىكىلىق ۋاستىدۇر. مەسىلەن:

ئوقۇش ئۈچۈن كەل ـ ، ماشىنا بىلەن كەل ـ ، ئىلغا ئاتلىق ماقالە، خەلق ئۈچۈن ئىشلە ـ ، ئۇرۇش ھەققىدە سۆزلەر، مۇھەببەت توغرۇلۇق ياز ـ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى باغلىغۇچىلار سۆز بىلەن سۆزنىڭ، جۈملە بىلەن جۈملىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستىدۇر. مەسىلەن:

مۈشۈك بىلەن چاشقان، قىزىل ۋە قارا، كۆردى ۋە ئاڭلىدى، ئوقۇدى ھەم يازدى.

(3) سۆز تەرتىپى

ئۇتۇقتا سۆزلەرنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن تىزىلىشى سۆز تەرتىپى، دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىشتە سۆز تەرتىپىمۇ بىر خىل گرامماتىكىلىق ۋاستە سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ. سۆزلەر تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ۋە ياردەمچى سۆزلەرنى ۋاستە قىلماي تۇرۇپ بىر ـ بىرى بىلەن باغلانغاندا، سۆز تەرتىپى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم ۋاستە سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا، بۇنداق چاغدا، سۆزلەرنىڭ ئورۇن ـ تەرتىپى ئۆزگەرتىلسە، سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى ئۆزگىرىپلا قالماي، بەلكى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنمۇ ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، «چىرايلىق گۈل» بىلەن «گۈل چىرايلىق»، «ئىككى بالا» بىلەن «بالا ئىككى» دېگەن بىرىكمىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەر ئوخشاش بولۇپ، ئىككىلىسىلا «گۈل، چىرايلىق»، «بالا، ئىككى» دېگەن سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، ئەمما بىرىكىش تەرتىپىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئوخشىمىغان گرامماتىكىلىق مەنە ۋە گرامماتىكىلىق قۇرۇلما ئىپادىلەنگەن، ئالدىنقىسى

ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى سۆز بىرىكمىسى، كېيىنكىسى ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى جۈملە ھېسابلىنىدۇ.

(4) ئىنتوناتسىيە

ئىنتوناتسىيە گەپنىڭ ئاھاڭى بولۇپ، جۈملىنىڭ ياكى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئاھاڭ ۋە تىنىق جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىدە ئىپادىلىنىدۇ ھەم مۇھىم بىر خىل گىرامماتىكىلىق ۋاسىتە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاھاڭ ⑫ ئۇرغۇ ۋە تىنىق ⑬ قاتارلىق ئۈچ مەزمۇننى ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلاردىن بىرى ئۆزگەرسە، گىرامماتىكىلىق مەنىمۇ ئۆزگىرىدۇ.

(1) ئاھاڭ ئۆزگەرسە، پۈتۈن جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيەسى ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

تۇرسۇن كەلدى. (تۆۋەنلىگەن ئاھاڭ، بايان ئىنتوناتسىيەسى)

تۇرسۇن كەلدى؟ (يۇقىرىلىغان ئاھاڭ، سوئال ئىنتوناتسىيەسى)

(2) لوگىكىلىق ئۇرغۇ ئۆزگەرسە، تەكىتلەش نۇقتىسى ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

تۇرسۇن تۈنۈگۈن ئىشلىدى. (لوگىكىلىق ئۇرغۇ «تۈنۈگۈن» دېگەن ھالەتكە چۈشكەندە ۋاقىت تەكىتلىنىدۇ)

تۇرسۇن تۈنۈگۈن ئىشلىدى. (لوگىكىلىق ئۇرغۇ «ئىشلىدى» دېگەن خەۋەرگە چۈشكەندە تۇرسۇننىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقى تەكىتلىنىدۇ)

(3) تىنىقنىڭ قەيەردە بولۇشى ئوخشىمىغان قۇرۇلما مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۆگەن ئوغلۇم، داداڭغا ئوخشاش ئېشەك بولما.*

*b. ئۆگەن ئوغلۇم داداڭغا ئوخشاش، ئېشەك بولما.*

بۇ ئىككى جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاتناشقان سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇن ـ تەرتىپى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن جۈملىدە تىنىق ئوخشىمىغانلىقتىن جۈملىنىڭ مەنىسىدىمۇ ئۆزگىرىش

بولغان.

«غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرمۇ ئېنىقلىمىنىڭ ۋاستىسىدە تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلانغان.

(5) تەكرارلاش

ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنى تەكرارلاش ئارقىلىقمۇ مەلۇم گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلىگۈچى گىراماتىكىلىق شەكىللەر مەيدانغا كېلىدۇ. مەسىلەن:

قاتار ـ قاتار ئۆيلەر، بارا ـ بارا سوۋۇدى.

ھەر خىل تۈركۈملەردىكى سۆزلەرنى تەكرارلاشنىڭ ئۇسۇلى ۋە مەنىسى ئوخشىمايدۇ، ئەمما تەكرارلاش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ ئورتاقلىقى ئۇلارنىڭ جۈملىنىپ بىر گىراماتىكىلىق ۋاستە بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

4) سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت

سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تىل بىرلىكلىرىنىڭ تەركىبلىرى (ئاساسەن بىۋاستە تەركىبلىرى) ئوتتۇرىسىدىكى گىراماتىكىلىق جەھەتتىكى مۇناسىۋەت سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

تۇرسۇن مەندىن ئالغان كىتابنى تېخى بەرمىدى.

بۇ جۈملىدە جەمئىي ئالتە سۆز بولۇپ، بۇ سۆزلەر مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە بىرىكىپ سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ سۆز بىرىكمىلىرى يەنە باشقا سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن بىرىكىپ ئۆزىدىن چوڭ بىر سىنتاكسىسلىق بىرىكمە ھاسىل قىلىدۇ. بۇ سىنتاكسىسلىق بىرىكمىلەر يەنە مەلۇم قانۇنىيەتلەر بىلەن بىرىكىپ جۈملىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىقى جۈملىنىڭ قاتلىمىنى مۇنداق كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

[[تۇرسۇن] [[مەندىن ئالغان] كىتاب] نى] [تېخى بەرمىدى.]]

مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن مۇستەقىل سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت ھەر خىل بولىدۇ. سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنى ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنى ئىپادىلىگۈچى ۋاسىتىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تەڭداش مۇناسىۋەت، بېقىندىلىق مۇناسىۋەت، باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. (تەپسىلىي مەزمۇننى «سىنتاكسىس» بۆلۈمىدىن كۆرۈڭ)

## 6. تىل تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى⑭

بىز سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلارنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتكىنىمىزدە، سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلارنى تەشكىل قىلغۇچى گىراماتىكىلىق شەكىللەر ۋە سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا بىرى يەنە بىرىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان، بىرى ئىشلىتىلسە، يەنە بىرى مۇقەررەر ئىشلىتىلىدىغان ئايرىلماس مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، «مېنىڭ كىتابىم» دېگەن بىرىكمىدە «مەن» ۋە «كىتاب» دېگەن ئىككى سۆز كېلىش ۋە شەكىل قوشۇمچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىرىكىپ سۆز بىرىكمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدا، كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن شەخس قوشۇمچىسى گىراماتىكىلىق شەكىل بولىدۇ. «مەن» نىڭ ئاخىرىغا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى « - نىڭ» ئۇلانغاندا «كىتاب» نىڭ ئاخىرىغا بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى « - ىم»نى ئۇلىماي مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق بولمايدىكەن، گىراماتىكىلىق خاتالىقنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر. مەسىلەن:

※ مېنىڭ كىتاب، ※ مېنىڭ كىتابلار.

※ مېنىڭ كىتابىڭ، ※ مېنىڭ كىتابىمىز. ...

دېمەك، گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئوتتۇرىسىدىكى

ماسلىشىش مۇناسىۋىتى دېگىنىمىز، مەلۇم بىر خىل گىراماتىكىلىق شەكىل باشقا بىر گىراماتىكىلىق شەكىلنى تەقەززا قىلىدىغان مۇقەررەرلىك مۇناسىۋەتتۇر.

بۇنداق گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار ئوتتۇرىسىدا، تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تىركەلمىلەر ئوتتۇرىسىدا، تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن باغلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا، تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن بىر قىسىم مۇستەقىل سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا، مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن مۇستەقىل سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

(1) تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى

A. ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن شەخس قوشۇمچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ماسلىشىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. مۇئەييەن بىر سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «- نىڭ» ئۇلانغاندا، ئۇنىڭغا تەۋە نەرسىنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە چوقۇم شەخس قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت مەزمۇن جەھەتتە تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرسە، گىراماتىكا جەھەتتە ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچى مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ ئۆيىمىز، سىنىڭ ئىشىڭ، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى.

بۇ خىل مۇناسىۋەتتە يەنە ئىككىلەمچى قاتلام مۇناسىۋىتىمۇ مەۋجۇت، يەنى شەخس قوشۇمچىلىرى شەخس ۋە سان جەھەتتە ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ سان ۋە شەخس بىلەن ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئېنىقلىغۇچى كىشىلىك ئالماشلاردىن بولغاندا، شەخس قوشۇمچىلىرىمۇ مۇقەررەر ھالدا

شەخس، سان جەھەتتە كىشىلىك ئالماشلارغا ماسلىشىپ كېلىدۇ. جۈملىدىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن كىشىلىك ئالماشلارنى، بولۇپمۇ 1 ـ ، 2 ـ شەخس ئالماشلىرىنى ئىشلەتمەي قىسقارتىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، «مېنىڭ قولۇم» دېگەن بىرىكمە «قولۇم» شەكلىدە كۆرۈلسىمۇ ئوخشاشلا مەنە ئېنىق ئۇقۇلۇۋېرىدۇ، ئەمما 3 ـ شەخسنىڭ قاراتما دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، 3 ـ شەخس ئادەتتە چۈشۈرۈپ قويۇلمايدۇ. مەسىلەن، «ئامىنىڭ تۇرمۇشى» دېگەن بىرىكمىدە «ئاما» دېگەن سۆزنى قىسقارتىشقا بولمايدۇ. دېمەك، تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدە، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى « ـ نىڭ» شەخس قوشۇمچىسىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ شەخس، سان مەنىسى ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ شەخس، سان جەھەتتە بىردەك بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ خىل تەقەززالىق شارائىتى ئېنىق ۋە مۇقىم بولىدۇ. شۇڭا، «P + نىڭN + شەخس قوشۇمچىسى» ياكى «N+ نىڭ N+ ى» شەكلىدىكى قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرۈشكە بولىدۇ .

B. جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن پېئىلدىن بولغان خەۋەر شەخس ۋە سان جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەت ئىگە ـ خەۋەر مۇناسىۋىتى بولىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتە جۈملىنىڭ ئىگىسى باش كېلىشتە (نۆل شەكىل بىلەن) خەۋەرگە ماسلىشىدۇ، جۈملە ئىگىسىنىڭ باش كېلىشتە كېلىشى خەۋەر بىلەن ماس ھالدا باغلىنىشىنىڭ تەقەززاسى. خەۋەر پېئىلدىن بولغاندىلا، ئۇ، ئىگە بىلەن سان ۋە شەخس جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە بولالايدۇ. مەسىلەن:

بىز كەلدۇق. ئىشچىلار ئىشلەۋاتىدۇ. سىلەر كۆردۈڭلار.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان شەخس، سان ئۇقۇملىرى پېئىلنىڭ زامان، راي كاتېگورىيەلىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن شەخس، سان قوشۇمچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى

www.uyghurkitap.com

جەھەتكە خىلاپلىق قىلىنسا يا گىراماتىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ، يا جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىدۇ. ئالايلى، باش كېلىشنى باشقا كېلىشكە ئۆزگەرتسەك:

«بىزنى كەلدۇق، ئىشچىلارغا ئىشلەۋاتىدۇ، سىنىلەرگە كۆردۇڭلارمۇ» دېگەندەك خاتا جۈملە كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر شەخس ئۆزگەرتىلسە، «مەن كەلدۇق، بىز كەلدىم» دېگەندەك گىراماتىكىلىق خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، ئىگە ـ خەۋەر باغلىنىش مۇناسىۋىتىدە، بىرىنچىدىن، ئىگە باش كېلىشتە خەۋەر بىلەن ماسلىشىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئىگە شەخس ۋە سان جەھەتتە خەۋەرنىڭ شەخس، سان قوشۇمچىلىرى بىلەن ماسلىشىدۇ. بۇ خىل ماسلىشىش مۇناسىۋىتىدە تەقەززالىق شارائىتى ئوخشاشلا مۇقىم ۋە ئېنىق. شۇڭا، «ئىگە ـ خەۋەرلىك» مۇناسىۋەتنىكى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنى شەكىللەندۇرۇشكە بولىدۇ.

C. دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىش قوشۇمچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ماسلىشىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. بۇ خىل مۇناسىۋەت تۆۋەندىكى شەكىللەردە ئۇچرايدۇ:

(1) ئۆزلۈك دەرىجە بىلەن مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئىشلىتىلگەندە، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۆز جەزمەن باش كېلىشتە كېلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۆزلۈك دەرىجە بىلەن مەجھۇل دەرىجىنىڭ قوشۇمچىلىرى ئوخشاش بولغاچقا، ئۇلار تەقەززا قىلىدىغان قوشۇمچىمۇ ئوخشاش بولىدۇ، ئەمما ئۇلار ئىپادىلەيدىغان مەنە ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلانغان پېئىل ھەرىكەتنى بېجىرگۈچىنى بىلدۈرىدىغان سۆزنىڭ باش كېلىشتە كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىسى ئۇلانغان پېئىل بولسا، ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ باش كېلىشتە كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، «قىز ياساندى» دېگەن جۈملىنى مىسالغا ئالساق،

«ياسا ـ » پېئىلى ئۆزلۈك دەرىجە بىلەن تۈرلەنگەندىن كېيىن، ھەرىكەتنى بىجىرگۈچىنى بىلدۈرىدىغان «قىز» سۆزىنىڭ باش كېلىشتە كېلىشىنى تەلەپ قىلغان؛ «قەغەز تاشلاندى» دېگەن جۈملىنى مىسالغا ئالساق، «تاشلا ـ » پېئىلى مەجھۇل دەرىجە بىلەن تۈرلەنگەندىن كېيىن، ھەرىكەت ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان «قەغەز» سۆزىنىڭ باش كېلىشتە كېلىشىنى تەلەپ قىلغان. مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى ئىشلىتىلگەندە، ھەرىكەت ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز چۈشۈم كېلىشتە، ھەرىكەتنى ئورۇنلىغۇچى ياكى ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن، ھەرىكەتنى بىجىرتكۈچىنى بىلدۈرىدىغان سۆز باش كېلىشتە تۈرلىنىپ كېلىدۇ. تۆۋەندىكى جۈملىگە قارايلى:

مەن ماقالىنى قەيسەرگە كۆچۈرتتۈم.

بۇ جۈملىدىكى « كۆچۈر - » پېئىلى مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندىن كېيىن، ھەرىكەت ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان «ماقالە» دېگەن سۆز چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى « ـ نى» بىلەن، ھەرىكەتنى بىجىرگۈچىنى بىلدۈرىدىغان «قەيسەر» دېگەن سۆز يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى « ـ گە» بىلەن، ھەرىكەتنى بىجىرتكۈچىنى بىلدۈرىدىغان «مەن» دېگەن سۆز باش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن. ناۋادا بۇ كېلىش قوشۇمچىلىرى يەڭگۈشلەنسە، گىراماتىكىلىق خاتالىق ياكى لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن :

*a. ئەپەندىم ئوغلىغا ئېشەكنى مىندۈردى. (لوگىكىلىق خاتالىق)*

*b. ئەپەندىم ئوغلىغا ئېشەككە مىندۈردى. (گىراماتىكىلىق خاتالىق)*

ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى ئىشلىتىلگەندە ، ئۆملۈك ھەرىكەتكە قاتناشقۇچىلارنى بىلدۈرگۈچى سۆزلەر باش كېلىشتە

ئىپادىلىنىپ قاتار تىزىلىدۇ، ئاندىن «بىلەن» تىركەلمىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆملۈك دەرىجىدىكى پېئىلغا باغلىنىدۇ. دېمەك، ئۆملۈك دەرىجە باش كېلىش ھەمدە «بىلەن» تىركەلمىسىنى تەقەززا قىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئەنۋەر تۇرسۇن بىلەن كۆرۈشتى» دېگەن جۈملىنى ئالساق، «كۆر - » پېئىلى ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى « - ۇش - » بىلەن تۈرلەنگەندىن كېيىن، ئۆملۈك ھەرىكەتكە قاتناشقۇچى «ئەنۋەر» ۋە «تۇرسۇن» دېگەن سۆزلەر باش كېلىشتە ئىپادىلەنگەن، ئاندىن «بىلەن» تىركەلمىسىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن باغلانغان. بۇ خىل تەقەززالىق بۇزۇلسا، گىراماتىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

مۇدىر كۆپچىلىككە سۆزلەشتى.

D. قوشما خەۋەر تەركىبىدىكى ئىككى پېئىل بولۇشسىز شەكىل بىلەن تۈرلەنگەندە بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت قوش ئىنكارنى شەكىللەندۈرىدۇ. قوشما خەۋەر تەركىبىدىكى بىرىنچى پېئىل مۇستەقىل بولۇپ، رەۋىشداشلارنىڭ ئىنكار شەكلى « - ماي/ - مەي» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ، ئىككىنچى پېئىل ياردەمچى پېئىل بولۇپ، بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى ۋە خەۋەر رايى قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئورۇنلىماي بولمايدۇ.

بۇ جۈملىنى ئالساق، «ئورۇنلا - » پېئىلى رەۋىشداشلارنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى ۋە كېلىدىغان زامان ئېنىق خەۋەر رايى بىلەن تۈرلەنگەن. بۇ خىل شەكىل قەتئىيلىك، مۇقەررەرلىكنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل تەقەززالىق بۇزۇلسا، ئوخشاشلا گىراماتىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ.

E. ئىسىم خاراكتېرلىك ئىككى سۆز ئۆزئارا بىرىكىپ ۋاقىت ياكى ئورۇن جەھەتتىكى بەلگىلىك ئارىلىقنى ئىپادىلىگەندە،

ئالدىنقى ئىسىم چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن، كېيىنكى ئىسىم چەك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگىچە    شەھەردىن تاغقىچە

بۈگۈندىن ئەتىگىچە    دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە

F. قوشما جۈملە تەركىبىدە بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى «- غۇچە»لىك رەۋىشداشلارنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە كەلسە، باش جۈملىنىڭ خەۋىرى پېئىللارنىڭ كەلگۈسى شەكلىدە كېلىدۇ ياكى بۇ خىل قۇرۇلمىدا جۈملىدىكى «- غۇچە»لىك رەۋىشداشلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى باش جۈملىدىكى پېئىلدىن بولغان خەۋەرنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە كېلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. مەسىلەن:

a. قولنى كەسمىگۈچە، قان چىقمايدۇ.

b. قولنى كەسمىگۈچە، قان چىقماس.

G. بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى « - ۋپ»لىك رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى «- ماي / - مەي» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئاندىن «تۇرۇپ» تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. باش جۈملىنىڭ خەۋىرى «- غىلى» لىق رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئاندىن تۈس ياردەمچىسى «بول -» پېئىلى كەلگۈسى زامان ئېنىق خەۋەر رايىدا بولۇشسىز شەكلىدە تۈرلىنىپ كېلىشنى تەقەززار قىلىدۇ. مەسىلەن:

ساۋادلىق بولماي تۇرۇپ، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەنگىلى بولمايدۇ.

ساغلام بولماي تۇرۇپ، ھېچ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ.

(2) باغلىغۇچىلار بىلەن تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى

A. «ئەگەر، ناۋادا، مۇبادا» قاتارلىق شەرت باغلىغۇچىلار شەرت رايىنىڭ قوشۇمچىسى بىلەن ماسلىشىدۇ ھەم شەرتنى بىلدۈرىدىغان بېقىندى جۈملىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل بېقىندى جۈملە بەزىدە «ئۇ ھالدا» دىگەن باغلىغۇچى ئارقىلىق

باش جۈملە بىلەن باغلىنىدۇ ۋە باش جۈملىنىڭ خەۋىرى كەلگۈسى زامان ئېنىق خەۋەر رايى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*ناۋادا سىز ئۆزىڭىزگە تەمەننا قويسىڭىز، ئۇ ھالدا باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالىسىز.*

بۇ جۈملىدە «ناۋادا» باغلىغۇچىسى «قوي -» پېئىلىغا ئۇلانغان شەرت رايى قوشۇمچىسى «-سا» بىلەن ماسلاشقان، ئاندىن بېقىندى جۈملە باش جۈملە بىلەن «ئۇ ھالدا» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلانغان، خەۋىرى كەلگۈسى زامان خەۋەر رايىدا ئاخىرلاشقان. بۇ خىل مۇناسىۋەت پەرەز بېقىندى جۈملە مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شەرت رايىنىڭ قوشۇمچىسى شەرتنى بىلدۈرىدىغان بولغاچقا، «ئەگەر» باغلىغۇچىسىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، «ئەگەر» باغلىغۇچىسى كۆپ ھاللاردا چۈشۈپ قالىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك بېقىندى جۈملە بىلەن باش جۈملىنىڭ مۇناسىۋىتى شەرت رايى قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرغاچقا، بېقىندى جۈملە بىلەن باش جۈملىنى باغلاپ تۇرىدىغان «ئۇ ھالدا» باغلىغۇچىسىمۇ كۆپ ھاللاردا قىسقىراپ كېتىدۇ. ناۋادا باش جۈملىنىڭ خەۋىرى ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايى ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، جۈملە قۇرۇلمىسىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىمۇ ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

*پۇلۇم بولغان بولسا، بۇ كىتابنى ئالاتتىم.*

بۇ جۈملىدە باش جۈملىنىڭ خەۋىرى تەكرار ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىدا ئىپادىلەنگەن بولغاچقا، جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ مەنىسى پەرەز مەنىسىدىن ئارزۇ - ئىستەك مەنىسىگە ئۆزگەرگەن. دېمەك، بۇ خىل مۇناسىۋەتتە ماسلاشقۇچى شەكىللەرنىڭ بىرەرسى ئۆزگەرسىلا، جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىدۇ.

B. قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسىدە، «پەقەت»

باغلىغۇچىسى سوپەتداشلاردىن بولغان خەۋەرگە ئورۇن ـ پەيت كېلىش قوشۇمچىسى ۋە «ـ لا» يۈكلىمىسى ئۇلىنىپ ياسىلىشىدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق بېقىندى جۈملە شەرتىنى بىلدۈرىدۇ؛ بېقىندى جۈملە بىلەن باش جۈملە «ئاندىن» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. باش جۈملىنىڭ خەۋىرى پېئىلنىڭ كېلىدىغان زامان خەۋەر رايى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت شەرت بېقىندى جۈملە مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

*پەقەت ھۆل ـ يېغىن مىقدارى مۇۋاپىق بولغاندىلا، ئاندىن ئوت ـ چۆپلەر ياخشى ئۆسىدۇ.*

بۇ بىر شەرت بېقىندى جۈملە بولۇپ، بۇ جۈملىدە «پەقەت» دېگەن باغلىغۇچى سوپەتداش بىلەن بىرىكىپ بېقىندى جۈملىنى شەكىللەندۈرگەن. باش جۈملىنىڭ خەۋىرى «ئۆس ـ» دېگەن پېئىل كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى بىلەن ئىپادىلەنگەن، باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملە «ئاندىن» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلانغان. بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى شەرت مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، بېقىندى جۈملە تەركىبىدىكى «پەقەت» باغلىغۇچىسى ۋە «ئاندىن» باغلىغۇچىسى كۆپ ھاللاردا ئىختىيارلىنىدۇ. دېمەك، شەرت بېقىندى جۈملە تەركىبىدىكى «پەقەت» باغلىغۇچىسى پۈتكەن سوپەتداش قوشۇمچىسى ۋە «ـلا» يۈكلىمىسىنى تەقەززا قىلىدۇ ھەم «ئاندىن» باغلىغۇچىسى كېلىدىغان زامان خەۋەر رايى قوشۇمچىسىنى تەقەززا قىلىدۇ.

C. بېقىندى جۈملىدە «مەيلى» باغلىغۇچىسى خەۋەردىكى بۇيرۇق رايى قوشۇمچىسىنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە چەتكە قېقىش مەنىسىدىكى بېقىندى جۈملىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل بېقىندى جۈملە كەم دېگەندە ئىككى جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باش جۈملىنىڭ خەۋىرى كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*مەيلى قىش بولسۇن، مەيلى ياز بولسۇن، بۇ ئىشنى قەتئىي*

www.uyghurkitap.com

*توختىتالمايمىز.*

بۇ مىسالدا بېقىندى جۈملىدە «مەيلى» باغلىغۇچىسى «بول -» دىگەن ياردەمچى پېئىلىنىڭ بۇيرۇق رايى قوشۇمچىسى بىلەن ماسلىشىپ، بېقىندى جۈملىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ جۈملىدە «مەيلى» باغلىغۇچىسى تاللاش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما بۇيرۇق رايىنىڭ قوشۇمچىسى تاللاش مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ، شۇڭا «مەيلى» باغلىغۇچىسىنى ئادەتتە ئىخچاملاشقا بولمايدۇ، ئەمما بېقىندى جۈملە كەم دېگەندە ئىككى جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغاچقا، بەزىدە خەۋەر قىسمىدىكى پېئىل ئوخشاش بولغاندا، ئۇلاردىن بىرىنى قىسقارتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىقى مىسالدىكى بېقىندى جۈملە «مەيلى قىش، مەيلى ياز بولسۇن» دېگەن شەكىلدە كەلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

D. بېقىندى جۈملىدە «ئاۋۋال»، «ئالدى بىلەن» قاتارلىق باغلىغۇچىلار ئىشلىتىلسە، باش جۈملىدە «ئاندىن»، «ئاندىن كېيىن» قاتارلىق باغلىغۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باغلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت ۋاقىت ياكى تەرتىپ جەھەتتە ئىلگىرى - كېيىنلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان تەڭداش قوشما جۈملىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئاۋۋال ئىلمۇالايلى ، كېيىن بىر گەپ بولار.*

*b. ئاۋۋال يارىش يازىغى (بەيگە تۇزلەڭلىكى)، كېيىنچە جۇڭغار تۇزلەڭلىكى دەپ ئاتالغان چەكسىز تۇزلەڭلىك باشلاندى.*

بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلارنى ئىخچاملاشقا بولمايدۇ، ئىخچاملانسا، مەنە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

E. بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى «-پ»لىق رەۋىشداشلارغا « - لا » ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ، ئاندىن «قالماستىن (قالماي)» قاتارلىق قاتما بىلەن سۆزلەر بىرىكىپ كەلسە، بېقىندى جۈملە بىلەن باش جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىدىن بىرىگە « - مۇ»

ئۆلانمىسى ئۆلىنىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتە مەنە جەھەتتە ئىلگىرىلەش مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان كۆچەيتمە قوشما جۈملە شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

*سىيىرنىڭ سۈتى تارتىلمايلا قالماستىن، بەلكى كۆپىيىپ كېتىدۇ.*

بۇ خىل مۇناسىۋەتتە بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى ئىلگىرىلەش مەنىسىنى بىلدۈرگەچكە، «بەلكى» باغلىغۇچىسىنى ئىخچاملاشقا بولىدۇ.

F. «گەرچە» باغلىغۇچىسى بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىسىغا «-مۇ» يۈكلىمىسى قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان «-سىمۇ» شەكلىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملە «لېكىن، بىراق، ئەمما» قاتارلىق باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. ۋىتامىن C گەرچە سۇدا ئېرىسىمۇ، لېكىن كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا، ئىچ سۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى پەيدا قىلىدۇ.*

*b. سادىروۋ گەرچە ئۇ كىشىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا نۇرغۇن كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھازىرقىدەك ھاياجانلانغىنىنى زادىلا كۆرمىگەن.*

(3) كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تىركەلمىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى

بۇ خىل مۇناسىۋەت تىركەلمىلەرنىڭ قانداق كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ماسلىشىپ كېلىپ، پېئىل بىلەن باغلىنىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، تىركەلمىلەرنى ئۆزى تەلەپ قىلغان كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆرگە ئايرىشقىمۇ بولىدۇ. تىركەلمىلەرنىڭ كېلىش

قوشۇمچىلىرى بىلەن ماسلىشىشى ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى، شۇنداقتىمۇ تىركەلمىلەرنىڭ كونكرېت مەنىسىنى يالغۇز «ئىسىم تىركەلمە قورۇلمىسى»دا ئېنىقلاش قىيىن. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بەزى تىركەلمىلەرنىڭ مەنىسى ئۆزى بىرىككەن ئىسىم شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ئىككىنچىدىن، «ئىسىم تىركەلمە قۇرۇلمىسى» پېئىل بىلەن بىرىككەندىلا، مۇنتىزىم قۇرۇلما ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر نەچچە تىركەلمىنىڭ ماسلىشىش شارائىتى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

A. «ئۈچۈن» تىركەلمىسى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ باش كېلىش شەكلى بىلەن ماسلاشقاندا، ھەرىكەت ئوبيېكتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»، «ۋەتەن ئۈچۈن شان ــ شەرەپ كەلتۈرۈش» قاتارلىقلار.

«ئۈچۈن» تىركەلمىسى ئۆزى بىرىكىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئوخشىمىغان مەنىدە ۋە رولدا كېلىدۇ.

«ئۈچۈن» تىركەلمىسى خاس ئىسىم ياكى خاس ئىسىمغا ئالمىشىپ كەلگەن ئالماشلار بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە، شۇ خاس ئىسىم ياكى ئالماش ئىپادىلىگەن شەخس ياكى نەرسە ئورنىدا خىزمەت بېجىرىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. سەن ئۈچۈن سۆزلەپ قويىدۇم.*

*b. بۇ دوپپىنى سەن ئۈچۈن ئالدىم.*

«ئۈچۈن» تىركەلمىسى « ـ غانلىق» ئىسىمدىشى بىلەن بىرىككەندە، سەۋەبنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ئەركىن ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن دەرسكە كەلمىدى.*

بۇ مىسالدىكى «قالغانلىق -+ -ى+ ئۈچۈن» دېگەن قۇرۇلمىدىكى « ـ ى» بولغاچقىلا «ئۈچۈن» تىركەلمىسى

«-غانلىق» ئىسىمدىشى بىلەن بىۋاسىتە بىرىكەلەيدۇ.

B. «باشقا» ئىركەلمىسى چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ ئىشنى مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.*

*b. ئەمدى ھەركىم ئۆز بېشىنى دالدىغا ئالماقتىن باشقا چارە قالمىدى.*

بۇ ئىركەلمە يەنە تەركىبىدە بىر قاتار تەڭداش بۆلەكلەر بولغان جۈملىلەردە، ئالدى تەرەپتىن چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن، ئارقىدىن «يەنە» باغلىغۇچىسى بىلەن ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

*ئالتايدا قازاقلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرمۇ بار.*

C. «قەتئىينەزەر» ئىركەلمىسى ئالدى تەرەپتىن «مەيلى» باغلىغۇچىسى ۋە سوراق ئالماشلىرى، ئىسىمداشلارغا ئۇلانغان چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن ماسلىشىپ، چەتكە قېقىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بىرىكمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ گەپنىڭ قانچىلىك راستلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا ھۆكۈمدارلاردىكى مىجەز - خۇلقنىڭ بىر تەرىپى ئەكس ئېتىلگەن.*

*b. بىر پارتىيە ئىلغارلىقىنى يوقاتسا، ئۇنىڭ نامى نېمە بولۇشىدىن، قانداق كۈچلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىشىدىن قەتئىينەزەر، زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ، ھەتتا يوقىلىدۇ.*

(4) مۇستەقىل سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى

بۇ خىل ماسلىشىش مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكى شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ:

A. «تېخى»، «مۇتلەق»، «ھەرگىز» قاتارلىق رەۋىشلەر ۋە «ھېچقاچان»، «ھېچقايسى»، «ھېچكىم»، «ھېچنېمە» قاتارلىق

www.uyghurkitap.com

يوقلۇق ئالماشلىرى پېئىلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى بىلەن ماسلىشىدۇ ۋە ئىنكار شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. توپ مۇسابىقىسى تېخى تۈگىمىدى.*

*b. يېقىلسام ئوڭدا ياتىمەن، ھەرگىز دۈمبەمگە ئۆزۈم تەگكۈزمەيمەن!*

*c. ئۆنىگچە ھېچكىم ئۆنىگدەك بەختلىك ئەمەس، گۈزەل قىزغا ھېچكىم ئۆنىگدەك مەھلىيا بولالمايدۇ، قىزنىمۇ ھېچكىم ئۆنىگدەك ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ.*

B. جۈملىدە «ئەتە، كېلەر يىل، تۈنۈگۈن، بۇلتۇر» قاتارلىق ۋاقىت ئىسىملىرى ھەمدە «ئاللىقاچان، ئاللىبۇرۇن» قاتارلىق ئالماشلار ئىشلىتىلگەندە، جۈملىنىڭ خەۋىرى جەزمەن مۇناسىپ ھالدىكى زامان شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل سۆزلەر ۋاقىت مەنىسىنى ئىپادىلىگەن بولغاچقا، خەۋەردىمۇ مۇناسىپ ھال - زامان قوشۇمچىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت ۋاقىت جەھەتتىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىز دەسمايىنى ئاللىبۇرۇن قايتۇرۇۋالدۇق!*

*b ھەي... ئىست، يىگىتلىك چاغلىرىم بولىدىغان بولسا، ھاسا تۇتقان بۇ قوللىرىمغا ئاللىقاچان قەلەم ئالغان بولاتتىم.*

*c. ئەتە بۇ ئارمىنىم ئەمەلگە ئاشارمىكىن.*

C. سوراق ئالماشلىرى بىلەن كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ ماسلىشىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. بۇ خىل مۇناسىۋەت تۆۋەندىكى شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ:

● شەرت بېقىندى جۈملىدە «كىم» ياكى «كىمكى» دېگەندەك سوراق ئالماشلىرى ئىشلىتىلسە، باش جۈملىدە چوقۇم «ئۇ» ياكى «شۇ» دېگەندەك كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتە سوراق ئالمىشىنىڭ كۆرسىتىش دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. مەسىلەن:

*a. كىمكى يامان ئىشنى بىلىدۇ راۋا، ئۇ ئۆز قىلمىشىدىن*

*تارتىدۇ جازا.*

*b. كىم پۇقراغا زۇلۇم قىلسا، ئۇنىڭ جېنىغا زىخ بولغىنىم بولغان.*

*c. ئۇنى كىم تىرىلدۈرىمەن دېسە، بۇ قىلىچ، ھە، مۇشۇ قىلىچ شۇنىڭ بېشىغا تېگىدۇ.*

● بېقىندى جۈملىدە «نېمە» ئالمىشى ئىشلىتىلسە، باش جۈملىدە «شۇ» كۆرسىتىش ئالمىشى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. سەن نېمە ئالساڭ، مەنمۇ شۇنى ئالىمەن.*

*b. ئۇ نېمىنى كۆرسە شۇنى دورايدۇ.*

● بېقىندى جۈملىدە «قانداق» ئالمىشى ئىشلىتىلسە، باش جۈملىدە «شۇنداق» ئالمىشى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. قانداق ئالغان بولساڭ، شۇنداق قايتۇر.*

*b. قاندىقىنى ياقتۇرساڭ، شۇندىقىنى ئېلىپ بېرىمەن.*

● بېقىندى جۈملىدە «قانچە» ئالمىشى ئىشلىتىلسە، باش جۈملە تەركىبىدە «شۇنچە» ئالمىشى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. تۆگە قانچە، يېغىرى شۇنچە.*

*b. قانچىلىك ئالساڭ، شۇنچىلىك بېرىمەن.*

D. «كېرەك، لازىم، شەرت، زۆرۈر، مۇمكىن» قاتارلىق سۆپەتلەر خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، بۇ سۆزلەر ئىسىمداش قوشۇمچىلىرى بىلەن ماسلىشىدۇ ۋە ئاندىن خەۋەرلىك رولغا ئىگە بولىدۇ، بۇ خىل ماسلىشىش ھەرىكەت ئۆلچىمىنى ياكى ئىمكانىيەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەمما بۇيرۇققا بويسۇنۇشى شەرت.*

*b. ئەمدى ئۇ ئىسھاقبېككە زەھەرلىك قولىنى سوزۇشى مۇمكىن.*

*c. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشى، ئائىلە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن.*

بىز يۇقىرىدا تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىگۈچى

قوشۇمچىلار، تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن باغلىغۇچىلار، تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تىركەلمىلەر، بىر قىسىم مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلار ھەمدە سوراق ئالماشلىرى بىلەن بىر قىسىم كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزدۇق، يۇقىرىقى تەھلىللەردىن تۆۋەندىكى يەكۈننى چىقىشقا بولىدۇ:

(1) گىراماتىكىلىق شەكىللەر بىر- بىرىنى تەقەززا قىلىش نەتىجىسىدە مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنى شەكىللەندۇ- رىدۇ. گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىش يۆنىلىشى ئوخشىمايدۇ، بەزى گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئۆزىنىڭ كەينىدىكى گىراماتىكىلىق شەكىللەرنى تەقەززا قىلسا، يەنە بىر قىسىم گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى يەنە بىر بۆلەك گىراماتىكىلىق شەكىللەرنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇنداق تەقەززالىق شۇ گىراماتىكىلىق شەكىلنىڭ شۇ خىل قۇرۇلمىدا تۇتقان ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەسى- لەن، باغلىغۇچىلار ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ خاراكتېرى، شەكلىنى بەلگىلەش ئارقىلىق بىر پۈتۈن قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلىدۇ؛ تىركەلمىلەر بولسا ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن قوشۇمچە ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ خاراكتېرى ھەم شەكلىنى بەلگىلەش ئارقىلىق بىر پۈتۈن قۇرۇلمىنى شەكىللەن- دۈرىدۇ. گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ماسلىشىشى ئارقى- لىق بارلىققا كەلگەن قۇرۇلمىلاردا مۇشۇنداق ھەل قىلغۇچ رول ئويناۋاتقان گىراماتىكىلىق شەكىللەر سىنتاكسىسلىق قۇرۇل- مىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

(2) گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى ئۇيغۇر تىلىدىكى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلاردا مەۋجۇت بولغان ئىچكى باغلىنىش بولۇپ، سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلاردا مەۋجۇت بولغان ئىچكى باغلىنىش دېگىنىمىز، شۇ

قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلغۇچى گىراماتىكىلىق شەكىللەردىن بىرى كەم بولسا ياكى بىرى باشقا بىر گىراماتىكىلىق شەكىلگە ئالماشتۇرۇلسا، يا سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئومۇمىي مەنە ئۆزگىرىدىغان، يا گىراماتىكىلىق خاتالىق ۋە ياكى لوگىكىلىق خاتالىق كېلىپ چىقىدىغان باغلىنىشنى كۆرستىدۇ. شۇڭا، سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلاردىكى بۇ خىل باغلىنىش مۇقەررەرلىككە ئىگە.

(3) گىراماتىكىلىق شەكىللەر بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلغاندا، مۇئەييەن تىل شارائىتىنىڭ رولى بەك مۇھىم. مەسىلەن، «ئەگەر» باغلىغۇچىسى ئىشلىتىلسە، بۇ باغلىغۇچى ئىشلىتىلگەن بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى مۇقەررەر ھالدا پېئىلدىن بولۇشى كېرەك، بولمىسا، شەرت رايى قوشۇمچىسىنىڭ بىرىكىشىگە ئورۇن قالمايدۇ. باشقا شەكىللەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

(4) گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى ئېنىقلىق ۋە مۇقىملىققا ئىگە. ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئېنىقلىقى ۋە مۇقىملىقى قايسى خىل گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىدىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ، شۇنىڭدەك بىر خىل ماسلىشىش ئوخشاش سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرۈشتە ھەم شۇ ماسلىشىشتىن كېلىپ چىققان قۇرۇلمىنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنىڭ ئېنىق ۋە مۇقىم بولىدىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

## § 2. سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيەلىك قۇرۇلمىسى

سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيەلىك قۇرۇلمىسى سۆزلەرنىڭ قايسى مورفېمىلاردىن تۈزۈلگەنلىكى، بۇ مورفېمىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرىكىش مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[15]. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن يىلتىز، ئۆزەك، قوشۇمچە دېگەندەك تەركىبلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

### 1. يىلتىز

يىلتىز بىر سۆزدە ئىپادىلىنىدىغان لېكسىكىلىق مەنىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. بىر سۆزنىڭ تەركىبىدىكى بارلىق قوشۇمچىلارنى چىقىرىۋەتكەندە، ئېشىپ قالغان قىسمى يىلتىز بولىدۇ. يىلتىز ئېنىق، مۇستەقىل مەنىگە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇنى مۇستەقىل قوللانغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «چىرايلىقلارنى»، «ئىشلەۋاتقانلارغا» دېگەن ئىككى سۆز بىرقانچە مورفېمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «چىرايلىقلارنى» دېگەن سۆزنى «چىراي-لىق-لار-نى» دېگەن شەكىلدە پارچىلاش مۇمكىن. بۇ سۆزنىڭ تەركىبىدىكى «-لىق، -لار، -نى» قاتارلىق سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى چىقىرىۋەتكەندە ئېشىپ قالغان قىسمى «چىراي» بولۇپ، ئۇ سۆزنىڭ يىلتىزى ھېسابلىنىدۇ؛ «ئىشلەۋاتقانلارغا» دېگەن سۆزنى «ئىش ـ لە ـ ۋات ـ قان ـ لار ـ غا» شەكلىدە پارچىلاش مۇمكىن. بۇ سۆزنىڭ تەركىبىدىكى « ـ لە، ـ ۋات، ـ قان، ـ لار، -غا» قاتارلىق سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى چىقىرىۋەتكەندە ئېشىپ قالغان «ئىش» قىسمى بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى بولىدۇ.

يىلتىز «تومۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۆز يىلتىزى سۆزنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ يېڭى سۆزلەرنى ياساشقا ئاساس بولىدۇ. بىر يىلتىزدىن ياسالغان سۆزلەر «يىلتىزداش سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىز:
- ئىزدە ـ ← ئىزدەن ـ ← ئىزدىنىش
- ئىزلە ـ ← ئىزلەن ـ ← ئىزلەنمە
- ئىزچى ← ئىزچىلىق
- ئىزچىل ← ئىزچىللىق
- ئىز ـ دېرەك   ئىز ـ دېرەكسىز
- ئىزباسار
- ئىزسىز

بۇ سۆزلەر «ئىز» دېگەن يىلتىزدىن ياسالغان يىلتىزداش سۆزلەردۇر.

**2. قوشۇمچە**

سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، ھەر خىل گىراماتىكىلىق مەنە ۋە لېكسىكىلىق مەنىلەرنى يۈكلەيدىغان، مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغان ئەڭ كىچىك گىراماتىكىلىق بىرلىك قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

يىلتىزغا ياكى ئۆزەكلەرگە قوشۇلۇپ يېڭى لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلىتىدىغان قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بولىدۇ. مەسىلەن: «ئىش+ چى، تاغ + لىق، ئاق + ار، سان + ا، يات ـ اق» قاتارلىق سۆزلەردىكى «ـ چى، ـ لىق، ـ ار، ـ ا، ـ اق» قاتارلىقلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ھېسابلىنىدۇ.

يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە قوشۇلۇپ ھەر خىل گىراماتىكىلىق مەنە ئاڭلىتىدىغان قوشۇمچىلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بولىدۇ. مەسىلەن:

«قىزلار، قىزغا، قىزدىن، قىزىلراق، قىزارغان » قاتارلىق سۆزلەردىكى «ـ لار، ـغا، ـ دىن، ـ راق، ـ غان» قاتارلىقلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ھېسابلىنىدۇ.

**3. ئۆزەك**

بىر سۆزنىڭ تەركىبىدىكى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئېشىپ قالغان قىسمى، يەنى سۆزنىڭ تۈرلەنمىگەن شەكلى ئۆزەك دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزگە ھېچقانداق ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلمىغان چاغدا ئۆزەك = يىلتىز بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا مورفېمىلارنىڭ بىرىكىش تەرتىپىدە

تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار كۆرۈلۈشى مۇمكىن، يەنى سۆز تەركىبىدە يىلتىز، قوشۇمچە، ئۆزەكلەرنىڭ كۆرۈلۈش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك بولۇشى مۇمكىن ( S = سۆز، O = ئۆزەك، R = سۆز يىلتىزى، Y = سۆز ياسىغۇچى مورفېما، T = سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما) [16]

سۆزنىڭ بۇ خىل قۇرۇلما تىپلىرى ئىچىدە 1ـ، 2ـ، 3ـ، 4ـ، 5ـ، 6ـ، 14ـ، 15ـ، 16ـ، 17ـ خىل شەكىللەردە يىلتىز بىلەن ئۆزەك تەڭ بولىدۇ. بىز بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز:

| № | تىپى | مىسال |
|---|---|---|
| 1 | $S = R = O$ | قىل ـ باش، بەش |
| 2 | $S = R+Y = O$ | قىل ـ ىق |
| 3 | $S = R+Y_1+\ldots Yn = O$ | قىل ـ ىق ـ سىز ـ لىق |
| 4 | $S = Y+R = O$ | بى ـ ئەدەپ |
| 5 | $S = Y_1+R+Y_2 = O$ | بى ـ ئەدەپ ـ لىك |
| 6 | $S = Y_1+R+Y_2+\ldots Yn = 0$ | بەت ـ قىل ـ ىق ـ لىق |
| 7 | $S = R = O+T_1+\ldots Tn$ | قىل ـ غان |
| 8 | $S = R = O+T_1+\ldots Tn$ | قىل ـ غان ـ ىم ـ نى |
| 9 | $S = [R+Y] = O+T$ | قىل ـ ىق ـ ى |
| 10 | $S = [Y+R] = O+T$ | قىل ـ ىق ـ ى ـ نى |
| 11 | $S = [Y+R] = O+T$ | بى ـ ئەدەپ ـ لەر |
| 12 | $S = [Y_1+R+Y_2] = O+T$ | بى ـ ئەدەپ ـ لىك ـ نى |
| 13 | $S = [Y_1+R+Y_2] = O+T_1+\ldots Tn$ | بى ـ ئەدەپ ـ لىك ىم ـ نى |
| 14 | $S = [R_1+\ldots Rn] = O$ | ئاش ـ قازان، توي ـ تۆكۈن |
| 15 | $S = [R_1+Y+\ldots Rn] = O$ | كۆز ـ ئەينەك ـ لىك يىلان |
| 16 | $S = [R_1+\ldots Rn+Y] = O$ | بالا ـ چاقا ـ لىق |
| 17 | $S = [R_1+R_2+Y_1+\ldots Yn] = O$ | تاش ـ پاقا ـ چى ـ لا |
| 18 | $S = [R_1+R_2+Y] = O+T$ | تاش ـ يول ـ چى ـ لار |
| 19 | $S = [R_1+R_2+Y_1+\ldots Yn] = O+T$ | تاش ـ پاقا ـ چى ـ لاپ |
| 20 | $S = [R_1+R_2+Y_1+\ldots Yn] = O+T_1+\ldots Tn$ | گۈل ـ قەنت ـ چى ـ لىك ـ ىمىز ـ نى |

## §3. سۆزلەرنىڭ قۇرۇلما تىپلىرى

ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەر تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن، تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، بىرىككەن سۆز ۋە جۈپ سۆز دېگەن تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئالاھىدە شەكىلدە تۈزۈلگەن سۆزلەردىن قاتما سۆز، قىسقارتىلما سۆز ۋە مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق سۆز قاتارلىقلارمۇ بار.

### 1. تۈپ سۆز

بىرلا باش مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر تۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: بىر بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەر: تاغ، قول، كۆز، بىر، ياز ـ، ئۇس...

ئىككى بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەر: بېلىق، ئېگىز، يامان، تانكا، ئۇخلا ـ، ئىككى... كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەر: ئەتىگەن، ئىنقىلاب، سىياسەت، ئېنېرگىيە مورفولوگىيە...

### 2. ياسالما سۆز

بىر باش مورفېما بىلەن بىر ياكى بىرقانچە ئەگەشمە مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر ياسالما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەشمە مورفېمىلارنىڭ بىر قىسمى باش مورفېمىلارنىڭ ئالدىغا، كۆپىنچىسى باش مورفېمىلارنىڭ كەينىگە قوشۇلىدۇ. سۆزلەرنىڭ ئالدىغا قوشۇلىدىغان ئەگەشمە مورفېمىلار ئاساسەن ئەرەب، پارس تىلىدىن تىلىمىزغا كىرىپ ئۆزلەشكەن.

بى ـ : بىئەدەپ، بىھېساب، بىچارە، بىگۇناھ؛

نا ـ: نامەرد، نائۇمىد، نائىنساپ، ناتوغرا:

بەت ـ: بەتقىلىق، بەتنىيەت، بەتنام، بەتتەم، بەتخۇي؛

بە ـ: بەقۇۋۋەت، بەھۇزۇر.

بۇ قوشۇمچىلار ئاساسەن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە

ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن، يەنى، «بى ـ، نا ـ، بەت ـ» قاتارلىق ئۈچ قوشۇمچە پارس تىلىدىن، «بە ـ» قوشۇمچىسى ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلار ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنۇمسىز قوشۇمچىلار قاتارىدا تۇرىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار بىلەن ياسالغان سۆزلەر ئاساسەن ئەرەب، پارسچە سۆزلەردۇر.

ئۇيغۇر تىلىغا خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلار باش مورفېمىلارنىڭ كەينىگە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ـ چى: ئىشچى، تاشچى، گۈلچى، سامانچى...

ـ لىق \ ـ لىك \ ـ لۇق\ ـ لۈك: يازلىق، تەتىللىك، پۇللۇق، كۆزلۈك...

قىرا \ ـ كىرا: ۋارقىرا، گۈركىرە...

ـ لا\ ـ لە: ئاقلا ـ، يامانلا ـ، تازىلا ـ، گۈللە ـ

ئۇنىدىن باشقا ئۇيغۇر تىلىدا بىرىككەن سۆزلەرگە، جۈپ سۆزلەرگە ياكى سۆز بىرىكمىلىرىگە ياسىغۇچى مورفېمىلار قوشۇلۇپمۇ يېڭى سۆز ياسىلىدۇ. بۇلارمۇ ياسالما سۆزلەرگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

تاشپاقىچىلاپ، چېگراچى، مايتاغلىق، ئەتىيازلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، ئاچ ـ يالىڭاچلىق، بالىچاقىلىق، ئېگىز ـ بەستلىك...

### 3. بىرىككەن سۆز

ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق باش مورفېمىنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر بىرىككەن سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

بىرىككەن سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ:

1) بىرىككەن سۆزلەر تاۋۇش ۋە مەنە جەھەتتىن ناھايىتى چىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، يەنى «ئۇلار تەركىبىدىكى سۆزلەر

تاۋۇش ۋە مەنە جەھەتتە يۇغۇرۇلغانلىقى، بىر ئۇرغۇغا بويسۇنىدىغانلىقى، بىر سۆزدەك ئىپتىلىدىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.»

2) بىرىككەن سۆزلەر سۆز بىرىكمىسىدىن پەرقلىنىدىغان گىراماتىكىلىق بىرلىك بولسىمۇ، سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما نۇسخىلىرىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. بۇنداق سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما مۇناسىۋەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

A. ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەت

بۇنداق مۇناسىۋەتتىكى بىرىككەن سۆزلەردە، ئاۋۋالقى مورفېما بايان قىلىنىدىغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ، كېيىنكى مورفېما ئاۋۋالقى مورفېمىنى بايان قىلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

دەز كەتمەك، يۈز كەلمەك؛ يۈز بەرمەك...

يۇقىرىقى بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىگە قىسمى ئىسىمدىن، خەۋەر قىسمى پېئىلدىن تەركىب تاپقان. ئۇلار جۈملىگە كىرگەندە پەقەت جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ.

B. ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەت

بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى بىرىككەن سۆزلەردە ئاۋۋالقى مورفېما كېيىنكى مورفېمىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئېنىقلاپ ۋە ئىزاھلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

تاشيول، ئاتقۇلاق، تاشكۆمۈر، تىلخەت، قارانوپۇس، ئاچچىقسۇ، ئاچ كۆز، يالاڭ تۆش ...

بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى بىرىككەن سۆزلەردە ئېنىقلانغۇچى تەركىب ئىسىمدىن، ئېنىقلىغۇچى تەركىب ئىسىم، سۈپەت ۋە ساندىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىكىش شەكلى تۆۋەندىكىچە:

ئىسىم+ ئىسىم شەكلى. مەسىلەن، گۈلقەنت، ئەتىرگۈل، ئەلنەغمە، ئادەمگىياھ ...

سۈپەت + ئىسىم شەكلى. مەسىلەن، سۈيۈقئاش، يالاڭ تۆش، ئاقباش، قىزىل كۆز ...

سان + ئىسىم شەكلى. مەسىلەن، سەكسەنيۈت، بەشكىرەم، ئۈچ بۆلۈك،... دىگەندەك.

C . تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەت

بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى بىرىككەن سۆزلەردە ئاۋۋالقى مورفېما ھەرىكەتنى بىلدۈرسە، كېيىنكى مورفېما ھەرىكەت بېقىندۇرۇپ كەلگەن شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئازار بەرمەك، ئازار يېمەك، غەلىبە قازانماق، قانات يايماق، زەن سالماق، ھەيۋە قىلماق، تارمار قىلماق ...

بۇنداق بىرىككەن سۆزلەرنىڭ باشقۇرغۇچى تەركىبى پېئىلدىن، باشقۇرۇلغۇچى تەركىبى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

D. تەڭداش مۇناسىۋەت

بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى بىرىككەن سۆزلەر باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغان، رولى ئوخشاش ئىككى مورفېمىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن:

بىر تالاي، بىرمۇنچە، بىرھازا، بىردەم ...

بۇنداق بىرىككەن سۆزلەردە تەڭداش ئىككى تەركىب سۈپەت، سان ۋە ئىسىمدىن تەركىب تېپىشى ھەمدە سۈپەت، سان ۋە رەۋىشكە تەۋە بولۇشى مۇمكىن.

## 4. جۈپ سۆزلەر

ئىككى سۆزنىڭ ياكى بىر° سۆز بىلەن ئادەتتە مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغان باشقا بىر تەركىبنىڭ ۋەياكى مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغان ئىككى تەركىبنىڭ جۈپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان سۆزلەر جۈپ سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. يېزىق تىلدا جۈپ سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە قويۇلۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن: خېيىم ـ خەتەر، شان ـ شەرەپ، قاقتى ـ سوقتى، باج ـ سېلىق ...



www.uyghurkitap.com

جۈپ سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

جۈپ سۆزلەرنى تەركىبىدىكى سۆزلەر ياكى قۇرۇلمىلارنىڭ مەنە مۇناسىۋىتى، تۈركۈم تەۋەلىكى، مۇستەقىل قوللىنىلىدىغان ـ قوللىنىلمايدىغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن تۈرلەرگە ئايرىغىلى بولىدۇ. تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ياكى قۇرۇلمىلارنىڭ مەنە مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، جۈپ سۆزلەر مەنىداش جۈپ سۆزلەر، قارشى مەنىلىك جۈپ سۆزلەر، يانداش مەنىلىك جۈپ سۆزلەر دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ:

(1) مەنىداش جۈپ سۆزلەر

مەنىلىرى ئوخشاش ياكى يېقىن سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر مەنىداش جۈپ سۆزلەر، دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: جاپا ـ مۇشەققەت، بەخت ـ سائادەت، بالا ـ قازا، ئازاب ـ ئوقۇبەت، ئارزۇ ـ تىلەك

(2) يانداش مەنىلىك جۈپ سۆزلەر

مەنىلىرى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك، بىر ـ بىرىنى مەنە جەھەتتىن تولۇقلايدىغان يانداش سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر يانداش مەنىلىك جۈپ سۆزلەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاجىز ـ ئورۇق، چىراي ـ شەكىل، ئىز دېرەك ـ سوراق، تىل ـ ئەدەبىيات، ئاي ـ كۈن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، يۈز ـ كۆز، دەپتەر ـ قەلەم، ئالتۇن ـ كۈمۈش...

(3) قارشى مەنىلىك جۈپ سۆزلەر

مەنىلىرى قارىمۇقارشى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر قارشى مەنىلىك جۈپ سۆزلەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاق ـ قارا، ئېگىز ـ پەس، ئىسسىق ـ سوغۇق، يۇقىرى ـ تۆۋەن، قىش ـ ياز، بار ـ يوق...

جۈپ سۆزلەرنى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مۇستەقىل قوللىنىدىغان ـ قوللىنىلمايدىغانلىقىغا قاراپ، تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

(1) مۇستەقىل قوللىنىلىدىغان ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر

مەسىلەن: ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئىسسىق ـ سوغۇق، قەلەم ـ قەغەز، قىزىل ـ يېشىل...

(2) بىر مۇستەقىل سۆز بىلەن مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغان تەركىبنىڭ جۈپلىنىشىدىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر

مەسىلەن: تويى ـ تۆكۈن، بالا ـ چاقا، سەل ـ پەل، چاي ـ پاي، ئاش ـ پاش...

بۇنداق جۈپ سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىككى مۇستەقىل سۆزدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇلار تەركىبىدىكى سۆزلەردىن بىرىنىڭ مەنىسى يوقىلىپ، مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغان بولۇپ قالغان. مەسىلەن: «تويى ـ تۆكۈن» دېگەن جۈپ سۆزنىڭ تەركىبىدىكى «تۆكۈن» سۆزى ئەسلىدە «تويى» دېگەن مەنىدىن بولۇپ، هازىر مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغان بولۇپ قالغان (هازىرقى زامان تۈرك تىلىدا بۇ سۆز هازىرمۇ «تويى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ). بۇنداق جۈپ سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىر مۇستەقىل سۆز بىلەن ئۇنىڭغا قاپىيەداش كەلگەن يەنە بىر سۆزنىڭ جۈپلىنىشىدىن تۈزۈلگەچكە، قاپىيەداش جۈپ سۆزلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(3) مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغان ئىككى قاپىيەداش تەركىبتىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر

مەسىلەن: ئوڭتەي ـ توڭتەي، ئاندا ـ ساندا، تاراق ـ تۇرۇق، ئوپۇل ـ توپۇل...

جۈپ سۆزلەرنى يەنە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈركۈم تەۋەلىكىگە ئاساسەن، ئىسىملاردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر، سۈپەتلەردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر، ئالماشلاردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر، پېئىللاردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر، رەۋىشلەردىن

تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر، ئىملىق سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن.

مەسىلەن: تەلىم ـ تەربىيە، قىزىل ـ يېشىل، ئۇنداق ـ مۇنداق، بېرىش ـ كېلىش ...

2) جۈپ سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى:

(1) جۈپ سۆزلەرنىڭ سۆز تەرتىپى تۇراقلىق بولىدۇ، ئادەتتە ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ تەرتىپىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

مەسىلەن: «جان ـ دىل» دېگەننى «دىل ـ جان»، «تەلىم ـ تەربىيە» دېگەننى «تەربىيە ـ تەلىم»، «ئاق ـ قارا»نى «قارا ـ ئاق» دېيىشكە بولمايدۇ.

(2) ياسىلىشچانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇرغۇن سۆزلەرنى قاپىيەداش تەركىبلەر بىلەن جۈپلەش ئارقىلىق جۈپ سۆزلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ. يېڭى ياسالغان بۇنداق جۈپ سۆزلەر پىكىر ـ ھېسسىيات، شەيئى ـ ھادىسىلەرنى ئىپادىلەش جەھەتتە تىل سەنئەتلىرىگە خاس بەزى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. مەسىلەن:

جان: جان ـ جەھل، جان ـ جىگەر، جان ـ جانىۋار، جان ـ دىل، جان ـ تەن...

(3) جۈپ سۆزلەر ماسلىشىشچانلىققا ئىگە. جۈپ سۆزلەر ئۆزئارا قاپىيەداش شەكىلدە ۋە ماسلاشقان ھالدا جۈپلىنىپ، تاۋۇش جەھەتتە رىتىمدارلىق ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاتارمەن ـ چاپارمەن، ئولاش ـ چولاش، قاتتىق ـ قۇرۇق، لاقا ـ لۇقا، ئادا ـ جۇدا ...

3) جۈپ سۆزلەرنىڭ مەنىسى:

جۈپ سۆزلەر ئادەتتە ئىسىم، سۈپەت، پېئىل، رەۋىش، سان، تەقلىد سۆزلەردەك لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ، ئۇلار

تەركىبىدىكى ئىككى تەركىب تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولۇپ، سۆزدە ئىپادىلەنگەن مەنىنى ئابستىراكتلاشتۇرىدۇ. دائىرىدا ھەم تۇرلەرنىڭ كېڭەيتىلىشى قاتارلىق ئىنچىكە سۆزلەرنى تۈزۈلۈشى نۇقتىسىدىن كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ يەنە قاتما سۆز، قىسقارتىلما سۆز، مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق سۆز دېگەندەك تۈرلىرىنىمۇ ئۇچرىتىمىز، تۆۋەندە سۆزلەرنىڭ بۇ خىل تۈرلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئۇيغۇر تىلىدا مەلۇم سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ بەلگىلىك گىرامماتىكىلىق شەكىلدە تۇراقلىشىپ قېلىشى بىلەن بارا ـ بارا شەكىللەنگەن سۆزلەر قاتما سۆز دېيىلىدۇ. ئادەتتە قاتما سۆزلەر تۈپ سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ تۇرلەنگەن شەكىلدە تۇراقلىشىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. قاتما سۆزلەرنى مۇنداق بىرقانچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

1) ئورۇن كېلىشلىك قاتما سۆزلەر: ھەققىدە، جايىدا، ئوڭدا ...

2) چىقىش كېلىشلىك قاتما سۆزلەر: باشتىن، بىردىن، يېڭىدىن ...

3) خەۋەر شەكىللىك قاتما سۆزلەر: بېقىنىدى، باردى ـ كەلدى، قاقتى ـ سوقتى...

4) ئىگىلىك قوشۇمچىلىق قاتما سۆزلەر: ھاجىم، پاتەم،، بېگىم ...

5) بىرىككەن قاتما سۆزلەر: ئىشقىلىپ، دېگەنبىلەن...

سۆزلەرنىڭ ئىخچام بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى ھەربىر سۆزنىڭ بېشىدىكى بىر تاۋۇشىنى ياكى بىر بوغۇمىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا قىسقارتىلغان سۆزلەر قىسقارتىلما سۆزلەر دېيىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ ئىككى خىل شەكلى مەۋجۇت، بىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر ئاساسىدا

قىسقارتىلغان سۆزلەر، يەنە بىرى ياۋروپا تىللىرىدا (ئاساسەن ئىنگلىز تىلىدا) قىسقارتىلغان ۋە ئىنگلىزچە ھەرپلەر بىلەن يېزىلىدىغان قىسقارتىلما سۆزلەر. بۇ ئىككى تۈردىكى قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ كونكرېت تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىملا قائىدىسى تۆۋەندىكىچە:

1) بىر قىسىم خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ، دۆلەت، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئىدارىلەرنىڭ ناملىرى يەككە ھەرپ بويىچە قىسقارتىلىدۇ ۋە ھەرپلەرنىڭ ئارىسىغا چېكىت قويماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ج خ ج ــ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
ج ك پ ــ جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيەسى
ج خ ئى ــ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى
ش ئۇ ئا ر ــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
ب د ت ــ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى
ش ئا ئە ت ــ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى
ئو ت م ــ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

2) «پارتكوم، ئوبكوم» دېگەن ئىككى قىسقارتىلما سۆز رۇس تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە قىسقارتىلغان پېتى تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنغان. بۇ قېلىپقا ئاساسەن تىلىمىزدا «تىلكوم» دېگەن بىر سۆز ياسالغان. بۇ سۆزلەر بىر سۆزگە ئوخشاش قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

پارتكوم ــ پارتىيە كومىتېتى، ئوبكوم ــ ئوبلاستلىق كومىتېت، تىلكوم ـ تىل ـ يېزىق كومىتېتى

3) مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرىنىڭ قىسقارتىلغان ھەرپىدىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

م. كاشغەرىي (مەھمۇد كاشغەرىي)، ل. مۇتەللىپ (لوتپۇللا مۇتەللىپ)

ئا. ت. ئۆتكۈر (ئابدۇرېھىم تىلەش ئۆتكۈر)، ئا. نىزارى

www.uyghurkitap.com

(ئابدۇرېھىم نىزارى)

4) خەلقئارادا قىسقارتىلىپ يېزىلىۋاتقان ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۇيغۇرچە يەككە ھەرپ بويىچە قىسقارتىپ يېزىلىدۇ. يازغاندا ئارىسىغا چېكىت قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:

س م — سانتىمېتىر

ك م — كىلومېتىر

ك ل — كېلولىتىر

ك ۋ — كىلوۋات

م گ — مىللىگرام

م م — مىللىمېتىر

ئىككىنچى خىلدىكى قىسقارتىلما سۆزلەر گەرچە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن بولىسمۇ، ئەمما دۇنيا مىقياسىدا (جۈملىدىن خەنزۇ تىلىدىمۇ) ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ قوللىنىلىدىغان بولدى. بۇنداق سۆزلەر ئىنگلىز تىلىدا lettered word خەنزۇ تىلىدا 字母词 دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن ئاتىلىدۇ. خەنزۇ تىلىدا 1994 - يىلىدىن تارتىپ بۇ مەزمۇن قىزغىن تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان، خاس لۇغەتلىرى ئىشلەنگەن ۋە «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى»نىڭ 1996 - يىلى نەشر قىلىنغان 185 - باسمىسىغا رەسمىي سۆزلەم قاتارىدا كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى كىچىك لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى چوڭ لۇغىتى»، «شىنخۇا خەت لۇغىتى»، «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن قېلىپلاشتۇرۇلغان لۇغەت» قاتارلىق لۇغەتلەرگە ھەرپ سۆزلەر ئايرىم سۆزلەم سۈپىتىدە كىرگۈزۈلدى.

ھەرپ سۆزلەرنىڭ تۈرلىرىدىن قارىغاندا، مۇتلەق كۆپ قىسمى لاتىن ھەرپلىرى، ئاز بىر قىسمى گىرېك ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن. تىل تەۋەلىكىدىن قارىغاندا، ئىنگلىزچە،

فىرانسۇزچە ۋە رۇسچە ھەم خەنزۇچە سۆزلەر ئۇچرايدۇ. ھەرپ سۆزلەر تەركىبىگە قاراپ، ساپ ھەرپ سۆزلىرى ۋە ئارىلاش ھەرپ سۆزلىرى دەپ بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ ھەرپ بىلەن، بەزىلىرى كىچىك ھەرپ بىلەن، يەنە بەزىلىرى چوڭ ـ كىچىك ھەرپلەر بىلەن ئارىلاش يېزىلىدۇ. ھەرپ سۆزلىرى يەنە تەركىبىدىكى ھەرپ سانىغا قاراپ تاق ھەرپلىك، ئىككى ھەرپلىك، كۆپ ھەرپلىك سۆزلەر دەپ ئايرىلىدۇ.

ئىككىنچى تۈردىكى قىسقارتىلما سۆزلەر خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان ھەرپلىك قىسقارتىلما سۆزلەرنى ۋە ئېلىمىزدە خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن لاتىن ھەرپلىرى بىلەن قىسقارتىپ ياسالغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق سۆزلەر لاتىن ھەرپلىرىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

CD(Compact Disk) ئوپتىكىلىق دىسكا
CT(Computerized Tomography) كومپيۇتېرلاشقان توموگرافىيە
DVD(Digital Vidio Disk) سىفىرلىق ۋىدېيولۇق دىسكا
دۆلەتلىك خەلق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى
GNP(Guoss Natiomal Product)
خەلقئارا ئۆلچەم ئىدارىسى
ISO(Intermatiomal Orgamization for Standardization
MTV(Music Telivisiom) مۇزىكىلىق تېلېۋىزىيە
UFO(Unidemtified Flying Object) نامەلۇم ئۇچار جىسىم
WTO(World Tiade Organization) دۇنيا سودا تەشكىلاتى
HSK(Hanyu Shuiping Kaoshi) خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى
CCTV(China Central Telivision) مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى

SOS بالىلار كەنتى
X نۇرى
IT كەسپى
ۋىتامىن A
ۋىتامىن B

كارا OK
A پايچېكى

خەلقئارادا ھەرپ بويىچە قىسقارتىلغان، بىر سۆزگە ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇنداق قوللىنىلىدۇ، ئىملادا لاتىن ھەرپى بويىچە يېزىشقىمۇ، ئۇيغۇرچە يېزىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

OPEC ياكى ئوپېك ـ نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەر تەشكىلاتى

SARS ياكى سارس ـ تىپىك بولمىغان ئۆپكە ياللۇغى

AIDS ياكى ئەيدىز ـ ناتۇغما ئىممۇنىتېت تولۇقسىزلىق سىندورومى

**5. مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق سۆزلەر**

ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بىرىكمىلىرىگە بەزى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ياسالغان سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنداق سۆزلەر مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، تىرناق ئالغۇچ، ئىزباسار، يەپقاچار، شاخ سانىغۇچ، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك، ئىشلەپچىقىرىش ...

## §4. سۆز تۈركۈمى

**1. سۆز تۈركۈمى دېگەن نېمە؟**

«سۆز تۈركۈمى» سۆزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق جەھەتتىكى تۈرىنى، يەنى سۆزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئايرىلغان تۈرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىز دائىم تىلغا ئالىدىغان ئىسىم، سۈپەت، سان، پېئىل قاتارلىقلار سۆزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق تۈرلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن سۆز تۈركۈمىدۇر.

سۆزلەرنى ھەر خىل ئۆلچەم بىلەن ھەر خىل تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. مەسىلەن، سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مورفېمىلارنىڭ سانىغا ئاساسەن تۈپ سۆز، ياسالما سۆز دېگەندەك ئىككى چوڭ تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. بۇ سۆزلەرنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى تۈرى ھېسابلىنىدۇ. سۆزلەر بىلدۈرگەن مەنە تۈرىگە ئاساسەن بىر مەنىلىك سۆزلەر ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق تۈرى ھېسابلىنىدۇ. سۆزلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان بوغۇم سانىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر، ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەر، كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئايرىلغان تۈرى ھېسابلىنىدۇ. سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى ۋە چاستوتىسىغا قاراپ ئاساسىي سۆزلۈك ۋە ئادەتتىكى سۆزلۈك دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، بۇ، سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە دەۋاتقان سۆز تۈركۈمى سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

### 2. سۆز تۈركۈمى

شەيئىلەرنى تۈرگە ئايرىشتا مەلۇم بىر مەقسەت بولغىنىدەك، سۆزلەرنى گىراماتىكىلىق نۇقتىدىن تۈرگە ئايرىشنىڭمۇ مەقسىتى بولىدۇ، يەنى سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى توغرا ئىگىلەش، سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى، رولى ۋە سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىنى توغرا تەسۋىرلەش ئۈچۈن، سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىيمىز.

بىر تىلدا ئومۇمەن نەچچە ئون مىڭ، ھەتتا نەچچە يۈز مىڭ سۆز بولىدۇ. بۇنچىۋالا سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىنى بىردىن ـ بىردىن ئېنىقلاپ چىقىش ۋە تەسۋىرلەش تولىمۇ قىيىن[26].

ئەمما، نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىدە ئورتاقلىق بولىدۇ. ئىشلىتىلىشى ئوخشاش ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەرنى بىر تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ نەچچە يۈزمىڭ سۆزنىمۇ بىرقانچە تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىر تىلدىكى جۈملىلەرنىڭ سانىمۇ چەكسىز بولىدۇ، ھەر بىر كونكرېت جۈملە ئارقىلىق شۇ تىلنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىنى تەسۋىرلەيمەن ۋە ئىگىلەيمەن دېيىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. پەقەت چەكلىك جۈملە نۇسخىلىرى ۋە جۈملە تىپلىرى ئارقىلىق جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەسۋىرلەش مۇمكىن. مەسىلەن، ئاددىي جۈملىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىككى تۈرى ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە ۋە ئىگىسىز جۈملە دېگەندىن ئىبارەت. جۈملىنىڭ تىپ، نۇسخىلىرى گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئەمما سۆز تۈركۈمى ئېنىق بولمىسا، يەنىلا قانداق سۆزلەرنىڭ جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، قانداق سۆزلەرنىڭ خەۋەر ياكى تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى يەنىلا مەڭگۈ چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ. سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئاجرىتىش تىلدىكى مانا مۇشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا بىۋاسىتە ياردەم بېرىدۇ.

تىلىمىزدىكى ھەربىر سۆز تۈركۈمى ئۆزىگە خاس مورفولوگىيەلىك ۋە سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. سۆز تۈركۈملىرىنىڭ مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى دېگەندە، شۇ تۈركۈمگە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ قانداق ئورتاق گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيەلىرى، سۆز ياساش سىستېمىسى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ سۆز تۈركۈمىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكى دېگەندە، شۇ تۈركۈمگە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق رولى ۋە بىرىكىش مۇناسىۋىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**3. سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىشنىڭ پىرىنسىپلىرى**

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىشتىن مەقسەت سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتىش ۋە سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن. شۇڭا، بىر تۈردىكى سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىدىكى ئورتاقلىقنى تېپىشىمىز كېرەك. سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىدىكى ئالاھىدىلىك دەل ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىدۇر. مانا بۇ ئالاھىدىلىك سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىش ئۆلچىمىدە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكنى تۇتقا قىلىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى تۈرلىنىش ئالاھىدىلىكى، بىرىكىش ئىقتىدارى، جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كېلىشىدىن ئىبارەت ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆزنى ئالساق، بۇ سۆز سان، كېلىش ۋە تەۋەلىك قاتارلىق مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلالايدۇ، سان، سۈپەتلەر بىلەن ئېنىقلىنىدۇ، ئەمما رەۋىشلەر ئۇنى ئېنىقلاپ كېلەلمەيدۇ؛ باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش، خەۋەرلىك شەخس شەكىللىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، ئىگە، تولدۇرغۇچى، خەۋەر بولالايدۇ. باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەندە، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت بولۇپ كېلەلەيدۇ. مانا بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنى ھازىرلىغان سۆزلەر ئىسىم تۈركۈمىگە كىرىدۇ. «ئوقۇ ـ» دېگەن سۆز دەرىجە، زامان، راي، شەخس ـ سان قاتارلىق مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەرگە كىرەلەيدۇ، ئەمما كېلىشنىڭ مورفولوگىيەلىك شەكىللىرىنى ئالالمايدۇ، رەۋىشلەر تەرىپىدىن سۈپەتلىنىدۇ، جۈملىدە ئاساسەن خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. بۇ خىل گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ھازىرلىغان سۆزلەر پېئىل تۈركۈمىگە كىرىدۇ. بەزى سۆزلەر

مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشكە كىرەلمەيدۇ، ئىسىملار بىلەن بىرىكمەيدۇ، پېئىللار بىلەن بىرىكمىدۇ، جۈملىدە يەقەت ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ، بۇ تۈردىكى سۆزلەر رەۋىش تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىشتا، سېمانتىكىلىق ئۆلچەم بىلەن گىراماتىكىلىق ئۆلچەمنىڭ قايسىسىنى ئاساس قىلىش ھەققىدە تالاش ـ تارتىش مەۋجۇت. بۇ ئىككى ئۆلچەم ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىۋى گىراماتىكا بىلەن قۇرۇلمىچىلىق گىراماتىكىسىنىڭ تالىشىدىغان قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالغان. ئەنئەنىۋى گىراماتىكا تەتقىقاتىدا سېمانتىكىلىق ئۆلچەمنى ئاساس قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، قۇرۇلمىچىلىق گىراماتىكىسى تەتقىقاتىدا شەكىلنى ئاساس قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. سېمانتىكىلىق ئۆلچەم سۇبيېكتىپ بولغاچقا، سۆزلەرنى ئىلمىي تۈركۈملەشتە قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. بۇ جەھەتتە قۇرۇلمىچىلىق گىراماتىكىسىنىڭ تەشەببۇسى ئىلمىيراق. چۈنكى، گىراماتىكىلىق ئۆلچەم ئوبيېكتىپ بولۇپ، ئۇنىڭدا سۆزلەرنىڭ شەكلىنى كونكرېت تەكشۈرگىلى بولىدۇ. بۇنداق ئۆلچەمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تىلشۇناسلىقتىكى بىر تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ. تېخىمۇ تەپسىلىي كۆزىتىدىغان بولساق، ھەربىر سۆز تۈركۈمىگە تەۋە سۆزلەردە ئورتاق گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر بولىدىغانلىقىنى، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىلەن باغلىنىشلىق ھالدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بايقايمىز. ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى، خاراكتېر، خۇسۇسىيەت ۋە سان ـ مىقدارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئارقىلىق ئېنىقلىنىپ كېلەلىشى ۋە جۈملىدە ئاساسەن ئىگە بولۇپ كېلىشىنى ئۇنىڭ «شەيئى نامى» بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئابستراكت مەنىسى بەلگىلىگەن.

پىئىلىلارنىڭ تۈس، دەرىجە، راي، زامان قاتارلىق شەكىللىرىنى ئىپادىلىشى ئۇنىڭ «ھەرىكەت»نى ئىپادىلىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەنە سۆزنىڭ ئىچكى ماھىيىتى، شەكىل ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشى. ئالدىنقىسى سەۋەب، كېيىنكىسى نەتىجە، بۇنىڭ ئىچىدە يەنىلا مەنە ماھىيەتلىك رول ئوينايدۇ. شۇڭا، سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىشتا سېمانتىكىلىق ئۆلچەم، مورفولوگىيەلىك ئۆلچەم ۋە سىنتاكسىسلىق ئۆلچەمدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۆلچەم بارلىقتا كەلگەن. سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىشتا سېمانتىكىلىق ئۆلچەممۇ رول ئوينايدۇ. ئەمما، بەزىدە مەنىگە ئاساسلىنىپ تۈرۈپلا سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە توغرا ئايرىپ چىقىش قىيىن. مەسىلەن، «تاسادىپىي» ۋە «تۇساتتىن» دېگەن ئىككى سۆزنى ئالساق، ئۇلارنىڭ مەنىسى ئوخشاش، يەنى «ئويلىمىغان يەردىن، تۇيۇقسىز» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەنىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى سۆز بىر سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولۇشى كېرەك. گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى سۆزنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى ئوخشىمايدۇ، ئالدىنقىسى ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ «تاسادىپىي ۋەقە» دېگەن بىرىكمىنى ھاسىل قىلالايدۇ، كېيىنكىسى بۇنداق قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئالدىنقىسى سۈپەت، كېيىنكىسى رەۋىش. دېمەك سېمانتىكىلىق ئۆلچەمنىڭ يېتەرسىزلىكىنى گىراماتىكىلىق ئۆلچەم تولۇقلايدۇ.

قارىماققا سېمانتىكىلىق ئۆلچەم بىلەن گىراماتىكىلىق ئۆلچەم بىر- بىرىگە قارشىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرىگە تايانغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىغاندىمۇ بۇ ئىككى ئۆلچەمنى ئوخشاشلا نەزەرگە ئالىمىز.

پىروفېسسور شىنىڭ فۇيى سۆز تۈركۈملىرىنى ئايرىشتا دىققەت

www.uyghurkitap.com

قىلىنىدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «سۆز تۈركۈملىرىنى ئايرىغاندا، سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك؛ ئايرىم ئەھۋاللار بىلەن ئومۇمىي ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك؛ سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەرنىڭ مەلۇم سۆز تۈركۈمىگە نىسبەتەن زۆرۈر شەرت ياكى يېتەرلىك شەرت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش كېرەك[27].» سۆز تۈركۈملىرىنى ئايرىشتا بۇ بايانلارغا دىققەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## 4. ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ تۈركۈملۈك سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئەسەرلىرىمىز ياكى لۇغەتلىرىمىزدە بىر سۆزنى ھازىرغا قەدەر بىرلا سۆز تۈركۈمىگە تەۋە قىلىپ بايان قىلىپ كەلدۇق. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، بىردىن ئارتۇق سۆز تۈركۈمىگە تەۋە سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن «تاسادىپىي» ۋە «توساتتىن» دېگەن ئىككى سۆز ئوخشاش سېمانتىكىلىق مەنە بىلدۈرسىمۇ، ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق رولى پەرقلىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بىرىنى سۈپەت، بىرىنى رەۋىش دەپ ئايرىدۇق. خۇددى شۇنىڭدەك ئوخشاش بىر سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق رولى ھەمىشە ئوخشاش بولىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، «يۆتەل» دېگەن سۆزنى ئالساق، بۇ بىر سۆزنىڭ «يۆتەل دورىسى» ۋە «تۇيۇقسىز يۆتىلىپ كەتتى» دېگەن بىرىكمىلەردىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بىرىنچى بىرىكمىدە ئىسىمغا، ئىككىنچى بىرىكمىدە پېئىلغا تەۋە. بۇنداق سۆزلەردىن يەنە:

ئوي (1. سۈپەت، م: يوللىرى ئوي ـ دۆڭ؛ 2. پېئىل، م: يەرنى ئويما)

ئىچ (1. ئىسىم، م: ئىچ كۆڭلەك؛ 2. پېئىل، م: چاي ئىچ)

ئۆك ( 1. ئىسىم، م: بوغداي ئۆك؛ 2. پېئىل، م: چىرايى ئۆگدى)

قېرى (1. سۈپەت، م: ياش ـ قېرى؛ 2. پېئىل، م: ئۇلار قېرىدى)

يوق( 1. ئىسىم، م: سىرنىڭ يوقى؛ 2. پېئىل، م: كېسەل يوقتى)

ئۇيات ( 1. ئىسىم، م: ئىشلىمەسلىك ئۇيات؛ 2. پېئىل، م: ئۇ، ئۆز قىلمىشىدىن ئۇياتتى)

باي ( 1. ئىسىم، م: ئەلى؛ 2. سۈپەت، م: تىلغا باي)

توك (1. سۈپەت، م: قاپىقى توك؛ 2. پېئىل، م: كوچىلاردا مۇز توگدى)

قىس (1. رەۋىش، م: بۇ يىل كۆكتات قىس؛ 2. پېئىل، م: گۇل قىسقان كىشى)

قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا، بىز هازىرغىچە ۋاقىت رەۋىشلىرى بىلەن ۋاقىت ئىسىملىرىنىڭ پەرقى ھەققىدە جىق توختالدۇق. ئىسىمنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان ۋە ئىسىمنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولغان سۆزلەرنى «ۋاقىت ئىسىملىرى» ( مەسىلەن، «بۈگۈن، كەچ، ئەتە» قاتارلىقلار) دەپ، رەۋىشنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئالغانلىرىنى «ۋاقىت رەۋىشلىرى» (مەسىلەن، «هازىر، مەڭگۈ، ھېلى» قاتارلىقلار) دەپ ئايرىپ كەلدۇق. ۋاقىت ئىسىملىرىنى بايان قىلغاندا ئۇنىڭ ئىسىمغا خاس ئالاھىدىلىكلىرىگىلا مىسال ئېلىپ، ئۇنىڭ رەۋىشلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئەھۋاللىرىنى تىلغا ئالمىدۇق. تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراڭ:

*a. بۈگۈن سەيشەنبە.*

*b. ئىشنى بۈگۈنگىچە تۈگىمىدى.*

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەچ تارقىتىش

*c. بۆگۈننى قەدىرلەش كېرەك.*
*d. بۆگۈننىڭ بېلەتى قالمىدى.*
*e. دادام بۆگۈن كېلىدۇ.*
*f. بالىلار بۆگۈن مەكتەپكە بارمىدى.*

a دىن d غىچە بولغان مىساللاردا «بۆگۈن» دېگەن سۆز ئىسىملار هازىرلاشقا تېگىشلىك ھەممە شەرتلەرنى ھازىرلىغان، شۇڭا ئۇ ئىسىم. e ۋە f جۈملىلەردە «بۆگۈن» دېگەن سۆز ئىسىملاردا يوق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان، يەنى پېئىللارغا بېقىنىپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن. ئىسىملار جۈملىدە باش كېلىشتە تۇرۇپ ھالەت بولالمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، بۇ ئىككى جۈملىدىكى «بۆگۈن» دېگەن سۆز رەۋىش.

خەمىت تۆمۈر ئەپەندى بۇ خىل ئەھۋالنى «سۈپەتلەرنىڭ ئىسىملىشىشى» دېگەن ماۋزۇدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ۋە مۇنداق دېگەن:

«ئۇيغۇر تىلىدا بىر قىسىم سۈپەتلەر بىۋاستە ئىسىم تۈركۈمىگە كۆچۈپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ نامىنى ياكى شۇ بەلگىگە ئىگە مەلۇم شەيئىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار پۈتۈنلەي ئىسىمغا ئوخشاش تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىم رولىنى ئوينايدۇ[28].»

خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ تۈركۈملۈك سۆزلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە توختالمىغان. ئۇنىڭ «سۈپەتلەر بىۋاستە ئىسىم تۈركۈمىگە كۆچۈپ، ئىسىمغا ئوخشاش تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىم رولىنى ئوينايدۇ» دېگىنى شۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىدە سۈپەت بولسىمۇ، كېيىن ھەم سۈپەت، ھەم ئىسىم ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئالدى بىلەن سۈپەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ يىل قىش بەك سوغۇق بولدى.*

*b. سوغۇق چۈشكۈچە ئىشلارنى تۈگىتىۋالايلى.*
*c. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بەك ياش ئۆلۈپ كەتتى.*
*d. ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ھەممىسى قاتناشتى.*
*e. لۇتپۇللا تولىمۇ باتۇر ئەر ئىكەندۇق.*
*f. باتۇر بىر ئۆلىدۇ، قورقۇنچاق مىڭ.*

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «سوغۇق، ياش، باتۇر» دېگەن سۆزلەر a، c، e جۈملىلەردە سۈپەت رولىدا كەلگەن؛ b، d، f جۈملىلەردە ئىسىم رولىدا كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «باتۇر، ئەركىن، ئازات، ئادىل، روشەن» قاتارلىق كىشى ئىسىملىرىنىڭ سۈپەتلەردىن كەلگەنلىكىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كۆپ تۈركۈملۈك سۆزلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا، كۆپرەك سىنتاكسىس تەتقىقاتىدا بەزى مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 5. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈركۈملىنىشى

بىز يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىز ۋە پىرىنسىپلىرىمىز ئاساسىدا، يەنى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى سېمانتىكىلىق، مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىسىم، سۈپەت، سان، مىقدار، ئالماش، رەۋىش، پېئىل، تەقلىد سۆز، ئىركەلمە، باغلىغۇچى، يۈكلىمە، ئۈندەش سۆزلەر[29] دىن ئىبارەت 12 سۆز تۈركۈمىگە ئايرىيمىز. بۇلاردىن ئالدىنقى سەككىزى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، «مۇستەقىل سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىركەلمە، باغلىغۇچى ۋە يۈكلىمىلەر مۇستەقىل قوللىنىلماي، باشقا مۇستەقىل سۆزلەرگە قوشۇلۇپ گىرامماتىكىلىق مەنە ياكى قوشۇمچە مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى،

سۆز ياكى جۈملىلەرنى باغلاش رولىنى ئوينايدىغانلىقى، مۇستەقىل جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، «ياردەمچى سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇندەش سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەرگىمۇ، ياردەمچى سۆزلەرگىمۇ تەۋە بولمىغان ئالاھىدە سۆز تۈركۈمى. پېئىلدىن باشقا مۇستەقىل سۆزلەر بىرمۇنچە ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن «تۈرغۇن سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

مورفولوگىيەلىك تۈرلىنىش جەھەتتە، ئىسىم، سۈپەت، ئالماش، سان قاتارلىقلار سان، تەۋەلىك، كېلىش كاتېگورىيەلىرى بىلەن؛ سۈپەتلەر ۋە بەزى رەۋىشلەر دەرىجە كاتېگورىيەسى بىلەن؛ پېئىللار دەرىجە، شەخس، سان، زامان، راي، تۈس كاتېگورىيەلىرى بىلەن ۋە بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مىقدار سۆزلەر مۇستەقىل قوللىنىلمايدۇ، پەقەت سانلار بىلەن قوشۇلۇپ سان ـ مىقدار بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغاندىلا، ئاندىن ئىسىم ياكى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، مەلۇم مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشكە ئىگە بولىدۇ. رەۋىشلەر مورگولوگىيەلىك ئۆزگىرىشكە ئىگە بولمىسىمۇ، مۇستەقىل لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەپ، جۈملە بۆلىكى بولالايدۇ. تەقلىد سۆزلەرمۇ لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە. ئۇلار مەلۇم تىل شارائىتىدا ئىسىملارغا ئوخشاش گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، جۈملىنىڭ ھەرقانداق بۆلىكى بولالايدۇ. ياردەمچى سۆزلەر ۋە ئۇندەش سۆزلەر گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئىگە ئەمەس ھەمدە جۈملىدە مۇستەقىل جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدۇ.

| سۆز تۈركۈملىرىنىڭ نامى | | | مىساللار |
|---|---|---|---|
| مۇستەقىل سۆزلەر | | پېئىل | ياز ـ، ماڭ ـ، تۇر ـ، ياش ـ كۈل ـ، قىزار ـ، جىرىڭلا ـ |
| | تۇرغۇن سۆزلەر | ئىسىم | تاغ، قول، سۇ، نان، ئىدىيە، ئىرادە، ئەقىل، كۈلكە |
| | | سۈپەت | ئاق، كىچىك، قېلىن، سوغۇق، سۇنئىي، ساتىرىك |
| | | سان | بىر، ئۈچ، بەشىنچى، ئوندىن بىرى، يۈزلەپ |
| | | مىقدار | سەر، نەپەر، كىلو، چاقىرىم، تۇتام، يۇتۇم |
| | | ئالماش | مەن، بىز، ئۇلار، نېمە، قانداق، ئۆزۈم، كىمدۇر |
| | | رەۋىش | بۈگۈن، سەرھال، بەك، قەستەن، باتۇرلارچە |
| | | تەقلىد | جىغ، لۇق ـ لۇق، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، پال ـ پۇل |
| ياردەمچى سۆزلەر | | تىركەلمە | توغرىسىدا، ئۈچۈن، ئائىت، ئارقىلىق |
| | | باغلىغۇچى | ۋە، بىلەن، چۈنكى، لېكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن |
| | | يۈكلىمە | ـ مۇ، ـ چۇ، ـ غۇ، ـ لا، جۇمۇ، ئېھتىمال |
| ئۈندەش سۆزلەر | | | ئاھ، ۋايجان، ئاپلا، ئەستاغپۇرۇللا |

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com

ئىزاھلار:

①【德】哈杜默德·布斯曼：《语言学词典》，商务印书馆 2005年，第188页。

② خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (مورفولوگىيە)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، 1 ـ بەت.

③【德】哈杜默德·布斯曼：《语言学词典》，商务印书馆 2005年，第348页。

④【德】哈杜默德·布斯曼：《语言学词典》，商务印书馆 2005年，第542页。

⑤ «چاغداش» ھازىرقى زامان تۈرك تىلىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ تىلىمىزدا «سىنخرونىك» دەپ ئېلىنىۋاتقان ئاتالغۇغا بەدەل قىلىپ ئىشلىتىلدى.

⑥【德】哈杜默德·布斯曼：《语言学词典》，商务印书馆 2005年，第347页。

⑦ ھەسەن ئەمەت، پۇ چۈەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلارنىڭ تۈرى ھەققىدىكى بەزىبىر قاراشلىرىمىز»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان، 24 ـ، 26 ـ بەت؛ ئۆمەر داۋۇت، ئۆمەر نىياز: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1996 ـ يىلى 5 ـ سان، 11 ـ بەت.

⑧ خەمىت تۆمۈر ئەپەندى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى (مورفولوگىيە)» ناملىق ئەسىرىدە «دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ سۆز ياساش رولى» دېگەن ماۋزۇدا مەخسۇس توختالغان. ئۇ «پېئىلنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۆز ئۆۋتىدە يەنە پېئىلدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە ھېسابلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى (مورفولوگىيە)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، 388 ـ بەتكە قارالسۇن. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق مەركىزى يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»دا «دەرىجە قوشۇمچىلىرى سۆز ھاسىل قىلغۇچى مەنىگە ئىگە» دەپ كۆرسىتىلگەن ۋە بەزى «ـGUz ،ـDUr» قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان سۆزلەر مىسال ئېلىنغان. قازاقىستان س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، 294 ـ بەتكە قارالسۇن.

⑨ گۈلنار ئېزىز: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 ـ يىللىق 3 ـ سان، 34 ـ بەت.

⑩【德】哈杜默德·布斯曼：《语言学词典》，商务印书馆 2005年，第603页。

⑪【德】哈杜默德·布斯曼：《语言学词典》，商务印书馆 2005年，第461页。

⑫ «ئاهاڭ» خەنزۇ تىلىدا «句调» ئىنگلىز تىلىدا «intonation sentence» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدىغان تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئىلگىرىكى كىتابلاردا «جۈملە ئىنتوناتسىيەسى» دەپ ئېلىنغان. بىز ئىخچاملىقنى ۋە ئېنىقلىقنى كۆزدە تۇتۇپ «ئاهاڭ» دەپ قوللاندۇق.

⑬ «تىنىق» خەنزۇ تىلىدا «停顿»، ئىنگلىز تىلىدا «pause» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدىغان تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئىلگىرىكى كىتابلاردا، «پائۇزا» دەپ ئېلىنغان. بىز ئېنىقلىقنى كۆزدە تۇتۇپ «تىنىق» دەپ قوللاندۇق.

⑭ بۇ مەزمۇن رازاق مەتنىيازنىڭ «گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1994 ـ يىللىق 3 ـ سان) ناملىق ماقالىسى ئاساسىدا يېزىلدى.

⑮ چېڭ شىلياڭ قاتارلىقلار: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى.

⑯ بۇ يەردىكى «S» «سۆز» نىڭ 1 ـ هەرپىدىن، «O» «ئۆزەك» نىڭ 1 ـ هەرپىدىن، «R» ئىنگلىزچە « Root يىلتىز» دېگەن سۆزنىڭ 1 ـ هەرپىدىن (چۈنكى ئۇيغۇرچە «تومۇر» ياكى «يىلتىز» دېگەن سۆزلەرنىڭ 1 ـ هەرپى «تۈرلىگۈچى»، «ياسىغۇچى» دېگەن سۆزلەرنىڭ 1 ـ هەرپىگە ئوخشاپ قالىدۇ)، «Y» «ياسىغۇچى» دېگەن سۆزنىڭ 1 ـ هەرپىدىن، «T» «تۈرلىگۈچى» دېگەن سۆزنىڭ 1 ـ هەرپىدىن ئېلىندى.

⑰ ئۆمەر داۋۇت، ئۆمەر نىياز: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تىۇزۈلۈشى»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1996 ـ يىلى 5 ـ سان، 12 ـ بەت.

⑱ نەسرۇللا يولبولدى: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، 114 ـ بەت.

⑲ 刘涌泉:《谈谈字母词》,《语文建设》1194年(10); 刘涌泉:《关于汉语字母词问题》,《语言文字应用》,2002,(1);沈孟璎:《谈议字母词入典问题》,《辞书研究》,2001,(1);胡明扬:《关于外文字母词和原装外文缩略语问题》,《语言文字应用》,2002,(2);李明:《也谈字母词语问题》,《语言文字应用》,2002,(4);

⑳ 刘涌泉:《字母词词典》,上海辞书出版社,2001年。
㉑《现代汉语词典》,商务印书馆,1996年。
㉒《现代汉语小词典》,商务印书馆,1999年。
㉓《现代汉语大词典》,汉语大词典出版社,2000年。
㉔《新华字典》,商务印书馆,2001年。
㉕《中学生规范词典》,中国青少年出版社,2001年。

㉖ نۆۋەتتە بەزى تىللاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شۇ تىلدىكى ھەربىر سۆزنىڭ گىرامماتىكىلىق ئۇچۇرلار لۇغىتىگە شۇ تىلدىكى ھەربىر سۆزنىڭ گىرامماتىكىلىق ئۇچۇرلىرى مىليون سۆزلۈك ئامبىرىدىن ئىستاتىستىكا قىلىش ئاساسىدا تەييارلانىغان بولىدۇ. مەسىلەن، «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق ئۇچۇرلىرى ئىزاھلىق لۇغىتى» بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى يۇ شىۋېن قاتارلىق نۇرغۇن كىشىنىڭ ئون نەچچە يىللىق تىرىشچانلىقى بىلەن يورۇقلۇققا چىققان. قاراڭ:

余士文:《现代汉语语法信息词典详解》,清华大学出版社,2003.
㉗ 邢福义:《词类难》,北京:商务印书馆,2003, p.7-11.

㉘ خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987ـ يىلى، 106ـ بەت.

㉙ ھېس ـ تۇيغۇنى بىلدۈرىدىغان، جۈملىدە باشقا سۆزلەردىن ئايرىم تۇرىدىغان، جۈملە بۆلىكى بولۇپ كەلمەيدىغان سۆزلەرنى خەمىت تۆمۈر ئەپەندى «ئىملىق سۆز» دەپ ئاتىغان. چېڭ شىلياڭ ئەپەندى «سۆز، سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەر»نى «ئىملىق سۆز» دەپ ئاتىغان. ئاتالغۇ جەھەتتىكى مۇشۇنداق قالايمىقانچىلىقتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ئالدىنقى خىلدىكى سۆزلەرنى «ئۈندەش سۆز»، كېيىنكى خىلدىكى سۆزلەرنى «يۈكلىمە» دەپ ئالدۇق.

# ئىككىنچى باب

# ئىسىم

## §1. ئىسىم ھەققىدە

### 1. ئىسىم دېگەن نېمە ؟

شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

*ئوقۇغۇچى، دوختۇر، تۇرسۇن، دادا؛*

*ئات، قۇش، مۈشۈك، تاش، سۇ، ئوت، ئۆي، كومپيۇتېر، بوران، يامغۇر، چېقىن، ئۇرۇش، چۈش، ھور، نەزەرىيە، ئويۇن، كۈلكە، خۇشاللىق، ۋىجدان؛*

*ئاسىيا، جۇڭگو، شىنجاڭ، تېھران، ئۈرۈمچى، ئوپال.*

### 2. ئىسىمنىڭ تۈرلىرى

1) ئىسىملار ئۆزى بىلدۈرگەن شەيئىنىڭ مەنىسىگە قاراپ ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار، نەرسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار، ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار، ئورۇننى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

(1)ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار

ئادەملەرنىڭ ئىسمى، فامىلىسى، كەسپى، قانداشلىق مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملار. مەسىلەن:

ئادەم، ئارسلان، ئوقۇتقۇچى، دېھقان، ئەسكەر، رەئىس، ھاكىم، دادا، ھەممە، ئوغۇل، كوممۇنىست.

www.uyghurkitap.com

(2)نەرسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار

ئادەمدىن باشقا جانلىق، جانسىز شەيئىلەرنىڭ، بەدەن ئەزالىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار. مەسىلەن:

*قوي، ئىت، توخۇ، قاغا، قارىغاي، چايان؛*

*گۈل، ئالام، ئانار، ئۈزۈم، بانان، بۇغداي، ئارپا، تېرىق، قىچا، چىنار؛*

*دەريا، ئوكيان، كۆل، غول، تاغ، قومۇل، قەشقەر، ئاستانە؛*

*كۆز، بۇرۇن، باش، قول، يۈرەك، ئۆت؛*

*ئەقىل، ساياھەت، بوستانلىق، مەدەنىيەت، ئارزۇ.*

(3) ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار

بۇ خىل ئىسىملار كۆپ تۈركۈملۈك سۆزلەر بولۇپ، بەزىدە شەرتلىك ھالدا رەۋىش بولىدۇ. مەسىلەن:

*بۈگۈن، ئەتە، ئەتىگەن، كۈندۈز، كېچە، ھازىر، دۈشەنبە، بۇلتۇر، سەھەر.*

جاڭ دىڭجىڭ ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

«بەزى گىراماتىكا ئەسەرلىرىدە ۋاقىت ئىسىملىرىنى ۋاقىت رەۋىشلىرى دېيىش كېرەك، دېگەن پىكىرلەرمۇ ئېيتىلدى. ۋاقىت ئىسىملىرى بىۋاستە ھالەت بولۇپ كېلەلەيدۇ، شۇنداقلا ئىگىمۇ بولۇپ كېلەلەيدۇ، لېكىن رەۋىشلەرنىڭ بۇنداق رولى يوق. ئىسىمنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋاقىت ئىسىملىرى باشقا ئىسىملارغا ئوخشاش جۈملىدە ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە بىۋاستە ھالەتمۇ بولالايدۇ.»①

بىزنىڭچە، ۋاقىت ئىسىملىرىنىڭ ھالەت بولالىغانلىقى ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى بولماستىن، ئۇنىڭ كۆپ تۈركۈملۈك سۆز ئىكەنلىكىدىن، يەنى ئىسىم ۋە رەۋىشكە تەۋەلىكىدىن بولىدۇ.

(4)ئورۇن ـ تەرەپنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار

كۆپ ئۇچرايدىغان ئورۇن ـ تەرەپ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىلەر:

*ئۈست، ئاست، ئالد، كەين، ئارت، ئىچ، تاش، سىرت، يان، ئەتراپ.*

ئورۇن ـ تەرەپنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ئابستراكتلىقى يۇقىرىراق ئىسىملار بولۇپ، تەرەپلەرنى نىسپىي ئىپادىلەيدۇ، مۇستەقىل ھالدا بىرەر تەرەپنى ئېنىق كۆرسەتمەيدۇ، بىرەر كونكرېت شەيئىنى بەلگە قىلىپ تۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا كۆپىنچە تەۋەلىك شەكلىدە ۋە ئالماشلار ياكى ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىملار بىلەن بىللە قوللىنىلىدۇ. تەۋەلىك شەكلىدە كەلگەن، ئالماشلار ياكى ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىم تەرىپىدىن ئېنىقلانغان ئورۇن ـ تەرەپ ئىسىملىرى ئادەتتىكى ئىسىملارغا ئوخشاشلا كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ھەر خىل جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. «ئەتراپ، سىرت» دېگەن ئىككى ئىسىم تەۋەلىك شەكلىنى ئالمايمۇ كېلەلەيدۇ. «ئىچ، تاش» دېگەن ئىككى ئىسىمغا ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى « ـ قى\ ـ كى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ سۈپەت ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئالدىڭدىن قاراپ خالىدەم، قاشىڭغا كۆيدۇم،*
*كەينىڭدىن قاراپ خالىدەم ساچىڭغا كۆيدۇم.*

*b. يازلىقى بورا ئۇستىدە يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ، بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزدى .*

*c. ھەيدەر ئەپەندىلەرنى ئۇنىڭ ئايالى سارىخان ئىشىك ئالدىدا كۆز ياشلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى .*

*d. ئارتقا بۇرۇل!*

*e. نار تۆگە خادىكىنىڭ كەينىگە باغلاندى .*

*f. قۇشقاچنىڭ يېنىدىكى قارلىغاچ، قارلىغاچنىڭ يېنىدىكى قۇشقاچ.*

*g. ئاش، ئاشنىڭ ئىچىدە تاش، تاشنىڭ ئىچىدە يەنە ئاش، ئۇ نېمە؟*

2) ئىسىملار ئۆزى بىلدۈرگەن شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئومۇمىي ئىسىم، خاس ئىسىم ۋە توپلام ئىسىم دېگەن

www.uyghurkitap.com

ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1)ئومۇمىي ئىسىم

بىر تىپتىكى شەيئى ئۈچۈن ئورتاق نامنى ياكى بىر خىل ئابستراكت چۈشەنچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ئومۇمىي ئىسىم دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

*قىز، تاش، ياغاچچى، يولداش، ئۆي، ماشىنا، ھەرىكەت، سىياسەت، شەھەر، باھا.*

(2)خاس ئىسىم

بىر تىپتىكى شەيئىلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان، پەقەت شۇ شەيئىگىلا خاس بولغان ئىسىملار خاس ئىسىم دېيىلىدۇ. بۇنداق ئىسىملار كىشى ئىسىملىرى، يەر - جاي نامىلىرى، تەبىئىي جۇغراپىيەلىكناملار (تاغ - دەريالارنىڭ نامىلىرى)، دۆلەت، ئورگان، گۇرۇھلارنىڭ نامىلىرى، كىتاب - ژۇرناللارنىڭ نامىلىرى، كىنو - تىياتىرلارنىڭ نامىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

*يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى، نەۋايى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زۇنۇن قادىر، مىرسۇلتان، خەمىت تۆمۈر؛*

*ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئاقسۇ، خېفېي، توكيو، ئىستانبۇل، بۇخارا؛*

*تەڭرىتاغ، تارىم، زەرەپشان، نىل، بوخەي، تىنچ ئوكيان؛*

*جۇڭگو، قازاقىستان، گوۋۇيۈەن، شىنجاڭ؛*

*«ئىز» (رومان)، «ئانا يۇرت» (رومان)، «ئۆمۈر مەنزىللىرى» (شېئىر توپلىمى)، «تارىم» (ژۇرنال)، «ئاسىيا كىندىكى» (گېزىت)، «بەخت ناخشىسى» (كىنو)، «غۇنچەم» (دىراما).*

(3) توپلام ئىسىم

بىر تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ توپىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار توپلام ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئىسىملار كۆپ ئەمەس. مەسىلەن:

*خەلق، ئادەمزات، ئەل، ئارمىيە، كۆپچىلىك، ئورمان.*

بۇنداق ئىسىملار يەككە شەيئىنى كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا، بۇ ئىسىملارنى پەقەتلا توپلام ئىسىم مەنىسىدە قوللىنىش كېرەك. تۆۋەندىكى مىسالغا قاراڭ:

*بىر توپ ئۆسمۈر ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ جەسىتىنى ئاپتوموبىلدىن سۆرەپ چۇشۇرۇپ سازايى قىلدى !*

(«ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» 2003 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، 8 ـ بەت)

بۇ مىسالدا «ئارمىيە» دېگەن توپلام ئىسىم خاتا قوللىنىلغان. «ئارمىيە» دېگەن توپلام ئىسىمنىڭ ئورنىغا «ئەسكەر» دېگەن ئىسىم قوللىنىلسا توغرا بولىدۇ.

«يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس» دېگەن ماقالدا، «ئورمان» دېگەن ئىسىم توپلام ئۇقۇمنى ئىپادىلىگەن.

3) ئىسىملار ئۆزلىرى ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ كونكرېت ياكى ئابستراكت شەيئى ئىكەنلىكىگە قاراپ، كونكرېت ئىسىم ۋە ئابستراكت ئىسىم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) كونكرېت ئىسىم

كونكرېت، ئەمەلىي شەيئىلەر ھەققىدىكى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار كونكرېت ئىسىم دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

*تاغ، دەريا، ئادەم، قۇش، پارتا، ئاياغ...*

بۇ ئىسىملار شۇ خىلدىكى ئەمەلىي شەيئىلەرنىڭ نامىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

(2) ئابستراكت ئىسىم

ئابستراكت شەيئى ھەققىدىكى ئۇقۇمنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ئىسىملار ئابستراكت ئىسىم دېيىلىدۇ. «ئابستراكت – پىكىر قىلىش ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىنىغان»[2] دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئۇقۇملار ئابستراكت ئۇقۇم بولۇپ، «ئابستراكت ئۇقۇم ـ كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولمايدىغان نەرسىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇملاردۇر. مەسىلەن:
*قايغۇ، ھەسرەت، دىل، ئىدىيە، ھالەت، ئەقىل...*

بۇ ئىسىملارنىڭ ھەممىسى ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملاردۇر.

4) ئىسىملار ئىپادىلىگەن شەيئىنى سانىغىلى بولۇش - بولماسلىقىغا ئاساسەن سانىلىدىغان ئىسىم، سانالمايدىغان ئىسىم دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) سانىلىدىغان ئىسىم

ساناشقا بولىدىغان شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار سانىلىدىغان ئىسىم دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

كىتاب– بىر \ ئىككى ...(پارچە) كىتاب،

ئوقۇغۇچى– بىر \ ئىككى...(نەپەر) ئوقۇغۇچى

بۇنداق ئىسىملار بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*كىتاب، قەلەم، گۈل، كۆل (بىرلىك)*

*كىتابلار، قەلەملەر، گۈللەر، كۆللەر (كۆپلۈك)*

بۇنداق ئىسىملارنىڭ سانى ئېيتىلغاندىن كېيىن يەنە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىككى كىتابلار، تۆت قەلەملەر دېگىلى بولمايدۇ.

سانىلىدىغان ئىسىملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئالدىغا مىقدار سۆز كەلسىمۇ بولىدۇ. بەزى ئىسىملارنىڭ ئالدىغا مىقدار سۆز كەلمىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

بىر (پارچە) كىتاب (مىقدار سۆزنى ئېلىۋەتسىمۇ بولىدۇ.)

«تاغ، كۆل» قاتارلىق ئىسىملارنىڭ ئالدىغا مىقدار سۆز كەلمەيدۇ، لېكىن سانىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

*بىر تاغ، ئىككى كۆل...*

(2) سانالمايدىغان ئىسىم

ساناشقا بولمايدىغان شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان

ئىسىملار سانالمايدىغان ئىسىم دېيىلىدۇ. بۇنداق ئىسىملار ئىپادىلىگەن شەيئىلەر ئاساسەن سۇيۇقلۇق ياكى ئۇنسىمان، كېپەكسىمان بولۇشى ۋە ياكى ساناش مۇمكىن بولمايدىغان ئىسىم بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*هاراق، سۇ، تاماق، رەڭ، چاي، ئۇن...*

سانىغىلى بولمايدىغان شەيئىلەرنى ئىپادىلىگەن بۇنداق ئىسىملارنى سانىغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنى پەقەت ئۆلچەم مىقدارلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ھەجىم جەھەتتىن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. كۆپلۈك شەكلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

*بىر قۇتا رەڭ (بىر قۇتا رەڭلەر ئەمەس)*

*ئىككى پىيالە چاي (ئىككى پىيالە چايلار ئەمەس)*

*بەش قاچا تاماق (بەش قاچا تاماقلار ئەمەس)*

مىساللاردىكى مىقدار ۋەزىپىدە كەلگەن «قۇتا، پىيالە، قاچا» قاتارلىق سۆزلەرنى ئېلىۋەتسەك، «رەڭ، چاي، تاماق» قاتارلىق ئىسىملار سان بىلەن بىرىكىپ، بىۋاسىتە مەنە ئىپادىلىيەلمەيدۇ. شۇڭا، سان بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كەلسە، ساننىڭ ئارقىسىدىن چوقۇم مىقدار سۆز كېلىشى كېرەك.

بەزى سانالمايدىغان ئىسىملارنىڭ ئالدىغا ھېچقانداق مىقدار سۆزى قويۇش ھاجەتسىز بولىدىغان ئەھۋاللار بار . بۇنداق ئىسىملارنىڭمۇ كۆپلۈك شەكلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

«دېموكراتىيە» دېگەن ئىسىمنى ئالساق، ئۇ ھەم سانالمايدۇ، ھەم ئالدىغا ھېچقانداق مىقدارنى قويۇشقا بولمايدۇ.ئۇنى « بىر دانە ( ياكى باشقا مىقدار بىلەن ) دېموكراتىيە» دېيىشكە بولمايدۇ.

سانالمايدىغان ئىسىملار يۇقىرىقى ئىسىم تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا كۆرۈلىدۇ.

A. سانىلىدىغان كونكرېت ئىسىم

www.uyghurkitap.com

ساناشقا بولىدىغان كونكرېت شەيئى ھەققىدىكى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار سانىلىدىغان كونكرېت ئىسىم دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

*ئىككى كىتاب، ئۈچ تاغ، ئالتە ئۆچكە .*

بۇنداق ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى مىقدار سۆز بىلەن بىللە كېلەلەيدۇ، بەزىلىرى بىللە كېلەلمەيدۇ . يۇقىرىقى مىسالدىكى «تاغ» دېگەن ئىسىم مىقدار سۆز بىلەن بىللە كېلەلمىگەن. «ئۆچكە» دېگەن ئىسىم مىقدار سۆز بىلەن بىللە كېلەلىگەن. لېكىن، بۇلار بەرىبىر سانىلىۋېرىدۇ .

B. سانالمايدىغان كونكرېت ئىسىم

ساناشقا بولمايدىغان كونكرېت شەيئى ھەققىدىكى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار سانالمايدىغان كونكرېت ئىسىملار دېيىلىدۇ . بۇنداق ئىسىملارنىڭ ئالدىغا چوقۇم مىقدار سۆز (ئۆلچەم مىقدارلىرى) كېلىشى شەرت . مەسىلەن:

*بىر تاغار بۇغداي (بىر بۇغداي ئەمەس)*

*ئىككى چېلەك سۇ (ئىككى سۇ ئەمەس)*

سانالمايدىغان ئىسىملارنىڭ ئالدىغا ئۆلچەم مىقدارلىرىنى قوشساق، شۇ شەيئىنىڭ گەۋدە بىرلىكىنى بىلدۈرمەستىن، بەلكى ھەجىم بىرلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. ئۆلچەم مىقدارلىرىنىڭ ئالدىغا مەيلى قانچىلىك ساننى قوشايلى، مۇشۇ مىقدار قوشۇلغان ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بەرىبىر ھەجىم جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ. ئۆلچەيدىغان نەرسە «مىقدار»نىڭ رولى بۇيەردە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*ئون گاللون ماي، سەككىز دۆۋە قوم، قىرىق تۇڭ نېفىت.*

C. سانىلىدىغان ئابستراكت ئىسىم

ساناشقا بولىدىغان ئابستراكت شەيئى ھەققىدىكى ئۇقۇمنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ئىسىملار سانىلىدىغان ئابستراكت ئىسىم

دېيىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئىسىملار ناھايىتى ئاز ساندا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆلچەم مىقدارلىرىنى قويۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن :

*بىر \ ئىككى ئەسىر . بىر دانە (ياكى باشقا مىقدار ) ئەسىر ئەمەس.*

*ئۈچ يىل، يەتتە ئاي، توققۇز كۈن، يىگىرمە ھەپتە، يەتتە سائەت، قىرىق سېكۇنت، ئون مىنۇت بىر دەقىقە ...*

بۇ خىلدىكى ئىسىملارنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇنداق ئىسىملارغا «-لاپ \ -لەپ» قوشۇمچىلىرى قوشۇلسا رەۋىش ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئەسىرلەپ، سېكۇنتلاپ، *يىللاپ*....

D. سانالمايدىغان ئابستراكت ئىسىم

ساناشقا بولمايدىغان ئابستراكت شەيئى ھەققىدىكى ئۇقۇمنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ئىسىملار سانالمايدىغان ئابستراكت ئىسىم دېيىلىدۇ. بۇنداق ئىسىملارنىڭ ئالدىغىمۇ مىقدار سۆز قويۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

*ئەقىل، ھېسسىيات، كۆڭۈل، راھەتبەخش، گۈزەللىك...*

بۇنداق ئىسىملاردىن رەۋىش ياسالمايدۇ. يەنى، كوممۇنىزملاپ، سوتسىيالىزملاپ دېگىلى بولمايدۇ.

يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، سانىلىدىغان ئابستراكت ئىسىملار مىقدارلىق ۋەزىپىسىدە كېلەلىگىنى بىلەن، سانالمايدىغان ئابستراكت ئىسىملار مىقدارلىق ۋەزىپىسىدە كېلەلمەيدۇ. مەسىلەن:

بىر ئەسىر ۋاقىت («ئەسىر» مىقدار ۋەزىپىسىدە كەلگەن سانىلىدىغان ئابستراكت ئىسىم.)

E. سانىلىدىغان ئومۇمىي ئىسىم

ساناشقا بولىدىغان بىر تىپتىكى شەيئى ئۈچۈن ئورتاق بولغان ناملارغا ئىگە ئىسىملار سانىلىدىغان ئومۇمىي ئىسىم دېيىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەسىلەن:

«ئادەم» (قىز ۋە ئوغۇلغا نىسبەتەن ئومۇمىي ئىسىم) دېگەن ئىسىمنى ئالساق، ئۇ ھەم ئومۇمىي ئىسىم، ھەم سانىلىدۇ. يەنى:

بىر \ ئىككى... (نەپەر) ئادەم؛ «ھايۋان» (بۆرە، قويلارغا نىسبەتەن ئومۇمىي ئىسىم)، تۆت \ بەش... ھايۋان.

F. سانالمايدىغان ئومۇمىي ئىسىم

سانىلىدىغان ئومۇمىي ئىسىمدىن باشقىلىرى ياكى بىر خىل ئابستراكت چۈشەنچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار سانالمايدىغان ئومۇمىي ئىسىم دېيىلىدۇ . بۇنداق ئىسىملارنى سانىغىلى بولمىغاندىن سىرت، ئالدىغا مىقدار سۆز قوشقىلىمۇ بولمايدۇ . مەسىلەن:

سوتسىيالىزم: ئىككى ( نەپەر ياكى باشقا مىقدار) سوتسىيالىزم ئەمەس

كوممۇنىزم: ئون...( دانە ياكى باشقا مىقدار) كوممۇنىزم ئەمەس

دىكتاتۇرا: سەككىز (تال ياكى باشقا مىقدار) دىكتاتۇرا ئەمەس.

### 3. ئىسىملارنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1) ئىسىملار ئۆزىگە خاس سان، تەۋەلىك، شەخس، كېلىش كاتېگورىيەلىرىگە ئىگە. مەسىلەن:

قوي: قوي، قويلار؛

قويۇم، قويىمىز، قويۇڭ، قويىڭىز، قويۇڭلار، قويى؛

قوينى، قوينىڭ، قويغا، قويدا، قويدىن، قويدەك، قويدىكى، قويغىچە، قويچىلىك، قوينىڭكى.

2) ئىسىملار جۈملىدە سۈپەت، سان، سان ـ مىقدار ۋە ئىسىملار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ، لېكىن رەۋىشلەر تەرىپىدىن

ئېنىقلانمايدۇ. مەسىلەن:

چوڭ ئۆي، بىر ئۆي، بىر ئېغىز ئۆي، ياغاچ ئۆي؛

※ ناھايىتى ئۆي، ※ مەڭگۈ ئۆي

3) ھەر خىل مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەرگە كىرىپ جۈملىدە ھەر خىل جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

a. كۈن چىقتى. (ئىگە)

b. بۇ ياخشى بالا. (خەۋەر)

c. ئەركىن كىتاب ئوقۇدى.(تولدۇرغۇچى)

d. تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى دۇنياغا داڭلىق.(ئېنىقلىغۇچى)

e. بۇ ئۈزۈمنى تۇرپاندىن ئالدىم. (ھالەت)

## §2. ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيەسى

**1. سان كاتېگورىيەسىنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيەسى ــ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ سان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىك كاتېگورىيە. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار جۈملىگە كىرگەندە، زۆرۈرىيەتكە قاراپ بىرلىك ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان بىرلىك شەكىلدە ياكى كۆپلۈك ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان كۆپلۈك شەكىلدە كېلىدۇ.

ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى بىلەن كۆپلۈك شەكلى شۇ ئىسىمغا «ـلار \ ـلەر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇش ـ قوشۇلماسلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ: «ـلار \ ـلەر» قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان ئىسىملار ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى، «ـلار \ ـلەر» قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىسىملار ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

| بىرلىك شەكلى | كۆپلۈك شەكلى |
|---|---|
| كىتاب | كىتابلار |

| | |
|---|---|
| قەغەز | قەغەزلەر |
| بالا | بالىلار |
| شەھەر | شەھەرلەر |

**2. ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلىنىڭ ئىشلىتىلىشى**

ئىسىملارنىڭ بىرلىك شەكلى تۆۋەندىكى مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ:

1) بىر تىپتىكى شەيئىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن:

a. *ئات ئالساڭ مىنىپ كۆر ، چىنە ئالساڭ چېكىپ.* ( ماقال)

b. *ئادىل مېنىڭ دوستۇم.*

c. *كىتاب بىلىم بۇلىقى، كىتاب ئەقىل چىرىغى.*

2) بىر تىپتىكى شەيئىنىڭ ئايرىم بىرىنى ياكى ئايرىم بىر جۈپىنى، ياكى ئايرىم بىر قېتىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *بىزنىڭ ئۆيىمىز ناھايىتى چوڭ.*

b. *بۇ ئات بەك ياخشى.*

c. *ئۇنىڭ كۆزى بەك ئۆتكۈر.*

d. *تۈنۈگۈنكى مەجلىسكە مەنمۇ قاتناشتىم.*

3) سان ـ مىقدارى ئېنىق كۆرسىتىلگەن شەيئىلەر ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*ئەللىك ئات، بەش مەكتەپ، ئوتتۇز ئوقۇغۇچى، بىر ئۆي ئادەم، بىر قوتان قوي...*

4) بەزى ئابستراكت ئىسىملار ھامان بىرلىك شەكلىدىلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*تىنچلىق، دېموكراتىزم، كوممۇنىزم، ئەقىل ...*

**3. ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلىنىڭ ئىشلىتىلىشى**

ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى تۆۋەندىكى مەنىلەردە

قوللىنىلىدۇ:

1) سانىلىدىغان شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى بىر تىپتىكى شەيئىنىڭ ھەممىسىنى ياكى مەلۇم بىر توپىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ كىتابلارنى سىزگە ئالدىم.*

*b. بۇ قويلار سىزنىڭمۇ؟*

*c. ئۇنىڭ باللىرى بەك ئەقىللىق.*

2) سانالمايدىغان ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى شۇ شەيئىنىڭ خىلىنى، تۈرىنى ياكى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۆڭۈپ ئاشۇ قۇملارنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ قالغان.*

*b. ياۋروپانىڭ نۇرغۇن ئېپوسلىرى ئاسىيا يايلاق قوۋملىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا قارشى ئۇرۇشلارنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.*

*c. بۇنداق ئىشلاردىن خوتۇن ـ قىزلارمۇ چەتتە قالمايدۇ.*

*d. ئەينى دەۋردە خەلقىمىز خۇراپاتلىقتا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتكەنكى، خۇراپىي ئىدىيەلەر ئۇلارنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر ئورناپ، ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەنىدى.*

3) خاس ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى شۇ ئىسىم بىلدۈرگەن ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭمۇ نەزەردە تۇتۇلغانلىقىنى ياكى شۇ ئىسىمغا مۇناسىۋەتلىك تۇرداش شەيئىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىزنىڭ مەكتىپىمىز يېقىن، ساۋۇتلارنىڭ مەكتىپى بىر ئاز يىراق.*

*b. مۇساجان دائىم زەيتۇنەملەرنىڭ ئۆيىگە باراتتى.*

*c. سابىرلار دادۇي ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، تەرەپ ـ تەرەپتىن*

*كەلكۈندەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئەزالار توپى ئارىسىدا قالدى.*

*d. قەشقەرلەرگىمۇ بارامسىز؟*

4) بەزى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە ئىشلارنىڭ ئىچىدىكى گەۋدىلىك بىرىنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ بالا ھازىر چوڭ بولۇپ تىراكتورلارنى ھەيدەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. (بالا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدۇ، تىراكتور ھەيدەش شۇ ئىشلارنىڭ گەۋدىلىك بىرى.)*

*b. تەشكىل ئۇنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشىغا كۆپ ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەردى، بېيجىڭلارغىمۇ ئەۋەتتى.*

*c. بۇگۈن پەقەتلا مىجەزىم يوق، باشلىرىم ئاغرىپ تۇرىدۇ.*

5) بەزى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى مۆلچەر مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن شۇ چاغلاردا 20 ياشلاردا ئىدىم.*

*b. ئۇلار ھازىر لەنجۇلارغا يېتىپ بارغاندۇ.*

6) تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى ئىسىملارنىڭ ئاخىرقىسى كۆپلۈك شەكلىدە كېلىپ، شۇ ئىسىملاردا ئىپادىلىنىدىغان شەيئىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇگۈنكى يىغىنغا بىزنىڭ سىنىپتىن قاسىم، تۇردى، ئەخمەتلەر قاتناشتى.*

*b. ئاقسۇ، كۇچا، يەكەن، خوتەنلەرنى ئايلىنىپ كەلدىم.*

7) كۆپلۈك قوشۇمچىسى تۆۋەندىكى ئەھۋالدا سۆز ياساش رولىنى ئوينايدۇ:

(1) ئوندىن 90 غىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاق سۆزلۈك تەرتىپ سانلار بىلەن ئىپادىلەنغان «يىل» سۆزىگە قوشۇلسا، شۇ سان پەللىسى ئىچىدىكى ئون يىلنى ئىپادىلەيدىغان ۋاقىت ئىسمى ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

*30 ـ يىللار، 50 ـ يىللار، 80 ـ يىللار...*

(2) بىر، ئون، يۈز، مىڭ، ئون مىڭ، يۈز مىڭ، مىليون قاتارلىق سانلارغا قوشۇلسا ساندىكى خانا ئىسمىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

*بىرلەر، ئونلەر، يۈزلەر، مىڭلار، ئون مىڭلار، يۈزمىڭلار، مىليونلار، ئون مىليونلار، يۈز مىليونلار.*

## §3. ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيەسى

**1. مەنىسى**

ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيەسى ــ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ مەلۇم ئادەم ياكى شەيئىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ كاتېگورىيە ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان تەۋەلىك شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ كاتېگورىيەنىڭ نامى ھەققىدە خەمىت تۆمۈر ئەپەندى مۇنداق يازىدۇ[3]:

بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ كاتېگورىيەنى «ئىسىمنىڭ شەخس كاتېگورىيەسى» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى بۇ كاتېگورىيەدە شەخس ئۇقۇمى ئىپادىلەنمەسلىكىمۇ، ئۇ پەقەت تەۋەلىكنىڭ شەخس بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىسىمنى شەخس جەھەتتىن ئۆزگەرتىش رولىنى ئوينىمايدۇ. 1 ـ ۋە 2 ـ شەخستىكى تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان ئىسىملارمۇ يەنىلا 3 ـ شەخس ئورنىدا تۇرۇۋېرىدۇ. مەسىلەن، «ئاكام كەلدى»، «ئاكىڭىز كەلدى» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ كاتېگورىيەنى «ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كاتېگورىيەسى» دەپ ئاتاشمۇ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى مۇنداق بولغاندا، «ئىگىلىك» دېگەن بۇ پەرقلەندۈرگۈچى

نام ‹ئىگىلىك كېلىش›نىڭ پەرقلەندۈرگۈچى نامى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىگىلىك كېلىشىدىكى ئىسىم تەۋەلىگۈچىنى بىلدۈرسە، تەۋەلىك شەكلىدىكى ئىسىم تەۋەلەنگۈچىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككىنچىسىگە ئوخشاش بولمىغان پەرقلەندۈرگۈچى نامالارنى قوللانغان ياخشى.»

بىزمۇ خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ بۇ بايانلىرىنى توغرا تېپىپ، «ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيەسى» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

### 2. ئىپادىلىنىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرى تەۋەلىگۈچىنىڭ شەخس تەۋەلىكىگە مۇۋاپىق ھالدا 1 ـ شەخس، 2 ـ شەخس ۋە 3 ـ شەخستىن ئىبارەت ئۈچ شەخسكە بۆلۈنىدۇ. 1 ـ شەخس سان جەھەتتىن پەرقلىنىپ، بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلۈنىدۇ؛ 2 ـ شەخس ئالدى بىلەن ئاتاش تۈرى جەھەتتىن پەرقلىنىپ، ئاددىي تۈر، سىپايە تۈر ۋە ھۆرمەت تۈرى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بۇلاردىن ئاددىي تۈرى ۋە سىپايە تۈرى يەنە بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلۈنىدۇ، ھۆرمەت تۈرى سان جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرىنىڭ بۇ تۈرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

ئەسلىدە ئۇزۇن تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇزۇن تاۋۇش چۈشۈپ قالغان بەزى ئىسىملار، مەسىلەن، ئەسلىدە «سۇۋ»، «سىياھ» شەكلىدە بولغان «سۇ»، «سىيا» سۆزلىرى ۋە ئاخىرقى بوغۇمى ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «پولۇ»، «ياغىيۇ»، «بىنا» قاتارلىق سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملارغا تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى

### ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيەسىنىڭ جەدۋىلى

| تۈرى | | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك تۈرى | -م \ -ىم\ - ۇم\ - ۈم | بالام، قەلىمىم، قولۇم، كۆزۈم |
| | كۆپلۈك تۈرى | - مىز\ - ىمىز | بالىمىز، قەلىمىمىز، قولىمىز، كۆزىمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | -ڭ\ -ىڭ\ - ۇڭ\ - ۈڭ | بالاڭ، قەلىمىڭ، قولۇڭ، كۆزۈڭ |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | - ڭلار\- ىڭلار\ - ۇڭلار\- ۈڭلار | بالاڭلار، قەلىمىڭلار، قولۇڭلار، كۆزۈڭلار |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | - ڭىز\ -ىڭىز | بالىڭىز، قەلىمىڭىز، قولىڭىز، كۆزىڭىز |
| | كۆپلۈك سىپايە تۈرى | - ڭىزلار\ - ىڭىزلار\ - ڭىزلەر \ ىڭىزلەر | بالىڭىزلار، قەلىمىڭىزلار، ۋەدىڭىزلەر، كۆزىڭىزلەر |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | - لىرى | بالىلىرى، قەلەملىرى، قوللىرى، كۆزلىرى |
| 3 ـ شەخس | تۈرى | - سى\- ى | بالىسى، قەلىمى، قولى، كۆزى |

قوشۇلغاندا، ئىسىمنىڭ ئاخىرىدا «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ، ئاندىن تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملارغا قوشۇلىدىغان ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ④. مەسىلەن:

سۇ + ي + ۇم ← سۇيۇم، سىيا+ ي +ىڭ ← سىيايىڭ، ياڭيو + ي +ىڭىز ← ياڭيويىڭىز، پولۇ+ ي +ۇڭ ← پولۇيۇڭ، بە + نا+ يىم ← بىنايىم.

ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيەسى ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيەسى ئاساسىدا ئىپادىلىنىدۇ، يەنى تەۋەلىك شەكلىگە

www.uyghurkitap.com

كىرگەن ئىسىملار ئۆزىنىڭ بىرلىك ياكى كۆپلۈك شەكلىنى ساقلايدۇ. مەسىلەن:

| تەۋەلىكنىڭ بىرلىك شەكلى | تەۋەلىكنىڭ كۆپلۈك شەكلى |
|---|---|
| پۇلۇم | پۇللىرىم |
| پۇلىمىز | پۇللىرىمىز |
| پۇلۇڭ | پۇللىرىڭ |
| پۇلۇڭلار | پۇللىرىڭلار |
| پۇلىڭىز | پۇللىرىڭىز |
| پۇلى | پۇللىرى |

### 3. ئىشلىتىلىشى

ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە ئىشلىتىلىدۇ:

1) ئىگىلىك كېلىش شەكلىدىكى شەخس ئالماشلىرى بىلەن ئېنىقلانغان ئىسىملار شۇ ئالماشنىڭ شەخس ۋە سانى بىلەن مۇۋاپىقلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

*مېنىڭ دادام، بىزنىڭ دادىمىز، سېنىڭ داداڭ، سىلەرنىڭ داداڭلار، سىزنىڭ دادىڭىز، سىلىنىڭ دادىلىرى، ئۇنىڭ (ئۇلارنىڭ) دادىسى.*

2) ئىگىلىك كېلىش شەكلىدىكى ياكى ئىگىلىك كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىملار تەرىپىدىن ئېنىقلانغان ئىسىملار 3 ـ شەخس تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

*قاسىمنىڭ ئاكىسى، مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى، جوزىنىڭ ئۈستى، كىنو بېلىتى، رەسىم كۆرگەزمىسى، تارىم دەرياسى.*

3) ئۇيغۇر تىلىدا مەلۇم شەيئىنى شۇ شەيئى بىلەن تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدە بولغان يەنە بىر شەيئىنىڭ بەلگىسى ئارقىلىق ئېنىقلايدىغان ئىگە بولۇپ كەلگەن ئىسىملار ھامان تەۋەلىك شەكلىدە كېلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك كېلىشتىكى ئېنىقلىغۇچىلىرى بولمايدۇ. مەسىلەن:

*a. جۇڭگو يەرى چوڭ، بايلىقى مول، ئاھالىسى كۆپ بىر مەملىكەت.*

*b. مەن قابىلىيىتىم تۆۋەن، تەجرىبەم يوق بىر ئادەم.*

## §4. ئىسىملارنىڭ شەخس كاتېگورىيەسى ⑤

**1. مەنىسى**

جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئىسىملارغا، جۈملىدىن تۈرغۈن سۆزلەرگە ۋە پېئىللارنىڭ تۈرغۈن سۆز شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ خەۋەرلىك ۋەزىپىسىنى ئىپادە قىلىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە ئىسىملارنىڭ شەخس كاتېگورىيەسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن ئوقۇتقۇچىمەن.*

*b. سەن تېخى كىچىكسەن.*

*c. سىلەر بەشسىلەر.*

*d. بىز مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغانمىز.*

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «ئوقۇتقۇچى» دېگەن ئىسىم، «كىچىك» دېگەن سۈپەت، «بەش» دېگەن سان، «ئوقۇغان» دېگەن سۈپەتداشلارغا «-مەن، -سەن، -سىلەر، - مىز» قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ، بۇ سۆزلەرنىڭ خەۋەرلىك ۋەزىپىسىنى ئىپادە قىلغان. بۇنداق جۈملىلەردە شەخس ئالماشلىرى ئىگە بولۇپ كەلسە، بۇ قوشۇمچىلار قىسقارتىلسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەمما، ئىگە قىسقارتىلمىغان ئەھۋالدا، بۇ قوشۇمچىلار تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. ئەگەر ئىگە قىسقارتىلسا، شەخس قوشۇمچىلىرى قىسقارتىلسا بولمايدۇ.

**2. ئىپادىلىنىشى**

ئىسىملارنىڭ شەخس كاتېگورىيەسىنىڭ شەكىللىرى شەخس ئالماشلارنىڭ مۇناسىپ شەكىللىرىدىن كەلگەن بولۇپ، 1 ـ، 2 ـ

www.uyghurkitap.com

شەخسىنىڭ قوشۇمچىلىرى شەخس ئالماشلىرىنىڭ مۇناسىپ شەكىللىرى بىلەن ئوخشاش، 3 ـ شەخس نۆل شەكىلدە ياكى «ـ دۇر» شەكلىدە كېلىدۇ. بۇ شەكىللەرنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى جەدۋىلى

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك تۈرى | | ـ مەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | | ـ مىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئاددىي تۈرى | ـ سەن |
| | | سىپايە تۈرى | ـ سىز |
| | كۆپلۈك | ئاددىي تۈرى | ـ سىلەر |
| | | سىپايە تۈرى | ـ سىزلەر |
| 3 ـ شەخس | بىرلىك، كۆپلۈك تۈرى | | $\varnothing$ ~ دۇر |

### 3. قۇرۇلمىسى

#### 1) بولۇشلۇق شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسى

ئىسىملارنىڭ شەخس كاتېگورىيەسىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى «ئۆزەك + شەخس قوشۇمچىسى» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*دوختۇر+ ـمەن ← دوختۇرمەن، دوختۇر+ ـمىز ← دوختۇرمىز؛*

*دوختۇر+ ـسەن ← دوختۇرسەن، دوختۇر+ ـسىز ← دوختۇرسىز، دوختۇر+ ـسىلەر ← دوختۇرسىلەر، دوختۇر+ ـسىزلەر ← دوختۇرسىزلەر؛*

*دوختۇر+ ـدۇر ← دوختۇردۇر، دوختۇر+ $\varnothing$ ← دوختۇر.*

#### 2) بولۇشسىز شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسى

ئىسىملارنىڭ شەخس كاتېگورىيەسىنىڭ بولۇشسىز شەكلى «ئۆزەك + ئەمەس+ شەخس قوشۇمچىسى» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

دوختۇر+ ئەمەس+ -مەن ← دوختۇر ئەمەسمەن، دوختۇر+ ئەمەس + -مىز← دوختۇر ئەمەسمىز ؛

دوختۇر+ ئەمەس+ -سەن ← دوختۇر ئەمەسسەن، دوختۇر+ ئەمەس+ -سىز← دوختۇر ئەمەسسىز، دوختۇر+ ئەمەس+ -سىلەر← دوختۇر ئەمەسسىلەر، دوختۇر+ ئەمەس+ -سىزلەر ← دوختۇر ئەمەسسىزلەر ؛

دوختۇر+ ئەمەس + -تۇر ← دوختۇر ئەمەستۇر، دوختۇر+ ئەمەس+ -Ø ← دوختۇر ئەمەس.

3) سوئال شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسى

ئىسىملارنىڭ شەخس كاتېگورىيەسىنىڭ سوئال شەكلى بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكلىگە سوئال قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يەنى «بولۇشلۇق \ بولۇشسىز ئۆزەك+ مۇ+ شەخس قوشۇمچىسى» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. سوئال شەكلىدە 1-شەخسنىڭ كۆپلۈك شەكلى «-بىز» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بولۇشلۇق سوئال شەكلى:

دوختۇر+ مۇ+ مەن ← دوختۇرمۇمەن، دوختۇر+ مۇ+ بىز← دوختۇرمۇبىز ؛

دوختۇر+ مۇ+ سەن← دوختۇرمۇسەن، دوختۇر+ مۇ+ سىز← دوختۇرمۇسىز، دوختۇر+ مۇ+ سىلەر ← دوختۇرمۇسىلەر، دوختۇر+ مۇ+ سىزلەر← دوختۇرمۇسىزلەر ؛

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دوختۇر+ مۇ+دۇر ← دوختۇرمۇدۇر، دوختۇر+ مۇ+ Ø ← دوختۇرمۇ.

بولۇشسىز سوئال شەكلى:

دوختۇر+ ئەمەس+ مۇ+ مەن ← دوختۇر ئەمەسمۇمەن، دوختۇر+ ئەمەس+ مۇ+ بىز ← دوختۇر ئەمەسمۇبىز، دوختۇر+ ئەمەس+ مۇ+ سەن ← دوختۇر ئەمەسمۇسەن، دوختۇر+ ئەمەس+ مۇ+ سىز ← دوختۇر ئەمەسمۇسىز، دوختۇر+ ئەمەس+ مۇ+ سىلەر ← دوختۇر ئەمەسمۇسىلەر، دوختۇر+ ئەمەس+ مۇ+ سىزلەر ← دوختۇر ئەمەسمۇسىزلەر؛

دوختۇر+ ئەمەس+ مۇ+ دۇر ← دوختۇر ئەمەسمۇدۇر، دوختۇر+ئەمەس+ مۇ+ Ø ← دوختۇر ئەمەس.

**4. ئىشلىتىلىشى**

ئىسىملارنىڭ شەخس كاتېگورىيەسىنىڭ قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكى شەكىللەرگە قوشۇلالايدۇ:

1) بارلىق تۈرگۈن سۆزلەرگە، پېئىللارنىڭ تۈرگۈن سۆز شەكىللىرىدىن «-غۇچى»لىق ئىسىمداشلارغا ۋە سۈپەتداشلارغا قوشۇلالايدۇ. مەسىلەن:

*a.* سادىرمەنۇ سادىرمەن، سادىر بولماي كىمدۇرمەن.

*b.* كىچىككە كىچىكمەن، چوڭغا چوڭمەن،

پىششىققا پىششىقمەن، توڭغا توڭمەن.

*c.* سېنىڭمەنۇ سېنىڭمەن، سېنىڭ بولماي كىمنىڭمەن.

*d.* قىلچىلىكمۇ پەرۋا قىلمايسەن، ئېيتقىنا، نېمە بۇنچىۋالا دەردلىكسەن؟

*e. ئۇ ئەۋلىيا، سەن بىلەن مەن قۇل ئەمەسمىز... ئادەم تۇرۇپ ئادەمنىڭ ئىت-ئېشىكى، غالچىسى بولۇپ قېلىش ئېغىر گۇناھ... سەنمۇ ئادەم، مەنمۇ ئادەم، ئۇمۇ ئادەم!*

2) ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرىگە قوشۇلالايدۇ. مەسىلەن:

*a. ئاسماندىكى ئايمسەن، كۆڭلۈمدىكى يارىمسەن، ئاخشىمى كېچىلەردە، ياندۇرغان چىراغىمسەن.*

*b. سەن غېنىنىڭ ئادىمىسەن، توغرىمۇ؟*

*c. سىلەر قەلبىمىزدىكى قۇياشسىلەر.*

3) ئىگىلىك كېلىش، ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش، ئوخشاتما كېلىش، تەڭلەشتۈرمە كېلىش، ۋەكىللىك كېلىش شەكىللىرىگە قوشۇلالايدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۆزۈم ھەرجايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر.*

*b. مەن تۇرپاندىنمەن.*

*c. سەن مەڭگۈ مېنىڭكىسەن.*

4) تولۇقسىز ھۆكۈم باغلامچىلىرىغا قوشۇلۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئاڭلىسام، سەن دەرسلەردە ياخشىكەنسەن، ئەپرىز ئايىم ھەدەڭ دائىم ماختايدۇ سېنى، ئاسىيە خېنىممۇ كېتەر چېغىدا بىزنىڭ ئايىمغا سېنى ئالاھىدە جېكىلەپتۇ.*

*b. سەن ئەخمەت قورقۇمسىز، مېھرىبان، گەپدان ئادەمكەنسەن، تۇرمىدىن ساق چىقالامسەن زادى؟*

*c. لېكىن ئەڭ پايدا ئالالمىغىنىمۇ، ئەڭ ئاپەتكە يولۇققىنىمۇ جىن شۇرىن بىلەن ئىككىمىزكەنمىز.*

*d. مەن ئېلىخان تۆرەمنىڭ قولچومىقىكەنمەن، ئابباسوفلارغا قارشى ئادەمكەنمەن.*

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## §5. ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى

### 1. مەنىسى

ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى — ئىسىمنىڭ ياكى تۈرغۇن سۆزلەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىمنىڭ ياكى تۈرغۇن سۆزلەرنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغان گىرامماتىك كاتېگورىيە.

### 2. ئىپادىلىنىشى

بۇ كاتېگورىيە ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش شەكلى باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، چۈشۈم كېلىش، ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن - بەلگە كېلىش، چەك كېلىش، ئوخشاتما كېلىش، تەڭلەشتۈرمە كېلىش، ۋەكىللىك كېلىش دېگەن ئون بىر خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇ كېلىش شەكىللىرىنىڭ ياسىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك:

ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى دائىم ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيەسى ئاساسىدا ياكى سان كاتېگورىيەسى بىلەن تەۋەلىك كاتېگورىيەسى ئاساسىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*قوي، قويلار؛ قويۇم، قويلىرىم؛ قوينىڭ، قويلارنىڭ؛ قويۇمنىڭ، قويلىرىمنىڭ؛ قويغا، قويلارغا؛ قويۇمغا، قويلىرىمغا، قويدا، قويلاردا؛ قويۇڭدا، قويلىرىڭدا؛ قويدىن، قويلاردىن؛ قويىدىن، قويلىرىدىن...*

ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسىنىڭ قوشۇمچىلىرى

| كېلىش نامى | كېلىش قوشۇمچىلىرى | مىسال |
|---|---|---|
| باش كېلىش | ∅ | يول، ئات، ئۆي، گەپ |
| ئىگىلىك كېلىش | ـ نىڭ | يولنىڭ، ئاتنىڭ، ئۆينىڭ، گەپنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | ـ نى | يولنى، ئاتنى، ئۆينى، گەپنى |
| يۆنىلىش كېلىش | ـ غا\ ـ قا\، گە\ ـ كە\ ـ قە | يولغا، ئاتقا، ئۆيگە، گەپكە، خەلققە |
| ئورۇن كېلىش | ـ دا\ ـ تا\ ـ دە\ ـ تە | يولدا، ئاتتا، ئۆيدە، گەپتە |
| چىقىش كېلىش | ـ دىن\ ـ تىن | يولدىن، ئاتتىن، ئۆيدىن، گەپتىن |
| ئورۇن ـ بەلگە كې-لىش | ـ دىكى\ ـ تىكى | يولدىكى، ئاتتىكى، ئۆيدىكى، گەپتىكى |
| چەك كېلىش | ـ غىچە\ ـ قىچە\ ـ كىچە \ـ گىچە | يولغىچە، ئاتقىچە، ئۆيگىچە، گەپكىچە |
| ئوخشاتما كېلىش | ـ دەك\ ـ تەك | يولدەك، ئاتتەك، ئۆيدەك، گەپتەك |
| تەڭلەشتۈرمە كېلىش | ـ چىلىك ~ ـ چە | يولچىلىك، ئاتچە، ئۆيچە، گەپچە، گەپچىلىك |
| ۋەكىللىك كېلىش | ـ تىڭكى | يولنىڭكى، ئاتنىڭكى، ئۆينىڭكى، گەپنىڭكى |

## 3. كېلىش شەكىللىرىنىڭ مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىشى

### 1) باش كېلىش

مەنىسى:

باش كېلىشتىكى سۆزلەر جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدە ئاساسەن ئىگە ۋەزىپىسىدە، بەزىدە ئېنىقلىغۇچى، خەۋەر، قاراتما قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كېلىپ، بايان قىلىنغۇچىنى، شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرىنى، نۇتۇق ئوبيېكتىنى، ئىگىدە ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

قوشۇمچىسى: يوق (∅)

ئىشلىتىلىشى:

باش كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە ئاساسەن ئىگە ياكى خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ، كونكرېت ئالغاندا تۆۋەندىكى

مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ:

(1) ئىگە ۋەزىپىدە كېلىپ بايان قىلىنغۇچىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ يەردىكى قىز-چوكانلار ناھايىتى چىرايلىق، جازىبىلىك، بەزى ئوغۇل باللارمۇ بەك كېلىشكەن.*

*b. بازار ئەتراپىدىكى قاراڭغۇ، تارچۇق كوچىلارنى يورۇتىدىغان ئېلېكتىر چىراغلار يوق ئىدى. قەشقەردە گېزىت يوق، مەتبەئەدە بېسىلغان كىتاب تېخىمۇ يوق ئىدى.*

*c. بۇنىڭدىن ئەللىك يىل بۇرۇن بۇنداق سۆزلەر يوق ئىدى.*

(2)جۈملىدە قاراتما ۋەزىپىسىدە كېلىپ، ئۇتۇق ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەخمەت، كىنوغا بارامسەن؟*

*b. ساۋاقداشلار، دىققەت قىلىڭلار، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار.*

*c. دادا، قاچان ماڭىمىز؟*

(3) ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىپ، ئېنىقلانغۇچى شەيئىنىڭ خاراكتېرىنى ياكى سالاھىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى، ئايال دوختۇر، ياغاچ كارىۋات...*

(4) بەلگىلىك شارائىتتا، خەۋەر بولۇپ كېلىپ، ئىگىنىڭ تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق جۈملىلەر ھۆكۈم جۈملىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن ئوقۇغۇچى.*

*b. ئەخمەت ئىشچى.*

*c. بۇ كىتاب.*

2) ئىگىلىك كېلىش

مەنىسى:

ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئاساسەن تەۋەلىك،

ئىگىلەش ـ ئىگىلىنىش مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ.
قوشۇمچىسى: ـ نىڭ ( ـ )
ئىشلىتىلىشى:
ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئىگىلىگۈچى شەيئىنى بىلدۈرۈپ، كۆپىنچە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. بەزىدە ئېنىقلانغۇچىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىنى شەرت قىلغان هالدا خەۋەر بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىم ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئېنىقلانغۇچى ئىسىم 3 ـ شەخس تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ.
تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «ـ نىڭ»نى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.
(1) كىشىلىك ئالماشلاردىن «مەن»، «سەن» نىڭ كەينىگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «ـ نىڭ» قوشۇلغاندا، «مەن»، «سەن»لەردىكى «ن» فونېمىسى قىسقىرايدۇ، لېكىن ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «ـ نىڭ» قىسقىرىمايدۇ. مەسىلەن:
*مېنىڭ ئۆيۈم، سېنىڭ داداڭ...*
(2) ئىگىلەنگۈچى ئىسىم ئىگىلىگۈچىگە بىۋاسىتە تەئەللۇق بولسا، «ـنىڭ» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:
a. *تېلېفونۇمنىڭ توكى تۈگەپتۇ.*
b. *ئۆيىنىڭ چىرىغى يانمايۋاتىدۇ.*
c. *سىز قايسى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى؟*
يۇقىرىقى مىساللاردىكى «توكى، چىرىغى، ئوقۇتقۇچىسى» دېگەن ئىگىلەنگۈچىلەر «تېلېفونۇمنىڭ، ئۆيىنىڭ، مەكتەپنىڭ» دېگەن ئىگىلىگۈچىلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم هالدا بىۋاسىتە تەئەللۇق بولغان. شۇڭا، بۇلارنىڭ تەركىبىدىكى «ـ نىڭ» چۈشۈپ قالسا بولمايدۇ.
(3) ئىگىلەنگۈچى بىلەن ئىگىلىگۈچى ئارىلىقىدا ئېنىقلىغۇچى بولسا، «ـ نىڭ» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەسىلەن:

*a. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئىنىلىيانىڭ مەھەللىسىگە جايلاشقان گۈللۈك ھويلىنىڭ جىگەر رەڭ سىرلانغان دەرۋازىسى ئالدىدا بىر جۈپ بوز ئارغىماق قوشۇلغان كونىراق بىر پوۋۇزكا تۇراتتى.*

*b. كۆرۈنۈشىدىن ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان بۇ كىشىنىڭ تاقىرلىشىپ قالغان بېشى ئۆزىگە قارىغاندا سەل چوڭدەك كۆرۈنەتتى.*

*c. ئۇنىڭ سىدامراق كەلگەن ياداڭغۇ چىرايى ھەسەن دولاننىڭ كۆزىگە تولىمۇ نۇرانە كۆرۈنىدىغان، ئاۋازىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالماقتا ئىدى.*

يۇقىرىقى a جۈملىدىكى «ھويلىنىڭ» دېگەن ئىگىلىگۈچى بىلەن «دەرۋازىسى» دېگەن ئىگىلەنگۈچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «جىگەر رەڭ سىرلانغان» دېگەن ئېنىقلىغۇچى بولغاچقا، b جۈملىدىكى «كىشىنىڭ» دېگەن ئىگىلىگۈچى بىلەن «بېشى» دېگەن ئىگىلەنگۈچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «تاقىرلىشىپ قالغان» دېگەن ئېنىقلىغۇچى بولغاچقا، c جۈملىدىكى «ئۇنىڭ» دېگەن ئىگىلىگۈچى بىلەن «چىرايى» دېگەن ئىگىلەنگۈچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «سىدامراق كەلگەن، ياداڭغۇ» دېگەن ئېنىقلىغۇچى بولغاچقا، «-نىڭ» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ.

(4) «-نىڭ» قوشۇلغان سۆز جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلسە، «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a. ئوغۇللار بۇ ئىشلارغا ئېگىلىپمۇ قويمايدۇ، ھەممە ئىش ئانىنىڭ.*

*b. ئاۋۇ لۇغەت ياقۇپنىڭ.*

*c. يولنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئۆي تۆمۈرنىڭ، غەرب تەرىپىدىكى ئۆي نىيازنىڭ.*

يۇقىرىقى a جۈملىدىكى «ئانىنىڭ»، b جۈملىدىكى

«ياقۇپنىڭ»، c جۈملىدىكى «تۆمۈرنىڭ، نىيازنىڭ» دېگەن سۆزلەر جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەچكە، بۇلارنىڭ تەركىبىدىكى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ.

(5) ئىگىلىگۈچى سۆز خاس ئىسىم (كىشى ئىسمى) بولسا، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

a. *ئۇ راخماننىڭ قويى.*

b. *مەمەتنىڭ دەپتىرى قېنى؟*

c. *ئارزۇگۇلنىڭ ئورنى قايسى؟*

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «راخمان، مەمەت، ئارزۇگۇل» قاتارلىقلار كىشى ئىسمى بولغاچقا، ئۇلارغا قوشۇلغان كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ.

(6) تەۋەلىك ئىنتوناتسىيەسىنى كۈچەيتىش زۆرۈر بولغان جۈملىلەردە «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ. بۇنداق جۈملىلەر ئېغىزدا ئېيتىلغاندا ئىگىلىگۈچى سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمى ئۇرغۇلۇق ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *بىز ھايۋاننىڭ بالىسى ئەمەس، ئادەمنىڭ بالىسى!*

b. *بۇ، خوتەننىڭ گىلىمى.*

(7) ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرنىڭ كەينىدە كېلىپ، باشقا سۆزلەرنى ئىگىلىگەن سۆزلەر تەركىبىدىكى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

a. *جەننەتخان بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ ئىشچىسى.*

b. *ياسىن بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئاشپىزى.*

يۇقىرىقى a جۈملىدىكى «زاۋۇتنىڭ» دېگەن سۆز «بىزنىڭ» دېگەن ئىگىلىك كېلىشتىكى سۆزنىڭ كەينىدە كېلىپ، «ئىشچى» دېگەن سۆزنى ئىگىلىگەن؛ b جۈملىدىكى «مەكتەپنىڭ» سۆزى «بىزنىڭ» دېگەن ئىگىلىك كېلىشتىكى سۆزنىڭ كەينىدە كېلىپ «ئاشپىزى» دېگەن سۆزنى ئىگىلىگەن. شۇڭا، بۇ ئىگىلىگۈچى

www.uyghurkitap.com

سۆزلەر تەركىبىدىكى قوشۇمچە سۆز «-نىڭ» نى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.

(8) تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ۋە ئاتاش سۆزلىرى ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، «-نىڭ» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a*. *ئاكامنىڭ بالىسى ھازىر بېيجىڭدا ئوقۇيدۇ.*

*b*. *بىر دوستۇمنىڭ ئۇكىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ.*

*c*. *مەرھۇم مەخسۇت مۇھىتى ھايات بولسا، ئۇ كىشىنىڭ جانابلىرىغا بېرىدىغان مەسلىھەتىمۇ چوقۇم شۇنداق بولۇر ئىدى.*

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «ئاكامنىڭ، دوستۇمنىڭ، ئۇكىسىنىڭ» دېگەن سۆزلەر تۇغقانچىلىقنى ياكى ئۆز ئارا ئاتاشنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بولغاچقا، ئۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ.

(9) كىشىلىك ئالماشلار ئىگىلىگۈچى بولۇپ كەلگەندە، تەركىبىدىكى «-نىڭ» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a*. *بۇ بىزنىڭ زاۋۇت.*

*b*. *مېنىڭ دەرسىم ئەتە تۈگەيدۇ.*

*c*. *ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ياخشى.*

(10) جۈملىدە ئىگىلىگۈچى سۆز شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن بولسا، بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «-نىڭ» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a*. *بۇ بالا سىزنىڭ يۈرتىڭىزنىڭ گۈلىكەن.*

*b*. *— گەپ بۇنىڭدا ئەمەس، دادا، ئۆز ئەمگەك تەرىمىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقاي دەيمىنا!*

بۇ مىساللاردىكى « يۇرت، تەر» دېگەن سۆزلەر ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىسى « -ڭىز، -ىم» بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن، شۇڭا بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «-نىڭ» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ.

(11) ئىگىلىگۈچىنىڭ ئالدىدا سان، سۈپەت ۋە سۈپەتداشلار كېلىپ، ئىگىلىگۈچىنى ئېنىقلىغان بولسا، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a. بىر ئوقوغۇچىنىڭ مىجەزى يوقكەن، شۇڭا دەرسكە قاتنىشالمىدى.*

*b. سىنىپىمىزدىكى بارلىق ئوقوغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى.*

*c. بايا كەلگەن ئايالنىڭ بالىسى قايسى سىنىپتا ئوقۇيدۇ؟*

*d. ياخشى ئادەمنىڭ بالىسمۇ ياخشى بولىدىكەن.*

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «ئوقوغۇچىنىڭ، ئوقوغۇچىلارنىڭ، ئايالنىڭ، ئادەمنىڭ» دېگەن ئىگىلىگۈچىلەر ئايرىم-ئايرىم هالدا ئالدىدىكى «بىر، بارلىق، بايا كەلگەن، ياخشى» دېگەن سان، سۈپەت ۋە سۈپەت خاراكتېرلىك سۆزلەر تەرىپىدىن ئېنىقلانغان، شۇڭا بۇنداق تىل شارائىتىدىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ.

(12) ئىگىلىگۈچى سۆز سۈپەتتىن ياكى سۈپەت خاراكتېرلىك سۆزدىن تۈزۈلگەن بولسا، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a. ياخشىنىڭ شارايىتى تېگەر، يامانىنىڭ كاساپىتى.*

*b. ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك.*

*c. ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.*

يۇقىرىقى مىساللاردىكى ئىگىلىگۈچى «ياخشى، يامان» سۆزلىرى سۈپەتتىن، «ئۆلگەن، ئىشلىگەن، ئىشلىمىگەن» دېگەن

سۆزلەر سۈپەتداشتىن تۈزۈلگەن بولغاچقا، بۇلارنىڭ كەينىدىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ.

(13) جۈملىدە ئىگىلىگۈچى سۆز تەركىبىدىكى «-نىڭ» قىسقىراپ كېتىپ، ئەسلىي جۈملىدىكى ئىگىگە ئوخشاپ قېلىش ئېھتىمالى بولسا مۇنداق ئىگىلىگۈچى تەركىبىدىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ تىراكتور زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى.*

*b. يىراقتىن مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى كۆرۈندى.*

(14) ئادەتتە سۈپەتلەر خەۋەر بولۇپ كەلگەندە ئىگىنىڭ ئالدىدىكى ئىگىلىگۈچىنىڭ تەركىبىدىكى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ يەردە چارۋىنىڭ يەم-خەشىكى بارمۇ؟*

*b. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر.*

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «بار، ئېغىر» دېگەن سۈپەت خەۋەر بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، بۇ جۈملىلەردىكى ئىگىنىڭ ئالدىدىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ.

(15) ھۆكۈم جۈملىلەردە خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ خەۋەرنى ئېنىقلايدىغان ئىگىلىگۈچىنىڭ تەركىبىدىكى «-نىڭ» ئادەتتە چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a. داداڭ زىيەك مەھەللىنىڭ بۇقىسى ئىدى، لېكىن يايلارنى ۋاڭ دېگۈزەلمىدى.*

*b. — ھېكىمبەگ غوجىنىڭ ئۆيىگە كىرسەڭلار خۇددى ئىككى يۈز يىل بۇرۇنقى ئىمىن ۋاڭ، مۇسا گۇڭلارنىڭ ئوردىسىنىڭ ئۆزى!*

*c. مۇقام بىر ئۇلۇغ روھنىڭ چىللىغۇچىسى، بىر گۈزەل تۇيغۇنىڭ ئويغاتقۇچىسى، بىر گۈزەل كېلەچەكنىڭ بېشارىتى...*

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «مەھەللىنىڭ، ئوردىسىنىڭ، روھنىڭ، تۇيغۇنىڭ، كېلەچەكنىڭ» دېگەن ئىگىلىگۈچىلەر

خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئېنىقلىغۇچىلىق رول ئوينىغان، شۇڭا بۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ.

(16) ھۆكۈم جۈملىدە ئىگىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئىگىنى ئېنىقلاش رولىنى ئوينايدىغان ئىگىلىگۈچى تەركىبىدىكى «-نىڭ» ئادەتتە چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

a. *غۇلجا يېزىلىرى كۆپىيىپ، بوز يەرلەرنىڭ كۆكىرىشىدە پولات يۇز بېگىنىڭ تۆھپىسى چوڭ بولغان.*

b. *مانا بۇگۈنكى مەشرەپكە غۇلجا شەھىرىنىڭ كاتتىلىرى تولۇق كەلدى.*

c. *جۇڭگونىڭ پايتەختى — بېيجىڭ.*

(17) ئىگىلەنگۈچى سۆز ئىگىلىگۈچى ئىپادىلىگەن ئۇقۇمنىڭ ھەممىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسەتسە ياكى بىر قىسمىنى ئايرىپ كۆرسەتسە، شۇنداقلا ئىگىلەنگۈچى باش كېلىشتىن باشقا كېلىشلەردە كەلسە، بۇنداق ئىگىلىگۈچى تەركىبىدىكى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

a. *يېڭى قار يېغىش بىلەنلا مەھەللىنىڭ ھەممە ئەرلىرى چوماقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئىتلىرىنى كاڭشىتىپ، ئاتلىقى ئاتلىق، پىيادىسى پىيادە ھالدا توشقان قوغلىغىلى چىققانىدى.*

b. *نەشپۇتنىڭ ھەممىسىگە قۇرت چۈشۈپ كېتىپتۇ.*

c. *بۇ فىلىملەرنىڭ كۆپ قىسمىدا چىنلىقنى كۆرگىلى بولمايدۇ.*

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «مەھەللىنىڭ، نەشپۇتنىڭ، فىلىملەرنىڭ» دېگەن ئىگىلىگۈچى تەركىبىدىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ.

(18) ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىگىلىگۈچى قاتار كەلگەندە، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى «-نىڭ» ئومۇمەن چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com

*a. ئۇ ئاكامنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۇكىسىنىڭ ئوغلى.*

*b. تۇرسۇننىڭ كىتابىنىڭ ئىككى بېتى كەمكەن.*

يۇقىرىقى a مىسالدا ئۈچ ئىگىلىگۈچى قاتار كەلگەن، b، c مىسالدا ئىككى ئىگىلىگۈچى قاتار كەلگەن. شۇڭا، بۇ جۈملىلەردىكى ئىگىلىگۈچىلەرنىڭ تەركىبىدىكى «-نىڭ» ئاساسەن چۈشۈپ قالمايدۇ.

(19) «بۇ، شۇ، مۇشۇ، مۇنۇ، ئاشۇ» قاتارلىق كۆرسىتىش ئالماشلار ئىسىمنىڭ چىقىش كېلىش، بېرىش كېلىش، ئورۇن كېلىش ۋە ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، بۇ كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىلەن يۇقىرىقى كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «-نىڭ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ قالىدۇ. بۇنداق تىل شارائىتىدىكى «-نىڭ» چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇنىڭغا قاراڭ!*

*b. بىز ئۇنىڭدىن ئۆگىنەيلى!*

*c. دەپتىرىم شۇنىڭدا قالغان.*

*d. سىزمۇ ئاشۇنىڭدەك ئۆگەنسىڭىز بولمامدۇ؟*

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «بۇنىڭغا، ئۇنىڭدىن، شۇنىڭدا ئاشۇنىڭدەك» دېگەن سۆزلەردىكى «-نىڭ» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ.

(20) چېسلانى بىلدۈرۈپ كەلگەن بىرىكمىلەردە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەتە 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.*

*b. ئوغلۇم 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تۇغۇلغان.*

*c. 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نورۇز.*

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆزلەر بىۋاستە ئىسىملىشىدۇ ۋە «-نىڭ» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ.

(1) جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ناملىرىنى

بىلدۈرىدىغان سۆزلەر تەركىبىدىكى «-نىڭ» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

*ناھىيەلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، ۋىلايەتلىك ياشلار خىزمىتى ئىشخانىسى*

(2) يىل نامى بىلەن بىللە كەلگەن يىل، پەسىل، ئاي ۋە كۈنلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملاردا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

a. *مەن ئىت يىلى تۇغۇلغان.*

b. *تۇرپاندا ياز كۈنلىرى ئاجايىپ ئىسسىق بولىدۇ.*

c. *ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى سېنتەبىر ئېيىدا بولىدۇ.*

d. *مەن چارشەنبە كۈنى كەلدىم.*

(3) بەزىدە ئىسىملار باش كېلىش شەكلىدە تەۋەلىكچى شەيئىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىملارنى ئېنىقلاپ، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ ۋە ئېنىقلانغۇچى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكلىگە كىرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز بۇنداق ئىسىملارنى ئىگىلىك كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىملار دەپ ئاتايمىز. ئىگىلىك كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىملار تەۋەلىكچى شەيئى بىلەن تەۋەلەنگۈچى (ئېنىقلىغۇچى) شەيئىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ، زىچ بىرىككەن ئىسىم بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ خىل زىچ بىرىككەن ئىسىم بىرىكمىلىرىنىڭ ئاتالغۇلۇق خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ، ئومۇمەن بىر سۆز ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. شۇڭا، بۇنداق بىرىكمىلەردە «- نىڭ» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

*جۇڭگو خەلقى، خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق قورۇلتىيى، پارتىيە نىزامنامىسى، دەرس ۋاقتى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، غۇلجا ئالمىسى، قازاق قويى، تارىم دەرياسى...*

بۇنداق زىچ بىرىككەن ئىسىم بىرىكمىلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن ئېنىقلىغۇچىلار بىرىكمىنىڭ بېشىدىكى ئىسىمنى

ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بىرىكمىنى ئىنىقلايدۇ. مەسىلەن:

*قەھرىمان جۇڭگو خەلقى*

*ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى*

*يېڭى پارتىيە نىزامنامىسى*

3) چۇشۇم كېلىش

مەنىسى:

چۇشۇم كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار ئۆتۈملۈك پېئىل ياكى ئۆتۈملۈك پېئىل بىرىكمىسىگە بېقىنىپ، تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ۋە ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدۇ.

قوشۇمچىسى: - نى (Eni)

ئىشلىتىلىشى:

چۇشۇم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ھەرىكەتنىڭ قوبۇل قىلغۇچىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*سەللىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى شۇ كىشىنىڭ ياش - قۇرامىنى، ئىلمىنى ۋە مەرتىۋىسىنى بىلدۈرەتتى.*

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسى بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن كېلىدۇ. چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ چۇشۇپ قېلىش - قالماسلىقى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋال بىلەن مۇناسىۋەتلىك:

(1) تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئومۇمەن، بىۋاستە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلەلمەيدىغان سۆزلەر تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەندە، چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسى چۇشۇپ قالمايدۇ.

A. سانلار، شەخسلىك ئالماشلار، ئىسىمداشلار تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەندە، چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسى چۇشۇپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

a. *بەشتىن ئىككىنى ئالسا ئۈچ قالىدۇ.*

*b*. مېنى چاقىردىڭىزمۇ؟
*c*. دادام ماڭا پات-پات خەت يېزىپ تۇرۇشنى تاپىلىدى.

B. خاس ئىسىملار تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەندە، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a*. ئالىمنى تونۇمسەن؟
*b*. يازلىق تەتىلدە قەشقەر، خوتەننى ئايلىنىپ كەلدۇق.

C. ئادەم ياكى ھايۋانلارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ياكى ئادەملەشتۈرۈلگەن جانسىز شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەندە، باشقا تەركىبلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولسا، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a*. دادام ئىشچىلارنى باشقۇرىدىغان ئادەم.
*b*. مۇئەللىمنى ئىزدەپ يۈرگەن ھېلىقى ئوقۇغۇچى قېنى؟
*c*. بۆرە بۆرىنى تالىمايدۇ.
*d*. ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بوپتۇ.

بۇ خىل ئەھۋال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن تەركىب خاس ئىسىمدىن باشقا ئىسىم بولسا، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

*a*. مەن تاماق يېدىم.
*b*. تۇرسۇن كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ.
*c*. بالام رەسىم سىزىدۇ.

(2) تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن تەركىب ئېنىقلىغۇچى تەرىپىدىن ئېنىقلانغاندا ۋە پېئىلنىڭ باشقۇرۇش ئوبيېكتى بولسا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. بۇ تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

A. ئومۇمىي ئىسىملار تولدۇرغۇچى بولۇپ، تەۋەلىك كاتېگورىيەسى ياكى سان كاتېگورىيەسى بىلەن تۈرلەنگەندە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a*. *ئاغزىڭنى يۇم.*

*b*. *چېپىڭنى ئەكەلمەمسەن.*

*c*. *پۇلۇمنى قايتۇر.*

*d*. *گېزىتلەرنى ئالغىلى كەلدىم.*

*e*. *خەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى.*

B. ئومۇمىي ئىسىملار تولدۇرغۇچى بولۇپ، ئىسىم سۈپەت، سۈپەتداش ياكى كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىلەن ئېنىقلانغان بولسا، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

*a*. *سومكامدىكى كىتابنى ئوقۇڭ.*

*b*. *تۈنۈگۈنكى گېزىتنى كۆردىڭىزمۇ؟*

*c*. *ھېلىقى كىنونى كۆردىڭىزمۇ؟*

*d*. *بۇ ئادەمنى تونۇمسىز؟*

*e*. *سىز بەرگەن رومانىنى ئوقۇۋاتىمەن.*

*f*. *ئاق توپنى سىز ئېلىڭ، قىزىل توپنى مەن ئالاي.*

C. سۈپەت، سۈپەتداش ياكى كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئېلىپ، تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەندە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

a. چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيلى. (سېلىشتۇرۇڭ: چوڭ ئادەملەرنى ھۆرمەتلەپ، كىچىك بالىلارنى ئىززەتلەيلى.)

b. بۇنى ئېلىپ كەتسەڭ بولىدۇ. (سېلىشتۇرۇڭ: بۇ كىتابنى ئېلىپ كەتسەڭ بولىدۇ.)

c. كۆرگەن كۆرگەننى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار؟ (سېلىشتۇرۇڭ: كۆرگەن كۆرگەن ئىشنى قىلار، كۆرمىگەن نېمە ئىشنى قىلار؟)

D. جۈملىنىڭ ئىگىسى تولدۇرغۇچىدىن كېيىن كەلسە ياكى

تولدۇرغۇچى بىلەن خەۋەر ئارىسىغا باشقا تەركىب قىستۇرۇلسا، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

a. چاينى كىم ئىچتى؟
b. خىزمەتنى خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز .
c. ماقالىنى كۆپرەك ياز.
d. پۇلنى كىم بەردى ساڭا؟

E. تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن پېئىللارنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ ئۆتۈملۈك پېئىللار خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەندە، تولدۇرغۇچىدىكى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

a. ئۇ بۇ سۆزنى ماقۇل كۆردى.
b. ئۇ ۋەقەنى بايان قىلدى.
c. ئىدىيەنى ئازاد قىلىش كېرەك.

F. تەكرارلانغان ئىسىملار تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەندە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

a. شەھەر ـ شەھەرنى ئايلىنىپ كۆزىمىزنى ئېچىپ كەلدۇق.
b. مەھەللە ـ مەھەللىنى تەكشۈرۈش كېرەك.

G. خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، تۇس ياردەمچىلىرى بىلەن بىرىككەن چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

a. تۇرسۇن ئىشىكنى ئېچىۋەتتى.
b. مۈشۈك گۆشنى يەپ بولدى.

شۇنى ئەسكەرتىش لازىمكى، ئومۇمىي ئىسىملار تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەندە، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ، ئەمما تەكىتلەش مەنىسىنى بىلدۈرگەندە، يەنىلا چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

a. شەنبە كۈنى يا كىتاب ئوقۇيمەن، يا كىنو كۆرىمەن.
b. تاماق يېدىڭمۇ؟

*c. تۇرسۇنغا پۇل بەردىم.*

تولدۇرغۇچىنىڭ ئالدىدا سان ـ مىقدار كەلسە ياكى خاراكتېر، ماتېرىيال قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان ئېنىقلىغۇچى تەركىب كەلسە ھەم ئالاھىدە تەكىتلەش مەنىسى بولمىسا، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن بىر ياخشى ئامال تاپتىم.*

*b. مەن بەك قىزىق بىر كىتاب ئوقۇدۇم.*

*c. تۇرسۇن 30 كويغا بىر رادىيو ئالدى.*

*d. بۇ ئۆستەڭگە بىر ياغاچ كۆۋرۈك سالايلى.*

تۇراقلىق ياكى قىسمەن تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىدە ئىسىملار باش كېلىش شەكلىدە ئۆتۈملۈك پېئىللارغا بېقىنىپ، تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىپ، ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنداق ئىسىملار ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ، تولدۇرغۇچى بىلەن پېئىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى زىچلاشتۇرىدۇ، نەتىجىدە بىر پېئىل ئورنىدا تولدۇرغۇچى ـ پېئىل بىرىكمىلىرى ھاسىل بولىدۇ ۋە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

*كىنو كۆر ـ، دوكلات ئاڭلا ـ، تىراكتور ھەيدە ـ، خەت ياز ـ، تاماق يە ـ، دەم ئال ـ، ئويۇن ئوينا ـ، دورا ئىچ ـ، كىتاب ئوقۇ ـ، كىر يۇ ـ، ناخشا ئاڭلا ـ، ناخشا ئېيت ـ، مال باق ـ، دەم ئال ـ، ياردەم بەر ـ، يەر ھەيدە ـ، ماشىنا ھەيدە ـ، يول ئاچ ـ، ئامال تاپ ـ...*

بۇنداق قۇرۇلمىلاردا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ئېنىق كۆرۈلسە، چەكلەش مۇناسىۋىتىنى ۋە تەكىتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا بۇنداق ئەھۋال ئوبيېكتنى ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتىدىن بولىدۇ. سېلىشتۇرۇڭ:

*a. تاماق يېدىڭمۇ؟*

*b. تاماقنى يېدىڭمۇ؟*

*c. چۈشتىن كېيىن بۇغداي ئورۇيمىز.*
*d. چۈشتىن كېيىن بۇغداينى ئورۇيمىز.*
شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش كېرەككى، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ياكى ئىپادىلىنىشى بەزىدە مەنە پەرقلەندۇرىدۇ. مەسىلەن: «پۇل بەر» دېيىلسە، بىراۋدىن پۇل سورىغانلىقنى بىلدۈرسە، «پۇلنى بەر» دېيىلسە، بىراۋغا ئۆتنىگە بېرىلگەن پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش تەلىپى قويغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.
ئورتاق خەۋەرگە باغلانغان تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى تولدۇرغۇچىلارنىڭ پەقەت ئەڭ ئاخىرقى بىرىگىلا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:
*a. ئالما بىلەن نەشپۈتنى مەن ئالاي، قوغۇن بىلەن تاۋۇزنى سەن ئال.*
*b. تۇرسۇن بىلەن ئالىمنى كۆردىڭىزمۇ؟*

4) يۆنىلىش كېلىش
مەنىسى:
يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىملار ئومۇمەن پېئىل ياكى پېئىل بىرىكمىلىرىگە، بەزىدە بىر قىسىم سۈپەت ۋە رەۋىشلەرگە بېقىنىپ، ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.
قوشۇمچىسى: ـغا / ـقا / ـگە / ـكە (GA ـ)
ئىشلىتىلىشى:
يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىملار پېئىل ياكى پېئىل بىرىكمىلىرىگە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەندە، ئۆزى بېقىنغان پېئىل ياكى پېئىل بىرىكمىسىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.
(1) ھەرىكەتنىڭ نىشانىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
*a. تاغقا قېچىپ چىققان سەككىز بالىدىن ئىسلام بىلەن*

سەلىم شەھەرگە قايتىپ كەتتى.

*b*. نۇرىلار ئالتايغا ئەمەس، چۆچەككە قاراپ ماڭدى.

*c*. لېكىن قويۇق ئورمانلار كەينىدىن ــ كۈنچىقىشتىن ئاستا باش كۆتۈرۈۋاتقان قۇياش ئىنسانلارنى ھاياتقا، ياشاشقا ــ بەختكە چىللىماقتا ئىدى!

(2) بەزى ئۆتۈمسىز پېئىللار ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a*. نۇرى دادىسىغا تاش قورال دەۋرى توغرىسىدا ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن.

*b*. دېھقان ئاخىر بالىغا قايىل بولۇپ زوق بىلەن نەزەر تاشلىدى: ــ دادائىدىن ئېشىپ چۈشىدىكەنسەن نۇرى.

(3) ئۆتۈملۈك پېئىلدىن ياسالغان مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىدىكى پېئىللارنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a*. ــ ئەمىسە، ئۇ ئىسيانچىغا نېمە ئۈچۈن بولۇشتۇڭ، نېمشقا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىسەن؟

*b*. ئاپام بالىغا تاماق يېگۈزۈۋاتىدۇ.

*c*. بۈگۈن مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا ماقالە يازغۇزدى.

(4) ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ چاغدا يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىم ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

*a*. بارلىقىم ئىنقىلابقا مەنسۇپ، كىچىك سودىگەر بولساممۇ بەش يۈز سەر ئالتۇن ئاتىدىم!

*b*. باشقىلار دەل ۋاقىت توشقاندا دەرسكە چىقاتتى، ئۇ بالدۇر چىقاتتى ھەم قولىدىن ھەرقاچان كىتاب چۈشمەيتتى.

*c*. چۈشلۈك غىزادىن كېيىن، مېھمانلار تارقىلىش ئالدىدا، تاھىر بەگ خوجىنىياز ھاجىم باشلىق ھەممەيلەننى ئەتە چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى.

(5) بەزى ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى ياكى بەدىلىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئاسما مايكا كىيگەن تەنتەربىيە مۇئەللىمى قولىغا ۋالىبولنى ئېلىۋېلىپ، ھىجىيىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلمەكتە.*

*b. زال ئادەمگە لىق تولدى.*

*c. ئەتراپ گۈللەرگە پۈركەندى.*

يېئىلنىڭ ئىسمداش ياكى سۆپەتداش شەكىللىرى يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەندە، باشقا مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، بۇ مەنىلەرنى «پېئىلنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرى» دېگەن بابتىن كۆرۈڭ.

5) ئورۇن ـ پەيت كېلىش

مەنىسى:

ئورۇن كېلىشتىكى ئىسىملار ئاساسەن پېئىللارغا، بەزىدە سۆپەتلەرگە بېقىنىپ، ھالەت ياكى خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

قوشۇمچىسى: ـدا / ـدە / ـتا / ـتە (ـ DA)

ئىشلىتىلىشى:

ئورۇن ـ پەيت كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغان تەركىبلەر پېئىللارغا بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەندە، ئىسمنىڭ مەنە دائىرىسى ئاساسىدا ھەر خىل مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، يەنى ئورۇننى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كەلگەندە، ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىش ئورنىنى، ۋاقىت ئىسىملىرىغا ئۇلىنىپ كەلگەندە، ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىش ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. كونكرېتلاشتۇرغاندا تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

(1) ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىش ئورنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. قاتار-قاتار ئۇيغۇر ياشلىرى ئىنسان ئايىغى باسمىغان چۆللەردە ئاشۇنداق ھالاك بولدى.*

*b*. تالادا لەيلدەپ قار ياغماقتا، تۆت ئېغىز ئۆيدە لىق ئادەم.

*c*. شۇڭا، بابا ئېيتقىنىمىزدەك، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، خوجىنىياز بۇ يىگىتلەرنىڭ نىيىتىنى بىلمىسىمۇ بېقىشى ئۇچۇن ھېلىقى قارىغاي تۈۋىدە مۆكۈنۈپ ياتقانىدى.

*d*. رەھمەتلىك تۆمۈر خەلىپىنىڭ جەسىتى ئۇرۇمچىدە قالغان بىلەن ئۇنىڭ روھى بىز بىلەن بىللە.

(2) ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىش ياكى داۋاملىشىش ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a*. مۇختەر باي ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ، تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كەچ كۈزدە، ھەممە يەرنى غازاڭ قاپلىغاندا تۇيۇقسىزلا قارىغىرنى ئوينىتىپ مەھەللىسىدە پەيدا بولدى.

*b*. قىز قاقاقلاپ كۈلگەندە چىشلىرى مەرۋايىتتەك يالتىراپ كەتتى.

*c*. نامازدىگەردە قىز بىلەن نۇرى باشلىرىغا يۇڭ ياغلىق ئوراپ، پۇتلىرىنى كىگىزگە چۈمكەپ چاندا ئولتۇردى.

(3) ھەرىكەت بارلىققا كەلگەن شارائىت، كەيپىياتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a*. سۆھبەت قىزغىن ۋە دوستانە كەيپىياتتا ئۆتتى.

*b*. ئۇلار قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

*c*. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ دەككە-دۈككىدە.

*d*. ئەپرىز بانۇمدەك چىراي، گەپ - سۆز ۋە ناز - كەرەشمىدە يېتىلگەن ئاياللار ئۇچۇن پانىي دۇنيادىكى جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ھەممە يەردە ئوچۇق!

(4) ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a*. ئۇلار كالاسكىدا ئولتۇرۇپ سەھراغا ماڭدى.

*b*. خەت قېرىنداشتا يېزىلغانىدى.

*c*. كۈچا خېنىم ئاتتا ئولتۇرالمايتتى.

(5) سۈپەتكە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەن ئورۇن

كېلىشتىكى ئىسىملار ئورۇن ياكى دائىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە.*

*b. ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت، ئائىلە دېگەنلەر ئاللىقاچان كۆيۈپ كۇلگە ئايلىنىپ بولغان.*

(6) خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئورۇن كېلىشتىكى ئىسىملار ئىگىنىڭ ئورنىنى ياكى مەنبەسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. كىتاب جوزىدا.*

*b. سىنىڭ لۇغىتىڭ ئەخمەتتە.*

*c. ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر.*

*d. ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە.*

6) چىقىش كېلىش

مەنىسى:

چىقىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار ئاساسەن پېئىللارغا، بەزىدە بىر قىسىم سۈپەت ۋە رەۋىشلەرگە بېقىنىپ ھالەت ۋەزىپىسىدە، بەزىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

قوشۇمچىسى: -دىن / -تىن (- Din)

ئىشلىتىلىشى:

چىقىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار تۆۋەندىكى مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ:

(1) ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ياكى ھەرىكەت قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنىڭ ئايرىلىش ئورنىنى، ياكى بېسىپ ئۆتۈش ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەلچى ئۆزىنىڭ تۆگىسى بىلەن ئۆيدىن ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.*

*b. شۇنچە دەپمۇ سىلەردىن بىر تال بەشئاتار ئالالمىدىم، – دېدى سەييۇل كۆزىگە ياش ئېلىپ.*

c. ھېلىغۇ يېڭىجاڭلىق ئىكەن، تۇەنجاڭلىقنى بەرسىمۇ ھاجى ئاكامنىڭ يېنىدىن كەتمەيمەن.

d. ساناپ باقسام يېگىرمە ئىككى كىچىك ئېرىق، ئالتە چوڭ ئېرىق، ئۈچ ئۆستەڭ، بىر دەريادىن سۆرەپ ئۆتۈپسەن.

(2) ھەرىكەت ئىگىسى روھىي جەھەتتىن يىراقلىشىدىغان شەيئىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ھاجىمىمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيلا «قاشقالىق» دەپ چاقىرىپ دۇنيادىن ئۆتكەنىدى.

b. نۇرى مانا مۇشۇ ھەقىقەتنى خىيالىدىن رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان.

c. بۇ قىزىمنى ئۆزلىرى قۇتقۇلدۇرۇۋالىدىغان بولدىلا، مېنىمۇ غەمدىن قۇتۇلدۇردىلا.

(3) خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن پېئىللار ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مەنبەسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن يانماس.

b. گويا ئۇلار تەبىئەتنىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئەڭ چوڭ ئىنئامى — ھېس ۋە تۇيغۇ، ئاڭ ۋە ئىدراكتىن مەڭگۈ مەھرۇم بولغاندەك...

c. ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ.

d. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى.

(4) ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك چەكنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. غوجامنىڭ تاۋۇتىنى شەھەر خەلقى، ئوقۇغۇچىلار كۆتۈرۈشۈپ شەھەردىن يىگىرمە كىلومېتىر يىراققا — شەرققە قاراپ پىيادە ئېلىپ بېرىشتى.

b. — تېخى بامداتقا ئەزان ئېيتىمىدىغۇ، نېمانچە قىلىدىكىنە، — دېدى گۈلنىسا بوۋى ئاقارغان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ قويۇپ، — ئوتتۇز يىلدىن بېرى تەرتىنگە سۇ بېرىپ، بۇ ئادەمنى رازى قىلالمىدىمغۇ، تاڭ!

(5) ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ياكى ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنىڭ ماتېرىيالىنى ياكى تەركىبىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ ئورۇندۇق يامبۇكتىن توقۇلغان.*

*b. قارا چىبەرقۇتتىن ئىشتان ـ چاپان كىيگەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.*

*c. ئۇلار دەرەخ شاخلىرىدىن بىر كەپە ياسىۋالدى.*

(6) بىرى ياكى بىر قىسمى ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئومۇمىيەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. چېكىنىش نەتىجىسىدە شۇنچە جەڭلەردە چېقىم تارتمىغان پارتىزانلاردىن قىرىق يەتتە ئادەم قۇربان بولدى.*

*b. ئۇ يەردە ئاقسۇدىن كېلىۋاتقان دۈشمەننى توسۇپ يوقىتىش ئۈچۈن پىستىرما تەييارلىدى.*

*c. پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەتتىن بىرنى ئالدىم.*

(7) ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. شەيخ مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ھاياجاندىن قىزىرىپ، زىلۋا، ئېگىز گەۋدىسىنى ئاتتىن سەل كۆتۈرۈپ قويدى.*

*b. خىجىللىقتىن بېشىمنى كۆتۈرەلمىدىم.*

*c. ئۇنىڭ يوغان بۇرنى غەزەپتىن مىدىرلىدى، يوغان كۆزلىرى قويۇق قاشلىرى ئاستىدا پالىلدىدى، قويۇق ساقال ـ بۇرۇتى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترىدى.*

(8) سېلىشتۇرغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەخمەتتىن ياش بىر بالا كەلدى.*

*b. ئاتتىن ئېگىز، ئىتتىن پەس (تېپىشماق.)*

*c. تاش تۇخۇمدىن قاتتىق، تۇخۇمنىڭ چىقىلغىنى چىقىلغان.*

7) ئورۇن ـ بەلگە كېلىش

مەنىسى:

ئۆزى ئىنىقلاپ كەلگەن ئىسىمنىڭ ئورۇن، ۋاقىت

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىكتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جەھەتتىكى بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ. كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندا، بۇ كېلىش شەكلى ئورۇن ـ پەيت كېلىش قوشۇمچىسىغا «ـكى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ شەكىللەنگەن.

قوشۇمچىسى: ـدىكى / ـتىكى (Diki ـ)

ئىشلىتىلىشى:

(1) ئورۇن ـ بەلگە كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئورۇن، ۋاقىت جەھەتتىكى بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*باغدىكى گۈل، شەھەردىكى ئىمارەت، كۆڭۈلدىكى گەپ.*

*تۇرسۇندىكى كىتاب، 1982 ـ يىلىدىكى ۋەزىيەت، يازدىكى ۋەقە*

(2) تىل شارائىتى ئېنىق بولغان ئەھۋالدا، ئورۇن ـ بەلگە كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم تەرىپىدىن ئېنىقلانغان ئېنىقلىغۇچىنى قىسقارتىپ، ئورۇن ـ بەلگە كېلىشتىكى ئىسىمنىڭ ئۆزىنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولىدۇ. ئورۇن ـ بەلگە كېلىشتىكى ئىسىم ئالماشقاندا، ئۆزىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسىغىمۇ ۋەكىللىك قىلىپ، باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. يانچۇقۇڭدىكىنى چىقار. (سېلىشتۇرۇڭ: يانچۇقۇڭدىكى پۇلنى چىقار.)*

*b. ياتاقتىكىلەرنى ئويغىتىڭلار. (سېلىشتۇرۇڭ: ياتاقتىكى ئوقۇغۇچىلارنى چاقىرىڭلار.)*

*c. تاغدىكىلەرگە سەن خەۋەر يەتكۈز. (سېلىشتۇرۇڭ: تاغدىكى ئادەملەرگە سەن خەۋەر يەتكۈز.)*

8) چەك كېلىش

مەنىسى:

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ چېكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قوشۇمچە ئەسلىدە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسىغا «ـچە» قوشۇمچىسىنىڭ

قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن.

قوشۇمچىسى: ‎-غىچە / -قىچە / -گىچە / -كىچە (‎- Gic&a)

ئىشلىتىلىشى:

(1) چەك كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار جۈملىدە ئاساسەن پېئىللارغا بېقىنىپ، ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ، بەزىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن. چەك كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار ھالەت بولۇپ كەلگەندە، ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك چەكنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۈرۈمچىدىن ماناسقىچە، ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغىچە، ئۈرۈمچىدىن قاراشەھەرگىچە بولغان قاتناشنىڭ راۋانلىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.*

*b. نۇرى تۈنۈگۈن چارلاش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە ئىگىلىگەن.*

*c. ــ ئاشىق ـ مەشۇق دېسە شۇنى دېسە بولىدۇ ، ئۇ مانا ھازىرغىچە ئانارخان ئۈچۈن ياشاۋاتىدۇ .*

(2) چەك كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئىگىنىڭ ئاخىرقى چېكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a . بىزنىڭ تازىلايدىغان يېرىمىز مەشەدىن ئىككىنچى بىناغىچە.*

*b . كۇرس مۇددىتى 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە.*

9) ئوخشاتما كېلىش

مەنىسى:

ئۆزى ئېنىقلاپ ياكى سۈپەتلەپ كەلگەن شەيئى ياكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئوخشىتىلما بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ.

قوشۇمچىسى: ‎-دەك / -تەك (‎- Dak)

ئىشلىتىلىشى:

ئوخشاتما كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى

ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە ئېنىقلىغۇچىنىڭ، ھالەت بولۇپ كەلگەندە، ھەرىكەت ياكى سۈپەتنىڭ ئوخشىتىلما بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. قارىغىر دۆنەن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك، بىر يۇلقۇنۇۋېلىپ، قىيغان قەلەمدەك چىرايلىق قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلدى ـ دە، بۆرە مېڭىشى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتتى.*

*b. چاشقاندەك قىچىپ مۈشۈككە يەم بولغۇچە، يولۋاستەك ئېلىشىپ ئۆلگەن ياخشى.*

*c. ئېتىنى جىنىدەك كۆرىدىغان دېھقان بالا ۋەسۋەسىسى بىلەن ئىختىيارسىز بىر قامچا سالدى.*

بۇلاردىن باشقا ئوخشاتما كېلىش بەزىدە تەڭلەشتۈرۈش ۋە مۆلچەر مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بەش ـ ئالتىدەك بالا يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى.*

*b. ئۇ خەنزۇچىنى مەندەك سۆزلىيەلمەيتتى.*

10) تەڭلەشتۈرمە كېلىش

مەنىسى:

ئۆزى ئېنىقلاپ ياكى سۈپەتلەپ كەلگەن شەيئىنىڭ مىقدار، ئۆلچەم ياكى دەرىجە جەھەتتىكى تەڭلەشتۈرۈلگەن بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ.

قوشۇمچىسى: ـچە / ـچىلىك (c&a/c&ilik _ )

ئىشلىتىلىشى:

تەڭلەشتۈرمە كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە ئېنىقلىغۇچىنىڭ، ھالەت بولۇپ كەلگەندە ھەرىكەت ياكى سۈپەتنىڭ مىقدار، ئۆلچەم ياكى دەرىجە جەھەتتىكى تەڭلەشتۈرۈلگەن بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. يامىنى كەلسە، مەن سېنىڭ يېرىمىڭچىلىك رەزىل*

*بولارمەن، داڭگال!*

*b. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، كېرەم شاتىر قوينىدىن ئالىقانچىلىك كېلىدىغان كىچىككىنە چەرم خالتىنى چىقاردى.*

*c. نۇرى نېمىشقا ھاياتقا شۇ قىزچىلىك توغرا قارىيالمىدى؟ ...*

11) ۋەكىللىك كېلىش

مەنىسى:

ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ۋەكىل بولۇپ كېلىدۇ. كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندا، بۇ كېلىش شەكلى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىغا «-كى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان.

بۇ قوشۇمچە ھازىرغىچە جىسمى بار، ئىسمى يوق قوشۇمچە بولۇپ كەلگەن. گاھىدا ئىگىلىك كېلىش شەكلىنىڭ بىر ۋارىيانتى ياكى ئالاھىدە شەكلى سۈپىتىدە، گاھىدا ئايرىم مەزمۇندا بايان قىلىنغان. بىز بۇ قوشۇمچىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئۇنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىغا «-كى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، قىسمەن جەھەتتە رولى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ رولىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە بۇ قوشۇمچە خۇددى ئورۇن ـ بەلگە كېلىشكە ئوخشاشلا «-كى» قوشۇمچىسى قوشۇلغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن. ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن سۆزگە ۋەكىللىك قىلىپ كېلەلەيدىغان رولىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى خىل كېلىش ئوخشاپ كېتىدۇ. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئۆزى دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ھازىر ئېتىراپ قىلىنغان تۆت كېلىش، يەنى ئوخشاتما كېلىش، ئورۇن ـ بەلگە كېلىش، چەك كېلىش، تەڭلەشتۈرمە كېلىش ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ⑦:

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇلارنى كېلىش ھېسابلىماسلىق

مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بۇ قوشۇمچىلار ئېتىراپ قىلىنغان كېلىش قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاشلا، ئۆزى قوشۇلغان ئىسىمنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئېتىراپ قىلىنغان كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىمنىڭ قانداق شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ كەلسە، بۇ قوشۇمچىلارمۇ ئىسىمنىڭ شۇنداق شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىزچىل نۆۋەتلىشەلەيدۇ. دېمەك، بۇ قوشۇمچىلار ئېتىراپ قىلىنغان بولسۇن، ياكى قوشۇلۇش ئىقتىدارى جەھەتتىن بولسۇن، ئېتىراپ قىلىنغان باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن بىر تىپقا كىرىدۇ. رولى ۋە قوشۇلۇش ئىقتىدارى جەھەتتە بىر تىپقا كىرىدىغان گىراماتىك ھادىسىلەرنى، ئەلۋەتتە، بىر كاتېگورىيەگە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. بۇ گىراماتىكا ئىلمىدىكى مۇھىم بىر پرىنسىپ.

بۇ بايانلار «-نىڭكى» قوشۇمچىسىغىمۇ ماس كېلىدۇ، يۇقىرىقى شەكىللەر قانداق بىر تەرەپ قىلىنسا «-نىڭكى» قوشۇمچىسىمۇ شۇنداق بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ شەكىلنىمۇ كېلىشلەر قاتارىدا بايان قىلدۇق.

قوشۇمچىسى: -نىڭكى / -چىلىك (-nigki)

ئىشلىتىلىشى:

(1) ۋەكىللىك كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىپ، ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن سۆزنىڭ سۈپىتى، خاراكتېرى قاتارلىق بەلگىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ رولى جەھەتتە ئىگىلىك كېلىش شەكلىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. (ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئىشلىتىش قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.) مەسىلەن:

*a. مېنىڭ ئىشلىرىم تۈگەپ قالدى. (※ مېنىڭكى ئىشلىرىم تۈگەپ قالدى.)*

*b. ئۆيىنىڭ ئىچىدە لىق ئادەم بار ئىكەن. (※ ئۆيىنىڭكى ئىچىدە لىق ئادەم بار ئىكەن.)*

*c. مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئاخىرى خوتەنگە بارىمەن. (※ مۇشۇ ئائىنىڭكى ئاخىرى خوتەنگە بارىمەن.)*

(2) تىل شارائىتى ئېنىق بولغان ۋاقىتتا بۇ شەكىلدىكى ئىسىملار ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن ئىسىمغا ۋەكىللىك قىلىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ شەكىل ۋەكىللىك قىلغان ئىسىمغا قوشۇلۇپ كەلگەن سان، كېلىش قوشۇمچىلىرى بۇ شەكىلگە يۆكىلىنىدۇ ۋە شۇ ئىسىم ئۆتەيدىغان سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ تاملارنى تۈركىيەنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئېلىش كېرەك دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى .*

*b. ـ زادى نەنىڭكى، سەن بىلەمسەن ؟*

*c. ئېلىمىز مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ رېئال ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، سىرتنىڭ مەدەنىيىتىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭكىنى ئاساس قىلىپ، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي قوغدىشىمىز كېرەك.*

سېلىشتۇرۇڭ:

a. مېنىڭ لۇغىتىم ياخشى ئەمەس، قاسىمنىڭ (قاسىمنىڭكى) ياخشى. (قاسىمنىڭ \ قاسىمنىڭكى = قاسىمنىڭ لۇغىتى)

b. ئەخمەتنىڭ سومكىسىنى ئال، تۇرسۇننىڭكىنىڭ بېغى يوق. (تۇرسۇننىڭكىنىڭ = تۇرسۇننىڭ سومكىسىنىڭ)

c. مېنىڭ ماقالەمنى باسمىدى، تۇرسۇننىڭكىنى باستى (تۇرسۇننىڭكىنى = تۇرسۇننىڭ ماقالىسىنى)

d. مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي، تۇرسۇننىڭكىگە جاۋاب بەردى. ( تۇرسۇننىڭكىگە = تۇرسۇننىڭ سوئالىغا)

e. ئۇلار بۇ ئۆيدە ئەمەس، تۇرسۇننىڭكىدە. (تۇرسۇننىڭكىدە = تۇرسۇننىڭ ئۆيىدە)

f. بۇ لۇغەت تۇرسۇننىڭكىدىن ياخشى (تۇرسۇننىڭكىدىن = تۇرسۇننىڭ لۇغىتىدىن)

g. بۇ لۇغەت تۇرسۇننىڭكىدەك تولۇق ئەمەس. (تۇرسۇننىڭكىدەك = تۇرسۇننىڭ لۇغىتىدەك)

h. بۇ بوغچىدىكى لۇغەت سىزنىڭ ئەمەس، تۇرسۇننىڭكىدىكى سىزنىڭ. (تۇرسۇننىڭكىدىكى = تۇرسۇننىڭ بوغچىسىدىكى.)

i. ئەخمەتنىڭ ئۆيىدىن تۇرسۇننىڭكىگىچە مېڭىپ باردۇق (تۇرسۇننىڭكىگىچە = تۇرسۇننىڭ ئۆيىگىچە)

j. ئۇنىڭ بويىمۇ تۇرسۇننىڭكىچىلىك بار (تۇرسۇننىڭكىچىلىك = تۇرسۇننىڭ بويىچىلىك)

## §6. ئىسىمنىڭ ياسىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار سىنتېتىك ۋە ئانالىتىك شەكىلدە ياسىلىدۇ.

### 1. سىنتېتىك ئۇسۇلدا ياسىلىدىغان ئىسىملار

1) ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

(1) -چى

بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى ياسايدۇ.

● بىر قىسىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەت ياكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن: *ئىشچى، ياماقچى، بوياقچى، قويچى، خىزمەتچى، كۈنلۈكچى،*

*ئايلىقچى، يىللىقچى، يىلقىچى، پادىچى، گۇلچى، دۇكانچى، تامچى، سامانچى، كۆكتاتچى، تەنھەرىكەتچى، پۇتبولچى...*

● بىر قىسىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئېقىم، خاھىش، تەشكىلات ۋە گۇرۇھقا مەنسۇپ كىشىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئەكسىلئىنقىلابچى، ماركسىزمچى، مىللەتچى، شەخسىيەتچى...*

● بىر قىسىم سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ مەلۇم تەرەپكە مايىل بولغۇچى شەخسنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئوڭچى، سولچى، ئاقچى، كۆكچى...*

● ئاز بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ تەقلىد سۆز ئىپادىلىگەن خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*دوقچى، ساپساپچى ، تاكتاكچى، چاقچاقچى، گۇپپاڭچى...*

(2) ـداش

بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈنۈملۈك ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ بىرى. بۇ قوشۇمچە ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بويىچە ئورتاقلىقا، ئوخشاشلىقا ئىگە بولغان ئادەم ياكى نەرسىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*سۆھبەتداش، يولداش، خىزمەتداش، پارتىيداش، پىكىرداش، قەلبداش، سەپەرداش، تورداش، ئاھاڭداش، مەنىداش، ساۋاقداش.*

(3) ـلىق \ ـلىك \ ـلۇق \ ـلۈك

بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈنۈملۈك ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ بىرى. بۇ قوشۇمچىنىڭ رولى تۆۋەندىكىچە:

● مەلۇم بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەمنى

بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئادەم شۇغۇللانغان كەسىپنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*قاسساپلىق، ناۋايلىق، ئاشپەزلىك، مۇزدۇزلۇق، تىككۈچىلىك...*

● ئۆسۈملۈك ۋە جىسىملارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ خىل ئۆسۈملۈك ياكى جىسىم كۆپ جاينى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*قومۇشلۇق، قارىغايلىق، قوغۇنلۇق، بۇغدايلىق، تاشلىق، سامانلىق، نېفىتلىك، كۆمۈرلۈك...*

● ئادەمنى ئىپادىلەيدىغان بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ خىل ئادەمگە خاس خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئانىلىق، بالىلىق، ياشلىق، قېرىلىق، يىگىتلىك...*

● بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى ئۈچۈن كېرەكلىك ياكى شۇنىڭغا ئاتالغان نەرسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*تويلۇق، كىيىملىك، ئەستەرلىك، ھېيتلىق، يامغۇرلۇق...*

● يەر ـ جايناملىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن جايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*قۇمۇللۇق، تۇرپانلىق، غۇلجىلىق، كورلىلىق، كۇچالىق، فىرانسىيەلىك، ئاۋستىرالىيەلىك، جەنۇبىي ئافرىقىلىق، سۇماللىق، سۇدانلىق...*

(4) ـچىلىق \ ـچىلىك

بۇ قوشۇمچە «ـچى» قوشۇمچىسى بىلەن «ـلىك \ ـلىق» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن ئۇقۇم

ئاساسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*باغۋەنچىلىك، تۇغقانچىلىق، سودىگەرچىلىك، كۆكتاتچىلىق، دېھقانچىلىق، مىسگەرچىلىك، زەرگەرچىلىك....*

- چىلىق / - چىلىك قوشۇمچىسى «- چى» ۋە «- لىك» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، بۇ قوشۇمچە بەزىدە بىر پۈتۈن ھالەتتە باش مورفېمىلارغا قوشۇلسا، بەزىدە باش مورفېمىلارغا ئاۋۋال «- چى» قوشۇمچىسى، ئاندىن «- لىك» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ، بۇ قوشۇمچىنىڭ بىر پۈتۈن ھالەتتە ياكى ئايرىم - ئايرىم ھالەتتە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ باش مورفېمىلارغا «- چى» قوشۇمچىسى قوشۇلغان ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش - تۇرالماسلىقىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن: «بېلىقچىلىق»، «چارۋىچىلىق» دېگەن سۆزلەردە «بېلىقچى»، «چارۋىچى» دېگەن سۆزلەر مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. شۇڭا، بۇ سۆزلەردىكى «- چىلىق» قوشۇمچىسىنى «- چى» ۋە «- لىق» دېگەن ئىككى مورفېمىغا پارچىلاشقا ۋە ئۇنى ئايرىم - ئايرىم ئىككى قوشۇمچە دەپ تونۇشقا توغرا كېلىدۇ. «دېھقانچىلىق»، «باغۋەنچىلىك»، «تۇغقانچىلىق» قاتارلىق سۆزلەردىكى «دېھقانچى»، «باغۋەنچى»، «تۇغقانچى» قاتارلىق سۆزلەر مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا، بۇ سۆزلەر تەركىبىدىكى «- چىلىق / - چىلىك» قوشۇمچىسىنى بىر پۈتۈن قوشۇمچە دەپ تونۇشقا توغرا كېلىدۇ.

(5) -چە

بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈنۈملۈك ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ بىرى. بۇ قوشۇمچىنىڭ رولى تۆۋەندىكىچە:

● مىللەت نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ.

مەسىلەن:

*ئۇيغۇرچە، تۇركچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە، پارسچە...*

● ئۇيغۇر تىلىدا بۇ قوشۇمچە بىلەن ئاھاڭداش يەنە بىر قوشۇمچە بولۇپ، ئۇ بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ كىچىكلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*قەلەمچە، كىتابچە، باغاقچە، بۆلۈمچە، باغچە...*

(6) ـ چاق \ ـ چەك \ ـ چۇق \ ـ چۈك

بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ كىچىكلىكى ياكى شۇ شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىچىك نەرسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*قوزىچاق، قومچاق، تۇلكىچاق، مايمۇنچاق، كۆلچەك، يەمچۈك، قاپچۇق...*

(7) ـدۇرۇق \ ـدۇرۇك \ ـتۇرۇق

بۇ قوشۇمچە ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇيۇمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*بويۇنتۇرۇق، ئىبغىزدۇرۇق، كەمەلدۇرۇك...*

(8) ـخانا

بۇ پارس تىلىدىكى «خانه» (ئۆي) دىگەن سۆزدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، پارس تىلىدىكىگە ئوخشاش ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مۇستەقىل بىر سۆز ئورنىدا «ئۆي، ھۇجرا» دىگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*ئونلەر خانىسى*

*بۇ ئۆينىڭ تۆت خانىسى بار.*

*بوغداينىڭ خانىسى ـــ بوغداينىڭ دېنى تۇرىدىغان جاي.*

بۇ سۆز يەنە ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدا ياسىغۇچى سۈپىتىدە ئىنتايىن ئۇنۇملۇك قوشۇمچە بولۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن، خەنزۇ تىلىدىن ۋە باشقا تىللاردىن كىرگەن ئىسىملارغىمۇ قوشۇلۇۋېرىدۇ ۋە شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى تۇرىدىغان ياكى شۇ شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆي ـ جاينى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

*كىتابخانا، كۇتۇپخانا، گۈلخانا، ساقچىخانا، گىرىمخانا، ساتىراشخانا، مېھمانخانا، چايخانا، پوچتىخانا، ئاشخانا، بولكىخانا، تورخانا، مايخانا...*

(9) ـشۇناس

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىكى «شناختن» («بىلمەك، تونۇماق، پەرقلەندۈرمەك») دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنۇملۇك قوشۇمچىلار قاتارىدا قوللىنىلىدۇ. بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى مۇتەخەسسىسنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*تىلشۇناس، تارىخشۇناس، ئەدەبىياتشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس، مىللەتشۇناس...*

(10) ـزار

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىن كىرگەن قوشۇمچە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا خېلى ئۇنۇملۇك قوشۇمچە سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ قوشۇمچە ئۆسۈملۈك نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ خىل ئۆسۈملۈك كۆپ ئۆسكەن جاينى بىلدۈرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى تارقىتىلىدىغان تور بېكەت

ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*گۈلزار، چىمەنزار، پاختىزار، ئالمىزار، ئۈزۈمزار...*

(11) - دان

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا خېلى ئۈنۈملۈك قوشۇمچە سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى قاچىلىنىدىغان قاچا مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*قەلەمدان، ئوقدان، گۈلدان، ئىسرىقدان، كۈلدان، چوغدان، شامدان، ئۈندان (ئۈنئالغۇ لېنتىسى)، سىندان (سىنئالغۇ لېنتىسى)، ساندان (سانلىق مەلۇمات ئامبىرى)...*

(12) -نامە

بۇ پارسچە «خەت، كىتاب» دېگەن مەنىدىكى ئىسىمدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. (بەزىدە، بولۇپمۇ شېئىرلاردا «خەت» مەنىسىدە ئايرىم قوللىنىدىغان ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ) مەسىلەن:

*سېغىندىم سېنى يارىم، نامەمنى كۆر، بەرگىل جاۋاب.*

بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى ياكى شۇ شەيئى توغرىسىدىكى ئىش يېزىلغان خەت، ھۆججەت، كىتاب مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*تەقدىرنامە، گۇۋاھنامە، يىلنامە، شەرتنامە، باياننامە، كېسىمنامە، ھۆكۈمنامە، مۇكاپاتنامە...*

(13) -نەما

بۇ قوشۇمچە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە

«كۆرسەتكۈچى، باشلىغۇچى» مەنىسىدىكى ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*قىبلىنەما، جاھانىنەما...*

(14) ـ ىيە

بۇ قوشۇمچە ئاساسەن مىللەت نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ مىللەت ئولتۇراقلاشقان تېررىتورىيەنى (كۆپىنچە مەملىكەتنى) بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ياپونىيە، رومىنىيە، بۇلغارىيە، گېرمانىيە، فىرانسىيە، گوللاندىيە، تۈركىيە...*

(15) ـ ىستان

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىكى «ستاندن» («ئالماق، قوبۇل قىلماق») دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى كۆپ جاينى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى، جۈملىدىن مىللەت نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ مىللەت ئولتۇراقلاشقان تېررىتورىيەنى (كۆپىنچە مەملىكەتنى) بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*گۈلىستان، قەبرىستان، گۆرىستان؛*

*قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، داغىستان، موغۇلىستان...*

(16)ـ ۋاز (ـباز)

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىكى «باختن» («ئوينىماق») دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى

ئۈينىغۇچى، باققۇچى ياكى شۇنىڭغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلگۈچى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:
*دارۋاز، قىمارۋاز، كەپتەرۋاز، كىتابباز، جانباز...*

(17) -خور

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىكى «خوردن» («يېمەك، ئىچمەك») دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى (پارس تىلىدا بۇ ئىككى ھەرىكەت مۇشۇ بىر پېئىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ) بولۇپ، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى يېگۈچى، ئىچكۈچى ياكى ھەددىدىن ئارتۇق يېگۈچى ياكى ئىچكۈچى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:
*گۆشخور، ئادەمخور، پارىخور، مىراسخور، قانخور، پىتنىخور...*

(18)- كار

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىكى «كاردن» («تىكمەك، تېرىماق») دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ تۆۋەندىكىچە ئىسىملارنى ياسايدۇ:

● ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى ئوبيېكت قىلغان كەسىپ ئۇستىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:
*بىناكار، سەنئەتكار، پاختىكار...*

● بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى ئۆز ئۇستىگە ئالغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:
*گۇناھكار، ئەيىبكار، جاۋابكار...*

● بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن



www.uyghurkitap.com

شەيئىنىڭ ئىگىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ھەۋەسكار، تەلەپكار، جەلپكار...*

(19) -دار

بۇ پارسچىدىكى «داشتىن» («ئىگە بولماق») دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە ئىگە ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ھۆكۈمدار، زەربىدار، مۈلۈكدار، زېمىندار، ئەمەلدار، بايراقدار، چارۋىدار، مالدار...*

(20) -پەز

بۇ پارسچىدىكى «پۇختىن» («پىشۇرماق») دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە بەزى ئىسىملارغا، كۆپىنچە تائام نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ تائامنى پىشۇرغۇچى (شۇ ئىشنى كەسىپ قىلغان) ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئاشپەز، سامسىپەز، مانتىپەز...*

(21) -گەر

بۇ پارسچىدىن كىرگەن قوشۇمچە بولۇپ، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى ئوبيېكت قىلغان كەسىپ ئىگىسىنى ياكى شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com

*مىسگەر، زومىگەر، دەۋاگەر، ئىغۋاگەر، زەرگەر...*

(22) -كەش

بۇ پارسچىدىكى «كەشيدن» ( « تارتماق، سۆرىمەك، سوزۇلماق » ) دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ياكى شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ھارۋىكەش، كىراكەش، ھايانكەش، جاپاكەش، ئەپيۇنكەش...*

(23) -ۋەن

بۇ پارسچىدىن تىلىمىزغا كىرگەن قوشۇمچە بولۇپ، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە قارىغۇچى، پەرۋىش قىلغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*سارايۋەن، باغۋەن، دەرۋازىۋەن...*

(24) -پۇرۇش

بۇ پارسچىدىكى «فرۇختن» ( «ساتماق » ) دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى ساتقۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*كىتابپۇرۇش، دورىپۇرۇش، مەيپۇرۇش، ئەسكىپۇرۇش...*

(25) -خان

بۇ پارسچىدىكى «خواندن» ( «ئوقۇماق») دېگەن پېئىلنىڭ

يىلتىزى بولۇپ، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە ئۇقۇش ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ نەرسىنى ئوقۇغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*كىتابخان، غەزەلخان، قىرائەتخان...*

(26) -گاھ

بۇ ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن قوشۇمچە بولۇپ، ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەت ئورنىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئارامگاھ، سەيلىگاھ، جەڭگاھ، قارارگاھ...*

(27) -پەرەس

بۇ پارسچىدىكى «پرستيدن» («چوقۇنماق، ئىخلاس قىلماق») دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە زىيادە بېرىلگۈچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئاپتاپپەرەس، پۇلپەرەس، ئابرۇيپەرەس، ھوقۇقپەرەس...*

(28) -پەرۋەر

بۇ پارسچىدىكى «پروريدن» («تەربىيەلىمەك، يېتىشتۈرمەك») دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، «ھىمايە قىلىدىغان، ياقلايدىغان، كۆيۈنىدىغان» دېگەن مەنىدىكى ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، تىنچلىقپەرۋەر...*

www.uyghurkitap.com

(29) ـ تىراش

بۇ پارسچىدىكى «تراشىدن» ( «قىرماق، يونۇماق، تاراشلىماق» ) دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، «قىرغۇچى، يونۇغۇچى، تاراشلىغۇچى» دېگەن مەنىدىكى ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ساتىراش ( سەر ( باش ) + تاراش)، ھەيكەلتىراش، سىمتىراش...*

(30) ـساز

بۇ پارسچىدىكى «ساختن» ( «ياسىماق» ) دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، «ياسىغۇچى» دېگەن مەنىدىكى ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*قۇلۇپساز، سائەتساز، ماشىنىساز(لىق)...*

(31) ـگىر

بۇ پارسچىدىكى «گرفتن» («ئالماق، تۇتماق، ياپماق») دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ ئىگىلىگۇچى، ئۆز ئىلكىگە ئالغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياسايدۇ. مەسىلەن:

*باجگىر، جاھانگىر...*

(32) ـدارچىلىق

بۇ قوشۇمچە «ـدار+ ـچى +ـلىق» شەكلىدە ئۈچ قوشۇمچىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، مەلۇم مۇناسىۋەتتىكى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئايرىم ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*قوشنىدارچىلىق، ئاغىنىدارچىلىق، ئاتىدارچىلىق،*

*مېھماندارچىلىق...*

(33) -گەرچىلىك

بۇ قوشۇمچە «-گەر+-چى + -لىك »تىن ئىبارەت ئۈچ قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئادەمگە خاس خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئادەمگەرچىلىك...*

(34) -ىزم

بۇ قوشۇمچە رۇسچىدىن ياكى رۇسچە ئارقىلىق باشقا چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر بىلەن بىللە كىرگەن بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ياسالغان ئىسىملار ئەسلىي ئىسىم ئىپادىلىگەن ئادەم ۋە شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسلەك، يول، پىرىنسىپ قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ماركسىزم، لېنىنىزم، ماتېرىيالىزم، رېئالىزم، گۇمانىزم، كامالىزم، ئاتېئىزم...*

(35) ھەم -

بۇ ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە سۆپەتتە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن سۆز ئالدى قوشۇمچە بولۇپ، بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بويىچە ئورتاق بولغۇچى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ھەمسۆھبەت، ھەمداستىخان، ھەمكار، ھەمراھ ...*

2) سۈپەت ۋە ساندىن ئىسىم ياسىغۇچىلار

(1)-لىق \ -لىك \ -لۇق \ -لۈك

بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆتۈملۈك قوشۇمچىلارنىڭ بىرى بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى ياسايدۇ:

● سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*قىزغىنلىق، يۈكسەكلىك، باتۇرلۇق، سەزگۈرلۈك، ياخشىلىق، يامانلىق، ئامانلىق...*

● بەزىدە تەرتىپ سانلارغا قوشۇلۇپ، دەرىجە نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*بىرىنچىلىك، ئىككىنچىلىك، تۆتىنچىلىك، ئالتىنچىلىك...*

(2) -چىلىق \ -چىلىك

بۇ قوشۇمچە «-چى + -لىق \ -لىك» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، بەزى سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگە بىلەن خاراكتېرلەنگەن ھالەت، ۋەزىيەت ياكى ئومۇمىيەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك، مالىمانچىلىق، ئالدىراشچىلىق، بىكارچىلىق، كەمچىلىك، مۇساپىرچىلىق، كۆپچىلىك، ئازچىلىق...*

3) پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچىلار

(1) -غۇ \ -قۇ \ -گۈ \ -كۈ

بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ شۇ بەلگىلىك ئىسىمداش قوشۇمچىسى بىلەن شەكىلداش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ قوشۇمچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان، بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزىكىگە (دەرىجە ئۆزەكلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئاچقۇ، سەزگۈ، تېرىلغۇ، قونالغۇ، ئىچىمتقۇ، ئالغۇ-بەرگۈ،*

*ئەلياتقۇ، بالىياتقۇ...*

(2) -غا \ -قا \ -گە \ -كە

بۇ قوشۇمچە ئىسىملارنىڭ يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن شەكىلداش كېلىدۇ. لېكىن، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە بىرنەرسە دېيىش قىيىن. بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزىكىگە (دەرىجە ئۆزەكلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ۋاسىتىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ قوشۇمچە قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملاردا يۆنىلىش مەنىسى يوق. مەسىلەن:

*ئىلغا، سالغا، تۇتقا، سۇرگە، كۆلكە، سۇپۇرگە...*

(3) -غۇچى \ -قۇچى \ -گۇچى \ -كۇچى

بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ سۈپەتداش ئىسىمداش قوشۇمچىسى بىلەن شەكىلداش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ قوشۇمچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان. بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى، ئۇچقۇچى، كۈتكۈچى، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ئەزگۈچى...*

(4) -ش \ -مش \ -ۇش \ -ۈش

بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ شۇ شەكىلدىكى ئىسىمداش قوشۇمچىسى بىلەن شەكىلداش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ قوشۇمچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان. بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*بىلىش، ئۆگىنىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئاڭلىتىش، تونۇش،*

*ئۇرۇش...*

(5) ـماق \ ـمەك
بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ شۇ شەكىلدىكى ئىسىمداش قوشۇمچىسى بىلەن شەكىلداش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ قوشۇمچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان. بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىگە قوشۇلۇپ، ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ياكى ۋاسىتىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:
*چاقماق، قۇيماق، تېپىشماق، يېمەك، ئىچمەك، ئىلمەك...*

(6) ـغۇچ \ ـقۇچ \ ـگۈچ \ ـكۈچ
بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ۋاسىتىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:
*سىزغۇچ، ئوتىغۇچ، ئاچقۇچ، تۇتقۇچ، كۆرسەتكۈچ، ئۆچۈرگۈچ...*

(7) ـما \ ـمە
بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى ياكى ۋاسىتىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:
*قول يازما، ئۇيۇشما، قورۇلما، باسما، بىرىكمە، سۈزمە، كۆرسەتمە، ئەسلىمە، بەلگىلىمە، كۆنۈكمە...*

(8) ـم \ ـىم \ ـۇم \ ـۈم
بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

*كىرىم، چىقىم، كىيىم، ئېقىم، سايلام، بىلىم، بۆلۈم، ئۆلۈم، ئۈنۈم...*

(9) -غىن \ -قىن؛ -قۇن \ -گۈن \ -كۈن

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*يانغىن، تاشقىن، ساتقۇن، قاچقۇن، سۈرگۈن، كەلكۈن، تۇتقۇن، ئۇچقۇن، توسقۇن...*

(10) -ق \-ك \-اق \-ەك \-ۇق \-ۈك

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى ياكى ۋاستىسىنى ياكى ئورنىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*سوراق، تىرەك، بوياق، تاپشۇرۇق، قىلىق، ساناق، بۇيرۇق، سىناق، پىچاق، ئوتلاق، قىشلاق...*

(11) -ن\-ىن\-ۇن

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*يىغىن، يېغىن، تۇگۈن، تېپىن...*

(12) -ندى \-ىندى \-ۇندى \-ۈندى

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*يىغىندى، ئۇزۇندى، قىرىندى، سارقىندى، يۇيۇندى، چىپىندى...*

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكار تارقىتىش ئادرىسى

(13) ـدۇق

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*قالدۇق، تاشلاندۇق، ھاردۇق...*

(13) ـمىش \ ـمۇش

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى ياكى ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئۆتمۇش، قىلمىش، تۇرمۇش، يېمىش...*

(14) ـغاق \ ـقاق \ ـگەك \ ـكەك

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە مايىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*پاتقاق، توزغاق، ئورغاق، چاقماق، ئىلگەك...*

(15) ـنچا \ ـىنچا

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*يېپىنچا، سىلىنچا ...*

(16) -مچى

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئاقلامچى، مايلامچى، تىلەمچى، باشلامچى، ئىشلەمچى كۈنلەمچى...*

(17) -غۇلۇق \ -قۇلۇق \ -گۇلۇك

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئابستراكت ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*كۆرگۈلۈك، تارتقۇلۇق، قىلغۇلۇق، يېگۈلۈك، ئىچكۈلۈك، قالغۇلۇق...*

**2. ئانالىتىك ئۇسۇلدا ياسىلىدىغان ئىسىملار**

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يەنە بىر قىسىم ئىسىملار ئانالىتىك ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ياسالغان ئىسىملاردىن بىرىككەن ئىسىملار، جۈپ ئىسىملار، قاتما ئىسىملار، قىسقارتىلما ئىسىملار ۋە مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئىسىملار قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

1) بىرىككەن ئىسىملار

بىرىككەن ئىسىملارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئىككى باش مورفېما ھەر خىل سۆز تۈركۈملىرىگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. بۇلاردىن كۆپ ئۇچرايدىغان تىپلار تۆۋەندىكىچە:

ئىسىم + ئىسىم ← ئىسىم. مەسىلەن:

*تاشيول، تاشپاقا، قاپاقباش، يانتاياق.*

ئىسىم+ پېئىل ← ئىسىم. مەسىلەن:*كۆزقاراش، ئىزباسار،*

*كۈنچىقىش، دۇنيا قاراش.*

ئىسىم+ سۈپەت ← ئىسىم. مەسىلەن: *يولىيورۇق، بويتاق.*

سۈپەت+ ئىسىم ← ئىسىم. مەسىلەن: *قىزىلسۇ، ئاقسۇ، قارا قورساق، ئاقسۆڭەك، تىكقۇدۇق...*

سان+ ئىسىم ← ئىسىم. مەسىلەن: *ئۈچقۇلاق، قىرىقئايا،غ، سەكسەنپۇت، يەتتە سۇ، يەتتە قۇدۇق...*

پېئىل+ ئىسىم ← ئىسىم. مەسىلەن: *يانارتاغ، ئۇچار تەخسە...*

رەۋىش+ ئىسىم ← ئىسىم. مەسىلەن: *ئەتىياز، كەچكۈرس، كەچكۈز.*

سۈپەت+ پېئىل ← ئىسىم. مەسىلەن: *قوشئاتار.*

پېئىل+ پېئىل ← ئىسىم. مەسىلەن: *ئېلىپساتار.*

2) جۈپ ئىسىملار

جۈپ ئىسىملار ئىككى باش مورفېمىنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

*نام-ئاتاق، جاپا-مۇشەققەت، بالا-قازا، چىنە-قاچا...*

3) قاتما ئىسىملار

قاتما ئىسىملار دېگەندە ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيەسىنىڭ قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان شەكلىدە قېتىپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

*ھاجىم، ئۇستام، ئەپەندىم...*

4) قىسقارتىلما ئىسىملار

ئانچە كۆپ قوللىنىلمىسىمۇ ۋە قوللىنىشچانلىقى يۇقىرى بولمىسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ باش ھەرپلىرى ياكى باش بوغۇملىرى ئېلىنىپ قىسقارتىپ ياسالغان بىر قىسىم ئىسىملار بار. مەسىلەن:

ش ئۇ ئا ر ـــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
ج ك پ ـــ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى
ج خ ئى ـــ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى
س م ـــ سانتىمېتىر
ب د ت ـــ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى
تىلكوم ـــ تىل- يېزىق كومىتېتى
پارتكوم ـــ پارتىيە كومىتېتى

www.uyghurkitap.com

ئىزاھلار

① 张定京. 现代哈萨克语实用语法, 中央民族大学出版社, 2000, p.33.

② «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1-توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىلى، 3-بەت.

③ خەمىت تۆمۈر: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (مورفولوگىيە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى، 51-بەت.

④ هازىر ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولمىغان هالدا «ي» تاۋۇشى ئورنىغا «ر» تاۋۇشىنى قوللىنىدىغان ئەھۋاللار بار.

⑤ ئىلگىرىكى ئەسەرلەردە بۇ كاتېگورىيە پېئىللارنىڭ تەركىبىدە بايان قىلىنغان. [ قاراڭ: خەمىت تۆمۈر: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (مورفولوگىيە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى، 442-بەت] بىز بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك، كېلىش شەكىللىرىگە ئوخشاشلا ئالدى بىلەن ئىسىملارغا، شۇنداقلا تۇرغۇن سۆزلەرگە ۋە پېئىللارنىڭ ئىسىمداش، سۈپەتداش قاتارلىق تۇرغۇن سۆز شەكىللىرىگە قوشۇلالايدىغانلىقىدەك ئوخشاشلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ قوشۇمچىلارنى «ئىسىملارنىڭ شەخس كاتېگورىيەسى» دېگەن نام بىلەن ئىسىم بابىدا بايان قىلدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار بىلەن پېئىللارنىڭ شەخس بىلەن مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلىرى ئاساسەن ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيەسى بىلەن پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەخس قوشۇمچىسى؛ يەنە بىرى، ئىسىملارنىڭ شەخس كاتېگورىيەسى بىلەن هازىرقى ۋە كەلگۈسى زامان شەخس قوشۇمچىسى. بۇ ئىككى يۈرۈش قوشۇمچىنىڭ كېلىپ چىقىش يىلتىزى بىر ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. شەخس ئالماشلىرى بىلەن بۇ ئىككى يۈرۈش قوشۇمچىنىڭ ۋە ئىسىملار بىلەن پېئىللارنىڭ شەخسلىك شەكىللىرىنىڭ قوشۇمچىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

⑥ بۇ مەزمۇن رەھىمجان نۇرىيوف، نۇرنىسا رەھىملارنىڭ: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى -نىڭ، نىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كېلىش شارائىتلىرى هەققىدە ئىزدىنىش» («تىل ۋە تەرجىمە»، 1995 - يىللىق 6-سان) ناملىق ماقالىسى ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

⑦ خەمىت تۆمۈر: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (مورفولوگىيە)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987- يىلى، 67 -، 68 - بەت.

# ئۈچىنچى باب

# سۈپەت

## §1. سۈپەت ھەققىدە

**1. سۈپەت دېگەن نېمە ؟**

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى، خاراكتېرى قاتارلىق بەلگىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىرجۇپ يوغان قىزىل شام ئاددىي، لېكىن رەتلىك يىغىشتۇرۇلغان ئۆينىڭ ئىچىنى يوپيورۇق قىلىۋەتتى.*

*b. ئۇ ئېگىز بويلۇق، قاقىر بويۇن، ياپما قاپاق، قىسماق كۆز، چىراي ـ شەكلى سەترەڭ كەلگەن ئادەم ئىدى.*

*c. ھېلىقى سېمىز بالا ئىلاجسىز تۆت ئاياغلىق بولدى.*

a جۈملىدىكى «يوغان، قىزىل» دېگەن سۆزلەر «شام» دېگەن سۆزنىڭ، «ئاددىي، رەتلىك، يوپيورۇق» قاتارلىق سۆزلەر «ئۆي» دېگەن سۆزنىڭ خاراكتېرىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. b جۈملىدىكى «ئېگىز، ياپما، قىسماق» دېگەن سۆزلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «بوي، قاپاق، كۆز» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. c جۈملىدىكى «سېمىز» دېگەن سۆز «بالا»نىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

دېمەك، بۇيەردىكى بەلگە ئومۇمىي مەنىدە قوللىنىلغان گىراماتىكىلىق ئاتالغۇ بولۇپ، رەڭ ـ تۈس ( قىزىل، سېرىق، كۆك، ئاق )، تۈرق ـ ھالەت ( ئېگىز، كەڭ، ئىسسىق)، تەم ـ

پۇراق ( تاتلىق، تۇزلۇق، چۇچۇمەل ) ، سۈپەت ـ ساپا (ياخشى، ئېسىل، پۇختا، چىداملىق ) ، خاراكتېر ( توغرا، ئىجابىي )، فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك ( ساغلام، دوك )، مەنىۋى ئالاھىدىلىك ( باتۇر، پەسكەش، قورقۇنچاق، ئالىيجاناب)، ھەر خىل مۇناسىۋەت ئالاھىدىلىكلىرى ( يىراق، قەدىمكى، يازغى، ئىچكى، بار، مۇمكىن ) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 2. سۈپەتنىڭ تۈرلىرى

سۈپەتلەرنى مەنىسى ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن تۆۋەندىكى ئۈچ خىل تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1) تۈپ سۈپەت ۋە قوشما سۈپەت

سۈپەتلەرنى قۇرۇلمىسىغا قاراپ تۈپ سۈپەت ۋە قوشما سۈپەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) تۈپ سۈپەت

بىرلا باش مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۈپەتلەر تۈپ سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاق، قارا، يامان، ئۇزۇن، شالاڭ، ئورۇق…

(2) ياسالما سۈپەت

ئىككى باش مورفېمىنىڭ بىرىكىشىدىن ياكى باش مورفېما بىلەن ياسىغۇچى مورفېمىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سۈپەتلەر ياسالما سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ. ياسالما سۈپەتلەر ياسالما سۈپەت، بىرىككەن سۈپەت، جۈپ سۈپەت قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

A. بىر باش مورفېمىغا ياسىغۇچى مورفېمىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن سۈپەتلەرنى ياسالما سۈپەت دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن:

چىرايلىق، ئورۇقداش، ئىشچان، ئۆتكۈر، يىغلاڭغۇ، بىئەدەپ، نائۈمىد، بەتنىيەت، بەھۇزۇر…

B. ئىككى باش مورفېمىنىڭ بېقىنىش ـ بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سۈپەتلەرنى بىرىككەن سۈپەت دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن:

مېھماندوست، رەھىمدىل، كۆل رەڭ، ئاقتاپان...

C. ئىككى باش مورفېمىنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سۈپەتلەرتى جۈپ سۈپەت دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن:

چوڭ ـ كىچىك، ئېگىز ـ پەس، ئالا ـ يېشىل، ئەسكى ـ تۈسكى...

2) ئەسلىي سۈپەتلەر ۋە نىسپىي سۈپەتلەر

سۈپەتلەر ئەسلىي قۇرۇلمىسىدا تۇرۇپ باشقا سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قاراپ ئەسلىي سۈپەت ۋە نىسپىي سۈپەت دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) ئەسلىي سۈپەت

قۇرۇلما نۇقتىسىدىن قارىغاندا باشقا سۆزلەر بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بولمىغان سۈپەتلەر ئەسلىي سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

*زېرەك، مەرد، قىسقا، ئاق، ئۇلۇغ، يېقىن، كىچىك، يۇپقا، قېرى، تېرەن، ئېغىر، ئۇزۇن...*

(2) نىسپىي سۈپەت

قۇرۇلما نۇقتىسىدىن قارىغاندا باشقا سۆزلەر بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بولغان، شۇ مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن باشقا شەيئىلەرنىڭ خاراكتېر، بەلگىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر نىسپىي سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق سۈپەتلەر ئاساسەن ياسالما سۈپەتلەردۇر. مەسىلەن:

ئاتلىق، تەملىك، تاغلىق، ئىقتىسادىي، ئىشچان، كۆتۈرەڭگۈ، خەلقچىل، مېھماندوست، تاش يۈرەك...

3) دەرىجىلىك ۋە دەرىجىسىز سۈپەتلەر

www.uyghurkitap.com

سۈپەتلەرنى سۈپەت دەرىجە كاتېگورىيەسىنىڭ قوشۇمچىلىرىنى (مۇھىمى سېلىشتۇرما دەرىجە قوشۇمچىسىنى) قوبۇل قىلىش ـ قىلالماسلىقىغا، دەرىجە رەۋىشلىرى بىلەن سۈپەتلىنىش ـ سۈپەتلەنمەسلىكىگە قاراپ دەرىجىلىك سۈپەت ۋە دەرىجىسىز سۈپەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) دەرىجىلىك سۈپەت

سۈپەت دەرىجىلىرىنى ۋە دەرىجە رەۋىشلىرىنىڭ سۈپەتلىشىنى قوبۇل قىلالايدىغان سۈپەتلەر دەرىجىلىك سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق سۈپەتلەر مەنە جەھەتتىن نىسپىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى مورفولوگىيەلىك ۋە سىنتاكسىسلىق يول بىلەن كۈچەيتىشكە ياكى ئاجىزلىتىشقا بولىدۇ. ئەمما، ھەممىلا سۈپەت سۈپەت دەرىجىلىرىنى ۋە دەرىجە رەۋىشلىرىنىڭ سۈپەتلىشىنى قوبۇل قىلالىشى ناتايىن. مەسىلەن:

*ئاق، ئاقراق، ئاپپاق، ئاققىنا؛*

*توغرا، توغرىراق، تويتوغرا؛*

*پاكار، پاكارراق، پاكارغىنا؛*

*ياخشى، ياخشىراق.*

ئەسلىي سۈپەتلەر بىلەن دەرىجىلىك سۈپەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، دەرىجىلىك سۈپەتلەر ئەسلىي سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋە بىر قىسىم نىسپىي سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) دەرىجىسىز سۈپەت

سۈپەت دەرىجىلىرىنى ۋە دەرىجە رەۋىشلىرىنىڭ سۈپەتلىشىنى قوبۇل قىلالمايدىغان سۈپەتلەر دەرىجىلىك سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

*ئەركەك، سۇنۇق، رايونلۇق، ئىجابىي، دىنىي، سوتسىيالىستىك...*

دەرىجىسىز سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى نىسپىي سۈپەتلەردۇر.

4) خەۋەر تىپلىق سۆپەتلەر ۋە غەيرىي خەۋەر تىپلىق سۆپەتلەر

سۆپەتلەرنىڭ بەزىلىرى جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلەلەيدۇ، بەزىلىرى كېلەلمەيدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن سۆپەتلەرنى خەۋەر تىپلىق سۆپەتلەر ۋە غەيرىي خەۋەر تىپلىق سۆپەتلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) خەۋەر تىپلىق سۆپەتلەر

جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلەلەيدىغان سۆپەتلەر خەۋەر تىپلىق سۆپەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى.*

b. *ئۆيىمىز بەك چوڭ ھەم ئىسسىق.*

c. *بۇنداق روھ ئىنتايىن قىممەتلىك.*

مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۆپەتلەر، يەنى دەرىجىلىك سۆپەتلەرنىڭ ھەممىسى ۋە بىر قىسىم دەرىجىسىز سۆپەتلەر خەۋەر تىپلىق سۆپەتلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ.

(2) غەيرىي خەۋەر تىپلىق سۆپەتلەر

جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلەلمەيدىغان سۆپەتلەر غەيرىي خەۋەر تىپلىق سۆپەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق سۆپەتلەر كۆپ ئەمەس. مەسىلەن:

*مەملىكەتلىك، ھەربىي، مەمۇرىي، ئاسما، كۆپمە، پېتىنقى...*

### 3. ئالاھىدە سۆپەتلەر

1) ئالاھىدە سۆپەتلەر ھەققىدە

ئۇيغۇر تىلىدىكى «بار، يوق، كېرەك، لازىم، مۇمكىن» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ تەۋەلىكى خېلى ئۇزۇندىنچە تالاش-تارتىش نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. قازاقىستان ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرى بۇ سۆزلەرنى «مودال سۆزلەر» دەپ ئاتىدى① . كېيىنچە بۇ سۆزلەر گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن سۆپەتلەرنىڭ

خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، بۇ سۆزلەرنى سۇپەتلەرنىڭ ئالاھىدە بىر تىپى دەپ تونۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە ئومۇمەن ئېتىراپ قىلىندى②.

بۇ تۈردىكى سۇپەتلەرگە چېك شىلياڭ ئەپەندى: «كېلىش بىلەن تۇرلەنگەن ئىسىملارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرىكىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان سۇپەتلەر» دەپ تەبىر بېرىدۇ③.

بۇ سۇپەتلەرنىڭ «ئالاھىدە» بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇلارنىڭ بەزىلىرى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە ئەمەس، ئاساسەن خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ؛ يەنە بىر قىسىملىرى ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەندە ھەر خىل چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدۇ.

2) ئالاھىدە سۇپەتنىڭ تۈرلىرى

ئالاھىدە سۇپەتلەرنى ئەمەلىي رولىغا قاراپ ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

(1) مەۋجۇتلۇقنى بىلدۈرىدىغان ئالاھىدە سۇپەتلەر

بۇ تۈرگە كىرىدىغان سۇپەت ئىككى: «بار»④، «يوق». بۇ ئىككى سۆز ئاساسەن جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ، بەزىدە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدىمۇ كېلىدۇ. يەنە بەزىدە ئىسىملىشىپ جۈملىنىڭ ھەر خىل بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى بار، ئاچىسى يوق. ( خەۋەر)*

*b. مەندە بار، سەندە يوق، ئالەمدە بار، يەردە يوق، ئۇ نېمە؟ ( خەۋەر)*

*c. مۇنداق قابىلىيىتى بار ئادەمنى نەدىن تاپىسەن؟ (ئېنىقلىغۇچى)*

*d. يوق گەپنى قىلما. (ئېنىقلىغۇچى)*

*e. بارنىڭ مايىقى تېگىدۇ، يوقنىڭ تايىقى. ( ئېنىقلىغۇچى)*

*f. بارنى بېرىپ تۇر. (تولدۇرغۇچى)*

*g. يوقنى ئىزدەپ تاپمايدۇ، سوراپ تاپىدۇ. (تولدۇرغۇچى)*

*h. كىتابى يوقلار، كىتابى بارلار بىلله كۆرۈڭلار. (ئىگە)*

*i. پۇلۇم يوق بولسىمۇ، باردەك يۈرىمەن. (هالەت)*

*j. ئۆيدە ئادەم يوقتەك تۇرىدۇ. (هالەت)*

(2) چەكلىمىلىك سۈپەتلەر

ئىشلىتىلىشتە مەلۇم چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدىغان سۈپەتلەر چەكلىمىلىك سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل سۈپەتلەر ئادەتتىكى سۈپەتلەردەك ئەركىن بولمايدۇ. بۇ خىل سۈپەتلەر جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئالدىدىكى ئىسىمنىڭ مەلۇم كېلىشتە كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

● يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىملار بىلەن بىرىكىدىغان ئالاھىدە سۈپەتلەر. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئىگە، باغلىق، قاراشلىق، مۇنسۇپ، مۇناسىپ، ئۇيغۇن، خاس، تېگىشلىك، قولايلىق، ئامراق، خۇشتار، ئوخشاش...

*a. بۇ شەرەپ ساڭا مۇنسۇپ.*

*b. تۇرسۇن كۆك رەڭگە ئامراق.*

*c. بالىڭىز كىمگە ئوخشايدۇ؟*

● چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملار بىلەن بىرىكىدىغان ئالاھىدە سۈپەتلەر. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

خالىي، مىننەتدار...

*a. بەرا بىلەن دەرا مەيلى كىشىنىڭ ئۆيىدە مالاي بولسىمۇ خەۋپتىن خالىي.*

*b. شىلىڭ دۈبەن سىزنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئىجرا قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىڭىزدىن بەكمۇ مىننەتدار.*

(3) ھېسسىي سۈپەتلەر

سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك پوزىتسىيەسىنى، كېپىنىڭ ئۇرانىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان سۈپەتلەر ھېسسىي سۈپەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

لايىق، مۇۋاپىق، لازىم، كېرەك، شەرت، موھتاج، مۇقەررەر، زۆرۈر، مۇمكىن، ئېھتىمال...

*a. تۇرسۇن بۈگۈن كېلىشى مۇمكىن.*

*b. مەندە پۇل بار.*

*c. ئۆيدە ئادەم يوق.*

*d. تۇرسۇن ھۆرمەتكە لايىق ئادەم.*

*e. بۇ ئىش ئەقىلگە ئۇيغۇن.*

*f. بىز ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەس.*

*g. ماڭا پۇل لازىم.*

بۇ تۈردىكى سۈپەتلەر جۈملىدە ھالەت بولالمىغاندىن سىرت، سۈپەتلەر ئۆتىدىغان ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆتەيدۇ. ئالاھىدە سۈپەتلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

A. جۈملىدە مۇستەقىل ھالدا خەۋەر ۋە ئېنىقلىغۇچى بولۇپلا قالماستىن، دائىم باشقا تۈرغۈن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ ئالاھىدە سۈپەت قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىپ، جۈملىدە خەۋەر ياكى ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق.*

*b. يارنى تاپقاندا گەپ يوق، گەپنى تاپقاندا يار يوق.*

*c. تۇرسۇن كىتاب ئوقۇشقا ئامراق.*

*d. سىزگە نېمە كېرەك؟*

B. سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ[5]. مەسىلەن:

پادىنى باشلىيالايدىغان سەركە ۋە ئۆز ئۆيۈرىنى جانپىدالىق بىلەن قوغدىيالايدىغان ئايغىر بولۇشقا ھاجىتىن مۇۋاپىقراق كىشى يوق دەپ ئويلايمەن.

C. دەرىجە رەۋىشلىرى تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. قومۇل دىيارى تىنچلىققا ئىيۇ سىجاڭدىنمۇ بەكرەك موھتاج.*

*b. ئابدۇكېرەم قورسىقىغا بەك ئامراق ئىدى.*

**4. سۈپەتنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى**

1) دەرىجىلىك سۈپەتلەر دەرىجە قوشۇمچىلىرىنى قوبۇل قىلالايدۇ، شۇنداقلا دەرىجە رەۋىشلىرىنىڭ سۈپەتلىشىنى قوبۇل قىلالايدۇ. مەسىلەن:

*قىزىل: قىزىلراق، قىپقىزىل؛*
*ئاق: ئاقراق، ئاپپاق، ئاققىنا؛*
*دۈگىلەك: دۈپدۈگىلەك، دۈگىلەكرەك؛*
*چىرايلىق: چىرايلىقراق.*

2) سۈپەتلەر تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ بالا كېيىن چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلىدۇ.*

*b. ئەنۋەر مۇساباييېفنىڭ چوڭ، تاختايلىق مېھمانخانىسى چەت ئەل كىرېسلولىرى، گىلەملىرى بىلەن بېزەلگەن، ئوتتۇرىسىدا بوشلۇق، چۆرىدەپ كىچىك ـ كىچىك ئۈستەللەر قويۇلغان.*

*c. قوي ـ قوتازلار سويۇلۇپ، نەچچە ئونلىغان مىس قازانلار قايناشقا، ئۇزۇن ـ ئۇزۇن زىخلاردا كاۋاپلار پىشۇرۇلداشقا باشلىدى.*

3) قىسمەن ئالاھىدە سۈپەتلەردىن باشقا ھەممە سۈپەتلەر ئىسىملارنى ئېنىقلاپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ ھاياتنىڭ توغرا، يېڭى يوللىرىنى چۈشەندى.*

*b. مەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارىمەن.*

*c. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتتى.*

4) خەۋەر تىپىدىكى سۈپەتلەر ( كۆپ قىسىم سۈپەتلەر ) جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ يازمىلىرى بەك ئېسىل.*

*b. چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق.*

5) بىر قىسىم دەرىجىلىك سۈپەتلەر جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com

*a. دۆلەتنىڭ بىرلىكى بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىرلىكى ئۈنۈملۈك ساقلاپ قېلىندى.*

*b. سىلەر ياخشى ئوقۇپ يارامىلىق ئادەم بولۇڭلار.*

## §2. سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى

سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ دەرىجە جەھەتتىكى پەرقىنى ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ بەلگىگە قارىتا سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە دەرىجىلىك سۈپەتلەرگە خاس بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل دەرىجە شەكىللىرىنىڭ يىغىندىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ[6]:

**1. ئەسلىي دەرىجە**

1) مەنىسى:

سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ نورمال دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان دەرىجە شەكلىدۇر.

2) ئىپادىلىنىشى:

بۇ خىل دەرىجە شەكلى دەرىجىلىك سۈپەتلەرنىڭ ئەسلىي شەكلى ئارقىلىق، يەنى نۆل شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مورفولوگىيەلىك قوشۇمچىسى بولمايدۇ. مەسىلەن:

*چوڭ، ئاق، قىزىل، يورۇق، چىرايلىق، پۇختا، خىيالىي، ئومۇمىي...*

3) ئىشلىتىلىشى:

مەلۇم شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەردىن خاراكتېر، خۇسۇسىيەت جەھەتتىكى پەرقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇنداق خاراكتېر ياكى خۇسۇسىيەتنىڭ قانداق دەرىجىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتمىگەندە ئەسلىي دەرىجە ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن:

*a.* ئۇرۇمچى تۇرپاندىن سوغۇق.

*b.* قىزلار قىزىلنى ياخشى كۆرىدۇ.

*c.* ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق، كاچ مېنىڭ بەختىم.

**2. ئاشۇرما دەرىجە**

1) مەنىسى:

سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى ئادەتتىكىدىن ئاشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان دەرىجە شەكلىدۇر.

2) ئىپادىلىنىشى:

بۇ خىل دەرىجە بىر قىسىم سۈپەتلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا \ پ \ تاۋۇشىنى قوشۇپ، ئاندىن سۈپەتنى تولۇق ئېيتىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ⑦.

| | | |
|---|---|---|
| ئاق | ئا - پ - ئاق | ئاپپاق |
| قارا | قا - پ - قارا | قاپقارا |
| سېرىق < سارىغ | سا - پ - سېرىق | ساپسېرىق |
| يېشىل < ياشىل | يا - پ - يېشىل | ياپيېشىل |
| كۆك | كۆ - پ - كۆك | كۆپكۆك |
| يېڭى | يې - پ - يېڭى | يېپيېڭى |
| چوڭ | چو - پ - چوڭ | چوپچوڭ |
| توغرا | تو - پ - توغرا | توپتوغرا |
| يۇمىلاق | يۇ - پ - يۇمىلاق | يۇپيۇمىلاق |
| يېنىك | يې - پ - يېنىك | يېپيېنىك |
| ياش | يا - پ - ياش | ياپياش |

ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت «پاكىز» دېگەن سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى بۇ قائىدە بويىچە ئەمەس بەلكى بىرىنچى بوغۇم ئوچۇق هالەتتە قالدۇرۇلۇپ، \ك\ تاۋۇشى قوشۇلۇپ «پاكپاكىز» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

3) ئىشلىتىلىشى:

ئاشۇرما دەرىجە قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكىل سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىسىنىڭ ئەسلىي دەرىجىدىن ئاشۇرۇپ كۆچەيتىپ ئىپتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. جاڭ ۋېيىۋەنجاڭغا پاكپاكىز، تىنچ، گۈللەنگەن شىنجاڭنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تىرىشىۋاتىمەن.*

*b. قىلىنگە قارىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا يېپيېڭى سوۋېت ماشىنىسى توختىدى.*

*c. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتى قىرو باغلاپ ئاپپاق بولۇپ كەتكەنىدى.*

**3. ئەركىلەتمە دەرىجە**

1) مەنىسى:

سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى سۆزلىگۈچىنىڭ ئامراقلىق ھېسسىياتى بىلەن ئىپادىلەيدىغان دەرىجە شەكلىدۇر.

2) ئىپادىلىنىشى:

بۇ خىل دەرىجە شەكلى ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرگە «-غىنا \ -قىنا \ -گىنە \ -كىنە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**سۈپەتلەرنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجە قوشۇمچىلىرى**

| قوشۇمچە | سۆزنىڭ ئاخىرقى ئۆزۈك تاۋۇشى | ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش | مىسال |
|---|---|---|---|
| - غىنا | جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش | تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش | ئازغىنا |
| - قىنا | | تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش | ئاققىنا |
| - گىنە | جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش | تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش | يەڭگىلگىنە |
| - كىنە | | تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش | كىچىككىنە |

3) ئىشلىتىلىشى:

a. ياغاق جۇۋىسىنى تاشلاپ، ئەپچىلگىنە كىيىنىۋالغان ئەنسارى بىلىدىكى ئوق پوتىسىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، يېڭى تونۇشقان سەپداشلىرىغا ئۇلانئۇسۇ جىلغىسىدا يۈز بەرگەن ھېلىقى پاجىئەنىڭ ئۆتمۇشىنى ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتاتتى.

b. كۆككىنە كۆڭلەك كىيىپسىز، كۆك تىكەنلەر ئىلمىسۇن.

c. كىچىككىنە پىنناس، ئالەم چۆرگىلەپ تىنماس.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، دەرىجە كاتېگورىيەسىنىڭ يۇقىرىقى شەكىللىرى دەرىجىلىك سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئىزچىل نۇۋەتلىشىپ كېتەلمەيدۇ. بىر قىسىم دەرىجىلىك سۈپەتلەر بولسا ئىككى - ئۈچ تۈردىلا كېلەلەيدۇ.

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا سۈپەتلەرنىڭ كېمەيتمە دەرىجىسى نىسبەتەن كۆپرەك سۈپەتلەرگە قوشۇلالايدۇ، سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى ۋە ئەركىلەتمە دەرىجىسى قوشۇمچىسى تېخىمۇ چەكلىك سۈپەتلەرگە قوشۇلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى 5949 دانە سۈپەت ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىستاتىستىكا نەتىجىسى مۇنداق بولغان[8]:

سۈپەت دەرىجىلىرىنىڭ نىسبىتى

| سۈپەت دەرىجىسى | تۈرلىنەلەيدىغان سۈپەت سانى | نىسبىتى (%) | تۈرلىنەلمەيدىغان سۈپەت سانى | نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|
| كېمەيتمە دەرىجە | 1402 | 23.6 | 4547 | 76.4 |
| ئاشۇرما دەرىجە | 55 | 0.92 | 5894 | 99.08 |
| ئەركىلەتمە دەرىجە | 46 | 0.77 | 5903 | 99.23 |

www.uyghurkitap.com

4. سۈپەتلەرنىڭ ئىسىملىشىشى

سۈپەتلەرنىڭ ئىسىملىشىشى دېگەندە خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئېيتقاندەك، «بىۋاسىتە ئىسىم تۈركۈمىگە ئۆتكەن» سۈپەتلەرنى ۋە خەمىت تۆمۈر ئەپەندى «سۈپەتلەرنىڭ ئالماشلىشىشى» دېگەن ماۋزۇدا بايان قىلغان سۈپەتلەرنى كۆزدە تۇتىمىز. ئەمما بىزنىڭچە خەمىت تۆمۈر ئەپەندى «سۈپەتلەرنىڭ ئالماشلىشىشى» دەپ بايان قىلغان شەكىللەرمۇ ئىسىملىشىشنىڭ بىر خىلى دەپ تونۇيمىز. بىزنىڭچە سۈپەتلەر ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيەسىنىڭ قوشۇمچىلىرىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، يەنى $N_{KG}+A_{Per}$ قۇرۇلمىسىدا كەلگەن بولسا، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئىسىملىشىشى ھېسابلىنىدۇ؛ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بۇ كۆپ تۈركۈملۈك سۆز ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا، بۇ مەسىلە سۈپەتلەرنىڭ مورفولوگىيەلىك شەكلى سۈپىتىدە ئەمەس، ئىسىملارنىڭ مورفولوگىيەلىك شەكلى سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. تاۋۇزلارنىڭ چوڭىدىن ئالىمەن، [تاۋۇزلارنىڭ] كىچىكىنى ئالمايمەن.*

*b. باللارنىڭ [بويى] پاكارلىرى ئالدىدا، [بويى] ئېگىزلەر كەينىدە تۇرسۇن.*

*c. [ئالمىلارنىڭ] ساقلىرىنى ئىلغىۋېلىپ، [ئالمىلارنىڭ] بۇزۇقلىرىنى تاشلايلى.*

*d. دۇكانغا كىرسەم، قېرىنداشىنىڭ قىزىل، كۆك، قارىلىرى باركەن، مەن [قېرىنداشىنىڭ] قىزىلىدىن ئىككىنى، [قېرىنداشىنىڭ] قارىسىدىن ئىككىنى ئالدىم.*

يۇقىرىقى مىساللاردىكى [ ] ئىچىگە يېزىلغان ئىسىملارنى زۆرۈر تېپىلغاندا قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ.

## 3 §. سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر بىرى سىنتېتىك ئۇسۇلدا، يەنە بىرى ئانالىتىك ياسىلىدۇ: سىنتېتىك ئۇسۇلدا ياسالغان سۆزلەر ئۇيغۇر، پارس، ئەرەب، رۇس تىلىغا خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمىدە ياسىلىدۇ.

**1. سىنتېتىك ئۇسۇلدا ياسالغان سۆزلەر**

1) ئىسىمدىن سۆز ياسىغۇچىلار

(1)-لىق \ -لىك \ -لۇق \ -لۈك

بۇ ئىسىملاردىن سۆز ياساشتا ئىنتايىن ئۈنۈملۈك قوشۇمچە بولۇپ، تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

● بىر قىسىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ بارلىقىنى ياكى كۆپلۈكىنى مەزمۇن قىلغان سۆزلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قوراللىق، تەرتىپلىك، بالىلىق، بىلىملىك، ساقاللىق، سۇلۇق، تۇزلۇق...

● بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە خاس خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ماركسىزملىق، گىراماتىكىلىق...

● ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

يازلىق، قىشلىق، چۈشلۈك، ئەتىگەنلىك...

● بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى پەيدا قىلىش خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان

www.uyghurkitap.com

سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

كۆلكىلىك (ئىش)، قايغۇلۇق (خەۋەر)، تەسىرلىك (رومان)...

● مەمۇرىي رايون نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، «شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن رايون دەرىجىسىدىكى» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئۆلكىلىك (ھۆكۈمەت)، ۋىلايەتلىك (پارتكوم)، ناھىيەلىك (سوت)، ئوبلاستلىق (ئىدارە)، رايونلۇق (خەلق قۇرۇلتىيى) ...

● ئۇلاق ۋە بەزى قاتناش قوراللىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئۇلاقنى مىنىش ياكى شۇ قاتناش قورالىغا ئولتۇرۇش بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئالاھىدىلىكنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئاتلىق، ئېشەكلىك، ۋېلىسىپىتلىك، ماشىنىلىق، ھارۋىلىق...

(2) ـ سىز

بۇ سۈپەت ياساشتا ئىنتايىن ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ يوقلۇقىنى ياكى بەك ئازلىقىنى مەزمۇن قىلغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قورالسىز، ساۋاتسىز، چەكسىز، سۇسىز، كۈچسىز، جانسىز، روھسىز، پايدىسىز، بالىسىز...

(3) ـچان

بۇ قوشۇمچە بىر قىسىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى ياسايدۇ:

● بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەتكە مايىللىق خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئەمگەكچان، ئىشچان، ئىجادچان، خىيالچان، سوغۇقچان،

ئىسسىقچان[9]...

● كىيىم نامىنى بىلدۈرىدىغان بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ كىيىمنىڭ كىيىلگەنلىكىنى مەزمۇن قىلغان سۆپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*كۆڭلەكچان، مايكىچان، جۇۋىچان، ...*

(4) -چىل

بۇ قوشۇمچە ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە مايىل خاراكتېرىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

خەلقچىل، ئەپچىل، ئىنقىلابچىل...

(5) - سىمان

بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە ئوخشاشلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆپەتلەرنى ياسايدۇ، مەسىلەن:

ئادەمسىمان، ئۆيسىمان، ئورۇندۇقسىمان، بۇلۇتسىمان...

(6) -يى\ -ۋى

بۇ قوشۇمچە ئاساسەن ئەرەبچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئەرەبچىدىن، پارسچىدىن ۋە قىسمەن رۇسچىدىن كىرگەن ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن خاراكتېرلەنگەن خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۆپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*تارىخىي، ئىنقىلابىي، دىنىي، ئىقتىسادىي، ئەنئەنىۋى، نەزەرىيەۋى، پارتىيەۋى، ئىدىيەۋى...*

(7) -پەرەس

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىكى «پىرەستىيدن» ( «چوقۇنماق، ئىخلاس قىلماق، ئىززەتلىمەك») دېگەن مەنىدىكى پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى قوغلىشىدىغان، شۇنىڭغا چوقۇنىدىغان

خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئابرۇيپەرەس، پۇلپەرەس، ئەمەلپەرەس، كىيىمپەرەس، بۇتپەرەس، ئاتەشپەرەس...*

(8) -دان

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىكى «دانىستن» ( «بىلمەك») دېگەن مەنىدىكى پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، «شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى بىلىدىغان» دېگەن مەنىدىكى سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*گەپدان، قەدىردان...*

(9) -مەن

بۇ قوشۇمچە ئەسلىي «مەند» دېگەن شەكىلدىن كەلگەن ئىسىملارغا (قىسمەن «-ار - ەر»لىق سۈپەتداشلارغا) قوشۇلۇپ سۈپەت ياسايدۇ. مەسىلەن:

*دۆلەتمەن، ئىخلاسمەن، سۆزمەن، بىلەرمەن...*

(10) -پەرۋەر

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى سۆيىدىغان خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرگۈچى سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*خەلقپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر...*

(11) بى -

بۇ پارسچىدىن ئۆزلەشكەن ئالدى قوشۇمچە بولۇپ، ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ يوقلۇقىنى مەزمۇن قىلغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. بۇنداق ياسالغان سۈپەتلەرنىڭ مەنىسى «-سىز » قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان سۈپەتلەرنىڭ مەنىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

*بىتاقەت، بىھايا، بىئىختىيار، بىمەنە، بىئەدەپ، بىچارە، بىئۋاستە، بىكار ...*

(12) نا-

بۇ پارسچىدىن ئۆزلەشكەن ئالدى قوشۇمچە بولۇپ، ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ يوقلۇقىنى مەزمۇن قىلغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*نائۇمىد، نائىنساپ، ناتايىن، ناكار، نامەرد، ناجىنس...*

(13) بەد -

بۇ پارسچىدىن ئۆزلەشكەن قوشۇمچە بولۇپ، ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن ئىسىملارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بويىچە ناچار، سەت دېگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*بەتتەم، بەتخۇي، بەتمۇئامىلە، بەتقىلىق، بەتنىيەت...*

(14) كەم -

بۇ پارسچىدىن ئۆزلەشكەن قوشۇمچە بولۇپ، ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن ئىسىملارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ سۈپەت، دەرىجە قاتارلىق تەرەپلەردە كەملىكىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*كەم ئەقىل، كەم دىدار، كەم سۆز...*

(2) پېئىلدىن سۈپەت ياسىغۇچىلار

(1) -ق \ -ك \ -ىق \ -ىك \ -ۇق \ -ۈك

بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئاغرىق، يېپىق، ئېتىك، سۇنۇق، ئۆلۈك، چىرىك، قۇرۇق، تىرىق...*

(2) - ما \ -مە

www.uyghurkitap.com

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ياكى ھەرىكەتكە لايىق بولغان خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئاسما (سائەت)، پۈكلىمە (كارۋات)، كۆتۈرمە (ئۆي)، كۆچمە (لەۋھە)، ياسىما (كۈلكە)...*

(3) -غاق \ -قاق \ -گەك \ -كەك

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە مايىللىق خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*توڭغاق، ئۇرۇشقاق، سىيگەك، تېيىلغاق، چىقىشقاق، چېپىلغاق، يېپىشقاق، كۈلگەك، تەپكەك...*

(4) -چاق \ -چەك \ -چۇق

بۇ قوشۇمچە ئۆزلۈك دەرىجىدىكى بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە مايىللىق خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ماختانچاق، ئېرىنچەك، قىزغانچۇق، ياسانچۇق...*

(5) -ڭغۇ \ -ڭگۇ \ -باڭغۇ \ -بەڭگۇ

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە مايىللىق خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*يىغلاڭغۇ، چېچىلاڭغۇ، كۆتۈرەڭگۇ، ئېزىلەڭگۇ...*

(6) -غۇر \ -قۇر \ -گۈر \ -كۈر

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ ھەرىكەت ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە مايىللىق خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*جىمىغۇر، ئۇچقۇر، سەزگۈر، ئۆتكۈر...*

(7) -لىق \ -لىك \ -لۇق \ -لۈك

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ «-ش» بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىمداش شەكلىگە قوشۇلۇپ بۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە يارايدىغان ياكى ھەرىكەت بىلەن ئالاقىدار خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۆپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*يېيىشلىك (تاماق)، مىنىشلىك (ئات)، چۈشىنىشلىك (مەسىلە)، ئولتۇرۇشلۇق، تۇرۇشلۇق...*

(8) -رلىق \ -ارلىق \ -ەرلىك

بۇ قوشۇمچە يەنە بەزى پېئىللارنىڭ «-ار \ -ەر» بىلەن ئاخىرلاشقان سۆپەتداش شەكلىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى قوزغاش خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان سۆپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*يېتەرلىك، قانائەتلىنەرلىك، خۇشاللىنارلىق، ئېچىنارلىق...*

(9) -غىن \ -قىن \ -گىن \ -كىن \ -غۇن \ -قۇن \ -گۈن \ -كۈن

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلىغان ياكى ئورۇنلايدىغان ئالاھىدىلىكنى بىلدۈرىدىغان سۆپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*كەسكىن، چۈشكۈن، قىزغىن، ئېقىن، تۇرغۇن، تۇتقۇن، سۈرگۈن...*

3) رەۋىشتىن سۆپەت ياسىغۇچىلار

(1) -قى \ -كى

بۇ قوشۇمچە ۋاقىت رەۋىشلىرىگە ياكى تەرەپنى كۆرسەتكۈچى رەۋىشلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ رەۋىش ئىپادىلىگەن ۋاقىت ياكى تەرەپنى مەزمۇن قىلغان سۆپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*بۇرۇنقى، ئاۋۋالقى، كېيىنكى، كەچكى، بۈگۈنكى، ھازىرقى، بۇلتۇرقى، بېرىقى، نېرىقى، ئىچكىرىكى...*

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلار بىكىتى كىتاپخانىسى

4) سان ـ مىقدار بىرىكمىسىدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

(1) ـلىق \ ـلىك \ ـلۇق \ ـلۈك

بۇ قوشۇمچە سان ـ مىقدار بىرىكمىسىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، شۇ سان ـ مىقدار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدىلىكنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*تۆت تونىلىق (ماشىنا)، بىر كىلوگراملىق (بوتۇلكا)، بەش مولۇق (ئېتىز)، ئۈچ ئايلىق (ۋەزىپە)، ئون كۈنلۈك (مۇساپە)، ئەللىك ئۆيلۈك (ئادەم)...*

5) سۈپەتتىن سۈپەت ياسىغۇچىلار

(1) ـىش \ ـۇچ \ ـۈچ

بۇ قوشۇمچە رەڭنى بىلدۈرىدىغان ئايرىم سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ رەڭگە قارىغاندا ئاچراق رەڭنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئېقىش، كۆكۈچ، سارغۇچ، قىزغۇچ...*

(2) ـ بەخش

بۇ قوشۇمچە پارس تىلىدىكى «بخشيدن» («بەرمەك، بېغىشلىماق») دېگەن مەنىدىكى پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە «بېغىشلايدىغان، بېرىدىغان» دېگەن مەنىدىكى سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*راھەتبەخش، ئارامبەخش، ھاياتبەخش، ئىلھامبەخش...*

(3) نا ـ

بۇ قوشۇمچە پارس تىلىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئەرەبچە، پارسچىدىن ئۆزلەشكەن ئايرىم سۈپەتلەرنىڭ ئىنكار مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ناتوغرا، نامۇۋاپىق، نامەلۇم، نائۇستا...*

**2. ئانالىتىك ئۇسۇلدا ياسالغان سۆپەتلەر**

ئانالىتىك ئۇسۇلدا ياسالغان سۆپەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى تەكرار ماسلىشىپ كېلىدىغان جۈپ سۆپەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان جۈپ سۆپەتلەرنىڭ ياسىلىش شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1) مەنىسى يېقىن ئىككى سۆپەتتىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:
*ئالىيجاناب، ئاچ ـ يالىڭاچ، ئاددىي ـ ساددا، سان ـ ساناقسىز، ئېغىر ـ بېسىق...*

2) مەنىسى قارىمۇقارشى ئىككى سۆپەتتىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:
*چوڭ ـ كىچىك، ياخشى ـ يامان، ئۇزۇن ـ قىسقا، ئېگىز ـ پەس، ئاق ـ قارا، كونا ـ يېڭى...*

3) بىر سۆپەت بىلەن يەنە بىر مەنىسىز تاۋۇش گورۇپپىسىنىڭ بىرىكىشىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:
*پارچە ـ پۇرات، ئەسكى ـ تۇسكى، ئالا ـ بۇلا، جىمجىت...*

4) مەنىسىز ئىككى تاۋۇش گورۇپپىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:
*ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل، ئوڭتەي ـ توڭتەي...*

ئىزاھلار:

① قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، 379 ـــ 386 ـ بەتلەر. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورلىرى ھازىر «ئالاھىدە سۆپەت» دەپ ئاتىلىۋاتقان سۆزلەردىن باشقا رەۋىشلەر، پېئىللارنىڭ تۈرلەنگەن شەكىللىرى (بەزى قاتما شەكىللەر)، باغلىغۇچىلار قاتارلىقلارنىمۇ بۇ دائىرىگە كىرگۈزگەن. مەسىلەن، «شۈبھىسىز، شەرتسىز، چوقۇم، ئەلۋەتتە، سۆزسىز، ئەسلىي، ئەتىمالىم، ئەپسۇسكى، ئەكسىچە، شەكسىز، شەرت، ئەتتەك، ئېھتىمال، بەلكى، يوقسۇ، بولار، بولىدۇ، بولمىسا، ۋاھالەنكى، دەرھەقىقەت، گويا، دەيدۇ، دېمەك، ئىكەن، ئىمىش، ئىلاھىم،

ئېپىتماقچى، قىسقىسى، كۆرۈنىدۇ، مەيلى، ناھايىت، توختايدۇ، راست، توغرا، تەبىئىي، چامىسى، چېغى، سانىلىدۇ، ھېسابلىنىدۇ، جۈملىدىن، بىرىنچىدىن، ئىككىنچىدىن، ئاخىر، خۇشۇسەن، مەسىلەن» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تۈرگە كىرگۈزۈلگەن. بۈگۈنكى كۈندە بىز بۇ سۆزلەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ مۇۋاپىق ئورنىنى كۆرسىتىپ بەردۇق. ئەمما، بۇ تىپتىكى سۆزلەرنى دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارغا نام بېرىپ شەرھلىگەنلىكى بىلەن بۇ ئەسەر يەنىلا قىممەتلىكتۇر.

② بۇ مەزمۇن خەمىت تۆمۈرنىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنمىغان.

③ چېڭ شىلياڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى، 186 - بەت.

④ «بار» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندىمۇ «*با-» دېگەن پېئىلغا سوپەتداش قوشۇمچىسى «-ر» قوشۇلۇپ بارلىققا كەلگەن. دېمەك، بۇ ئەسلىدە بىر سوپەتداش بولۇپ، كېيىنكى تىل تەرەققىياتىدا بىر سۆزگە ئايلىنىپ كەتكەن.

Talat Tekin A Grammar of Orkun Turkic, Bloomington:Indiana UivervsitY, 1968 .4

⑤ بۇ قائىدە نەزەرىيە جەھەتتىن توغرا، ئەمما 200مىڭ سۆزلۈك ئۇيغۇر تىلى ئامبىرىدىن «بار، يوق، قولايلىق، كېرەك» دېگەندەك سوپەتلەرنىڭ دەرىجە بىلەن تۈرلەنگەن شەكىللىرى تېپىلمىدى.

⑥ بەزى ئەسەرلەردە رەڭنى بىلدۈرىدىغان سوپەتلەرگە « - ش/ - ىش/ -ۇش/ -ۈش، /- متۇل» قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان شەكىلمۇ سوپەتلەرنىڭ كېمەيتمە دەرىجىسى ھېسابلانغان.( كۆرەش مەھمۇتجان باش مۇھەررىرلىكىدە: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى؛ ئارسلان ئابدۇللا باش مۇھەررىرلىكىدە: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2004 - يىلى.) يەنە بەزى ئەسەرلەردە بۇ شەكىل «كەمسىتىش دەرىجە» دېگەن نامدا بايان قىلىنغان؛ ( قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى، 136 - بەت)؛ يەنە بەزى ئەسەرلەردە بۇ شەكىل تىلغا ئېلىنمىغان.( خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى؛ چېڭ شىلياڭ قاتارلىقلار: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى) 高士杰：《现代维吾尔语语法》：中央民族大学出版社، بىزنىڭچە « -ش/ -ىش/ -ۇش/ -ۈش، - متۇل» قوشۇمچىلىرىنىڭ رولى ۋە ئىشلىتىلىش چاستوتىسىدىن قارىغاندا، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا مايىلراق. شۇڭا، بۇ قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان شەكىللەر بۇ يەردە تىلغا ئېلىنمىدى.

⑦ بەزى ئەسەرلەردە ئاشۇرما دەرىجىنىڭ دەرىجە رەۋىشلىرىنىڭ ياردىمىدە ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. لېكىن، بۇ پىكىرگە خەمىت تۆمۈر ئەپەندى

قوشۇلمايدۇ ۋە «سۈپەتلەرنىڭ ئالدىغا دەرىجە رەۋىشلىرىنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى نورمال سىنتاكسىسلىق ھادىسە بولۇپ، ئۇلارنى سۈپەتنىڭ مورفولوگىيەلىك شەكلى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ» دەيدۇ. (قاراڭ: خەممت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى، 104-بەت)، بىزنىڭچىمۇ شۇنداق.

⑧ ئىسمايىل ئابدۇرېھىم: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەت دەرىجىلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىستاتىستىكىلىق تەھلىل»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 2005 ـ يىللىق 3 ـ سان، 18 ـ، 20 ـ بەت.

⑨ بۇ يەردىكى «سوغۇق » ، « ئىسسىق » دېگەن سۆزلەر ئىسىملاشقان سۈپەت ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تۆتىنچى باب

# سان

## §1. سان ھەققىدە

**1. سان دېگەن نېمە؟**

شەيئىلەرنىڭ ھېسابىنى، تەرتىپىنى ياكى نومۇرلۇق بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قىرىق مىڭ ئوقۇغۇچى بار.*

*b. ئىككىگە ئىككىنى قوشسا تۆت بولىدۇ.*

*c. ئۇلارنىڭ ئۆيى ئونىنچى بىنادا.*

a جۈملىدىكى «قىرىق مىڭ» دېگەن سۆز «ئوقۇغۇچى » نىڭ سانىنى، b جۈملىدىكى «ئىككى، تۆت، ئالتە» قاتارلىق سۆزلەر ئابستراكت سانىنى، c جۈملىدىكى «ئونىنچى» دېگەن سۆز «بىنا»نىڭ تەرتىپىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

**2. ساننىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى**

1) سانلارنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەسى يوق.

2) سانلار ئىسىم ياكى خاراكتېرلىك سۆزلەرنى ئېنىقلاپ كېلىپ جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

*a. مەن بەش قوي ئالدىم.*

*b. بۇ بىرىنچى سىنىپ.*

3) سانلار پېئىللارنى سۈپەتلەپ كېلىپ، ھالەت ۋەزىپىسىدە

كەلمەيدۇ. ئەمما، بىر قىسىم تۇراقلاشقان بىرىكمىلەردە پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. بۇنداق بىرىكمىلەردە ئەسلىدە سان بىلەن پېئىل ئارىسىدا ھەرىكەت مىقدارلىرى بولۇپ، داۋاملىق ئىشلىتىلىش نەتىجىسىدە مىقدارلار چۈشۈپ قالغان ۋە شۇ پېتى تۇراقلىشىپ قالغان بولىدۇ. مەسىلەن:

*a. يەتتە [قېتىم] ئۆلچەپ بىر [قېتىم] كەس.*

*b. مەن بىر [قېتىم \ رەت] قاراپ باقاي.*

*c. مىلىڭ [ئىيل \ قېتىم] ياشا.*

*d. بىر [قېتىم] سەكرىسەم قۇتۇلدۇم، ئىككى [قېتىم] سەكرىسەم قۇتۇلدۇم، ئۈچ [قېتىم] سەكرىسەم تۇتۇلدۇم.*

4) سۈپەت ۋە رەۋىشلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ.

5) خەۋەر تىپىدىكى شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ، جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. سىز بىرىنچىسىز.*

*b. بىز ئون بەشمىز، سىلەر ئونسىلەر.*

6) سانلار ئىسىملىشىدۇ ۋە ئىسىمنىڭ سان، كېلىش، تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، جۈملىنىڭ ھەر خىل بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئاكامنىڭ شۇ سۆزىنىڭ كۈچى بىلەن بىزنىڭ مەھەللىدىن ئالتە يىگىت قولىغا چوماق ئېلىپ، ھەرەمباغ سوقۇشىغا كىرىپ كەتكەن. قارىماسىز بىتەلەيلىكنى، ئىككىسى ئوق تېگىپ قازا تاپتى. تۆتى قالغان، تۆتىنىڭ ئىككىسى جىنىڭ سوقۇشىغا كەتكەنىدى، ئۇ يەردە بىرى قازا بولدى.*

*b. ھەربىر توپقا قىرىق بەشتىن بەشئاتار مىلتىق، ئىككىدىن پىلىموت، يېتەرلىك ئوقلىرى بىلەن بېرىلدى.*

www.uyghurkitap.com

### 3. ساننىڭ قۇرۇلما تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاددىي سانلار بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدە تۆۋەندىكى ئاددىي سانلار بار:

*بىر (1)، ئىككى (2)، ئۈچ (3)، تۆت (4)، بەش (5)، ئالتە (6)، يەتتە (7)، سەككىز (8)، توققۇز (9)، ئون (10)، يىگىرمە (20)، ئوتتۇز (30)، قىرىق (40)، ئەللىك (50)، ئاتمىش (60)، يەتمىش (70)، سەكسەن (80)، توقسان (90)، يۈز (100)، مىڭ (1000)، تۈمەن (10000)، مىليون (1000000)، مىليارد (1000000000).*

تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، «سەكسەن»، «توقسان» دېگەن سانلار «سەككىز ئون»، «توققۇز ئون» شەكلىدە ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى كۈندە ئۇلار ئىككى سۆزلۈك شەكلىدىن ئايرىلىپ قالغان. «يۈز»، «مىڭ»، «مىليارد» دېگەن سانلارنىڭ ئالدىغا بەزىدە «بىر» سۆزى قوشۇلۇپ كېلىدۇ، لېكىن بۇ «بىر» سۆزى بۇ سانلارنىڭ مەنىسىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار يەنىلا ئاددىي سان ھېسابلىنىدۇ.

مۇرەككەپ سانلار ئاددىي سانلارنىڭ ياكى مۇرەككەپ سانلارنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. سانلار تۆۋەندىكى مۇناسىۋەتلەردە بىرىكىدۇ:

1. قوشۇلۇش مۇناسىۋىتى. بۇنىڭدا كىچىك خانىلىق سان چوڭ خانىلىق ساننىڭ كەينىدە كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

*ئون ئۈچ، يىگىرمە تۆت، ئاتمىش يەتتە، يۈز ئىككى، مىڭ بىر.*

2. ھەسسىلەش ـ ھەسسىلىنىش مۇناسىۋىتى. بۇنىڭدا

كىچىك خانىلىق سان چوڭ خانىلىق ساننىڭ ئالدىدا كېلىپ ئۇنى ھەسسىلەيدۇ. مەسىلەن:

*ئىككى يۈز، سەككىز مىڭ، بىر يۈز ئەللىك مىڭ، بەش مىليون.*

3. ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇرەككەپ سانلار ئاز بولغاندا ئىككى، كۆپ بولغاندا ئون نەچچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئاددىي سانلارنىڭ يۇقىرىقى مۇناسىۋەتلەر بويىچە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

*ئەللىك بەش (55)، بىر يۈز سەكسەن (180)، ئۈچ يۈز ئالتە (306)، يەتتە يۈز قىرىق ئۈچ (743)، ئىككى مىڭ ئون (2010)، ئون ئىككى مىڭ توققۇز يۈز قىرىق يەتتە (12947)، ئۈچ يۈز ئەللىك ئالتە مىڭ تۆت يۈز توقسان بىر (356491)، ئىككى مىليون ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش مىڭ سەككىز يۈز يەتمىش تۆت (2365874)، بىر مىليارد توققۇز يۈز ئون بەش مىليون ئۈچ يۈز ئەللىك ئالتە مىڭ ئىككى يۈز يىگىرمە ئىككى (1915356222).*

## §2. ساننىڭ مورفولوگىيەلىك تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار تۈرلىنىش ۋە جۈپلىنىش يوللىرى بىلەن ساناق سان، مۆلچەر سان، تەرتىپ سان، كەسىر سان، تەقسىم سان، رەۋىش سان، كىشىلىك سان، ئالماش ساندىن ئىبارەت گىراماتىك تۈرلەرنى ھاسىل قىلىدۇ.

### 1. ساناق سان

ئاددىي ۋە مۇرەككەپ سانلارنىڭ ئەسلىي شەكلى ساناق سان ھېسابلىنىدۇ. ساناق سانلار ئېنىق پۈتۈن ساننى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى، بەزىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەسىلەن:

*a. بىر يىلدا ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن بار.*

*b. شىنجاڭدا ئون بەش شەھەر بار.*

*c. قۇمۇلدا بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغ بار.*

ساناق سانلار كۆپ ھاللاردا مىقدار سۆزلەرگە بېقىنىپ، سان ـ مىقدار بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئون جىڭ (گۈرۈچ)، ئۈچ مېتىر (سىم)، ئەللىك كىلومېتىر (يول)، بىر يۇتۇم (سۇ)، بەش قېتىم (بارماق)، بىر سائەت (كۈتمەك)

**2. مۆلچەر سان**

مۆلچەر سانلار شەيئىلەرنىڭ تەخمىنىي سانىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا مۆلچەر سانلار بىرنەچچە خىل ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ، ھەر خىل مۆلچەر سانلار ئۆزىگە خاس مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

1) ساناق سانلارغا «ـچە» ياكى «ـدەك \ ـتەك» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. بۇ خىل مۆلچەر سانلار شۇ ساناق ساندىن سەل كەم ياكى ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن بولغان مۆلچەر سانىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. بۈگۈنكى سايلامغا مىڭچە (مىڭدەك) ئادەم قاتناشتى.*

*b. كىنوخانىدا ئاران ئونچە (ئوندەك) ئادەم بار ئىدى.*

*c. ئۇلارنىڭ ئەللىكچە (ئەللىكتەك) توخۇسى، ئونبەشچە (ئونبەشتەك) قويى بار.*

2) ئىككى ساناق سانىنى جۈپلەشتۈرۈش يولى بىلەن ياسىلىدۇ. بۇ خىل مۆلچەر سانلار شۇ ئىككى ساناق سان ئارىلىقىدىكى مۆلچەر سانىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ بەش ـ ئون كۈندە تۈگەيدىغان ئىش ئەمەس.*

*b. مەن بۇ يەرگە تۆت ـ بەش قېتىم كەلگەن.*

*c. بۇ پويىزغا يەتتە ـ سەككىز يۈزچە ئادەم ئولتۇرالايدۇ.*

*(سىغىدۇ)*

3) »نەچچە (قانچە) » ياكى «بىر نەچچە ( بىر قانچە) » دېگەن سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بىر نەچچە خىل مۆلچەر سان ياسىلىدۇ.

(1) «نەچچە» ( «قانچە») ياكى «بىر نەچچە» («بىر قانچە») سۆزى يالغۇز قوللىنىلسا، بىرلەر خانىسى دائىرىسىدىكى مۆلچەر سان ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*نەچچە كۈنلۈك يول، بىر نەچچە ئادەم، بىر قانچە پارچە ماقالە...*

(2) «نەچچە» سۆزى ئونلار خانىسىدىن يۇقىرى بولغانساناق سانلارنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كەلسە، شۇ سانغا قوشۇلغان بىرلەر خانىسى دائىرىسىدىكى مۆلچەر سان ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*قىرىق نەچچە ئوقۇغۇچى، ئون نەچچە يىل، يەتمىش نەچچە قوي، يۈز نەچچە كومپيۇتېر...*

(3) ئونلار خانىسىدىن يۇقىرى بولغان ئاددىي ساناق سانلارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كەلسە، شۇ ساناق سان بىرلەر خانىسى دائىرىسىدە ھەسسىلەشتۈرۈلگەن مۆلچەر سان ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*نەچچە ئون (ناخشا)، بىر قانچە يۈز (ئىشچى)، قانچە يۈز مىڭ (ئادەم)*

4) ئونلار خانىسىدىن يۇقىرى خانىدىكى ساناق سانلارنىڭ يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە «يېقىن» سۆزى بىلەن بىرىكىپ كېلىشى ياكى چىقىش كېلىش شەكلىدە «ئارتۇق» ياكى «كۆپ» سۆزى بىلەن بىرىكىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. «يېقىن» سۆزى بىلەن ياسالغىنى شۇ ساندىن سەل كەم بولغان مۆلچەر ساننى بىلدۈرىدۇ؛ «ئارتۇق» ياكى «كۆپ» سۆزى بىلەن بىرىكىپ ياسالغىنى ساناق ساندىن ئارتۇق بولغان مۆلچەر ساننى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ تويغا مىڭغا يېقىن ئادەم كەلدى.*

*b. بۇ مەكتەپتە مىڭدىن كۆپ ئوقۇغۇچى، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى بار.*

5) يۈزلەر خانىسىدىن يۇقىرى خانىدىكى ساناق سانلارغا يالغۇز «نەچچە (قانچە)» سۆزى بىلەن «مىڭ، ئون مىڭ، يۈز مىڭ، مىليون» قاتارلىق چوڭ مۆلچەر سانلارغا «-لىغان \ -لىگەن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. بۇ خىل مۆلچەر سانلار بىر خىل تەسۋىرىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، سۆزلىگۈچىنىڭ «شۇ قەدەر كۆپ» دېگەن ھېسسىياتىنى قوشۇپ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە مىڭلىغان تەنھەرىكەتچى قاتنىشىپ، يۈزلىگەن مېداللارنى قولغا كەلتۈردى.*

*b. مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئادەم دارۋازلارنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقىدىن ئاغزىنى كاماردەك ئېچىپ قېتىپ قېلىشتى.*

*c. بۇ مىليونلىغان خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان چوڭ ئىش.*

مۆلچەر سانلار جۈملىدە تۆۋەندىكىچە مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ:

1) مۆلچەر سانلار جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*ئوتتۇزچە (ئوتتۇزدەك) ئالىم، بىرنەچچە دوكتور، مىڭغا يېقىن قوي، يۈزدىن ئارتۇق ماشىنا، مىليونلىغان ئادەم*

2) بەزى مۆلچەر سانلار خەۋەر بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. بۇ پىلاستىنكىدىكى ناخشىلار يۈزدىن ئارتۇق.*

*b. توخۇ ـ توشقان ئون سەككىز، پۇتى ـ قولى قىرىق سەككىز.*

3) بەزى مۆلچەر سانلار يەنە مىقدار سۆزلەرگە بېقىنىپ، سان ـ مىقدار بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلالايدۇ. مەسىلەن:

ئون نەچچە قۇر (كىيىم)، ئون نەچچە كىلو (گۆش)، نەچچە يۈز كىلومېتىر (يول)، يەتتە ـ سەككىز قېتىم (ئېيتماق)

**3. تەرتىپ سان**

سانلارنىڭ شەيئىلەرنىڭ رەت ـ تەرتىپىنى، دەرىجىسىنى ياكى نومۇرلۇق بەلگىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان شەكلى تەرتىپ سان دەپ ئاتىلىدۇ. تەرتىپ سانلار ساناق سان ۋە بەزى مۆلچەر سانلارغا «ـىنچى \ ـىنچى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

*بىرىنچى (1ـ)، ئىككىنچى (2ـ)، ئون سەككىزىنچى (18ـ)، بىر يۈز بىرىنچى (101ـ)*

تەرتىپ سانلار جۈملىدە تۆۋەندىكىدەك ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ:

1) تەرتىپ سانلار جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئۇلار بەشىنچى ئايدا بېرىشى مۇمكىن.*

b. *بىز 30 ـ بىنادا ئولتۇرىمىز.*

c. *بىز 103 ـ يولنىڭ ئاپتوبۇسىدا كەلدۇق.*

2) تەرتىپ سانلار جۈملىدە قىستۇرما بولۇپ، نۇتۇق مەزمۇنىنى تۈرگە ئايرىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*1ـ باب ئىسىم*

*1. ئىسىمنىڭ مەنىسى*

*2. ئىسىمنىڭ تۈرلىرى*

......

3) تەرتىپ سانلار بەزىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *تۇرسۇن ئۆگىنىشتە سىنىپ بويىچە بىرىنچى.*

www.uyghurkitap.com



*b. ئۇ باللارنىڭ ئۈچىنچىسى.*

4) تەرتىپ سانلار ھەرىكەت مىقدارىنى بىلدۈرىدىغان مىقدار سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، سان ـ مىقدار بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

*بىرىنچى قېتىم (بارماق)، ئۈچىنچى نۆۋەت (ئىزدىمەك)*

5) تەرتىپ سانلار بەزىدە «ـدىن» قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، باغلىغۇچى بولۇپ، بىر ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە ئىشنى باغلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*مېنىڭ بۇ ئىشنى سىزگە تاپشۇرۇشۇمدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، سىز مۇشۇ كەسىپنىڭ ئەھلى، ئىككىنچىدىن، ئەمەلىي تەجرىبىڭىز بار، ئۈچىنچىدىن، ئىنگلىز تىلى سەۋىيەڭىز يۇقىرى...*

ئۇيغۇر تىلىدا «تۇنجى»، «ئوتتۇرانچى»، «كەنجى» سۆزلىرىمۇ تەرتىپنى بىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بىراق بۇلاردىن پەقەت «تۇنجى» سۆزىنىلا «بىرىنچى» بىلەن مەنىداش تەرتىپ سان ھېسابلاشقا بولىدۇ، «ئوتتۇرانچى»، «كەنجى» سۆزلىرى ئېنىق سان ئۇقۇمىنى بىلدۈرمەيدۇ: «ئوتتۇرانچى» سۆزى «ئوتتۇرىدىكى»دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، «كەنجى» سۆزى «ئاخىرقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار سۈپەت ھېسابلىنىدۇ.

## 4. كەسىر سان

بىردىن كىچىك پارچە ساننى بىلدۈرۈپ، بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان شەيئىلەرنىڭ مەلۇم قىسمىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سانلار كەسىر سان دەپ ئاتىلىدۇ.

كەسىر سانلار مەخرەجنى ئىپادىلەيدىغان ۋە سۈرەتنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى ساناق ساندىن تۈزۈلىدۇ، مەخرەجنى ئىپادىلەيدىغان ساناق سان « ـدىن \ ـتىن» قوشۇمچىسى بىلەن

بىرىكىپ ئالدىدا كېلىدۇ، ئاندىن سۈرەتنى ئىپادىلەيدىغان ساناق سان كېلىدۇ. مەسىلەن:

*ئىككىدىن بىر (1/2)، ئوندىن ئۈچ(3/10)، ئون ئىككىدىن بەش (5/12)، ئون سەككىزدىن يەتتە( 7/18)...*

ئەگەر كەسىر سانلار ساناق سان (پۈتۈن سان) بىلەن قوشۇلۇپ كەلسە، ساناق ساندىن كېيىن «پۈتۈن» سۆزى قوشۇلۇپ، ئاندىن كەسىر سان ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

*ئىككى پۈتۈن يەتتىدىن ئۈچ ( 2 3/7)، بەش پۈتۈن بەشتىن بىر ( 5 1/5 )، نۆل پۈتۈن ئوندىن بىر (0.1)، بىر پۈتۈن يۈزدىن يەتتە (1.07)*

كەسىر سانلار ئابستراكت سان ئۇقۇمىنى ئىپادىلىمەي، مەلۇم شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سان ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەندە بىۋاسىتە جۈملە بۆلىكى بولماستىن، بىر بولسا ئالماش سان شەكلىدە جۈملىگە قاتنىشىدۇ ( بۇ ھەقتە «ئالماش سان» دېگەن قىسىمغا قارالسۇن)، بىر بولسا «قىسىم» ياكى «بۆلەك» دېگەن ئىسىمغا بېقىنغان ھالدا ئىسىم بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىپ، بىر پۈتۈنلۈكنى ئىپادىلىگۈچى ئىسىم ياكى ئالماشنى ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ كىتابنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى فوتو سۈرەتلەر تەشكىل قىلىدۇ.*

*b. ئىشنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى تۈگىدى.*

*c. يولنىڭ بەشتىن بىرىنى مېڭىپ بولدۇم.*

ئۇيغۇر تىلىدا پارچە سانني بىلدۈرىدىغان «يېرىم»، «چارەك» سۆزلىرىمۇ بار. بۇلاردىن «يېرىم» سۆزى ئىككىدىن بىر مەنىسىدە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ. ئۇ سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەت جەھەتتىن ساناق سانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. «چارەك» سۆزى بولسا «تۆتتىن بىر» مەنىسىدە بەزى مىقدار سۆزلەر بىلەنلا بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*چارەك سائەت، چارەك ئەسىر، چارەك كۇرە، چارەك لەغمەن...*

### 5. تەقسىم سان

سانلارنىڭ تەقسىم مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان شەكلى تەقسىم سان دەپ ئاتىلىدۇ. تەقسىم سانلار — سانلارنىڭ ساناق سان ۋە بەزى مۆلچەر سانلارغا « -دىن \ -تىن » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ، مەسىلەن:

*ئىككىدىن، بەشتىن، يۈزدىن، ئون نەچچىدىن، يۈز نەچچىدىن*

تەقسىم سانلار ئىسىمغىمۇ، پېئىلغىمۇ بېقىنىپ كېلىدۇ. ئىسىمغا بېقىنىپ كەلگەندە، شۇ سان كۆپلۈكتىكى شەيئىنىڭ مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ھەربىرى بىلەن ئالاقىدار بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىققانلارغا بىردىن كومپيۇتېر، ئىككىدىن ياڭراتقۇ مۇكاپات بېرىلدى.*

*b. تۆتتىن ئادەم ئولتۇرغان سەككىز ماشىنا قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى.*

*c. ھەر بىرىڭلار ئىككىدىن نان ئېلىۋېلىڭلار.*

پېئىللارغا بېقىنىپ كەلگەندە مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ شۇ سان بويىچە تەكشى بۆلۈنۈشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ قوغۇنلار ھەربىر ئادەمگە بەشتىن بېرىلىدۇ.*

*b. ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا بىردىن كىتاب، بىردىن قەلەم تارقىتىلدى.*

تەقسىم سانلار تەكرار شەكىلدە ياكى تەكرار ساناق سانغا «-دىن \ -تىن» قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكىلدىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇنداق تەكرارلانغان تەقسىم سانلار ئاساسەن پېئىللارغا بېقىنىپ، مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ شۇ سان بويىچە كەينى - كەينىدىن بۆلۈنۈشىنى ياكى كۆپ يەرگە بۆلۈنۈشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇلار ئىككىدىن - ئۈچتىن بولۇپ بۆلۈندى.*

*b. كۇرسانتلار ھەر كۈنى ئوندىن ـ يىگىرمىدىن مىڭىشۋاتىدۇ.*
*c. ۋەكىللەر ئوندىن ـ ئون بەشتىن بولۇپ مۇزاكىرە قىلدى.*

**6. رەۋىش سان**

ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گىراماتىكا ئەسەرلىرىدە سانلارنىڭ بۇ تۈرى توغرىسىدىكى ھەر خىل كۆز قاراشلار بار. ئەمىر نەجىپ تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1960ـيىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»دا ساننىڭ بۇ تۈرى قىسقىچىلا بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ساننىڭ بىر گىراماتىك تۈرى ھېسابلانغان؛ قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»دا ساننىڭ بۇ تۈرى ساننىڭ « ـلاپ \ ـلەپ » قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلگەن تۈرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ «تۈپلۈك سان» دەپ ئاتالغان باشقا بىرمۇنچە ئەسەرلەردە ساننىڭ بۇ تۈرى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىلمىگەن.

ساننىڭ بۇ تۈرى ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ ۋە ئۆزىگە خاس گىراماتىك مەنە ئاڭلىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەلۋەتتە ساننىڭ گىراماتىك تۈرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك.

رەۋىش سانلار ساناق سانلارغا ۋە بەزى مۆلچەر سانلارغا «ـلاپ \ ـلەپ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ ۋە كۆپىنچە تەكرارلانغان ياكى كىچىككى بىلەن چوڭى جۈپلەشتۈرۈلگەن شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*ئونلاپ، يۈزلەپ ـ يۈزلەپ، يۈزلەپ ـ مىڭلاپ، بەشلەپ ـ ئونلاپ، بىرلەپ ـ بىرلەپ، نەچچە يۈزلەپ...*

رەۋىش سانلار ئاساسەن پېئىللارغا بېقىنىپ، كۆپ سانلىق ئادەملەرنىڭ مەلۇم ھەرىكەت بىلەن تەخمىنەن شۇ سان كۆپلۈكىدىكى تۈركۈم بويىچە مۇناسىۋەتلەشكەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تارىيىسى

بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئوقۇغۇچىلار بىرلەپ ـ ئىككىلەپ كىرىپ كەلدى.*

*b. كۆرگەزمىنى كۆرىدىغانلار ھەر كۈنى مىڭلاپ ـ مىڭلاپ كېلىۋاتىدۇ.*

*c. يېڭى كىتابلار يۈزلەپ ـ مىڭلاپ بېسىلىۋاتىدۇ.*

سانىنىڭ بۇ تۈرى ئۇيغۇر تىلىغا دائىر نۇرغۇن ئەسەرلەردە «مۆلچەر سانلار»نىڭ بىر تۈرى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. بىزنىڭچە سانىنىڭ بۇ تۈرى مۆلچەر مەنىسىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەت جەھەتتىن باشقا مۆلچەر سانلاردىن پەرقلىنىدۇ؛ مۆلچەر سانلار ئىسىملارغا بىۋاسىتە بېقىنىپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ، لېكىن سانىنىڭ بۇ تۈرى ئىسىم بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت باغلىيالمايدۇ، ئۇ ھامان پېئىللارغا ياكى پۈتۈن جۈملىگە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى مۆلچەر سانلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئالدىنقى قىسىمدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنى تەقسىم سانلار بىلەن قوشۇۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، سانىنىڭ بۇ تۈرى مۆلچەر مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن تەقسىم سانلار ساناق سانلار ئاساسىدا ياسالغان ئېنىق سانىنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، سانىنىڭ بۇ تۈرى پەقەت پېئىللارغا بېقىنىپ كېلىدۇ، لېكىن تەقسىم سانلار ئىسىملارغىمۇ بېقىنىپ كېلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، سانىنىڭ بۇ تۈرى ئاساسەن ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەنلا مۇناسىۋەت باغلايدۇ، تەقسىم سانلار بولسا ھەرقانداق شەيئىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. دېمەك سانىنىڭ بۇ تۈرىنى ئايرىم بىر تۈر ھېسابلاپ، «رەۋىش سان» دەپ ئاتاش بىر ئاز مۇۋاپىق.

### 7. كىشىلىك سان

سانلارنىڭ شۇ سان ئىپادىلىگەن سان كۆپلۈكىدىكى ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك سانىنى بىلدۈرىدىغان شەكلى كىشىلىك سان

دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلىك سانلار ساناق سان ۋە بەزى مۆلچەر سانلارغا «ـەيلەن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. (بۇ قوشۇمچە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان سانلارغا قوشۇلغاندا، ساننىڭ ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالىدۇ.) مەسىلەن:

*بىرەيلەن، ئىككىيلەن، بەشەيلەن، ئالتە-يەتتەيلەن، ئون نەچچەيلەن، بىرنەچچەيلەن.*

كىشىلىك سانلار شۇ سان كۆپلۈكىدىكى ئادەمنى بىلدۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. بىراق، بۇنداق سانلارنى مەلۇم ساندىكى ئادەم كۆرسىتىلگەن جايلارنىڭ ھەممىسىدىلا قوللىنىشقا بولمايدۇ.

كىشىلىك سانلار ئومۇمەن تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا قوللىنىلىدۇ:

1) شەيئىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىش ھاجەتسىز بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ سانىنىلا ئېيتىش زۆرۈر بولغاندا، كىشىلىك سانلار ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *يېڭىدىن تاللانغان ئىككىيلەنمۇ مۇسابىقىگە قاتناشسۇن.*

b. *بىزنىڭ سىنىپتىن ئۈچەيلەننىڭ كومپيۇتېرى يوق.*

c. *كەينىدە ئورۇن بارمۇ؟ بۇ ئۈچەيلەنگە ئورۇن تەگمىدى.*

2) كۆپلۈك شەخس ئالماشلىرىدىن كېيىن ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، كۆپلۈك شەخس ئالمىشىنى سان جەھەتتىن ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

*بىز ئىككىيلەن سىنىپنى تازىلايلى، سىلەر ئۈچەيلەن كارىدورنى تازىلاڭلار، ئۇلار يەتتەيلەن مەيدان تازىلىقىغا بارسۇن.*

3) ئاتاپ كۆرسىتىلگەن بىرقانچە ئادەمنى سانى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ چاغدا ئادەم ئىسىملىرى ئۇنىڭغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*مەن، ئەخمەت، مەۋلان، تۇرغۇن، ئەكبەر بەشەيلەن تۇرپاندىن.*

www.uygurkitap.com

ئۇيغۇر تىلىغا دائىر گىراماتىكا ئەسەرلىرىدە سانىنىڭ بۇ تۈرى «ئۆملۈك سان» ياكى «ئورتاق سان» دېگەن نامدا بايان قىلىنغان. بىزنىڭچە، ساننىڭ بۇ تۈرىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ «ئۆملۈك» ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى شۇ سان كۆپلۈكىدىكى ئادەمنى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكىدە. «بىر» ساننىڭ «بىرەيلەن» ( مەسىلەن: سىنى بۈگۈن بىرەيلەن ئىزدەپ كەلدى.) شەكلىدە مۇشۇ سان تۈرىدە كېلەلىشىمۇ «ئۆملۈك سان» ياكى «ئورتاق سان» نامىنىڭ بۇ سان تۈرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ساننىڭ بۇ تۈرىنى «كىشىلىك سان» دەپ ئاتاش بىر ئاز مۇۋاپىق.

### 8. ئالماش سان

مەلۇم ئومۇمىيەتنىڭ شۇ سان كۆپلۈكىدىكى ياكى شۇ سان تەرتىپىدىكى بىرىگە ياكى بىر قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ياكى مەلۇم شەخستىكى ئېنىق سانلىق ئادەمنى بىلدۈرىدىغان سان ئالماش سان دېيىلىدۇ. ساناق سان، مۆلچەر سان، كەسىر سان ۋە تەرتىپ سانلارغا ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ئالماش سان ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

*ئۈچىمىز، بەشىمىز، تۆتىڭلار، ئون نەچچىسى، بەشتىن ئىككىسى، ئالتىنچىسى*

ئالماش سانلار تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

1) ئالماش سان جۈملىدە كىشىلىك سانلار بىلەن ئوخشاش رولدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *يېڭىدىن تاللانغان ئىككىسىمۇ مۇسابىقىگە قاتناشسۇن.*

b. *بىزنىڭ سىنىپتىن ئۈچىمىزنىڭ كومپيۇتېرى يوق.*

c. *كەينىدە ئورۇن بارمۇ؟ بۇ ئۈچىگە ئورۇن تەگمىدى.*

d. *بىز ئىككىمىز سىنىپنى تازىلايلى، سىلەر ئۈچۈڭلار كارىدورنى تازىلاڭلار، ئۇلار يەتتىسى مەيدان تازىلىقىغا بارسۇن.*

*e. مەن، ئەخمەت، مەۋلان، تۇرغۇن، ئەكبەر بەشىمىز تۇرپاندىن.*

بۇ رولدا 1ـ، ۋە 2 ـ شەخس ئالماش سانلار ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ئىپىنقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئىپىنقلانغۇچى 3 ـ شەخس تەۋەلىك شەكلىدە كەلسىمۇ، ئالماش سانىنىڭكى بىلەن ئوخشاش شەخستىكى تەۋەلىك شەكلىدە كەلسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىزنىڭ سىنىپتا ئۈچىمىزنىڭ كومپيۇتېرىمىز(كومپيۇتېرى) يوق.*

*b. سىلەر ئىككىڭلارنىڭ كومپيۇتېرى ( كومپيۇتېرىڭلار) بارمۇ؟*

2) ئالماش سان ۋەكىللىك قىلغان ئومۇمىيەت ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ئۇنىڭغا ئىپىنقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم ياكى ئالماشتىن مەلۇم بولىدۇ، بىراق تىل شارائىتى ئىپىنىق بولغاندا، بۇ خىل ئىسىم ياكى ئالماشلار چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. بىز ئىككى بالا، (بىزنىڭ) بىرىمىز ئوغۇل، بىرىمىز قىز.*

*b. بىزنىڭ بىرىمىز ئۇيغۇر، بىرىمىز ئۆزبېك.*

*c. بۇ پىلاستىنكىلارنىڭ ئىككىسى مېنىڭ، ئۈچى دوستۇمنىڭ.*

*d. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدۇ.*

*e. يوغان تاۋۇزلار ئىكەن، (ئۇلارنىڭ) ئىككىسى ئون كىلو كېلىدۇ.*

ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گىراماتىكا ئەسەرلىرىدە ساننىڭ بۇ تۈرى توغرۇلۇق سۆز ئېچىلمايدۇ. پەقەت ئەمىر نەجىپ ساناق سانلار ئۈستىدە توختالغىنىدا، ساناق سانلارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ ئىسىملىشىدىغانلىقىنى

ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. ئەمەلىيەتتە سانىنىڭ بۇ تۈرى جانلىق تىلدا ئۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن «كىشىلىك سان»دىمۇ كۆپ قوللىنىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ئەلۋەتتە سانىنىڭ ئايرىم بىر تۈرى ھېسابلاپ سانىنىڭ گىراماتىك تۈرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش كېرەك.

## 3 §. سانىنىڭ ئالاھىدە قوللىنىلىشى

### 1. سانىنىڭ بىۋاستە ئىسىملىشىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ساناق سان ۋە كەسىر سانلار بەزىدە، بولۇپمۇ ماتېماتىكىدا ئابستراكت سان ئۇقۇمىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار بىۋاستە ئىسىملىشىپ، كېلىش كاتېگورىيەسى بويىچە تۈرلىنىدۇ ۋە جۈملىدە ئىسىم ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۈچكە بەشنى قوشسا سەككىز بولىدۇ.*

*b. ئون ئىككىدىن يەتتىنى ئالسا بەش قالىدۇ.*

*c. ئىككى سەككىز ئون ئالتە.*

*d. ئالتە جۈپ سان.*

### 2. سانىنىڭ بىۋاستە ئالماشلىشىشى

ساناق سانلار ۋە بەزى مۆلچەر سانلار بەزىدە بىۋاستە ئالماشلىشىپ، چۈشۈم كېلىش شەكلىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ۋە كونتېكستتا مەلۇم بولغان ياكى چىقىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەلۇم بىر تىپتىكى شەيئىنىڭ شۇ سان ئېنىقلىغان قىسمىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەنمۇ مۇشۇنداق تېلېۋىزوردىن بىرنى ئالىمەن.*

*b. ئالمىنىڭ كىلوسى قانچە؟ ماڭا يەتتە-سەككىزنى تارتىپ بېرىڭ.*

*c. ماي قەلەمدىن بەشنى، قېرىنداشتىن ئوننى بىرىڭ.*

**3. سانلارنىڭ ۋاقىت ئىسمى بولۇپ كېلىشى**

ئۇيغۇر تىلىدا بىرقىسىم ساناق سانلار بەلگىلىك كونتېكىستتا ئىسىمغا ئايلىنىپ كېتىدۇ:

1) «ئايغا (چېسلاغا)» ياكى «ھەپتىگە» سۆزىنى بېقىندۇرۇپ كەلگەن ساناق سانلار خەۋەر بولۇپ، شۇ ئاي ياكى شۇ ھەپتىنىڭ نەچچىنچى كۈنى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۈگۈن ئايغا ئون ئىككى.*

*b. بۈگۈن 2-ئايغا يىگىرمە بەش.*

*c. ئەتە ھەپتىگە ئۈچ،ئۆگۈنلۈككە تۆت.*

2) «ئاينىڭ» ياكى «ھەپتىنىڭ» سۆزىنى بېقىندۇرۇپ، تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ساناق سانلار شۇ ئاي ياكى شۇ ھەپتىنىڭ شۇ سان تەرتىپىدىكى كۈنىنى بىلدۈرۈپ، «...نچى كۈنى» دېگەن ئىبارە بىلەن تەڭداش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۆتكەن ھەپتىنىڭ بىرىدىكى (بىرىنچى كۈنىدىكى) ئىش قانداق بولدى؟*

*b. دەرس كېيىنكى ئاينىڭ ئونى (ئونىنچى كۈنى) باشلىنىدۇ.*

*c. 3-ئاينىڭ يىگىرمە بىرى (يىگىرمە بىرىنچى كۈنى) نورۇز بايرىمى.*

3) «سائەت» سۆزىدىن كېيىن كەلگەن ساناق سانلار سائەت بويىچە ھېسابلانغان مەزگىل ئىسمىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىمغا ئوخشاش تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھازىر سائەت توققۇز.*

*b. سائەت ئوندا ئۇخلايمەن.*

*c. سائەت بەشتىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتتى.*

*d. ئويۇن سائەت يەتتىدىن ئونغىچە داۋام قىلىدۇ.*

www.uyghurkitap.com

**4. سانلارنىڭ ياشنى ئىپادىلەپ كېلىشى**

ئۇيغۇر تىلىدا بەزى ساناق سان ۋە مۆلچەر سانلار بەلگىلىك كونتېكىستتا، بولۇپمۇ «كىرمەك»، «ئاشماق» پېئىللىرى بىلەن بېقىنىپ كەلگەندە، شۇ سان كۆپلۈكىدىكى ياش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. سەن كىچىك ئەمەس، ئون سەككىزگە كىردىڭ.*

*b. ئۇ سەكسەندىن ئاشقان بولسىمۇ، تېنى بەكلا ساغلام.*

*c. ئۇكاممۇ ئون بەشكە كىرىپ قالدى.*

**5. سانلارنىڭ نومۇرنى بىلدۈرۈپ كېلىشى**

ئۇيغۇر تىلىدا ساناق سان، بەزى مۆلچەر سانلار بەزىدە بىۋاسىتە، بەزىدە چۇشۇم كېلىش شەكلىدە «ئالماق» ياكى «قويماق» پېئىلىغا بېقىنىپ، ئىمتىھان نەتىجىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئىنگلىز تىلىدىن 98( نى) ئاپتۇ.*

*b. مۇشۇنداق جاۋاب بەرسىڭىز 100 (نى) قويىمەن.*

*c. ھەر بىر دەرستىن 100 (نى) ئالماق ئاسان ئەمەس.*

**6. سانلارنىڭ خانا ئىسمى بولۇپ كېلىشى**

ئۇيغۇر تىلىدا «بىر»، «ئون»، «يۈز»، «مىڭ»، «يۈز مىڭ»، «بىر مىليون»، «ئون مىليون»، «يۈز مىليون»، «بىر مىليارد»، «ئون مىليارد»... قاتارلىق سانلار «-لار \ -لەر» قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ خانا ئىسمىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*بىرلەر، ئونلار، يۈزلەر، مىڭلار، ئون مىڭلار، يۈز مىڭلار...*

*بىرلەر خانىسى، ئونلار خانىسى، يۈزلەر خانىسى، مىڭلار خانىسى....*

### 7. «بىر» نىڭ ئالاھىدە قوللىنىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدا «بىر» دېگەن سان سۆز مىقدارنى ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى، يەنە تۆۋەندىكى ئالاھىدە مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ:

1) ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، ئېنىقلانغۇچىنى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

a. *بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە.*

b. *ئۇ ناھايىتى تىرىشچان بىر ئوقۇغۇچى.*

c. *بۇ ئايىغى چىقمايدىغان بىر ئىش.*

2) ئېنىقلىغۇچى بولۇپ ئېنىقلانغۇچى ئىپادىلىگەن بىر تىپتىكى شەيئىنىڭ مەلۇم بىرىنى كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

a. *مەن سىزنى بىر جايدا كۆرگەن.*

b. *بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلدىم.*

c. *سىزنى بىر ئادەم ساقلاۋاتىدۇ.*

3) ئوخشاشلىقنى ياكى بىللىلىكنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق مەنىدە كەلگەندە جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى، خەۋەر، ھالەت ۋەزىپىلىرىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

a. *بىز ئۇلار بىلەن بىر تۇرىمىز.*

b. *ئىككىمىز بىر قاراشتا ئىكەنمىز.*

c. *ئىككىمىزنىڭ پىكرى بىر ئىكەن.*

4) سۈپەت ۋە پېئىللارنىڭ ئالدىدا ھالەت بولۇپ كېلىپ، سۈپەت ياكى پېئىلنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

a. *بىر جاھىل بالا ئىكەن بۇ.*

b. *بىر ئەستايىدىل ئادەم ئىكەن بۇ.*

c. *ئۇ بىر قارىۋىدى، پاراڭلىشىۋاتقانلار جىم بولۇپ قالدى.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش سۇپىسى

5) تەكرارلىنىپ كېلىپ باغلىغۇچىلىق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ بىر ئۇيانغا ماڭىدۇ، بىر بۇيانغا ماڭىدۇ.*

*b. بۇ ئىشتىن بىر كۈلىمەن، بىر يىغلايمەن، نېمە قىلارىمنى بىلمەيلا قالدىم.*

6) ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى ۋە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ، پۈتۈنلەي ئىسىملىشىپ، خۇددى ئالماشلارغا ئوخشاش ئىسىمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ:

(1) 3 ـ شەخس قوشۇمچىسى «ـ سى» بىلەن بىرىكىپ، ناتونۇش شەيئىنى، بولۇپمۇ ئادەمنى بىلدۈرىدىغان «بىرسى» سۆزىنى ياسايدۇ. «بىرسى» سۆزى يەنە ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، «كىشىلەرنىڭ، باشقىلارنىڭ» دېگەن مەنىنى، باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ، ئېنىقسىز شەيئىنى، ئىسىمنىڭ 2 ـ شەخس قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، مەلۇم ئادەملەر توپى ئىچىدىكى نامەلۇم بىر شەخسنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. گۈلنار، سىرتتا بىرسى سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ. (ئىگە)*

*b. بىرسىنىڭ نەرسىسىنى بىسوراق ئېلىشقا بولمايدۇ. (ئېنىقلىغۇچى)*

*c. ئىشقىلىپ، مەن بۇ گەپنى بىرسىدىن ئاڭلىغان. (ھالەت)*

*d. دىققەتسىزلىكىمدىن، يولدا بىرسىنى سوقۇۋېتىمەن. (تولدۇرغۇچى)*

(2) «باشقا» سۆزى بىلەن بىرىكىپ، شەيئىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەمدە شۇ شەيئىنىڭ سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەن ئېنىقسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن ئۆينىڭ گېپىنى قىلىۋاتسام، سەن باشقا بىر گەپنى قىلىپ كەتتىڭغۇ.*

*b. توختاپ تۇرۇڭ، مەن باشقا بىر ئامال ئىزدەپ باقاي.*

7) «كۈن، يىل، ۋاقىت» دېگەندەك ۋاقىت ئىسىملىرى بىلەن بىرىكىپ، نامەلۇم ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىر يىللاردا سىز قەشقەردىمۇ ئىشلىگەنغۇ دەيمەن.*

*b. بىر كۈنى ئەپەندىم دوستىنى ئىزدەپ بېرىپتۇ.*

8) ئالماشلارنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

(1) ئېنىقسىز ئالماشلارغا ئۇلىنىپ كېلىپ، شەيئى، بەلگە، ئورۇن، جاينىڭ ئېنىقسىزلىقىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. يىراقتىن كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.*

*b. قاياقتىندۇر بىريەردىن مۇڭلۇق نەي ئاۋازى ئاڭلاندى.*

*c. ئۇنى قايسىبىر ئۆيدە كۆرگەندەك قىلىمەن.*

(2) بەزى ۋاقىتتا «نېمە» دېگەن سوراق ئالماش بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ ئالماش ۋەكىللىك قىلغان نەرسە ۋە شەيئىدىن بىزار بولۇش، ئۇنى ئۆچ كۆرۈش ھېسسىياتىنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھوي گۇلسۇم، ماۋۇ بىرنېمىلىرىڭنى تېزرەك يىغىشتۇرمامسەن؟!*

*b. ئاڭلىسام، تۇرسۇن دېگەن يانچۇقچى بىر نېمىكەن.*

(3) «شۇنداقلا»، «مۇنداقلا» دېگەندەك كۆرسىتىش ئالماشلىرىنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ ئىنتوناتسىيەدە ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. شۇنداقلا بىر سالام قىلىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.*

*b. مۇنداقلا بىر ئىتتىرىپ قويسام، يىقىلىپ كەتتى.*

9) سۈپەت، پېئىل، رەۋىشلەرگە ئۇلىنىپ كېلىپ، تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

(1) سۈپەت ۋە پېئىللارنىڭ ئالدىدا ھالەت بولۇپ كېلىپ،

ئۇنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. بىر ئوبدان ئۇخلاۋاتقان باللارنى ئويغىتىپ نېمە قىلىسىز ؟*

*b. ئۇ بىر ۋارقىرىۋىدى، ھەممەيلەن قورقۇپ كەتتى.*

*c. مۇنۇنى بىر ئوينىتىپ كېلە!*

(2) بەزىدە سۈپەتنىڭ كەينىدە كېلىپ، يەنىلا سۈپەتنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. ياۋاشمۇ بىر بالا ئىدى ئۇ.*

*b. تۈزۈك بىر خەت يېزىڭا بالام.*

(3) رەۋىشلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىپ، رەۋىشنىڭ جۈملىدىكى رولىنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن:

*a. تازىمۇ بىر كېلىشمەسلىك بولدى ـ دە، بۇ.*

*b. ۋاي ـ ۋۇي، ئەجەب بىر كۆپ سۆزلەپ كەتتىڭىزغۇ؟*

*c. ئەمدى بىر ئارام ئالاي دېسەم، يەنە مېھمان كېلىپ قالدى.*

10) «بىر» سۆزى بىر قىسىم پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە يەنە تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

(1) «كەلمەك» پېئىلى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، «نەقمۇنەق»، «لىقمۇلىق»، «تولغان»، «چېچىلغان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ گىلەم ئۆيگە بىر كەلدى.*

*b. ئاياغ پۇتۇمغا بىر كەلدى.*

*c. قەغەز پارچىلىرى مەيدانغا بىر كەلدى.*

*d. كونا گېزىت ئىشخانىغا بىر كەلدى.*

(2) «قىلماق» پېئىلى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، «تارقىتىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە سەلبىي مەنىدە، دېيىشكە، تارقىتىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئۇچۇرلارنى تارقاتقانلىق مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ بۇ ئىشنى ئالەمگە بىر قىلدى.*

*b. گۈلنار ئەتىسلا بۇ گەپنى پۈتۈن مەكتەپكە بىر قىلدى.*

(3) «تۇرۇپ» پېئىلى (رەۋىشداش) بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، «بىردەم» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. هاۋا بىر تۇرۇپ ئېچىلىدۇ، بىر تۇرۇپ تۇتۇلىدۇ.*

*b. بىر تۇرۇپ ئۇنى ئالىمەن دەيدۇ، بىر تۇرۇپ بۇنى ئالىمەن دەيدۇ.*

(4) «بولسا» دېگەن شەرت پېئىلى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، مۆلچەر، ئېھتىماللىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ بىر بولسا بۈگۈن كېلىدۇ، بىر بولسا ئەتە كېلىدۇ.*

*b. بۇ ئىشنى بىر بولسا مۇھەممەت بىلىدۇ، بىر بولسا گۈلشەن بىلىدۇ.*

11) «بىر» سۆزى بەزىدە قوشما جۈملە خەۋىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا بولغان نارازىلىقىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. ۋاي ـ ۋۇي، مېنى ئەيىبلەپ سەن بىر مېنىڭ ئاپامىدىڭ ؟!*

*b. مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلىپ، مەن بىر ئۇنىڭغا نېمە قىلىپتىمەن؟!*

12) ئىسىملارنىڭ كەينىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىپ، ئېنىقلانغۇچىنى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ تولىمۇ جاپالىق بىر ئىش.*

*b. ئۇ ناھايىتى قارا نىيەت بىر ئادەم.*

13) ئوخشاشلىقنى ۋە بىللىلىكنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق چاغدا ئەگەر پېئىلغا بېقىنىپ كەلسە، ھالەت ياكى خەۋەر ۋەزىپىسىنى، ئىسىمغا بېقىنىپ كەلسە، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئوسمان بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۆيى بىر يەردە.*

*b. پەرىزىمچە، دادام بىلەن بىر دېمەتلىك ئادەمغۇ دەيمەن.*

*c. ئىككىمىزنىڭ مەقسىتى بىر ئىكەن.*

www.uyghurkitap.com

14) ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى «-دەك» بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، «ھەممە، ھەممىسى، بىرلىشىش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. كۆپچىلىك بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشىغا بىردەك ئاۋاز قوشتى.*

*b. ئۇنىڭ پىكرىگە ھەممىمىز بىردەك قوشۇلدۇق.*

15) ئورۇن - پەيت كېلىش قوشۇمچىسى «-دە» بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، «بىردەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. تاغنىڭ ھاۋاسى ئاجايىپ، بىردە ھاۋا ئېچىلىدۇ، بىردە تۇتۇلىدۇ، بىردە شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ.*

*b. ئۇ مېنى كۆرسە بىردە سالام قىلىپ ھالى قالمايدۇ، بىردە تەتۇر قاراپ ماڭىدۇ.*

16) يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى «-گە» بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، «بىللە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. يۈرۈڭ، بىرگە كىنو كۆرەيلى.*

*b. سىز بىلەن بىرگە بولسام، ئۆزۈمنى بەك خاتىرجەم ھېس قىلىمەن.*

17) چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ھەرىكەتكە بېقىنىپ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ قېتىم سانىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ بىرنى تېپىپ ئىشىكنى ئېچىۋەتتى.*

*b. ياسىن بىرنى ئۇسۇپلا ئۇنىڭ بۇرنىنى قانىتىۋەتتى.*

18) «بىر» سۆزى يەنە بىرنەچچە خىل ئۇسۇلدا تەكرارلىنىپ كېلىپ، تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

(1) بىردىنبىر: «يالغۇز، ئاساسلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر بايلىقى.*

*b. سىز مېنىڭ بىردىنبىر يېقىن ئادىمىم.*

(2) بىرمۇ بىر : «ئىنچىكىلىك بىلەن، تەپسىلىي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. سىز ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ.*

*b. بۇ ماقالىلەرنى بىرمۇبىر كۆرۈڭ.*

(3) بىرە ـ بىرە : ـــ «ئاندا-ساندا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ بىرە ـ بىرە بۇ تەرەپلەرگىمۇ كېلىپ قويىدۇ.*

*b. قويلار تۇغىدۇ بىرە ـ بىرە، يۈرىدۇ گىرە ـ گىرە، ئىتلار تۇغىدۇ گىرە ـ گىرە، يۈرىدۇ بىرە ـ بىرە.*

19) باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ سۆز ياساش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*بىرھازا (رەۋىش)، بىركەم (رەۋىش)، بىردەم (رەۋىش)، بىركىم (ئالماش)، ھېچبىر (ئالماش)، بىرتۇتاش (رەۋىش)، بىر قۇر (رەۋىش)، بىرقەدەر (رەۋىش)، بىرقىسما (رەۋىش)، بىر پەس (رەۋىش)، بىرمۇنچە (سۈپەت).*

## §4. سان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملارنىڭ ئىپادىلىنىشى

### 1. تۆت ئەمەلنىڭ ئىپادىلىنىشى

1) قوشۇش

قوشۇلغۇچىغا يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ، قوشقۇچىغا چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن «قوش ـ» دېگەن پېئىلنىڭ شەرت رايى شەكلى كېلىدۇ، ئاندىن يىغىندى ئېيتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كەينىگە «بولىدۇ» دېگەن سۆز كېلىدۇ. يەنى: $M_1+$ گە $M_2+$ نى قوشسا $M_3$ بولىدۇ. مەسىلەن:

*ئىككىگە ئىككىنى قوشسا تۆت بولىدۇ.*

2) ئېلىش

ئېلىنغۇچىغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ، ئالغۇچىغا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن «ئال -» پېئىلىنىڭ شەرت رايى شەكلى كېلىدۇ، ئاندىن نەتىجە ئېيتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كەينىگە «قالىدۇ» دېگەن سۆز كېلىدۇ. يەنى: $M_1$+ دىن $M_2$+نى ئالسا $M_3$ قالىدۇ. مەسىلەن:

*ئوندىن ئىككىنى ئالسا سەككىز قالىدۇ.*

3) كۆپەيتىش

كۆپەيگۈچىگە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ، كۆپەيتكۈچىگە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن «كۆپەيت -» پېئىلىنىڭ شەرت رايى شەكلى كېلىدۇ، ئاندىن يىغىندى ئېيتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كەينىگە «بولىدۇ» دېگەن سۆز كېلىدۇ. يەنى: $M_1$+ گە $M_2$+ نى كۆپەيتسە $M_3$بولىدۇ. مەسىلەن:

*ئىككىگە ئىككىنى كۆپەيتسە تۆت بولىدۇ.*

جانلىق تىلدا كېلىش قوشۇمچىلىرى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

*ئىككى سەككىز ئون ئالتە.*

4) بۆلۈش

بۆلۈنگۈچىگە چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ، بۆلگۈچىگە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن «بۆل -» پېئىلىنىڭ شەرت رايى شەكلى كېلىدۇ، ئاندىن يىغىندى ئېيتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كەينىگە «بولىدۇ» دېگەن سۆز كېلىدۇ. يەنى: $M_1$+ نى $M_2$+ گە بۆلسە $M_3$بولىدۇ. مەسىلەن:

*ئالتىنى ئىككىگە بۆلسە ئۈچ بولىدۇ.*



www.uyghurkitap.com

**2. ھەسسىلىك سانىنىڭ ئىپادىلىنىشى**

ھەسسىلىك سانلار «ھەسسە» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئون ــــ بەشنىڭ ئىككى ھەسسىسى.*

*b. ئۇنىڭ مائاشى مېنىڭ مائاشىمنىڭ ئۈچ ھەسسىسى.*

*c. ئۇنىڭ قويلىرى مېنىڭكىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ.*

**3. ئاي ـ كۈنلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى**

1) يىل، ئاي، كۈننىڭ ئىپادىلىنىشى

ئۇيغۇر تىلىدا يىل، ئاي، كۈننى ئىپادىلەيدىغان سانلار دەرىجە سان شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. «ئاي» دېگەن سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى، «كۈن» دېگەن سۆزگە 3 ـ شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. 2002 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى.*

*b. بۈگۈن 2009 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى.*

2) ئايناملىرى ۋە ئىشلىتىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدا ئاي ناملىرى ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ:

(1)جانلىق تىلدا كۆپىنچە سانلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*1ـئاي، 2ـئاي، 3ـئاي، 4ـئاي،5ـئاي، 6ـئاي،*
*7ـئاي، 8ـئاي،9ـئاي، 10ـئاي، 11ـئاي، 12ـئاي.*

(2) يېزىق تىلىدا خاتىرە كۈنلەرنى ئىپادىلەشتە رۇس تىلىدىن كىرگەن ئاي ناملىرى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*يانۋار، فېۋرال، مارت، ئاپرېل، ماي، ئىيۇن،*
*ئىيۇل، ئاۋغۇست، سېنتەبىر، ئۆكتەبىر، نويابىر، دېكابىر.*

سانلار بىلەن كەلگەن ئاي ناملىرى كۆپىنچە جانلىق تىلدا ۋە

www.uyghurkitap.com



خاتىرە كۈنلەردىن باشقا چېسلالارنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. چېسلانى ئىپادىلىگەندە «Mىنچى ئاينىڭ M ىنچى كۈنى»، «Mىنچى ئاينىڭM ى ياكى «Mىنچى ئايغاM » شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. يىغىن 4-ئايدا ئېچىلىدۇ.*

*b. قىزىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى 7-ئايدا.*

*c. مۇشۇ ئاينىڭ ئونى پىراكتىكىغا ماڭىمىز.*

*d. بۈگۈن 3-ئاينىڭ 7-كۈنى.*

*e. ئەتە 3-ئايغا سەككىز.*

خاس ئاي نامىلىرى ئاساسەن يېزىق تىلىدا، خاتىرە كۈنلەرنى ئىپادە قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەتە «8 - مارت» خانىم - قىزلار بايرىمى.*

*b. «10 - سېنتەبىر» ئېلىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى.*

*c. «1 - ئىيۇن» خەلقئارا باللار بايرىمى.*

3) ھەپتە نامىلىرى ۋە ئىشلىتىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدا ھەپتىنى ئىپادىلەشتە ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ:

(1) «ھەپتىنىڭ»، «ھەپتىگە» سۆزىدىن كېيىن بىردىن ئالتىگىچە بولغان دەرىجە سانلىرى ياكى ساناق سانلار كېلىدۇ. يەكشەنبە كۈنىنى «ھەپتىنىڭ يەتتىسى» شەكلىدە ئىپادىلەشكە بولمايدۇ. مەسىلەن:

*a. بۈگۈن ھەپتىنىڭ 5-كۈنى.*

*b. تۈنۈگۈن ھەپتىگە تۆت.*

(2) خاس ھەپتە نامىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، بۇ ناملار ئاساسەن پارس تىلىدىن كىرگەن. بۇ سۆزلەرنىڭ ئىچىدىكى «جۈمە» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى «جەم بولماق» دېگەن مەنىدىكى سۆزدىن كەلگەن. ھەپتىنىڭ 5-كۈنىنى ئىپادىلەيدىغان يەنە بىر «ئازنا» دېگەن سۆزمۇ بار. مەسىلەن:

*دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە، جۈمە، شەنبە، يەكشەنبە*

ھەپتە كۈنلىرىنى ئىپادىلەشتە ئەگەر سانلار بىلەن ئىپادىلەنسە «ھەپتىنىڭ $M$ نىچى كۈنى» ياكى «ھەپتىنىڭ $M$ ى» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. خاس ئاتالغۇلىرى بىلەن كەلگەندە بىۋاسىتە شۇ سۆزلەر ئىيتىلىدۇ. بەزى شىۋىلەردە يەنە «ئازنا» سۆزى «جۈمە» سۆزىنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدۇ ۋە مۇشۇ خاس ئاتالغۇلار بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى سانلار ئارقىلىق ئىپادىلەنمەيدۇ. يەنى، يەكشەنبە بازار، دۈشەنبە بازار، ئازنا بازار دېگەندەك. «يەكشەنبە» كۈنى ئۈچۈن پەقەت مۇشۇ ئاتالغۇ ئىشلىتىلىدۇ، سان بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

$a$. *ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى (ئىككىسى) مېنى ئىزدەڭ.*

$b$. *ھەپتىنىڭ بىرى (بىرىنچى كۈنى) دەرسىم يوق.*

$c$. *دۈشەنبە خوتەنگە ماڭىمەن.*

$d$. *يەكشەنبىدىكى نەزىرنى ئۇنتۇپ قالماڭ.*

**4. سائەتنىڭ ئىپادىلىنىشى**

1) دەل ۋاقىتنىڭ ئىپادىلىنىشى

دەل ۋاقىتنى ئىپادىلەشتە «سائەت X » دېگەن شەكىل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

$a$. *ھازىر سائەت 12 بولدى.*

$b$. *سائەت 8دە دەرس باشلىنىدۇ.*

2) پارچە ۋاقىتنىڭ ئىپادىلىنىشى

پارچە ۋاقىت تۆۋەندىكى شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) يېرىم سائەتنى ئىپادىلەشتە «سائەت X يېرىم» دېگەن شەكىل قوللىنىلىدۇ.

$a$. *پويىز سائەت تۆت يېرىمدا ماڭىدۇ.*

$b$. *ھازىر سائەت ئىككى يېرىم بولدى.*

(2) 15 مىنۇتنى ئىپادىلەشتە «چارەك» سۆزى قوللىنىلىدۇ ياكى « سائەت M دىن 15 مىنۇت ئۆتتى»دېگەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. هازىر ئىككىگە چارەك قالدى.*

*b. سائەت ئىككىگە 15 مىنۇت قالدى.*

*c. ئايروپىلان ئۈچتىن چارەك ئۆتكەندە كېلىدۇ.*

(3) يېرىم سائەتتىن ئاز قالغان ۋاقىت ئۈچۈن كېيىنكى سان ئېيتىلىپ « سائەت M دىن M مىنۇت ئۆتتى» دېگەن شەكىل قوللىنىلىدۇ. ( جانلىق تىلدا كۆپىنچە «سائەت، مىنۇت» سۆزلىرى چۈشۈپ قالىدۇ.) مەسىلەن:

*a. هازىر سائەت ئىككىدىن 23 مىنۇت ئۆتتى.*

*b. سائەت ئوندىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە دەرستىن چۈشىمىز.*

(4) يېرىم سائەتتىن ئاز قالغان ۋاقىت ئۈچۈن كېيىنكى سان ئېيتىلىپ « سائەت M گە M مىنۇت قالدى» دېگەن شەكىل قوللىنىلىدۇ. (جانلىق تىلدا كۆپىنچە «سائەت، مىنۇت» سۆزلىرى چۈشۈپ قالىدۇ.) مەسىلەن:

*a. هازىر سائەت ئىككىگە ئون مىنۇت قالدى.*

*b. سائەت ئونغا 20 مىنۇت قالغاندا دەرستىن چۈشىمىز.*

# بەشىنچى باب

# مىقدار سۆزلەر

## §1. مىقدار ھەققىدە

شەيئىلەرنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر مىقدار دەپ ئاتىلىدۇ. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئىچىدىكى تېگىگە سىزىلغان سۆزلەر مىقدار ھېسابلىنىدۇ:

*بەش نەپەر ئادەم، ئىككى دانە كەتمەن، ئۈچ جىڭ گۆش، ئون مو يەر، يۈز كىلومېتىر يول، ئىككى نۇسخا گېزىت، بىر سىقىم گازىر، بىر يۇتۇم سۇ، بىر سىلىم چاي، بىر چىمدىم تۇز، بەش تىۋىق مال، ئۈچ تال بېلىق، تۆت ساندۇق كىتاب، بەش سائەت ئىشلىمەك، ئۈچ قېتىم بارماق، ئون كۈن تۇرماق...*

## §2. مىقدارنىڭ تۈرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدارلار كېلىش مەنبەسىگە قاراپ خاس مىقدار ۋە كۆچمە مىقدار دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. خاس مىقدار

خاس مىقدار رولىدىلا كېلىدىغان سۆزلەر خاس مىقدارغا كىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى خاس مىقدارلار ئىچىدە قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقانلىرىمۇ، خەنزۇ، رۇس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغانلىرىمۇ بار. بۇلاردىن خەلقئارا ئۆلچەم

www.uyghurkitap.com

بىرلىكلىرى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ئاساسەن رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپا تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنغان ئىلىم ـ پەن ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئىچىدە ئىنگلىز تىلىدىن قوبۇل قىلىنغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن:

1) ئۇزۇنلۇق بىرلىكلىرى:

*غۇلاچ، غېرىچ، چامدام، چاقىرىم، ئۇن يىتىم...*

*كىلومېتىر، مېتىر، سانتىمېتىر، مىللىمېتىر، مىكرومېتىر...*

گەز، چى، سۇڭ...

2) يۈز بىرلىكلىرى:

*كىۋادرات، كىلومېتىر، كىۋادرات مېتىر، مو، ئار، گېكتار...*

3) سىغىم بىرلىكلىرى:

*ئوچۇم، سىقىم، قوشۇق...*

*كىلولىتىر، لىتىر، مىللىلىتىر، كۇب...*

4) ئېغىرلىق بىرلىكلىرى:

*دادەن، شىلڭ، كۇرە، چارەك، قاداق...*

*توننا، كىلوگىرام، گىرام، مىللىگىرام، جىڭ، سەر...*

5) كەسپىي ئۆلچەم بىرلىكلىرى:

*ۋات (توك)، مول (قويۇقلۇق)، ۋولت (توك بېسىمى)...*

6) پۇل ناملىرى:

*يۈەن (جۇڭگو)، يېن (ياپونىيە)، تەڭگە (قازاقىستان)، لىرا (تۈركىيە)، دوللار (ئامېرىكا)، رۇپىيە (پاكىستان، ھىندىستان)، فوند ستېرلىڭ (ئەنگلىيە)، ياۋرو (ياۋروپا ئىتتىپاقى)، كرون (شىۋېتسىيە)، ۋون (كورىيە) ...*

7) ھەرىكەت مىقدارلىرى:

*قېتىم، نۆۋەت، رەت...*

8) ۋاقىت مىقدارلىرى:

*يىل، ئاي، كۈن، سائەت، مىنۇت، سېكۇنت، ئاش پىشىم...*

9) باشقىلار:

*نەپەر، تال، دانە، باغلام، يۈتۈم...*

**2. كۆچمە مىقدارلار**

ئۇيغۇر تىلىدا بەلگىلىك سىغىمى بار شەيئىلەر ۋە ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار مىقدار ۋەزىپىسىدە كېلەلەيدۇ. ئىسىملار مىقدار ۋەزىپىسىدە كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئىسىمغا خاس خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، مىقدارغا خاس خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ. (شەيئى ئۇقۇمىنى بىلدۈرمەستىن مىقدار ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ ۋە مىقدارغا خاس گىراماتىكىلىق شەكىللەر بويىچە تۈرلىنىدۇ.) شۇڭا، مۇشۇنداق مىقدار ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئىسىملارنى كۆچمە مىقدار دەپ ئاتايمىز.

تۆۋەندە تېگىگە سىزىلغان سۆزلەر كۆچمە مىقدار ھېسابلىنىدۇ:

*بىر ساندۇق كىتاب، بىر ئېغىز ئۆي، ئىككى چىنە چاي، بىر ماشىنا كۆمۈر، بىر قوشۇق تۇز، بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى، بەش يىل ئىشلىمەك، تۆت كۈن تۇرماق.....*

مىقدارلار مەنىسى ۋە بىرىكىش ئىقتىدارىغا قاراپ شەيئى مىقدارلىرى ۋە ھەرىكەت مىقدارلىرى دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ:

1. شەيئى مىقدارلىرى

ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ شەيئىنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار شەيئى مىقدارلىرىغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

*ئىككى تال لىم، ئۈچ ئېغىز ئۆي، بىر قۇر كىيىم، ئىككى ماشىنا كۆمۈر، بەش تونىنا بۇغداي، ئۈچ تاغار ئۇن، يىگىرمە*

www.uyghurkitap.com

*مېتىر رەخت، تۆت لىتىر سۈت، ئەللىك كىلوگىرام گۆش.*

2. ھەرىكەت مىقدارلىرى

پېئىللار بىلەن بىرىكىپ ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار ھەرىكەت مىقدارلىرىغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

*ئىككى قېتىم بارماق، ئۈچ مەيدان ئوينىماق، ئىككى سائەت سۆزلەشمەك، بەش يىل ئوقۇماق، ئون مىنۇت دەم ئالماق*

شەيئى مىقدارلىرى مەنىسىگە قاراپ يەنە ساناق مىقدارلىرى ۋە ئۆلچەم مىقدارلىرى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. ساناق مىقدارلىرى

ساناشقا بولىدىغان شەيئىلەرنىڭ گەۋدە بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار ساناق مىقدارلارغا كىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ساناق مىقدارلىرى خەنزۇ تىلىدىكىدەك كۆپ ئەمەس. چۈنكى، ئۇيغۇر تىلىدا ساناشقا بولىدىغان نۇرغۇنلىغان شەيئىلەرنىڭ سانىنى بىۋاسىتە سان بىلەنلا ئىپادىلەشكە بولىدۇ. (مەسىلەن، بىر ئادەم، بەش تاغ، ئىككى ئايروپىلان، تۆت ئاي، ئىككى جوزا) ئۇيغۇر تىلىدا ئادەمنىڭ گەۋدە بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان «نەپەر» (مەسىلەن، ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى، بەش نەپەر جەڭچى)؛ تۈرلۈك بويۇم ۋە قورال ـ سايمانلارنىڭ گەۋدە بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان «دانە» (مەسىلەن، بىر دانە تەخسە، تۆت دانە ئورۇندۇق)؛ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گەۋدە بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان «تۈپ» (مەسىلەن: بىر تۈپ ئالما، ئىككى تۈپ بەسەي)؛ بەزى ئۇزۇنچاق نەرسىلەرنىڭ ۋە بەزى مېۋىلەرنىڭ گەۋدە بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان «تال» (مەسىلەن، بىر تال لىم، بىر تال ئارغامچا، ئىككى تال ئالما، ئون تال ئۆرۈك)؛ ياپىلاق

نەرسىلەرنىڭ گەۋدە بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان «پارچە» (مەسىلەن، ئىككى پارچە كىتاب، بىر پارچە خەت، بىر پارچە ماقالە) قاتارلىق بىرقانچە ساناق مىقدارلىرىلا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «نەپەر»، «دانە» مىقدارلىرى بەزىدە ئىستىلىستىكىلىق زۆرۈرىيەت بىلەن قوللىنىلمىسىلا ئادەتتە قوللىنىلمايدۇ.

2. ئۆلچەم مىقدارلىرى

ساناشقا بولمايدىغان شەيئىلەرنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى ۋە ساناشقا بولىدىغان شەيئىلەرنىڭ گەۋدە بىرلىكىدىن باشقا ئۆلچەمدىكى ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار ئۆلچەم مىقدارلىرىغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

*بىر چېلەك سۇ، بىر قاپ سەرەڭگە، بىر خالتا ئۇن، بىر بوتۇلكا پىۋا، بەش جىڭ گۆش، يۈز كىلومېتىر يول، بەش گاللون ماي، بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى، بىر ماشىنا ئادەم، بىر قورۇ قوي.*

## §3. مىقدارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى

مىقدارلار ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەتتە سانلار بىلەن بىرىكىپ سان ـ مىقدار بىرىكمىسى شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. شۇڭا، مىقدارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە سۆزلىگىنىمىزدە ئاساسەن سان ـ مىقدار بىرىكمىسىنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە توختىلىمىز. سان ـ مىقدار بىرىكمىسى تۆۋەندىكى گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە :

1. سان ـ مىقدار بىرىكمىسى مىقدارلارغا ساناق سان ۋە مۆلچەر سانلارنىڭ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. «ـچە» ياكى «ـدەك \ ـتەك» قوشۇمچىسى ئارقىلىق

www.uygurkitap.com

ياسالغان مۆلچەر سانلار ۋە تەقسىم سانلار مىقدار بىلەن بىرىككەندە، ساندىكى قوشۇمچە مىقدارغا يۆتكىلىدۇ: «يېقىن»، «ئارتۇق» سۆزلىرى بىلەن ياسالغان مۆلچەر سانلار مىقدار بىلەن بىرىككەندە، «يېقىن»، «ئارتۇق» سۆزلىرى مىقدارغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

*بەش تال (ئارغامچا)، يىگىرمە مو (يەر)، ئىككى جىڭ (گۆش)، ئىككى قېتىم (بارماق)، نەچچە مېتىر (رەخت)، ئىككى ـ ئۈچ تۈپ (دەرەخ)؛*

*بىر چىنىچە (سۇ)، تۆت سەردەك (ياغ)، ئىككى ئايچە (تۇرماق)، بىر پارچىدىن (ماقالە يازماق)، ئىككى قېتىمدىن (بارماق)، ئىككى جىڭدىن ئارتۇق (گۆش)*

2. دەرىجە سانلارمۇ بەزى مىقدارلارنى ئېنىقلاپ، سان ـ مىقدار بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*ئىككىنچى قېتىم (بارماق)، بىرىنچى مەيدان (كىنو)*

3. سان ـ مىقدار بىرىكمىسى جۈملىدە ئىسىم، ئىسىم بىرىكمىلىرىگە بېقىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. پېئىل ياكى پېئىل بىرىكمىلىرىگە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*بەش تال ئارغامچا، ئون جىڭ قوي مېيى، ئىككى قۇتا قىزىل رەڭ. بەش يىل ئوقۇماق، ئۈچ قېتىم قاتناشماق*

4. سان ـ مىقدار بىرىكمىسى ئىسىمنىڭ 3 ـ شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ئالماشلىشىدۇ ۋە كونتېكىستتا مەلۇم بولغان بىر شەيئىنىڭ ياكى ئىگىلىك كېلىشتە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ شۇ سان ـ مىقدار بىرىكمىسىنى ئىپادىلىگەن كۆپلۈكتىكى قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئىسىم رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. جەمئىي تۆت تونىنا كۆمۈر ئىكەن، ئۈچ تونىنىسىنى سەن*

*ئال، بىر تونىنىسىنى مەن ئالاي.*

*b. بۇ ياغاچلارنىڭ ئون تىلى قارىغاي، بەش تىلى تېرەك، سەككىز تىلى قارىياغاچ.*

*c. بۇ يەرنىڭ بەش موسىغا بۇغداي، بەش موسىغا كېۋەز تېرىيمىز.*

ئۇيغۇر تىلىدا شەيئىلەرنىڭ بىرلىك مىقدارىنىڭ ياھاسى ئۇستىدە سۆز بولغاندا شۇ مىقدارنىڭ «بىر» سانى بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سان ـ مىقدار بىرىكمىسىنىڭ ئالماشلاشقان شەكلى قوللىنىلىدۇ ۋە كۆپ ھاللاردا «بىر» سانى چۈشۈپ قېلىپ مىقدارنىڭ ئۆزىلا كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ نەشپۈتنىڭ (بىر) جىڭى نەچچە پۇل؟*

*b. بۇ رەختنىڭ (بىر) مېتىرى ئالتە يۈەن ئىكەن.*

*c. تۇخۇمنىڭ (بىر) دانىسى قانچە پۇل؟*

ئۇيغۇر تىلىدا ساناق سان ۋە بەزى مۆلچەر سانلار بەزى كونتېكىستلاردا پېئىللارغا بېقىنىپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ قېتىم سانىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال تۆۋەندىكىچە ئىككى خىل بولىدۇ:

1) ماقال ـ تەمسىللەردە بەزى ساناق سانلار «قېتىم» مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ بىۋاستە پېئىلغا بېقىنىپ ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

*a. مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا .(ماقال)*

*b. يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس.(ماقال)*

2) ساناق سان ۋە بەزى مۆلچەر سانلار چۈشۈم كېلىش شەكلىدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇست ـ ئۇستىلەپ تەكرارلاشقا بولىدىغان ھەرىكەتلەرنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارغا بېقىنىپ شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ قېتىم سانىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ خەت ئۇرۇش سۈرئىتى تېز، مىنۇتىغا بىر-ئىككى*

*يۈزنى ئۇرىدۇ.*

*b. ئۇ ماڭا يېرىم سائەت ئىچىدە ئۇچۇردىن بەش ـ ئالتىنى يوللاپتۇ.*

*c. ئۇ يەر بېغىرلاش ھەرىكىتىدىن ئۆزمەي يۈزنى ئىشلىدى.*

## §4. مىقدارلارنىڭ ياسىلىشى

**1)** ئۇيغۇر تىلىدا بىر قىسىم شەيئى مىقدارلىرى «-م \ -ىم \ -ۇم \ -ۈم» قوشۇمچىلىرىنىڭ ياردىمىدە پېئىلدىن مىقدار سۆزلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

*چىمدا - + -م ← چىمدام، تۇت - + - ام ← تۇتام، يۇت - + -ۇم ← يۇتۇم، چاقىر - + -ىم ← چاقىرىم...*

2) بەزى مىقدارلار ئانالىتىك ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

*(بىر) ئاش پىشىم، ئاتلىق بىر كۈنلۈك (يول)...*

# ئالتىنچى باب

# ئالماش

## §1. ئالماش ھەققىدە

ئالماش ــ ئىسىم، سۈپەت، سان، مىقدار، رەۋىشلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان، لېكىن شەيئىلەرنى، شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى، سان ـ مىقدارىنى، ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالەتلەرنى كونكرېت ئاتاپ ئىپادىلىمەي، مەلۇم جەھەتتىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدىغان سۆز تۈركۈمى. مەسىلەن، «مەن» دېگەن ئالماش ئىسىم ئورنىدا كېلەلەيدۇ، لېكىن ئۇ كونكرېت بىر ئادەمنى ئەمەس، بەلكى سۆزلىگۈچى ئورنىدا تۇرغان ھەرقانداق ئادەمنى بىلدۈرىدۇ؛ «ھەرقانداق» دېگەن ئالماش سۈپەت ئورنىدا كېلەلەيدۇ، لېكىن ئۇ كونكرېت بىر بەلگىنى ئەمەس، بەلكى ھەر خىل بەلگىلەرنىڭ ئومۇمىيلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ «ھەممە» دېگەن ئالماش سان ياكى سان ـ مىقدار بىرىكمىسى ئورنىدا كېلەلەيدۇ، لېكىن ئۇ كونكرېت سان ـ مىقدارنى بىلدۈرمەيدۇ؛ «ھەرقاچان» ئالمىشى ۋاقىت رەۋىشى ئورنىدا كېلەلەيدۇ، لېكىن ئۇ كونكرېت بىر ۋاقىتنى ئەمەس، بەلكى مەلۇم دائىرىدىكى ھەرقانداق ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»گە ئاساسەن قۇرۇلغان ئامبارغا ئاساسلانغاندا، شۇ لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن ئالماش 173 بولۇپ، بۇ پۈتۈن لۇغەتتىكى سۆزلۈكنىڭ 0.5%نى، تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ 0.68%نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن ئالماشلارنىڭ سان

جەھەتتىن ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن، ئىشلىتىلىش قېتىم سانى جەھەتتىن ئالماشلار خېلى يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئاسپىرانتى سەمەت مەمتىمىنىڭ 450 مىڭ سۆزلۈك ھەر خىل ژانىردىكى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى ئۈستىدىكى ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن تىل ماتېرىياللار ئامبىرىدا ئىشلىتىلگەن ئالماش جەمئىي 99 بولغىنى بىلەن، لېكىن كۆرۈلۈش قېتىم سانى 6.19%نى ئىگىلىگەن. دېمەك، 450 مىڭ سۆزلۈك ھەر خىل ژانىردىكى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرىدا ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن ھەر بىر ئالماش 125 قېتىمدىن ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىن ئالماشلارنىڭ سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، ئىشلىتىلىش چاستوتىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بىر خىل سۆز تۈركۈمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ[①].

## §2. ئالماشنىڭ تۈرى

ئالماشلار مەنىسىگە قاراپ تۆۋەندىكى يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. شەخس ئالماشلىرى. مەسىلەن: مەن، سەن، ئۇ، بىز، سىلەر...

2. كۆرسىتىش ئالماشلىرى. مەسىلەن: بۇ، ئۇ، شۇ، ماۋۇ، ئاۋۇ...

3. سوئال ئالماشلىرى. مەسىلەن: كىم، نېمە، قانداق، قاچان...

4. ئۆزلۈك ئالمىشى. مەسىلەن: ئۆز.

5. بەلگىلەش ئالماشلىرى. مەسىلەن: ھەممە، بارلىق، ھەركىم، ھەرقاچان...

6. بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى. مەسىلەن: ھېچكىم،

ھېچنېمە، ھېچقانداق......

7. ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى.

مەسىلەن: كىمدۇر، نېمىدۇر، قانداقتۇر، ئاللىكىم......

## §3. ئالماشنىڭ گىراممانىكىلىق ئالاھىدىلىكى

ئالماشنىڭ مەخسۇس بىر سۆز تۈركۈمى بولۇپ ئايرىلىشىدا، ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى، سان ـ مىقدارىنى، ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالەتلەرنى كونكرېت ئاتاپ ئىپادىلىمەي، مەلۇم جەھەتتىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەشتەك ئورتاق لېكسىكىلىك ـ سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئاساس قىلىنغان. ئالماشتىن ئىبارەت بۇ سۆز تۈركۈمى بۇ سۆز تۈركۈمگە تەۋە ھەممە ئالماشلار ئۈچۈن ئورتاق بولغان گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس. ئالماشلار قايسى سۆز تۈركۈمگە تەۋە سۆزنىڭ ئورنىدا كەلسە، شۇ سۆز تۈركۈمىنىڭ ھەممە ياكى بىر قىسىم گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئالماشنىڭ بەزى تۈرلىرى شۇ تۈردىكى ئالماشلارغا خاس بولغان بەزى گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، ئالماشلارنىڭ گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئالماشنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى ۋە كونكرېت تۈردىكى ئالماشلار توغرىسىدىكى بايانلاردىلا ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بىز كونكرېت تۈردىكى ئالماشلارنىڭ گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلغاندا، ئىسىم ئورنىدا كەلگەن ئالماشلارنى «ئىسىم ئالمىشى»، سۈپەت ئورنىدا كەلگەن ئالماشلارنى «سۈپەت ئالمىشى»، سان ياكى سان ـ مىقدار بىرىكمىسى ئورنىدا كەلگەن ئالماشلارنى «سان ـ مىقدار ئالمىشى»، رەۋىش ئورنىدا كەلگەن ئالماشلارنى «رەۋىش ئالمىشى» دەپ ئاتايمىز.

ئۇيغۇر كىتابلىرى بىلىكى www.uyghurkitap.com

## §4. ئالماشلاردىكى \ ن \ تاۋۇشى ھەققىدە

ئۇيغۇر تىلىدا (جۈملىدىن تۈركىي تىللاردا) ئالماشلارنىڭ ئاساسى بولغان «*قا»، «بۇ~مۇ~ما»، «ئۇ~ئا»، «شۇ» قاتارلىق ئالماشلار كېلىش قوشۇمچىلىرى (ئاساسەن تەڭلەشتۈرمە كېلىش قوشۇمچىسى «-چە» ۋە ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى «-داق \ -دەك» قاتارلىق قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگەندە، ئالماش بىلەن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىر \ ن \ تاۋۇشى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ \ ن \ تاۋۇشى ئالدىقاچان ئالماشلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن:

تەڭلەشتۈرمە كېلىش: -چە ~ -چىلىك

قا+ ن + چە = قانچە، بۇ+ ن + چە = بۇنچە، مۇ+ ن + چە = مۇنچە، ما+ ن + چە = مانچە، ئا+ ن + چە = ئانچە، شۇ+ ن + چە = شۇنچە، مۇشۇ+ ن + چە = مۇشۇنچە، ئاشۇ+ ن + چە = ئاشۇنچە؛

قا+ ن + چىلىك = قانچىلىك، بۇ+ ن + چىلىك = بۇنچىلىك، مۇ+ ن + چىلىك = مۇنچىلىك، ما+ ن + چىلىك = مانچىلىك، ئا+ ن + چىلىك = ئانچىلىك، شۇ+ ن + چىلىك = شۇنچىلىك، مۇشۇ+ ن + چىلىك = مۇشۇنچىلىك، ئاشۇ+ ن + چىلىك = ئاشۇنچىلىك؛

ئوخشاتما كېلىش: -دەك \ -داق

قا+ ن + داق = قانداق، بۇ+ ن + داق = بۇنداق، مۇ+ ن + داق = مۇنداق، ما+ ن + داق = مانداق، ئا+ ن + داق = ئانداق، شۇ+ ن + داق = شۇنداق، مۇشۇ+ ن + داق = مۇشۇنداق، ئاشۇ + ن + داق = ئاشۇنداق.

چەك كېلىش: -غىچە

ئا+ ن + غىچە = ئانغىچە < ئاڭغىچە، شۇ+ ن + غىچە = شۇنغىچە < شۇڭغىچە.

بۇ ئالماشلار ئىگىلىك كېلىش، چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىلىرىدىن باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن، يەنى يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن كېلىش قاتارلىق كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەندە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنى ۋاستە قىلغان ئاساستا قوشۇلىدۇ:

ئىگىلىك كېلىش: -نىڭ

بۇ+ نىڭ = بۇنىڭ، ما+ نىڭ = مانىڭ، ئا+ نىڭ = ئانىڭ، شۇ+ نىڭ = شۇنىڭ، مۇشۇ+ نىڭ = مۇشۇنىڭ، ئاشۇ+ نىڭ = ئاشۇنىڭ؛

چۇشۇم كېلىش: -نى

بۇ+ نى = بۇنى، ما+ نى = مانى، ئا+ نى=ئانى، شۇ+ نى = شۇنى، مۇشۇ+ نى = مۇشۇنى، ئاشۇ+ نى = ئاشۇنى؛

يۆنىلىش كېلىش: -غا

بۇ+ نىڭ + غا = بۇنىڭغا، ما+ نىڭ + غا = مانىڭغا، ئا+ نىڭ + غا = ئانىڭغا، شۇ+ نىڭ + غا = شۇنىڭغا، مۇشۇ+ نىڭ + غا = مۇشۇنىڭغا، ئاشۇ+ نىڭ + غا = ئاشۇنىڭغا؛

ئورۇن پەيت كېلىش: -دا

بۇ+ نىڭ + دا = بۇنىڭدا، ما+ نىڭ + دا = مانىڭدا، ئا+ نىڭ + دا = ئانىڭدا، شۇ+ نىڭ + دا = شۇنىڭدا، مۇشۇ+ نىڭ + دا = مۇشۇنىڭدا، ئاشۇ+ نىڭ + دا = ئاشۇنىڭدا

چىقىش كېلىش: -دىن

بۇ+ نىڭ + دىن = بۇنىڭدىن، مۇ+ نىڭ + دىن = مۇنىڭدىن، ما+ نىڭ + دىن = مانىڭدىن، ئا+ نىڭ + دىن = ئانىڭدىن، شۇ+ نىڭ + دىن = شۇنىڭدىن، مۇشۇ+ نىڭ + دىن = مۇشۇنىڭدىن، ئاشۇ+ نىڭ + دىن = ئاشۇنىڭدىن

ئورۇن - بەلگە كېلىش: -دىكى

www.uyghurkitap.com

بۇ+ نىڭ + دىكى = بۇنىڭدىكى، ما+ نىڭ + دىكى = مانىڭدىكى، ئا+ نىڭ + دىكى = ئانىڭدىكى، شۇ+ نىڭ + دىكى = شۇنىڭدىكى، مۇشۇ+ نىڭ + دىكى = مۇشۇنىڭدىكى، ئاشۇ+ نىڭ + دىكى = ئاشۇنىڭدىكى

## 5§. شەخس ئالماشلىرى

1. مەنىسى

شەخس ئالماشلىرى شەيئىلەرنىڭ سۆزلىگۈچى، ئاڭلىغۇچى ۋە سۆزلەنگۈچى نۇقتىسىدىن ئابستىراكتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئالدى بىلەن 1 ـ شەخس (سۆزلىگۈچى)، 2 ـ شەخس (ئاڭلىغۇچى)، 3 ـ شەخس (سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىدىن باشقا شەخس) دېگەن ئۈچ شەخسكە بۆلۈنىدۇ، بۇلاردىن 1 ـ شەخس، 2 ـ شەخس ۋە 3 ـ شەخس يەنە سان جەھەتتىن پەرقلىنىپ، بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلۈنىدۇ؛ 2 ـ شەخس ئاتاش تۈرى جەھەتتىن پەرقلىنىپ، ئاددىي تۈر، سىپايە تۈر، ھۆرمەت تۈرى ۋە سەتلىمە تۈر دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلاردىن ئاددىي تۈر، سىپايە تۈر ۋە ھۆرمەت تۈرى سان جەھەتتىن پەرقلىنىپ بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلۈنىدۇ؛ سەتلىمە تۈرى كۆپلۈكتىنلا ئىبارەت بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ شەخس ئالماشلىرى تۆۋەندىكى شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

مەن 1 ـ شەخس بىرلىك شەخس ئالمىشى بولۇپ، سۆزلىگۈچىنى بىلدۈرىدۇ.

بىز 1 ـ شەخس كۆپلۈك شەخس ئالمىشى بولۇپ، سۆزلىگۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى بىلدۈرىدۇ.

سەن 2 ـ شەخس بىرلىك شەخس ئالمىشىنىڭ ئاددىي تۈرى بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى ئادەتتىكىچە ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.

سىز 2 ـ شەخس بىرلىك شەخس ئالمىشىنىڭ سىپايە تۈرى بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى سىپايە ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.
سىلى (ئۆزلىرى) 2 ـ شەخس بىرلىك شەخس ئالمىشىنىڭ ھۆرمەت تۈرى بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى ھۆرمەت بىلەن ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.
سىلەر 2 ـ شەخس كۆپلۈك شەخس ئالمىشىنىڭ ئاددىي تۈرى بولۇپ، ئىككىدىن ئارتۇق بولغان ئاڭلىغۇچىنى ياكى ئاڭلىغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى ئادەتتىكىچە ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.
سىزلەر 2 ـ شەخس كۆپلۈك شەخس ئالمىشىنىڭ سىپايە تۈرى بولۇپ، ئىككىدىن ئارتۇق بولغان ئاڭلىغۇچىنى ياكى ئاڭلىغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى سىپايە ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.
سەنلەر 2 ـ شەخس كۆپلۈك ئالمىشىنىڭ سەتلىمە تۈرى بولۇپ، ئىككىدىن ئارتۇق ساندىكى ئاڭلىغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى سەتلەپ ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.
ھەرقايسىلىرى (ھەربىرلىرى) 2 ـ شەخس كۆپلۈك شەخس ئالمىشىنىڭ ھۆرمەت تۈرى بولۇپ، ئىككىدىن ئارتۇق ئاڭلىغۇچىنى ياكى ئاڭلىغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى ھۆرمەت بىلەن ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.
ئۇ 3 ـ شەخس بىرلىك شەخس ئالمىشى بولۇپ، سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىدىن باشقا بىر ئادەم ياكى نەرسىنى بىلدۈرىدۇ.
ئۇلار 3 ـ شەخس كۆپلۈك شەخس ئالمىشى بولۇپ، ئىككىدىن ئارتۇق ساندىكى سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىدىن باشقا ئادەم ياكى نەرسىنى بىلدۈرىدۇ.
شەخس ئالماشلىرىنىڭ يۇقىرىقى تۈرلىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەل بويىچە كۆرسىتىش مۇمكىن:

www.uyghurkitap.com

شەخس ئالماشلىرىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك تۈرى | | مەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | | بىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئاددىي تۈرى | سەن |
| | | سىپايە تۈرى | سىز |
| | | ھۆرمەت تۈرى | سىلى / ئۆزلىرى |
| | كۆپلۈك | ئاددىي تۈرى | سىلەر |
| | | سىپايە تۈرى | سىزلەر |
| | | ھۆرمەت تۈرى | ھەرقايسىلىرى |
| | | سەتلىمە تۈرى | سەنلەر |
| 3 ـ شەخس | بىرلىك تۈرى | | ئۇ |
| | كۆپلۈك تۈرى | | ئۇلار |

ئۇيغۇر تىلىدا 1 ـ شەخس ئۆزىنى كەمسىندۈرۈپ ئاتاشتا قوللىنىلىدىغان «پېقىر»، «كەمىنىلىرى»، 2 ـ شەخسنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ ئاتاشتا قوللىنىدىغان «جانابلىرى» قاتارلىق سۆزلەر بولۇپ، بۇلارنىمۇ شەخس ئالماشلىرى ھېسابلاشقا بولىدۇ.

## 2. ئالاھىدىلىكى

1) شەخس ئالماشلىرى ئىسىم ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ، خۇددى ئىسىملارغا ئوخشاشلا كېلىش كاتېگورىيەسى بويىچە تۈرلىنىدۇ ۋە تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. «مەن»، «سەن»، «ئۇ» ئالماشلىرى بەزى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەندە، بەزى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

**شەخس ئالماشلىرىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى**

| شەخس ئالمىشى | كېلىش | توغرىسى | خاتاسى |
|---|---|---|---|
| مەن<br>سەن | ئىگىلىك كېلىش | مېنىڭ<br>سېنىڭ | مەنىڭ<br>سەنىڭ |
| مەن<br>سەن | چۈشۈم كېلىش | مېنى<br>سېنى | مەنى<br>سەنى |
| مەن<br>سەن<br>ئۇ | يۆنىلىش كېلىش | ماڭا<br>ساڭا<br>ئاڭا ~ ئۇنىڭغا | مەنگە<br>سەنگە<br>ئۇڭا |

2) «ئۇ» ئالمىشى «بىلەن»، «ئۈچۈن» تىركەلمىلىرى بىلەن بىرىككەندە، ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە بىرىكىدۇ؛ «مەن»، «سەن»، «بىز»، «سىز» ئالماشلىرى بۇ تىركەلمىلەر بىلەن بىرىككەندە، باش كېلىش شەكلىدە بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

*ئۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن؛*

*مەن بىلەن~ مېنىڭ بىلەن، مەن ئۈچۈن~ مېنىڭ ئۈچۈن؛*

*بىز بىلەن~ بىزنىڭ بىلەن، بىز ئۈچۈن~ بىزنىڭ ئۈچۈن؛*

*سەن بىلەن ~ سېنىڭ بىلەن، سەن ئۈچۈن ~ سېنىڭ ئۈچۈن، سىز ئۈچۈن ~ سىزنىڭ ئۈچۈن.*

3) كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ياكى تىركەلمىلەر بىلەن بىرىككەن شەخس ئالماشلىرى جۈملىدە ئۆزى بىلەن ئوخشاش كېلىشتىكى ياكى ئوخشاش تىركەلمىلەر بىلەن بىرىككەن ئىسىملارغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن ئىشچى، سىز ئوقۇغۇچى، ئۇ كادىر.*

*b. ئۇلار بىزگە كۆپ ياردەملەرنى قىلدى.*

*c. يۈرسىلە، مەن سىلنى باشلاپ باراي.*

*d. سەندە ئارتۇق بېلەت بارمۇ؟*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*e. مەن ئۇنىڭدىن بىر كۈن كېيىن كەلدىم.*

*f. سىلەردىكى ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى شۇمۇ؟*

*g. «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىرى.*

*h. مەن خەنزۇچىنى ئۇنىڭدەك ياخشى يازالمايمەن.*

*i. مېنىڭمۇ سىزچىلىك بىر ئىنىم بار.*

*j. بىز ئۇلار بىلەن توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدۇق.*

*k. سىز ئۇنىڭغا مەن توغرۇلۇق گەپ قىلدىڭىزمۇ؟*

*l. مەن بۈنى سىز ئۈچۈنلا ئالدىم.*

4) شەخس ئالماشلىرى يەنە تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئىسىمدىن پەرقلىنىدۇ:

(1) تەۋەلىك كاتېگورىيەسى بويىچە تۈرلەنمەيدۇ، بۇ نۇقتا ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

(2) شەخسنى ھېسابقا ئالمىغاندا سان كاتېگورىيەسى بويىچىمۇ تۈرلەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆپلۈك شەكىللىرى ئايرىم سۆز (لېكسىكىلىق بىرلىك) سۈپىتىدە مۇقىملىشىپ قالغان.

«بىز» ئالمىشى بەزىدە «بىزلەر» شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ، بىراق مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ چاغدا تەكىتلەش، گەۋدىلەندۈرۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىزلەر دېگەن سەدىر باينىڭ ئەۋلادى.*

*b. دۈشمەن ئاتىدۇ تاشقا، بىزلەر ئاتىمىز باشقا.*

*c. ساڭا ئوخشاش، ئەخمەتجانغا ئوخشاش ئۆزىنى ئەل بەختىگە ئاتىغان ئەزىمەتلەر يۈزگە، مىڭغا يەتسىدى، بىزلەر ئېتىكاپتىن قويمىغان بولار ئىدۇق.*

(3) ئېنىقلىغۇچىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

(4) ئەگە بولۇپ كەلگەندە، ئۆزىگە خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارنىڭ شەخس، سان ۋە ئاتاش تۈرى جەھەتلەردىن ئۆزى

بىلەن بىردەك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ (بۇنىڭ تەپسىلاتى پېئىللىنىڭ شەخسلىك شەكىللىرى قىسمىدا سۆزلىنىدۇ)؛ ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندىمۇ تەۋەلىك شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ شەخس، سان ۋە ئاتاش تۈرى جەھەتتىن ئۆزى بىلەن بىردەك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ توغرۇلۇق ئىسىمنىڭ «ئىگىلىك كېلىش» ھەققىدىكى مەزمۇنلىرىدا توختالدۇق.

(5) ئىگە بولۇپ كەلگەن 1ـ ۋە 2 ـ شەخستىكى شەخس ئالماشلىرىنىڭ مەنىسى خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارنىڭ شەخسلىك شەكىللىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن 1 ـ ۋە 2 ـ شەخستىكى شەخس ئالماشلىرىنىڭ مەنىسىمۇ ئېنىقلىغۇچى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكلىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئىگە بولۇپ كەلگەن ۋە ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن 1ـ ۋە 2 ـ شەخستىكى شەخس ئالماشلىرى پەقەت ئالاھىدە تەكىتلەنگەن ئەھۋال ئاستىدىلا قوللىنىلىدۇ، باشقا چاغلاردا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

*a.* *— بۈگۈنكى يىغىنغا سىلەردىن كىم قاتنىشىدۇ؟*

*— مەن قاتنىشىمەن.*

*b.* *بۈگۈنكى يىغىنغا بىز قاتنىشىمىز، يېڭى ئوقۇغۇچىلار قاتناشمايدۇ.*

*c.* *بۇ سىنىپتىن سىلەرنىڭ سىنىپىڭلار يورۇق ئىكەن.*

*d.* *سىزنىڭ لۇغىتىڭىزدەك لۇغەتتىن مەنمۇ بىرنى ئالىمەن.*

بۇ جۈملىلەردە ئىگە ياكى ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن شەخس ئالماشلىرىنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ جۈملىلەردە ئۇلار ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. («مەن قاتنىشىمەن» دېگەن جۈملىدىكى «مەن» شۇ جۈملىدىكى ئاساسىي مەزمۇننى ئىپادىلەپ بەرگەن؛ «بىز قاتنىشىمىز» دېگەن جۈملىدىكى «بىز»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىنكى جۈملىدىكى «يېڭى ئوقۇغۇچىلار»نى كۆرسىتىدىغان ئالماش رولىنى ئوينايدۇ.)

*a.* — *بۇگۈنكى يىغىنغا قاتناشامسەن؟*

— *قاتناشمايمەن.*

*b.* *سىنىپىڭلار يورۇق ئىكەن.*

*c.* *لۇغىتىڭىزنى كۆرۈپ باقايچۇ؟*

بۇ جۈملىلەردە ئىگە ۋە ئېنىقلىغۇچىلار ئالاھىدە تەكىتلەنمىگەن. شۇڭلاشقا ئالدىنقى ئىككى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن «سەن»، «مەن» ئالماشلىرى بىلەن كېيىنكى ئىككى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن «سىلەرنىڭ»، «سىزنىڭ» ئالماشلىرى چۈشۈپ قالغان.

(6) بەزىدە شەخسنى تەكىتلەش زۆرۈرىيىتىدىن 1-شەخس ئالمىشى كەينىگە مۇناسىپ شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇ شەكىلدىن قارىماققا «مەن» تەكرارلىنىپ كەلگەندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە «مەن»نىڭ كەينىدىكى «-مەن» شەخس قوشۇمچىسى. مەسىلەن:

*مەن مەنمەن، ھەرگىز سەن ئەمەسمەن.*

## §6. كۆرسىتىش ئالماش

**1.** مەنىسى

كۆرسىتىش ئالماشلىرى شەيئىلەرنى ياكى تۇرلۇك بەلگە ھالەتلەرنى ئىشارەت بىلەن ياكى كونتېكىستقا باغلاش يولى بىلەن ئىپادىلەيدۇ ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

*a.* *بۇ كىم؟*

*b.* *ياتىقىمىز ئاۋۇ بىنادا.*

*c.* *ئۇ يىغىنغا بىزمۇ قاتنىشىمىز.*

*d.* *سەن قانداق بارساڭ، مەنمۇ شۇنداق بارىمەن.*

a جۈملىدىكى «بۇ» ئالمىشى سۆزلىگۈچى كۆرسەتكەن ۋە سۆزلىگۈچىگە يېقىن تۇرغان بىر ئادەمنى ئىپادىلەپ كەلگەن؛ b جۈملىدىكى «ئاۋۇ» ئالمىشى سۆزلىگۈچى كۆرسەتكەن يىراقراقتىكى بىر بىنانى ئىپنىقلاپ كەلگەن؛ c جۈملىدىكى «ئۇ» ئالمىشى يۇقىرىدا ئېيتىلغان جۈملىگە باغلاش ئارقىلىق «يىغىن» نى ئىپنىقلاپ كەلگەن؛ d جۈملىدىكى «شۇنداق» ئالمىشى ئالدىنقى جۈملىنى كېيىنكى جۈملىگە باغلاش ئارقىلىق «بارماق» ھەرىكىتىنىڭ بەلگىسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. مانا مۇشۇ خىلدىكى ئالماشلار كۆرسىتىش ئالماشلىرىغا كىرىدۇ.

**2. كۆرسىتىش ئالماشنىڭ تۈرلىرى**

كۆرسىتىش ئالماشلار ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) ئارىلىقنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار: *بۇ، ئۇ، شۇ، مانا...*

2) خاراكتېرنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار: *مۇنداق، ئۇنداق، شۇنداق...*

3) سان ـ مىقدار، دەرىجىنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار: *مۇنچە، ئۇنچە، شۇنچە...*

4) ئورۇننى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار: *مۇندا، ئۇندا، شۇندا......*

تۆۋەندە بۇ ئالماشلارنىڭ كونكرېت تۈرلىرى ۋە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە توختىلىمىز.

1) ئارىلىقنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار

ئارىلىقنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار كۆرسەتكەن شەيئىنىڭ سۆز قىلغۇچىغا نىسبەتەن ئارىلىقنىڭ يېقىن-يىراقلىقىغا ئاساسەن يېقىننى كۆرسەتكۈچى ئالماشلار ۋە يىراقنى كۆرسەتكۈچىلەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

يېقىننى كۆرسەتكۈچى ئالماشلار: *بۇ، مانا، مۇنۇ، مۇشۇ،*

ئۇشبۇ، ماۋۇ ~ ما (جانلىق تىلدا)، مەيەر؛

يىراقنى كۆرسەتكۈچى ئالماشلار: ئۇ، ئەنە، شۇ، ئاشۇ، ئاۋۇ ~ ئا (جانلىق تىل)، ھېلىقى.

تۆۋەندە بۇ ئالماشلارنىڭ مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز:

(1) بۇ

سۆزلىگۈچى ئىشارەت قىلغان ياكى ئاڭلىغۇچىمۇ كۆرۈپ تۇرغان يېقىندىكى شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ مېنىڭ ئاكام.*

*b. بۇ ئادەم مېنىڭ ئاكام بولىدۇ.*

*c. بۇ كىتابنى ئۆزۈمگە، بۇ لۇغەتنى ئۇكامغا ئالدىم.*

*d. بۇ ئەسەر بۇنىڭدىن 900 يىل بۇرۇن يېزىلغان.*

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ۋە سۆزلىگۈچىگە يېقىن بولغان ياكى سۆزلىگۈچى يېقىن ھېسابلىغان شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ، ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

*a. ھېلىقى لۇغەتتىن يەنە بىرنى ئالدىم، بۇنى ئۇكامغا بېرىمەن.*

*b. يېقىندا مۇھىم بىر يىغىن ئېچىلىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟*

*c. تۇرسۇن بىر ماقالە يازدى، بۇ ماقالە يېقىندا ئېلان قىلىنىدۇ.*

(2) ئۇ

باشقا ئادەم كۆرسەتكەن ۋە سۆزلىگۈچىدىن يىراقراق بولغان شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

*a. — دادامدىن كەلگەن خەت ئۇ، دادامنى مىڭبېگى ئۇرۇپتۇ!*

*b. ئۇنىڭ بويلىرىدىكى قاپاق تېرەكلەر بۇ قاشادىن ئۇ قاشاغا يېتىشۇالغان، ئۇ ھەم كۆۋرۈك، ھەم ئىلەڭگۈچ.*

c. دەريانىڭ ئۇ قېتى پايانسىز تۇزلەڭلىك، ئۈستى قارلىق ئۆچكىلىك تېغى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ۋە سۆزلىگۈچىدىن يىراقراق بولغان ياكى سۆزلىگۈچى يىراق ھېسابلىغان شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

a. ئۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرىنى مەخسۇت مۇھىتى تاتارىستاندىن چىللاپ ئەكەلگەن، شۇ مۇئەللىملەرنىڭ بىرى ھەيدەر ئەپەندى دېگەن كىشى ئىدى.

b. ئۇنداقتا، زەھەرنى زەھەر بىلەن يوقىتىپ بولغۇچە، ئۇ زەھەر ئۆزىمىزگە يېيىپ قالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟

c. قېنى ئۇ گۈزەللىك، قېنى ئۇ ئىنتىلىش، قېنى ئۇ غايە؟

(3) شۇ

سوئال چۈشكەن يىراقتىكى شەيئىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

a. ـ ئۇلارنىڭ ئۆيى ئاۋۇمۇ؟

ـ ھەئە، شۇ (سېلىشتۇرۇڭ: ياق، ئۇ ئەمەس.)

b. ـ سىنىڭ دېگىنىڭ ئوك تەرەپتىكىسىمۇ؟

ـ ھەئە، شۇ (سېلىشتۇرۇڭ: ياق، ئۇ ئەمەس.)

c. ـ ئالماقچى بولغىنىڭ مۇنۇ كىتابمۇ؟

ـ ھەئە، شۇ كىتاب (سېلىشتۇرۇڭ: ياق، ئۇ ئەمەس.)

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ياكى ئاڭلىغۇچىمۇ كۆرۈپ تۇرغان، ياكى ئاڭلىغۇچى بۇرۇندىنلا خەۋەردار بولغان يىراقتىكى شەيئىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ياكى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ، ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

a. خوجىنىيازنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل شۇ ئىدى.

b. بىر تال ئوق ئۇنىڭ بېلىدىكى ئوق خالتىسىغا تېگىپ شۇ يەردە توختاپ قاپتۇ.

c. ھاجى شۇ كۈنى ئاخشىمى يوغان گۈلخان ئەتراپىغا توپلانغان

*پېدائىيلارغىمۇ شۇ مەزمۇندا سۆز قىلدى.*

قوشما جۈملىدە باش جۈملىنىڭ تەركىبىدە كېلىپ، بېقىندى جۈملىدە ئىزاھلىنىدىغان ياكى پەرەز قىلىنىغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ــ بوپتۇ، قەسىمىڭلارغا ئىشىنەي، ــ دېدى مىرزۇل مەرگەن، ــ نەدىن كەلگەن بولساڭلار شۇ يەرگە كېتىڭلار، سىلەر بىلەن ھەپىلىشىشكە پۇرجىمىز يوق.*

*b. ئېيت، كىم يىغلىسا، شۇ دادىسىنىڭ بالىسى ئەمەس.*

*c. ھەممە تارتقۇلۇق نۇرىغىلا كېلەمدۇ، نەگىلا بارسا، كىم بىلەن يېقىنلاشسا شۇ يەردە يالا ــ قازا بار، تەقدىر ئۇنىڭ بىلەنلا ئېيتىشامدۇ ــ ھە؟*

(4)ماۋۇ~ما

بۇ ئالماش «مانا» يۈكلىمىسى بىلەن «بۇ» ئالمىشىنىڭ بىرىكىشى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، بىرىنچى مەنىدىكى «بۇ» ئالمىشىنىڭ كۈچەيتىلمە تۈرى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. قارا، ماۋۇ «شىنجاڭ گېزىتى» دىكى ياخشى گەپلەرنى.*

*b. ئەل ئىچىگە بېرىۋالغاندىن كېيىن، ماۋۇ كۆسەينى (مىلتىقنى دېمەكچى) كۆزدىن نېرى قىل.*

*c. ــ ئوغرىلارنىڭ يېنىدا نېمىش قىلاتتىڭ، بېشىدا سۇيى بار يېتىممۇ نېمە ماۋۇ؟*

بۇ ئالماش ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، جانلىق تىلدا «ما» شەكلىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. مانى ئۆزۈمگە، مانى ئۇكامغا ئالدىم.*

*b. ما بىرنېمەڭنى كۆزۈمدىن يوقات.*

*c. سېنىڭ سېسىپ قالغان كونا مەيكورەڭ ( < مەيكورەڭ = ئىدىيەڭ) ما زاماندا كارغا كەلمەيدۇ.*

(5) مۇنۇ

بۇ ئالماش «مانا» يۈكلىمىسى بىلەن «بۇ» ئالمىشىنىڭ بىرىكىشى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان يەنە بىر ئالماش بولۇپ، «ماۋۇ» ئالمىشى بىلەن ئوخشاش قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يەنە «تۆۋەندىكى» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. — پاھ، سۈت قەغەز، — دېدى ئىمام قەغەزنى ئالىقىنىغا قويۇپ، — قاراڭلار، مۇنۇ قەلەممۇ رەسىمنىڭ ئىكەن تېخى!*

*b. ئەگەر پۇلى بارنىڭ غېمى بولمىسا، مۇنۇ ئەنئۆر ئەپەندىمنىڭ غېمى بولمىسا بولاتتى.*

*c. ئۇ مۇنۇ يەر ئىگىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.*

(6) ئاۋۇ

بۇ ئالماش «ئەنە» يۈكلىمىسى بىلەن «بۇ» ئالمىشىنىڭ بىرىكىشى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، سۆزلىگۈچى ئىشارەت قىلغان يىراقتىكى شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئايرىپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

*a. سوغۇقنىڭ كۈچىنى تۈزدە كۆرىسەن تېخى، تولا نوچىلىق قىلما دەيمەن، پۈتۈكنى ئاۋۇ قىل تاغار بىلەن ئورىۋال.*

*b. — ھەئە قاراڭ، ئاۋۇ يېپەك كۆڭلەكنىڭ ئېسىللىكىنى، يا فىرانسىيەنىڭ، يا ئەنگلىيەنىڭ رەختى.*

*c. — ۋاي ئىسىت — ھەي! — دېدى ھەمدۇل ئۇھ تارتىپ، — ئاۋۇ ئۆلگەنلەرنىڭ بىرى، ئەنە ئاۋۇ ئىگىز بويلۇق يىگىت بىزنىڭ مەھەللىدىكى شاكىر مەزىننىڭ ئوغلى نەمەت داگازا، بىچارىنىڭ خوتۇنى تۇل قالىدىغان بولدى — دە!*

بۇ ئالماش ئېنىقلىغۇچى بولغاندا جانلىق تىلدا «ئا» شەكلىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

*a. قولىغا كۇنلۇك كۆتۈرۈۋالغان ئا ئادەمنى تونۇمسىز؟*
*b. ئا كىتابنى بېرىڭا، كۆرۈپ باقاي.*
*c. ئا كۇنى سىزنى ئىزدەپ تاپالمىدۇق.*

بۇ ئالماش قانچە سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنسا، كۆرسىتىلگەن شەيئىنىڭ شۇنچە يىراقلىقى بىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*ئاۋۇ بىزنىڭ ئۆي، ئا...ۋۇ ئەخمەتلەرنىڭ ئۆيى، ئا.....ۋۇ تۇرسۇنلارنىڭ ئۆيى.*

(7) مۇشۇ

بۇ ئالماش «مانا» يۈكلىمىسى بىلەن «شۇ» ئالمىشىنىڭ بىرىكىشى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ ئىخچاملىنىشىدىن هاسىل بولغان بولۇپ، ئاساسەن ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ:

بىرى، سوئال چۈشكەن ياكى ئىزدىلىۋاتقان يېقىندىكى شەيئىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ، ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

*a. — ئۇلارنىڭ ئۆيى ماۋۇمۇ؟*
*— هەئە، مۇشۇ.*
*b. — سېنىڭ ئىزدىگىنىڭ ماۋۇ كىتابمۇ؟*
*— هەئە، مۇشۇ كىتاب.*
*c. تاپتىم، مېنىڭ ئىزدىگىنىم مۇشۇ ئىدى.*

يەنە بىرى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ياكى ئاڭلىغۇچىمۇ كۆرۈپ تۇرغان يېقىندىكى شەيئىنى ئالاهىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ، ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇلار ئۇچۇن دۇنيا دېگەنمۇ مۇشۇ يېزا، مۇشۇ جىمجىت مەهەللە.*

*b. شۇ كۆچ - كۆچلەردىمۇ بىز مۇشۇ ئوردا مەهەللىسىدىن مىدىرلىمىدۇق.*

*c. هازىر نۇرنىڭ سۆيۈملۈك دوستلىرىدىن يېنىدا مۇشۇ*

*تۇرسۇن بىلەن بۆرىۋايلا قالدى.*

(8) ئاشۇ

بۇ ئالماش «ئەنە» يۆكلىمىسى بىلەن «شۇ» ئالمىشىنىڭ بىرىكىشى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ ئىخچاملىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، بىرىنچى، ئىككىنچى مەنىدىكى «شۇ» ئالمىشىنىڭ كۈچەيتمە تۈرى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *«موللا بىلال ئاشۇ پەشتاقتا ئولتۇرۇپ، غازات دەر مۇلكى چىن، داستانىنى يازغانىكەن» دەپ پىچىرلاشقىنمۇ ئۇلگۇردى نۇرى شۇ ئارىلىقتا.*

b. *ئۇلار ئاشۇ قەھرىمانلاردەك بولۇشنى چىن قەلبىدىن ئارزۇ قىلىشتى.*

c. *بىزنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك قۇربانلىقلىرىمىز ئىچىدە ئەلۋەتتە ئاشۇ قىممەتلىك يوسۇنلىرىمىزمۇ بار.*

(9) ئۇشبۇ

بۇ ئالماش يېزىق تىلىغا خاس بولۇپ، «بۇ» ياكى «شۇ» ئالمىشىنىڭ ئورنىدا، شۇ مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *سىلى جانابلىرىنى ئۇشبۇ ھالەتنە كۆرگىنىم ئۈچۈن ئەزبىرايى خۇدا، بىناھايەت خۇشالدۇرمەن.*

b. *بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە ئاشۇ مىللەتنىڭ دۇنيا ۋە ھاياتلىقنىڭ تارىخىغا بولغان ھېسسىي بىلىشى ۋە رېئاللىقتىن ھېس قىلغانلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئۇشبۇ مىللەتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىق مەنىۋى ئىنتىلىشى ۋە ھەرىكەت مىزانى يۇغۇرۇلغان بولىدۇ.*

c. *مۇراد داستان ئۈچۈن داستان ئەمەستۇر،*
*يېتىلسە ئەلگە خىزمەت ئۇشبۇ بەستۇر.*

(10) مەشە

بۇ ئالماش «مۇشۇ يەر» بىرىكمىسىنىڭ ئىخچاملىشىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، يەنىلا جانلىق تىلدا شۇ مەنىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تارىيسى

قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن مەشەدە تۇغۇلۇپ، مەشەدە ئۆسكەن.*

*b. مېنى مەشەدە ساقلاڭ.*

*c. بۈگۈن مەشەگىچە بولسۇن.*

(11) ئەشە

بۇ ئالماش «ئەشۇ يەر» بىرىكمىسىنىڭ ئىخچاملىشىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، يەنىلا شۇ مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. سەن ھېلىمۇ ئەشەدىمۇ؟*

*b. ئەشەگىچە ئەگىشىپ باردىم.*

*c. سىز ئۇدۇل ئەشەگە بېرىڭ.*

(12) مەيەر

بۇ ئالماش «مۇنۇ يەر» بىرىكمىسىنىڭ ئىخچاملىشىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، يەنىلا شۇ مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەيەردە بىر سائەت تۇرىدۇ، كىم چۈشۈرۈپ قويغاندۇ؟*

*b. مەيەرگە كەلگىنە، ساڭا بىر گېپىم بار.*

*c. مەيەرنى بېسىپ تۇرۇڭ.*

3) خاراكتېرنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار

خاراكتېرنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش يوسۇنىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئالماش شەكىللىرى «ئۇ»، «شۇ»، «بۇ ~ مۇ» قاتارلىق ئالماشلارغا باغلىغۇچى \ ن \ تاۋۇشى ۋە ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى «ـداق \ ـدەك» قوشۇلۇش بىلەن ھاسىل بولغان. بۇ ئالماشلار تۆۋەندىكىچە ئىشلىتىلىدۇ:

(1) ئىسىملارنى ئېنىقلاپ، چەكلەپ كېلىپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ، بەزىدە ھالەت ياكى خەۋەر بولىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭغا شۇنداق بىر ئادەت سىڭگەن: ئۇ ھېچكىمنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردىن ھېچبىر ئادەمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايتتى.*

*b*. ئاخىر، ئۆزۈڭغا سوزۇلغان ئۇتقىنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن ئاياغلاشتۇردى: ـ مېنىڭ سىلەرگە دەيدىغان كۆپ گېپىم يوق.

*c*. ئۇنداق ئادەم باشتا ياردەم بېرىمىز دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىمىسا بولمامدۇ؟

*d*. ھېچقاچان بۇنداق ۋەھىمە يېگەن ئادەم ئەمەسمەن، يۈرىكىمنىڭ بۇنداق ئېغىپ باققىنىنى كۆرمىگەنمەن.

(2) بۇنداق ئالماشلار ئىسىملىشىدۇ ۋە جۈملىدە ھەر خىل ۋەزىپىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a*. سىز قاندىقىنى ئالسىڭىز، مەنمۇ شۇنداقىنى ئالاي.(تولدۇرغۇچى)

*b*. سىزدە مۇندىقى بارمۇ؟ (ئىگە)

*c*. مەن ئۇنداقلارغا جىق يولۇققان. (ھالەت)

*d*. بۇنداقلار يۇرت سورىسا نامراتلارنىڭ ھالىغا يېتىدۇ: ئورۇشتا ئۆلۈۋاتقانمۇ، شۇنچە جىق ئەسكەرنى، ھۆكۈمەتنى يېقىۋاتقانمۇ بىچارە پۇقرالار.

*e* . سېنىڭ يازغىنىڭ ئۇنداق بولسا، مېنىڭ يازغىنىم مۇنداق. (خەۋەر)

(3) بۇ ئالماشلار سۈپەتلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، سۈپەتنىڭ دەرىجىسىنى ئارتتۇرىدۇ. مەسىلەن:

*a*. سوپى مەرگەن يىغىسىنى توختىتىپ، بىردىنلا شۇنداق قاتتىق ۋە غەلىتە قىياپەتتە كۈلۈشكە باشلىدىكى، ئاينىسا قىز قورقۇپ كېتىپ، بىر قەدەم ئارقىغا داجىدى ۋە ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

*b*. ھېچكىم سوپى مەرگەننى مۇنداق قىياپەتتە كۆرمىگەن ۋە ئۇنىڭ مۇنداق قاتتىق ۋارقىراپ گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىمىغانىدى.

*c*. دېھقان قىزلىرى نېمىشقا ئۇنداق جاراڭلىق، چىرايلىق كۈلەلمەيدۇ ـ ھە؟

*d. ئۇ بۇنداق چىرايلىق، سۆڭىكى كەلگەن، مىجەزى يېقىملىق يىگىتنى كۆرمىگەنىدى.*

(4) «شۇنداق» ئالمىشى سوراق جۈملىلەرگە جاۋاب بولۇپ كەلگەندە تەستىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ــ بولىدۇ ، ماقۇل، شۇنداق بولسۇن.*

*b. ــ شۇنداق، توغرا گەپ قىلدىڭىز، ـ دېدى ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈپ قويۇپ.*

*c. ــ شۇنداق ھاجى ئاكا، بىزدەك ئايدالادا ئات چاپتۇرۇپ ئۆگەنگەن خەققە سېپىل دېگەن بىر نېمە... ــ دېدى.*

(5) «مۇنداق» ئالمىشى جۈملىدىكى ئىككىدىن ئارتۇق ئىش ـ ھەرىكەتنى يىغىپ بايان قىلغاندا ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ قىسقارتىلمىسى مۇنداق ئىدى: بىرىنچى، قوراللىق توقۇنۇش ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئىككى ئاي ئىچىدە مەمۇرىي باشلىقلارنى سايلاپ بولۇش كېرەك.*

*b. ئۇنىڭ بەلگىلىرى مۇنداق: كۆك رەختتىن شىرىغان چاپان، گەلەپى شىم كىيگەن، پۇتىدا تەتۈر باشلىق باجىنگىر، قاش ـ كىرپىكلىرى قويۇق، قاڭشارلىق، ئاق سېرىق، بويى بىر مېتىر سەكسەن سەككىز سانتىمېتىر، قاۋۇل، گەۋدىلىك، بۇرۇتى خەت تارتقان، ئون يەتتە ياشتا. تۇتۇپ بەرگۈچىلەر مۇكاپاتلىنىدۇ!*

*c. جۇڭگودا مۇنداق بىر داڭلىق سۆز بار: خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئەيىب ئەمەس، ئارقىغا قارىتىپ نەيزە ئۇرۇش قىممەتلىك.*

(6) «مۇنداق» ئالمىشى كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، «دە ـ» دېگەن پېئىلنىڭ بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھاجى ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىقىپ مۇنداق دېدى: «ئەمدى بۇ ئىش يوغىنايدۇ.»*

*b. خەت بىرمۇنچە تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن باشلىنىپ،*



www.uyghurkitap.com

*ئاساسىي مەقسەت قىسمىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «... سىز ئاتا، مەن بالا، بالىدىن ئۆتكەن ئەدەپسىزلىكنى ئاتا ئەلۋەتتە، كەچۈرىدۇ.»*

*c. مايمۇن بۇ ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، تاشپاقىغا مۇنداق دەپتۇ: «شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، مەن ئۇ ئىشەككە ئوخشاش يۈرىكىمۇ يوق، قۇلىقىمۇ يوق مەخلۇقلاردىن ئەمەس.»*

(7) «قانداق» ۋە «شۇنداق» ئالماشلىرى بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ قوشما خەۋىرى بولۇپ، جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قانداق يوسۇندا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئىپادە قىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇيغۇرلار «تاھىر ـ زۆھرە»نى قانداق چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئەسلىسە، باشئەگمىنىمۇ شۇنداق زوق ـ شوق بىلەن تىلغا ئالىدۇ.*

*b. قانداق كەلگەن بولساق، شۇنداق كېتىمىز ـ دە.*

*c. قانداق كىرگەن بولساڭ، شۇنداق چىق.*

(8) بەزىدە «ئۇنداق» ۋە «مۇنداق» ئالماشلىرى بىللە كېلىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتكە بەدەل بولالىغۇدەك، تەڭ تۇرالىغۇدەك يەنە بىر ئىش ـ ھەرىكەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ.*

*b. سىز ئۇنداق دېگەنىدىڭىز، مەن مۇنداق قىلىپ قويدۇم، ھە دەيسىزغۇ ـ ھە!*

4) سان ـ مىقدار، دەرىجىنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار

بۇ ئالماش شەكىللىرى «ئۇ»، «شۇ»، «بۇ ~ مۇ» قاتارلىق ئالماشلارغا باغلىغۇچى \ ن \ تاۋۇشى ۋە تەڭلەشتۈرمە كېلىش قوشۇمچىسى «-چە ~ -چىلىك» قوشۇلۇش بىلەن ھاسىل بولغان. سان ـ مىقدار، دەرىجىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش دەرىجىسىنى، بۇ ئالماشلار

ئىنقىلاپ كەلگەن شەيئىلەرنىڭ سان ـ مىقدارى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. — نىمىلەرنى دەۋاتىسەن ھوي نۇرى، نەدىنمۇ تاپقانسەن ئادەم بىلمەيدىغان بۇنچە جىق گەپلەرنى ـ ھە؟*

*b. شۇنچە يىل ھارۋىسىنى ھەيدىدىم، بىرەر قېتىممۇ كۆڭلۈمنى ئاغرىتقىنى يوق.*

*c. لېكىن، زىياۋۇدۇن بۇ ئاياللار تىلىنىڭ بۇنچىلىك جىق مەنىسى بارلىقىنى نەدىن بىلسۇن.*

*d. ئۇلار شۇنچىلىك ئەسەبىيلەشكەن، شۇنچىلىك ئىرادىگە كەلگەن: ئۆلۈم ئۇلار ئۇچۇن ئىرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ يۇتلىشىپ كەتكەندەكلا بىر ئىش ئىدى.*

*e. بۇگۈن مەن كۆپچىلىككە مۇشۇنچىلىك دوكلات قىلاي، رەھمەت سىلەرگە.*

5) ئورۇننى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار

بۇ ئالماش شەكىللىرى «ئۇ»، «شۇ»، «بۇ ~ مۇ» قاتارلىق ئالماشلارغا باغلىغۇچى \ ن \ تاۋۇشى ۋە ئورۇن ـ پەيت كېلىش قوشۇمچىسى «ـدا» قوشۇلۇش بىلەن ھاسىل بولغان. بۇ ئالماشلار جۈملىدە ھالەت بولۇپ، شەيئىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى ياكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۈز بەرگەن ئورنىنى بىلدۈرىدۇ. «شۇندا» پېئىلى ھەم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىنى بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن. بۇلار شېئىرلاردا ئۆز رېتى بويىچە «قەيەردە»، «بۇ يەردە»، «ئۇ يەردە»، «شۇ يەردە» ياكى «بۇ يەرگە»، «ئۇ يەرگە»، «شۇ چاغدا» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئاندا بولايمىكىن، مۇندا بولايمىكىن،*
*يارىم ئاندا يالغۇز بولسا ھەمرا بولايمىكىن.*

*b. ئۇندا كۆردۈم باھادىرلىق تەختىمنى،*

*شۇندا تاپتىم بىر ئۆمۈرلۈك بەختىمنى.*

*c. مەن بارايمىكىن ئاندا، يار كېلەرمىكىن مۇندا،*
*يارغا يار كېرەك بولسا، قول سېلىپ كېلەر مۇندا.*

**3. كۆرسىتىش ئالماشلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى**

1) «بۇ، ئۇ، شۇ، مۇشۇ، ئاشۇ، ماۋۇ، ئاۋۇ، مۇنۇ، ھېلىقى» قاتارلىق كۆرسىتىش ئالماشلىرى سان كاتېگورىيەسى بويىچە تۈرلىنىپ، بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكىللىرىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:
*بۇ ـ بۇلار، ئۇ ـ ئۇلار، شۇ ـ شۇلار، مۇشۇ ـ مۇشۇلار، ئاشۇ ـ ئاشۇلار، ماۋۇ ـ ماۋۇلار، ئاۋۇ ـ ئاۋۇلار، مۇنۇ ـ مۇنۇلار، ھېلىقى ـ ھېلىقىلار.*

2) كېلىش كاتېگورىيەسى بويىچە تۈرلىنىدۇ، بىراق كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىرلىك شەكىلدە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەندە، پەقەت ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىلا بىۋاسىتە قوبۇل قىلىدۇ، قالغان كېلىش قوشۇمچىلىرىنى بولسا ئاۋۋال ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «ـنىڭ» قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، ئاندىن قوبۇل قىلىدۇ. كۆرسىتىش ئالماشلىرىنىڭ كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن شەكىللىرى ئىسىمنىڭ شۇ خىل كېلىش شەكىللىرى بىلەن ئوخشاش مەنىدە، ئوخشاش رولدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. شۇندىن بۇيان، ھەيدەر ئەپەندى دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورۇنلاشقان ۋە بۇ قېتىم ئىرادە بىلەن ئۇرۇمچىگە سەپەر چىقىپ قالغاندا، بۇ تاتار مۇئەللىم بىلەن بىر كۆرۈشۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى.*

*b. ماۋۇنىڭغا بىر گەپ قىلىڭا.*

*c. مانا مۇشۇنىڭغا مېنىڭ ئىچىم قاينايدۇ.*

*d. ئۇنىڭ باتىل خىيالىچە بويارمىش قانغا دۇنيانى، بۇنىڭدەك زور گۇناھ بولماس، خاتا چاغلاپتىمىز يارەب.*

www.uyghurkitap.com

3) ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان بەزى بىرىكمىلەردە كەلگەنلىرى جانلىق تىلدىمۇ كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*مۇندىن (بۇندىن) كېيىن = بۇنىڭدىن كېيىن*

*مۇندىن (بۇندىن) ئاۋۋال= بۇنىڭدىن ئاۋۋال*

*ئاندىن (بۇندىن) كېيىن = ئۇنىڭدىن كېيىن*

*ئاندىن (بۇندىن) بۇرۇن = ئۇنىڭدىن بۇرۇن*

*شۇندىن ئېتىبارەن = شۇنىڭدىن ئېتىبارەن*

بۇ شەكىللەر، شېئىرلاردا ئۆز رېتى بويىچە «بۇ يەردىن»، «ئۇ يەردىن»، «شۇ يەردىن» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*بۇندىن يۇرۇپ قاھىرەگە بارارمەن،*
*سېغىنغاننى يەنە شۇندىن يازارمەن.*
*پەرزەنتىڭنىڭ بۇيىن شۇندىن ئالارسەن،*
*تۇرلۇك ـ تۇمەن گۇللىرىڭنى سېغىندىم.*

4) ئورۇن ـ بەلگە كېلىش شەكلىدىكى «قايدىكى»، «بۇندىكى ~ مۇندىكى»، «ئاندىكى ~ ئۇندىكى»، «شۇندىكى» ئالماشلىرى ئاساسەن شېئىرلاردا شۇ ئالماشلارنىڭ ھازىرقى ئورۇن بەلگە كېلىش شەكىللىرى بىلەن تەڭداش قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۆز رېتى بويىچە «بۇ يەردىكى»، «ئۇ يەردىكى»، «شۇ يەردىكى» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇندىكى توسقۇن قاياقتىن كەلدى دەپ گەر سورىساڭ،*
*كۆتۈرۈلدى ئوردا ياق دەرۋازىدىن بۇ شۇم بوران.*

*b. قۇيقۇرۇق بوپ قالدى دېمە خاتىرە مۇنار تۇۋى،*
*قەلبىمىزنى ئۇندىكى ياش داغلىرى ئىنزھار ئېتەر.*

*c. گۇزەلدۇر گويىكى قويۇق ئورماندەك،*
*تىزىلغان ئاندىكى سانسىز ۋۇشكىلار.*

5) چەك كېلىش شەكلىدىكى «ئاڭغىچە \ ئۇنىڭغىچە»، «شۇڭغىچە \ شۇنىڭغىچە» ئالماشلىرى ئۆز رېتى بويىچە «شۇ ئارىلىقتا»، «شۇ ۋاقىتقىچە» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن:

*a. ئەخمەت كەلسە يىغىننى باشلاپ تۇرۇڭلار، ئاڭغىچە ئۆزۈممۇ قايتىپ كېلىشىم مۇمكىن.*

*b. ــ مېنىڭ پىكرىم بار، ـــ دېدى شۇڭغىچە جىم ئولتۇرغان تۇرسۇن بىردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.*

6) كۆرسىتىش ئالماشلىرى بەزى تىركەلمىلەر بىلەنمۇ بىرىكىپ كېلىدۇ، بىراق بىرلىك شەكىلدە «بىلەن»، «ئۈچۈن» تىركەلمىلىرى بىلەن بىرىككەندە ئالماشلارنىڭ ئاخىرىغا ئاۋۋال ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى « ـنىڭ» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

*بۇنىڭ بىلەن، بۇنىڭ ئۈچۈن*
*ئۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن*
*شۇنىڭ بىلەن، شۇنىڭ ئۈچۈن*
*مۇنۇنىڭ بىلەن، مۇنۇنىڭ ئۈچۈن*
*ماۋۇنىڭ بىلەن، ماۋۇنىڭ ئۈچۈن*
*ئاۋۇنىڭ بىلەن، ئاۋۇنىڭ ئۈچۈن*
*مۇشۇنىڭ بىلەن، مۇشۇنىڭ ئۈچۈن*
*ئاشۇنىڭ بىلەن، ئاشۇنىڭ ئۈچۈن*

تىركەلمىلەر بىلەن بىرىككەن كۆرسىتىش ئالماشلىرى شۇ خىل تىركەلمىلەر بىرىككەن ئىسىم ـ تىركەلمە قۇرۇلمىلىرىغا ئوخشاش گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە بولۇپ، جۈملىدە شۇلار بىلەن ئوخشاش رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ توغرۇلۇق مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتىم.*

*b. مەن ئۇنىڭ بىلەن شۇ توغرۇلۇق سۆزلەشتىم.*

*c. ئۇ قەلەم بولمايدۇ، ماۋۇنىڭ بىلەن ياز.*

*d. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كېرەك.*

*e. تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرى ئېچىلدى، بۇ ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ تونۇشى ئۆستى.*

*f. ماۋۇنىڭغا قارىغاندا ئاۋۇ ياخشى.*

7) كۆرستىش ئالماشلىرى باش كېلىش شەكلىدە ئىنقلىغۇچى بولۇپ كېلىش جەھەتتىن ئىسىملاردىن پەرقلىنىدۇ. ئىسىملار پەقەت ئۆزى ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مەلۇم جەھەتتىن بىر تىپقا كىرىدىغان شەيئىنى ئىپادىلىگۈچى ياكى ئۆزى ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ يەنە بىر خىل نامىنى ئىپادىلىگۈچى ئىسىملارغا باش كېلىش شەكلىدە ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ. (مەسىلەن، «ياغاچ ئۆي»، «ياغاچ كارىۋات»، «ئايال دوختۇر» دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن «ياغاچ سۇ»، «توپا دەرەخ» دېيىشكە بولمايدۇ.) لېكىن، كۆرستىش ئالماشلىرى بۇ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇلار باش كېلىش شەكلىدە ھەرقانداق ئىسىمغا ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

*بۇ ئادەم، بۇ ئۆي، بۇ ئوت، بۇ تاغ، بۇ كۆكۈل، بۇ مەسىلە، ئۇ شەھەر، ئۇ كىنو، ئۇ كىتاب، ئۇ دەرس،ئۇ دوختۇر، ئۇ تەرەپ، شۇ خەت، شۇ يىغىن، شۇ ناھىيە، شۇ دەريا، شۇ بوران، مۇنۇ دۆڭ، ئاۋۇ ئېتىز، ئاشۇ مەھەللە، مۇشۇ بۇغداي، ما ئالما...*

8) بەزىدە «بۇ»، «مۇشۇ» ئالماشلىرىنىڭ ئالدىغا «مانا» يۈكلىمىسى، «شۇ» ئالمىشىنىڭ ئالدىغا «مانا» ياكى «ئەنە» يۈكلىمىلىرى قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ ئالماشلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a.* *مانا بۇلار شۇ پارچىنىڭ ماۋزۇسى ئىدى.*

*b.* *چۈجىنى كۈزدە سانايمىز تېخى، مانا بۇنى ئاقىلانىلىك دېسە بولىدۇ.*

*c.* *مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن باشپاناھ، چېرىكلەر ئۈچۈن قەبرىگاھ ئىدى.*

*d.* *بارات ئىمام ئەنە شۇ ئاساسقا بىنائەن، بۇ ئىشنى ھېلىم شاڭيودىن كۆرۈپ، ئامبال يامۇلىغا ئەرز بەردى.*

*e.* *ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاشقى موڭغۇلدىن زور بىر كارۋان يېتىپ كەلدى.*

*ا. «مۇشۇك بىلەن چاشقان» دېگەن ھېكايەت ئەنە شۇنداق ھېكمەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.*

## §7. سوئال ئالماشلىرى

**1. مەنىسى**

سوئال ئالماشلىرى شەيئىلەرنىڭ نامى، بەلگىسى، سانى ياكى ھەرىكەتنىڭ بەلگىسى، ۋاقتى قاتارلىقلارغا سوئال بولۇپ كېلىدۇ.

**2. تۈرلىرى**

سوئال قويۇلىدىغان ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سوئال ئالماشلىرىنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) ئادەم ۋە شەيئىلەر ھەققىدىكى سوئال ئالماشلىرى: كىم، نېمە.

2) پەرقلەندۈرۈش ھەققىدىكى سوئال ئالمىشى: قايسى.

3) سان، تەرتىپنى بىلدۈرىدىغان سوئال ئالماشلىرى: قانچە، نەچچە، قانچىنچى، نەچچىنچى، قانچىلىك، نەچچىلىك، قانچەيلەن، نەچچەيلەن.

4) ۋاقىت ھەققىدىكى سوئال ئالمىشى: قاچان، نەكەم.

5) ئورۇن ھەققىدىكى سوئال ئالماشلىرى: قايدا، قايدىن، نە، نەدە، نەدىن، نەگە، قاياق، قاياققا، قېنى.

6) سەۋەب ھەققىدىكى سوئال ئالماشلىرى: نېمىشقا، نېمە ئۈچۈن، قانداقلارچە، نېچۈك، نېمىدەپ، نېچۈن.

7) خاراكتېر، ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سوئال ئالمىشى: قانداق.

تۆۋەندە بۇ ئالماشلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

توختىلىمىز:

1) سوئال ئالماشلىرىنىڭ ھەممىسىلا سوراق جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئېگىز دەيسەن، غېنى بولماي كىم، ئۇنىڭدىن ئېگىز كىمىر بار بۇ تۆڭگىرەكتە؟*

b. *مەن قايتىپ بېرىپ نېمە ۋەزىپە ئۆتەيمىز دېسەم، ئۇ سەنچە نېمە قىلماقچى ؟*

c. *— ھە ئېيتە، قانداق خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ ؟ - سورىدى ھاجىم ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.*

2) سوراق جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىلا قايتۇرما سوراق جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *مەن نەدىن بىلەي!*

b. *ئۇنىڭغا نېمە كەم دەيسەن.*

c. *ئۇ بىچارىمۇ قانداق قىلسۇن.*

3) ئۇندەش جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *شىپىڭ شىسسەي مەرھۇمنىڭ جەسىتىگە بىردەم قاراپ تۇردى - دە، « خوجىنىيازنىمۇ شۇ ھالەتتە كۆرسەم قانداق ياخشى بولاتتى » دېدى.*

b. *خوتەنمۇ بۇ جايغا ئوخشاش تەرەققىي قىلغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى !*

c. *شۇ تاپتا ئۇلارمۇ بۇيەردە بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە!*

4) «قىلماق»، «بولماق» پېئىللىرى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ ھەرىكەتكە سوئال بولىدۇ. مەسىلەن:

a. *موسكۋادىن كەلگەن سوراقچىلار ئۇنى سوتلاپ « ياپون » جاسۇسى دەپ ئېلان قىلدى.*

b. *ئوتتۇز نەچچە ئادىمىڭ بىلەن نېمە قىلالايسەن ؟*

c. *سىزگە دېگەن ئىش قانداق بولدى؟*

5) خالىغانچە تاللاش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a.* كىم كەلسە بولۇۋېرىدۇ.

*b.* قانداق بولسا مەيلى.

*c.* نېمە بولسا شۇنى كۆرىمەن.

6) ئادەم ۋە شەيئىلەر ھەققىدىكى سوئال ئالماشلىرى بىلەن پەرقلەندۈرۈش ھەققىدىكى سوئال ئالمىشىنىڭ ئىشلىتىلىشى

(1) «كىم، نېمە، قايسى» قاتارلىق ئۈچ ئالماش ئىسىملارغا ئوخشاشلا سان، تەۋەلىك، شەخس، كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ ۋە جۈملىدە ھەر خىل ۋەزىپىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ ئادەملىرى كىملەرنىڭ خەتەرلىك ئادەملەر ئىكەنلىكىنى يادقا بىلىدۇ.*

*b. يەتتە خو يېرىڭگە ئون خو سېلىق سالسا نېمەڭنى بېرىسەن؟*

*c. ئەتراپتىكىلەر بۇ مەسىلىدە توختىياز بىلەن ھاجىنىڭ قايسىسى ھەق، قايسىسى ناھەقلىكىگە ھۆكۈم قىلالمىغاندەك، جىم قارىشىپ تۇراتتى.*

(2) «كىم، نېمە، قايسى» دېگەن ئۈچ سوئال ئالمىشى ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇلار نېمە كويدا، مۇنۇ نۇرنىڭ ئادەملىرى نېمە كويدا ؟*

*b. — ھەممىنى يېزىۋالدىڭمۇ، بالام، كىم ھەق، كىم ساتقۇن ئىكەنلىكىنى يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىلدىن كېيىن بىلىسەن، ئۇ چاغدا مەن يوق، سەن كۆرەلەيسەن.*

*c. ئۇ يەنە نۇرغۇن سۆزلىرىدە: « قايسى ئەلدە دېھقان كۆپ بولسا، ئۇ ئەل شۇنچە قالاق بولىدۇ. قايسى ئەلدە سودىگەر كۆپ بولسا، شۇ ئەل ئىلغار » دېگەن سۆزنى قىلغان، بۇ سۆزگە مىسال قىلىپ يەھۇدىيلارنى ئالغان.*

كىتاب تورىيكتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىسى

(3) «كىم، نېمە، قايسى» دېگەن ئۈچ سوئال ئالمىشى يەزىدە تەكرارلىنىپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا كۆپلۈك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. قەشقەردىن كىم ـ كىم چىقتىڭلار؟*

*b. سومكىڭغا نېمە ـ نېمىلەر سالدىڭ؟*

*c. قايسى ـ قايسى كىتابلارنى ئوقۇدىڭىز؟*

7) سان ۋە تەرتىپنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلارنىڭ ئىشلىتىلىشى

«قانچە، نەچچە، نەچچىنچى» قاتارلىق ئالماشلار ئىسىملىشىپ، ئىسىملارغا ئوخشاش تۈرلىنىپ كېلىدۇ. بۇ سوئال ئالماشلىرى ئىسىملارنى ئىنقلاپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. يەنە قانچىنى تۇتىدۇ، قانچىنى ئۆلتۈرىدۇ، كىم بىلىدۇ تېخى؟*

*b. ما جۇڭيىڭ جىمىسارىدىكى شىڭ ئەسكەرلىرىدىن نەچچىلىك ئات، نەچچىلىك قورال ئېلىۋالغان؟*

*c. بۇنداق قارارغا كەلمەك قانچىلىك ئازاب، قانچىلىك قىيىن ـ هە؟*

*d. ـــ بۇ يىل قانچىنچى يىل؟ ـــ سورىدى مۇختەر باي گاڭگىراپ.*

8) ۋاقىت ھەققىدىكى سوئال ئالماشلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى

«قاچان» ئالمىشى ئادەتتە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتى ھەققىدىكى سوئالنى بىلدۈرىدۇ ۋە جۈملىدە ئاساسەن ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. سۈپەتنىڭ كېمەيتمە دەرىجىسى بىلەن، «ـقى» قوشۇمچىسى بىلەن ۋە ئىسىملىشىپ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ.

*a. ئىككى پارچە كىگىز، ئىككى چاي، بىر تاغار ئۇن*

بېرىمەن، قاچان بارىسەن ؟

*b*. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز قاچانغىچە يول ئىزدەيدىكىنتاڭ.

*c*. قاچاندىن بېرى شۇنداق مۇڭلۇقسەن ؟

*d*. قاچانلاردۇر بىر زامانلاردا ئاپپاق غوجامنىڭ ئەۋلادى دەپ بىر غوجا ئىشان بىزنىڭ يۇرتقا كەلگەندە، خەقلەر ئۇنىڭ ئېتىكىنى سۆيۈپ، كۆزىگە سۈرتۈپ، كىمخاب تونىنى يىرتىۋەتكىلى تاس قالغان.

*e*. ئەمما، قاچانلا بولمىسۇن، غەلىتە بىر تۈيغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى غىدىقلاپ بىئارام قىلاتتى.

*f*. قاچانىراق قايتىپ كېلىسىز؟

9) ئۇرۇن ھەققىدىكى سوئال ئالماشلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى

(1) « قايدا، قەيەردە، نەدە، قەيەردىن، نەدىن » ئالمىشى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ؛

(2) بەزىدە ئىسىملىشىپ، ئىسىمنىڭ كاتېگورىيەلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ؛

(3) «قېنى» ئالمىشى خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ، بىر سۆزلۈك جۈملە ھاسىل قىلالايدۇ؛

(4) بەزىدە يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. (بۇ مەنىسى ھەققىدە «يۈكلىمىلەر» دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.) مەسىلەن:

*a*. ئاچىل، ئاچىل، گۈل ئاچىل،
ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا، ئاچىل .

*b*. قەيەردىن دۈشمەن ئوقى چىقسا، شۇ يەرگە قارىتىپ ئاتماقتا.

*c*. ئاشۇ مۇدھىش كۈنلەردە، جانابلىرىدەك دانا ئەركەك ئوتتۇرىغا چىقىپ جاندىن كەچمىگەن بولسا، بۇ كۈندە مەكتەپ قەيەردە، ئادەملىرى قەيەردە، ھازىرقىدەك مۇبارەك دىدارلىشىشلار قەيەردە قالاتتى ؟ !

*d. ناۋادا بىر كىشى ئۇنىڭدىن كەينىنىڭ قەيەردىكىنى سورىسا، ئۇ ئىككىلەنمەي كەپە دېگەن مۇشۇ زىيەكنىڭ ئۆيى دېگەن بولاتتى.*

*e. قېنى ئۇ گۈزەللىك، قېنى ئۇ ئىنتىلىش، قېنى ئۇ غايە؟*

10) سەۋەب ھەققىدىكى سوئال ئالماشلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى

بۇ ئالماشلار ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى بىلىش مەقسىتىدە ئېيتىلىدۇ، كۆپىنچە ئايرىم جۈملە بولالايدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ ئادەم قاچان، قەيەردىن كەلگەن، نەدە ئوقۇغان، نېمىشقا بىلىمى شۇنچە مول، نېمىشقا قىرىق يەتتە ياشقا كىرگۈچە ئۆيلەنمەيدۇ، ئۇنىڭ مىللىتى زادى نېمە؟*

*b. نېمىدەپ قەشقەر، يەكەن، خوتەن تەرەپلەردە ئىنگلىز ۋە ئافغانلار ئالدىراش چېپىشىپ يۈرىدۇ؟*

*c. ھاجى بۇ سوئالغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمىگەنىدەك گويلىنىپ قالدى.*

11) خاراكتېر، ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سوئال ئالمىشىنىڭ ئىشلىتىلىشى

بۇ تۈردىكى ئالماشلار جۈملىدە ھالەت، ئېنىقلىغۇچى ۋە خەۋەر ۋەزىپىلىرىدە كېلىدۇ. بەزىدە ئىسىملىشىدۇ. مەسىلەن:

*a. مۇنچىۋالا قوينى نەدىن ۋە قانداق قىلىپ تېپىش، تاغۇ دەريالاردىن ئۆتكۈزۈپ، ئوچتۇرپان ئارقىلىق سوۋېت چېگراسىغا قانداق يەتكۈزۈش ـــ بۇ ھەقىقەتەنمۇ چوڭ مەسىلە ئىدى.*

*b. ـــ سىز قانداق مەسلىھەت بېرىسىز؟ ـــ سورىدى شامەخسۇت ئەرز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن.*

*c. ئۇنىڭ مىجەزى قانداقراق؟*